Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

ليۇ زىشياۋ

# ئۇيغۇرلار تارىخى

## ئىككىنچى قىسىم (2)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن
ئەخمەت رۇزى
ئەخمەتجان مۆمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئونىنچى باب ياڭ زېڭشىننىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان تەدبىرلىرى

## 1 - بۆلۈم ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي تەدبىرلىرى

ۋەقەلەرنىڭ
شىنجاڭنىڭ هازىرقى زامان تارىخىدىكى
هەممىسى دېگۈدەك ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا هۆكۈمرانلىق قىلغان
دەسلەپكى مەزگىللەردە يۈز بەرگەنلىكتىن، ياڭ زېڭشىن
شىنجاڭنىڭ سىياسىي كېيىنكى چىققاندىن باشلاپلا، بوران -
چاپقۇن ئىچىدە لەيلەپ يۈردى. لېكىن ياڭ زېڭشىن «شىنجاڭنى
بىرلىكتە ئىدارە قىلىش»، «مىللەتلەرنى ئىناق قىلىش» نى
سىياسىي نىشان قىلىپ، شىنجاڭنى 17 يىل سوراش جەريانىدا،
بۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي،
مەدەنىيەت سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدا
كۆپ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە دەۋر بولۇپ قالدى.

### 1. قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش

ياڭ زېڭشىن قوشۇننى ئۆزىنىڭ سىياسىي نىشانىنى ئىشقا
ئاشۇرۇشنىڭ بىر چوڭ كاپالىتى دەپ قاراپ، قوشۇننىڭ
قوماندانلىق هوقۇقىنىڭ تەۋەلىكىگە هەممىدىن بەك كۆڭۈل

بۇلدى.

ياڭ زېڭشىن قوشۇننىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى مۇنداق شەرھلىگەن: «ئەگەر ھاكىمىيەتنى مۇلكىي ئەمەلدارلار باشقۇرۇپ، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، ئۇلارنى ئالماشتۇرماق ئىنتايىن ئاسان؛ ئەگەر ھاكىمىيەتنى ھەربىي ئەمەلدارلار باشقۇرۇپ، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، ئۇلارنى ئالماشتۇرماق بەك تەس»①.

ياڭ زېڭشىن مۇشۇنداق تونۇش ئاساسىدا، ھەر خىل ئۇسۇل ۋە ئاماللار بىلەن قوشۇننىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى مەھكەم كونترول قىلدى. ئۇ شىنجاڭنى سوراشقان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭدا تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل قوشۇن مەۋجۇت ئىدى: (1) چارلاش مۇداپىئە گازارمىسى، ئۇ چىڭ سۇلالىسى قوشۇننىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشىگە ئوخشايتتى؛ (2) شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە 1 ـ دىۋىزىيىسى، ئۇ يېڭى ھۆكۈمەت دەۋرىدە قۇرۇلغان؛ (3) يېڭى قوشۇن، بۇ ئىلى قوزغىلىڭىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان قوشۇن ئىدى.

دەسلەپكى مەزگىلدە، ياڭ زېڭشىن قوشۇنلارنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى جەھەتتە يۇقىرىقى ھالەتنى ئاڭلىق رەۋىشتە ساقلىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، چارلاش مۇداپىئە گازارمىسىدا ئەسلىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ نامى ۋە ئەمەلدارلار سانى ساقلاپ قېلىندى، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە 1 ـ دىۋىزىيىسى ۋە يېڭى قوشۇن بولسا دىۋىزىيە، پولك، باتالىئون، روتا بويىچە تەشكىل قىلىندى ھەمدە باتالىئون ئاساسىي ئورۇش بىرلىكى قىلىندى.

ياڭ زېڭشىن بۇ ئۈچ قوشۇن ئىچىدە، يېڭى ئارمىيىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كۈچى دەپ قارايتتى.

مۇسۇلمان ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر يېڭى ئارمىيىنىڭ

ئاساسلىق تەركىبىنى تەشكىل قىلغانىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، خۇيزۇ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلىرى ئىدى. يېڭى ئارمىيىدە، موڭغۇل ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرلا مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى. ياڭ زېڭشىن يېڭى ئارمىيە بىلەن ھەر خىل ئاشكارا قارشى كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئارقىلىق چارلاش مۇداپىئە گازارمىسى بىلەن شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە 1 ـ دىۋىزىيىسىنى تىزگىنلەپ تۇردى.

دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، يېڭى ئارمىيىنىڭ باتالىيونىدىن يۇقىرى ئوفىتسېرلىرىنىڭ ھەممىسى ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆز قولى بىلەن تەيىنلەنىدى. سەل كېيىنرەك، ياڭ زېڭشىن ئوفىتسېرلارنى تەيىنلەش ھوقۇقىنى بارا ـ بارا چارلاش مۇداپىئە گازارمىسى بىلەن شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە 1 ـ دىۋىزىيىسىگە قەدەر كېڭەيتتى، ھەمدە ئەڭ ئاخىرى ئوفىتسېرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش يولى بىلەن شىنجاڭدىكى قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلدى.

قوشۇنلارغا بولغان قوماندانلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن قاتتىق تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان ھەر دەرىجىلىك بەزى كوماندىرلارنى جازالىدى.

ياڭ زېڭشىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە جېدەل ـ ماجىرالارغا نىسبەتەن، كۆپ قېتىم پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «شىنجاڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكىلا بويسۇنىدۇ، كىمنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى بىلەن كارى يوق»②. ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر كىشى ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ سىياسىي پوزىتسىيىسىنى «بۇتخانىنىلا تاۋاپ قىلىمەن، قانداق ئىلاھلىقى بىلەن كارىم يوق» دەپ يىغىنچاقلىغان. سەل كېيىنرەك، يەنە بىر كىشى ئۇنى

«بۇتخانىنىلا تونۇيمەن، ئىلاھنى تونۇمايمەن» ③ دەپ ئاددىيلاشتۇرغان.

ياڭ زېڭشىننىڭ قوشۇنلارنى تىزگىنلەش تەدبىرلىرى، ئۇنىڭ «شىنجاڭنى بىرلىكتە ئىدارە قىلىش»، «بۇتخانىنىلا تونۇپ، ئىلاھنى تونۇماسلىق» تەك سىياسىي پوزىتسىيىسى ئاساسىدا يولغا قويۇلغان. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ زور چېكى بولۇپ، بۇ چەكتىن ھالقىپ كېتىشكە بولمايتتى. ئەگەر بۇ چەكتىن ھالقىپ كېتىلسە، ياڭ زېڭشىن ھەقىقانىيەت يولىدىن قايتماي ئۆزىنىڭ چەكلەش تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تىپىك بولغىنى، شيا دېڭ، لى يەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسىدۇر.

«شىنجاڭغا سەپەر» نىڭ ئاپتورى ۋۇ ئېيچېن شاھىد كىشىلەرنىڭ بايانلىرىغا ئاساسەن، بۇ ۋەقەنىڭ ھەممە تەپسىلاتى ۋە جەريانىنى خاتىرىلىگەن: «ياڭ زېڭشىن يۈننەنلىك، ئۆلكىدىكى مۇھىم ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق. يۈەن شىكەي پادىشاھلىق تۈزۈمنى يولغا قويغان دەۋردە، يۈننەنلىك سەي ئې، تاڭ جياۋلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچىدە يۈننەنلىك ما فامىلىلىك بىرى بولۇپ، ئۇ يۇرتداشلىقنى پەش قىلىپ ياڭ زېڭشىننىڭ قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشىدىغانلىقىنى جار سالدى. ياڭ زېڭشىن بۇرۇندىنلا يۈەن شىكەيگە چوقۇناتتى ھەمدە مەركەزگە قارىتا ئەزەلدىن «بۇتخانىغىلا ئېتىقاد قىلىش، قانداق ئىلاھلىقى بىلەن كارى بولماسلىق» مەسىلىسىدە بولغاچقا، تەۋرەپمۇ قويمىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئەزەلدىن ئۇنىڭ سۇرلۇك قىياپىتىدىن قورقاتتى، گەرچە ئۇلار قوزغىلاڭغا مايىل، ھەم مەخپىي سۇيىقەست پىلانلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ياڭ زېڭشىننىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەيتتى.

بىر كۈنى، ياڭ زېڭشىن خىزمەتتىن بوشىتىۋەتكەن شيې

فامىلىلىك مەھرەم تۇيۇقسىز خۇپسىيانە دوكلات يوللاپ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئالدىدا پېتنە ـ پاسات تارقىتىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنۇۋېدى، دەرھال ئىككى قولى باغلىنىپ سىرتقا ئېلىپ چىقىلىپ مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ ۋەزىپىدىكى يۇننەنلىكلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ تەسەللى بەرگەن ئاساستا: «پېتنە ـ پاسات بىلەن ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالغانلارنى، مەن ئاللىقاچان جازالاپ بولدۇم، سىلەر خاتىرجەم ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، پېتنە ـ ئىغۋالارغا ھەرگىز ئىشەنمەڭلار» دېدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى خوپ ـ خوپ دېيىشىپ، ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىشمىدى. ئەمەلىيەتتە ياڭ زېڭشىن شىيې فامىلىلىكنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنگەن ھەم ئۆزىگە پايدىسىز دەپ گۇمان قىلىپ، قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەچكە، بۇرۇنلا ئالدى بىلەن قول سېلىش ھىيلىسىنى بېكىتىپ قويغان، شۇڭا چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇلارغا تەسەللى بەرگەنىدى.

قەمەرىيە 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ياڭ زېڭشىن يەنشياۋ بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش نامى بىلەن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان يۇننەنلىكلەرنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى، تۆردە مائارىپ مىنىستىرلىقى ئەۋەتكەن كۆزەتكۈچى ئولتۇردى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى فەن نازىرمۇ تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى، ئىشتىن ئاۋۋال ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك مۇھاپىزەتچىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇلارغا كۆرسەتمە بەردى.

شۇ كۈنى، مېھمانلار ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى، ياڭ زېڭشىن رەئىس ئورنىدا ئولتۇردى، ھاراق بىرنەچچە رەت ئايلانغاندا ياڭ زېڭشىن تۇيۇقسىز ئورنىدىن ئايرىلدى، ھەش ـ پەش دېگۈچە يېنىپ كىردى، ئارقىدىنلا بىر مۇھاپىزەتچى قولىنى ئارقىغا قىلىپ قىلىچ تۇتقان ھالدا كىردى، ياڭ زېڭشىن شيا دېڭنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، قولىنى ئۇنىڭ بېشىغا تەڭلەپ تۇرۇپ،

يۈنەن تەلەپپۇزىدا: «شيا دېڭنى ئۆلتۈر!» دېدى، مۇھاپىزەتچى شۇ ھامان قىلىچىنى ئوينىتى، شيا دېڭنىڭ بېشى يەرگە چۈشتى، باشقىلارنىڭ كىيىملىرىگە قان چاچراپ كەتتى، كۆپچىلىك غال - غال تىترەپ كەتتى. ياڭ زېڭشىن مۇنداق دېدى: «ھارىقىڭلارنى ئىچىۋېرىڭلار.» شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپچىلىككە ھەمراھ بولۇپ ھاراق ئىچتى. ھايال ئۆتمەي، ياڭ زېڭشىن يەنە سىرتقا چىقىپ، مۇھاپىزەتچىنى باشلاپ كىردى، ئۇ لى يەننىڭ كەينىگە كېلىپ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ: «لى يەننى ئۆلتۈر!» دېدى، قىلىچ كۆتۈرۈلدى، لى يەن يارىلىنىپ قاچتى، مۇھاپىزەتچى قىلىچ تۇتقىنىچە قوغلىدى، ئىككىنچى زالنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تار يولغا كەلگەندە، لى يەن يەرگە يىقىلدى، كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىندى.

شيا دېڭ — دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن شتاپ باشلىقى، لى يەن — توپچى ئەسكەرلەر باتالىيونىنىڭ كوماندىرى ھەر ئىككىلىسى ياڭ زېڭشىننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى ئىدى.

زىياپەت ئارىلىقىدا، كۆپچىلىك قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى. فەن نازىر ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، بىرنەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى. ياڭ زېڭشىن كۆپچىلىككە: «شيا دېڭ، لى يەنلەرنىڭ جىنايىتى بار، ھەممىڭلار ئەسلىدىكى ئورنۇڭلاردا ئولتۇرۇپ خاتىرجەم ھاراق ئىچىۋېرىڭلار» دېدى④.

ۋۇ گېچېن ئۆزىنىڭ بۇ بايانىنى، ئەينى چاغدا نەق مەيداندا بولغان دۇبەن مەھكىمىسى ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ بىڭيۈينىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتكەن.

جىن شۇرېن يازغان «ياڭ زېڭشىننىڭ ھايات پائالىيىتى» ناملىق كىتابتىمۇ يۇقىرىدىكى مەزمۇن تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن ھەمدە بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى يەنىمۇ ئىنچىكە بايان

قىلىنغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «دەل يۇننەنلىك ما شىنجاڭغا كېلىپلا بىر يۇرتلۇق يۇننەنلىكلەرنى يوقلاپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى، كۆپچىلىكمۇ بىرەر ھەرىكەت قىلىشنى خالىغاچقا، مەخپىي سۇيىقەست تۈزۈپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى. ياڭ زېڭشىن ئادەتتە سىياسىي جەھەتتە چېكرىنى ساقلاپ پۇقرالارنى ئەمىن تاپقۇزۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ دائىم مۇنداق دەيتتى: «شىنجاڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكىلا بويسۇنىدۇ، ھاكىمىيەت بېشىغا كىمنىڭ چىقىشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋەزىيىتىنىڭ داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز، شىنجاڭ سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى يېگانە جاي، شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ يولىنى ئۆزىمىز تېپىپ مېڭىپ پاتىپاراق بولۇپ كەتمەيلى، سىياسىي كۈرەشكە قاتنىشىپ ئۆزىمىزنى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ شۇڭا ئىچكىرىي ئۆلكىلەردىكى سىياسىي كۈرەشكە باشتىن - ئاخىر ئارىلاشمايمىز. شيا دېڭ، لى يەن دىگەنلەر ياڭ زېڭشىننىڭ خاس مۇلازىملىرى بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي كۆزقاراشلىرىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرغاچقا، ياڭ زېڭشىننىڭ ئىرادىسىنىڭ قەتئىيلىكىنى، نەسىھەت بىلەن ئۇنى تەۋرەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما ئۇلار ياڭ زېڭشىننىڭ مۇتەئەسسىپ، ئالغا ئىنتىلىشنى خالىمايدىغانلىقىدىن بىزار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ياڭ زېڭشىندىن يىراقلىشىپ، باشقىدىن بىر يۇننەنلىكنى ئاتامان قىلىپ سايلاپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ھاكىمىيەتنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىشنى نىيەت قىلغانىدى»⑤.

جىن شۇرېننىڭ بۇ بايانىغا ئاساسلانغاندا، شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ياڭ زېڭشىننىڭ شيا دېڭ، لى يەنلەرنى جازالىشىدىكى سەۋەب، ئۇلار ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي نىشانىدىن چەتنەپ كەتكەن، يەنى ئۇلار شىنجاڭدا «مۇستەقىللىق» جاكارلاپ، ھاكىمىيەتنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىشنى

پىلانلىغان.

ما فۇشىڭنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش، ياڭ زېڭشىنىنىڭ تىزگىنلەش تەدبىرىنى قوللىنىپ، قوشۇنلارنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ سىياسىي نىشانىغا كېپىللىك قىلىشىدىكى يەنە بىر مىسال.

ما فۇشىڭ، خۇيزۇ، يۈننەنلىك. ئۇ مۇسۇلمان ھەم ياڭ زېڭشىن بىلەن بىر يۇرتلۇق (يۈننەنلىك) بولغاچقا، ياڭ زېڭشىن يېڭىدىن قوشۇن تەشكىل قىلغاندا، ئۇ ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن يېڭى قوشۇننىڭ باتالىئونغا كوماندىرلىققا تەيىنلەنگەن. دەسلەپكى بىر نەچچە يىلدا، ما فۇشىڭ ياڭ زېڭشىن تايانچ كۈچلىرىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسىغا ئايلانغان بولۇپ، ئىلى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە گېلاۋخۇينى باستۇرۇشقا سېلىنغان، ھەتتا تۆمۈر خەلپە بىلەن مۆيدىن خەلپىلەرنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش پىلانىمۇ ما فۇشىڭ تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنغان. بۇ جەرياندا، ما فۇشىڭ بىردىنلا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، بىر ئاددىي باتالىئون كوماندىرلىقىدىن، 10 باتالىئون قوماندانلىق قىلىدىغان گېنېراللىققا ئۆستۈرۈلگەنىدى.

1914 ـ يىلى ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ما فۇشىڭ 12 باتالىئون ئەسكىرىي كۈچىنى باشلاپ قەشقەرگە ئورۇنلىشىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي رەقىبى ياڭ زەنشۇنى كېتىشكە مەجبۇرلىدى. مۇشۇ سىياسىي تۆھپىسىگە تايىنىپ، ما فۇشىڭ قەشقەرنىڭ ھەربىي قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە ئېرىشتى، ما فۇشىڭنىڭ ئوغلى ماجىۇ قەشقەرنىڭ ياندىش ھەربىي قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە ئىگە بولدى.

ھوقۇق، ئەمەلىي كۈچ ھەمدە ياڭ زېڭشىندىن يىراق بولۇشتەك پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىلىك مۇھىت ما فۇشىڭدا يېڭىچە ئويى پەيدا قىلدى، ئۇ قەشقەردە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇشنى خىيال قىلىشقا باشلىدى.

ياڭ زېڭشىن ما فۇشىڭنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق دىققەت قىلدى، ھەمدە تۆۋەندىكى پاكىتلارنى ما فۇشىڭنىڭ قانۇنسىز ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنىڭ ئىسپاتى دەپ قارىدى: (1) ياڭ زېڭشىننىڭ تەستىقىنى ئالماي، قەشقەردە قوشۇننى 13 باتالىئونغا كۆپەيتكەن؛ (2) قەشقەردە ئەمەلدارلارنى خالىغانچە تەيىنلىگەن ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغان؛ (3) رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەسكەر چىقىرىپ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئۇرۇنغان؛ (4) ئاستىرتىن ئۆزىنى «قەشقەر پاشاسى» ، يەنى پادىشاھ دەپ ئاتىغان.

ياڭ زېڭشىن ما فۇشىڭنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى يەرلىك پادىشاھ بولۇۋېلىش دەپ ھۆكۈم قىلىپ، شىنجاڭنى يەنە بىر قېتىم «بۆلۈشۈپ ئىدارە قىلىش» قا سەۋەبچى بولدى دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىر مەزگىل ما فۇشىڭ بىلەن مەزھەپ ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن ئەشەددىي دۈشمەنگە ئايلانغان ما شاۋۋۇنى تاللاپ، ما فۇشىڭنى تىزگىنلەشكە سالدى. ئەينى چاغدا، ما شاۋۋۇ ئۈچتۇرپاندا ئامبال ئىدى. ما شاۋۋۇ ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، قول ئاستىدىكى 12 باتالىئوننى باشلاپ، شەپىمۇ بەرمەي تۇيۇقسىزلا قەشقەر بوستانلىقىدا پەيدا بولدى ھەمدە دەرھال ما فۇشىڭ، ما جىۋۇ ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننى شۇ يەردىلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

ياڭ زېڭشىننىڭ قوشۇنلارغا قارىتا قوللانغان تىزگىنلەش تەدبىرلىرى، قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنىڭ تەۋەلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا، شۈبھىسىزكى مۇھىم رول ئوينىدى.

ياڭ زېڭشىن قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىغا دىققەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوشۇنلارنىڭ ساپاسىغا ئادەتتىكىدىن تاشقىرى كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، جەسۇر سەركەردە،

كۈچلۈك قوشۇنلارنىڭ سىياسىغا ئارىلىشىشى، ئەينى چاغدا پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا مىلىتارىستلار ئارا يۈز بەرگەن قالايمىقان ئۇرۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق سەۋەب ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزى قوماندانلىق قىلىدىغان قوشۇنلارنى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ساقلاپ قېلىشنى قارار قىلغانىدى. كىشىلەر ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ خىل ئۇسۇلىنى «ئاجىز قوشۇن سىياسىتى» دەپ ئاتاشقان.

«ئاجىز قوشۇن سىياسىتى» شىنجاڭدا قوشۇنلارنىڭ كەم تەشكىل قىلىنىشىنى ۋە ئەسكەرلەر ئورنىنىڭ بوش قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1928 ـ يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، شىنجاڭدا بەلگىلەنگەن ساندىكى قوشۇن 30 مىڭ، ئەمەلىيەتتە شتاتتىكى ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەر 10 مىڭغىمۇ يەتمىگەن. بۇ ساننى 1924 ـ يىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قىلچىمۇ ئاشمىغان.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيىنى ئۈچ دىۋىزىيە قىلىپ بېكىتكەن. لېكىن جياڭ سۇڭلىن قوماندانلىقىدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە 1 ـ دىۋىزىيىسىدە ئەسكەر تولۇق بولغاندىن سىرت، قالغان ئىككى دىۋىزىيە پەقەت قۇرۇق نامدىلا تەسىس قىلىنغان. ھەتتا دىۋىزىيە شتابىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇنلارنىڭ مەشىق قىلىشى يېتەرسىز، قورال ـ ياراغلىرى كونا، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، ئىنتىزامى بوش بولغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن «تىلەمچى قوشۇن»⑥ دەپ كەمسىتىلىپ، «دۇنيادىكى ئەڭ چىرىك قوشۇنلار» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن⑦.

ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكى ئۇسۇللىرىنى ئاقلاپ، ئۆزىنىڭ بۇنداق قىلىشى، ئۆزىنىڭ زۆرۈر بولغان ھەربىي بىلىملىرىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى سىياسىنى ئاساس قىلىپ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىزاھلىغان. ئۇ مۇنداق

دەيدۇ: «پېقىر زېڭشىن شىنجاڭدىكى قوشۇنلارنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ ستاتى بويىچە تەشكىللىمىسە، ياڭ زېڭشىن ھەربىي ئىشلارنى بىلمەيدىكەن دەپ گۇمان قىلىنىۋاتىدۇ. ھەربىي ئىشلاردىن خەۋىرى يوق زېڭشىن ئەگەر ھەر خىل قىسىملارنى بىر قانچە دىۋىزىيە، بىرقانچە بىرىگادىغا ئايرىغان بولسا، شىنجاڭ بۇرۇنلا تۈگەشكەن بولاتتى، بۈگۈنكىدەك خاتىرجەم كۈنگىمۇ ئۇلىشالمىغان بولاتتۇق. ھالبۇكى پېقىر راستىنلا ھەربىي ئىشلارنى قىلچە ئۇقمامدۇ؟ پېقىر 20 ياشتىن باشلاپ قىسىملارغا باش بولۇشنى ئۆگەنگەن، ھازىر قېرىپ قالدىم، ئىقتىدارىم يوق. ئەمما ئىلگىرىكى چىڭ سۇلالىسىگە قارايدىغان بولساق، ئۇ شۇ قوشۇنلار بىلەن ئاغدۇرۇلغان، مىنگومۇ شۇ قوشۇنلار بىلەن مالىمانلىشىپ كەتتى»⑧.

ھەربىي خىراجەتنىڭ شىنجاڭ مالىيىسىگە كەلتۈرگەن ئېغىر بېسىمى، ياڭ زېڭشىننىڭ ئاجىز قوشۇن سىياستىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەنلىكىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بولۇپ قالغان. ياڭ زېڭشىن بۇ ئىش ھەققىدە تۆۋەندىكىچە سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارغان، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەر بىر ئەسكەرنىڭ ئايلىق مائاشىغا تۆت سەر پۇل كېتىدۇ، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، داۋالىنىش خىراجىتىنى قوشقاندا، ھەر بىر ئەسكەرنىڭ يىللىق خىراجىتىگە 60 سەر پۇل كېتىدۇ، شىنجاڭنىڭ يىللىق باج كىرىمى ئاران ئۈچ مىليون 200 مىڭ سەردىن كۆپرەك، ئاھالىسى ئىككى مىليون 300 مىڭدىن ئارتۇقراق، ھەر بىر ئادەمگە يىلىغا بىر سەردىن كۆپرەك پۇل توغرا كېلىدۇ. 40 نامراتنىڭ قان - تەر ۋە ئەمگەك مېۋىسى بەدىلىگە، بىر ئەسكەر بىر يىل بېقىلاتتى»⑨.

ئېنىقكى، ياڭ زېڭشىن مىسالغا ئالغان بۇ ھېساباتنىڭ ھالقىلىق يېرى، «40 نامراتنىڭ قان - تەر ۋە ئەمگەك مېۋىسى

بەدىلىگە، بىر ئەسكەر بىر يىل بېقىلاتتى» دېگەن بۇ كەسكىن پاكىتتا.

ياڭ زېڭشىننىڭ بۇنداق ھېسابلاشقا مەجبۇر قىلغان ئاساسلىق ئارقا كۆرۈنۈش شۇكى، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن مەركەزنىڭ «ياردەم خىراجىتى» نامىدا شىنجاڭغا بېرىدىغان مالىيە ياردەم پۇلى تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەمما بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ۋەزىيەت ئەڭ ناچار بولغان شۇەنتۇڭ يىللىرىدا، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا بېرىدىغان ياردەم خىراجىتى يىلىغا ئىككى مىليون 400 مىڭ سەر ئەتراپىدا بولغان.

رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ياڭ زېڭشىنغا بەرگەن ئىلھامى شۇ بولدىكى، نامراتلىق ئىنقىلابنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق يىلتىز ھەم بۇ ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان تۈپ سەۋەب. 1919 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ياڭ زېڭشىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يوللىغان بىر تېلېگراممىسىدا ئېنىق قىلىپ ئۆزىنىڭ بۇ كۆزقارىشىنى ئىپادىلىگەن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «لېنىن پرولېتارىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى، ھازىر دۇنيادا بايلار ئاز، نامراتلار كۆپ، رۇسىيىگە تەۋە ئەنجان، تاشكەنت ئەتراپلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ قۇترانقۇلۇقىغا ئۇچراپ ئېقىن سۇدەك تېگى يوق ھاڭغا ماڭماقتا، ئۇلارنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپەيمەكتە. ئېلىمىزدىكى خەلقلەر نامرات، مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىر، ئەگەر خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىدە چىڭ تۇرۇپ، سانائەتكە كۆڭۈل بۆلمىگەندە، نامراتلىقنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ھەم مالىيە قىيىنچىلىقلىرىنىمۇ بېسىقتۇرغىلى بولمايدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ سانائەت بىلەن ھەربىي ئىشلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىشىنى، ھەربىي ئىشلارغىلا ئېغىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھازىر ھەممىلا جاينى نامراتلىق قاپلىدى، ئەگەر رۇسىيىنىڭ بۈيۈك ئىنقىلابىدەك ئىنقىلاب بولۇپ قالسا، پۇقرالار

ئەمەلدارلاردىن ئۈچ ئالىدۇ، ئەسكەرلەرمۇ ئوفىتسېرلارنى قانداق تونۇسۇن؟ مۇبادا مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا ئەسكەر تۇرغۇزغان بىلەنمۇ، ۋەزىيەتنى ئوڭشىغىلى بولمايدۇ»⑩.

بۇ خۇلاسىگە ئاساسلانغاندا، ياڭ زېڭشىن شۇنى تونۇپ يەتكەنكى، قوشۇنلارنى قىسقارتسا، ھەربىي خىراجەتمۇ ئازلايدۇ، ھەم پۇقرالارنىڭ زىممىسىدىكى يۈكمۇ ئازلايدۇ، شۇ ئارقىلىق ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، يەنى پۇقرالارنىڭ يۈكى يېنىكلىسە، ئىجتىمائىي توقۇنۇشلار ئازلايدۇ، قوشۇنلارنىڭ رولىمۇ ئاجىزلايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ياڭ زېڭشىن قوشۇنلارنى زور مىقداردا قىسقارتىش قارارىغا كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار كېلىپ چىققان.

## 2. مىللەتلەرنىڭ تىنچ - ئىناقلىقىنى ئىزدەش

مۇنداق بىر مەسنەۋى بىر مەزگىل كەڭ تارقالغان بولۇپ، ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنى سورىغاندىكى سىياسىي تەدبىرلىرىگە تەمسىل قىلىنغان:

«جۇمھۇرىيەت تۈنجى رەت قىلدى ئىزھار مەرىپەت،
ئۇيات ئەمدى بەش خاقان يەتتە بەگدەك دەۋرىمەك.
جوڭيۈەندىكى غەۋغاغا پەرۋا قىلماق نە كېرەك،
چېگرا دىيار بەئەينى باغى ئىرەم ھۆسنىدەك.
مۇسۇلماننى جەنۇبتىن شىمالغىچە بەند قىلساڭ،
ئىپتىدائىي پۇقرالار ئاڭقاۋ بولسا ئەۋزەلرەك»

بۇ مەسنەۋىنىڭ ئاپتورى ياڭ زېڭشىننىڭ قول ئاستىدىكى ۋاڭ شۇنەن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ مەزمۇنى ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي غايىسىگە ماس كەلگەن بولغاچقا، ياڭ زېڭشىننىڭ

ئېتىبارىغا ئېرىشىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئىش بېجىرىدىغان جايى — دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ بىغىدىكى جېنبىيەن بىناسىغا ئېسىپ قويۇلغان.

بۇ مەسىنەۋىنىڭ باش قىسمىدا ياڭ زېڭشىننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مىلتارىستلار ئارا يۈز بەرگەن قالايمىقان ئۇرۇشقا قارىتا كارى بولماسلىق، قاتناشماسلىقتەك پوزىتسىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ ئاخىرقى قىسمىدا ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلىگە بولغان تونۇشى ۋە چۈشىنىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ياڭ زېڭشىن مەنسەپ تۇتۇش يولىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن، ئۇزاق مۇددەت نىڭشيا، گەنسۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ۋەزىپە ئۆتىگەن. شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاقسۇدا ۋالىي بولۇپ كۆپ يىل ئىشلىگەن بولغاچقا، مىللىي مەسىلىگە قارىتا مول بىلىم ۋە تونۇشقا ئىگە ئىدى.

ياڭ زېڭشىن مۇنۇ بايانى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تونۇشى ۋە ئەمەلىيىتىنى يىغىنچاقلىغان، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭدا موڭغۇل، قازاق، خۇيزۇ، ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش، ئەزەلدىن پېقىرنىڭ ئىش بېجىرىشتىكى باش پرىنسىپى بولۇپ كەلگەن. پۈتۈن مەملىكەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، زاڭزۇدىن ئىبارەت بەش مىللەتمۇ بىر ئائىلە. پېقىر ئومۇمىي يارىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق، يەرلىكنىڭ ئاسايىشلىقىنى ئىزدەيمەن، موڭغۇل، قازاق، خۇيزۇ، ئۇيغۇرلارنى يات مىللەت، يات دىندىكىلەر دەپ قاراشقا پېتىنالمايمەن»⑪.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسىي ئىپادىسى ۋە ئۇلارنىڭ

شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش جەھەتتە ئوينىغان رولىغا قارىتا، ياڭ زېڭشىننىڭ بەرگەن باھاسى مۇنداق: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى يىللىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپ ۋەقەلەر يۈز بەردى، مۇسۇلمانلارنى تازىلاشقا سېلىنغان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ تولىسى خەنزۇلار ئىدى، ھالبۇكى مىنگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) جۇمھۇرىيەتكە ياردەم بېرىپ، تىنچ - ئىناق ياشىدى. ئەمما خەنزۇ ئاققۇن باندىتلىرى بارغانلا يېرىدە ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈردى، ھەتتا ئۇلار يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. مۇسۇلمانلارنى ئىشقا سېلىپ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيەتنى ئوڭشىمىساق بولمايدۇ»⑫.

بىر مەزگىل ئىچىدە، ياڭ زېڭشىن ھەتتا ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنى، ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا باغلىدى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) پېقىرغا ئىشلەشنى خۇشاللىق دەپ بىلمىسە، ياكى پېقىر مۇسۇلمانلارنى ئىشلىتەلمىسە، شىنجاڭدا پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.»⑬

ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى تونۇشى ۋە چۈشەنچىسى، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە تەسىراتلىرىدىن كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىملىرىدىن كەلگەن. بۇ بىلىملەر كۆپلىگەن زور ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلغان چاغدا، زۆرۈر ۋە تولۇق كارامىتىنى كۆرسەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە، ياڭ زېڭشىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەمىنلىكى ۋە خېيىمخەتىرىنى، قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن باغلىدى. ئۇ ئىنتايىن كەسكىن ھالدا شۇنداق تونۇشقا كەلدىكى، ئەگەر مىللىي مەسىلە ئوڭشىسىزلىققا ئۇچراپ توقۇنۇش كېلىپ چىقسا، ئۇ

هالدا، «شىنجاڭنى قەلەمدار، ئەلەمدارلار باشقۇرالمايدۇ، ھەم بۇگۇنكى چەك - چېگىدىن پارچىلىنىپ كەتكەن ھۆكۈمەت (شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنى دېمەكچى) مۇ باشقۇرالمايدۇ»⑭.
ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ ئىدىيىلىرى ئۇ شىنجاڭنى سورىغان ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە يىلدا ئىسپاتلاندى، بولۇپمۇ رۇسىيىنىڭ قاچاق ئەسكەرلىرىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا، ياڭ زېڭشىن ئىشەنگىلى بولمايدىغان چەكلىك ئەسكىري كۈچى بىلەن، رۇسىيە قاچاق ئەسكەرلىرىنىڭ ئىلى، چۆچەك، ئالتايىنى قوراللىق بۆلۈۋېلىش سۈيىقەستىنى بىتچىت قىلدى. رۇسىيە قاچاق ئەسكەرلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا نۇرغۇن سەۋەب بار، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر سەۋەب، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغانلىقى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ئىلى، چۆچەك، ئالتايلاردىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ رۇسىيە قاچاق ئەسكەرلىرى پەيدا قىلغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا قارىتا، قاتتىق غەزەپ - نەپرەتتە بولغاچقا، رۇسىيە قاچاق ئەسكەرلىرى بۇ جايلاردا بىپايان دېڭىزدىكى يالغۇز كېمىدەك، يۆلەنچۈكسىز قېلىپ، شىددەتلىك دولقۇنلار ئىچىدە لەيلەپ قالدى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياڭ زېڭشىننىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشىدە نۇرغۇن سەۋەب بار. بۇلارنىڭ بىرى، خەلق كۆڭلىگە ماس كەلگەنلىكى، ئىلى دەرياسى ساھىلىدىن ئالتاي يايلاقلىرىغىچە، ياڭ زېڭشىن رۇسىيىنىڭ قاچاق ئەسكەرلىرىنى توسۇش ۋە نازارەت قىلىشقا سېلىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق تەشكىللىگەن قىسىملارنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان. بۇ ئەمەلىيەتلەر ياڭ زېڭشىندا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى ھەمدە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ئىشەنچىسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى.

ياڭ زېڭشىن يۇقىرى تەبىقىدىكى مىللىي زاتلار بىلەن ئالاقە باغلاشنى، مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە ئىتتىپاقلىشىش، مىللەتلەرنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى قىلدى. ياڭ زېڭشىننىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇللارنىڭ بەگ - تۆرە ۋە جاساق تۈزۈملىرى ساقلىنىپ قالدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى چاقىرىق كۈچى ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ھەم چەكلەش رولى ئېتىراپ قىلىندى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىغا مۇئامىلە قىلىشتا، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ سىياسىي ئۈمىدىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بەگ، ئاقسۆڭەكلىرىگە باغلىدى. 1914 - يىلى، ياڭ زېڭشىننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۇچانىڭ ئىنانچىخانى مەمتىمىن خوجىنى چىنۋاڭلىققا، خوتەننىڭ ياردەمچى دۆلەت ئەركانى مۇسانى باسقاق دۆلەت ئەركانلىقىغا ئۆستۈردى. 1918 - يىلى مۇسا ئۆلگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن يەنە مۇسانىڭ ئوغلىنى ئاتىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىشقا كۆرسەتتى.

بۇ خىزمەتلەرنى ئورۇنداش جەريانىدا، ئەڭ قىيىن بولغىنى، بۇرۇندىنلا شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە تالاش - تارتىشقا ئايلىنىپ قالغان قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ئوغلىنىڭ مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى بولدى. شامەخسۇت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تورپاقلار ۋە تۆمۈر خەلپە باشچىلىق قىلغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن ئېغىر دەرىجىدە توقۇنۇشقان بولغاچقا، شامەخسۇتنىڭ ئوغلىنىڭ مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلىشى، كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى، بولۇپمۇ قۇمۇل، تۇرپانلاردىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ياڭ زېڭشىن سىياسىي پايدا - زىياننى دەڭسەپ كۆرۈپ مەركىزىي

هۆكۈمەتكە شامەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەرنى شامەخسۇتنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىشقا كۆرسەتتى.

ياڭ زېڭشىن ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم سىياسىي يۆلەنچۈكى دەپ قارايتتى. دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىنقىلابىي پارتىيىگە قاتنىشىپ شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى مەشھۇر شەخسكە ئايلانغان روزى ھاجى، ياڭ زېڭشىننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ كېڭەش باشلىقلىغا تەيىنلەندى. ياڭ زەنشۇ قاتارلىق كىشىلەر قوزغىغان ئىلى قوزغىلىڭىنى قوللىغان ياقۇپ باي ياڭ زېڭشىننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن جۇڭخۇا مىنگونىڭ پارلامېنت ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ياڭ زېڭشىن تېخى ئامما قاتناشقان سورۇندا روزى ھاجى، ياقۇپ باي، ھۇسەيىنباي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ شىنجاڭدا جۇمھۇرىيەتچىلىكنى بەرپا قىلىشتا قوشقان تۆھپىلىرىنى ماختىدى، مەقسىتى ئۇلارنىڭ سىياسىي نوپۇزىنى ئۆستۇرۇش ئىدى.

ياڭ زېڭشىن مۇنۇ بايانلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلىگە بولغان تونۇشىنى شەرھلىگەن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پېقىر ئۇيغۇرلارغا خەنزۇ، موڭغۇللاردەك تەڭ قارىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر كىشىلەر ياكى ھەربىي ئوفىتسېر بولدى، يا ئامباللىققا تەيىنلەندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەم باج تاپشۇرۇش ۋەزىپىسى بار، ھەم ئەمەل ـ مەنسەپتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بار»⑮.

1922 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن مەركەزدىن ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشنى تەستىقلاشنى تەلەپ قىلغان چاغدا، ياڭ زېڭشىن تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى، ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولغانلىقىدىن ئىبارەت

سىياسىي ھاسىلاتىنى كۆرۈپ يەتتى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى بۇ خەۋەرنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال مەركەزگە تېلېگرامما يوللاپ ياڭ زېڭشىننىڭ داۋاملىق شىنجاڭدا ۋەزىپە ئۆتۈشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىشتىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن بۇ نەتىجە ئۈچۈن ھەم تەسىرلەندى، ھەم ئىپتىخارلىق ھېس قىلدى.

## 3. ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش

ياڭ زېڭشىن «شىنجاڭنى بىرلىكتە ئىدارە قىلىش»، «مىللەتلەرنى تىنچ ـ ئىناق قىلىش» تىن ئىبارەت بۇ سىياسىي نىشاننى بېكىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ نىشاننى يولغا قويۇشتىكى كاپالەت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ تەدبىرلەرنىڭ بىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش. ياڭ زېڭشىن ئاقسۇدا ۋالىي بولغان ۋە جېندى ئايمىقىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن چاغدا، نۇرغۇن خىزمەتداشلىرىنىڭ خىلمۇخىل پەسكەش ئىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرى ئەمەلدارلار تەرىپىدىن ئىزچىللاشتۇرۇلاتتى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ نىشانى ئەمەلدارلار تەرىپىدىن گەۋدىلىنەتتى. شۇڭا، ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىمۇ تەبىئىي ھالدا ئەمەلدار تەرىپىدىن تىكلىنەتتى. بۇ مەزگىلدە، ئۇنىڭ ئالاھىدە تەكىتلىگىنى، «مېھمان» ئەمەلدارلار بىلەن يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ مۇناسىۋىتى بولدى ھەمدە بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئۈستىدە ئىزدەندى ۋە ئويلاندى، شۇ ئارقىلىق بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى ۋە راۋان بولۇشىدىكى سەۋەب ۋە نەتىجىلەرنى تېپىپ چىقىشقا ئۇرۇندى. ئۇ، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەمەلدارلارنىڭ ئەھۋالىنى يەكۈنلىگەن

ئاساستا مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئەمەلدارلار ياقا يۇرتلۇق بولغاچقا، دائىم ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىپ كەلدى، ئەمەلدار تەسىس قىلىشنىڭ سەۋەبىنى ئويلاشمىغاچقا، ھەم ئەمەلدار تەيىنلەشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلمىگەچكە، كۆڭزى تەلىماتىنى ئالغان تالىپ مىجەز كىشىلەر ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك يۇرۇشۇۋېرىدۇ. بۇنداق ئەمەلدارلار، جاھان تىنچ شارائىتتا، ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالىغان بىلەن، ئەگەر تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشكە دۇچ كېلىپ قالسا، بۇنداق ئەمەلدارلار پۇقرا تەرەپتە تۇرمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن پۇقرالار ئەمەلدارلارغا ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ»⑯. ئىزدىنىش ۋە ئويلىنىش ئاساسىدا، ياڭ زېڭشىن «ئەمەلدارلارنىڭ ئىستىلىنى ئېنىقلاپ، پۇقرالارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش» نى ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلارنى تەرتىپكە سېلىشىنىڭ نىشانى قىلدى، شۇ ئارقىلىق بىر تۇركۇم «خەلق سۆيەر» غايىگە ئىگە ئەمەلدارلارنى بەرپا قىلىپ، ئەمەلدارلارنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئوبرازىنى تىكلەشكە بەل باغلىدى⑰.

شىنجاڭ ۋەزىيىتى سەل - پەل تىنچلانغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن «ئەمەل ئۈچۈن خەلقنى سۆيۈش» شوئارىنى تەكرار - تەكرار تەرغىب قىلىشقا باشلىدى، ئارقىدىنلا سېلىشتۇرما دەرىجىسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان مۇكاپاتلاش، جازالاش تەدبىرلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئۇ بۇ خىل تەدبىرلەر بىلەن ھۆكۈمەت ئىچىنى تازىلاپ، بىرنى جازالاپ كۆپكە ئىبرەت قىلدى. بىر مەزگىل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئەمەلدارلارنى تازىلاش ۋە تەرتىپكە سېلىشقا باشلىدى.

ئالدى بىلەن مۇكاپاتلانغىنى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى گۇي فېن بولدى. چۈنكى گۇي فېن نۇرغۇن ئىللەتلەرنى قەتئىي تاشلىغان پاك ئەمەلدار بولغاچقا، ياڭ زېڭشىننىڭ ئومۇمىي

ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ مۇكاپاتلىشغا نائىل بولدى. بولۇپمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغىنى، يەكەننىڭ ھاكىمى ليۇ رېنتەن يەرلىك پۇقرالارنى باشلاپ 260 نەچچە چاقىرىملىق ئۆستەڭ قېزىپ، سۇغۇرۇلىدىغان يەر كۆلىمىنى 110 مىڭ مو كۆپەيتتى، ئۆستەڭ بويىغا 50 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكتۈردى، ياڭ زېڭشىن مۇشۇلارغا ئاساسەن، ليۇ رېنتەننى ئۈچ قېتىم چوڭ تۆھپە كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدى ھەمدە مەركەزگە دوكلات يوللاپ ئۇنىڭغا ئوردېن بەرگۈزدى⑱.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خوتەننىڭ ۋالىيسى شيې ۋېيشىڭ ھۆكۈمەتنىڭ 80 مىڭ سەر كۈمۈشىگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، 1914 - يىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. غۇلجىنىڭ ھاكىمى ميۇ يەن «ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن خەلقنىڭ ئاشلىقىنى ئەرزان سېتىۋېلىپ قىممەت ساتقانلىقى» ئۈچۈن، 1915 - يىلى 4 - ئايدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى⑲، ئارقىدىنلا، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلىشنى مەزمۇن قىلغان ھالدا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلاردىن سىناق ئالدى. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 12 ھاكىمنىڭ ئىچىدە 11 ھاكىم ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلغان بولغاچقا، مەنسىپى تۆۋەنلىتىلدى، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، ھەتتا قاماققا ئېلىندى.

ياڭ زېڭشىن ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپىسىدىن خالىغانچە پايدىلىنىپ ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلىشنىڭ قىسمەن سەۋەبلىرىنى ئەمەلدارلارنىڭ شەخسىي ئەخلاق - پەزىلىتىدىن كۆردى؛ باشقا بىر قىسىم سەۋەبلىرىنى بولسا، ئەمەلدارلارنىڭ شەخسىي ئەمەلىي سەرگۈزەشتىلىرىدىن كۆردى. شۇڭا، شىنجاڭدا مالىيە ئىنتايىن قىيىن بولغان ئەھۋالدا، ياڭ زېڭشىن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەمەلدارلارنىڭ مائاش تەمىناتىنى ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مائاش ئارقىلىق پاكلىقنى يېتىلدۈرۈش مەقسىتىگە يەتتى. ئەينى چاغدىكى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوخشاش دەرىجىلىك

ئەمەلدارلارنىڭ مائاش تەمىناتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىنجاڭدا نەچچە ھەسسە، ھەتتا 10 نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى.

ھۆكۈمەت ئوبرازىنىڭ تىكلىنىشى بەلگىلىك دەرىجىدە يەنە سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ياڭ زېڭشىن بۇنىڭ مەنىسىنى ئىسلاھ قىلىنغان سىياسەت دەپ يىغىنچاقلىدى. ئۇ ئەينى چاغدا يۈز بەرگەن جىلىدىكى دۇەن چىرۈينى سۈرگۈن قىلىش، سىچۇەندىكى شېن جۇنىنى سۈرگۈن قىلىش، خۇنەندىكى جاڭ جىڭياۋنى سۈرگۈن قىلىش قاتارلىق ۋەقەلەرنى مىسال قىلىپ، سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ مەنىسىنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەلدار بولغانلار خەلق تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنسا، جىنايەت سۈرگۈن قىلىنغۇچىلاردا ئەمەس، بەلكى سۈرگۈن قىلىنغۇچىدا بولىدۇ. بۇ، ئەمەلدارلارنىڭ ئادەتتە سىياسىي جەھەتتە چىرىكلەشكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك»⑳.

ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دېھقانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ھېسسىيات ۋە مەنپەئەت جەھەتتە يان بېسىش، كۆپىنچە دېھقانچىلىق بېجى ۋە ھاشار جەھەتتە ئىپادىلەنگەن. تورپاقلار، تۆمۈر خەلىپە قاتارلىق كىشىلەر ياكى تۇغ كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭ كۆتۈرسۇن، ياكى ئۆلۈپ ـ تىرىلىشكە قارىماي خەتەرگە تەۋەككۇل قىلسۇن، ئۇلارنىڭ ئېزىلىشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ يەردە، ياڭ زېڭشىن ھەرقايسى جايلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ بۇ مەسىلىدىكى كۆز قاراشلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى.

1916 ـ يىلى لوپ ناھىيىسىدىكى دېھقانلار ياڭ زېڭشىنغا يەرلىك دائىرىلەر ئۈستىدىن ئەرز سۇندى: ئەتىياز پەسلىدە ھۆكۈمەت دېھقانلارغا ئاشلىق قەرز بەرگەن چاغدا، سەككىز چارەكنى ئون چارەك ھېسابلاپ بەرگەنىدى، كۈزدە قەرزنى يىغىدىغان چاغدا، ئون چارەك يىغىپ سەككىز چارەك دەپ

ھېسابلىدى. بۇنداق ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق قىلىنغان ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە يۇتۇۋېلىش ياڭ زېڭشىننى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «تۆۋەندە ئاشلىق ئىسكىلاتى تەسىس قىلىشتىكى مەقسەت، ئەسلىدە نامراتلارنىڭ ئۇزۇق - تۈلكى كۆپ بولمىغاچقا، ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە، ئىسكىلاتنىڭ ئاشلىقىنى ئۇلارغا قەرز بېرىپ تۇرۇش ئىدى، ئەمما پۇقرالار نامراتلىقتىن ياشاش يولى قالمىغان چاغدا، قەرز بېرىپ تۇرالمايۋاتىدۇ» . ئۇ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ئالاھىدە نەسىھەت قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى ئويغاتماقچى بولدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى ئۆزۈڭلار پۇقرا چاغدا، ئەمەلدارلار كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن قاتتىق قوللۇق قىلسا، چىش - تىرنىقىڭلارغىچە ئۆچ بولۇپ كېتەتتىڭلار، ئەمدىلىكتە ئۆزۈڭلار ئەمەلدار بولغاندا، ھوشۇڭلارنى يوقىتىپ، ئەينى يىللاردىكى ئۆزۈڭلارنىڭ بوزەك قىلىنىش ئازابىنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭلار نېمىسى! »㉑ .

ئاگاھلاندۇرۇش ۋە نەسىھەتكە تايىنىپ، تاپتىن چىقىپ كەتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى ھەرگىز ئىزىغا چۈشۈرگىلى بولمايدۇ㉒ .

1917 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارلامېنت ياڭ زېڭشىننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، «غەللە - پاراق يىغىشتىكى كۆز بويامچىلىقنى قەتئىي چەكلەش» بۇيرۇقىنى ماقۇللىدى، ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «كېيىن، ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ئامباللىرى غەللە - پاراق يىغىدىغان چاغدا، چوقۇم غەللە - پاراق يىغقۇچى كىشىلەرنى نازارەت قىلسۇن، ھەممە ئەمەلدارلار ۋىجدانىڭلار بويىچە ئىش قىلىپ، ئاشلىقنى بەلگىلەنگەن نورما بويىچە ئادىل جىڭلاڭلار، بەلگىلىمىدىن سىرت ئاشلىق يىغىۋېلىشقا بولمايدۇ، بۇ يارلىقنى ياغاچ تاختايغا چاپلاپ، زالغا ئېسىپ قويۇڭلار ھەمدە شەھەر يېزىلارغا چاپلاڭلار، پۇقرالارنىڭ

ھەممىسى بىلىسۇن. ئاشلىق يىغقۇچىلارنى نازارەت قىلغۇچىلارنىڭ نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتى بار، ئۇلارنىڭ ئاشلىق يىغقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ساختىلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرى خالىغانچە ئىش قىلىپ، كونا ئىللەتلەر باش كۆتۈرۈپ قالسا، پۇقرالار ئەرز قىلسا، ياكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق سېزىلىپ قالسا، دەرھال بەلگىلىمە بويىچە قاتتىق جازالانسۇن، شۇ ئارقىلىق باشقا ئەمەلدارلارغا ئىبرەت قىلىنىپ، پۇقرالارنىڭ قىيىنچىلىقى يەڭگىللىتىلسۇن»㉓.

جازالاش — ئەمەلدارلانى تازىلاش ۋە تەرتىپكە سېلىشتىكى بىر ۋاستە بولۇپ، ئۇنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغاندى، لېكىن تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئەمەلدارلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىدى. 1916 ـ يىلى سەييارە مۇپەتتىش مەھكىمىسىدە شىنجاڭ «سىياسىي تەتقىقات ئورنى» قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، ناھىيە دەرىجىلىك باش ئەمەلدارلارنى تەربىيىلەش ئىدى. كۇرسانتلار ئاساسلىقى، يېڭىدىن تەيىنلىنىدىغان ناھىيە ئامباللىرى، ياكى ئامبال ياردەمچىلىرى ئىدى، ھەم ناھىيە دەرىجىلىك باش ئەمەلدارلىقنى ئۈستىگە ئالغانلار بولۇپ، قايتا ۋەزىپىگە ئولتۇرىدىغان ئەمەلدارمۇ قوبۇل قىلىناتتى. سىياسىي تەتقىقات ئورنى بېكىتكەن ئاساسلىق دەرسلەر (دىپلوماتىيە)، مالىيە، ساقچى، سانائەت، قانۇن، ھېساب قاتارلىقلار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ئوقۇلاتتى، شۇ ئارقىلىق كۇرسانتلار شىنجاڭنىڭ تارىخى، يەر تۈزۈلۈشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئادەمگەرچىلىك قاتارلىق ئاساسلىق بىلىملەر بىلەن پىششىق تونۇشاتتى.

ياڭ زېڭشىن سىياسىي تەتقىقاتقا زور ئۈمىد باغلىدى. «شىنجاڭ سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى يىگانە جاي، ئىچكى ئىشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مانجۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاقلار

بار، ئۇلارنىڭ ئىرقى مۇرەككەپ، ئۆرپ - ئادەتلىرىدىكى پەرق زور، ئۇلار ئوخشىمىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، غەربىي شىمال رۇسىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربىي جەنۇب ئەنگلىيە كونتروللۇقىدىكى ھىندىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 40 ناھىيە ئىچىدە، چەت ئەللىك سودىگەر ۋە چەت ئەللىك ئاقساقال بولمىغان بىرمۇ ناھىيە يوق، بۇ — باشقا ئۆلكىلەردە ئاز ئۇچرايدىغان ئىش. چەت ئەللىكلەر تۇركۇم - تۇركۇملەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنى سەللا رازى قىلالمىساق، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى دەرھال دىپلوماتىيە جەھەتتىن بىزگە نارازىلىق پىكرى سۇنۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، نېمىنى گۇللەندۈرۈش، نېمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بۇ ئىشنى بىرمۇبىر بايان قىلماق تەس. ئامباللار گەرچە يەرلىكتە ۋەزىپە ئۆتۈسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھوقۇق - مەسئۇلىيىتى ئىنتايىن ئېغىر، بىر جايىنىڭ تىنچ ياكى خەۋپلىك بولۇشى، پۈتۈن ۋەزىيەتنىڭ پايدا - زىيىنىغا مۇناسىۋەتلىك»㉔.

سىياسىي تەتقىقات ئورنىدىكى كۇرسانتلارغا ياڭ زېڭشىن تەكرار - تەكىتلىدى، «ھەم شىنجاڭنىڭ ئەمەلدارى بولۇش، ھەم شىنجاڭنى سۆيىدىغان پۇقرا بولۇش، ھەر خىل ئىرقتىكى خەلقلەرنى ئۆز تۇغقىنى دەپ قاراش»㉕، ئۇ بۇنى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەرىكەت مىزانى قىلماقچى بولدى.

ھۆكۈمەت ئوبرازىنى تىكلەش ئىرادىسى ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي غايىسىگە ماسلاشقان چاغدا، شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئىستىلى مۇئەييەن دەرىجىدە ياخشىلانغان. ھەمدە ياڭ زېڭشىننىڭ بىر زور سىياسىي دەسمايىسىگە ئايلانغان. بۇنداق مۇھىتتا، شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

لېكىن، نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياڭ زېڭشىن يولغا

قويغان سىياسىي تۈزۈم ھەمدە شۇ دەۋردىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش، ھەرگىزمۇ ئەمەلدارنىڭ ئىستىل، نۇقسانلىرىنى ھەل قىلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ۋاقىت ۋە بوشلۇق ئەمەس، ياڭ زېڭشىن ياشىغان شۇ دەۋرنىڭ تارىخىي ۋەزىيىتىمۇ ئەمەس. شۇڭا، ھۆكۈمەت ئوبرازىنى تىكلەيدىغان غايىنىڭ يارىتىدىغىنى، پەقەتلا مەلۇم پەۋقۇلئاددە مۇھىتتىكى ئۇنۇمدىن ئىبارەت. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

**پايدىلانمىلار**


① ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، 1 ـ قىسىم، 12 ـ جىلد.
② «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 203 ـ بەت.
③ ۋۇ گېچېن: «شىنجاڭغا سەپەر»، سودا نەشرىياتى، مىنگو 24 ـ يىل نەشرى، 32 ـ بەت.
④ يۇقىرىقى كىتاب، 32 — 33 ـ بەتلەر.
⑤ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابتىن ئېلىنغان نەقىل، 209 — 210 ـ بەتلەر.
⑥ زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، سودا نەشرىياتى 1936 ـ يىل نەشرى، 617 ـ بەت.
⑦ شيې بىن: «دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە دىپلوماتىيە».
⑧ «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 2 ـ قىسىم، 12 ـ جىلد، 48 — 49 ـ بەتلەر.
⑨ «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، 12 ـ جىلد.
⑩ «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 8 ـ قىسىم، 39 ـ بەت.
⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 2 ـ قىسىم، 46 — 47 ـ بەتلەر.
⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 15 ـ بەت.
⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 16 ـ بەت.
⑭ ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلارنىڭ

داۋامى» 13 ـ جىلد، 29 ـ بەت.

⑮ ياڭ زېڭشىن: «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلارنىڭ 3 ـ بۆلۈمى» 1 ـ جىلد، 44 ـ بەت.

⑯ «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلارنىڭ داۋامى» 3 ـ جىلد، 39 ـ بەت.

⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 13 ـ جىلد، 6 ـ بەت.

⑱ «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 1 ـ قىسىم، 62 — 65 ـ بەتلەر، «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» ، 652 ـ بەت.

⑲ «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلارنىڭ داۋامى» ، 13 ـ جىلد، 10 ـ بەتنىڭ ئاخىرى.

⑳ يۇقىرىقى كىتاب، 39 — 40 ـ بەتلەر.

㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 5 ـ بەت.

㉒ يۇقىرىقى كىتاب، 6 ـ بەت.

㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 6 — 7 ـ بەت.

㉔ «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 1 ـ قىسىم، 3 ـ بەتنىڭ ئاخىرى، 4 ـ بەتنىڭ بېشى.

㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 48 ـ بەت.

## 2 ـ بۆلۈم ياڭ زېڭشىننىڭ ئىقتىسادىي تەدبىرلىرى

### 1. مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى سورىغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۇ ھېس قىلغان ئەڭ قىيىن مەسىلە مالىيە مەسىلىسى بولدى. مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭغا بېرىدىغان ياردەم تەمىنات پۇلىنى توختاتقاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن قارىسىغىلا ماددىي ئاساسى بولمىغان قەغەز پۇل تارقىتىپ، خەتەر ئىچىدىن ھايات يولى تېپىشنى ئىزدىدى. ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋىتىگە تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ

قويغانىدى. كېيىنرەك، ياڭ زېڭشىن ھەققانىيەت يولىــــدىن قايتماي قوشۇنلارنى قىسقارتتى، ئەمەلدارلارنى تەرتىپكە سالدى، ئەمەلىيەتتە بىر خىل ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلار قول تۇتۇشۇپ مالىيە ئۆتكەللىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

1912 ـ يىلى كۈزدە ياڭ زېڭشىن ۋاقىتلىق مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئورنى تەشكىل قىلدى①. مالىيىدە ئېغىر دەرىجىدە پۇل قىس بولۇش — مالىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت بۇ تەدبىرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىكى ئاساسلىق ئارقا كۆرۈنۈش ئىدى. 1912 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ مالىيىسىدە 3 مىليون سەرنىڭ كەمـــلىكىـــنـــى بـــايـــقاپ ئـــالاقـــزادە بـــولـــۇپ كەتتى②. شۇ ئەھۋالغا قارىتا، مەركىزىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مىنگونىڭ 2 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئېلان قىلغان 590 ـ نومۇرلۇق ھۆكۈمەت ئاخباراتىدا، ئىنتايىن تەپسىلىي ستاتىستىكا قىلغان، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: 1912 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ھەربىي خىراجەت خام چوتى 5 مىليون 579 مىڭ 520 سەرگە كۆپەيدى، ئەمما شۇ يىلدىكى شىنجاڭنىڭ مالىيە كىرىمى 800 مىڭ سەرگىمۇ يەتمىدى. مەمۇرىي، ئەدلىيە، ئامانلىق ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خام چوت چىقىمىنى قوشقاندا، ئەينى چاغدىكى مالىيىدىكى بوشلۇق 5 مىليون 490 مىڭ سەردىن ئېشىپ كەتكەن③.

ياڭ زېڭشىن مالىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىــــڭ بۆسۈش نۇقتىسىنى مۇنۇلارغا بېكىتكەن: (1) باج تۈرلــــىرىنـــى قېلىپلاشتۇرۇش؛ (2) مەمۇرىي خىراجەتنى ئېنىق قىلىش، بۇ ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنى تاماملاشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى، ھەر خىل مالىيە كىرىمىنىڭ تولۇقى بىلەن ئۆلكىلىك خەزىنىگە كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنىڭ يولغا قويۇلۇش تەرتىپىنى ئورناتقاندا، ياڭ زېڭشىن كېيىنكىسىنى ئاۋۋال ھەل قىلىشنى بېكىتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ھازىر غەللە ـ پاراق ۋە ھەر خىل باج ـ سېلىقلار تۈپەيلىدىن، يۇقىرالارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كەتتى، يەنە ئۇلارنى ئاشۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، پەقەت ھۆكۈمەت خىراجىتىنى ئېنىقلاپ، ئارىدىن نەپ ئالىدىغان ئىشلارنى تۈگىتىشلا، ۋاقىتلىق ھەل قىلىشنىڭ قەتئىي ئۇسۇلىدۇر».

ئۇزاق ئۆتمەي، ياڭ زېڭشىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «ھۆكۈمەت خىراجىتىنى ئېنىقلاپ، ئارىدىن نەپ ئالىدىغان ئىشلارنى تۈگىتىش» كۆزقارىشىنى شەرھلىدى: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئارىدىن نەپ ئالىدىغان ئىشلارنى تۈگەتمەي بولمايدۇ، تەدبىر بېكىتىپ، بارلىق باج ـ سېلىقلارنىڭ بىر تىيىنىنىمۇ قالدۇرماي ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈۋېلىش كېرەك، ئۆز ئۆلكىمىزنىڭ مالىيىسىنى ئۆز ئۆلكىمىزگە ئىشلەتسەك، نۆۋەتتىكى مالىيە جىددىيلىكىنى پەسەيتەلمەيۋاتىدۇ؛ چارە ـ تەدبىر بېكىتسەك، يەرلىك ئەمەلدارلار ئىش بېجىرگەندە زىيان تارتىپ قېلىشتىن غەم ـ ئەندىشە قىلمايدىغان، پاك ئەمەلدارلار خىجالەتچىلىكتە قالمايدىغان، پارىخور ئەمەلدارلارمۇ ئارىدىن نەپ ئالالمايدىغان بولىدۇ، شۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ نورمال خىزمەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ»④. كېيىنرەك، بۇ كۆزقاراشلار يەنە «ئارىدىن نەپ ئېلىشنى تۈگىتىپ، ھەممىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش» دەپ ئومۇملاشتۇرۇلدى⑤.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياڭ زېڭشىن ئوتتۇرىغا قويغان مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش — بىر سىستېما قۇرۇلۇشى ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، ھەم بىر تىيىنىنىمۇ قالدۇرماي ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ھەم ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنى يېتەرلىك خىراجەتكە ئىگە قىلىش، شۇ ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىيەتلەرنىڭ نورمال ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش. يەنە دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇئەييەن

ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش.

ۋاقىتلىق مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئورنى خىزمەتكە كىرىشكەندىن كېيىن، دەرھال ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ خىراجىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى ھەمدە شۇ يىلى قەمەرىيە 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ خىراجىتى ئۈچ دەرىجە بويىچە تەكشۈرۈلدى، 1 ـ دەرىجىلىكنىڭ ئايلىق خىراجىتى 600 سەر؛ 2 ـ دەرىجىلىكنىڭ ئايلىق خىراجىتى 500 سەر؛ 3 ـ دەرىجىلىكنىڭ ئايلىق خىراجىتى 400 سەر.

1 ـ دەرىجىلىككە بوش ئورۇن قىلىپ ئايرىلغانلار، ئۈرۈمچى، قاراشەھەر، ئونسۇ، يەكەن، يېڭىسار، خوتەن، قەشقەر يېڭىشەھەر قاتارلىق يەتتە جاي؛ 2 ـ دەرىجىلىككە بوش ئورۇن قىلىپ ئايرىلغانلار، قۇمۇل، تۇرپان، ئۈچتۇرپان، كۇچا، مارالبېشى، كېرىيە قاتارلىق 14 جاي؛ 3 ـ دەرىجىلىك بوش ئورۇن قىلىپ ئايرىلغانلار، بۇگۇر، باي، پىچان، شايار، چارقىلىق قاتارلىق 14 جاي.

بىر مەزگىل تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، 1912 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن «14 ماددىلىق غەللە ـ پاراق يىغىۋېلىش قائىدىسى» نى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئۇنىڭدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى، ھەر يىلى قەمەرىيە 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىنى غەللە ـ پاراق يىغىۋېلىش ۋاقتى، قەمەرىيە 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىنى غەللە ـ پاراقنى پۇلغا سۇندۇرۇپ يىغىۋېلىش ۋاقتى قىلىپ بېكىتتى. غەللە ـ پاراقنى پۇلغا سۇندۇرۇپ يىغىۋېلىش ۋاقتىنى بەلگىلەشتىكى مەقسەت، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ۋاقىت، بۇيرۇقنى قارىماي، ئۆزلىرى خالىغانچە ئاشلىقنىڭ باھاسىنى ئۆزگەرتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش⑥. مۇھىم نۇقتىلارنىڭ ئىككىنچىسى، باجغا شۇ يەردىكى پۇقرالار چۈشىنەلەيدىغان يېزىق

بىلەن تالون كېسىپ بېرىش. ئۇ، باج ئەمەلدارلىرى غەللە - پاراقنى پۇلغا سۇندۇرۇپ يىغىۋالغان چاغدا، سۇندۇرۇپ يىغىۋېلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ سانىنىلا خاتىرىلەپ، تاپشۇرۇۋالغان پۇلنىڭ سانىنى خاتىرىلىمەسلىككە قارىتىلغان. بۇ، ئوتتۇرىدىن نەپ ئېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق ھالقا ۋە شارائىت⑦.

مۇھىم نۇقتىلارنىڭ ئۈچىنچىسى، ئىسكىلاتنى تاقاشتىن بۇرۇن، ھەرقايسى جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر ئاز دېگەندە ئىككى نەپەر تەرجىمانىنى ئەۋەتىپ، غەللە - پاراق تاپشۇرغۇچى ھەربىر ئۇيغۇر پۇقراسىغا، ئىسكىلات ئەمەلدارلىرى خاتىرىلىگەن ئۇلار يىغىپ بولغان پۇل - پۇچەك، غەللە - پاراقلارنىڭ سانىنى ئۇقتۇرۇش، ھەمدە ھەرقايسى غەللە - پاراق تاپشۇرغۇچى ئائىلىلەرنىڭ ئىككى كۈن ئىچىدە ئىسكىلاتقا بېرىپ قايتا تەكشۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىش ئارقىلىق، ئىسكىلات ئەمەلدارلىرىنىڭ غەللە - پاراق، پۇل - پۇچەك يىغىۋېلىش ئەھۋاللىرىغا قارىتا نازارەتنى يولغا قويۇش⑧.

تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ مالىيىسى 1916 - يىلىغا كەلگەندە كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، شۇ يىلقى مالىيە كىرىمى 3 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1912 - يىلىدىكى 800 مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمىگەن يىللىق كىرىمدىن زور دەرىجىدە ئاشتى.

شۈبھىسىزكى، مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش — ياڭ زېڭشىننىڭ زور ئىقتىسادىي تەدبىرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مۇئەييەن ۋاقىتتا كونكرېت نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

## 2. ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

1918 - يىلى 1 - ئايدا، ياڭ زېڭشىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە

يوللانغان «سۇ ئىشلىرى كومىتېتى تەشكىل قىلىش ۋە تەخمىنەن لايىھىسى توغرىسىدا دوكلات» دېگەن ھۆججەتنى ئۆز قولى بىلەن تەييارلىدى ھەمدە شۇ ھامان شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى⑨.

شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى، تۇرلۇك سۇ ئىنشائات كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، ھەرقايسى جايلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆز جايىنىڭ سۇ ئىنشائات كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى ۋە خىراجەت خام چوتىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن سۇ ئىنشائاتلارنى قۇرۇش ۋە رېمونت قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى بىر دولقۇن باشلاندى⑩.

نېگىزىدىن ئېيتقاندا، سۇ ئىنشائىتى خىراجەت ئىنتايىن كۆپ كېتىدىغان بىر كەسىپ. ياڭ زېڭشىن مۇشۇ سەۋەبنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەربىر يېڭىدىن باشلىنىدىغان قۇرۇلۇشقا قارىتا، پايدا ـ زىياننى ئېھتىياتچانلىق بىلەن دەڭسەپ كۆرۈپ، ھەرقايسى جايلاردىن قۇرۇلۇشنىڭ پۈتىدىغان ۋاقتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ھەمدە مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە كېلىش مەنبەسىگە قارىتا، كونكرېت، ئېنىق چۈشەنچە بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. پىشمىغان قۇرۇلۇش لايىھىلىرىگە قارىتا، ۋاقتىدا تۈزىتىش بەردى.

1915 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ياڭ زېڭشىن لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇش پىلانىغا قارىتا تۈزىتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەزكۇر ناھىيىنىڭ پىلانىدىكى ئۆستەڭنى كۆنچى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا چېپىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دېگەن: چۈنكى بۇ يەردە «ئاھالە، ئوتلاق يوق، ئۆستەڭ چېپىش ئاسانراق، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ پايدىسى ھەقىقەتەن كۆپ»⑪. ياڭ زېڭشىننىڭ قىياسىغا ئاساسەن، بۇ ئۆستەڭ قېزىلغاندىن كېيىن، 30 مىڭ مودىن

ئارتۇق بوز يەر ئاچقىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن مەزكۇر ناھىيىدىكى زاۋۇتلارنىڭ پايدىسى ۋە ھەر خىل جەرىمانە پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىشنى ئالاھىدە تەستىقلىدى. تۇرپاننىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن، ياڭ زېڭشىن مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: «سۇ ئىنشائاتىغا كەتكەن خىراجەتلەرنى، يەنىلا سۇ ئىنشائاتى ئارقىلىق يىغىۋېلىش كېرەك» ئەينى چاغدا، تۇرپان ناھىيىسى يارغولدىكى كارىزلارنى رېمونت قىلىشنى قارار قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى دەرىجىلىك كارىزدىن 20 سى بولۇپ، رېمونت قىلىشقا 800 سەر؛ ئىككىنچى دەرىجىلىك كارىزدىن 20 سى بولۇپ، رېمونت قىلىشقا 700 سەر؛ ئۈچىنچى دەرىجىلىك كارىزدىن 20 سى بولۇپ، رېمونت قىلىشقا 600 سەر كېتەتتى. باشقا قۇرۇلۇش خىراجەتلىرىنى قوشقاندا، جەمئىي 3 مىڭ 640 سەر كۈمۈش كېتەتتى⑫. چۈنكى بۇ قۇرۇلۇشقا كۆپ خىراجەت كېتىدىغان بولغاچقا، ياڭ زېڭشىن ئېھتىياجلىق خىراجەتلەرنى مالىيە نازارىتىنىڭ چىقىرىشىنى قارار قىلدى: ئۇ مۇنداق دەيدۇ: كارىز قېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، خەزىنىنىڭ قۇرۇۋقدىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىلگىرى ئېلىنغان باج پۇللىرىنىڭ بىر قىسمى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلسۇن، پېقىرنىڭ مەقسىتى — سۇ ئىنشائاتىغا كەتكەن خىراجەتلەرنى، سۇ ئىنشائاتى ئارقىلىق تولدۇرۇۋېلىش»⑬.

ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتى شەخسلەرنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرىنى بەرپا قىلىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى. 1918 - يىلى، ئۈچتۇرپانلىق ھوشۇرباي ئۆزى مەبلەغ توپلاپ، مەزكۇر ناھىيىنىڭ يېڭىئاۋات دېگەن يېرىدە ئۆستەڭ چېپىشنى تەلەپ قىلدى، يېڭىئاۋات ئەسلىدە يېڭىدىن ئېچىلىۋاتقان قاقاسلىق بولۇپ، سۇ ئىنشائاتى بولمىغاچقا، بوز يەر ئېچىشنى ھۆددىگە ئالغان ئائىلىلەر بىر - بىرلەپ كېتىپ قالغانىدى. ھوشۇرنىڭ

تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەنلا، ياڭ زېڭشىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتتى. ئۇ «ئۇچتۇرپان ھاكىمى پېڭ ۋېنبىڭنىڭ ھوشۇرنىڭ مەبلەغ توپلاپ يېڭىئاۋاتتىكى قاقاس يەرنى ئېچىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بېقىشى توغرىسىدا كۆرسەتمە» سىدە: «ئۇيغۇر ھوشۇرباي بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىغا ھېرىسمەن بولۇپ، ئۆزى خىراجەت توپلاپ ئۆستەڭ چېپىپ قاقاسلىقنى ئېچىشنى خالايدىكەن، ھۆكۈمەتتىن پۇل تەلەپ قىلمىدى، كۆپ خۇرسەن بولدۇم، شۇ بويىچە ئىش قىلىنسۇن»⑭.

ھوشۇر ۋە بوز يەر ئېچىشنى ھۆددىگە ئالغۇچى دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئۆستەڭ قېزىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئۈچ يىلغىچە دېھقانچىلىق بېجىنىڭ يېرىمىنى يىغىشنى، 4 - يىلدىن باشلاپ دېھقانچىلىق بېجىنى تولۇقى بىلەن يىغىشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياڭ زېڭشىن ھوشۇرنىڭ تاپتىن چىقىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغان ھەرىكەتلىرىگە قارىتا، ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھوشۇر پۇل چىقىرىپ بۇ ئىشنى قىلغانىكەن، ئىشلەمچىلەرگە بەلگىلىك ھەق بېرىشى كېرەك، بوز يەر ئېچىشنى باھانە قىلىپ، پۇقرالارنى قاقتى - سوقتى قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ»⑮.

شۇ يىلى، ياڭ زېڭشىن كېرىيىلىك ئۇيغۇر باي مەتىمىننىڭ چەرچەن ناھىيىسىدىكى چەرچەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى 100 چاقىرىم يىراقلىقتىكى چەرچەن بازىرىنىڭ غەربىدىكى يېڭى ئۆستەڭ دېگەن جايغا باشلاپ، 200 مىڭ مو قاقاسلىقنى ئېچىشنى پىلانلىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، شۇ ھامان مەتىمىننى تەقدىرلەپ مۇكاپاتلىدى، ھەمدە مەتىمىنگە ھەر جەھەتتە ئېتىبار بېرىشنى بەلگىلىدى. ياڭ زېڭشىن مۇنداق دەيدۇ: «مەتىمىن كېرىيىلىك ئۇيغۇر، ئىلگىرىكى يىللىرى يېڭى ئۆستەڭنى 30 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا قازغان، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى قاقاسلىقنى ئېچىش ئىشىغا مەركەزلەشكەن. ئۆستەڭ

قېزىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاھالىلەرنى تەكلىپ قىلىپ بوز يەر ئېچىشقا ئاۋۋال ھوقۇق بېرىلسۇن، بۇنىڭ بىلەن كېرىيىلىك پۇقرالار ئۆزلۈكىدىن توپلىنىدۇ، ئاندىن ئۆستەڭ قېزىشقا قاتناشقان 60 ئائىلىگە قاقاس يەر بۆلۈپ بېرىلسۇن، بۇ 60 ئائىلىنىڭمۇ باشقا پۇقرالارنى تەكلىپ قىلىپ بوز يەر ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنسۇن، شۇنداق بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ، بوز يەرمۇ كۆپ ئېچىلىدۇ. بۇ ئىش ئادىل، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلسا ئاھالىلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن كۆپىيىدۇ، ئېچىلغان بوز يەرمۇ كۈنسايىن ئاشىدۇ»⑯.

1916 - يىلى 7 - ئايدا ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەمەلدارلارغا «ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئۆستەڭ قېزىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەرگە كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» دېگەن تېمىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، تۇنجى قېتىم سۇ ئىنشائاتى، بوز يەر ئېچىش، كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆزئارا باغلاپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان سۇ ئىنشائاتى كەسپىنى يېڭى نىشانغا ئىگە قىلدى. ياڭ زېڭشىن بۇ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتا لاۋزىنىڭ «پۇقرالار ئۆلۈمگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، يۇرتىدىن سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتمەسلىكى، يۇرتىدا خاتىرجەم ياشىشى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز يۇرتىدا ياشاپ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرمەسلىكى كېرەك» دېگەن ئىدىيىسىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى مۇنداق شەرھلىدى: «ھازىر جاھاندىكى پۇقرالارنىڭ مۇقىم مۈلكى، مۇھىم كەسپى يوق، ھەممىلا جايدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئەگەر ئادەم ئاسانلا يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتسە، جېنىدىن باشقا ھېچقانداق تەئەللۇقاتى بولمايدۇ - دە، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ، ئۇلار

ئەسكەر، دېھقان، ئىشچى، سودىگەر بولمىغاچقا، ھەممە ئىشتا تەلەيگە قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار تەۋەككۇل قىلساقلا، بايلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايمىز، كۆپلەپ ئىنئامغا ئېرىشەلەيمىز دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار يا باشقا يۇرتلاردا ماڭمىدىغان يولنى تاپالماي قالىدۇ، باندىتقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بىر جايدا بىر سەرگەردان كۆپەيسە، شۇ جايدا بىر توپىلاڭچى كۆپىيىدۇ»⑰.

1918 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ياڭ زېڭشىن ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەمەلىي كۈچ تەشكىللەپ بوز يەر ئېچىش توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم كۆرسەتمە بەردى ھەمدە «بوز يەر ئېچىش بۈگۈنكى مۇھىم ئىش» دېگەن يىپيېڭى ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ⑱، چۈشىنىشلىك خاتاسىز ھالدا «ئۆستەڭ قېزىپ بوز يەر ئېچىش» نى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئورۇنغا قويدى، ئۇ كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان خەۋەردەك مۇنداق دەيدۇ: «ئوغرىلىق قىلىش نامراتلارنىڭ كۈن ئېلىشىنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى، توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئوغرىلارنىڭ ئاخىرقى نىشانى»، شۇڭا ئۇ ئەمەلدارلاردىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مۇقىم مۈلكى بولغان، يەر بوش قالمىغان، سەرگەردانلار بولمىغان بىر ئىجتىمائىي مۇھىتنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، «مالىمانچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، چېگرىنى مۇستەھكەملەش» نى تەلەپ قىلدى⑲.

بوز يەر ئېچىش ۋە ئۆستەڭ قېزىش يېڭىچە سىياسىي تۈس ئالغان بولغاچقا، بۇ خىزمەت سۈ ئىنشائاتىنى يۆلەنچۈك قىلىپ، قىسقىغىنە مۇددەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. مىنگونىڭ 20 ـ يىلى تۈزۈلگەن «خەلق ستاتىستىكا يىلنامىسى» دىكى سانلىق مەلۇماتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، 1911 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 10 مىليون 554 مىڭ 705 مو بولۇپ، 1918 ـ يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن شىنجاڭدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 12 مىليون 26 مىڭ 787 موغا كۆپەيگەن.

## 3. ئوقەتچىلىكنى گۈللەندۈرۈش

ياڭ زېڭشىن ھەربىي قىسىم، ئەمەلدارلارنىڭ ئىستىلى، مىللەت، سۇ ئىنشائاتى، بوز يەر ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى يولغا قويغاندىن كېيىن، 1918 ـ يىلى ئوقەتچىلىكنى گۈللەندۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى مۇددىئاسى پۈتۈنلەي مالىيە تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ياڭ زېڭشىن بۇ تەدبىرىنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى چېكىگە يەتتى، مالىيىنىڭ مول بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز ئوقەتچىلىكنى يولغا قويۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئوقەتچىلىكنى گۈللەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز، مالىيىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، مالىيە بىلەن ئوقەتچىلىك ئۆزئارا زىچ باغلانغان بولۇپ بىرىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ»⑳. بىر مەزگىل ئويلىنىلغاندىن كېيىن، پاختا توقۇمىچىلىقى شىنجاڭدىكى كەسىپلەرنىڭ بېشىغا قويۇلدى. پاختا توقۇمىچىلىق شىنجاڭدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، پاختا توقۇلما ماللىرى قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئەنئەنە ئىزچىل داۋاملىشىپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم سانائەت تارمىقىغا ئايلانغان، بولۇپمۇ 19 ـ ئەسىردىن كېيىن، پاختا توقۇلما ماللىرى شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا سېتىلىدىغان ئاساسلىق تاۋارغا ئايلانغان. پاختا توقۇلما ماللىرى بىر مەزگىل باج ئورنىدا سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدىغان بۇيۇمۇ قىلىنغان. ئەينى چاغدىكى پاختا توقۇلما ماللىرى، ئاساسلىقى قول بىلەن توقۇلغان رەختلەر ئىدى. 1911 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا شۇ يىلقى پاختا توقۇلما ماللىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 700 مىڭ توپتىن ئېشىپ

كەتكەن㉑.

قول بىلەن توقۇلغان پاختا توقۇلما ماللىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئورنى ئاخىر دەستىگاھ بىلەن توقۇلغان رەختلەرنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىدى. بۇ خىل ھالەت نەچچە ئون يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقاندىن كېيىن، تۇرپانلىق بىر قىسىم باي سودىگەرلەر «يېڭىلىق» نى قوبۇل قىلىپ، ئۆز يۇرتىدا زاۋۇت قۇرۇپ دەستىگاھ بىلەن رەخت ئىشلەپچىقاردى. گەرچە ئۇلار كونكرېت نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يېڭىچە سانائەتنىڭ گۈزەل ئىستىقبالى بارلىقىنى نامايان قىلدى ھەمدە ياڭ زېڭشىنغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مانا بۇ، ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى تۇرپانغا بېكىتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى.

ياڭ زېڭشىن خېلى توغرا ھېسابلاش ئارقىلىق، بۇنداق قارارغا كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭنىڭ تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرىدىن ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پاختا 5 مىليون خودىن كەم ئەمەس، يەرلىك ئۇسۇلدىلا رەخت توقۇغاندا، ھەم قوپال ھەم ئاستا بولۇپ قالىدىكەن، رۇسلار بۇ جايلارنىڭ پاختىسىنى موسكۋاغا ئاپىرىپ ھەر خىل رەخت توقۇپ يەنە شىنجاڭغا ئەكېلىپ سېتىپ، ھەر يىلى غايەت زور پايدا ئېلىۋاتىدۇ، خۇددى شىنجاڭ خەلقى ئىشلىتەلمەيدىغاندەك. يۇرتىمىزدا خام ماتېرىيال مول، ئۆزىمىز پىششىقلاپ ئىشلىيەلمەي، ئەكسىچە يۇقىرى باھادا باشقىلارغا ئالساق، پايدا سىرتقا ئېقىپ كېتىپ، بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ»㉒.

ياڭ زېڭشىننىڭ پىلانلىشى بىلەن، ئۇزاق ئۆتمەي تۇرپاندا يېڭىدىن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلدى ھەمدە ئۇنىڭغا «تۇرپان ئۈلگىلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى» دەپ نام

بېرىلدى㉓. فابرىكىدا 125 شاگىرت ئىشچى، 70 تېخنىك بولۇش بەلگىلەندى. شاگىرت ئىشچىلار دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى. شاگىرت ئىشچىلار تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلىندى㉔.

تۇرپان ئۆلكىلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ياڭ زېڭشىنغا ئىلھام ۋە غەيرەت ئاتا قىلدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي مۇنداق دېگەن: «فابرىكىنىڭ كۆلىمى شۇنىڭدىن باشلاپ بارا ـ بارا كېڭەيدى، دەستىگاھلار، ھۇنەرۋەنلەرمۇ كۈنسايىن كۆپەيدى، دەستىگاھلارنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى، ھەممە ئائىلىلەر فابرىكىنى بىلىپ يەتتى، بۇ — پېقىر كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلغان ئىش ئىدى»㉕.

1913 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق ئىگىلىكىنى كېڭەيتىشنى قارار قىلىپ، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن 1200 ئۇرچۇقلۇق دەستىگاھدىن بىر يۈرۈش سېتىۋالدى، بۇنىڭغا 55 مىڭ سەردەك كۈمۈش كەتتى㉖. بۇ ئۇستۇنلۇكلەرگە تايىنىپ، شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ بىرقەدەر چوڭ تىپتىكى پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىسى — فۇمىن توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. كۆلىمى جەھەتتىن ئېيتايلى، ياكى قىيىنچىلىق دەرىجىسى جەھەتتىن ئېيتايلى، فۇمىن توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى — ئەينى چاغدا شىنجاڭدىكى كەسىپلەر ئىچىدە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ھېسابلىناتتى.

**پايدىلانمىلار**

① «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 9 ـ قىسىم، 1 — 2 ـ بەتلەر.
② يۇقىرىقى كىتاب، 15 ـ بەت.
③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىن ئېلىنغان نەقىل.
④ «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 9 ـ قىسىم،

2 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 6 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 7 ـ بەت.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 8 ـ بەت.

⑨ «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» ، 4 ـ قىسىم، 1 ـ، 3 ـ بەتلەر.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب، مۇندەرىجە، 1 ـ، 5 ـ بەتلەر.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 22 ـ بەت.

⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 33 ـ بەت.

⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 34 ـ بەت.

⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 56 ـ بەتلەر.

⑮ «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 4 ـ قىسىم، 31 ـ، 32 ـ بەتلەر.

⑯ يۇقىرىقى كىتاب، 32 ـ بەت.

⑰ «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 4 ـ قىسىم، 53 ـ بەت.

⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 53 ـ بەت.

⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 56 ـ بەت.

⑳ «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 1 ـ قىسىم، 29 ـ بەت.

㉑ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» ، 2190 ـ بەت.

㉒ «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 1 ـ قىسىم، 36 — 37 ـ بەتلەر.

㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 37 ـ بەت.

㉔ «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلارنىڭ 3 ـ بۆلۈمى» ، 2 ـ جىلد، 4 ـ بەت.

㉕ «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلارنىڭ 3 ـ بۆلۈمى» 2 ـ جىلد، 7 ـ بەت.

# 3 - بۆلۇم ياڭ زېڭشىنىڭ مەدەنىيەت تەدبىرلىرى

## 1. دىنغا تايىنىش

ياڭ زېڭشىنىڭ هۆكۈمرانلىقى باشلىنىشىغىلا، ئۇ شىنجاڭدىكى دىنلارنى ئۆزىنىڭ سىياسىي كاتېگورىيىسىگە ئالدى. كۆپ خىل ئامىل رول ئوينىغانلىقتىن، بۇ خىل پۇرسەتنىڭ شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيىتى بولدى. كونكرېت ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىدا مۇئەييەن دائىرىدىكى سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. كىشىلەر دەسلەپتە تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىدىن بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتتى. تۆمۈر خەلىپە بىلەن كۆپ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا، قۇمۇللۇق دىنىي زاتلار مۇھىم رولنى ئۆستىگە ئالدى. ئاخىرىدا تۆمۈر خەلىپە قاتارلىق كىشىلەر ھېچقانداق كونكرېت ۋەدە ۋە باشقا كاپالەتلەر بولمىغان ئەھۋالدا، لى شۇفۇنىڭ مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتى بىلەن قىلغان قەسىمىگە تايىنىپلا، ياڭ زېڭشىنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلدى.

بۇ پاكىت ياڭ زېڭشىنغا ئۆزىنىڭ هۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىسلام دىنىغا تايىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. ياڭ زېڭشىن مەركىزىي هۆكۈمەتكە يوللىغان بىر دوكلاتىدا، ئۆزىنىڭ بۇ خىل تونۇشىنى ئومۇملاشقان ھالەت سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇرلار دىنغا ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلىدۇ، قانچىلىغان ئەمەلدارلار ھەل قىلالمىغان دېلولارنى، بىر ئاخۇنىڭ قۇرئان تۇتۇپ قىلغان قەسىمىگە تايىنىپلا ئاخىرلاشتۇرغىلى بولىدۇ»①.

دەل مۇشۇ ئوي بولغاچقا، ياڭ زېڭشىن ئامما كۆپ سورۇنلاردا ئىسلام دىنىدا ۋەزىپىسى بارلار ئورنىنى غەرەزلىك هالدا گەۋدىلەندۈرەتتى، مەسىلەن، ئاممىۋى يىغىلىشلاردا، ياڭ زېڭشىن دائىم ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇلارنىڭ چوڭ ئاخۇنلىرىنى ئۆزىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزاتتى. چوڭ هېيت ـ بايرام كۈنلىرى ياڭ زېڭشىن هەمىشە ئۆزىنىڭ شەخسىي نامىدىن، داڭلىق دىنىي زاتلارغا سوۋغات ئەۋەتتى هەمدە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تەبرىكلەشنى كۈچىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلاتتى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دىنىي زاتلار بىلەن ئىناق، ئىجىل ئۆتىدىغانلىقىدەك ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلاتتى.

كېيىنرەك، ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا بولغان تونۇشىدا يۈكسىلىش بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ دىنىي ئېڭىنى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئېتىقادى بىلەن بىردەك قىلىشقا ئۇرۇندى. ياڭ زېڭشىن هەر دەرىجىلىك يەرلىك ئەمەلدارلارغا چۈشۈرگەن بىر مەخپىي بۇيرۇقىدا ئاگاهلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «يېقىندا هەرقايسى جايلاردىكى ئەمەلدارلار ئارىسىدا دىنغا نىسبەتەن پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلگەنلىكىنى، هەمدە ئاخۇنلارنى سەۋەبسىزلا ئالماشتۇرىدىغان، باهانە ـ سەۋەب تېپىپ ئاخۇنلارنى جازالايدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، بۇ ئىشقا قارىتا ئاممىنىڭ پىكرى چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار دىنغا ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاخۇننى هۆرمەتلەشتەك بۇزۇلماس ئادىتى بار، ئەگەر ئۇيغۇرلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلغىلى، ئاخۇنغا هۆرمەت قىلغىلى قويمىساق، باشباشتاق بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، ئۇ چاغدا هۆكۈمەت قانۇنى بىلەن ئۇلارنى باشقۇرغىلى بولمايدۇ»②. ئەمەلدارلاردىن «دىندىن پايدىلىنىشنى، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي كىتابلىرىغا هۆرمەت قىلىشنى، شۇ ئارقىلىق پۇقرالار بىلەن ئالاقە باغلاپ، هازىرقى هالەتنى ساقلاشنى تەلەپ قىلدى»③.

بۇ يەردە ياڭ زېڭشىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتى كۆرسىتىلگەن، يەنى ياڭ زېڭشىن ئىسلام دىنىنى ئاللىقاچان شىنجاڭنىڭ سىياسىي شاھمىتىدىكى بىر پىشكا سۈپىتىدە تونۇغان ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ سىياسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى نىيەت قىلغان.

مۇشۇ سەۋەبتىن، ياڭ زېڭشىن ئاخۇن نامزاتلىرىنىڭ بېكىتىلىشىنى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا قاراتقان خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلغان. ئۇ كەسكىن قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاخۇنلۇق ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۇھىم»④. ياڭ زېڭشىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاخۇن ياخشى تاللانسا، ئۇ قۇرئاندا سۆزلەنگەن دۇرۇس يولنى تەرغىب قىلىدۇ، كىشىلەرگىمۇ ئاق كۆڭۈل بولۇشنى ئۆگىتىدۇ، دىندارلارمۇ شۇ سەۋەبتىن ئاق كۆڭۈل بولىدۇ؛ ئاخۇن ياخشى تاللانمىسا، ئۇ پىتنە ـ ئىغۋا سۆزلەپ، كىشىلەرگە ئەسكىلىكنى ئۆگىتىدۇ، دىندارلامۇ شۇ سەۋەبتىن ئەسكىلىشىپ كېتىدۇ»⑤.

خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە، ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ كۆزقارىشى ھەرقايسى جايلاردىكى ئەمەلدارلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىدى. ئۇلار دائىم ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەپ ھېسابلاپ ھەر دەرىجىلىك ئاخۇنلارنى ئۆزلىرى تەيىنلىدى. شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى پۈتۈنلەي ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي كاتېگورىيىسى ئىچىگە ئېلىنغاندىن كېيىن، ئاخۇنلارنى خالىغانچە تەيىنلەيدىغان قىلمىشلار كۈنسايىن گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. 1917 ـ يىلى، ياڭ زېڭشىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ھەرقايسى جايلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئاخۇنلارنى خالىغانچە تەيىنلىشىنى مەنئى قىلدى ھەمدە تۆۋەندىكى ئىككى سەۋەبنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بۇ ئۇسۇلنىڭ نۇقسانلىرىنى چۈشەندۈردى: (1) «ئەگەر ھۆكۈمەت ئاخۇنلارنى مەجبۇرىي تەيىنلىسە، ئۇلار بىلەن دىندارلار تاسادىپىي چىقىشالماي قالسا، دىنىي ماجىرالار شۇنىڭدىن پەيدا بولىدۇ»؛

(2) ئومۇمەن ئىستىلى دۇرۇس كىشىلەر ئەمەلدار بولۇشقا ئاسانلىقچە ئۇنىمايدۇ، ئەمەلدار بولغانلار ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، مەنپەئەتچىلىكنى يوشۇرۇن تارقىتىدۇ⑥.

ئاخۇنلارنىڭ بارلىققا كېلىش تەرتىپىنى بېكىتكەن چاغدا، ياڭ زېڭشىن چەت ئەللىكلەرنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاخۇنلۇقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە بەلگىلىدى⑦. بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق ياڭ زېڭشىن ئەڭ ئاخىرى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنى ئۆزىنىڭ سىياسىي كاتېگورىيىسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن جازا قانۇنىغا ياتمايدىغان جېدەل - ماجىرالار، مال - مۈلۈك گۇۋاھلىقى قاتارلىقلار ئىسلام دىنىي ئورگانلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بۇ خىل سىياسىي كەيپىياتتا ئىمز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكىلى كۆپ يىل بولغان مەھكىمە شەرئىيلەر جايلاردا قايتىدىن باش كۆتۈردى. ھەر خىل دىنىي زاكات - پىتىرلەرمۇ مەخپىيەتلىكتىن ئاشكارىلىققا ئۆتتى.

ئالدىنقىسى ئارقىلىق، ياڭ زېڭشىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى بىر قىسىم زىددىيەتلەرنى دىنىي زاتلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ ھەل قىلدى؛ كېيىنكىسى ئارقىلىق، ياڭ زېڭشىن دىنىي زاتلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن بايلىق مەنبەسى ئېچىپ بەردى، شۇ ئارقىلىق دىنىي زاتلارنىڭ ئۆزىنى سىياسىي جەھەتتە قوللىغانلىقىغا جاۋاب قايتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، دىنىي زاتلار ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي ئوبرازىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تىكلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى سورىغان مەزگىلدە ياشىغان ئۇيغۇر پۇقرالىرى قېرىپ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان چاغدىمۇ «ياڭ جياڭجۈن» دەۋر سۈرگەن ئاشۇ ۋاقىتلارنى ئەسلەشتى.

ياڭ زېڭشىن ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ياخشىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە نۇرغۇن جەھەتلەردە ئېنىق ۋە كونكرېت چەكلىمە چىقاردى، مەقسىتى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى پائالىيىتىنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي سىزىقىدىن چىقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئىدى.

ياڭ زېڭشىن ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا قارىتا قوش تونۇشقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجابىي تەرىپىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ پاسسىپ تەرىپىنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، بىر خىل ئومۇمىي ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىپ، دىنىي زاتلارغا ھەممىلا جايدا ھۆكۈمەت ھەرىكىتىنىڭ نوپۇسىنى ھېس قىلدۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قاتتىق بەلگىلىمە چىقىرىلغىنى، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆزى خالىغانچە مەسچىت سېلىشىغا يول قويۇلمىدى، ياڭ زېڭشىن ئالدى بىلەن يېڭىدىن مەسچىت سېلىشنى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ يۈكىنى يولسىزلارچە ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن باغلىدى، ئاندىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇ خىل ھەرىكەتنى دىنىي مەزھەپلەر ئارا توقۇنۇشنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن باغلىدى. بۇ جەھەتتە، ياڭ زېڭشىن جەمئىيەت مۇقىم بولغاندىلا، ئاندىن پۇقرالارغا خاتىرجەم مۇھىت يارىتىپ بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆچەپ تەكىتلىدى⑧.

ياڭ زېڭشىن ئىسلام دىنىنى ئوبيېكت قىلغان ھالدا قوللانغان نۇرغۇن تەدبىرلەر، ئۇنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇنازىرە قوزغىغان قىسىملارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ياڭ زېڭشىن باشتىن - ئاخىر، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي زاتلىرىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆزىنىڭ «شىنجاڭنى بىرلىكتە ئىدارە قىلىش»، «مىللەتلەرنى ئىناق قىلىش» تىنكى سىياسىي تايانچى دەپ قارىغان.

## 2. تىل سىياسىتى ۋە ئەمەلىيەت

ياڭ زېڭشىننىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇھىتى ۋە ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشى ئۇ قۇمۇل ۋاڭ مەھكىمىسى بىلەن تورپاق قوزغىلىڭىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياراشتۇرغان ئاشۇ دەۋردە باشلانغان. ياڭ زېڭشىننىڭ شۇ چاغدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى قارىمۇقارشى ئىككى تەرەپنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ، ھەر ئىككى تەرەپنى يول قويۇشقا ھەمدە قارشى تەرەپنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا كۆندۈرۈش ئىدى. جېدەللەشكۈچى ئىككى تەرەپ ئۇيغۇر تىلىدا قوپال سوئال سورىشىپ، ئۆزئارا ئەيىبلەشكەن، ھەتتا مەسخىرە قىلىشقان. يالغۇز ياراشتۇرغۇچى ئورۇندا تۇرغان ياڭ زېڭشىن تەرجىمان ئارقىلىقلا ئىككى تەرەپنىڭ گەپلىرىنى ئۇقالىغان. ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلغان چاغدىكى مەيدانى، ئۇسۇلى ۋە نەتىجىسىنى ۋاقتىنچە سۆزلىمەي تۇرايلى، يالغۇز تىلغا بولغان تونۇشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ياڭ زېڭشىن مۇنداق ئىككى تەسىراتقا ئىگە بولغان: بۇنىڭ بىرى، تەرجىمان (ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى «تۆڭچى» دەپ ئاتايتتى) شىنجاڭنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە؛ ئىككىنچىسى، يەرلىكنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان ئەمەلدارلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش — شىنجاڭدا مەمۇرىيەتنى يۈرۈشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىلىرىدىن بىرى.

مۇشۇ تەسىرات ئاساسىدا، ياڭ زېڭشىن ئاقسۇغا بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئاپپاراتلارغا ئالدىراشلىق بىلەن تاللانغان تەرجىمانلارنى سەپلىدى. تەرجىمانلارنى كەسىپنى قەدىرلەپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن ئاقسۇ دائىرىسىدە، ھەر خىل يوللار بىلەن تەرجىمانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى. تىل

بىلەن بولغان باغلىنىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، قائىدىنى بۇزۇپ ئۇيغۇر تىلىغا پىششىق بىر تۈركۈم خەنزۇ، مانجۇ، خۇيزۇ ياشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ھەرقايسى ئاپپاراتلارغا قويدى.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ياڭ زېڭشىن ئۆزىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم تۇرمۇش سۆزلىرىنى چالا - پۇچۇق ئۆگىنىۋالدى. گەرچە ئۇ تەلەپپۇز قىلىش، سۆزلەرنى ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە پىششىق بولمىسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئازغىنە ھاسىلاتى بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم بېرىپ، ئاقسۇدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئارىسىدا «ياڭ جياڭجۈن ئەرزلەرنى ئۇيغۇرچە سورىيالايدىكەن» دېگەن رىۋايەتنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

شۇنداق دېيىش كېرەككى، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدىكى تىل مۇھىتىغا بولغان تونۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە قەدەم باسقان، شۇڭا ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىغىلا، يەرلىك تىللارنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. 1 - تەدبىرى شۇ بولدىكى، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىلىدىغان پولكوۋنىك جاڭ سەيتىڭنى قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان تۆمۈر خەلپىگە نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتتى. گەرچە جاڭ سەيتىڭ قۇمۇلدا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ تەدبىردىن ياڭ زېڭشىننىڭ تىل ئوقۇشۇشنى سىياسىي ۋاستىلەرنىڭ بىرى قىلىپ ئايرىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كېيىنرەك، ياڭ زېڭشىن ئۆزى «14 ماددىلىق غەللە - پاراق يىغىۋېلىش قائىدىسى» نى تۈزگەن چاغدا، تىل بىلىشنى ماددىلارنىڭ بىرى قىلىپ ئايرىدى. ئۇنىڭدىكى كونكرېت بايانلار: «3. جەنۇبتىكى ئۇيغۇرلار خەنزۇچە خەت بىلمەيدۇ، باش دەپتەردار يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بىللە غەللە - پاراق، ئوت - چۆپ يىغىۋېلىش ئالاقىسىنى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە

قىلىپ كۆمۈشلەرنىڭ سەر سانىنى ئېنىق يېزىشى كېرەك»⑨.

يېڭىچە پىكىر ئاساسىدا، ياڭ زېڭشىن تىل مۇھىتىنى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنىڭ بىر زور ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە قايتا - قايتا تىلغا ئالدى، ھەتتا بىر مەزگىل ئۇ مەركەزنىڭ ئۆزىگە ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئەۋەتىپ بېرىشنى رەت قىلىشنىڭ پاكىتى قىلىۋالدى⑩. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ياڭ زېڭشىن ئەڭ ئاخىر تىل بىلىشنى — ئەمەلدارلارنىڭ ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولۇش - بولماسلىق دەرىجىسىگە كۆتۈردى. ئۇ مەركەزگە يوللىغان «ئۇيغۇرچە تەتقىقات ئورنىنى پۈتتۈرگەن كۇرسانتلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش رويخېتى توغرىسىدىكى دوكلات» تا، رەسمىي يوسۇندا: «مەن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىل - يېزىقى خەنزۇلارنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى پىششىق بىلىشكە توغرا كېلىدۇ»⑪. مەركەزگە يوللىغان بۇ دوكلاتنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى «ئۇيغۇرچە تەتقىقات ئورنى» قۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ئىدى. بۇ تەتقىقات ئورنىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولۇپ، ئوقۇشقا كىرىش يېشى 36 ياشتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى، ئوقۇش سالاھىيىتى ۋە ئوقۇش تارىخىنى مائارىپ مىنىستىرلىقى بىلەن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى تەكشۈرۈپ رويخەتكە ئالاتتى⑫. بۇ تەدبىر يۈرگۈزۈلۈپ ئىككى يىلدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى قوبۇل قىلغان تۇنجى تۈركۈمدىكى قوش تىللىق كادىرلارغا ئېرىشتى. بۇ نەتىجە ياڭ زېڭشىنغا يېڭىدىن ئىلھام بەردى. ئۇ، زو زۇڭتاڭ يەرلىك ئەمەلدارلارنى شۇ يەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشىگە تەشەببۇس قىلغاندىن بۇيانقى ئەھۋاللارنى ئەسلىگەن چاغدا، بۇرۇندىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەمەلدارلارنىڭ بۇ تەدبىرلەرنى

ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرمىگەنلىكىنى ئالاھىدە ئەيىبلەپ، ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان نۇرغۇن ئەمەلدارلار «ھەممىشە تىل، يېزىق چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ھەربىر ئىشقا يولۇقسا تۇڭچى (تەرجىمان) ئىشلىتىۋاتىدۇ، ھەر قېتىم يارلىق تاپشۇرۇۋالغاندا، تۇڭچى ئارقىلىق ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يەرلىك پۇقرالار بىلەن ئالاقە ئورنىتىش تەسكە چۈشۈپلا قالماي، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشمۇ تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ، تۇڭچى - موللىلار بولسا مۇغەمبەرلىك قىلىپ، راست ئەھۋالنى يوشۇرۇپ، تەرجىمىنى خاتا قىلىپ، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋاتىدۇ، ھەتتا تەرجىمە قىلىشنى باھانە قىلىپ كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىۋاتىدۇ، يەرلىك ئەمەلدارلار ياغاچ قونچاقتەك، ھېچنېمىدىن بىخەۋەر يۈرۈۋاتىدۇ، بۇنداق ئىللەتلەرنى يەڭگىلى بولماسلىقتا تىل - يېزىق ئۇقماسلىق سەۋەب بولىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىللەتلىرىنى تۈگىتىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ»[13].

ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياڭ زېڭشىن پۈتكۈل شىنجاڭ دائىرىسىدە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنى داۋاملىق ئومۇملاشتۇردى. بۇ تەدبىر زو زۇڭتاڭ ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھەر خىل شەكىلدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولۇپ، بۇنداق ئۆگىنىش بارغانسېرى مەجبۇرلىنىش تۈسىنى ئېلىپ قالدى. بۇنىڭدىن ئاساسلىق سەۋەب تىل چەكلىمچىلىكى بولغاچقا، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرنى بىۋاستە خەنزۇچە دەرس ئاڭلاشقا مەجبۇرلىغاندا، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرنىڭ دەسلەپكى ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش بەلگىلىك زىيانغا ئۇچرىدى[14].

ياڭ زېڭشىن بۇ پاكىتلارنى تەن ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئارقىغا چېكىنگەنلىك، ئۇنىڭ پايدا - زىيىنىنى دەڭسەپ

كۆرسەك ئارقىمىزغا يانغانغا يەتمەيدۇ، داۋاملىق خەنزۇچە ئۆگىنىشنى يولغا قويۇش كېرەك دەپ قارىدى⑮. بۇ خىل تىرىشچانلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرى بەرگەن ھوسۇلى شۇ بولدىكى، 20 ـ، 30 ـ يىللاردا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ساھەسىنى جانلاندۇرغان بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك كىشىلەر مەيدانغا كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر باشقىلارغا ۋاكالىتەن خاتا ھالدا ئوقۇشقا كىرىپ قالغانلار بولۇپ، كېيىن خېلى يۇقىرى ئىجتىمائىي قاتلامغا كىردى.

## 3. مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يېرىم يولدا توختاپ قېلىشى

1912 ـ يىلى مەركىزىي مائارىپ مىنىستىرلىقى شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى مۇنداق ستاتىستىكا قىلغان: مەكتەپ 60، ئوقۇغۇچى 1802 نەپەر، ئوقۇتقۇچى 170 نەپەر، يىللىق خىراجىتى 51 مىڭ 811 يۈەن، مۇقىم مۈلكى 114 مىڭ 931 يۈەن⑯. 1917 ـ يىلىدىكى بېيجىڭ «ھۆكۈمەت ئاخباراتى» (422 ـ نومۇرلۇق) نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، شىنجاڭدا ھۆكۈمەت قۇرغان ئىپتىدائىي باشلانغۇچ مەكتەپ 40، ئوقۇغۇچى 1427 نەپەر؛ خۇسۇسىي مەكتەپ 1، ئوقۇغۇچى 55 نەپەر؛ ھۆكۈمەت قۇرغان ئالىي باشلانغۇچ مەكتەپ 4، ئوقۇغۇچى 96 نەپەر⑰. 1912 ـ يىلدىكى ياپونچە «جۇڭگو يىلنامىسى» دىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى مەكتەپ 48، ئوقۇغۇچى 3094 نەپەر، ئوقۇتقۇچى 115 نەپەر⑱.

شىنجاڭدا مائارىپ ئىشلىرىنىڭ شۇنچىۋالا بۇرۇقتۇم بولۇپ قېلىشىنىڭ ئىچكى سەۋەبى نېمە؟ 1915 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئەھۋالىدىن دوكلات

يوللىغاندا، قىلچە يوشۇرماي مۇنداق دېگەن: «شىنجاڭدا مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ئىنتايىن تەس»⑲. ئۇ تۆت پاكىتنى كۆرسەتكەن، (1) خىراجەت قىس؛ (2) ئوقۇتقۇچىلار كەمچىل؛ (3) دەرسلىك ماتېرىيال يېتەرسىز؛ (4) ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىنتايىن تەس⑳.

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلغان ھەمدە «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابنى يازغان جاڭ داجۇن، بۇ دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا قارىتا مۇنداق تونۇشتا بولغان: «مىنگونىڭ دەسلىپىدە شىنجاڭنىڭ مائارىپى قاتناشقا ئوخشاش ئەگرى - توقاي يوللاردا ماڭغان بولۇپ ھەقىقەتەن قالاق ئىدى. لېكىن تارىخىي نەزەر بىلەن كۆزەتسەك، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جەزبىدارلىقى ۋە موللىقىنى، باشقا رايونلاردا سېلىشتۇرغىسىز ئىدى»㉑. جاڭ داجۇن شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى خەنزۇ مائارىپى ۋە قېرىنداش مىللەتلەر (ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار) مائارىپى دەپ ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭ مائارىپىنى ئىككىگە بۆلۈش جەھەتتىن ئېيتقاندا، خەنزۇلار شىنجاڭدا مەدەنىيەت مائارىپىنى يولغا قويغان، بۇنى باشتا تىلغا ئالغانىدىم، خەنزۇچە مائارىپ گەرچە يۈكسەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرچە مائارىپنىڭ يۈكسەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس»㉒.

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئىزچىل تۈردە دىنىي مائارىپ ۋە دەھرىي مائارىپقا ئايرىلدى. ئۇيغۇرلار دەھرىي مائارىپنى «پەننىي» مائارىپ دەپ ئاتايتتى㉓. بۇ دەۋردە كۇچا، تۇرپان، يەكەنلەر ئۇيغۇر پەننىي مائارىپىنىڭ يېڭىدىن گۈللەنگەن رايونىغا ئايلاندى. كۇچادا پەننىي مائارىپنى يولغا قويغان كىشى ھامۇت ئىدى، ھامۇت 1887 - يىلى كۇچانىڭ چىنباغ كەنتىدە تۇغۇلغان. ھامۇتنىڭ دادىسى مۆمىن ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، نۇرغۇن مال - دۇنياسى بار ئىدى.

1905 ـ يىلى مۆمىن مەككىگە ھەج قىلغىلى بارغاندا، ئوغلى ھامۇتنىمۇ بىللە ئالغاچ بارغان، بىرىپ ـ كىلىش سەپىرىدە، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن رۇسىيە، تۈركىيە، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستانلاردىن ئۆتكەن. مۆمىنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىر دىنىي مەجبۇرىيىتىنىلا ئادا قىلغان. لېكىن، ھامۇتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن، بولۇپمۇ چەت ئەللەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. دادىسى بىلەن بىللە ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگەن ھامۇت «ھاجى» دېگەن سالاھىيەتكە ئېرىشىپلا قالماي، بەلكى يېڭىچە ئىرادىگە كەلدى.

كىشىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپتە كۆزىگە چېلىققىنى، ھامۇتنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ پاسونىدا ئۆزگىرىش بولدى. كۇچادىكى ئۇيغۇر يۇقىرالىرى ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك كىيىۋاتقان ئاشۇ دەۋردە، ھامۇتنىڭ كاستۇم ـ بورۇلكا بىلەن رەستە ـ كوچىلار ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا پەيدا بولۇشى، تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ مۇنازىرىسى ۋە باھالىرىنى قوزغىدى. لېكىن، كىشىلەر ناھايىتى تېزلا، ھامۇتنىكى ھەقىقىي ئۆزگىرىشنىڭ ئۇنىڭ ئۇيغۇر پەننىي مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىرادە باغلاش ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. ھامۇت ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە چەت ئەللەردە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى تونۇشتۇرغان چاغدا، پەننىي مائارىپنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئېلىپ كەلگەن نەتىجىلىرىنى ئىخلاس بىلەن تەشۋىق قىلدى.

بۇ تەشۋىقاتلار ئاخىر جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسىنى قوزغىدى، قوللايدىغانلارمۇ چىقتى، قارشى تۇرىدىغانلارمۇ چىقتى. قوللىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھامۇت بىلەن تەڭ دېمەتلىك كىشىلەر بولدى، مەسىلەن، مۇسايوف، نىزامىدىن، ئابدۇقەييۇم، ئابدۇمىجىت، سابىر قاتارلىقلار. كېيىنرەك، كۇچالىق باي

سودىگەر ھېلىم ھاجى، ئەزىزھاجى قاتارلىق كىشىلەرمۇ ھامۇتنىڭ كۇچادا پەننىي مائارىپنى يولغا قويۇشىنى قوللىدى. نۇرغۇن قوللىغۇچىلار ئىچىدە، ھامۇتنىڭ دادىسى مۆمىن ھاجى ئەڭ كەسكىن قوللىدى. مۆمىن ھاجى ئۆزىنىڭ بېغىدىن 10 مو يەرنى مەكتەپ سېلىشقا ئاجرىتىپ بەردى. مۆمىن ھاجىنىڭ ئىلھامى بىلەن، باشقا كىشىلەرمۇ بەس ـ بەستە ياردەم قوللىرىنى سۇندى، شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا يۇرۇشلەشكەن بىر پەننىي مەكتەپ قۇرۇپ چىقىلدى. 1913 ـ يىلى، ھامۇت كۇچادا قۇرغان تۇنجى پەننىي مەكتەپ دەرس باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ھەمدە بۇ مەكتەپكە «كۇچا يېڭىمەھەللە پەننىي باشلانغۇچ مەكتىپى»㉔ دەپ نام بەردى. شۇ يىلى مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلار 100 دىن ئېشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 16 ياشلىق ئىككى قىز ئوقۇغۇچى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى سۇپىيە بولۇپ، كۇچادىكى بىرىنچى دەرىجىلىك باي ئەزىز ھاجىنىڭ قىزى ئىدى؛ يەنە بىرىنىڭ ئىسمى شاراپەت بولۇپ، كۇچاغا ئوقەتچىلىق قىلغىلى كەلگەن قەشقەرلىك باي سودىگەر ئەكرەمنىڭ قىزى ئىدى.

كۇچادىكى يېڭىمەھەللە مەكتىپى ئوقۇش باشلاپ ئۇزاق ئۆتمەي، پۈتۈن كۇچانى زىلزىلىگە سالغان ۋەقە يۈز بەردى. بىر تۈركۈم كىشىلەر يېڭىمەھەللە مەكتىپىگە باستۇرۇپ كىرىپ «پەننىي مەكتەپ دىنىي ئىسلامنى سۇسلاشتۇردى» دەپ چۇقان كۆتۈردى ھەمدە مەكتەپنىڭ بىنالىرىنى چېقىۋېتىمىز دەپ داۋراڭ سالدى. يېڭىمەھەللە مەكتىپى ئۇلارغا يول قويغان ئاساستا، ئۆزىنىڭ دەرسلىك جەدۋىلىگە مۇئەييەن ساندا دىنىي دەرسلەرنى قوشتى.

يېرىم يىلدىن كېيىن، يېڭىچە مائارىپ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى، ھەتتا نۇرغۇن ئائىلە باشلىقلىرى ئەزىزھاجى بىلەن ئەكرەم باينى ئۈلگە قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىزلىرىنى يېڭىمەھەللە مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى.

1916 ـ يىلى، يېڭىمەھەللە مەكتىپى تۈنجى قارار ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، 100 دىن ئارتۇق ئوغۇل، قىز ئوقۇغۇچى دىپلومغا ئېرىشتى. ئۇلار كۆپچا بوستانلىقىدا تۈنجى تۈركۈم يېڭىچە مائارىپنى قوبۇل قىلغان ياشلار بولۇپ قالدى㉕.

يېڭى ھۆكۈمەت دەۋرىدە، تۇرپان ھەربىي، سانائەت، ھەمدە مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بارىدىغان سىناق رايونى قىلىندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە، يالغۇز مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇساپىسى ئەڭ جاپالىق بولدى. 1913 ـ يىلى مەخمۇت مۇھىتى ئۆزىنىڭ يۇرتى ئاستانىدە تۈنجى پەننىي مەكتەپنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا «مەخمۇدىيە مەكتىپى» دەپ نام بەردى، بۇ ئاستانە كەنتىدە ئىككىنچى قېتىم قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپ ئىدى. تۈنجى پەننىي مەكتەپ قۇرۇش ئىشلىرى، دىنىي كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن توختاپ قالغانىدى.

«مەخمۇدىيە مەكتىپى» دە، رۇسىيەدىن تەكلىپ قىلىنغان ھەيدەر سايرانى قاتارلىق داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار بولغاچقا، بۇ مەكتەپنىڭ ئابرۇيى شىددەت بىلەن ئۆرلىدى، ھەتتا تۇرپاننىڭ باشقا يېزا ـ كەنتلىرىدىكى ئۆسمۈرلەرمۇ بۇ يەرگە كېلىپ يېتىپ ئوقۇدى. 1920 ـ يىلى مەخمۇت مۇھىتى رۇسىيىگە 2 ـ قېتىم تىجارەت بىلەن بارغاندا، نۇرغۇن پۇل بىلەن مۇھەببۇللا ھۇببۇلى ۋە گۇلەندەم ئابىستاي ئەر ـ خوتۇن، ئېلى ئىبراھىم، ھېساملىدىن، شاھ شەرەپ، يەھىمى قاتارلىق ئالتە نەپەر تاتار زىيالىيسىنى تۇرپانغا كېلىپ دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، پەننىي مائارىپ تۇرپاندا مۇستەھكەملىنىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى بىر تۈركۈم پەننىي ئالىم، سىياسىئون ۋە سەنئەتكارلارنى يېتىشتۇرۇپ چىقتى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ بىر تۈركۈم تاتار زىيالىيلىرى تۇرپاننىڭ

زامانىۋى مائارىپى ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپە قوشتى. بۇ تاتار زىيالىيلىرىنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى تۈرپاندىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئارىسىدا ھازىرغىچە كەڭ تارقىلىپ يۈرمەكتە.

يەكەندە تۇنجى ئۇيغۇر پەننىي مائارىپىنى ئاپىرىدە قىلغان كىشى، بىر ئۆزبېك مائارىپچى ئىدى㉗.

1912 - يىلى يەكەندىكى مەشھۇر دىنىي زات ئارتۇق ھاجى ئۆزىنىڭ سېرىقكۆلدىكى ئۆيىنىڭ ھويلىسىغا يەكەندىكى تۇنجى پەننىي مەكتەپنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ئارتۇقىيە مەكتىپى» دەپ نام بەردى ھەمدە بۇ مەكتەپكە شۇ يەردىكى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك بالىلىرىنى قوبۇل قىلدى.

بۇ ئۆزبېك دىنىي زاتنىڭ ھەرىكىتى، يەكەندە پەننىي مائارىپنى يولغا قويۇشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. ئارقىدىنلا ئىمام مەخمۇت دەيدىغان بىر ئۇيغۇر دىنىي زات خەندەككۆل كەنتىدە بىر مەكتەپ قۇرۇپ، ئۇنىڭغا «مەخمۇدىيە مەكتىپى» دەپ نام بەردى. يەنە بىر ئىمىن قارى دەيدىغان ئۇيغۇر دىنىي زات قوچقار ئاتا كەنتىدىمۇ بىر پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، ئۇنىڭغا «ئىمىنىيە مەكتىپى» دەپ ئات قويدى.

بىردىنلا، يەكەندە پەننىي مەكتەپ قۇرۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. كۇچا، تۇرپانلارغا ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى، يەكەندە مەكتەپ قۇرغانلار شۇ يەردىكى خېلى ئابرۇيلۇق دىنىي زاتلار ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بولغاچقا، يەكەندىكى پەننىي مائارىپ كېيىنرەك باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن دىنىي كۈچلەرنىڭ ئارتۇقچە ئارىلىشىۋېلىشىدىن ساقلىنىلدى، شۇڭا يەكەننىڭ پەننىي مائارىپى بىرقەدەر ئازادە ياشاش ۋە تەرەققىيات مۇھىتىغا ئىگە بولدى.

پايدىلانمىلار

① «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 1 - قىسىم، 16 - بەت.

② «ئىستىخپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلارنىڭ داۋامى» 14 ـ جىلد، 45 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 45 ـ بەت.

④ «ئىستىخپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 8 ـ قىسىم، 41 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 42 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 41 — 42 ـ بەتلەر.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 44 ـ بەت.

⑧ «ئىستىخپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلارنىڭ داۋامى» 13 ـ جىلد، 42 — 46 ـ بەتلەر.

⑨ «ئىستىخپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 9 ـ قىسىم، 7 ـ بەت.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 1 ـ قىسىم، 47 ـ بەت.

⑪ «ئىستىخپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلارنىڭ داۋامى» 1 ـ جىلد، 19 ـ بەت.

⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 1 ـ جىلد، 20 ـ بەت.

⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 14 ـ جىلد، 44 ـ بەت.

⑭ «ئىستىخپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» 1 ـ قىسىم، 53 ـ، 54 ـ بەتلەر.

⑮ تۇرپان ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى: «ئاستانە يېزىسىدا يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) غا قاراڭ، 20 ـ سان، 108 ـ بەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاستانىدىكى مەكتەپتە خەنزۇ تىلىدا ۋە خەنزۇ يېزىقىدىلا دەرس ئۆتۈلەتتى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىسمى مەشىق بولۇپ، ئۇنىڭ خەنزۇ تىلى ۋە خەنزۇ يېزىقى ئاساسى خېلى چوڭقۇر ئىدى، ئوقۇغۇچىلار خەنزۇچە كىيىم كىيەتتى، باشلىرىدا بىردىن ئۇزۇن چېچى بار ئىدى».

⑯ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 2314 ـ بەت.

⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 2316 ـ بەت.

⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 2319 ـ بەت.

⑲ «ئىستىخپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، 1 ـ

قىسىم، 52 ـ بەت.

⑳ يۇقىرىقى كىتاب، 52 ـ بەت.

㉑ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 2291 ـ بەت.

㉒ يۇقىرىقى كىتاب، 2292 ـ بەت.

㉓ ئىمىن مۇھەممەدى، ئابلىمىت نىياز: «كۇچا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 20 ـ سان، 78 ـ بەت.

㉔ يېڭىمەھەللە — مەكتەپ جايلاشقان مەھەللىنىڭ ئىسمى.

㉕ ئىمىن مۇھەممەدى: «ئازادلىقتىن بۇرۇنقى كۇچا ناھىيىسىنىڭ مىللىي مائارىپىنىڭ ئەھۋالى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) غا قاراڭ، 32 ـ سان، 208 ـ بەت.

㉖ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 20 ـ سان، 108 — 112 ـ بەتلەر.

㉗ ئابدۇرېشىت يۇسۇپ: «يەكەندە مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى ۋە تەرەققىياتى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 20 ـ سان، 60 ـ بەت.

# ئون بىرىنچى باب شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ تۈيۇقسىز ئۆزگىرىشى

## 1 ـ بۆلۈم ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

### 1. ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

(1) شىنجاڭ رۇسچە سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپىدە يۈز بەرگەن ۋەقە

1928 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى چەت ئەللەرگە خىتابنامە ئېلان قىلىپ، مەملىكەتنىڭ «بىرلىككە كېلىش ئىشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى» نى جاكارلىدى.

ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ «بۇتخانىنىلا تونۇپ، ئىلاھنى تونۇماسلىق» تەك سىياسىي پرىنسىپى بويىچە، 2 ـ كۈنى يەنى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن باشلاپ نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە ئىككى قېتىم تېلېگرامما يوللاپ، يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. «شاڭخەي مەركەز گېزىتى» 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىننىڭ 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە يوللىغان تېلېگراممىسىنى تولۇقى بىلەن باستى: «نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ۋە ھەرقايسى مىنىستىرلىق، مەھكىمىلەرنىڭ جانابلىرىغا، نەنجىڭدىكى جياڭ باش قوماندان، ياڭ باش قوماندان، كەيفېڭدىكى فېڭ باش

قوماندان، تەييۇەندىكى يەن باش قوماندان، لەنجۇ، شىبىئەن، چاڭشا، ۋۇچاڭ، چۇڭچىڭ، خاڭجۇ، نەنجىڭ، فۇجۇ، گۇاڭجۇ، شىنىڭ، چېڭدۇ، يۈننەن، گۇيياڭ قاتارلىق ئۆلكە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى، ھەرقايسى باش قوماندانلار، ھەر قايسى كوماندىرلار، ھەرقايسى كورپۇسنىڭ باشلىقلىرى، ھەرقايسى دېۋىزىيە كوماندىرلىرى جانابلىرىغا: شىنجاڭ 10 مىڭ چاقىرىملىق يىراقلىقتا، شىنخەي ئىنقىلابى ۋاقتىدا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى باندىتلار باش كۆتۈرۈپ، ھەممىلا جايدا ئادەم ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنى لەختە قىلىۋېتەتتى. چەت ئەل قوشۇنى مۇھاجىرلىرىمىزنى قوغدايمىز دېگەن نامدا، قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، يىغىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. مىنگونىڭ 3 - يىلى، شىنجاڭدىكى ھەربىي ئىشلار ئاندىن تەرتىپكە سېلىندى. يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، ياۋروپادا ئۇرۇش بولۇپ رۇسىيە مالىمانچىلىق ئىچىدە قالغاچقا، خەۋپ - خەتەر ئەگىپلا يۈرىدۇ، سەۋر - تاقەت بولغاندىلا بىخەتەرلىكنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، چېگرا جايلارنىڭ ۋەزىيىتى ئۆزگىچە بولۇپ، ئىچكى جايلار بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇ. بۇ قېتىم نەنجىڭ ھۆكۈمىتى دۆلەتنى ۋە خەلقنى قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئىنقىلاب بىلەن شۇغۇللاندى، ھەرقايسى ئۆلكىلەرمۇ بەس - بەس بىلەن ئاۋاز قوشتى، شىنجاڭدىكى ھەر ساھە كىشىلىرىمۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلىپ، تۆھپە يارىتىش يولىدا ئاتلانماقچى بولۇۋاتىدۇ. بىراق موڭغۇل، قازاق، خۇيزۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تەركىبى مۇرەككەپ، مۇبادا پىكىر سەللا ئوخشاش بولمىسا، دۆلەت مۇداپىئەسىدە تەۋرىنىش بولىدۇ. مىللىي مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ. يەنە شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇناسىۋىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەرقتە قۇمۇل تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربتە ئىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبتا قەشقەر،

ساربىقول (تاشقورغان) سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالدا چۆچەك سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي شىمالدا بارىكۆل بولسا تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربىي شىمالدا ئالتاي تاشقى موڭغۇلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا، چەت دۆلەتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باستۇرۇپ كىرىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش قىيىن. شۇڭا جۇغراپىيىلىك مۇناسىۋەتكىمۇ دىققەت قىلماي بولمايدۇ. 10 نەچچە قېتىم يىغىن ئېچىپ، بىرلىكتە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، كۆپچىلىك شىنجاڭ چېگرىغا جايلاشقان، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتىپ قويماي، ھازىرقى ھالەتنى ساقلاش، چېگرىنى قوغداپ خەلقنى خاتىرجەم قىلىش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش — بىرىنچى مۇۋاپىق ئۇسۇل، مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنقىلابى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، شىنجاڭ ئەلۋەتتە بىردەك بويسۇنىدۇ، دېگەندەك قاراشقا كەلدى. كۆپچىلىكنىڭ پىكرى ئاساسەن بىردەك بولدى، ياڭ زېڭشىنمۇ باشقىچە قاراشتا بولمىدى، ھازىر مىللىي ئىنقىلاب غەلىبە قىلىپ بولدى، بۇ پۈتۈن مەملىكەت تەبرىكلىگۈدەك ئىش، ھەم شىنجاڭ تەبرىكلىگۈدەك ئىش. يىغىندا، شىنجاڭدىكى ھەر ساھە زاتلىرى مىللىي ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇپ، ئۈچ مەسىلىككە ئەمەل قىلىپ، بىردەك كۆك ئاسمان، ئاق كۈن چۈشۈرۈلگەن بايراقنى ئاسىدىغانلىقى، شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ئىشلىرىنىڭ نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلۇپ بېرىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق قارار چىقىرىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قانداق تەشكىللەش ئىشى توغرۇلۇق باشقا تېلېگرامما يوللانغاندىن باشقا، شىنجاڭنىڭ ئامانلىق ئىشلىرى تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىن ئەنسىرىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. ئالاھىدە بۇ دوكلات

يوللاندى، تەكشۈرۈپ كۆرگەيسىلەر»①.

ئارىلىقتىن 13 كۈن ئۆتۈپ، يەنى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ئاچقان 78 ـ قېتىملىق قەرەللىك يىغىندا مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى تەن يەنكەي يىغىندا ياڭ زېڭشىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىنى مەلۇم قىلدى ھەمدە ياڭ زېڭشىننىڭ پوزىتسىيىسىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇزاق ئۆتمەي، مىللىي ھۆكۈمەت يەنە ياڭ زېڭشىن 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەۋەتكەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. تېلېگراممىدا، ئۇنىڭ 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قايتىدىن تەشكىللەپ بولغانلىقى ئېيتىلغان. ياڭ زېڭشىن رەئىس بولۇپ تەيىنلەنگەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى جەمئىي توققۇز كىشى بولۇپ، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، فەن ياۋنەن قاتارلىقلار ئىدى. ئەسلىدىكى شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ نامى «شىنجاڭ باش قوماندانلىق شتابى» غا ئۆزگەرتىلگەن، ياڭ زېڭشىن باش قوماندانلىققا تەيىنلەنگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەنجىڭ دائىرىلىرىمۇ شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش رىتىمىنى تېزلەتتى. «شاڭخەي مەركەز گېزىتى» نىڭ 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، جياڭ جيېشى يەن شىسەن، فېڭ يۈشياڭلار بىلەن شىنجاڭدا گومىنداڭ مەركىزىي سىياسىي يىغىنىنىڭ شۆبىسىنى قۇرۇشنى، بۇ شۆبىگە موڭغۇل، تىبەت رايونلىرىنى ۋاكالىتەن ئىدارە قىلدۇرۇشنى، ياڭ زېڭشىننى شۆبىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەشنى مەسلىھەتلەشكەن. لېكىن، بۇ تەكلىپ گومىنداڭنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشەلمەي، ئاخىر بىر ياققا قايرىپ قويۇلغان.

7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى مىللىي ھۆكۈمەت ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە قوشۇمچە دۇبەنلىكىگە تەيىنلەشنى قارار قىلدى ھەمدە ياڭ زېڭشىن

كۆرسەتكەن ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ كادىرلار مەسىلىسىگە قارىتا ئاخىرقى قارارىنى چىقىرىدىغان چاغدا، 1928 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شۇ چاغدىكى شىنجاڭدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى — شىنجاڭ رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان زىياپەت زالىدا، ئۈشتۈمتۇت ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، زىياپەت زالىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار بىردىنلا جىممىپ كەتتى. كۆپچىلىك چۆچۈشكەن ھالدا پۈتۈن ئەزايى قانغا مىلىنىپ مەھرىمىنىڭ ئۈستىدە ياتقان ياڭ زېڭشىنغا قاراشماقتا ئىدى.

ناھايىتى تېزلا، سورۇندىكى كىشىلەر شىنجاڭنى 17 يىلدىن ئارتۇق سورىغان ياڭ زېڭشىنىڭ ئوق ئاۋازى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقىغا ئىشەندى. ئەمما، سورۇندىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر، 1928 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شىنجاڭ رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ زىياپەت زالىدىن ئاڭلانغان ئوق ئاۋازىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى بىر دەۋرگە خاتىمە بەرگەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشۈپ باقمىغانىدى.

ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، شۇ دەۋردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ، پۇقرالار زار قاقشىغان چاغدا، ياڭ زېڭشىن سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي تەدبىر ۋە ۋاسىتىلەر بىلەن شىنجاڭنى «بىرلىكتە ئىدارە قىلىش» نى ئىشقا ئاشۇردى ھەمدە مۇشۇنىڭغا تايىنىپ تۇرۇپ، شىنجاڭدا مىللەتلەرنى ئىناق، خەلق تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىدىغان ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقنى ياراتتى. بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق ياڭ زېڭشىندىن كېيىنكى ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، ئارقا ـ ئارقىدىن بۇزۇلۇپ، 30 ـ، 40 ـ يىللاردا شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار زور ۋەقەلەرنىڭ يۈز

بىرىشىگە سەۋەبچى بولدى.

### (2) فەن ياۋنەننىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى

«شىنجاڭغا سەپەر» نىڭ ئاپتورى ۋۇ گېچېن بىر شاھىدنىڭ بايانىغا ئاساسەن، شۇ كۈندىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي خاتىرىلىگەن: «رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا ئۆلگۈرۈپ، فەن (ياۋنەن) مۇ ۋاقتىدا كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ جاھىل گۇرۇھىنىڭ ئەزاسى، رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى جاڭ چۈنشىنى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەخپىي ئەۋەتتى، ئاندىن قويۇپ بېرىلگەن بىر جىنايەتچىدىن: ‹سەن چوڭ ئىشنى قىلالامسەن›، دەپ سورىدى، ئۇ ‹قىلالايمەن›، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ 10 نەچچە مۇرتىنى چاقىرىپ كەلدى، ئۇلار ئوقۇغۇچىدەك ياسىنىپ، كىيىمىنىڭ ئىچىگە تاپانچا تىقىپ، ۋەقە تۇغدۇرۇشقا تەييارلاندى. بۇ مىنگونىڭ 17 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بولۇپ، ياڭ جياڭجۇن ۋە پۈتۈن شەھەردىكى مۈلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلار ھەم سوۋېت كونسۇلى تەكلىپ قىلىنغانىدى، دۇ (فارۇڭ) بىرىگادا كوماندىرى، يەن (شۇشەن) نازىر ئۆزرىخالىق ئېيتىپ كەلگەنىدى. ياڭ زېڭشىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئۈچچە رەسىمگە چۈشتى. دۇ بىرىگادا كوماندىرى ئەتراپتا ناتونۇش كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆردى. ئۇ ئىلمىي مۇدىردىن سورىدى: ‹بۇ نېمە ئادەملەر؟›، ئىلمىي مۇدىر: ‹بۇلار ئوقۇغۇچى›، دەپ جاۋاب بەردى. بۇ چاغدا جىن شۇرېن خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى ئۆتەۋاتقان بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمەت ئىشىنى باھانە قىلىپ نازارەتكە بۇرۇنلا قايتىپ كەتكەنىدى. زال ئىچىگە ئۈچ جوزا زىياپەت راسلانغان بولۇپ، خەنزۇچە تىل دەرسى بېرىدىغان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار ياڭ جياڭجۇن، دۇ بىرىگادا كوماندىرى، يەن نازىر، لى (رۇڭ) كېڭەش باشلىقى قاتارلىقلارغا ھەمراھ

بولۇپ ئولتۇردى. فەن ياۋەن بولسا باشقا بىر جوزىدا سوۋېت كونسۇلى ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇردى، ياڭ زىڭشىننىڭ قاراۋۇللىرى بولسا باشقا بىر ئۆيدە ئولتۇردى، تاماق - قورۇمىلار تارتىلىپ بولغاندا، فەن ياۋەن ھاۋانىڭ ئىسسىپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، كۆپچىلىكنى قورالىرىڭلارنى ئېلىۋېتىڭلار دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، كۆپچىلىكمۇ قوشۇلدى. ياڭ جياڭجۇن قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قورۇمىلارنى تېز - تېز چىقىرىڭلار، دەپ سۆيلىدى، ئەمما قورۇمىلار قېرىشقاندەك چىقىرىلمىدى، يەن شۇشەن ئىسسىقتىن قورقۇپ بۇرۇنلا سورۇندىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭغا ياڭ جياڭجۇننىڭ تېخى كەتمىگەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، ئۇ يەنە سورۇنغا قايتىپ كىردى. ئىككى نۆۋەت قورۇما تارتىلغاندا، ياڭ جياڭجۇن باشقىلار بىلەن خۇاچۇەن ئوينىدى (ھاراق ئىچكەندە ئوينىلىدىغان قەدەھ ئويۇنى)، جاڭ چۇنشى بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ جوزىغا قويۇشىغىلا، پاڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، كۆپچىلىك مۇنازىرە قىلىشىپ، جياڭجۇن سورۇندا بار تۇرسا، بۇنداق قىلىشقا پېتىنغان كىمدۇر دېيىشىپ كەتتى. فەن ياۋەن جاڭ چۇنشىدىن ئالدىراپ سورىدى: «ھاراقلار تەييارلىنىپ بولدىمۇ؟»، جاڭ چۇنشى «تەييارلىنىپ بولدى» دەپ جاۋاب بەردى. فەن ياۋەن شۇنىڭ بىلەن رومكىنى قولىغا ئېلىپ سوۋېت كونسۇلىنىڭ رومكىسى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ، يوشۇرۇن بەلگە بەردى، ئوقلار خۇددى يىپقا مارجان ئۆتكۈزگەندەك، ئاۋۋال ياڭ زىڭشىنغا تەگدى، ياڭ زىڭشىن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى: «نېمە قىلىۋاتىسەن؟»، ئۇنىڭغا ئارقا - ئارقىدىن يەتتە پاي ئوق تېگىپ يەرگە يىقىلغان چاغدا، ئۇ يەن شۇشەنگە بىر قارىدى - دە، ئۆلگۈرەلمىگىنىگە چەكسىز پۇشايمان قىلدى. ياڭ زىڭشىننىڭ مەھرىمى ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ياڭ زىڭشىننى

يۆلەپ تۇرغۇزۇشىغىلا، ئۇنىڭغىمۇ ئوق تېگىپ ئۆلدى، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى. سورۇندىكى كىشىلەر ئىشىك تالىشىپ سىرتقا يۈگۈرۈشتى، سوۋېت كونسۇلى ۋە ئۇنىڭ خانىمى ھاجەتخانىغا يوشۇرۇنۇۋالدى، دۇ بىرىگادا كوماندىرى شۇ سورۇندىلا ئېتىپ تاشلاندى. يەن شۇشەننىڭ بىلىكىگە ئوق تېگىپ يەرگە يىقىلدى، ئۇ ئۆلگەن بولۇۋېلىپ ياڭ زېڭشىننىڭ سول يېنىدا يېتىۋالدى، ئۇ فەن ياۋنەننىڭ سىرتقا ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، ياڭ زېڭشىننىڭ كۆكرىكىگە قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئېتىۋىدى، ياڭ زېڭشىن نەپەستىن قالدى. يەن شۇشەن باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۆرۈلۈپلا ئىچكىرىگە كىرىشىگە، يەنە بىر پاي ئوق پۇتىغا تەگدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىدىرمۇ قىلالمىدى. كىشىلەر تارقىلىپ، سىرتقا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى، بىر كىشى ياڭ زېڭشىننىڭ ئىشتان بېغىنى يېشىپ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇھىم ئاچقۇچلىرىنى ئىزدەۋاتاتتى، يەنە بىر كىشى دۇ بىرىگادا كوماندىرنىڭ ئېسىۋالغان قورال - ياراغلىرىنى يېشىۋاتاتتى، ھېچكىمنىڭ ئۇلار بىلەن كارى يوق ئىدى. يەن شۇشەن يان ئىشىكتىن چىقىشىغىلا، تۇيۇقسىز بىر كىشى مىلتىق كۆتۈرۈپ قوغلاپ چىقتى، يەن شۇشەن ئۇنىڭغا مېنىڭ بىلىكىم، پۇتۇم يارىلىنىپ، مېيىپ بولۇپ قالدىم، مېنى نېمىشقا ئۆلتۈرىسەن؟ دېۋىدى، ئۇ كىشى كىرىپ كېتىپ يەنە قايتىپ چىقتى، يەن شۇشەن مەندە گۇناھ بولغانىكەن، ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغۇدەكمەن، قېنى مېنى ئات دېدى، ئۇ كىشى يەن شۇشەننى تاشلاپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. يەن شۇشەن ئوقۇغۇچىلار ياتىقىغا بېرىپ ۋاقىتلىق پاناھلاندى، مەكتەپ ئىچىدە ئوق ئاۋازى ئۈزۈلمىدى، ھەش - پەش دېگۈچە دۇ بىرىگادا كوماندىرىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى كېلىپ، ئوقۇغۇچىلار ئىنقىلاب قىلىپ، سىياسىي قانۇن مەكتىپىنى تازىلاپ تىنچىتىۋاتىدۇ، دەپ جار سېلىۋىدى، يەن شۇشەن

چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار جىمىدى، فەن ياۋەن سىياسىي قانۇن مەكتىپىدىن 10 نەچچە شېرىكىنى باشلاپ، ئۇدۇللا دۈبەن مەھكىمىسىگە باردى، بىر قاراۋۇل ئۇلارنى كىرگىلى قويمىۋىدى، دەرھال ئۇ قاراۋۇلنى ئېتىپ تاشلىدى. ئۇلار 3 - ھويلىغا كىرگەندە، فەن ياۋەن جىن شۇرېننى مەھكىمىگە چاقىرتىپ كېلىش ئۈچۈن خەت يېزىۋىدى، قوللىرى تىترەپ يازالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەتنى يېنىدىكى بىرىگە يازغۇزدى. ئۆتەۋاتقان چاغ پېيىۋەن جىن شۇرېننى مەھكىمىگە بارماسلىققا نەسىھەت قىلدى ھەمدە قوشۇن باشلاپ كېلىپ دۈبەن مەھكىمىسىنى قورشىۋالدى. فەن ياۋەن دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ 3 - ھويلىسىغا كىرگەندە، ئادەملىرى كۆپ بولمىغاچقا، ۋەزىيەتنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، دەسلەپتە مىلتىق ئېتىشىپ قارشىلىق كۆرسەتتى، لېكىن ئوقلىرى تۈگەپ كېتىپ بىرلەپ تۇتۇلۇپ قالدى. سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ قولغا ئېلىنغىچە تۆت سائەتلا ۋاقىت ئۆتتى. سوراق قىلىنغان چاغدا، فەن ياۋەن گەرچە جىنايەت گۇماندارى بولسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ رەھىم قىلىشىنى سورايمەن دېدى، كېيىن ئۇنىڭ قانداق سۈيىقەست پىلانلىغانلىقىنى ئاشكارىلىۋىدى، فەن ياۋەن ھېچنېمە دېيەلمىدى. ئۇنىڭ شېرىكلىرىدىن جاڭ چۇنشى، لو باۋرۇ قاتارلىق 10 نەچچە كىشى ئۆلدى، ئەسكەرلەر فەن ياۋەننىڭ ساقال - بۇرۇتىنى يۇلۇپ، كۆزىنى ئويىۋالدى، ئاندىن ئۇنى ئاتقا ئوق تەگكەن بولۇپ، سىرتتا ئۇ ياڭ دۈبەن، دۇ بىرىگادا باغلاپ سۆرىتىپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەن شۈشەنگە تۆت پاي كوماندىرى بىلەن بىللە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى دەپ گەپ تارقالغانىدى، يەن شۈشەننى يېقىنلىرى يۆلەپ قايتىپ كەلگەندە بولسا، قولۇم - قوشنىلىرى قىن - قىنىغا پاتماي خۇش بولۇپ كەتتى»②.

بۇ بايانىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى تەكىتلەش ئۈچۈن، ۋۇ گېچېن ئالاھىدە ئۆزىگە بۇ ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرگەن يەن شۇشەننىڭ قىسقىچە تارىخىنى قوشۇمچە بەرگەن.

يەن شۇشەن ئەسلىدە گوۋۇيۈەندە ۋەزىپە ئۆتىگەن بولۇپ، ئاقسۇغا ۋالىيلىق ۋەزىپىسى بىلەن ئەۋەتىلگەن، يەن ئائىلىسىدىن غەم ـ ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ بارمايمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، كېيىن شىنجاڭ سودا نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەنگەن.

يەن شۇشەن سودا نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى ئۆتەش جەريانىدا، شىنجاڭنىڭ ئوقەتچىلىك ئىشلىرىغا ئائىت سەككىز تۈرلۈك تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر مەزگىل ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن تازا كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ماختالغان، يەن شۇشەنمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ياڭ زېڭشىننىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان③.

ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسىگە دائىر بايانلار ھەر خىل ئەسەر ۋە خاتىرىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ، مەسىلەن ۋۇ شاۋلىن يازغان «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، گۇاڭلۇ يازغان «ئەسلىمە»، شېڭ شىسەي يازغان «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى توغرىسىدا ئەسلىمە»، ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە جىن شۇرېن يازغان «ياڭ ھەزرەتلىرىگە تەزىيەنامە» قاتارلىقلارمۇ بار. لېكىن، ۋەقەلىكنى تەپسىلىي خاتىرىلەش جەھەتتىن ئالغاندا، ھېچقايسىسى ۋۇ گېچېن يازغان «شىنجاڭغا سەپەر» دەك تەپسىلىي يېزىلمىغان.

بەزىلەر بۇ قەستلەش ۋەقەسىنىڭ باش پىلانلىغۇچىسىغا قارىتا ئوخشاشمىغان كۆزقاراشتا بولسىمۇ، لېكىن كۆپ سانلىق كىشىلەر فەن ياۋنەننى بۇ ۋەقەنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى، دەپ قارايدۇ.

فەن ياۋنەن خۇبېينىڭ گۇڭئەن ناھىيىسىدىن بولۇپ،

بۇرۇن ياپونىيىگە بېرىپ ۋاسېدا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، قانۇنشۇناسلىق بويىچە باكالاۋرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭغا تەقسىم قىلىنىپ، شىنجاڭ سىياسىي قانۇن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. بۇ، دەل شىنجاڭنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى يېڭى سىياسەتنى قەتئىي يولغا قويۇۋاتقان چاغ بولۇپ، فەن ياۋنەننىڭ ئوقۇش تارىخى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىشنى ئەتراپلىق ۋە ئېھتىيات بىلەن قىلىدىغان خىسلىتى، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. شەرت - شارائىت بىلەن پۇرسەت ئۆزئارا رول ئوينىغاندىن كېيىن، فەن ياۋنەن بىر ئاددىي ئوقۇتقۇچىلىقتىن كۆتۈرۈلۈپ، ئالدى بىلەن شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى، ئارقىدىنلا شىنجاڭ سىياسىي - قانۇندىن لېكسىيە سۆزلەش ئورنىنىڭ باشلىقلىقىنى، شۇنىڭدەك يەرلىك سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

شىنخەي ئىنقىلابى فەن ياۋنەننىڭ ئىستىقبالىنى بىر مەزگىل ئۈزۈپ قويغان. ئۇ خىزمىتىنى تاشلىۋېتىپ، ئەسلى يۇرتى خۇبېيغا قايتىپ كەتكەن. فەن ياۋنەن يۇرتىدا يۇقىرى ئوقۇش تارىخى، ئەتراپلىق ۋە ئېھتىياتچان ئىش قىلىدىغان ئىستىلى، ھەم شىنجاڭدا ۋەزىپە ئۆتىگەن تارىخىغا تايىنىپ، خۇبېي تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان، ئارقىدىنلا يەنە ئۆسۈپ بېيجىڭ زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن. بۇ مەزگىلدە فەن ياۋنەن نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ لى يۈەنخۇڭنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن. 1917 - يىلى لى يۈەنخۇڭ زۇڭتۇڭلۇققا تەيىنلىنىپ، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى جاڭ گوجىنغا فەن ياۋنەننى كۆرسىتىشكە گەپ ئۆگىتىپ، زۇڭلى دۇەن چىرۇينىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن

كېيىن، فەن ياۋنەننى ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا ئەۋەتكەن. شۇ چاغدا كىشىلەر، فەن ياۋنەن جەنۇبقا سەپەر قىلىش ئارقىلىق، ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىنى ئېلىپ، شىنجاڭنى سورايدۇ، دەپ قىياس قىلىشقان.

فەن ياۋنەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەيىنلەش پەرمانىنى ئۆزگەرتىپ، فەن ياۋنەننى ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيسى، ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەندى.

ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى — كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بىر ۋەقە.

1911 ـ يىلىدىن 1928 ـ يىلىغىچە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بۇ يەتتە يىلدا، ياڭ زېڭشىن «شىنجاڭنى بىرلىكتە ئىدارە قىلىش»، «مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنغا ئىگە، 13 مىللەت ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭ دېگەن جايغا مەھكەم ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئىجابىي ئۇنۇمى شۇ بولدىكى، خېلىلا مۇقىم بولغان سىياسىي مۇھىتتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەڭ تۆۋەن ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ساقلاپ قالالىدى. شۇنداق دېيىش كېرەككى، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ باشقا ئىجتىمائىي ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى قىيىن بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل تۇرمۇشىغا ئاساسىي جەھەتتىن رازى ئىدى. مانا بۇ، يەرلىك پۇقرالارنىڭ خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ياڭ زېڭشىننى ۋە ياڭ زېڭشىن دەۋرىنى داۋاملىق ياد ئەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سەلبىي ئۇنۇمى شۇ

بولدىكى، شىنجاڭ ئۆزاق مۇددەت بېكىنمە ھالەتتە تۇرغاچقا، ئىقتىساد بىر ئىزدا توختاپ قالدى، مەدەنىيەت ئارقىدا قالدى. مىنگونىڭ 22 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «تيەنجىن ئادالەت گېزىتى» «شىنجاڭدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى» سەرلەۋھىلىك ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «شىنجاڭ مىنگو قۇرۇلغاندىن باشلاپ مۇستەقىل بۆلۇنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. سابىق ئۆلكە رەئىسى ياڭ زېڭشىن ئىشىكنى تاقىۋېلىش، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ مەركەزدىن ئايرىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ يولغا قويغان سىياسىي تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسى مەنچىڭ سۇلالىسىدىن قېلىپ قالغان تۈزۈملەر بولۇپ، خەلق قەپەس ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ ھەم چەكسىز زۇلۇم ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇلار ئەرز ـ شىكايەت قىلىدىغان جاي بولمىغاچقا ھەم قارشىلىق كۆرسىتىشكە مادارى بولمىغاچقا، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپلا يۈرۈۋاتىدۇ. مىنگونىڭ 17 ـ يىلى شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى بېيپىڭ (بېيجىڭ) غا يېتىپ باردى، ياڭ زېڭشىن يەنىلا ئارسالدى بولۇپ ۋەزىيەتنى كۈزىتىپ تۇردى، جاسارەتلىك زات فەن ياۋنەن مەسلەكداشلىرى بىلەن بىللە ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستى».

نۇرغۇن ئىشلار ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى بولالايدۇ، لېكىن نېگىزلىك يېرى شۇكى، ياڭ زېڭشىن دەۋر رىتىمىغا ماسلىشىپ ماڭالمىدى. مانا بۇ، ئۇنى پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە باشلىغان ئاساسلىق سەۋەب.

## 2. جىن شۇرېننىڭ رەئىس بولۇشى

1). جىن شۇرېننىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆلكە رەئىسلىكىنى

ئۈستىگە ئېلىشى
چېن فېڭسۇ يازغان «جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمران بولۇشىنىڭ ئىچكى سىرى توغرىسىدا ئەسلىمە» دېگەن ماقالىدە، فەن ياۋنەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئالدىراش ھەم مۇھىم ھەرىكەتلەر بايان قىلىنغان: «7 – ئاينىڭ 8 – كۈنى (يەنى ياڭ زېڭشىن سۈيىقەستكە ئۇچرىغان 2 – كۈنى) جىن شۇرېن بىر تەرەپتىن ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈش جەريانىدىكى تەپسىلىي ئەھۋاللارنى تەكشۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى شۈي يىشەن، ئۈرۈمچى ۋالىيسى لى رۇڭ (چۈنكى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى يەن شۈشەن سىياسىي - قانۇن مەكتىپىدە ئوق تېگىپ يارىلانغاچقا داۋالىنىۋاتاتتى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى لىيۇ ۋېنلۇڭ رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە كەتكەن بولۇپ قايتىپ كەلمىگەنىدى) نى تەكلىپ قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت زالىنىڭ غەربىدىكى خالىي ھويلىدا، (يەنى جىن شۇرېننىڭ ئۆيىدە) كېڭەش ئېلىپ باردى. كېڭەش بولۇۋاتقان پەيتتە، لى رۇڭ ئۇشتۇمتۇت ھويلىدىن چىقىپ، ھەربىي، مەمۇرىي خادىملار ۋە ئەسكەرلەرگە پىكىر بايان قىلىپ، تونۇگۇن تۇيۇقسىز ۋەقە يۈز بەرگەندە، بەختكە يارىشا جىن نازىر ئوتتۇرىغا چىقىپ تاقابىل تۇرۇپ، ۋەقەنى بېسىقتۇردى، ئۇنىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور، شۇڭا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى، ئەلۋەتتە جىن نازىر ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ، ئەمما ھەربىي ئىشلارغا كەلسەك، يەنە مۇۋاپىق نامزات تاللاشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن ياڭ فېيشيانى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن، ئاندىن كېيىن مەركەزگە تەيىنلەش پەرمانى چۈشۈرۈپ بېرىش توغرىسىدا تېلېگراممىا يوللايلى، دېدى. لى رۇڭنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، پىنسىيىگە چىققان ھاكىم تاڭ يۈگۈەن سۆز قىلىپ، تۆنۈگۈن ۋەقە يۈز بەرگەندە، ھەرقايسى نازارەتلەر ۋە ئۆلكىلىك باش ساقچى ئىدارىسى ئىشكىلىرىنى چىڭ

تاقاپ سىرتقا چىقمىدى، بەختكە يارىشا جىن نازىر ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى يىغىپ، ۋەقەنى تىنچىتتى، ھازىر ۋەزىيەت ئىزىغا چۈشۈپ بولدى، شۇڭا باشقىدىن ھەربىي خادىم كۆرسىتىش ھاجەتسىز، دېدى. باتالىئون كوماندىرى ۋاڭ داچېڭ ئۇلاپلا سۆز قىلىپ، تۇنۇگۇن فەن ياۋنەن خائىنلارنى باشلاپ ۋەقە تۇغدۇرۇپ، ۋەزىيەت قىل ئۇستىدە قالغاندا، ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. بەختكە يارىشا جىن نازىر ۋەقەنى تېزلىكتە بېسىقتۇرغاچقا، جايلارغا ھېچقانداق تەسىرى بولمىدى، خەلق بالا ـ قازاغا ئۇچرىمىدى، توپىلاڭنى جىن نازىر تىنچىتقاچقا، بىزمۇ ئەلۋەتتە جىن نازىرنى قوللايمىز دېدى. لى رۇڭ گەپ قىلاي دەپ تۇرۇۋىدى، يېنىدا تۇرغان بىرى كۆز ئىشارىسى قىلدى، يەنە بىر كىشى ئارقىسىدىن چاپىنىنى تارتتى. لى رۇڭ شۇنىڭ بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا ئەسكەرلەر ۋە ھەربىي، مەمۇرىي خادىملار جىن شۇرېندىن پوزىتسىيە بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، جىن شۇرېن ھويلىدىن چىقىپ مۇنداق دېدى: «تۇنۇگۇنكى پاراكەندىچىلىك ئاسانلىقچە پەسەيمەيتتى، مەن ۋەزىيەتنى تىنچلاندۇرۇش ۋە يالڭ رەئىس ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، ھەرقايسىڭلارنى تەكلىپ قىلىپ، پاراكەندىچىلىكنى تىنچىتتىم. بەختكە يارىشا ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە بىر سەپتە تۇرۇپ، بىردەك ماسلاشقاچقا، باش جىنايەتچىنى قانۇن بويىچە جازالىدۇق. ھازىر توپىلاڭ گەرچە تىنچىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ، كۈنلەر تېخى ئۇزاق، كۆپچىلىكنىڭ ئىلگىرىكى روھىڭلار بويىچە، ساداقەتمەن بولۇپ خىزمىتىڭلارنى ياخشى ئىشلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن كۆپچىلىككە سەمىمىي بولىمەن، ئەگەر سەمىمىي بولمىسام، نازارەت قىلساڭلار بولىدۇ.»، جىن شۇرېن گېپىنى تۈگىتىپلا ئۆرۈلۈپ ئىچكىرىگە

كىرىپ كەتتى»④ .

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ ئىش بىر قېتىملىق ئالدىراش ھەم مۇھىم بولغان ئېلىشىش بىلەن تەڭپۇڭلىنىش جەريانى بولدى. لى رۇڭنىڭ مەقسىتى، جىن شۇرېننى پەقەت ئۆلكىنىڭ رەئىسلىكىگىلا سايلاش ئىدى. ئەگەر پېنسىيىگە چىققان ئاشۇ ھاكىم نەق مەيداندا سۆزلىمىگەن، جىن شۇرېنمۇ دەرھال مەيدانغا چىقىپ كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتتە ياڭ زېڭشىنىنىڭ ئورنىغا چىقىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرمىگەن بولسا، ۋەزىيەت لى رۇڭنىڭ لايىھىسى بويىچە تەرەققىي قىلاتتى، جىن شۇرېن پەقەت ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىگىلا ئېرىشەلەيتتى.

شۇ كۈنى، جىن شۇرېن بېجىرگەن يەنە بىر مۇھىم ئىش شۇ بولدىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي نامىدىن نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلىنىدىغان ياڭ زېڭشىنىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەريانى ۋە قالغان ئىشلار توغرىسىدىكى ھۆججەتنى تەييارلىدى. دوكلات تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن تۇيۇقسىز باشقىچە يول تۇتۇپ يۇقىرىقى ئىشلار ھەققىدە بىرلا ۋاقىتتا ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ يەرلىك دائىرىلىرىگە تېلېگرامما ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. تېلېگرامما 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يوللاندى، ئاساسىي مەزمۇنى: «7 - كۈنى ياڭ رەئىس ئۈرۈمچى رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشقىلى بېرىپ، دىپلوم تارقىتىۋاتقان چاغدا، سابىق دىپلوماتىيە خادىمى فەن ياۋنەن ئەسكەرلەرنى باشلاپ كېلىپ ئوق چىقاردى، ياڭ رەئىس داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، شۇ كۈنىلا ئۆلدى. فەن ۋە قاتىل ئەسكەرلەر ھازىر سولاقتا. يەرلىك جىددىي يىغىن ئېچىپ، جىن شۇرېننى ئۆلكىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا كۆرسەتتى».

بۇ مۇجمەل يېزىلغان تېلېگراممىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى،

جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭ ئىشلىرىنى ئالىقاچان قولىغا ئېلىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۇرۇش بولغان.

جىن شۇرېن نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە تېلېگراممىا يوللىغان كۈنى، يەنە ئىلى، قەشقەر، قۇمۇل، ئاقسۇ، قاراشەھەر، ئالتاي، چۆچەك، خوتەنلەرگە ۋە قۇمۇلدىكى شامەخسۇت ۋاڭ، ئالتايدىكى ئەلەن ۋاڭ (قازاق)، قاراشەھەردىكى مانچۇكزاب ۋاڭ (موڭغۇل) لارغا ياڭ زېڭشىننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆلكە ئىشلىرىنى ئالىقاچان قولىغا ئېلىپ بولغانلىقى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى ئۇقتۇردى.

يېڭىدىن يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىشكە قارىتا، ئاۋۋال پوزىتسىيە بىلدۈرگەن كىشى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقى روزى ھاجى بولدى. ئۇ 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يەنى ۋەقە يۈز بېرىپ 3 - كۈنى جىن شۇرېن بىلەن كۆرۈشتى، «جىن جانابلىرى توپىلاڭنى تېزلىكتە باستۇرغاچقا، ئەل - يۇرت ئامان بولۇپ، خەلق چۆچۈپ كەتمىدى، ھەمدە ياڭ رەئىس ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ بولدىلا، چوڭقۇر قايىلمەن، ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى ساھەدىكىلەر جىن نازىرنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە باش قوماندان بولۇشىنى بىردەك قوللايدۇ»⑥.

روزى ھاجى بىرىنچى بولۇپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ جىن شۇرېننى قوللىغان ئۇيغۇرلارنىڭ داھىيسى بولغاچقا، جىن شۇرېن ئەلۋەتتە بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئۇ روزى ھاجىغا ياڭ زېڭشىننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەريانى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلغان چاغدىكى تەپسىلاتلارنى زېرىكمەي - تېرىكمەي تونۇشتۇرۇپ، روزى ھاجىغا ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرگە تېزلىكتە ئۆزىنىڭ بايانلىرىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئىلى،

قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى مۇھىم ھەربىي، مەمۇرىي خادىملار ھەمدە شامەخسۇت ۋالى، ئەلەن ۋاڭلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تېلېگراممىا ئەۋەتىپ جىن شۇرېننى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۇرۇشتى.

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى جىن شۇرېن ئۈلكىلىك ھۆكۈمەتكە كۆچۈپ كىرىپ ئىشقا چۈشتى، شۇ كۈنى ئۇرۇمچى سېپىلى ئۈستىدە 100 ھۆرمەت توپى ئېتىلىپ تەبرىكلەندى.

2) نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش

يەتكۈزۈلۈش توسالغۇغا ئۇچرىغانلىقتىن، جىن شۇرېن 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى يەرلىك دائىرىلەرگە يوللىغان تېلېگرامما، 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگە كەلگەندىلا، يەنى جىن شۇرېن ئۆلكىلىك مەھكىمىگە كۆچۈپ كىرىپ ئۆزلۈكىدىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كۈنلا، ئاندىن نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە ئىشقا چۈشتى، يەتكۈزۈلدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، يەنى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مىللىي ھۆكۈمەت ياڭ زېڭشىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى.

نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلكىسىدە يۈز بەرگەن بۇ تۇيۇقسىز ۋەقەنى ئالدىنئالا سېزەلمىگەن، ۋەقەدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن ۋاقتىدا خەۋەر تاپالمىغان بولغاچقا، شۇ كۈندىكى يىغىندا پىكىر بىرلىككە كېلەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاخىر گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى لىيۇ يۈيفېن ياڭ زېڭشىننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەريانىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ بېقىشقا مەسئۇل قىلىندى.

گەرچە گەنسۇ شىنجاڭغا ئەڭ يېقىن بولۇپ، كەڭ جۇغراپىيىۋى ئالاقىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىكى 10

نەچچە يىلدا، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ بۇ جۇغراپىيىۋى ئۇستۇنلۇكى ئاللىبۇرۇن سىياسىي ئامىللار تەرىپىدىن ئايرىۋېتىلگەنىدى. شۇڭا، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ليۇ يۇيفېن ئەلۋەتتە نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئۈرۈمچىگە شۇنچىۋالا چوڭ دىلونى تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتەلمەيتتى.

بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ليۇ يۇيفېن مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ پەرماندىن خەۋەر تېپىپ 5 ـ كۈنى، نەنجىڭغا ئالدىراپ ـ تېنەپ ئەسلى تېمىدىن چەتنىگەن ھالدا دوكلات سۇندى. دوكلاتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: «شىنجاڭدىكى قىسىملاردا 80 مىڭدەك ئەسكەر بولۇپ، ئۆلكە مەركىزىدە 2000 ئەسكەر تۇرىدۇ، قالغانلىرى قۇمۇل، قەشقەرلەردە تۇرىدۇ. جىن شۇرېن بىر مەمۇرىي ئەمەلدار، بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالسا، ئۇنىڭ قابىلىيىتى ياڭ زېڭشىندىن كۆپ تۆۋەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىچكى ـ تاشقى قىيىن مەسىلىلەرنى، جىن شۇرېن ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. مەزكۇر ئۆلكىدە مىللەتلەر مۇرەككەپ، سوۋېت رۇسىيىسى سەللا قۇترانقۇلۇق قىلسا، توپىلاڭ يۈز بېرىشى تۇرغان گەپ، ئۇ چاغدا گەنسۇغا چېكىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا نام ـ ئابرۇيى ئادەتتىكىچە چوڭ ئەمەلدارلار ئەۋەتىلسە، ئاندىن شىنجاڭنى ئىدارە قىلالىشى مۇمكىن. بولمىسا، تەجرىبىلىك، ئىش كۆرگەن، پاك ئابرۇيلۇق ئەرباب ئەۋەتىلسە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ»⑦.

ئېنىقكى، بۇ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاپ، دوكلاتىدا نۇقتىلىق ھالدا شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، يوشۇرۇن كرىزىس ئۈستىدە توختالغان، جىن شۇرېننىڭ قابىلىيىتى ۋە كەلگۈسىدىكى شىنجاڭنىڭ زور كادىر تەيىنلەش ئىشى توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەمما ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى قىلچىمۇ تىلغا ئالمىغان.

ئارقىدىنلا، 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، نەنجىڭدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئۇچتۇرپانلىق مەرتىۋىلىك ئۇيغۇر كىشى دىڭ شىچىڭ نەنجىڭدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىدىن 20 نەچچە مۇخبىرنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. تاماق ئارىلىقىدا، دىڭ شىچىڭ مۇخبىرلارغا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى: «شىنجاڭ شىمالدا سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، بۇ جايدا رۇسلار تەسىس قىلغان ئورگان بار. ئۇلار ياشلارنى ئازدۇرۇپ، كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ. جەنۇب تەرىپى ئافغانىستان بىلەن تۇتىشىدۇ، ئەنگلىيىنىڭ ئافغانىستاندا كونسۇلخانىسى بار، شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى ساۋاتسىز كىشىلەر ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈش ئۈچۈن تىزىمغا ئالدۇرۇۋاتىدۇ. بىر يىلدىن بۇيان ئادەتتىكى ياشلاردىن چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا كەتكەنلەر 6000 دىن ئاشىدۇ، ئۇلار ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ، شىنجاڭ گەرچە جۇڭگو خەرىتىسى ئىچىدە بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە چەت ئەلنىڭ زېمىنىدەك تۇرۇۋاتىدۇ. شىنجاڭدا قاتناش قولايسىز، ئۇچۇر ئىگىلەش قىيىن، شۇڭا ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج»⑧.

دىڭ شىچېڭنىڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى، يەنە بىر جەھەتتىن مىللىي ھۆكۈمەتنى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئەتتى.

بۇ مەزگىلدە، جىن شۇرېن قوللانغان يەنە بىر زور تەدبىر شۇ بولدىكى، ئۇ چيەن تۇڭنى شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى. چيەن تۇڭ شىنخەي ئىنقىلابىغا قاتناشقان بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت ھەربىي ساھەدە ۋەزىپە ئۆتىگەن، يېزىقچىلىققا ماھىر بولۇپ، جىن شۇرېننىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرى ئىدى.

چيەن تۇڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جياڭ جيېشى، فېڭ يۇشياڭ، يەن شىشەن، لى

زۆڭرىنلارغا خەت يېزىپ، ياڭ زېڭشىن زىيانكەشلىككە ئۇچراشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدىكى تەكلىپىنى دوكلات قىلدى. چۈنكى چيەن تۇڭ چوڭقۇر ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ دوكلاتى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىبارىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى، ئۆزلۈكسىز تاسقىلىش ئارقىلىق كۈنسايىن ئايدىڭلاشتى. شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش — نۇرغۇن تەرەپتىن تەكىتلەندى، ئەمما ياڭ زېڭشىننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئانچە زىلزىلە پەيدا قىلالمىدى.

ئەمما نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا زور كادىر تەيىنلەش ئىشىنى باشلاشقا ئاز قالغاندا، بىر كىشى تۇيۇقسىز شىنجاڭنى ئىككى ئۆلكىگە ئايرىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىنى شىمالىي شىنجاڭ ئۆلكىسى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆلكىسى قىلىپ ئايرىش، شىمالىي شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىنى ئۈرۈمچىگە تەسىس قىلىش، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىنى ئاقسۇ ياكى خوتەنگە تەسىس قىلىش ئىدى. 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بۇ تەكلىپ گومىنداڭ مەركىزىي سىياسىي يىغىنى ئارقىلىق مىللىي ھۆكۈمەت 3 ـ قېتىملىق دۆلەت ئىشلىرى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىشىغا سۇنۇلدى.

مىللىي ھۆكۈمەت 3 ـ قېتىملىق دۆلەت ئىشلىرى يىغىنىدا، بۇ تەكلىپنىڭ ئىشەنچلىكلىكى مۇزاكىرىگە قويۇلغاندا، يەنىلا بىر قارارغا كېلىنمىدى، شۇنىڭ بىلەن فېڭ يۈشاڭ، لى جىشېن قاتارلىق مۇھىم ئەربابلارنىڭ بېكىتىشىگە سۇنۇلدى.

1928 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جىن شۇرېن ئۈرۈمچىدىن نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، شىنجاڭدىكى كادىر تەيىنلەش ئىشىنى تېزراق بېجىرىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرىنىڭ تىزىملىكىنى سۇندى. فېڭ يۈشياڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ شىنجاڭنى ئىككى ئۆلكىگە بۆلۈش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئېنىق پىكىرگە ئېرىشەلمىگەن ئەھۋالدا، جياڭ جيېشى جىن شۇرېن سۇنغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرىنىڭ تىزىملىكىگە «ماقۇللاندى» دېگەن تەستىقنى سالغاندىن كېيىن، 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي سىياسىي يىغىنى 161 ـ قېتىملىق يىغىندا، جىن شۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەش قارار قىلىندى. لېكىن، جىن شۇرېننىڭ ھەربىي ۋەزىپىنى قولىغا ئېلىش تەلىپى ئەينى پېتى قالدۇرۇلدى.

ئېنىقكى، جىن شۇرېننىڭ ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىنى ئېلىشى پۈتۈنلەي بىر قاتار ئامىللارنىڭ ئورتاق رول ئوينىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن بولدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە جىن شۇرېننىڭ ياڭ زېڭشىن بىلەن بولغان دوستلۇقى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ سىياسىي كۆزقاراشلىرىنىڭ بىردەكلىكى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. مۇشۇنى چىقىش قىلغاندا، مەنتىقىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەسەۋۋۇر شۇكى، جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيىسى ۋە ئۇسۇلىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى.

## 3. ياڭ زېڭشىننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئۇتۇقلىرى ۋە يېتەرسىزلىكى

1) جىن شۇرېننىڭ سىياسىي تەدبىرلىرى

لېكىن ھەرھالدا دەۋر ئۆزگەردى. بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ

بېشى ياڭ زېڭشىن سۇيىقەستكە ئۇچراشىنىڭ ئالدىدىلا كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى. 1928 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ياڭ زېڭشىننىڭ نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرىنىڭ تىزىملىكىنى يوللىغانلىقى، ياڭ زېڭشىننىڭ ئەزەلدىن ئۆزى يالغۇز باشقۇرۇۋاتقان ھوقۇقىنى قىسمەن تەڭشەشنى ۋە تارقاقلاشتۇرۇشنى ئاللىقاچان قارار قىلىپ بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن تۇيۇقسىز غايىب بولۇشى، ھوقۇقنىڭ تەڭشىلىشى ۋە تارقاقلاشتۇرۇلۇشىدىكى بوشلۇقنى پەيدا قىلدى. ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، يېڭى ھوقۇق رامكىسى جەمئىيەتتىكى ئابرۇيى ياڭ زېڭشىندىن كۆپ تۆۋەن بولغان جىن شۇرېننى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان بولغاچقا، ئەسلىدىكى ئاساسەن تەڭپۇڭ بولغان ھوقۇق ئەندىزىسى ساقلاپ قېلىنىدى.

بىر خىل تولۇقلاش ۋاستىسى سۈپىتىدە، جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىن بېكىتكەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرىنىڭ تىزىملىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتتى. يېڭى تۈزۈلمىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى شۇ بولدىكى، ئومۇمنىڭ ئىقتىدارى بىلەن ھوقۇق بوشلۇقىنى تولدۇردى. شۇ ئارقىلىق بەزى سىياسىئونلارنىڭ ھوقۇق ئارزۇسىنى قىسمەن دەرىجىدە قاندۇردى، ھەم جەمئىيەت پسىخىكىسىنى مەلۇم دەرىجىدە تەڭپۇڭلاشتۇردى. نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تىزىملىكىنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقى بىرلا كىشىگە مۇجەسسەملەشمەي، بەلگىلىك دەرىجىدە ئومۇمنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەندى. چوڭقۇر سىياسىي ئىستاژغا ئىگە جىن شۇرېنغا، بۇ تەڭپۇڭ مۇناسىۋەتنى نىشان قىلغان مەمۇرىي تۈزۈلمىنىڭ سەلبىي ئۈنۈمى ئىنتايىن ئايدىڭ ئىدى.

ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنىنى تىكلەش ئۈچۈن، جىن شۇرېن ئاپپارات تەسىس قىلىش ۋە كادىر تەيىنلەش ئىشىدا جەھەتتە مۇۋاپىق تولۇقلاش ئېلىپ باردى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن دەرھال ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىبات باشقارمىسىنى قۇردى، ھەمدە ئۇنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسىنى «ھەرقايسى نازارەتلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش» دەپ بېكىتتى. كاتىبات باشقارمىسىنىڭ خىزمەت دائىرىسى: ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى خەت - چەكلەرنى، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە سۇنغان دوكلاتلىرىنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى جايلارغا چۈشۈرگەن پەرمانلىرى ۋە تەستىقلىرىنى تارقىتىش ۋە يەتكۈزۈش ئىدى.

ناھايىتى ئېنىقكى، كاتىبات باشقارمىسىنىڭ ئەمەلىي رولى — ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئۇلارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئېرماش - چىرماش مۇناسىۋىتىنى تىزگىنلەش ئىدى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، قىسقىغىنە ۋاقىتتا كاتىبات باشقارمىسىنىڭ باش ئەمەلدار نامزاتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم ئالماشتۇرۇلدى. ھەر قېتىم ئالماشتۇرۇلغان باش ئەمەلدارلارنىڭ جىن شۇرېن بىلەن ئوخشىمىغان شەكىلدە خۇسۇسىي مۇناسىۋىتى بولغاچقا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىبات باشقارمىسى جىن شۇرېننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان تۈگۈنىگە ئايلاندى.

كېيىنرەك، جىن شۇرېن نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭدا مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىش، ئەسلىدىكى سەككىز ۋىلايەتنى سەككىز مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپ سۇندى. گەرچە شۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەتتە ئۆلكە، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك مەمۇرى تۈزۈلمە يولغا قويۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، گومىنداڭ

هۆكۇمەت بۇ لايىھىنى تەستىقلىدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا سەككىز مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىندى. يەنى: ئۈرۈمچى مەمۇرىي رايونى؛ ئىلى مەمۇرىي رايونى؛ چۆچەك مەمۇرىي رايونى؛ ئالتاي مەمۇرىي رايونى؛ قاراشەھەر مەمۇرىي رايونى؛ ئاقسۇ مەمۇرىي رايونى؛ قەشقەر مەمۇرىي رايونى؛ خوتەن مەمۇرىي رايونى.

مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى — ئۆلكىلىك هۆكۇمەتكە ۋاكالىتەن ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەلىكىدە هۆكۇمەتنىڭ بىرقاتار مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىش بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى، ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ئىدى.

شىنجاڭنىڭ پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىلىك شارائىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، نەنجىڭ مىللىي هۆكۇمىتى قەشقەر، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي تۆت مەمۇرىي رايونغا قوشۇمچە چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىش هوقۇقىنى بەردى.

ۋىلايەتنى مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتىشنىڭ ئەسلىدە ئانچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى، لېكىن جىن شۇرېن ھەرقايسى مەمۇرىي رايونلارنىڭ باش ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كۆچىنىڭ بارىچە ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت تورىنى توقۇدى، بولۇپمۇ ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئالتاي قاتارلىق مەمۇرىي رايونلارنىڭ باش ئەمەلدار نامزاتلىرى جىن شۇرېننىڭ يېقىنلىرى ئىدى.

مەمۇرىي رايونلارنىڭ باش ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلەش ئىشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن ھاكىم تەربىيىلەش ئورنى تەسىس قىلدى. «7 ـ ئىيۇل ۋەقەسى» گە بولغان ئىپادىسى ۋە گەنسۇلۇق بولۇش — ھاكىم تەربىيىلەش ئورنىغا تاللىنىشنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىدىن بىرى قىلىندى.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى نامزاتلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار

ھاكىم تەربىيىلەش ئورنىدا تەربىيىلىنىش ئارقىلىق، ھوقۇق ۋە مال - دۇنياغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما جىن شۇرېننىڭ ھاكىم تەربىيىلەش ئورنى ئارقىلىق ئېرىشمەكچى بولغىنى، ئۆزىنى مەركەز قىلىپ تۈزۈلگەن يېگىچە مۇناسىۋەت سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ ھەر خىل قارارلىرى ۋە ئىرادىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باشقا سىياسىي كۈچلەرنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا سالاتتى[9].

شەخسىي مەنپەئەت ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساسىي نىشان قىلغان بۇ كادىرلار قوشۇنى، مەدەنىيەت تەييارلىقى، مەمۇرى تەجرىبە، شەخسىي خىسلەت ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى قاتارلىق جەھەتلەردە ماختىغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. كېيىنكى يىللاردا جىن شۇرېن سەپلىگەن ۋە تەييارلىغان بۇ كادىرلار قوشۇنى جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

2) جىن شۇرېننىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ۋەزىيەتكە ماسلىشىشى

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى سورىغان مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى قىسىملارنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئابرۇيى ئەڭ تۆۋەن ئىدى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كۆپ يىل ۋەزىپە ئۆتىگەن جىن شۇرېن شىنجاڭدىكى قىسىملارنىڭ ساپاسىغا بۇرۇنلا كۆنۈپ قالغان ھەمدە ياڭ زېڭشىننىڭ «ئاجىز قىسىم سىياسىتى» نى بەلگىلىك دەرىجىدە قوللىغانىدى.

ئېنىقكى، شىنجاڭدىكى قىسىملارنىڭ ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشى، جىن شۇرېننىڭ قەتئىي جاسارەت بىلەن قىسىملارنى كۈچەيتكەنلىكىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى بولالمايدۇ. جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭدىكى قىسىملارنى كۈچەيتىشتىكى ھەقىقىي غەرىزى — نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمىنى تۈگىتىش ئىدى.

1928 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ پىشقەدەم دۆلەت ئەربابى خۇ خەنمىن بېيجىڭدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان بەي چۇڭشىغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا قوشۇن باشلاپ شىنجاڭغا كىرىشكە تەكلىپ بەردى. بەي چۇڭشى مۇسۇلمان بولغانلىقتىن، ئۇنى قوشۇنغا باش قىلىپ شىنجاڭغا ئەۋەتىشتە ئىنتايىن چوڭقۇر مۇددىئا ۋە مەقسەت بار ئىدى.

خۇ خەنمىن بەي چۇڭشىغا بۇ تەكلىپنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى جەنۇبتا ئەمەس، شىمالدا، مانجۇ، موڭغۇللار ئەمبەلدىكى گۆشكە ئايلىنىپ بولدى، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، چۆللۈك كۆپ، ھېچكىمنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى يوق. قىزىل رۇسىيە ئۇزاقتىن بۇيان چىشىنى بىلەپ يۈرۈۋاتىدۇ، ئەگەر مەن شىنجاڭنى قولدىن بېرىپ قويسام، ئەنگلىيىنىڭ شىزاڭنى بېسىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ، ئۇ چاغدا توساق يوق بولىدۇ ـ دە، ئاتالمىش بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتىدىكى مانجۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، زاڭزۇلارمۇ بىزگە تەۋە بولمايدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنى قانداق يۈكسەلدۈرىمىز، جۇڭخۇانى قانداق قوغدايمىز؟» ⑩. خۇ خەنمىن خېتىدە، ئۆزىنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرىنىڭ لى جىشېن قاتارلىق گومىنداڭنىڭ باشقا مۇھىم ئەربابلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئۇ خېتىدە مۇنداق دېگەن: «مەن ھەربىي يولداشلارغا نەزەر سالسام، پەقەت جيەنشېڭ (بەي چۇڭشى) لا خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك، بىراق ئۇنىڭ قانداق ئويى بارلىقىنى بىلمەيمەن، دېلىڭ (لى زۇڭرېن)، رېنچاۋ (لى جىشېن) لار مەندىن گەپ قاچۇرۇپ يۈرىدۇ، دېلىڭ لى جىشېنغا كوممۇنىستلارنى يوقىتىشتەك ئۇلۇغۋار ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ، قارىغاندىمۇ مۇشۇنداق ئوخشايدۇ. مەن ئۇنىڭ كېپىنى ئاڭلاپ، چەكسىز خۇش بولدۇم». ئارقىدىنلا خۇ خەنمىن جياڭ جيېشىنىڭمۇ مۇشۇنداق ئويىنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت

بەردى⑪.

ئۇزاق ئۆتمەي، مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى تەن يەنكەيمۇ بەي چۇڭشىغا خەت ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدىكى ئورنىنى شەرھلەپ، مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇردى. ئۇ خېتىدە مۇنداق دېگەن: «مەن بۇنىڭدىن كېيىن دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر نوپۇسىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى جىددىي ھەل قىلىدىغان مەسىلە قاتارىدا ئويلىشىدۇ دەپ قارايمەن، مۇستەملىكە سىياستىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. جۇڭگو ئەگەر 20 يىل تىنچ بولسىمۇ، بۇ مەسىلە يەنىلا يۈز بېرىدۇ. كەڭ كەتكەن ئېتىزلىقلار ئۆزلۈكىدىن چۆللىشىپ كېتىدۇ، بايلارنىڭ ئۆلچىمى بولمىغاچقا، ئەگەر ھازىر ئامال تاپمىساق، چەكسىز پۇشايماندا قالىمىز»⑫.

بىردىنلا غەربىي شىمالنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى، شىنجاڭ مەسىلىسى — گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئەربابلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم سۆز تېمىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى⑬.

نېگىزىدىن ئېيتقاندا، بەي چۇڭشى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئىزچىل جۇڭگونىڭ سىياسىي مەركىزى بولۇپ كەلگەن بېيجىڭدىن ئايرىلىپ، گۇاڭشىلىق ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان قوشۇننى باشلاپ چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ساقلاشقا ئامالسىز ئىدى. شۇڭا بەي چۇڭشى بىر قاتار شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ شەرتلەرنىڭ بىرى، باۋتۇدىن يىنچۈەنگىچە، يىنچۈەندىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تۆمۈر يولنى ئالدىنئالا ياساش ئىدى⑭.

ساپ ھەربىي نۇقتىدىن قارىغاندا، بەي چۇڭشىنىڭ تەلەپلىرى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇپ، ئەيىبلىگۈدەك يېرى يوق ئىدى. شۇ چاغدىكى جۇڭگونىڭ دۆلەت كۈچىدىن قارىغاندا، ئىنتايىن قىسقا ۋاقىتتا زور مەبلەغ كېتىدىغان بۇ ئۇزۇن

مۇساپىلىك تۆمۈريولنى قۇرۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇ ئۇقتىنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك، پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزىتەلەيدىغان بەي چۇڭشىنىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ كىشىلەردە بەي چۇڭشىنىڭ غەرىزىگە قارىتا ھەر خىل قىياسلارنى پەيدا قىلدى.

«شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋۇ شاۋلىن بۇنىڭغا قارىتا كەسكىن قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بەي چۇڭشىنىڭ خىيتىدە، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش تەدبىرى چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىشنىڭ ياخشى پىلانى، ئەگەر دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا پىلان كۆپ بولسا، چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىشتا ھەممە بىر نىيەتتە بولغىلى، شەخسىي كۆرەشلەردىكى قەھرىمانلىقلارنى دۆلەت مۇداپىئەسىگە ئىشلىتىپ، چېگرا رايوندىكى خەلقنى خاتىرجەم قىلىپ، دۆلەتنى ئەمىن تاپقۇزغاندىلا، ئىنقىلابىي ھەربىيگە مۇناسىپ بولغىلى ھەم قۇربان بولغانلارنىڭ ئىسسىق قېنىغا يۈز كەلگىلى بولىدۇ، دېيىلگەن. ئەمما بۇ خەتنىڭ باشقا مەنىسى بولۇپ، ئومۇمەن ۋەزىيەتنى ئازراق تەتقىق قىلغان كىشىلەرگە نىسبەتەن، قۇرۇق سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئېشىشىمۇ ناتايىن. دەرۋەقە شۇنداق بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن، بەي چۇڭشىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى توغرىسىدىكى گەپلەر، بارا ـ بارا بېسىقىپ قالدى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسلىھەتلىشىشنىڭمۇ ئورنى قالمىدى»⑮.

جىن شۇرېننى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭ دائىرىلىرى، گومىنداڭنىڭ پېشقەدەم دۆلەت ئەربابى خۇ خەنمىننىڭ بەي چۇڭشىنى شىنجاڭغا كىرىشكە تەشەببۇس قىلغانلىقىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇننى ۋە بەي چۇڭشىنىڭ مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش جەريانىدىكى ئەھۋاللارنى چۈشەنمەيتتى. جىن شۇرېن «بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە ئىشىنىشنى خالايمەن»

دېگەن مەيداندا تۇرۇپ، ھەر خىل مىش - مىش خەۋەرلەر ۋە ئەنجاڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلمەكتە ئىدى. شىنجاڭنىڭ ئەنجاندىكى تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى، مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭغا قوشۇن ئەۋەتمەكچى ئىكەنلىكىنى جىن شۇرېنغا دوكلات قىلغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن ئاخىر ئىنكاس قايتۇردى.

3) شىنجاڭنىڭ ئالىي ھەربىي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش

1929 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شاڭخەيدىكى «يېڭى ئېقىم گېزىتى» دە، مەزكۇر گېزىت مۇخبىرىنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئەنجاندىن ئەۋەتكەن خەۋىرىنى باستى، ئۇنىڭدا: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جىن شۇرېن ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى ھەيئەتلىرى شىنجاڭنىڭ پايتەختتە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى چيەن تۇڭ، لۇ جىزۇ، جاڭ·فېڭجيۇ قاتارلىقلارغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى شىنجاڭنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىغا تولۇق مەسئۇل بولىدۇ، ھۆكۈمەت بۇنىڭدىن ئەنسىرىمىسۇن دېدى، دېيىلگەن[16].

خەۋەردە ئۇنىڭ چىنلىقى تىلغا ئېلىنىپ، خەۋەرنىڭ 1929 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جىن شۇرېن، ھەيئەت شۇي چيەن، يەن شۇشەن قاتارلىق يەتتە كىشى نامىدا ئەنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا يوللانغان بىر بۇيرۇق ئاساسىدا يېزىلغانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن[17].

تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ۋەقە، ئەنجاڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا قوشۇن ئەۋەتىش پىلانىنى يوققا چىقاردى. 1929 - يىلى 5 - ئايدا، مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى فېڭ يۈشياڭ تېلېگرامما ئەۋەتىپ جياڭ جيېشىغا قارشى چىقتى. فېڭ يۈشياڭ شۇ چاغدا، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىي

رايونلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتاتتى. فېڭ يۈشياڭنىڭ ھەرىكىتى ئۆزىگە خاس مەنىگە ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا تۇتىشىدىغان قورۇقلۇق قاتنىشىنى ئۈزۈۋېتىپ، بىردىنلا شىنجاڭنى توسۇپ تۇرغان بىر توساققا ئايلاندى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، فېڭ يۈشياڭنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن ھالقىپ شىنجاڭغا كىرىشى — ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش ئىدى.

جىن شۇرېن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، شىنجاڭدىكى قوشۇنلارنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى تېزلىكتە تاماملاپ، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى ئەسلىدە بار بولغان ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنى، ئالتە پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى ۋە بىر پىيادە ئەسكەرلەر بىرىگادىسىغا كۆپەيتتى. بۇ يېڭىدىن تەشكىللەنگەن قىسملار، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىلى، ئالتاي، قەشقەر، ئاقسۇ، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىكى مۇھىم بۆلەكلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى يەرلىك مەمۇرلارنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدىكى قىسملاردىن يەنە، ئالتايدا ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونى، ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونى، تۆت ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسى، بىر پىلىموتچىلار روتىسى، شۇنىڭدەك ئالتە قازاق ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى، قەشقەردە ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونى، ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى، چۆچەكتە بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى، بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى شۇنىڭدەك ئىككى موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى بار ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، يەنە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تەكشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەسلىدىكى قوشۇن تۈزۈلمىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان 13 چارلاش باتالىيونى بار ئىدى[18]. قىسملارنىڭ تولۇقلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەربىي خىراجەت زور

كۆلەمدە ئېشىشقا باشلىدى، 1927 ـ يىلىدىكى ھەربىي خىراجەت چىقىمى 9 مىليون 200 نەچچە مىڭ يۈەن بولغان بولسا، 1928 ـ يىلى 21 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، 1932 ـ يىلىغا كەلگەندە شىددەت بىلەن كۆپىيىپ 39 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چىقىمىنىڭ 9/10 نى ئىگىلىدى⑲.

شۇ يىلى، جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن چاغدا، مەمۇرىي رەھبەرلىك ھوقۇقى بىلەن ھەربىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى بىرلا ۋاقىتتا قولغا كەلتۈرۈشنى نىشان قىلغانىدى. لېكىن، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى جىن شۇرېنغا مەمۇرىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى بەرگەندە، جىن شۇرېننىڭ ھەربىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش تەلىپىگە قارىتا بىرنېمە دېيىشكە ئۇنىمىدى، شۇنىڭ بىلەن، جىن شۇرېننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ نامىدا، مىللىي ھۆكۈمەتتىن جىن شۇرېنغا ھەربىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى بېرىشنى ئۆتۈنۈپ يېزىلغان خەت ۋە تېلېگراممىلار، كەينى ـ كەينىدىن نەنجىڭگە ئېقىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، گومىنداڭ پارتىيىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى، ھەرقايسى كەسپىي تەشكىلاتلار، ھەرقايسى ھەربىي تەشكىلاتلار، ھەرقايسى قانۇن تەشكىلاتلىرىنىڭ 1928 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا يوللىغان تېلېگراممىسى، ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە⑳.

نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەيئەتلىرىنىڭ گومىنداڭ پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، بۇ تېلېگراممىغا قاراپ چىقىشنى رەت قىلدى. كېيىنرەك، جىن شۇرېن يەنە

شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ۋەكىلىنى مىللىي ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلىشىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى تەستىقلاشنى دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇدى. ئارقىدىنلا، شىنجاڭدىكى خەنزۇ، مانجۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، بۇيرۇت (قىرغىز) ھەر مىللەت بىرلەشمىسىنىڭ نامىدا، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە بىر ئۇزۇن تېلېگراممىا كېلىپ، ئوخشاش بىر تەلەپنى ئىپادىلىدى.

بۇ تېلېگراممىنىڭ شىنجاڭدىكى خەنزۇ، مانجۇ، ئۇيغۇر، بۇيرۇت قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىرادىسىگە قانچىلىك دەرىجىدە ۋەكىللىك قىلغانلىقىغا بىرنېمە دېمەك تەس، لېكىن بۇ قانۇن تەشكىلاتىنىڭ نامى چېتىلغان ئىجتىمائىي بوشلۇق نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىش ئىشى، ئاخىر 11 ـ قېتىملىق دۆلەت ئىشلىرى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇنۇلدى، مۇزاكىرىنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش قوماندانلىق ۋەزىپىسى ۋاقىتىنچە بوش قالدىغان بولدى. بۇ، جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېلىش تىرىشچانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتتى.

1928 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى يەنى، 11 ـ قېتىملىق دۆلەت ئىشلىرى يىغىنى جىن شۇرېننىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ ئالتە كۈندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ۋەكىلى چيەن تۇڭ جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، جياڭ جيېشىغا بىۋاستە مەكتۇپ سۇنۇپ، ھەربىي ۋەزىپە تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى[21].

جياڭ جيېشى شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش بېجىرىش

ئورنىنىڭ بۇ ۋەكىلى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپكىمۇ ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. شۇنداق قىلىپ جىن شۇرېننىڭ يۇقىرىقى تەدبىرلىرى ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتتى.

جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش تىرىشچانلىقى، فېڭ يۈشياڭ تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ جياڭ جيېشىغا قارشى چىققاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۈنۈم بېرىشكە باشلىدى. 1929 - يىل 6 - ئايدا جىن شۇرېن نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 15 - يول ئاسىيلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەپ بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى ھەمدە فېڭ يۈشياڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدە فېڭ يۈشياڭنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان غەربىي كۆچكە ئايلىنىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى شۇ ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاخىر جىن شۇرېننىڭ ئۇسۇلىغا ماقۇل بولدى، پەقەت نامىنىلا ئاسىيلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش 18 - يول ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ ئۆزگەرتتى.

«شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى كېيىنكى ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىنى قىسقىچە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان: كېيىن گۇاڭ لۇ شىنجاڭنىڭ پايتەختتە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولۇپ تەيىنلەندى، گۇاڭ لۇ قاشتېشى سوۋغا قىلغانلىقتىن، جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. گۇاڭ لۇ جياڭ جيېشىغا غەربىي شىمالنى ئېچىش پىكرىنى بايان قىلغان چاغدا، 18 - يول ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى دېگەن نامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنىگە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. جياڭ جيېشىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، مىنگونىڭ 20 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 19 - قېتىملىق مىللىي ھۆكۈمەت يىغىنىدا، جىن

شۆرپىنىنى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۆبەنلىكگە تەيىنلەش بۇيرۇقى ماقۇللاندى㉒.

## پايدىلانمىلار

① جاڭ داجۈننىڭ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان نەقىل، 1613 — 1614 - بەتلەر.

② ۋۇ گېچېن: «شىنجاڭغا سەپەر»، سودا نەشرىياتى، مىنگونىڭ 24 - يىلى نەشرى، 29 — 31 - بەتلەر.

③ «شىنجاڭغا سەپەر»، 27 — 28 - بەتلەر؛ گۇاڭ لۇ: «ئەسلىمە»، 1961 - يىل (تەيۋەن) ۋېنشىڭ نەشرىياتى نەشرى، 19 - بەت.

④ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 5 - سان، 2 — 3 - بەتلەر.

⑤ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 2704 - بەت.

⑥ چېن فېڭ: «جىن شۆرپىننىڭ هاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىنىڭ ئىچكى سىرى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 56 - سان، 3 — 4 - بەتلەر.

⑦ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 2704 - بەت.

⑧ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑨ يۇقىرىقى كىتاب، 2826 — 2829 - بەتلەر.

⑩ ۋۇ شاۋلىن: «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، مىنگونىڭ 22 - يىلى 5 - ئاي نەنجىڭ رېنشېڭ كىتاب ئىدارىسى نەشرى، 303 — 304 - بەتلەر.

⑪ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑫ «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، 304 — 305 - بەتلەر.

⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 305 — 307 - بەتلەر.

⑭ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑮ يۇقىرىقى كىتاب، 307 - بەت.

⑯ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 3017 - بەت.

⑰ شاڭخەي «ئېقىم گېزىتى»، مىنگونىڭ 18 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى.

⑱ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 3111 - بەت؛ لى

تيەنجى: «شىنجاڭ سەپەر خاتىرىلىرى».
⑲ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 2876 - بەت.
⑳ مىنگونىڭ 17 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىبات باشقارمىسىنىڭ جىن رەئىسنى شىنجاڭنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلىپ يوللىغان تېلېگراممىسى»، ھەربىي ئارخىپ 96 - نومۇر، «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 3024 - بەت.
㉑ مىنگونىڭ 17 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى مەركىزىي سىياسىي يىغىنى 136 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ خاتىرىسى، «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 3025 - بەت.
㉒ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 3067 - بەت.

## 2 - بۆلۈم «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلگەن» قۇمۇل ۋاڭلىقى

### 1. قۇمۇل ۋاڭ جەمەتى

1697 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ئەبەيدۇللاغا 1 - دەرىجىلىك جاساق ئۇنۋانى بەرگەندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، قۇمۇل ۋاڭ جەمەتى 233 يىل ۋاقىتنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. تۇغما پالەچ مەھمۇد (ياكى غۇلامىدىن) قىچە، سەككىز كىشى ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. شامەخسۇت 6 - ئەۋلاد ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى بېشىرنىڭ كۆيئوغلى سالاھىيىتى بىلەن، 7 - ئەۋلاد ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى مەھمۇدتىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭ جەمەتىنىڭ 8 - ئەۋلاد ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىسىغا ئايلاندى.
باشتىلا، قۇمۇل ۋاڭ جەمەتى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولدى. جاساق تۈزۈمى بۇنىڭ تىپىك ئىپادىسى. «بۇ رايوندا جاساق تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشنىڭ

زۆرۈرلۈكى، تارىخ ۋە ھازىرقى ھالەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولماستىن، بەلكى بۇ يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بولغان سىياسىي پوزىتسىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شۇڭا ئۇ كۆپ ھاللاردا مۇكاپاتلىنىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، قۇمۇلدىكى ئەبەيدۇللا جەمەتى بىلەن تۇرپاندىكى ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا، بولۇپمۇ بۇرھانىدىن خوجىنى تىنچىتىش جەريانىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىگە مۇكاپات قىلىپ بېرىلگەن»①.

## قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ شەجەرىسى

① ئەبەيدۇللا (1 - دەرىجىلىك جاساق، 1697 — 1710)
② گوپا (ئىمىن) (گۇڭ، 1710 — 1737) سۇلايمان
③ يۇسۇپ (ۋاڭ، 1737 — 1766) ئابدۇللا
④ ئىسھاق (ساداقەتمەن ۋاڭ،. 1766 — 1780)
⑤ ئەردە شېر (چىنۋاڭ، 1780 — 1813)
⑥ چوڭ بىشىر (چىنۋاڭ، 1813 — 1867)
⑦ مەھمۇد ياكى غۇلامىدىن (تۇغما پالەچ، خىزمەت قىلالمايدۇ)
⑧ شامەخسۇت (قوش چىنۋاڭ، 1882 — 1930)
⑨ نەزەر
⑩ بىشىر ئابدۇللا②

قۇمۇل ۋاڭلىرى ئىچىدە، تەسىر كۈچى ئەڭ زور بولغىنى ئەبەيدۇللا ئىدى. 1697 - يىلى (كاڭشىنىڭ 39 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئەبەيدۇللاغا 1 - دەرىجىلىك جاساق ئۇنۋانى بېرىپ، شەرقتە شىڭشىڭشياغىچە، غەربتە لياۋدۇنغىچە، شىمالدا ئېۋىرغۇلغىچە، جەنۇبتا قۇملۇققىچە بولغان دائىرىنى ئەبەيدۇللاغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا بېيجىڭغا بېرىپ

پادىشاھنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ قومۇل ۋاڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ پايتەختكە بېرىپ پادىشاھنى زىيارەت قىلىشى رەسمىي قائىدىگە ئايلاندى.

ئىلگىرىكى تۆت قومۇل ۋاڭى ئىچىدە، 3 ـ ئەۋلاد ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى يۇسۇپنىڭ پايتەختكە بېرىپ پادىشاھنى زىيارەت قىلغان قېتىم سانى ئەڭ كۆپ بولغان، ئۇ ھەر قېتىم پايتەختكە بارغاندا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. 1760 ـ يىلى يۇسۇپ پايتەختكە خاننى زىيارەت قىلغىلى بارغاندا، كۆپ قېتىم چيەنلۇڭ خاننىڭ كۈتۈۋېلىشىغا نائىل بولغان③.

يۇسۇپ بېيجىڭدىن قومۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا تەيىنلىنىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئالغان 2 ـ ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكى بولۇپ قالغان.

1766 ـ يىلى، يۇسۇپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم پايتەختكە خاننى زىيارەت قىلغىلى مېڭىپ سەنشىنىڭ لىگشى ناھىيىسىگە بارغاندا، تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ قازا قىلدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يول ئۇستىدىكى مەھكىمىلەرگە يۇسۇپنىڭ جەسىتىنى ئاۋايلاپ قومۇلغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

يۇسۇپ — قومۇل ۋاڭ جەمەتىدىكىلەر ئىچىدە، سۆرىتى زىڭگۇاڭگې راۋىقىغا ئېسىلغان بىردىنبىر كىشىدۇر④.

6 ـ ئەۋلاد ۋاڭلىق ۋارىسى دەل جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلىڭىغا توغرا كېلىپ قالغان بولغاچقا، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەڭ چوڭ ئۇرۇشلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. قومۇل چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى توپلانغان مۇھىم جايلارنىڭ بىرى ئىدى. قوشۇنلار بېرىش ـ كېلىشتە، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە يەم ـ خەشەك توشۇشتا قومۇلدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بىشىر چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى ھەمدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق كالا

ھارۋىسى تەييارلاپ، قورال - ياراغ، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە يەم - خەشەكلەرنى توشۇدى⑤.

جاھانگىر خوجا توپىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى بىشىر ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى نەزەرنى ئالاھىتەن تارتۇقلاپ مۇنداق دېدى: «قومۇلنىڭ ئىناچىۋاڭى بېلى بىشىر ھارۋا تەييارلاپ، ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى توشۇپ، ئومۇمنىڭ ئىشىغا كۈچ چىقاردى، شۇڭا ئۇ تارتۇقلانسۇن. قالپاقنىڭ ئۈستىگە قادايدىغان ئاق قاشتېشى بار پەي نەيچىدىن بىر دانە، ئاق قاشتېشى ئۈزۈك بىر دانە، مولۇن تون بىر دانە، چوڭ يۆگەملىك تاۋاردىن ئىككى توپ ئىنئام بېرىلسۇن. جاساق نەزەر دادىسىغا ھەمكارلىشىپ كۆپ كۈچ چىقىرىپتۇ، ئۇنىڭغا قالپاققا قادايدىغان گۈللۈك پەي ھەمدە كىچىك يۆگەملىك تاۋاردىن ئىككى توپ ئىنئام بېرىلسۇن، شۇ ئارقىلىق پېقىرنىڭ ئۇلارغا بولغان تەشەككۈرى ئىپادىلەنسۇن»⑥.

جاھانگىر خوجا توپىلىڭىدىن كېيىن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى رايونلار ئارقا - ئارقىدىن خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرىگە ئۇچرىغاچقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ھەربىي ھەرىكىتى ئىزچىل داۋاملاشتى، بىشىر قومۇلدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي لازىمەتلىكلىرىنى توشۇش ئۈچۈن، ھەر خىل ھارۋىدىن نەچچە مىڭنى تەييارلىدى. 1832 - يىلى بىشىر بېيجىڭغا بېرىپ خاننى زىيارەت قىلغان چاغدا، پادىشاھ داۋگۇاڭ بىشىرغا زىجىن سېپىلى ئىچىدە ئات مىنىش-ئىمتىيازىنى بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي، بىشىر ئىناچىۋاڭلىققا ئۆستۈرۈلۈپ، بېيجىڭدا قېپقېلىپ ئوردىدا خىزمەت قىلدى⑦. «غەربىي يۇرت ھەققىدە نەزمىلەر» نىڭ 3 - جىلدىدا، بىشىر ۋاڭ ئوچۇق، خۇشخۇي بولۇپ، ئوردىدا ئالتە يىل ئىشلەش جەريانىدا ئىشچان ھەم ئېھتىياتچان دەپ نام ئالغان. ھەر قېتىم نازارەتچى ئامبال بىلەن

ھۆكۈمەت ئىشى توغرۇلۇق پاراڭلاشقاندا، پايتەخت تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدۇ، مەردانە، پىكىر قىلىشقا باي، ئىنتايىن ئەقىللىق.

ئالتە يىلدىن كېيىن، بىشىر قومۇلغا قايتقاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چىنۋاڭلىققا ئۆستۈرۈلۈپ، قومۇلنىڭ باش ئامباللىقىغا تەيىنلەندى، ھەمدە قومۇل ۋاڭ جەمەتىدىكىلەر ئىچىدە قومۇلنىڭ يەرلىك مەمۇرىي ھوقۇقىنى بىرىنچى بولۇپ ئىگىلىگەن ئەمەلدار بولۇپ قالدى.

1864 ـ يىلى كۇچانى مەركەز قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بىشىر چىڭ سۇلالىسى تەرەپتە تۇرۇپ، شەرققە يۈرۈش قىلغان كۇچا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قارشى تۇردى. مەزكۇر كىتابنىڭ 4 ـ بابى 1 ـ بۆلۈمىدىكى ئالاقىدار ئابزاسلاردا بۇ جەريان ئۈستىدە مەخسۇس بايانلار بار.

8 ـ ئەۋلاد ۋاڭلىق ۋارىسى شامەخسۇت دەۋرىگە كەلگەندە، مەيلى سىياسىي ئىمتىياز جەھەتتە بولسۇن، ياكى ئىجتىمائىي ئابرۇي جەھەتتە بولسۇن، قومۇل ۋاڭ جەمەتىدىكىلەرنى ئوخشاش دەۋردىكى باشقا ئۇيغۇر ۋاڭ، گۇڭ، ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.

شامەخسۇت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 16 قېتىم پاختەختكە پادىشاھقا كۆرۈنۈش قىلغىلى بارغان بولۇپ، ئۇيغۇر ۋاڭ، گۇڭ، ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدە پايتەختكە ئەڭ كۆپ بارغان كىشى بولۇپ قالدى. شامەخسۇت ھەر قېتىم پايتەختكە بارغاندا يولغا چىقىش مۇراسىمى ھەمىشە ئىنتايىن تەنتەنىلىك ۋە ئۆلچەملىك ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى نامايان قىلغان.

مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقىلەر⑧دە، شامەخسۇتنىڭ 15 ـ قېتىم بېيجىڭغا خانغا كۆرۈنۈش قىلغىلى بارغان چاغدىكى ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن: قومۇل ۋاڭنىڭ پايتەختكە بېرىش كونكرېت تەرتىپىنى ۋاڭ ئوردىسىدىكى ھاشىم ئىسىملىك ئاخۇن

ئورۇنلاشتۇردى. مۇشۇ مەزگىلدە، ۋاڭ ئوردىسىدىكى دەرۋازىسىدىن تەيجى غوجام ئىشخانىسى (چوڭ تەيجى ئىشخانىسى) غىچە تۇغ ـ ئەلەملەر ئېسىلدى. ئالدى دەرۋازىغا ئەجدىھار تۇغى ئېسىلدى، ئىككىنچى دەرۋازىغا شىر تۇغى، 3 ـ دەرۋازىغا ۋاڭ تامغىسى بېسىلغان تۇغ، 4 ـ دەرۋازىغا قۇياش چۈشۈرۈلگەن تۇغ، 5 ـ دەرۋازىغا يۇلتۇز ـ ئاي چۈشۈرۈلگەن تۇغ، 6 ـ دەرۋازىغا يەتتە يۇلتۇزلۇق تۇغ، 8 ـ دەرۋازىغا بەش يۇلتۇزلۇق تۇغ، 9 ـ دەرۋازىغا توققۇز يۇلتۇزلۇق تۇغ قادالدى. بۇ تۇغلارنىڭ ھەممىسى مەشۇت يىپ بىلەن سىپتا كەشتىلەنگەنىدى.

شامەخسۇت يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، ئوردا دەرۋازىسىغا خەلقنى ئەمىن قىلىش ئېلانى چاپلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋاڭلىقنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنىڭ چوڭ تەيجىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكى، بارلىق ئائىلىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇمۇلدىن شىڭشىڭشىياغىچە جەمئىي 12 ئورۇنغا كۈتۈۋېلىش پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، ھەر بىر پونكىتقا بىردىن «دورغا» مەسئۇل قىلىندى. شىڭشىڭشيانىڭ سىرتىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك، يېتىپ ـ قوپۇش ئىشلىرىمۇ ئالدىن ئەۋەتىلگەن خادىملار تەرىپىدىن ئوبدان تەييارلاندى. بۇلاردىن سىرت، چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە يول ئۈستىدىكى ئايماق ـ مەھكىمىلەرنىڭ ئامباللىرىنى بۇ قۇمۇل ۋاڭى ئۆچۈن مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەشكە، لەشكەر ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا بۇيرۇدى.

شامەخسۇت يولغا چىققان كۈنى، ۋاڭ قەسرىدە داغدۇغىلىق ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. شامەخسۇت پادىشاھ ئىنئام قىلغان ماگازىسىنى كىيىپ، تەيجى غوجام ئىشخانىسىدا پەيدا بولدى ھەمدە بىر ئىش بىلەن سەل تۇرۇپ قالدى، بۇ چاغدا ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ھۆرمەت توپىدىن ئۈچنى ئاتتى، ھۆرمەت

توپى ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن، شامەخسۇت ئاندىن ئاستا مېڭىپ تەختىراۋانغا چىقتى، ئاندىن ھەربىر دەرۋازىدىن ئۆتكەندە ھۆرمەت توپى ئېتىلىپ، جەمئىي 39 ھۆرمەت توپى ئېتىلدى. بۇ چاغدا، ۋاڭ مەھكىمىسىدىكى بارلىق ئەمەلدارلار دەرۋازا ئالدىدا سۇكۇتتە تۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىشتى، قۇمۇل شىيېتەي يامۇلىنىڭ قاراۋۇل ئەترىتى ۋە شەھەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ھەسەن باي كۆۋرۈكى ئەتراپىدا سەپ تۈزۈپ مۇزىكا چېلىپ ئۇزىتىشتى. كونا شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن خۇاگو تېغىغىچە بولغان ئارىلىقتا، سودىگەرلەر ئىسرىقدان قويۇپ قەنت - گېزەك بىلەن تەمىنلىدى، ئىسرىق سېلىپ ئۇزىتىشتى. خۇاگو تېغىدىن ميۇجياۋەنگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئاخۇنۇم شۇ يەردىكى مۇسۇلمان ئاممىسىغا باش بولۇپ، يولنىڭ ئىككى يېقىدا سەپراس بولدى ھەمدە: «ئاللا - تائالا ۋاڭ غوجىمىزنى يول بويى ئامان - ئېسەن قىلغاي!» دەپ دۇئا قىلىشتى.

شامەخسۇت ئولتۇرغان چوڭ تەختىراۋاننىڭ تۆت ئەتراپىدا داقا - دۇمباقچىلار بىللە مېڭىپ، يول بويى داقا - دۇمباق، ساز چېلىپ ماڭدى. ۋاڭ مەھكىمىسى مەسچىتىنىڭ ئىمامى مەمەتنىياز دۇمبىسىگە ئېچىگە پۇل - پۇچەك قاچىلانغان ئىككى چوڭ سومكىنى يۈدۈپ يۈرۈپ، يول بويىدا قاتار تىزىلغان ئەسكەرلەرگە باغاق تارقاتتى، باغاققا «رەھمەت سىلەرگە» دەپ يېزىلغانىدى، ھەربىر ئىسرىقدان قېشىغا كەلگەندىمۇ، بىر تال باغاق تارقاتتى ھەمدە ئازراق قەنت - گېزەك ئېلىپ، ۋاڭ غوجامنىڭ ئۇلارنىڭ ھىممىتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

شامەخسۇت بىلەن بىللە ماڭغان سەپكە ئوردىنىڭ باش ئاخۇنى سەدەنشاھ يول باشلاپ ماڭدى. ئۇ ئۇچىسىغا كۆك، ئاق ئۇزۇن يوللۇق تاۋار نىمچە كىيگەن، بېشىغا سەللە ئورىغان، مۇرىسىگە

بىر قىزىل مەشۇت يىپلىق بوپىنى ئارتقان بولۇپ، ئىچىدە بىر «قۇرئان» بار ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھاشىم ۋە قۇرئان تەپسىرچىسى نامانشاھ ماڭدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ 20 سەرۋاز ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئاتقا مىنىپ قولىدا بىر چوڭ كۈنلۈكنى تۇتۇپ ئولتۇرغان (قىزىل رەڭلىك، سېرىق دەستىلىك، ئالتۇن ئۇچلۇق، چۆرىسىگە ئۈنچە - مەرۋايىت چۈشۈرۈلگەن، دەستىسىنىڭ ئۇچىغا ئاي شەكىللىك مېتال ئىلغۇچ بېكىتىلگەن بولۇپ، ئېگەرنىڭ ئالدىغا سانجىپ قويۇلغان) سەرۋازلارنىڭ كەينىدىن ساۋۇت كىيىپ قېلىچ ئاسقان ئۈچ قاراۋۇل ئۈچ تۇلپارغا مىنىپ قاتار ماڭدى. قاراۋۇللارنىڭ كەينىدىن شامەخسۇتنىڭ تەختىراۋىنى ماڭدى. تەختىراۋاننى تۆت مەپكەش كۆتۈرگەن، تۆت كىشى ئارغامچىنى تارتقان بولۇپ، مەپىنىڭ كەينىدىن 40 نەپەر مەرگەن تىك سەپ تۈزۈپ ماڭدى، مەرگەنلەرنىڭ كەينىدىن مىراخور بېگى بىر جۈپ ئات قېتىلغان ھارۋىنى ھەيدەپ ماڭدى، بۇ ھارۋا شامەخسۇتقا ھازىرلانغانىدى، ھارۋىنىڭ كەينىدىن مەشۇت يۇپۇق ئارتىلغان تۆت ئات ماڭدى. بۇ ئاتلار شامەخسۇتنىڭ مىنىشى ئۈچۈن تەييارلانغانىدى.

شامەخسۇت بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ بېيجىڭدىكى مۇقىم تۇرالغۇسى «قۇمۇل سارىيى» غا چۈشتى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، گەرچە شامەخسۇتنىڭ 14 قېتىم خانغا كۆرۈنۈش قىلغان تارىخى بولسىمۇ، لېكىن قائىدە - مىزان بويىچە، شامەخسۇت يەنە مۇراسىم پىرقىسىدە خانغا كۆرۈنۈش قىلىش بويىچە مۇراسىم مەشىقىنى قوبۇل قىلاتتى.

شامەخسۇت 15 - قېتىم خانغا كۆرۈنۈش قىلغان چاغدا، پادىشاھ ئالاھىتەن يەتتە ئەجدىھا سۈرەتلىك سېرىق ماگازىدىن بىرنى ئىنئام قىلغان. بۇ سېرىق ماگازىنى كىيىۋالسا، بارچە ئەمەلدارلار سالامغا باراتتى، ھەممە پۇقرا ئۆزلىرىنى دالدىغا

ئالاتتى[9].

قۇمۇل ۋاڭلىقى ئىزچىل ھالدا چىڭ سۇلالىسىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق سىياسىي يۆلەنچۈكى دەپ قارايتتى، شۇڭا، بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، شۇنىڭدەك تەكرار - تەكرار پايتەختكە بېرىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار قاتلىمى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭرىلىكىنى ئىخلاس بىلەن ئىپادىلىدى. ئەڭ ۋەكىللىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى، ۋاڭ ئوردىسى بېغىنىڭ شەرقىي شىمال بۇلۇڭىغا ۋەنشۇ (ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش) سارىيى دەپ ئاتالغان بىر ئىمارەت سېلىنغان. ۋەنشۇ سارىيىنىڭ كەينى شىمالغا، ئالدى جەنۇبقا قاراپ جايلاشقان بولۇپ، ئۈچ تەرەپتىن قورۇق تام ئېچىگە ئېلىنغان، ئىچىگە شۇنجى خاندىن باشلاپ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى پادىشاھلارنىڭ رەڭلىك گەج ھەيكىلى قويۇلغان، ھەيكەللەرنىڭ ئالدىغا نەزىر - چىراغ سۇپىسى سېلىنغان، سۇپىدا قىزىل رەڭلىك تەزىيە تاختىسى بولۇپ، ھەربىر پادىشاھنىڭ تەيىنلەنگەن، ۋەزىپىدىن قالغان ۋە تۇغۇلۇپ، ئۆلگەن يىل دەۋرى يېزىلغان. تاكى شىنخەي ئىنقىلابىغىچە، قۇمۇل ۋاڭلىقى ۋە شۇ يەردىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ھەر يىلى ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە ۋەنشۇ سارىيىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى پادىشاھلىرىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزەتتى. بۇ چاغدا، ۋەنشۇ سارىيىنىڭ ئالدىغا ئىككى ئەجدىھا تۇغى قادىلاتتى، نەغمىكەشلەر سازلىرىنى چالاتتى، شامەخسۇت ۋە يەرلىك ئەمەلدارلار قوللىرىدا بىر تىزىقتىن كۈجە تۇتۇشۇپ، ھەربىر ھەيكەلگە باش ئۇرۇپ چىقاتتى ھەمدە ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىر پارچە تاۋارنى ھەيكەلگە يېپىپ قوياتتى. بۇ ئارىلىقتا، ھۆرمەت توپىدىن 39 ى ئېتىلاتتى. مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن زىياپەتكە كىرەتتى، قايتقان چاغدا، يەنە ھۆرمەت توپىدىن 21 ى ئېتىلاتتى.

گۇاڭشۇ خاننىڭ تەستىقى ئارقىلىق، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى يەنە بېيجىڭ، قۇمۇللاردا ئۈچ جايغا ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىمتىيازىنى بىلدۈرىدىغان ئىمارەت سالدۇرغان.

بىر جايدىكىسى، 1879 ـ يىلى بېيجىڭدىكى شۇەنۋۇ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدىكى تەيپىڭ كۆل بويىدىكى شىفۇما كوچىسىغا جايلاشقان قۇمۇل سارىيى. بۇ، خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق راۋاق چىقىرىلغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قەدىمكى ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەت توپى ئىدى. ئالدى ـ ئارقا قورۇغا بۆلۈنگەن، ئالدى قورۇ ئىش بېجىرىدىغان جاي بولۇپ، شىمال تەرەپتىكى ئۆي ئالتە ئېغىز، شەرق تەرەپتىكى ئۆي تۆت ئېغىز ئىدى. ئارقا قورۇدا ئىككى تۇرالغۇ ئۆي بولۇپ، ھەربىر ئۆي ئۈچ ئېغىزدىن، شەرق ـ غەرب تەرىپى ئۆزئارا ئۇدۇل ئىدى. پۈتۈن ئىمارەتلەرنىڭ ھەممە خىراجىتىنى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى چىقارغان، بۇنىڭغا جەمئىي 2500 سەردىن ئارتۇق كۈمۈش كەتكەنىدى. قۇمۇل سارىيى پۈتكەندىن كېيىن، بۇ سارايغا قۇمۇل ۋاڭ جەمەتىدىكىلەر پايتەختكە كۆرۈنۈش قىلغىلى بارغان چاغدا چۈشكەندىن سىرت، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا يەنە پايتەختتە بىر يىللىق مۇددەتتە نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ۋاڭ ـ بەگلەر چۈشەتتى. شۇ سەۋەبتىن، قۇمۇل سارىيى مەلۇم جەھەتتىن شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

تەڭلا تاماملانغان يەنە بىر جايدىكى قۇرۇلۇش — قۇمۇل كونا بازارغا جايلاشقان «قۇمۇل جاساق ۋاڭ ئىبادەتخانىسى». بۇ جايدىكى ئىمارەتنىڭ قۇرۇلۇش خىراجىتىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چىقارغانىدى. «ۋاڭ ئىبادەتخانىسى» — بىر دەرۋازىدىن كىرىدىغان ئىككى قورۇ بولۇپ، دەرۋازىغا «قۇمۇل ئۇيغۇر جاساق ۋاڭ ئىبادەتخانىسى» دېگەن سېرىق خەتلىك كۆك تاختاي ئېسىلغان، قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساراي بولۇپ، سارايىنىڭ ئارقا تېمىنىڭ مەركىزىدىكى بۇت تەكچىلىرىگە تارىختا

ئۆتكەن قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ تەزىيە تاختىسى قويۇلغان، ئىككى ياندىكى بۆت تەكچىلىرىگە ۋاڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ تەزىيە تاختىسى قويۇلغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، قۇمۇل يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەر يىلى ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە قۇمۇل ۋاڭ ئىبادەتخانىسىدا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، مەرھۇم قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلىشى توغرىسىدا ئالاھىدە بەلگىلىمە چىقارغان. بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ھەممىسى سارايىنىڭ يېنىدىكى بىر ئابىدىگە ئويۇلغان.

ئېتىقاد ئۆلچىمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇسۇلمان قۇمۇل ۋاڭ جەمەتى بۇ خىل خاتىرىلەش شەكلىنى قوبۇل قىلالمايتتى. ئەمما، بۇ مەزگىلدە قۇمۇل ۋاڭ جەمەتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك سىياسىي مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بولغاچقا، بۇ يەردىكى ئىمارەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي تەن ئالدى.

3 - جايدىكى ئىمارەتلەر توپى — چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 120 مىڭ سەر ئاق كۈمۈش ئاجرىتىپ قۇمۇلدىكى مۇسۇلمانلار بازىرىنىڭ شىمالىغا سالدۇرغان «ئۇيغۇر ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى» ئىدى. بۇ ئىمارەتلەر توپىنىڭ كۆلىمىنىڭ دەرىجىسى ۋە ھەشەمەتلىك دەرىجىسى قۇمۇلدا سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە ئىدى. «ئۇيغۇر ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى» ئېخىمۇ كەڭ نۇقتىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل ۋاڭ جەمەتىگە بەرگەن سىياسىي مۇكاپاتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

## 2. قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ تۈزۈلمىسى

### 1) ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسى

1 - دەرىجىلىك جاساق ئەبەيدۇللادىن باشلاپ، قۇمۇل ۋاڭلىقى ئۇزۇن يىللاردا ئۆزىنىڭ ئىچكى مەمۇرىي تۈزۈلمىسىنى بارا - بارا قېلىپلاشتۇردى، يۈرۈشلەشتۈردى ۋە مۇكەممەللەش-

تۇردى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىقتىدارى ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ۋاقىتلىقتا قاراشلىق جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى قىلىپلاشتۇرۇش؛ (2) ۋاقىتلىقتا قاراشلىق جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ ھېسسىي پائالىيىتىنى قىلىپلاشتۇرۇش.

پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى قىلىپلاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتى ئوردىدىكى باشقۇرۇش تارمىقى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىناتتى؛ پۇقرالارنىڭ ھېسسىي پائالىيىتىنى قىلىپلاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتى — ئوردىدىكى دىنىي تارماق تەرىپىدىن ئىجرا قىلىناتتى.

قۇمۇل ۋاقىتلىقىدىكى باشقۇرۇش تارمىقى — چوڭ تەيجى، كىچىك تەيجى، مەھرەم، مۆتىسىپ قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقانىدى. ئۇلار ئوردىغا قاراشلىق جايلارنىڭ ئامانلىقى، ئەدلىيە، ھەربىي ئىشلار، ئالاقە، ئارخىپ ھەمدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىق كەسىپلەرنى باشقۇراتتى.

1922 ـ يىلىدىن 1928 ـ يىلىغىچە، قۇمۇل ۋاقىتلىقىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چوڭ تەيجى ۋە ھەر دەرىجىلىك مەنسەپلەرگە تەيىنلەنگەنلەر تۆۋەندىكىچە:

چوڭ تەيجى — يۇسۇپ

كىچىك تەيجى — يۇنۇس (قوشۇمچە دىنىي ئىشلارنى باشقۇراتتى).

مەھرەم — سېيىت غازى بەگ، يۇنۇس غازى بەگ.

خەزىنە مۆتىسىپ — شى زوجېن

ئوردىنىڭ باشقۇرۇش مەركىزى تەشكىل قىلىنغان يۇقىرىدىكى تۆت ۋەزىپە ئىچىدە، چوڭ تەيجى بىلەن كىچىك تەيجى بىردىن فۇنكسىيىلىك تارماقتا مەسئۇل بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چوڭ تەيجى ئىشخانىسى (تەيجى غوجام ئىشخانىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى)، كىچىك تەيجى ئىشخانىسى دەپ ئاتىلاتتى.

مەھرەم بىلەن خەنزۇ مۆتىسىپ كونكرېت تارماقىقا مەسئۇل قىلىنمىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېتەرلىك ۋاقىتتا پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت تاپشۇرغان تۈرلۈك ئىشلارنى تاماملىشىغا كاپالەتلىك قىلىناتتى.

چوڭ تەيجى ئىشخانىسى (يەنى تەيجى غوجام ئىشخانىسى) دا تۆۋەندىكىلەر تەسىس قىلىنغانىدى:

مۇدىر كاتىپ بىر نەپەر، كاتىپ تۆت نەپەر، ئۇلار ئوردىنىڭ ئىچى - تېشىدىكى ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل؛ مۇدىر دەپتەردار بىر نەپەر، دەپتەردار بىر نەپەر، ئۇلار مالىيە ھېساباتىغا مەسئۇل؛

ئەمەلدار ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئىككى نەپەر، ئۇلار ئوردىنىڭ ئىچىدىكى ۋە ئوردىغا تەۋە جايلاردىكى ئەمەلدارلار (مەسىلەن دورغا قاتارلىق نامزاتلار) نى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل؛

مۇدىر تۇڭچى (تەرجىمان) بىر نەپەر، چوڭ تۇڭچى ئىككى نەپەر، كىچىك تۇڭچى تۆت نەپەر، ئۇلار ئوردىنىڭ ئىچى - تېشىدىكى ئالاقە ئىشلىرىغا ۋە خەنزۇچە سۆزلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىدىغان، ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىدىغان تەرجىمە ئىشلىرىغا مەسئۇل؛

مېھمانلار بىلەن ئالاقىلاشقۇچى ئىككى نەپەر، مەخسۇس چوڭ تەيجى ئىشخانىسىغا كېلىدىغان مېھمانلارنى قوبۇل قىلىشقا مەسئۇل؛

خەزىنىدار بىر نەپەر، ئوردىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، ياقۇت، شۇنىڭدەك باشقا قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ساقلاشقا ۋە قوغداشقا مەسئۇل. بۇ ۋەزىپىنى كۆپىنچە چوڭ تەيجى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالاتتى؛ نۆكەرلەر باشلىقى بىر نەپەر، نۆكەر 40 نەپەر؛ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بىر نەپەر، ئەسكەر 40 نەپەر؛ ئوردا ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنىڭ سۇ ئىنشائات

ئىشلىرىغا مەسئۇل تۆت نەپەر؛
ئوردا ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا مەسئۇل ئالتە نەپەر؛
ئوردا ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل تۆت نەپەر.

يۇقىرىقى ۋەزىپىلەر بىرلىكتە چوڭ تەيجى ئىشخانىسىنى تەشكىل قىلغانىدى.

كىچىك تەيجى ئىشخانىسىنىڭ قارمىقىدا تۆۋەندىكىلەر تەسىس قىلىنغان:

مۇدىر كاتىپ بىر نەپەر، كاتىپ تۆت نەپەر، تەرجىمان (تىلماچى) تۆت نەپەر، قوبۇل قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل تۆت نەپەر، ئۇلار بىرلىكتە ئوردىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى كۈندىلىك كۈتۈۋېلىش ۋە ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى⑩.

ئەدلىيە ئەمەلدارى بىر نەپەر، بۇ ۋەزىپىنى كىچىك تەيجىنىڭ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن، سوتچى ئىككى نەپەر، پۈتۈكچى بىر نەپەر، قازى بىر نەپەر، ۋاڭ ئوردىسى زىندانبېگى بىر نەپەر، زىندانبېگى ئوردا ۋە نوم، ئاستا، قاتارلىق جايلاردىكى يەر زىندىنى ۋە سۇ زىندانلىرىغا مەسئۇل ئىدى⑪. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە «ياساۋۇل» دىن 30 ى بولۇپ، ئۇلار ئاپىرىش، يەتكۈزۈش، تۇتۇش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى. يۇقىرىدىكى خادىملار ۋاڭلىقنىڭ ئامانلىق ۋە ئەدلىيە تارمىقىنى تەشكىل قىلغان.

دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل كىشى يەتتە نەپەر. باشقا يەنە ئوردىدا مەخسۇس قىرائەت قىلىدىغان ئاخۇندىن توققۇز نەپەر، ئوردىغا قاراشلىق جايلاردىكى ھەق - تەلەپ جېدەللىرىنى ياراشتۇرىدىغان ۋە ئوردىغا قاراشلىق جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ مىراس تەقسىماتلىرىغا گۇۋاھ بولىدىغان ئاخۇندىن توققۇزى بار ئىدى. ئۇلار ئوردىدىكى دىنىي باشقۇرۇش تارمىقىنى تەشكىل

قىلغانىدى.

غەللە ـ پاراق ئەمەلدارى سەككىز نەپەر بولۇپ، مەخسۇس ئوردىدىكى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلاردىكى باج ئاشلىقنى يىغىشقا ۋە چىقىم قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. ئاشپەزلەرگە مەسئۇل ئىككى نەپەر، ئايرىم ـ ئايرىم هالدا ئوردىدىكى ئالتە چوڭ ئاشخانىنى باشقۇراتتى.

باشقا يەنە ئالتە ئادەم مەخسۇس ئوردىدىكى ئاتخانا، باغ، ئورمانلىق، قولچوماقلارغا مەسئۇل ئىدى.

يۇقىرىدىكى خادىملار كىچىك تەيجى ئىشخانىسىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشى چوڭ تەيجى ئاستىدىكى ئىشخانا بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا، ئاندىن چوڭ تەيجى رەهبەرلىكىدىكى تەيجى غوجام ئىشخانىسىغا ماس كېلىدۇ.

ئوردىغا قاراشلىق جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ هېسسىي هەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان ئوردىنىڭ دىنىي تارمىقى مەسچىت ۋە هەردەرىجىلىك ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن تەشكىل تاپقانىدى.

ئوردا مەسچىتىنىڭ قۇرۇلمىسى ئەسلىدە ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، ئىككى ئېغىز ئاددىي ئۆيدىن تەركىب تاپقان، جەنۇب، شىمال تەرىپىدىن بىردىن قوش قاناتلىق قوۋۇق ئېچىلغان، شىمالىي دەرۋازىسى مەخسۇس قۇمۇل ۋاڭىنىڭ كىرىپ ـ چىقىشى ئۈچۈن ئېچىلغان، جەنۇبىي قوۋۇقى بۇ ئىمارەت ئىچىگە كىرىشكە سالاهىيىتى توشۇدىغان باشقا خادىملارنىڭ كىرىپ ـ چىقىشى ئۈچۈن ئېچىلغان. شامەخسۇت دەۋرىدە، تەيجى غوجام ئىشخانىسىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقان بۇ مەسچىت يېڭىۋاشتىن كېڭەيتىلىپ سېلىنغان، ئاساسىي قۇرۇلۇش يەنە بىر قەۋەت ئېگىزلىتىلىپ، شىپاڭ شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن، تۆت ئەتراپى ۋادەك ئىچىگە ئېلىنىپ، شىپاڭنىڭ ئۈستى هەر خىل گۈل نۇسخىلىرىدا سىر بىلەن سىرلانغان. تەيجى غوجام مەسچىتىدە

نامازغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان مۇقىم ئىمام، ئەزان توۋلايدىغان مەزىن ۋە ئىككى نەپەر موللا بار ئىدى. قۇمۇل ۋاڭى كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازنى مۇشۇ كىشىلەرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئوقۇيتتى.

قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ناماز ئوقۇشىنىڭ پەسىلىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كېيىنرەك، ۋاڭلىق بېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە پېژغىرىم ئىسسىق مەزگىلىدە قۇمۇل ۋاڭى ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىتتىن يەنە بىرى سېلىندى. بۇ مەسچىتنىڭ كۆلىمى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن شامال ئۆتۈشۈش شارائىتى ئىنتايىن ياخشى ئىدى.

ئوردىدىكى 3 - مەسچىت، ئوردىنىڭ شەرق تەرىپىگە سېلىنغان، كۆلىمى چوڭ بولۇپ، 300 نەچچە ئادەم ناماز ئوقۇيالايتتى. ۋاڭ ئوردىسىدىكى بارلىق خادىملار، يۇقىرىدىكى تەيجى غوجام ئىشخانىسىدىكى ئەمەلدارلاردىن تارتىپ قاراۋۇل، هارۋىكەشلەرگىچە، هەممىسى مۇشۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇيتتى.

5 - ئەۋلاد ۋاڭ ئەردەشىر ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئىدى. دەل مۇشۇنداق ئاڭ، هېسسىيات بولغاچقا، ئەردەشىر دىنىي ئەسلىهەلەرگە زور مىقداردا مالىيە كۈچى ۋە ئادەم كۈچى سەرپ قىلدى، قۇمۇل ۋاڭى نامىدىكى كۆپ سانلىق دىنىي ئەسلىهەلەر مۇشۇ دەۋردە قۇرۇلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇزاق ساقلانغىنى كونا بازاردىكى «كونا مەسچىت» دەپ ئاتىلىدىغان مەسچىت ۋە غەربىي مازار كەنتىدىكى مەسچىت ئىدى.

كونا بازار (هازىرقى شەهەر ئىچى يېزىسى) دىكى مەسچىتتە يەرلىك مۇسۇلمان ئاممىسى ناماز ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا يەنە مەدرىسىمۇ بار ئىدى. بۇ مەسچىت ئۇزلۇكسىز رېمونت قىلىپ كېڭەيتىلىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ قۇمۇل رايونىدىكى ئىناۋىتىنى باشقا مەسچىتلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.

كونا بازاردىكى مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەردەشىر يەنە خىراجەت چىقىرىپ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ

قېشىدىكى غەربىي مازار كەنتىدە كۆلىمى مىسلىسىز بىر مەسچىت سالدۇردى. ئۇنىڭ كۆلىمى ئۈچ مو بولۇپ، توسۇشقا تىرەلگەن تۈۋرۈكلەر 100 دىن ئاشاتتى، بىرلا ۋاقىتتا 3000 ئادەم ناماز ئوقۇيالايتتى. ۋاڭ ئوردىسى، بۇ مەسچىتتە روزا ھېيت بىلەن قۇربان ھېيتتىلا ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىگەنىدى. بۇنداق پۇرسەت ھەر يىلى ئىككى قېتىملا كېلەتتى. كېيىن، بۇ مەسچىت ۋاڭ جەمەتى قەبرىستانلىقىنىڭ چەكلەنگەن يېرىگە قوشۇلدى، يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتكەندە، بۇ مەسچىتنىڭ قارشى تەرىپىگە «ئۇيغۇر ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى» دىگەن چوڭ قەبرە — بىشىرنىڭ قەبرىسى قوپۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاددىي مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ بۇ مەسچىتكە كىرىش پۇرسىتى تېخىمۇ ئازلىدى.

ئوردا خىراجەت چىقىرىپ سالدۇرغان كۆپلىگەن مەسچىتلەر ئوردىغا قاراشلىق جايلارغا تارقالغان بولۇپ، مۇشۇ دەۋردە ئوردىغا قاراشلىق جايلاردىكى مەسچىتلەر 66 دىن ئېشىپ كەتكەنىدى، ھەربىر مەسچىتتە نامازغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىمامدىن بىر نەپەر، ئەزان توۋلايدىغان مەزىندىن بىر نەپەر، مەسچىتنىڭ يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىغا مەسئۇل چاكاردىن بىر نەپەر بار ئىدى.

ئىمام بىلەن مەزىن مەسچىتنىڭ دىنىي مۆتىۋەرلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتى ئوردا تەرىپىدىن بېكىتىلەتتى، چاكارنى ئىمام بىلەن مەزىن تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتەتتى. دىنىي مۆتىۋەرلەر ياكى چاكارلار بولسۇن، ۋاڭ ئوردىسى ئۇلارغا تۇرمۇش خىراجىتى بەرمەيتتى، ئۇلار باشقا يول بىلەنلا ئىقتىسادىي كىرىمگە ئېرىشەتتى.

ئوردىغا قاراشلىق جايلاردا، ئادەتتىكى ئەھۋالدا دىنىي مۆتىۋەرلەرنىڭ باشقۇرۇش خادىملىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇقى بار ئىدى.

مۇسۇلمان ئاممىسىنى ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشقا دەۋەت قىلىش — ئوردىغا قاراشلىق جايلاردىكى ھەرقايسى دىنىي مۇتىۋەرلەرنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ئىدى. ۋاقتىدا ناماز ئوقۇمىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى 39 دەررە ئۇرۇلۇشتەك تەن جازاسىغا ئۇچرايتتى. تەن جازاسى بېرىشكە ئىشلىتىلىدىغان قامچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، كەڭلىكى تۆت سانتىمېتىر بولۇپ، كالا تېرىسىدىن تۆت قات قىلىپ قاتلاپ ياسالغان.

تەكرار - تەكرار ھەم ئۇزۇلمەي داۋاملىشىدىغان ناماز ئوقۇش — «تەقدىرگە تەن بېرىش» نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ، مەقسەت — ئوردىغا قاراشلىق جايلاردىكى پۇقرالارغا ئۆزلىرىنىڭ ئېزىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغانلىق ئەھۋالىنى «تەقدىر بەلگىلىگەن» دەپ چۈشەندۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى خۇشاللىق بىلەن چىن دىلىدىن تەن ئالغۇزۇش ۋە تەقدىرگە تەن بەرگۈزۈش ئىدى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىدە، ناماز ئوقۇش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقنى باھانە قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان تەن جازالىرىنى ئۇنىڭ ئۆلچەمگە چۈشۈرمەكچى بولغىنى يالغۇز ئاددىي مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇش پائالىيىتىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئوردىغا قاراشلىق جايلاردىكى مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ رېئال ئورنىغا بولغان ئىنكارىنى ۋە قارشىلىقىنى بېسىش دەپ چۈشىنىلسە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، كۈندە بەش ۋاخ، كۈنمۇ كۈن، يىلمۇيىل ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ، بولۇپمۇ ناماز ئوقۇش جەريانىدا «تەقدىرگە تەن بېرىش» ئىدىيىسىنىڭ سىڭدۈرۈلۈشىنىڭ، ۋاڭلىقنىڭ يانچىلىق تۈزۈمىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىنى قوغداشقا قارىتا ئوينىغان رولىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ.

دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، شامەخسۇت دەۋرىدە نامازغا

ھەيدەكچىلىك قىلىش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۈرۈمچىدىكى يۈز ئابرۇيلۇق دىنىي مۆتىۋەرلەر ئالاھىدە ھەرقايسى جايلارغا ئەۋەتىلىپ، قەرەللىك، مەركەزلىك ھالدا «قۇرئان كەرىم» دىن تەپسىرلەر ئوقۇلغان. ئوسمانئاخۇن شىخابا مەسچىتىدە، ئەيساقارى ئەزەم مەسچىتىدە، ئىسھاق ئىمام غەربىي گۇمبەز مەسچىتىدە، ئابدۇ ھېكمەت ئاپپاق تۆر مەسچىتىدە، نۇر ئىمام ئۈستۈن ئايا مەسچىتىدە، ئابدۇقادىر ئەھەت شۇمشۇ مەسچىتىدە، سالىئاخۇن شىلانتۇر دېگەن يەردە، ئىبراھىمئاخۇن بۇراۋ دېگەن جايدا، ياقۇپئاخۇن كىچىك بوغاز مەسچىتىدە، ئوسمان خەلپە مۇسۇلمانلار بازىرىدىكى شەرقىي دەرۋازا دېگەن جايدا، ئابدۇرە ئوپ قارا دۆۋە دېگەن جايدا، يۈسۈپ نىيازئاخۇن لاپچۇق دېگەن جايدا، سەيدۇللائاخۇن ئاستانە دېگەن جايدا، ئىسھاق ئىمام مياۋئەرگۇ (ئاراتام)، ئېدىر، سەككىز تاش، خوتۇنتام، قارامۇقچا (يالغۇز ياغاچ)، تاراتتى، شوپۇل قاتارلىق جايلاردا، ئىلياسئاخۇن تۆمۈرتى، قوراي، نېرناسى، توشا قاتارلىق جايلاردا تەپسىر ئوقۇيتتى. ئابدۇۋاپىت داموللا بولسا نوم، ئاداق، تۇز كۆل قاتارلىق جايلاردا تەپسىر ئوقۇيتتى.

قۇمۇل ۋالى ئۈرۈمچىدىكى دىنىي ئورگاننىڭ تامامىلايدىغان يەنە بىر كۈندىلىك مەسئۇلىيىتى — مۇسۇلمان ئاياللىرىنى كەمسىتىدىغان بىر قاتار ئەمرىمەرۇپ ۋە قائىدىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىش ئىدى، مەسىلەن مۇسۇلمان ئەرلىرىنىڭ تۆت قېتىم ئۆيلىنىش ھوقۇقىنى قوغداش؛ ئاياللار باش، قول، پۇتلىرىنىڭ ھەرقانداق قىسمىنى ئەرلەرنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ كۆرسەتمەسلىك، خالىغانچە مەسچىتكە كىرمەسلىك ۋەھاكازالار.

ئۈرۈمچىنىڭ دىنىي ئورگىنىنىڭ جەمئىيەتكە پايدىلىق بىر مۇھىم خىزمىتى — ئۈرۈمچىگە قاراشلىق جايلاردىكى مۇسۇلمان ئۆسمۈرلىرىنى ئوقۇتۇش ئىشىنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

كونا بازارغا جايلاشقان كونا مەسچىتنىڭ قارىمىقىدا قۇمۇل

بويىچە تۆنجى مەدرىس تەسىس قىلىنغان. بۇ مەسچىت قارىمىقىدا مەدرىس تەسىس قىلىنغانلىقتىن، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى «كونا مەدرىس» دەپ ئاتىلاتتى. شامەخسۇت دەۋرىدە يېڭى بازاردا يەنە بىر مەسچىت سېلىندى، بۇ مەسچىتنىڭ قارىمىقىدىمۇ مەدرىس تەسىس قىلىنغان بولغاچقا، ئۇ «يېڭى مەدرىس» دەپ ئاتالدى.

بۇ ئىككى مەسچىتتە ئادەتتە 300 نەچچە ئوسمۇر ئوقۇيتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق جايلاردىن كەلگەن يۇقىرالارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن سىرت، يەنە پىچان، جىمسار، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن باللار بار ئىدى. خوجىنىياز ھاجى ئەينى چاغدا كونا مەدرىستە ئوقۇغانىدى.

ئوردىغا قاراشلىق جايلاردىكى 66 مەسچىتنىڭ ھەممىسىدە مەدرىس تەسىس قىلىنغانىدى. ئۇلار ئوسمۇرلەرگە ناماز قائىدىلىرى، ناماز ئوقۇشنىلا ئۆگىتەتتى ھەمدە ئىسلام دىنىدىن قىسقىچە ساۋات سۆزلەيتتى، بۇنىڭ بىلەن ئوسمۇرلەر مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئاساسلىق ئېتىقادىنى تىكلەيتتى.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئىككى جايدىكى مەدرىس تالىپلىرى بولسا «قۇرئان»، «ھەدىس»، «تەپسىر» قاتارلىق دىنىي ئەسەرلەرنى تولۇق ئۆگىنەتتى، بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار يەنە ئەدەبىيات، ھېساب ۋە ئىسلام دىنى تارىخىنى ئۆگىنەتتى.

ئىككى جايدىكى مەدرىستە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مۇدەررىسلىك قىلغانلار: ئابدۇۋايىت ھاجى، ئابلىمىت ھاجى، سەدەنشاھ ئەلەم، ھوشۇر قازى، نامان قازى، نىياز مۇفتىئاخۇن، يەھيا مۇفتىئاخۇن قاتارلىق 18 دىن ئارتۇق كىشى ئىدى.

ئوردا بۇ ئىككى مەدرىسكە قىسمەن خىراجەتلەرنى بېرەتتى، ئۇلارنىڭ مۇقىم 30 مو تېرىلغۇ يېرى، 15 مىڭ تۇياق قويى بار ئىدى. مەدرىسنىڭ باشقا خىراجەتلىرى تالىپلار تاپشۇرغان ئوقۇش پۇلى ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىئانىلەردىن كېلەتتى⑫.

2) ۋاڭلىقنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى

ۋاڭلىقنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى — دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - سېتىقتىن تەركىب تاپقانىدى. قۇمۇل ۋاڭلىقنىڭ ئىقتىسادىي تۈۋرۈكى بولغان يەرلەر — ئاساسلىقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنئاملىرىدىن كەلگەن. «پۈتۈن جاھاندىكى يەرلەر پادىشاھقا مەنسۇپ» دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، بۇ ئىنئام قىلىنغان يەرلەرنىڭ ئاخىرقى مۈلۈك ھوقۇقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تەۋە ئىدى. ۋاڭلىق پەقەت يۇقىرىدىكى يەرلەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىدىنلا بەھرىمەن بولاتتى. شۇڭا بۇ ئىنئام قىلىنغان يەرلەر ئادەتتە «ۋاڭلىقنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرى» دەپ ئاتىلاتتى.

ۋاڭلىقنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھەرقايسى ھۆكۈمدارلار ئىنئام قىلغان، شۇڭا قۇمۇل بوستانلىقىدا دائىرىسى، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ۋاڭلىقنىڭ پارچە - پارچە «يەرلىرى» بارا - بارا شەكىللەندى. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ۋاڭلىقنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرى ھەرگىزمۇ تەكشى ئايرىلغان، باش - ئاخىرى تۇتاش كەتكەن جۇغراپىيىلىك دائىرە ئەمەس.

دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تېرىلغۇ يەرلىرى — ۋاڭلىقنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىنىڭ ئاساسلىق قىسمى بولۇپ، شامەخسۇت دەۋرىدە، ئۇنىڭ چېكى 34 مىڭ 200 مودىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىشقا ئىشلىتىلىدىغان يەر27 مىڭ 80 مو، ياغلىق زىرائەتلىرى تېرىشقا ئىشلىتىلىدىغان يەر 2 مىڭ 20 مو ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ۋاڭلىقنىڭ تۇرپاندا يەنە 3 مىڭ مو، ئۇرۇمچىدە 150 مو تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى.

ئېنىقكى، ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىشقا ئىشلىتىلگەن يەرلەر ۋاڭلىقنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى

ئىگىلىگەن. شەھەر ئەتراپىدا ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىيدىغان 10 مىڭ موچە يەر بولۇپ، 62 كەنتكە تارقالغان. ھەربىر جايدىكى ئاشلىق زىرائىتى تېرىيدىغان يەرنىڭ كۆلىمى ئوتتۇرىچە 10 مودىن 12 موغىچە بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى يەتتە مىڭ دادەندىن ئارتۇق ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، لياۋجياۋەندە 600 مو تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى. ئۈستىن دۆربىلجىن قاتارلىق يەتتە كەنتتە، ئاشلىق زىرائىتى تېرىيدىغان 9 مىڭ 300 مو يەر بار ئىدى. نومدا ئاشلىق زىرائىتى تېرىيدىغان 400 مو يەر بار ئىدى.

ۋاڭلىقنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرى ئىچىدە، ئايتام كەنتىدىكى ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى ئەڭ كىچىك بولۇپ، بۇ يەردە ۋاڭلىققا تەۋە 80 مولا يەر بار ئىدى.

ياغلىق زىرائەتلەر ۋاڭلىقتا تېرىلىدىغان 2 ـ چوڭ زىرائەت ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاڭلىققا بىر كۇنلۇك يول كېلمەيدىغان دائىرە ئىچىگە تارقالغان بولۇپ، جەمئىي 12 جايدا يەر بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مۇسۇلمانلار بازىرىدىكى ياغلىق زىرائەت تېرىلىدىغان 444 مو يەردىن يىلىغا 100 دادەن كۇنجۇت، 120 دادەن زىغىر، 40 دادەن زاراڭزا ئۇرۇقى ئېلىناتتى.

ئۇستۇن راھەتباغ كەنتىدە ياغلىق زىرائەت تېرىيدىغان 300 مو يەر بولۇپ، يىلىغا زاراڭزا ئۇرۇقىدىن 50 دادەن، كۇنجۇتتىن 20 دادەن، زىغىردىن 80 دادەن ئىشلەپچىقىرىلاتتى.

ئاستىن راھەتباغ كەنتىدە ياغلىق زىرائەت تېرىيدىغان يەردىن 80 مو بولۇپ، يىلىغا زاراڭزا ئۇرۇقىدىن 40 دادەن ئىشلەپچىقىرىلاتتى.

ياغلىق زىرائەت تېرىلىدىغان باشقا يەرلەر ۋاڭلىقتىن يىراقراق جايلارغا تارقالغانىدى. ئاستانە — ۋاڭلىقتىن ياغلىق زىرائەتنى ئەڭ كۆپ تېرىيدىغان كەنت بولۇپ، بۇ يەردىكى 500 مو يەردىن يىلىغا 30 دادەن كۇنجۇت، 20 دادەن زىغىر، 150

دادەن زاراڭزا ئۆرۈقى يىغىۋېلىناتتى.

بۇنىڭدىن سىرت، ياغلىق زىرائەت تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 100 موغا يېتىدىغان كەنتلەردىن، ئاراتام، لياۋجياۋەن، تۇغىچى، دۆۋەجىن، شۇاڭگۇڭبېي قاتارلىق كەنتلەر بار ئىدى. ياغلىق زىرائەت تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 100 موغا يەتمەيدىغان كەنتلەردىن قارامۇقچا قارادۆۋە، جىگدە بۇلاق، تارانتى قاتارلىق كەنتلەر بار ئىدى⑬.

ياغلىق زىرائەتلەر ئىچىدە، مەھسۇلات مىقدارى 1 ـ ئورۇندا تۇرىدىغىنى زاراڭزا ئۆرۈقى، 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغىنى كۈنجۈت، ئاندىن قالسا زىغىر ئىدى. بۇلار ئەينى چاغدا ئىقتىسادىي قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىدى.

قۇمۇل بوستانلىقى تەڭرىتېغىنىڭ ئەڭ شەرقىي قىسمىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، سۇ مەنبەسى ئىنتايىن مول ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ جەنۇبى تەكلىماكان قۇملۇقىغا يېقىن بولغاچقا، سۇ ئىنشائات مۇئەسسەسەلىرى بۇ يەردە دېھقانچىلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى ئىدى.

دەل مۇشۇ سەۋەبنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋاڭلىق بىر بۆلەك ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچىنى قەتئىيلىك بىلەن سۇ ئىنشائات مۇئەسسەسەلىرىگە ئاجراتقان. ۋاڭ مەھكىمىسى بىۋاستە قازدۇرغان دېھقانچىلىق سۇ ئىنشائات مۇئەسسەسەلىرى 66 گە يەتكەن بولۇپ، ئادەتتە 66 ئۆستەڭ دەپ ئاتىلاتتى⑭. بۇ ئۆستەڭلەر — ۋاڭلىقنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى دېھقانچىلىق يەرلىرىنىڭ ئاساسلىق يۆلەنچۈكى ئىدى.

بۇنىڭدىن سىرت، ۋاڭلىقنىڭ 25 كارىزى بار ئىدى. بۇنىڭ 17 سى قۇمۇل بوستانلىقىدا، سەككىز كارىز تۇرپاندا ئىدى.

ۋاڭلىقنىڭ قۇمۇل بوستانلىقىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئۈچ كارىزى ئاستانىدىكى دېگەن جايدا ئىدى. ھەربىر كارىز بىلەن 1000 مو دىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەرنى سۇغۇرغىلى بولاتتى. باشقا

14 كارىز ۋاڭلىقنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىدىكى يەر ئۈستى سۈيى كەمچىل بولغان جايلاردا ئىدى⑮.

ۋاڭلىقنىڭ قارىمىقىدىكى كارىزلار ئادەتتە ۋاڭلىقنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىدىكى دېھقانچىلىق ئېھتىياجلىرىنى سۇغۇرۇشقىلا ئىشلىتىلەتتى، پەۋقۇلئاددە قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن يىللىرى، كارىز سۈيى ئوردىغا قاراشلىق بولمىغان جايلاردىكى دېھقانلارغىمۇ ئۆتۈنۈپ بېرىلەتتى، بۇ سۇنىڭ باھاسى ئىنتايىن قىممەت بولۇپ، ئوردىنىڭ بىر تۈرلۈك كىرىم مەنبەسىگە ئايلانغانىدى.

ۋاڭ جەمەتى ئۇيغۇرلارنىڭ باغ - ۋارانغا ئامراق ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلدى. لېكىن، كۆپ خىل ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ۋاڭ جەمەتى باغۋەنچىلىكنى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ كاتېگورىيىسىگە ئېلىپ كىرگەنىدى.

بۇ ئابزاس بايان قىلىنغان دەۋردە، ۋاڭ جەمەتىگە تەۋە 16 جايدا باغ بار ئىدى. بۇ باغلارنىڭ 15 ى قۇمۇلدا، بىرى تۇرپاندا ئىدى.

قۇمۇلدىكى 15 باغدىن ئىككىسى ۋاڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ سەيلى - ساياھەت، ئارام ئالىدىغان جايى ئىدى. بۇ ئىككى باغنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى يېڭى ئاۋات بولۇپ، كۆلىمى 30 مو كېلەتتى، باغدا ھەرخىل گۈللەر ۋە ئۈزۈم، ئالما، ئۆرۈك، چىلان قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار ئىدى. يەنە بىر باغ مۇسۇلمانلار بازىرىنىڭ شەرقىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، كۆلىمى ئىككى موچە كېلەتتى، بۇ باغ مەخسۇس ۋاڭ جەمەتىدىكىلەر ئۇچۇن نەشپۈت تىكىلىدىغان جاي ئىدى. باشقا 13 باغنىڭ ھەممىسىدىن ئىقتىسادىي كىرىم قىلىناتتى. ئاراتام بېغى بۇلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ باغ بولۇپ، كۆلىمى 300 مودىن ئاشاتتى، مېۋىلەرنىڭ ھەممە تۈرلىرى بار بولۇپ، يىلدا 3000 سەر كۈمۈشتىن 5000 سەر كۈمۈشكىچە كىرىم قىلىناتتى. باغداشتىكى باغدا ئاساسلىقى ياڭاق، جىگدە ئۆستۈرۈلەتتى، يىللىق كىرىمى 3000 سەر

ئىدى. كۆلمى ئەڭ كىچىك باغ ئايتام كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلمى بىر مولا كېلەتتى. بۇ كىچىككىنە باغدىنمۇ ھەر يىلى ئوردا ئۈچۈن ئازغىنە كىرىم قىلىناتتى.

ئوتلاق — ۋاڭلىق سۇيۇرغال يەرلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. ۋاڭلىقنىڭ ئوتلاقلىرى ئاساسلىقى شەرقىي تاغ، غەربىي تاغ، باغداش شۇنىڭدەك ئېۋىرغول تاغلىق رايونلىرىغا تارقالغانىدى. بۇ ئابزاستا بايان قىلىنغان دەۋردە، بۇ ئوتلاقلاردا ۋاڭلىقنىڭ 150 مىڭ تۇياقتا يېقىن قويى، 5500 تۇياقتىن ئارتۇق ئېتى، 7200 تۇياقتىن ئارتۇق كالىسى، 8000 غا يېقىن تۆگىسى بېقىلاتتى.

چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋاڭلىقنىڭ مۇھىم بايلىق مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەر يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى، تاشقى موڭغۇلىيىلەرگە توشۇلۇپ مالغا ئالماشتۇرۇلىدىغان قوي 30 مىڭدىن، قوي تېرىسى 10 مىڭدىن ئاشاتتى، بۇلارنى توشۇشقا 700 دىن ئارتۇق تۆگە كېتەتتى⑯.

ئامانلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ۋاڭلىق دېھقانچىلىق رايونىغا قارىغاندا ئوتلاقلارغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. سەۋەب شۇكى، ئۇزاقتىن بۇيان ۋاڭلىق بىلەن توقۇنۇش قىلغان بىر قاتار ۋەقەلەر ھەرقايسى ئوتلاقلاردىن باشلانغانىدى. تورپاق قوزغىلىڭى ئوردىنىڭ يېنىدا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ يايلاقنى بازا قىلغان. تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭچىلىرى بولسا يايلاق شارائىتىدىن تېخىمۇ پايدىلاندى. شۇڭا ۋاڭلىق ئامالىنىڭ بېرىچە ئوتلاقلارنى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىگە ئالدى ھەمدە ئوتلاقلارنىڭ باش ـ ئاخىرىنى تۇتاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئوتلاقلارنى باشقۇرۇشقا ۋە نازارەت قىلىشقا قولايلىق بولدى.

سۇ تۈگمىنى، جۇۋاز ۋە كۆن پىششىقلاپ ئىشلەش — ۋاڭلىقنىڭ ئاساسلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارمىقى ئىدى.

ۋاڭلىقنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىدە جەمئىي 18 جايدا تۈگمەن

بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇق تۈگمەن بىر بولۇپ، ۋاڭلىق قورۇسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭدا مەخسۇس ئوردا ئۈچۈن ئۇن تارتىلاتتى. باشقا 17 جايدىكى تۈگمەننىڭ ھەممىسى سۇ تۈگمىنى ئىدى. بۇ 17 تۈگمەننىڭ ئىچىدىكى بىر تۈگمەندە ئوردا ئۈچۈن ياغ تارتىلاتتى ھەمدە ۋاڭ جەمەتىدىكىلەر مىنىدىغان ئات ـ ئۇلاغلار ئۈچۈن يەم ـ بوغۇز تارتىلاتتى. باشقا جايدىكى تۈگمەنلەر ئىجارىگە بېرىلگەن بولۇپ، يىللىق ئەڭ يۇقىرى ئىجارە ھەققى بىلەن ئەڭ تۆۋەن ئىجارە ھەققى تۈگمەننىڭ ئىقتىدارى ھەمدە ئۇنىڭ قۇمۇل شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. سۇباش شامال كەنتىگە جايلاشقان تۈگمەن جۈپ تاشلىق تۈگمەن بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىگە يېقىنراق بولغاچقا، يىللىق ئىجارە ھەققى ئۈچۈن 30 دادەن بۇغداي ئېلىناتتى؛ ئېلىكتۇر كەنتىدىكى تۈگمەن بىر تاشلىق تۈگمەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇل شەھىرىگە يىراقراق بولغاچقا، يىللىق ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئۈچ دادەنلا بۇغداي ئېلىناتتى[17].

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ 16 جايدىكى ئىجارىگە بېرىلگەن تۈگمەنلەرنىڭ يىللىق ئىجارە ھەققىدىكى پەرقلەرنىڭ قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەربىر جايدىكى تۈگمەن شەرتسىز ھالدا ئوردىغا ھەر يىلى بەش توخۇ، بەش ئۆردەك تاپشۇراتتى، ھەمدە ھەربىر توخۇ، ئۆردەكنىڭ 10 ئاي تۇخۇم تۇغۇپ بېرىشى بەلگىلەنگەنىدى. مۇشۇنداق بولغاندا ھەربىر تۈگمەن ۋاڭلىققا ھەر يىلى 160 توخۇ، ئۆردەك ھەمدە 38 مىڭ 400 تۇخۇم تاپشۇراتتى.

شەھەرنىڭ شەرقىي قوۋۇقى سىرتىدا چوڭ بىر جۇۋازخانا بولۇپ، ئۇنى ئوردا بىۋاسىتە باشقۇراتتى، يىلىغا ئالتە مىڭ كىلوگرامدىن 7.5 مىڭ كىلوگرامغىچە ياغ تارتىلاتتى، ياغ شەھەردىكى ئاھالىلەرگە سېتىپ بېرىلەتتى.

ۋاگلىقنىڭ يەنە بىر قول سانائىتى كۆمۈرچىلىك ئىدى. تارانچى ئۇردىغا قاراشلىق ئىككى خاڭ بولۇپ، ئالدى خاڭ، كەينى خاڭ دەپ ئاتىلاتتى، بۇ ئىككى خاڭنىڭ يىللىق كۆمۈر مەھسۇلاتى 420 مىڭ كىلوگرام ئىدى. بۇنىڭ 140 مىڭ كىلوگرامى ئۇردىنىڭ ئىسسىنىشىغا ئىشلىتىلەتتى، قالغان 280 مىڭ كىلوگرامى بازاردا سېتىلاتتى، ھەربىر جىڭ كۆمۈرنىڭ باھاسىنى ئىككى سەر كۈمۈشتىن ھېسابلىغاندا، ئۇردا ھەر يىلى كۆمۈردىنلا بىر مىليون 720 مىڭ سەر كۈمۈش كىرىم قىلاتتى.

ۋاگلىقنىڭ بايلىقلىرىدىن يەنە ئۆي زېمىن، سودا ۋە خەزىنىسىدىكى ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار بار ئىدى.

شەھەر ئىچى — ئۇردىنىڭ ئۆي ـ زېمىنلىرى ئەڭ توپلاشقان جاي ئىدى، بۇنىڭدىن سىرت، ئۇردىنىڭ ئۈرۈمچى، بېيجىڭلاردىمۇ ئۆي ـ زېمىنلىرى بار ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مەككىدىمۇ سېتىۋالغان ئۆي ـ زېمىن بار ئىمىش.

ئۇردىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى ئۆي ـ زېمىنلىرى 800 ئېغىز بولۇپ، «ئۇردىنى مەركەز قىلىپ، بىر ئىمارەت توپى شەكىللەندى، ئۇردا ئالدىدا راۋاقلىق دەرۋازا بولۇپ، دەرۋازىنىڭ ئىچى ـ تېشىدىكى ماڭلاي ياغاچقا چىلىك سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى سوۋغا قىلغان چوڭ ئالتۇن خەتلىك تاختايلار ئېسىلغان. دەرۋازا قىزىل سىرلانغان بولۇپ، بەئەينى ئۇردا دەرۋازىسىغا ئوخشايتتى»[18].

ئۇردا سودا ـ سېتىققا سالغان مەبلىغى، بۇ ئابزاس بايان قىلىنغان دەۋردە تەخمىنەن ئالتە مىليون 500 مىڭ سەر كۈمۈش ئىدى. ۋاگلىقنىڭ قۇمۇل رايونىدىكى ۋاستىچىلىرىدىن شاھ ئەھمەد باي، ھەسەن ھاجى، قۇتلۇق ھاجى، زىكرىيە ھاجى، سىدىق ھاجى، ھىلال ھاجى، توختىۋۇچ ھاجى، مەرگەنئۇسۇ ھاجى، ۋۇ جىنگۈي (ۋۇ باش ئاقساقال دەپمۇ ئاتىلىدۇ)،

ماچاڭلىن ھاجى، ليۇ خەيچىڭ ھاجى، ئىسمايىل قىز، ئادىل ھاجى، سالمان تۆمۈر ھاجى، جى پېڭپىڭ يۈسۈپ ھاجى، ھاشىم نازارەتچى قاتارلىقلار بار ئىدى⑲.

شاھ ئەھمەد باي، ھەسەن ھاجى، ئىسمائىل قىز، سالمان تۆمۈر ھاجى قاتارلىق تۆت ۋاستىچىنىڭ سودىسىنىڭ مىقدارى ئەڭ كۆپ ئىدى. ئۇردىنىڭ ئۇ تۆت ئادەمگە سالغان مەبلىغى 8000 قۇيما يامبۇ ۋە 10 مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە (ئەينى دەۋردە تۆت سەر كۈمۈش تەڭگە بىر سەر ئاق كۈمۈشكە سۇندۇرۇپ ھېسابلىناتتى) ئىدى، ۋۇ جىنگۇي، ما چاڭلىن، ليۇ خەيچىڭ قاتارلىق ئۈچ كىشىگە سېلىنغان مەبلەغ بىر مىليون 200 مىڭ سەر تەڭگە ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇردىنىڭ قۇمۇلدىن سىرت باشقا جايلاردا سالغان سودا مەبلىغى تەخمىنەن بەش مىليون 660 مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە ئىدى.

ئوردا 300 چە تۆگىدىن تەركىب تاپقان بىر سودا كارۋىنى تەشكىللىگەن بولۇپ، بۇ سودا كارۋىنى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئۇن ئاپىرىپ، ئۇ يەرنىڭ تاۋار ـ دۇردۇن، گەزمال ۋە كۈمۈشلىرىگە ئالماشتۇرۇپ كېلەتتى. يەنە بىر 400 تۆگىدىن تەركىب تاپقان سودا كارۋىنى بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوي يۇڭى، قوي تېرىسى ئاپىرىپ، گەزمال، ئۆتۈك، ساپال، قاچا ـ قۇچا، سەرەڭگە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالماشتۇرۇپ كېلىشكە ئىشلىتىلەتتى.

ئوردا خەزىنىسىدىكى ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنىڭ سانى ھازىرغىچە بىر سىر بولۇپ كەلمەكتە. «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقى» دېگەن كىتابتا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئوردىدىكى خەزىنىدە قانچىلىك مال ـ دۇنيانىڭ بارلىقى ئېنىق ئەمەس، بىلىدىغىنىمىز، تەيجى غوجام ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تېمىغا يانداش بىر خەزىنە بولۇپ، ئۈستى قەۋەت بىلەن گەمە ئىككى

قەۋەتكە بۆلۈنەتتى، بۇ — مەخپىي ئالتۇن خەزىنىسى بولۇپ، چوڭ تەيجى يۇسۇپ باشقۇراتتى، ئىچىدە سېرىق ئالتۇن، قۇم ئالتۇن، ئالتاينىڭ قىزىل ئالتۇنى، گۇاڭدۇڭنىڭ زىخچە ئالتۇنى (ھەربىر زىخچىسى 12 سەر) ۋە ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەر بار ئىدى. يەنە بىر كۈمۈش خەزىنە بولۇپ، خەزىنىسى ئىچىگە قەۋەت ـ قەۋەت ياغاچ جاھازىلار تىزىلغان، جاھازىغا كۈمۈش، يامبۇ، ئالماس ۋە كۈمۈش پۇللار قويۇلغان ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە بىر ياقۇت خەزىنىسى بولۇپ، ئىچىدە نۇرغۇن ساپال كوزىلار بار، كوزىلارغا ھەر خىل ياقۇت، ئالماس، قاشتېشى قاتارلىق بۇيۇملار قاچىلانغان. يەنە بىر ئۈنىۋېرسال خەزىنە بولۇپ، ئىچىگە چىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى قۇمۇل ۋاڭلىرىغا ئىنئام قىلغان بۇيۇملار قويۇلغان بولۇپ، مىستىن ياسالغان ئوت كاۋىسى، گۈللۈك دەستىلىك چوڭ موي قەلەم، سۇناي، قىلىچ، قاشتېشى قاتارلىقلار بار ئىدى. يېمەكلىك خەزىنىسىدە ھەر خىل ياغاچ ساندۇقلار بولۇپ، ئۇنىڭغا تۈرلەر بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاجايىپ نازۇ نېمەتلەر، مەسىلەن دېڭىز گىياھ، كالمار بېلىقى، قۇرۇتۇلغان راك، كەترەن پارچىسى، مۇر قاتارلىقلار قاچىلانغان، يەنە ھەر خىل قىممەت باھا دورىلار، مەسىلەن ئادەمگىياھ، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، چەت ئەل ئادەمگىياھسى، شۇنىڭدەك ھەر خىل قۇرۇق مېۋە، سۇت يېمەكلىكلىرى، قەنت ـ گېزەك، ھەسەل قاتارلىقلار بار ئىدى. ئاشلىق ئىسكىلاتى چوڭ ـ كىچىك ئىككى جايدا ئىدى. چوڭ ئىسكىلات 33 ئېغىز، كىچىك ئىسكىلات 13 ئېغىز ئىدى. چوڭ ئىسكىلاتنىڭ ئاشلىقى ئىچكى قىسىمدا ئىشلىتىلەتتى، بۇنىڭ 29 ئېغىزىدا بۇغداي، تۆت ئېغىزىدا سېرىق پۇرچاق، كۆك پۇرچاق، زاراڭزا، كۇنجۇت ساقلىناتتى. كىچىك ئىسكىلاتنىڭ ئاشلىقى سىرتقا سېتىلاتتى ياكى ئىجارىگە بېرىلەتتى. ئىككى ئىسكىلاتتا ھەر يىلى 18 مىڭ

دادەن ئۆپچۆرىسىدە ئاشلىق ساقلىناتتى. ئوردىدا.ھەر خىل ئات ھارۋىسىدىن 17 سى بار ئىدى»⑳.

3) ۋاڭلىقنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى

ۋاڭلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۆزىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇلىنى كۆڭۈل قويۇپ تىكلىدى ھەمدە ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇنى تولۇقلاشتۇردى ۋە قېلىپلاشتۇردى. ئالۋان ۋە ھاشارلار ۋاڭلىقنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ئۇسۇلىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى تەشكىل قىلاتتى.

ئالۋانلار — ۋاڭلىقنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلاتتى. «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقى» دېگەن كىتابتا بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلىنغان: «يەرنى تېرىش مەسىلىسىدە، ۋاڭلىق مۇتلەق كۆپ ساندىكى يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغان بولغاچقا، ھەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە، جايلاردىكى دورغىلارغا سۇيۇرغال يەرلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى يىغىپ، ئالدى بىلەن ئوردىنىڭ يەرلىرىنى تېرىتقۇزۇشقا يارلىق چۈشۈرەتتى. زىرائەتلەر پىشقان چاغدا، ئاۋۋال ئۇلار ئوردىنىڭ زىرائەتلىرىنى يىغاتتى. ئومۇمەن ئاھالىلەرنىڭ ئوردا ئۈچۈن قىلغان بۇ ئەمگەكلىرى خالىسانە بولاتتى. ئاھالىلەر ئوردا مەھكىمىسىنىڭ يەرلىرىنى تېرىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ‹دورغا› لارنىڭ يەرلىرىنى تېرىيتتى. ھەر يىلى مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئازغىنە يەرلىرىنى تېرىشقا نۆۋەت كەلگەندە، دېھقانچىلىق ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ بولاتتى. دېھقانلار ئاشلىق تېرىسىمۇ ھەمىشە ھوسۇل ئالالمايتتى، ياكى ناھايىتى ئاز ھوسۇل ئالاتتى، شۇنداق بولسىمۇ يەنە ئوردىغا نورمال ئاشلىق تاپشۇراتتى. شۇڭا ئوردىغا قاراشلىق جايلاردىكى ئاھالىلەر يىل بويى جاپا تارتسىمۇ، قورسىقىنى

تويغۇزالمايتتى»[21].

ياڭ زېڭشىن بۇ ئەھۋاللاردىن بۇرۇنلا خەۋەر تاپقان كىشىلەرنىڭ بىرى. «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار. 2 - قىسىم» غا كىرگۈزۈلگەن «قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەمدە كەلگۈسىدە ئۇلارنى ناتوغرا يولدىن قايتۇرۇش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى تېلېگرامما» دېگەن بۆلەكتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە، دېھقانلار ئاۋۋال ئۇيغۇر ۋاڭى ئۈچۈن ئالۋان ئىشلەپ يەرلىرىنى تېرىيتتى، ئاندىن شەخسىي يېرىنى تېرىيالايتتى، كۈزلۈك يىغىم مەزگىلىدە، دېھقانلار ئاۋۋال ئۇيغۇر ۋاڭىغا ئالۋان ئىشلەپ ھوسۇلنى يىغاتتى، كېيىن ئاندىن ئۆزىنىڭكىنى يىغاتتى».

1934 - يىلى شاڭخەيدە چىقىدىغان «خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن مۇخبىرى چېن گېڭيا غەربىي يۇرتتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان چاغدا، قۇمۇلدىن ئۆتۈۋېتىپ بۇ ئىشلارنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ھەمدە خاتىرە يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇرلار يۇرتىدا كونا تۈزۈم بولۇپ، ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ ئېتىزلىقلىرىنى پۇقرالار تېرىپ ھوسۇلنى ئېلىپ بېرىدىكەن، يەنە كۈندە بىرنەچچە كىشى ئوردىغا ھاشارغا ئەۋەتىلىپ تۇرىدىكەن. ھاشارنىڭ كۆپلۈكىدىن، ئۇلار خۇددى سۇپۇرگىدەك ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ يەنە پۇقرالار شۇلىنىۋېرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاتامانلىرى، مەسىلەن ‹چوڭ تەيجى›، ‹كىچىك تەيجى›، ‹بەگ›، ‹دورغا›، ‹مۇفتى› (ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوردا ئەمەلدارلىرى) قاتارلىقلارنىڭ يەرلىرىنىمۇ پۇقرالار تېرىپ ھوسۇلنى يىغىپ بېرىدىكەن، ھەر كۈنى يەنە ھەرقايسى ئاتامانلارنىڭ ئۆيىگىمۇ بىرنەچچە ئادەم ھاشارغا بېرىپ ئىشلەيدىكەن، 1 ئاي بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەربىر ئائىلىدىكى پۇقرا ئۆزىنىڭ ئىشىنى

قىلىدىغانغا پەقەت يەتتە، سەككىز كۈنلا ۋاقىت چىقىرالايدىكەن، قالغان ۋاقىتنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر ۋاكىي ۋە ئاتامانلارغا ئىشلەيدىكەن»㉒.

بۇ خىل ئالۋان ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان دېھقانچىلىق ئائىلىلىرى 3 ـ ئەۋلاد ۋاڭ يۈسۈپ دەۋرى (1737 — 1766 ـ يىل) دە، 1900 دىن ئارتۇق تۈتۈن، 12 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىدى. 6 ـ ئەۋلاد ۋاڭ بىشىر دەۋرى (1813 — 1867) گە كەلگەندە، 10 مىڭ تۈتۈندىن ئېشىپ، 60 — 70 مىڭ ئادەمگە يەتكەن. كېيىن بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولۇپ، تۈركۈملىگەن ئاھالىلەر قېچىپ كەتكەن، بۇنىڭ بىلەن ئوردىنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىدىكى ئاھالىلەرمۇ زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەن. 1874 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قۇمۇلدا نوپۇس تەكشۈرگەن چاغدا، سۇيۇرغال يەرلىرىدىكى ئاھالىلەردىن 2 — 3 مىڭ كىشىلا قېپقالغان. 20 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئوردىنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىدىكى ئاھالىلەر كۈنسايىن كۆپىيىپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 6400 ئائىلىدىن، 33 مىڭ ئادەمدىن ئېشىپ كەتكەن㉓.

شامەخسۇتنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، ئوردىنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرى تۆت باشقۇرۇش رايونىغا بۆلۈنگەن، ئۇلاردىكى ئاھالىلەر ۋە نوپۇسنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك:

1. شەھەر سىرتى ئەتراپىدا ئالتە جاي، 4000 تۈتۈن بولۇپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە: شەھەر ئىچى كەنتىدە 500 تۈتۈن؛ ئايا كەنتىدە 600 تۈتۈن؛ دۆۋەجىن كەنتىدە 700 تۈتۈن؛ شۇمشۇك (راھەتباغ) كەنتىدە 900 تۈتۈن؛ كىچىك بوغاز كەنتىدە 500 تۈتۈن؛ چوڭ بوغاز كەنتىدە 800 تۈتۈن.

2. قارا دۆۋە دائىرىسىدە بەش جاي، 1144 تۈتۈن 7 مىڭ 200 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە: سۇمقاغۇ كەنتىدە 40 تۈتۈن؛

ئاستانە كەنتىدە 102 تۈتۈن؛ تۇغىچى كەنتىدە 102 تۈتۈن؛ لاپچۇق كەنتىدە 400 تۈتۈن؛ قارا دۆۋە كەنتىدە 500 تۈتۈن.

3. ئارا تۈرۈك دائىرىسىدە ئالتە جاي، 620 تۈتۈن، 1 مىڭ 300 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە: نوم كەنتىدە 300 تۈتۈن؛ باي كەنتىدە 50 تۈتۈن؛ ئاداق كەنتىدە 50 تۈتۈن؛ تۇخۇلۇ كەنتىدە 100 تۈتۈن؛ تۇزكۆل كەنتىدە 60 تۈتۈن؛ نىرىنكىردا 60 تۈتۈن.

4. تەگرىتاغ دائىرىسىدە 10 جاي، 685 تۈتۈن، 3 مىڭ 400 دىن ئارتۇق نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە: ئىدىر كەنتىدە 60 تۈتۈن؛ ئاراتام كەنتىدە 40 تۈتۈن؛ قارامۇقچا (يىپكشور) كەنتىدە 50 تۈتۈن؛ باغداش كەنتىدە 70 تۈتۈن؛ خوتۇنتام كەنتىدە 100 تۈتۈن؛ شوپۇل كەنتىدە 100 تۈتۈن؛ تاراتتى كەنتىدە 100 تۈتۈن؛ غۇجۇرتى كەنتىدە 30 تۈتۈن[24].

هاشار — دېھقانچىلىق هاشىرى بىلەن سۇ ـ ئىنشائات هاشىرىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئوردىنىڭ سۈيۈرغال يەرلىرىدىكى دېھقانچىلىق پائالىيىتى تۆت باشقۇرۇش دائىرىسىگە بۆلۈنگەن. شامەخسۇت دەۋرىدە بۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى (1) توختىئۇچىبېگى: مەسئۇلىيەت دائىرىسى قۇمۇل شەھەر ئەتراپىدىكى ئالتە سۈيۈرغال كەنت؛ (2) هاجى جىباقى غازى: مەسئۇلىيەت دائىرىسى سۇمقاغۇ، ئاستانە، تۇغىچى، لاپچۇق، قارادۆۋە قاتارلىق جايلار ئىدى؛ (3) ئابدۇرېھىم ئۇچبېگى، مەسئۇلىيەت دائىرىسى تەگرىتاغ رايونىدىكى 10 سۈيۈرغال كەنت؛ (4) ئابدۇنىياز ئۇچبېگى، مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئارا تۈرۈكتىكى بەش سۈيۈرغال كەنت.

ئوردا ئۆزىنىڭ سۈيۈرغال يەرلىرىنى ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىغان. بىرى ئوردىغا تەۋە ئېتىزلىقلار. ئوردىنىڭ ئېتىزلىقلىرىدىكى ھەممە تېرىلغۇ يەرلىرى ئوردا ئەۋەتكەن

كىشىلەر تەرىپىدىن تېرىلاتتى. يەنە بىر قىسمى بولسا ئۆلۈشلۈك يەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوردىنىڭ سۈيۈرغال يەرلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تېرىشىغا بېرىلەتتى.

ئوردىنىڭ ئىپتىزلىقلىرى 26 دورغىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 26 جايغا تەكشى تارقالغان. 200 مو ئاساسىي بىرلىك قىلىنغان. لېكىن تېرىلغۇ يەرلەر بىرقەدەر كۆپ بولغان چەت ـ ياقا جايلاردا ھەممىشە بۇ ساندىن ئېشىپ كېتەتتى. تېرىلغۇ يەرلەر بىرقەدەر كەمچىل بولغان شەھەر ئەتراپلىرىدا ھەممىشە بۇ سانغا يەتمەيتتى.

200 مولۇق تېرىلغۇ يەردىكى تەرتىپلىك ئەمگەك مەشغۇلاتىغا ئۈچ يىللىقچى، ئىككى كۈنلۈكچى مەسئۇل ئىدى. ئوردا 200 مولۇق تېرىلغۇ يەرگە ئۈچ جۈپ ئۆي، ئۈچ ئات، تۆت يۈرۈش سوقا ـ سۆرەم سەپلەپ بېرەتتى㉕. ئۈچ يىللىقچى، ئىككى كۈنلۈكچى، ئەسلىدە 200 مو ئىپتىزلىق ئەمگىكىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەيتتى. ئەمما، يىللىقچى، كۈنلۈكچىلەر ھەممىشە ھۇرۇنلۇق قىلىپ ئىشنى ئاقسىتىشنى ئۆزلىرىنىڭ ھالىغا بولغان ئاساسلىق قارشىلىق ۋاستىسى قىلىۋالغان بولغاچقا، ئوردىنىڭ سۈيۈرغال يەرلىرىدىكى يىللىقچى، كۈنلۈكچى ۋە ھەر خىل تېرىلغۇ ھايۋانلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن تەركىب تاپقان ئومۇمىي ئەمگەكنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. نەتىجىدە ئەسلىدە تولۇق تاماملاشقا بولىدىغان نۇرغۇن ئىپتىز ئەمگەكلىرى ئەمەلىيلىشەلمەيتتى.

بۇنىڭ بىلەن ئوردىنىڭ ئۆلۈشلۈك يېرىدە ئەمگەك قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ قەرەللىك ھالدا ئوردىنىڭ ئىپتىزلىقلىرىغا بېرىپ ھاشارغا ئىشلەيدىغان يېڭىچە ئېكسپىلاتاتسىيە ئۇسۇلى كېلىپ چىقتى. دەسلەپتە ئوردىنىڭ ئىپتىزلىقلىرىدا ھاشارغا ئىشلەش ۋاقتى ھەر ئايدا يەتتە كۈن قىلىپ بەلگىلەندى. ھاشارغا چىقىش مەزگىلىدە دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى

ئىشلىتەتتى. ئۆزلىرى ئېلىپ بارغان قۇرۇق يېمەكلىكلەرنى يەيتتى. نەتىجىدە دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈشلۈك يېرىدە دېھقانچىلىق قىلىدىغان پۇرستى تامامەن دېگۈدەك يوق بولدى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئەينى يىللاردا يۈز بەرگەن ئاكا ـ ئۇكا تورپاقلار قوزغىلىڭى ۋە تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھەر ئايدا يەتتە كۈن ھاشارغا چىقىشقا قارشى تۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ كۈرەش قىلىشىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى قىلغان. بۇ كۈرەشلەر ئارقىلىق، ھاشارغا چىقىش كۈن سانى گەرچە ئازلىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ بىر خىل ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «ھاشارغا چىقىش» — ئوردىنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىدە ئۈزلۈكسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى.

ئوردىدا دېھقانلار ئۇستىگە ئالغان يەنە بىر ھاشار — ئېرىق ـ ئۆستەڭنىڭ يېرىمى نۆۋەت بىلەن ئادالىناتتى. ۋاقىت باش كۆز مەۋسۇمىغا بېكىتىلگەنىدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭنىڭ لېيىنى ئادالايدىغان دېھقانلار قائىدە بويىچە قورال ـ سايمان، يېمەكلىكلەرنى ئۆزلىرى تەييارلاپ، ئالتە كۈندىن سەككىز كۈنگىچە ھەقسىز ئەمگەك قىلاتتى. شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ئوردا سۇ ئىنشائات ئىش ئورنىغا نازارەت قىلىشقا ئەۋەتكەن ئاتامانلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنىمۇ ھاشارغا چىققان دېھقانلار ئۇستىگە ئالاتتى. 1923 ـ يىل ئەتىيازدا، ئوردا يېڭىدىن بىر ئۆستەڭ قېزىشنى بەلگىلىدى، ئورنى سەنداۋگۇغا بېكىتىلدى. ئوردا «ياش قۇرامىغا يەتكەنلەر» دىن 4000 ئادەمنى قۇمۇل شەھەر ئەتراپى ۋە قارادۆۋە ئەتراپلىرىغا ھاشارغا ئەۋەتتى، ئوردا تۆت چوڭ ئاتامان ۋە نەچچە 10 كىچىك ئاتاماننى ئىشنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. نەچچە مىڭ ئەمگەكچى چۆللۈكتە قونۇپ، ئاچ ـ يالىڭاچ قالدى، سەللا بىھۆرمەتلىك قىلسا، ئاتامانلاردىن قامچا يېدى، نەتىجىدە ئىش ئورنىدا 100 دەك ئادەم ئۆلۈپ كەتتى، گەرچە سۇ يەرگە سىڭىپ كېتىپ، بۇ قۇرۇلۇش

پۈتۈنلەي بىكار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇردا ھېچقانداق بەدەل تۆلىمىدى㉖.

ئەڭ ئېغىر ئەمگەك — كۆمۈركان قۇدۇقلىرىدا ھاشارغا ئىشلەش ئىدى. كۆمۈركان قۇدۇقلىرىدا ھاشارغا ئىشلەيدىغان دېھقانلار ئاساسلىقى قارادۆۋىدىن باراتتى. ھاشار ۋاقتى يېرىم يىل بولۇپ، قورال - سايمان، يېمەك - ئىچمەكلەرنى دېھقانلار ئۆزلىرى ئاپىراتتى. ئۇردا كان قۇدۇقلىرىدا ھاشارغا ئىشلەيدىغان دېھقانلارنى ئىنتايىن قاتتىق باشقۇراتتى. بولۇپمۇ يېرىم يولدا ئىز - دېرەكسىز قېچىپ كەتكەن دېھقانلارنى قاتتىق جازالايتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھاشار مۇددىتىنى ئۇزارتىۋېتەتتى.

ئۇردىنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق كىرىمى، يەنە ئۇردىنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىدىكى دېھقانلاردىن ئالۋان - ياساق ئېلىش بەدىلىگە كېلەتتى. دېھقانلار بىر مو ئۇلۇشلۇك يەر ئۈچۈن بىر دادەن بۇغداي تاپشۇراتتى.

ۋاڭ ئوردىسى يەنە بەزى بەلگىلەنگەن رايونلاردىن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىغا كېرەكلىك ئوتۇن، ئوت - چۆپ قاتارلىقلارنى ئېلىشنى بەلگىلىگەنىدى. بۇ دائىرە راھەتباغدىن چوڭ بوغازغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئوتۇن كېسىش ۋە ئوت - چۆپ ئورۇش مەزگىلىدە، بۇ جايلاردىكى دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ سايمىنى بىلەن ئوتۇن كېسەتتى ۋە ئوت - چۆپ ئوراتتى ھەمدە ئۆزلىرى تەييارلىغان ھارۋا بىلەن ئوتۇن ۋە ئوت - چۆپلەرنى ئوردىغا توشۇپ ئاپىرىپ بېرەتتى. شىچېگزى، قوراي، سەنداۋگۇ، تۆمۈرتى، ئېدىر، تاراتى، باغداش، شەرقىي ئاراتام، قارامۇقچا، خوتۇنتام، شوپۇل قاتارلىق تاغلىق جايلاردىكى دېھقانلار ئوردىنى قالايدىغان ئوتۇن بىلەن تەمىنلەيتتى. سۇمقاغۇ، ئاستانە، تۇغىچى، لاپچۇق، قارادۆۋە قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلار ئوردىنى قوغۇن - تاۋۇز ۋە قۇرۇق، يېڭى مېۋە - چېۋىلەر بىلەن تەمىنلەيتتى㉗.

سۇيۇرغال يەرلەردىكى دېھقانلارنىڭ باشقا ئىككى تۈرلۈك ئىقتىسادىي يۈكى — «غەللە - پاراق ئاشلىقى» ۋە «قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاشلىقى» تەييارلاش ئىدى.
«غەللە - پاراق ئاشلىقى» — ھۆكۈمەتكە تەۋە، «قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاشلىقى» — ئوردىغا تەۋە ئىدى.
«غەللە - پاراق ئاشلىقى» ھەر يىلى 3 مىڭ دادەن ئىدى. بۇ ھەرقايسى ئائىلىلەرگە تەڭ چېچىلاتتى. ھەربىر ئائىلە ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ دادەن، ئەڭ ئاز بولغاندا بەش كۈرە تاپشۇراتتى. «قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاشلىقى» ھەر يىلى 100 دادەن ئىدى. بۇمۇ ھەربىر ئائىلىگە تەڭ چېچىلاتتى، ھەق تۆلەشكە بولمايتتى، ئاشلىق ئوردىدا ساقلىناتتى ㉘.
«قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقى» دېگەن كىتابتا، يەنە ئوردىنىڭ «غەللە - پاراق ئاشلىقى» نى تاماملاش جەريانىدىكى خىلمۇخىل قاقتى - سوقتى ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن: «قۇمۇل ۋازارىتى غەللە - پاراق سانىنى ۋاڭ ئوردىسىغا تاپشۇرۇپ بېرەتتى، ئوردا غەللە - پاراقنى ھەرقايسى جايلارغا بۆلۈپ بېرەتتى، ھەرقايسى جايلاردىكى دورغىلار ئائىلىمۇ ئائىلە مېڭىپ يۇرۇپ يىغاتتى. قۇمۇل ۋازارىتى يىغىلغان غەللە - پاراق ئۈچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا شۇ چاغدىكى بازار باھاسىنىڭ يېرىمىچىلىك ھەق بېرەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەللە - پاراق تاپشۇرغۇچىنىڭ ئۆزىگە بىۋاستە ھەق بەرمەيتتى. قۇمۇل ۋازارىتى غەللە - پاراقنىڭ پۇلىنى ۋاڭ ئوردىسىغا تۆلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئوردا يەنە ھەربىر دادەن ئاشلىقنىڭ باھاسىدىن رەسمىيەت ھەققى ئۈچۈن بىر سەر تۇتۇپ قالاتتى. جايلاردىكى دورغىلار يەنە ھەر بەش سەر كۈمۈش پۇلدىن بىر سەر خىيانەت قىلاتتى. غەللە - پاراق پۇلى دېھقانلارنىڭ قولىغا تەگكەندە، ھەربىر دادەن ئاشلىقنىڭ باھاسى تۆت سەر

كۆمۈش پۇلغىلا توختىغان بولاتتى، بۇ بازار باھاسىنىڭ $\frac{1}{3}$ ىگىلا تەڭ كېلەتتى».

ۋاڭ ئوردىسى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە، چارۋىچىلىققا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. چۈنكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كۆپلىگەن ھەربىي پائالىيەتلىرى، قۇمۇل ئەتراپلىرىدىكى چارۋىچىلىقنىڭ رولىنى ئۇزلۇكسىز كۈچەيتىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان. چارۋىچىلىقنى باشقۇرۇش مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتتا ئۇزلۇكسىز مۇكەممەللەشكەن ۋە كۈچەيگەن.

ئوردىنىڭ مال - چارۋىلىرىنى سۈيۈرغال يەرلەردىكى مالچىلار باقاتتى. قوي — ئوردا چارۋىچىلىقنىڭ ئاساسلىق تەشكىلىي قىسمى ئىدى. يايلاق كۆلىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە، ھەربىر توپ قوينىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغاندا 1 مىڭ تۇياق، ئەڭ ئاز بولغاندا، 300 تۇياق بولاتتى، ئادەتتە 300 — 500 تۇياق ئىدى. ھەربىر ساغلىقتىن يىلدا بىر تۆل ئېلىش، ھەربىر ئىركەكتىن بىر يېرىم كىلوگرام، ساغلىقتىن يېرىم كىلوگرام يۇڭ تاپشۇرۇش، ھەربىر بايتالدىن يىلدا بىر تاي ئېلىش، ھەر 10 ئىنەكتىن يىلدا سەككىز موزاي ئېلىش، ھەربىر ئىنەكتىن يىلدا يەتتە يېرىم كىلوگرام سېرىق ماي ئېلىش، ھەربىر چىشى تۆگىدىن ھەر ئىككى يىلدا بىر بوتىلاق ئېلىش، ھەربىر تۆگىدىن يىلدا ئىككى يېرىم كىلوگرام يۇڭ، تۆگە يايلىدىن ئېشىلگەن ئارغامچىدىن بەش دانە تاپشۇرۇش بەلگىلەنىدى، ئوردىنىڭ ھەممە چارۋا - ماللىرىغا ئوردىنىڭ تامغىسى بېسىلاتتى[29].

ھەر يىلى كۈزدە، ۋاڭ ئوردىسى 40 نەچچە ئەمەلدارنى ھەرقايسى يايلاقلارغا يۇقىرىقى چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتەتتى. بۇ مەزگىلدە، پوپوزا قىلىپ تارتتۇۋېلىش، ئوتتۇرىدىن نەپ ئېلىش ئۆز يانچۇقىنى تولدۇرۇشتەك شۇملۇقلار

ساناپ تۆگەتكۈسىز ئىدى. سەككىز يايلاقتىكى چارۋىچىلار ھەر يىلى بىرلىكتە يەنە ئوردىغا 160 دانە چوڭ لىم ياغاچ، 320 دانە ئاددىتىكى لىم ياغاچ، 2 مىڭ 400 دانە بادرا تاپشۇراتتى. قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۇقىرىقى ياغاچلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئىنتايىن زور ئىدى. لېكىن ئوردىنىڭ غەرىزى — بۇ بەلگىلىك مىقداردىكى ياغاچ ماتېرىياللىرى ئارقىلىق چارۋىچىلارنىڭ ئوردىغا بولغان بېقىندىلىق سالاھىيىتىنى ئىپادىلەش ئىدى. شۇڭا، چارۋىچىلىقنى نازارەت قىلىشنىڭ دەرىجىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى تاپشۇرۇش ۋاقىت چەكلىمىسى جەھەتتىن سەل - پەل بوش ئىدى.

ئوردىنىڭ تاغدىكى چارۋىچىلارنىڭ بېقىندىلىق سالاھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان يەنە بىر خىل ئۇسۇلى — ھەر يىلى كۈز پەسلىدە يايلاقلاردىكى دورغىلارغا 200 پايدىن ئوق تارقىتىپ بېرەتتى. 2 - يىلى 200 پاي ئوقنى ئالغان دورغا ئوردىغا بىر قۇلان، بىر ياۋا تۆگە، بىر چوڭ سەركە تاپشۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. بۇ ئۈچ ماللىرىنى ھەممىشە دورغا مالچىلارنى تەشكىللەپ ئوۋلىتاتتى.

تاغدىكى چارۋىچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ ئېغىر يۈك — ھەر يىلى قىشتا 50 بۇغا ئوۋلاش ھەمدە 50 يۇمران بۇغا مۈڭگۈزىنى ساق يىغىش ئىدى. بۇ ساننى توشقۇزۇش ئۈچۈن، جايلاردىكى دورغىلار تاغدىكى چارۋىچىلارنى پۈتۈن قىش تەڭرىتېغىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ بۇغا ئىزدەشكە مەجبۇرلايتتى㉚.

## 3. ۋاڭلىقنىڭ زاۋال تېپىشى

سىياسىي ئىمتىياز ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ، ۋاڭلىقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى مەيلى سەۋىيە، ياكى سۈپەت

جەھەتتىن بولسۇن، يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا روشەن سېلىشتۇرما ۋە پەرق ھاسىل قىلدى.

شامەخسۇت كىيىم - كېچەككە ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى، ئۇ ئائىلىسىدە ئارام ئېلىۋاتقاندىمۇ ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلاتتى. ياز پەسلىدە، شامەخسۇت تاۋار يەكتەك كىيەتتى، يەكتەكنىڭ دۈمبىسى ۋە مەيدىسىگە ئەجدىھانىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن. بۇ بەلگە چىڭ سۇلالىسى ئالىي دائىرىلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىجازىتى ئىدى. سىرتقا مۇراسىمغا چىققاندا ياكى ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋالغان چاغدا، تاقا شەكىللىك يەڭلىك يەكتەك كىيەتتى، يەكتەكنىڭ ئۈستىگە يەتتە ئەجدىھالىق سېرىق ماگازا كىيەتتى، بېشىغا چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ قالپىقىنى كىيەتتى، قالپاقنىڭ چوققىسىغا ياقۇت، پۆپۈك، توز پەي قادىلاتتى، بويىنىغا ئۈنچە - مەرۋايىت ئاساتتى، پۇتىغا ئوردا ئۆتۈكى كىيەتتى، بونداق سورۇنلاردا، چوڭ تەيجىدىن تۆۋەن ئەمەلدارلارمۇ چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيەتتى، پەقەت كىيىم - كېچەكنىڭ رەڭگىلا سۇس كۆك ۋە قارا رەڭدە ئىدى㉛. چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىنتايىن ئۇزاق بىر ۋاقىتقىچە، شامەخسۇت ھەمدە ئوردىدىكى تەيجىدىن تۆۋەن ئەمەلدارلار چوڭ مۇراسىملارغا قاتناشسىلا، ئاۋۋالقىدەكلا چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيەتتى. گەرچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر غەلىتە ۋە كۈلكىلىك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن شامەخسۇت ۋە ئوردىدىكى ئەمەلدارلار كېرىلىپ يۈرۈشەتتى.

ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئوردىدىكى ھەشەمەتچىلىككە ئائىت رېكورت — شامەخسۇت قىزىنى لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجىغا ياتلىق قىلغان چاغدىكى ئىسراپچىلىق بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ.

بۇ توي مۇراسىمى 1913 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن. توي ياڭزېڭشىننىڭ تېپىشتۇرۇشى بىلەن پۈتكەن. تويدىن ئىلگىرى لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجا ئانىسى ۋە بىر تۇغقان ئىنىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا 100 نەچچە ئادەم بىلەن زور مىقداردىكى سوۋغات بۇيۇملىرىنى ئېلىپ قۇمۇلغا كېلىن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن. بۇ سوۋغات بۇيۇملىرىنىڭ ئىچىدە 100 دادەن بوغداي، 100 دادەن قوناق، 50 دادەن گۈرۈچ، 180 كىلوگرام ھاراق، 200 تۇياق قوي، 100 ئات، 100 تۆگە، 3 مىڭ سەر كۈمۈش، 100 توپ رەخت، 100 بولاق قەنت بار ئىدى㉜.

لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجا قاتارلىق كىشىلەر قۇمۇلغا يېتىپ بارغان چاغدا، شا مەخسۇت چوڭ تەيجى باشچىلىقىدىكى 40 نەچچە كىشىنى كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتتى ھەمدە يول ئۈستىدە ئۆتەڭ قۇرۇپ، ئىمىن خوجا قاتارلىق كىشىلەرنى قونالغۇ بىلەن تەمىنلىدى. ئىمىن خوجا قاتارلىق كىشىلەر قۇمۇل شەھەر ئىچىدە ئوردا مۇزىكانتلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن بەش كېچە - كۈندۈز داقا - دۇمباق ئاۋازى ياڭرىدى.

كېلىن بىلەن كۆرۈشۈپ بەش ئايدىن كېيىن، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. توي ھارپىسىدا، قۇمۇل شەھەر ئىچى پانۇس ۋە رەڭدار لېنتىلار بىلەن زىننەتلەندى ، داقا - دۇمباق ئاۋازى ئۈزۈلمەي ياڭرىدى . ئوردا سۇيۇرغال يەرلەرگە ئېلان چاپلاپ تويىنىڭ ۋاقتىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بەس - بەس بىلەن ئوردىغا تويلۇق سوۋغا قىلدى . تويىنىڭ نىكاھ مۇراسىمىغا ئوردىدىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق سەدەنشاھ قاتارلىق تۆت ئاخۇن رىياسەتچىلىك قىلدى. نىكاھ مۇراسىمى ئاخىرلىشىپ بولغاندا ھۆرمەت توپىدىن توققۇزى ئېتىلدى. مۇشۇ بەلگە بىلەن شەھەرنىڭ ھەممە جايلىرىدا مەشرەپ

ئوينالدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى 15 كۈن ئىچىدە ئوردا ئەمەلدارلىرى نۆۋەت بىلەن ساھىبخان بولۇپ، يېڭىدىن توي قىلغان ئەر - ئاياللارنى زىياپەت بېرىپ كۈتتۈۋالدى، توي توپتوغرا 40 كۈن داۋام قىلدى③③. چىڭ سۇلالىسى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشى قۇمۇل ۋاڭ جەمەتىنىڭ سىياسىي مۇساپىسىدىكى بىر تەتۈر بۇرۇلۇش بولدى. ئەمما «مىنگو» بايرىقى ئاستىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەكرار - تەكرار ئالمىشىشى تۈپەيلىدىن ھەرقانداق بىر نۆۋەتلىك مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇمۇل بوستانلىقىدىكى بۇ فېئودال كىچىك قورغانغا قاراشقا چولىسى تەگمىدى. 1915 - يىلى جۇڭخۇا مىنگونىڭ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇپ بولغان يۈەن شىكەي پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈش غەرىزىدە بولدى. قۇمۇل ۋاڭ جەمەتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھ بولۇشى ئۇلارنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى ئىدى.

خەۋەر قۇمۇلغا تارقالغاندىن كېيىن، شامەخسۇت قايتىدىن روھلىنىپ، يەنە بىر قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ يۈەن شىكەيگە ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈشنى قوللايدىغانلىقىدەك پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈش قارارىغا كەلدى.

يۈەن شىكەينىڭ پات - يېقىندا پادىشاھ دەپ ئاتىلىدىغانلىق خەۋىرى ياڭ زېڭشىنغىمۇ يېڭىدىن ئىلھام ئاتا قىلدى. ئىدىئولوگىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياڭ زېڭشىن فېئودال مۇستەبىتلىكنى قوللىغۇچىلار توپىغا مەنسۇپ ئىدى. شۇڭا، مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرى پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈشنى بەس - بەس بىلەن ئەيىبلەۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان چاغدا، ياڭ زېڭشىن ئوچۇق - ئاشكارا يۈەن شىكەيگە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ پادىشاھلىق تۈزۈمىنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈشنى قوللىغان چېكرا

رايوندىكى بىرنەچچە چوڭ ئەمەلدارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، ئورتاق قىممەت قارىشى ئاساسىدا شامەخسۇتنىڭ بېيجىڭغا بېرىپ يۈەن شىكەينى زىيارەت قىلىش پىلانى ياڭ زېڭشىننىڭ پۈتۈن كۆچى بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى.

ياڭ زېڭشىننىڭ كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، يۈەن شىكەي شامەخسۇتنىڭ بېيجىڭغا بېرىش تەلىپىنى تەستىقلىدى. بۇ، شامەخسۇتنىڭ 16 ـ قېتىم بېيجىڭغا بېرىشى ئىدى. ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، بۇ قېتىم زىيارەت قىلماقچى بولغان كىشى «جۇمھۇرىيەت» نىڭ سىمۋولى — جۇڭخۇا مىنگونىڭ زۇڭتۇڭى يۈەن شىكەي ئىدى. فەن چېڭچۇ ئەپەندى بۇ قېتىم بېيجىڭغا بارغان چاغدىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. «12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شامەخسۇت قۇمۇلدىن يولغا چىقتى . ۋاڭنىڭ ئوغلى ياردەمچى دۆلەت ئەركانى نەزەر، خوشۇن زەنگىسى (تۇتۇق) ، زەنگىسى (مۇئاۋىن تۇتۇق) ، ھەرقايسىسىدىن بىر نەپەر، نېرۇ زەنگىسى (ياردەمچى ئەمىردىن) تۆت نەپەر، باشقا قاراۋۇل، ھەمرا خادىم، ھارۋىكەش، ئاشپەز بولۇپ، جەمئىي 44 نەپەر ئادەم بىللە ماڭدى. ئۇلار قېچىر ھارۋىسى ۋە ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ۋە ئاتقا مىنىپ 53 كۈن يول يۈرۈپ، مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ باردى، 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شامەخسۇت زۇڭتۇڭ يۈەن شىكەي بىلەن كۆرۈشتى. 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يۈەن شىكەي شامەخسۇتقا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات ئىنئام قىلدى، نەزەرگە بېيزى دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى يۈەن شىكەي زىياپەت راسلاپ بېيجىڭغا زىيارەت قىلغىلى كەلگەن ۋە بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان موڭغۇل، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭ، بەگلىرىنى كۈتۈۋالدى.

شامەخسۇت ۋە ئوغلى نەزەر تەكلىپكە بىنائەن زىياپەتكە

قاتناشتى. 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يۈەن شىكەي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ مۇنداق دېدى: «مەزكۇر چىنۋاڭ يىراق شىنجاڭدا تۇرۇۋاتسىمۇ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى قوۋملارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ جۇمھۇرىيەتكە ياردەم بېرىپ، پېقىر زۇڭتۇڭنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، ئۇ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي زىيارەت قىلغىلى كەپتۇ، بۇ دۆلەتنىڭ پەخرى، شۇڭا ئالاھىدە قوش مائاش بېرىپ ئۇنى تۆھپىسى ئۈچۈن تەقدىرلىدىم. 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى شامەخسۇتقا يەنە «باش جاساق قوش چىنۋاڭ» لىق ئۇنۋانى بېرىلدى㉞.

بۇ، كەڭ سىياسىي مەنپەئەت يارىتىدىغان تەدبىر بولۇپ، ئۇ يۈەن شىكەي، شامەخسۇت ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. يۈەن شىكەي مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى پەردازلىدى. شامەخسۇت مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئابرۇيىنى زورايتتى، ياڭ زېڭشىن بولسا بۇ ئارقىلىق ھەم يۈەن شىكەينىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى، ھەم شامەخسۇتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

دەل مۇشۇنداق ئاساستا ياڭ زېڭشىن بىلەن شامەخسۇتنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ قويۇقلاشتى. قۇمۇل ۋاڭ جەمەتى ياڭ زېڭشىننىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مۇھىم سىياسىي يۆلەنچۈكىگە ئايلاندى، بولۇپمۇ قۇمۇلدا ياڭ زېڭشىن قۇمۇل ۋاڭ جەمەتىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ 10 نەچچە يىلغىچە زور سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي توقۇنۇشلاردىن ساقلاندى، 1930 ـ يىلىغا كەلگەندە يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ تېنى ئاجىزلاپ كېسەلچان بولۇپ قالغان شامەخسۇت مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ بىر مۇسۇلمان ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىن شۇرېنگە خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىغا بېرىپ ھەج قىلىپ كېلىشكە قوشۇلۇشىنى ئۆتۈندى. جىن شۇرېن شامەخسۇتنىڭ يېشى چوڭ، تېنى، ئاجىز يىراققا

سەپەر قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، شامەخسۇتنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنى 1930 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى㉟، شامەخسۇت ئوردىدا كېسەل بولۇپ ئۆلدى. شامەخسۇتنىڭ دەپنە مۇراسىمى قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ 233 يىللىق تارىخىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەكس نۇرى بولۇپ قالدى. «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقى» دېگەن كىتابتا شامەخسۇتنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن چاغدىكى ئەھۋاللار بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن. «شامەخسۇت ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوردىدىكى چوڭ تەيجى ئىشلارنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلدى، دەپنە مۇراسىمىغا جەمئىي 100 مىڭ سەر كۈمۈش سەرپ قىلىندى. ئەينى چاغدا، ئۇنىڭغا 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋالغىلى، 100 مىڭ ئادەمنى بىر ئاي باققىلى بولاتتى. شامەخسۇت ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، دەرھال شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، دۇبەن مەھكىمىسى، قۇمۇلدىكى ھەرقايسى ئورگان ـ تەشكىلاتلار، ۋاڭلىققا قاراشلىق دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە تاغلىق رايونلىرىغا قايغۇلۇق ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ھەمدە نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللىدى.

ئوردا بېكىتكەن ئىككى ئاخۇن بىر بۆلۈك دىنىي كەسىپىي خادىملارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، نەزىر ـ چىراغ ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت پائالىيىتىگە تەييارلىق كۆردى. 40 توپ خەسە ۋە بەش توپ يىپەك رەختتىن قولياغلىق بەلباغ تىكىلىپ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقان بارلىق كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى. (قولياغلىق ياشنى سۈرتۈشكە ئىشلىتىلەتتى). ئوردا ھەربىر ئەمەلدارغا بىردىن خەسە بەلباغ ۋە خەسە ئاياغ تېشى تارقىتىپ بېرىلدى. 10 داموللا، ئىشاننىڭ ھەربىرىگە ئىككى كىيىملىكتىن تاۋار ئىنئام قىلىندى. قەبرىستانلىقتا ئولتۇرۇپ ۋاڭ ئۈچۈن نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزىدىغان 40 قارىنىڭ ھەربىرىگە

بىر كىيىملىكتىن تاۋار رەخت ئىنئام قىلىندى. هازا ئاچىدىغان كىشىلەرنىڭ هەربىرىگە بىر كىيىملىكتىن رەخت ئىنئام قىلىندى. يەرلىك قازغۇچىغا بىرنەچچە كىيىملىك خەسە ئىنئام قىلىندى. ئاق تىبەك ياغىچىدىن تاۋۇت ياسىغان ياغاچچىغا بىر كالا، ئىككى دادەن ئاشلىق ۋە بىر كىيىملىك تاۋار ئىنئام قىلىندى. مېيىت خەسە بىلەن ئۈچ قات ئورۇلۇپ، تاۋۇتقا سېلىندى. تاۋۇتقا ئاق تاۋار بىلەن ئورالغان 30 دانە «قۇرئان» قويۇلدى، تاۋۇتنىڭ تۆت ئەتراپى ئاق تاۋار بىلەن گۈللۈك هالقا شەكلىدە باغلاندى. مېيىت ئېلىپ مېڭىلغان چاغدا، ئەڭ ئالدىنقى رەتتە 100 ئاخۇن، ئىشانلار هازا ئېيتىپ يول باشلاپ ماڭدى، 40 قارى قىرائەت قىلىپ ماڭدى. 28 ئاخۇن قوللىرىغا «قۇرئان» ئېلىپ ماڭغاچ دۇئا قىلدى، يەنە تۆت چىشى تۆگە (بۇ چىشى تۆگىلەرنىڭ بالىسى ئايرىۋېتىلگەن بولغاچقا تۆگىلەر توختىماي بوزلايتتى) ئۇلارنىڭ كەينىدىن بوزلاپ ماڭدى. هەربىر چىشى تۆگىنىڭ ئۈستى بېشى ئاق تاۋار گۈللۈك لېنتىلار بىلەن زىننەتلەنگەن، بىر چىشى تۆگىگە ئۈچ ساندۇق «قۇرئان» ئارتىلغان، بىر چىشى تۆگىگە ئاخۇنلارغا ئىنئام قىلىنىدىغان سوۋغات بۇيۇملىرى ئارتىلغان، بىر چىشى تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى جازىغا بىر قارا مىلتىق بىر ئوقيا سېلىنغان، يەنە بىر چىشى تۆگىگە قۇرۇق مېۋە - چېۋىلەر ۋە قىزىل خالتا ئارتىلغان. (قىزىل خالتىنىڭ ئىچىگە بىرنەچچە يارماق مىس پۇل سېلىنغان) ئارقىدىن ئىككى ئالتۇن ئېگەرلىك تۇلپار ماڭدى، ئاتقا ئەگىشىپ ئوردىدىكى 300 مالاي تاۋۇتنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئارغامچا بىلەن تارتىپ ماڭدى، ئوردىدىكى هەر دەرىجىلىك بەگلەر ئارغامچا بىلەن چەتتىن تارتىپ ماڭدى، ۋاڭنىڭ ئوغلى تاۋۇتنىڭ ئالدىدىكى چىمىلدىق بىلەن مەخسۇس كىشىنىڭ هەمراهلىقىدا ماڭدى، ئەڭ ئاخىرىدا پۇقرالار ئەگىشىپ ماڭدى.

مېيىتنى ئېلىپ مېڭىش جەريانىدا يول بويى هەر خىل

قۇرۇق مېۋىلەردىن سەدىقە بېرىلدى. ھەربىر يول ئېغىزىغا كەلگەندە تەزىيە بىلدۈرۈلدى، ھەر قېتىم تەزىيە بىلدۈرگەندە بىر كالا، ئىككى قوي سويۇلدى. ئاخىرىدا بۇ چارۋا ماللار نەزىر ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

مېيىت دەپنە قىلىنىپ 40 كۈنگىچە، ئوردىدا ھەر كۈنى نەزىر ئۆتكۈزۈلدى. 3-، 7-، 40- كۈنلىرى تېخىمۇ چوڭ «نەزىر» ئۆتكۈزۈلدى. ھەر قېتىمقى نەزىرگە مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. ئوردىدا ھەممە ئادەم 40 كۈنگىچە قارىلىق تۇتتى، ھەممە جايلار خەسە بىلەن زىننەتلەندى، شاملار كېچە - كۈندۈز ئۆچۈرۈلمىدى، دۇئا - تىلاۋەت ئۈزۈلمىدى، ۋاڭ جەمەتىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى 100 كۈنگىچە قارىلىق تۇتتى، 100 كۈنگىچە ئويۇن - تاماشا قىلىش چەكلىنىپ، شۇ ئارقىلىق ماتەم بىلدۈردى»[36].

دەپنە مۇراسىمى جەريانىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ئىنچىكە تەھلىل قىلساق شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نۇرغۇن ئورۇنلاشتۇرۇشلار ۋە قۇرۇق رەسمىيەتچىلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆلچىمىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن، بولۇپمۇ تاۋۇتقا مېيىت سېلىش ۋە نەچچە يۈزلىگەن چاكار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ تاۋۇتنىڭ تۆت تەرىپىدىن ئارغامچا بىلەن تارتىپ مېڭىشى، ۋاڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ 100 كۈنگىچە قارىلىق تۇتۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىغا توغرا كەلمەيدۇ. دەپنە مۇراسىمىنىڭ پۈتكۈل تەرتىپى پۈتۈنلەي چىڭ سۇلالىسى پادىشاھ، ئەمىر، بەگلىرىنىڭ دەپنە مۇراسىمى بىلەن ئوخشاش بولغان.

بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شامەخسۇتنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن تەشكىللەنگەن بۇ قېتىمقى دەپنە مۇراسىمىنى شامەخسۇتنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلدى دېگەندىن كۆرە، بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ سادىق مۇرتى، يۈەن شىكەينىڭ

قوش چىنۋاڭنىڭ شۆھرىتى ۋە شانۇ شەۋكىتىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلدى دېگەن تۈزۈك.

## 4. «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» ئىدىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى

قۇمۇل ۋاڭلىقىنى «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» نى ئەڭ بۇرۇن تەشەببۇس قىلغان كىشى ياڭ زېڭشىندۇر. 1912 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە «قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىشنىڭ چارىسى توغرىسىدا تېلېگرامما» دېگەن تېمىدا دوكلات سۇندى. ياڭ زېڭشىن بۇ دوكلاتتا ئېنىق قىلىپ، «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» نى قالدۇق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىنىڭ يادروسى قىلدى ھەمدە «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلىدىغان» رايونلارنىڭ دائىرىسى، باج ـ سېلىق ئۇسۇلى ھەمدە يارىتىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە قارىتا، كونكرېت لايىھە ۋە قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويدى㊲.

جۇغراپىيىلىك دائىرە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياڭ زېڭشىن ئۆزى تەشەببۇس قىلغان مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلىدىغان رايونلارنىڭ دائىرىسىنى ۋاڭلىقنىڭ سۈيۈرغال يەرلىرىدىكى تاغ ئىچى بىلەنلا چەكلىدى، باشقا جايلار داۋاملىق تەۋە بولۇۋەردى. باشقىچە ئېيتقاندا، ياڭ زېڭشىن مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغان رايونلار — ۋاڭلىقنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى بولۇپ، ۋاڭلىقنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ زور قىسمىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانچىلىق

رايونلىرى بولسا مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلىدىغان دائىرىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلدى.

ياڭ زېڭشىننىڭ «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» تەشەببۇسىنىڭ باج جەھەتتىكى ئىپادىسى شۇ بولدىكى، تاغلىق جايلاردىكى ئاھالىلەر يەرلىك دائىرىلەرگە بىۋاستە باج تۆلەيدىغان بولدى. ئاندىن كېيىن، بۇ باج پۇلى قۇمۇل ۋاڭ جەمەتىنىڭ ياردەم پۇلى سۈپىتىدە يەنە ۋاڭ جەمەتىگە ئاجرىتىپ بېرىلدى. تارىخ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ جەرياندا پەقەت بىرلا رەسمىيەت كۆپەيگەندەك قىلىدۇ. لېكىن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە، بۇ مەزگىلدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈش كېرەك. يەنى تاغلىق جايلاردىكى چارۋىچىلار ۋاڭلىققا قارىمايدىغان بولدى. ۋاڭلىقنىڭ تاغلىق جايلاردىكى چارۋىچىلارغا قاراتقان خىلمۇخىل ئىمتىيازلىرى، بولۇپمۇ ئەزەلدىن قۇمۇل رايونىدىكى ئىجتىمائىي توقۇنۇشنىڭ بىۋاستە سەۋەبى بولۇپ كېلىۋاتقان ھەددىدىن تاشقىرى ئېغىر ئالۋان - ياساقلار ئۆزلۈكىدىن يوقالدى.

ئىككى ئامىل ياڭ زېڭشىننىڭ قۇمۇل ۋاڭ جەمەتىنى «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» تىكى دەسلەپكى نىيىتىنى ئۆزگەرتتى. بىرى، مەركىزىي ھۆكۈمەت تەكرار - تەكرار ئالماشقانلىقتىن، ياڭ زېڭشىننىڭ قۇمۇل ۋاڭ جەمەتىنى «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» توغرىسىدىكى تەشەببۇسىغا قاراشقا چولىسى تەگمىدى، ئىككىنچىسى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تۇراقسىز بولۇپ، كىمنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش تەس بولۇپ قالدى.

ئالدىنقىسى «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» تەشەببۇسىنى بىر ياققا قايرىپ قويىدى، كېيىنكىسى بولسا ياڭ زېڭشىننىڭ «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا

ئۆزگەرتىش» ئىرادىسىنى زور دەرىجىدە سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ياڭ زېڭشىندا قۇمۇل ۋاڭلىقى توغرىسىدا يېڭىچە پىكىر پەيدا بولدى، بولۇپمۇ، يۈەن شىكەي مەركىزىي ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى تىرىلدۈرگەن چاغدا، ياڭ زېڭشىن قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ سىياسىي رولى ۋە ئورنىغا قارىتا پۈتۈنلەي يېڭىچە باھا بەردى ۋە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ياڭ زېڭشىن قۇمۇل ۋاڭلىقىنى «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» تەشەببۇسىدىن ۋاز كېچىپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋاڭلىققا ئىنتايىن چوڭ ئىمتىياز بەردى. شامەخسۇتنى 16 - قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ مەخسۇس يۈەن شىكەينى زىيارەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، شۈبھىسىزكى، ياڭ زېڭشىننىڭ «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» مەيدانىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنىڭ مۇھىم دەلىلى.

ياڭ زېڭشىننىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىشى شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. لېكىن قۇمۇل ۋاڭلىقى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمىدى. ئەكسىچە، ياڭ زېڭشىن سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىلگىچە، بۇ ۋاڭلىق شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە پەيدا بولغان بەزى يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ، بولۇپمۇ جىن شۇرېننىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ھەمدە يۈەن شىكەي ئىنئام قىلغان «1 - دەرىجىلىك جاساق قوش چىنۋاڭ» دېگەن مەرتىۋە نامىنى داۋاملىق ساقلىدى.

قۇمۇل ۋاڭلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۈپ ئۆزگىرىش شامەخسۇت ۋاپاتىدىن كېيىن باشلاندى.

1930 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شامەخسۇت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى

ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىدە كېڭىشىش باشلاندى، شۇ ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىبات باشقارمىسىنىڭ خادىمى دىڭ چېڭجاۋ جىن شۇرېنغا بىر مەخپىي مەلۇمات سۇنۇپ، قۇمۇل ۋالىيلىقىنى دەرھال «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» ھەمدە بۇ تەدبىرنى شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل مەمۇرىي، مالىيە، چېگرا مۇداپىئەسى قاتارلىق تەرەپلىرى بىلەن باغلاش تەكلىپىنى بەردى.

بۇ جىن شۇرېننىڭ ئاخىر شىنجاڭنىڭ ھەربىي قوماندانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى قەتئىي ئىرادە بىلەن ئورۇنلاۋاتقان مەزگىل ئىدى. شۇ سەۋەبتىن چېڭجاۋ سۇنغان مەخپىي مەلۇماتنىڭ مەزمۇنى جىن شۇرېننىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جىن شۇرېن قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ قوماندانى، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە 1 - دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى ليۇ شىزېڭغا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قۇمۇل ۋالىيلىقىنى «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» ئىرادىسى بارلىقىنى بىلدۈردى. ھەمدە ليۇ شىزېڭدىن بۇ ئىش ھەققىدە ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇيرۇقنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە: «مەخپىي خەت، قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت كېسەل بىلەن ئۆلۈپتۇ، ۋالىيلىقنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەرلەرنى، خەلقنى، مەمۇرىي ئىشلارنى، باج - سېلىقلارنى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەممىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ باشقۇرۇشى ۋە يىغىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرسەك، فېئوداللىق كونا ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ خەلقنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن خالاس قىلغىلى ھەمدە مىنگونىڭ تۈزۈمىگە ماسلاشقىلى بولىدۇ. لېكىن ئىسلاھات ئىشىغا كەلسەك، خەلقنىڭ بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي قېلىشىدىن قاتتىق قورقىمەن. شۇڭا ئالاھىتەن تۆۋەندىكىچە ئىزاھات بېرىمەن: مىنگو قۇرۇلۇپ، ئىلگىرىكى بارلىق

ئىستىبدات تۈزۈملەر سۈپۈرۈپ تازىلاندى، يالغۇز قۇمۇلدىلا ئىستىبدات تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلانماقتا، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىش ۋە ئالۋان - سېلىقلار ئېغىر بولۇپ، يالغۇز بىرلا كىشىنىڭ يېنى چىڭدىلىۋاتىدۇ، ئۇ پۇقرالارنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، قۇمۇل پۇقرالىرىدا نېمە گۇناھ، نېمىشقا بۇنداق زۇلۇم بولىدۇ؛ هازىرقى جۇڭخۇا مىنگونىڭ تۈزۈلمىسىدە بۇنداق ئالاھىدە تۈزۈم بولماسلىق كېرەك، بۇ ۋاڭلىقنى مەمۇري جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىشنىڭ بىرىنچى سەۋەبى، يەنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى موڭغۇل، قازاق، خۇيزۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭ - بەگلىرى، بېيزىلىرى، بېلىلىرى پەقەت ئۇنۋان، مائاشلا ئالىدۇ، ئەمما خەلقنى، يەرلەرنى باشقۇرۇش، باج - سېلىق يىغىش هوقۇقى يوق. ئوخشاش بىر شىنجاڭدىكى ۋاڭ - بەگلەرنىڭ هوقۇق دائىرىسى شۇنچىۋالا ئوخشىمايدۇ، شىنجاڭدا ئورتاق يولغا قويۇلغان ۋاڭ - بەگلىك تۈزۈمگە ئاساسلانغاندا، قۇمۇل ۋاڭى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرۇۋالماسلىقى كېرەك، بۇ ئىككىنچى سەۋەب. مىنگو قۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى سىنىپىي تۈزۈلمە ئىسلاھ قىلىنىپ، سىياسىي تۈزۈم يوقىتىلغاچقا، بەش مىللەت بىر ئائىلە بولۇپ، هەممە خەلق باراۋەر بولدى. شىنجاڭنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى موڭغۇل، قازاق، خۇيزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق هەرمىللەت خەلقىمۇ بىردەك هالدا دۆلەتنىڭ باراۋەر مۇيەسسەر بولدى، يالغۇز قۇمۇل خەلقىلا هازىرغىچە كونا ئىستىبدات تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ، شۇڭا شىنجاڭدىكى هەرمىللەت خەلقىگە ئوخشاش، قۇمۇلمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈلمىسىگە ماسلىشىشى كېرەك، بۇ ئۈچىنچى سەۋەب. بىر ئادەم يۇقىرىدا خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، پۇقرالار تۆۋەندە ئېزىلىۋاتىدۇ، خەلقنىڭ مال - مۈلكى چەكلىك، ۋاڭنىڭ ئاچ كۆلۈكى تۈگىمىدى، نەپسى

قانىدى، خەلقنىڭ ئۆچمەنلىكى قوزغالغىلى ئۇزاق بولغان بولسىمۇ، ئەرز - شىكايەت قىلىشقا پېتىنالمايۋاتىدۇ، مەسىلەن مىنگونىڭ تۇنجى يىلى تۆمۈر خەلپە جەنۇبىي تاغدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى، بۇنىڭغا ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ ئالۋان - ھاشارلىرىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەب بولدى، ئەگەر سىياسىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلمىساق، قۇمۇل خەلقىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ، ئىلگىرىكى ۋەقەنى (تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى) نەزەردە تۇتقاندا، ئىسلاھات ئېلىپ بارمىساق بولمايدۇ، بۇ تۆتىنچى سەۋەب. مەن رەئىس قوشۇمچە باش قوماندان ھازىرقى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئالغىنىمدا، يەنە بۇرۇنقى تەرتىپ بويىچە ئىش قىلالمايمەن، بۇنداق قىلسام قۇمۇل خەلقىنى مەڭگۈ ئازابقا دۇچار قىلىپ قويىمەن، شۇڭا بۈگۈندىن باشلاپ مەمۇرىي تۈزۈمنى يولغا قويۇپ خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى قارار قىلدىم، بۇنىڭدىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭى يەنىلا كونا ئۇنۋانىنى ساقلاپ قالىدۇ ھەم شۇ بويىچە مائاش ئالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق دەرىجىدە ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بولغان غەمخورلۇقۇمنى ئىپادىلىمەكچىمەن، ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار، مەمۇرىي ئىشلار، باج - سېلىق يىغىش ئىشلىرى قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. بۇ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە پايدىلىق، ھەم خەلقنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ. بۇ توغرۇلۇق مەركىزىي ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلغان ھەمدە رەسمىي ھۆججەت شەكلىدە بېيىزى نەزەر ۋە قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئۇقتۇرۇش قىلغاندىن سىرت، مەخپىي خەت ئەۋەتتىم، ناھىيە ھاكىمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقاللىرى ئىچىدىكى يۈز ئابرۇيلۇق بىر نەچچە كىشىنى تاللاپ، مەخپىي خەتتە دېيىلگەن مەزمۇنلارنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ، بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش سەۋەبىنى ئۇلارغا بىلدۈرسۇن، شۇ چاغدىلا ئاندىن

ئۇقۇشماسلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ»㊳.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، جىن شۈرېن مەخپىي بۇيرۇقىدا تېرىكمەي - زېرىكمەي دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» تىكى تۆت تۈرلۈك سەۋەبنى شەرھلەشتىكى مەقسىتى، بۇ تەدبىرنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈش ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شامەخسۇتنىڭ چوڭ ئوغلى بېلى ئۈنۋانىغا ئېرىشكەن نەزەر 40 كۈن قارىلىق تۇتقاندىن كېيىن، 7 - ئاينىڭ بېشىدا گۇاڭدۇڭنىڭ 70 تال زىخچە ئالتۇنى (ھەربىر زىخچە ئالتۇننىڭ ئېغىرلىقى 12 سەر)، 100 دانە ئالماس، 100 پارچە گىلەم، 50 تال يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، 10 پارچە يىپەك گىلەم، 40 ئات قاتارلىق زور تۈركۈمدىكى سوۋغات بۇيۇملىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى سېتىۋېلىشقا ئۇرۇندى.

## 5. «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» جەريانىدىكى خاتالىقلار

بۇ چاغدا، جىن شۈرېن قۇمۇل ۋاڭلىقىنى «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» قارارىغا كېلىپ بولغانىدى، شۇڭا ئۇ نەزەرنىڭ سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» نىڭ كونكرېت لايىھىسىگە ئاكتىپ تەييارلىق كۆردى.

قايتا - قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق، 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، «نەزەر قوش چىنۋاڭلىق مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدەك مائاش بېرىش ھەمدە ئەھۋالغا قاراپ ئىككى سەر كۈمۈش قوشۇپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق غەمخورلۇقىنى ئىپادىلەش. ئوردىدىكى دورغاپتىن تۆۋەن

ھەرقايسى مەنسەپلەرنى بۇرۇنقى بويىچە تەسىس قىلىش. يۇقرالاردىن ئېلىنىدىغان باج - سېلىقنى قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يىغىش» دېگەن بەلگىلىمە چىقىرىلىپ بولدى㊴.

شۇنىڭدىن كېيىن، جىن شۇرېن قۇمۇل ۋاڭلىقىنى «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» رىتىمىنى تېزلەتتى ۋە سالمىقىنى كۈچەيتتى، جىن شۇرېن ئاۋۋال نەزەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇمچىدە دائىمىي تۇرۇشلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلىدى. ئارقىدىنلا يەنە ۋاڭلىقنىڭ سابىق غوجىدارى يولۋاسنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەپ ئورۇمچىگە يۆتكەپ كەلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، جىن شۇرېن ئۇ ئىككىيلەننى قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» تىكى ئاخىرقى توسالغۇ دەپ تونۇيتتى.

1931 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جىن شۇرېن قۇمۇل ناھىيىسىنى ئۈچكە بۆلۈپ، قۇمۇل ناھىيىسى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى (باش مەھكىمە ئورنى تۇغىچى)، باركۆل ناھىيىسى (باش مەھكىمە ئورنى نومدا) تەسىس قىلىپ، قۇمۇل ۋاڭلىقىنى «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» نى رەسمىي باشلىدى. ئۈچ ناھىيە تەسىس قىلىش — جىن شۇرېننىڭ قۇمۇل ۋاڭلىقىنى «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» تىكى مۇھىم قەدىمى بولدى. ئەمما ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولسا 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ بېشىدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ باش - ئاخىرىنى چۈشىنىش — كېيىنكى بىر قاتار ۋەقەلەرنى چۈشىنىشتىكى زۆرۈر كەم بولسا بولمايدىغان ھالقا بولۇپ قالدى.

ناھىيىلەرنىڭ پاسىلىنى ئايرىش — ۋاڭلىقنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىدىكى كۆپ قىسىم ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا نىسبەتەن

ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە تاقاشمايتتى. پەقەت ناھىيىلەرگە بۆلگەندىن كېيىن سىياسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاشۇ كىشىلەرلا ناھىيىلەرنىڭ پاسىلىنى ئايرىش تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلدى. زېڭ ۋېنۋۇ بۇ ئۆزگىرىشنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇنداق يىغىنچاقلىغان: «قۇمۇل، بارىكۆل، ئاراتۇرۇك ئۈچ ناھىيىنىڭ ناھىيە مەھكىمىسى 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلدى، مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) دىن ئىجارە بېجى ئېلىش ئەسلىدە 20 ـ يىلى باشلىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ناھىيىلىك مەھكىمىلەر مىنگونىڭ 19 ـ يىلى باج ئېلىش تەكلىپىنى بەردى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ بۇنى تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار قاتتىق غەزەپلەندى. ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن باشلاپ ۋاڭلىقنىڭ يەرلىرى ئېنىقلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى، ئومۇمەن قۇمۇلدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يەر تېرىشنى خالايدىغانلىرىغا ئاۋۋالقىدەك يەر تېرىشقا رۇخسەت قىلىندى، ئۇلار تېرىشنى خالىمىغان قاقاس يەرلەر خەنزۇلارنىڭ ئېچىشىغا بېرىلدى، ئەسلى خەنزۇلار يەر بېجى تۆلىشى كېرەك ئىدى، مۇسۇلمان ئاممىسى بىنەم يەرنى تېرىشقا باشلىغاندىن تارتىپلا باج تاپشۇرۇشقا باشلىدى، خەنزۇلار ئېچىشقا ئالغان قاقاس يەرلەردىن بولسا ئىككى يىل باج كەچۈرۈم قىلىندى، شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمان ئاممىسى ئادىل مۇئامىلە قىلىنمىغانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ غەزەپلەندى»[40].

«شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى جاڭ داجۇن زېڭ ۋېنۋۇنىڭ ھەق ـ ناھەق ۋە يوللۇق ـ يولسىزلىقتا بولغان قارىشىنى قۇۋۋەتلىگەن ھەمدە بەزى تەپسىلاتلار ۋە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىنى تولۇقلىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مىنگونىڭ 20 ـ يىلىغا كەلگەندە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىپ، ‹مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا

ئۆزگەرتىش، ئىشى ئاخىرلىشىپ بولدى. لۇڭ، روۋ، چېن قاتارلىقلار ئۈچ ناھىيىنى بۆلۈشۈۋالدى، بىراق يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلار پارىخورلۇق، ئاچ كۆزلۈك، زۇلۇم سېلىش جەھەتتە قۇمۇل ۋاڭى دەۋرىدىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەچكە، خەلقنىڭ ئۈمىدسىزلىكلىرى غەزەپ - نەپرەتكە ئايلاندى. ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئىلگىرى قۇمۇل ۋاڭىغا ھاشار ئىشلەيتتى، ھازىر بولسا ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرىدىغان بولدى، لېكىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۇيغۇر پۇقرالىرىدىن مىنگونىڭ 19 - يىلىدىكى غەللە - پاراقنى مەجبۇرىي يىغدى، گەنسۇدىن ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن شىنجاڭغا قېچىپ چىققان پۇقرالارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لۇڭ شيېلىن ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ بىنەم يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارغا تېرىشقا بەردى ھەمدە ئۇرۇق ئۆتنە بەردى، ھەم ئىككى يىل باجنى كەچۈرۈم قىلدى، ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى بولسا قاقاسلىقنى ئېچىشقا بۇيرۇدى(41).

جاڭ داجۈننىڭ ئاساسىي خۇلاسىسى شۇكى، جىن شۇرېننىڭ قۇمۇل ۋاڭلىقىنى «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» تىكى مەقسىتى مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) دىن بۇرۇن، ئۆلكىنىڭ ئىككى سەر بەش مىسقال پۇلىنى تيەنجىننىڭ بىر يۈەنلىك كۈمۈش تەڭگىسىگە ئالماشتۇرغىلى بولاتتى. جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ بىر يىل بولمايلا، مال باھاسى كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەشكە باشلىدى، شىنجاڭنىڭ 15 سەر كۈمۈش پۇلى تيەنجىننىڭ بىر يۈەن كۈمۈش تەڭگىسىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالدى. جىن شۇرېن ئەينى چاغدا قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈشلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئاڭلاپ، مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئۆزىنىڭ

قىلىۋېلىش غەرىزىدە بولغان. بۇ گەرچە پىتنە ـ پاسات بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇق شەپىمۇ ئەمەس»㊷.

سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ تۆۋەندىكى بايانى بىزنى جىن شۇرېنىنىڭ «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» ئارقىلىق مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ ساختىلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ: «1962 ـ يىلىدا يۈسۈپ ئىمام (62 ياش) قاتارلىقلار: ئۇيغۇر دېھقانلارغا يەر خېتى ئېلىشتا بىر مو يەرگە ئۈچ سەر تەڭگە (كۈمۈش) تۆلەشنى شەرت قىلدى، ئۇيغۇر دېھقانلار پۇل تۆلىيەلمەي كۆپ يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. بۇ يەرلەر خەنزۇ دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، يەنە ئىككى يىللىق باج كەچۈرۈم قىلىندى. شۇڭا ئۇيغۇر دېھقانلار بۇ ئادالەتسىزلىككە قاتتىق نارازى بولغان»㊸ دېگەنىدى.

بۇ زور پاكىت — ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ نۇرغۇن بايانلىرىدا ئېنىقكى قىسقارتىۋېتىلگەن. ئەمدىلا يانچىلىق تۈزۈمىدىن قۇتۇلغان سۇيۇرغال يەرلەردىكى دېھقانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۈچ سەر كۈمۈش بەدىلىگە بىرمو تېرىلغۇ يەرگە ئېرىشىشكە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى مۇتلەق يار بەرمەيتتى.

تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى، ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارمۇ قۇمۇلدىكى تېرىلغۇ يەر تالىشىش كۈرىشىگە قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئۇچۇق زومىگەرلىك تۈسىنى ئالدى㊹. شوپۇلدىكى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ باشلىقى جاڭ گوخۇ بۇنىڭ تىپىك مىسالى. «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنغان: «جاڭ فامىلىلىك جىن شۇرېنىنىڭ ‹مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش› سىياسىتىنى ئاڭلاپلا، بىردىنلا ئاساسسىز خىياللاردا بولدى، ھەتتا ۋاڭلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلۇپ بولغانلىقىنى، ھەممە يەرلەرنى خالىغان كىشىلەر ئىگىلىۋالسا

بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى. ھەتتا پالانى يەر پالانىغا مەنسۇپ، پوكۇنى يەر ماڭا مەنسۇپ دەپ ئايرىدى»㊺. تېرىلغۇ يەر ئانچە كۆپ بولمىغان شوپۇل كەنتىدە، جاڭ فامىلىكىنىڭ ئىگىلىۋالغان يېرى 100 مودىن ئېشىپ كەتتى㊻.

ئىجتىمائىي كەيپىيات بارا - بارا داۋالغۇپ، ئاخىر 1931 - يىلى ئەتىيازدا نوم دېگەن جايدا ئاشكارا ئىجتىمائىي توقۇنۇشقا ئايلاندى، نوم ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان نەچچە 10 ئائىلىلىك گەنسۇلۇق مۇساپىر — جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 1 - تۈركۈمدىكى قۇربانلىرىغا ئايلاندى㊼. ئەمما جىن شۇرېننىڭ قۇمۇل ۋاڭلىقىنى «مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش» ئىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن ۋاقىتسىز زاۋال تاپتى㊽.

## 6. شوپۇل ۋەقەسى

بۇ، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ۋەقەنى سالى ئىسىملىك بىر كىشىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

سالى ۋاڭلىقنىڭ شوپۇلدىكى دورغىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن كونكرېت مەمۇرىي ۋەزىپە — شوپۇلدىكى دېھقانلارنىڭ ئالۋان ئىشلەش ۋە ھاشارغا چىقىشىنى نازارەت قىلىش ئىدى.

دورغا — ۋاڭلىقتىكى مەمۇرىي ئاپپاراتلارنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولۇپ، ۋاڭلىقنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىنىڭ بۆلۈك - پۇچقاقلىرىغىچە تارقالغان. ھۆرمەت يۈزىسىدىن، كىشىلەر دورغا دېگەن سۆزنى بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ قالغان. شۇڭا سالىنىمۇ كىشىلەر سالى دورغا دەپ ئاتىشاتتى.

تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ قۇمۇل بوستانلىقىدىكى شەرقىي -

شىمال بۆلىكى بارغانچە تۆزلەڭلەشكەن بولۇپ، شوپۇل تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ مۇشۇ بارغانچە تۆزلەڭلىشىپ بارغان شەرقىي قىسمىنىڭ ئۇچىغا جايلاشقان.

ئىنسانلار پۈتۈنلەي ئېكولوگىيىلىك شارائىتقا تايىنىپ قاتناش ئالاقىسىنى يولغا قويغان چاغدا، شوپۇل ئۆزىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى بىلەن بۇ خىل قاتناش ئالاقىسىنىڭ مۇھىم بۆلەكلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇ، يولۇچىلار ۋە سودىگەرلەرنى زۆرۈر سۇ ۋە ئوتلاقلار بىلەن تەمىنلىگەن، شۇڭا بۇ جاينىڭ تارىخىنى خېلى يىراق ئۆتمۈشكىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ ئابزاس بايان قىلىنغان دەۋردە، شوپۇل يەنىلا قۇمۇل بوستانلىقىنى موڭغۇل يايلىقى ۋە گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىغا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئاساسلىق يوللارنىڭ بىرى ئىدى. دەل مۇشۇ سەۋەبنى كۆزدە تۇتۇپ، جىن شۇرېن قۇمۇلنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى قۇرغان چاغدا، شوپۇل — ئەڭ بۇرۇن تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلغان جايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. تەكشۈرۈش پونكىتى ئامانلىق مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، تېخىمۇ كۆپرەك سودا كارۋانلىرىدىن باج ـ ئېلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلاتتى. شوپۇلدىكى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ كونكرېت ئىش بېجىرىش ئورنى شوپۇلغا يېقىن جايلاشقان سىمپېيخۇاچۈەنگە تەسىس قىلىنغانىدى.

شوپۇلدا بۇرۇنلا كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىقتىسادىي ئۈنۈمۇ قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. نەچچە ئەۋلاد ۋاڭ ۋارىسلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، ئەردېشىر ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان دەۋرگە كەلگەندە (1820 — 1866)، ۋاڭلىق ئاخىر شوپۇل دېگەن جايدا ئۆزىنىڭ سۇيۇرغال يېرىگە ئىگە بولدى.

سالى شوپۇلدا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ۋاڭلىقنىڭ سۇيۇرغال يەرلىرىدىكى دېھقان ئىدى، شۇڭا سالى دەۋرىگە

كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ دورغىلىق سالاھىيىتىدىن ئىبارەت ئاشۇ ئازغىنە سىياسىي ئىمتىيازغا تايانمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ شوپۇلدا بىر ھاللىق ئائىلە ھېسابلىناتتى.

سالى دورغا توغرىسىدا تۇنجى بولۇپ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى زېڭ ۋېنۋۇ خاتىرە قالدۇرغان. زېڭ ۋېنۋۇنىڭ سالى توغرىسىدىكى خاتىرىسى ھەم سالى ئائىلىسىنىڭ ھاللىق ئەھۋالىنى، ھەم قۇمۇلنىڭ ئەينى چاغدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

زېڭ ۋېنۋۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇرۇن ليۇ شىزېڭنىڭ قوشۇنى قۇمۇل شەھىرىگە يېقىن جايدا تۇراتتى. ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ قارشى چىقىشىدىن قورقۇپ، ھەرقايسى تاغ ئىچىگىمۇ قوشۇن تۇرغۇزۇلدى. قوشۇنلارنىڭ ئىنتىزامى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، مەجبۇرىي ئېلىۋالىدىغان، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىغان، ئاياللارغا چېقىلىدىغان ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى، ليۇ شىزېڭ زالىم، ئاچ كۆز ئىدى. ھەر قېتىم باھانە تېپىپ ئۇيغۇرلارنى ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىشقا، ھەربىي ئات تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاپ، باج سېلىقنى ئاشۇراتتى. پۇقرالار سەللا بويسۇنمىسا دەرھال قامچا بىلەن ئۇرۇپ قىرغىن قىلاتتى. شۇڭا، قوشۇنلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات كۈنسېرى يامانلىشىپ كەتتى. قۇمۇللۇقلاردا بىر خىل ئادەت بولۇپ، بىر يىلدا ئىككى قېتىم ئۇن تارتاتتى، ئەتىيازلىقى تارتقان ئۇننى كۈز پەسلىگىچە يەيتتى، كۈز پەسلى تارتقان ئۇننى كېلەر يىلى ئەتىيازغىچە يەيتتى. بىر كۈنى تال (شوپۇل دائىرىسىدا) نىڭ دورغىسى سالى 24 دادەن بۇغداينى ئۇن تارتقۇزۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى، ئۇننى تارتقۇزۇپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئەسكەرلەر ئۇننى تارتىۋالدى، ئەسكەرلەر ئۇننى تاشقى موڭغۇلىيىگە ساتقىلى ئېلىپ

ماڭغان ئوخشايدۇ دەپ قاراپ، ئادەمنى ۋە ئۇنلارنى قوشۇن شتابىغا ئېلىپ كەلدى. ليۇ شىزېڭ سالىدىن سۇرۇشتۇردى، نەتىجىدە ئۇن ۋە ئۇن ئارتىلغان 32 تۆگىنى تارتىۋالغاندىن سىرت، يەنە 3 مىڭ سەر ئۆلكە پۇلى، 20 دادەن ئاشلىق، 20 مىڭ كىلوگىرام ئوت ـ چۆپ، 22 مىڭ كىلوگىرام ئوتۇن جەرىمانە قويدى. سالى بۇ جەرىمانىلەرنى تۆلىيەلمەي، زىنداندا ئىككى ئاي ياتتى. قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ تەيجىسى يولۋاس (ئەسلى ئىسمى ئەخلەت) ۋە ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى خوجىنىياز (مىنگونىڭ 9 ـ يىلى تۆمۈر خەلپىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە ياردەملىشىپ، قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى چىققان) ئىككى كىشى سالىغا كېپىل بولۇپ، ئۇنى ئۆيىگە قايتىپ، جەرىمانە پۇللىرىنى غەملەشكە قويۇپ بەرگۈزدى. ناھىيە ھاكىمى جاۋ فامىلىلىكمۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى. سالى ئاتقا مىنىۋېتىپ، غەزەپ بىلەن مۇنداق دېدى: «مەن قايتىپ كەلمەيمەن، قوشۇن باشلىقى بىلەن ھاكىمنىڭ قېنىنى ئىچمىسەم، مەن سالى بولماي كېتەي! » جاۋ فامىلىلىك ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى سورىۋىدى. تەرجىمان يالغان ئېيتىپ «ناھىيە ھاكىمىغا خوش دەيدۇ! »㊾ دېدى.

زېڭ ۋېنۋۇ خاتىرىلىگەن بۇ ۋەقە 1931 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يۈز بەرگەن. چۈنكى مۇشۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەرىيان بايان قىلىنغان ھەر خىل ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ باياننى ئاساس قىلغانلىقى، بۇ باياننىڭ خېلى ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

لېكىن زېڭ ۋېنۋۇ ئەپەندى «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 598 ـ بېتىدە بايان قىلغان شوپۇل ۋەقەسىنىڭ بىۋاستە سەۋەبى، يەنى جاڭ فامىلىلىكنىڭ ئۇيغۇر قىزىنى ئۆزىگە تېگىشكە زورلىغانلىقى سۆز ـ چۆچەك ۋە ئىشەنچسىز. زېڭ ۋېنۋۇ

شوپۇل ۋەقەسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن بايان قىلىشتا نوپۇزلۇق بولۇپ قالغاچقا، سۆز ـ چۆچەك ۋە ئىشەنچسىز بۇ باياننى كېيىنكىلەر تەرىپىدىن كەڭ ئىشلىتىلگەن ۋە ئېتىراپ قىلىنغان.

1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شوپۇللۇق تۆت بوۋاي شوپۇل ۋەقەسىنىڭ جەريانى ۋە تەپسىلاتىنى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا قۇمۇل ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا شوپۇل ۋەقەسىنىڭ جەريانى ۋە تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بەرگەن.

بۇ تۆت بوۋاي: ئادىلئاخۇن، سالىنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكىرى بولۇپ، سۆزلەپ بەرگەن چاغدا 81 ياشقا كىرگەن؛ توختى موللا، مۇشۇ كەنتنىڭ ئىمامى، سۆزلەپ بەرگەن چاغدا 76 ياش؛ ھاپىز سالى، سالىنىڭ ئوغلى، سۆزلەپ بەرگەن چاغدا 72 ياش؛ پازىل بوۋا، ئازادلىقتىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ كادىرى بولغان، ھازىر پېنسىيىدە بولۇپ، سۆزلەپ بەرگەن چاغدا 68 ياش.

ھېسابلاپ كۆرسەك، 60 يىل ئىلگىرى شوپۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەن چاغدا، ئادىلئاخۇن 20 ياشقا، توختى موللا 15 ياشقا، ھاپىز سالى 11 ياشقا، پازىل بوۋا يەتتە ياشقا كىرگەن بولىدۇ. يېشى ئەڭ كىچىك بولغان پازىل بوۋىنى ئېلىپ ئېيتساق، يەتتە ياشلىق بالىنىڭ ئەقلى بىلەن ئۆزى ئەينى چاغدا كۆرگەن ئەھۋاللارنى تولۇق سۆرەتلەپ بەرگەن.

قۇمۇل ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىن ئابدۇراخمان ۋەلى، شىلڭ جيەنلى، ھاپىز سېيىت قاتارلىق كىشىلەر «1931 ـ يىلىدىكى شوپۇل ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە جەريانى ئۈستىدە تەكشۈرۈش» دېگەن تېمىدا يۇقىرىقى تۆت بوۋاينىڭ بايانلىرىنى خاتىرىلىۋالغان. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بايانلىرىنى تولۇقى بىلەن بېرىمىز:

«1931 ـ يىلى ئەتىيازدا (4 ـ ئايلاردا)، شوپۇل

سىمبىيخۇاچۇەنگە جايلاشقان تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ باشلىقى جاڭ گوخۇ شوپۇلدىكى سالى دورغىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بىز شوپۇلدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئەسكەر تولۇقلىيالمىدۇق دېدى، ھەمدە سالى دورغىنىڭ ئىككى قىزىنىڭ بىرىنى (بىرىنىڭ ئىسمى لەيلىخان، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى گۈۋارخان ئىدى) خوتۇنلۇققا ئالىمەن، دەپ داۋراڭ سالدى. شۇ چاغدا سالى دورغا جاڭ گوخۇ بىلەن تىللىشىپ كەتتى. سالى دورغىنىڭ ئايالى ئېرىنى تارتىپ تۇردى. جاڭ گوخۇ ئاچچىقلانغان ھالدا كېتىپ قالدى. ۋەقەدىن كېيىن، سالى دورغا شوپۇلدىكى ئاممىغا جاڭ گوخۇ ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتىدىكەن، تېخى ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى ئىمىش، بىزنىڭ كۈن كەچۈرىدىغان يولىمىزمۇ قالماپتۇ، دېدى. ئارقىدىنلا ئۇ كۆپچىلىك بىلەن جاڭ گوخۇنىڭ تەكشۈرۈش پونكىتىنى يوقىتىش ئىشىنى مۇزاكىرىلەشتى. كۆپچىلىك قوشۇلغاندىن كېيىن، ھەرىكەتلىنىشتىن ئىلگىرى تال تېغىدا نەزىر قىلدى. ھەمدە شۇ كۈنىلا شوپۇللۇق چارۋىچىلار (ئەينى چاغدا شوپۇلدا 42 ئائىلىلىك ئۇيغۇر چارۋىچى بار ئىدى) دىن 40 يىگىت تاللىنىپ، سالى دورغا بىلەن بىللە سىمبىيخۇاچۇەنگە قاراپ يولغا چىقتى. تال تېغى بىلەن سىمبىيخۇاچۇەننىڭ ئارىلىقى 50 چاقىرىم كېلەتتى، قاراڭغۇ چۈشكەن چاغدا، سالى باشلاپ ماڭغان بۇ 40 نەپەر يىگىت سىمبىيخۇاچۇەنگە يېتىپ باردى. تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ خادىملىرى چېدىر ۋە گەمىلەردە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. سالى دورغا يىگىتلەرنى بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلگەندىن كېيىن ھەرىكەتنى باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن قاراۋۇلنى ئۆلتۈردى، ئارقىسىدىن كەلگەن يىگىتلەر گەمە ۋە چېدىرلارنى سىلاپ يۈرۈپ ئاۋۋال مىلتىق ئوغرىلاپ چىقتى، ئارقىدىنلا چېدىرنى كېسىپ يىقىتىپ، توقماق بىلەن گەمە ۋە چېدىرلاردىكى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى ھەمدە 20 دانە قارا مىلتىق ۋە بىر قارا ئاتنى قولغا

چۈشۈردى. يالغۇز جاڭ گوخۇلا قېچىپ سىمبىخۇاچۈەن
تەكشۈرۈش پونكىتىغا يېقىن جايدا تۇرغان كارۋانلارنىڭ
تۆگىلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، تۇتۇلماي قېچىپ كەتتى.

سالى دورغا ئادەم باشلاپ بېرىپ تەكشۈرۈش پونكىتىنى
يوقىتىۋەتكەندىن كېيىن، شوپۇلغا قايتىپ كېلىپ دەرھال
قۇمۇلدىكى 12 تاغ (قۇمۇل ۋە ئارا تۈرۈكتىكى تاغلىق كەنتلەر)
قا خەت ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى مەلۇم قىلدى ھەمدە
ئۇلارنىڭمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ ئۆز يەرلىرىدىكى تەكشۈرۈش
پونكىتلىرىنى يوقىتىپ، قورال - ياراغلارنى تارتىۋالغاندىن
كېيىن دەرھال شوپۇلغا كېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئارقىدىنلا، ئارا
تۈرۈكتىمۇ تەكشۈرۈش پونكىتىنى يوقىتىش ۋەقەسى يۈز بەردى.
ھەرقايسى جايلار ھەرىكەتكە كېلىپ ئۆز جايلىرىدىكى تەكشۈرۈش
پونكىتلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ھەممىيلەن شوپۇلغا يىغىلدى.
ئەينى چاغدا، شوپۇلغا كەلگەن دورغىلار ئىچىدە ئارا تۈرۈكتىن
ئابدۇنىياز مىراپ، نومدىن سالى دورغا، ئىبدىردىن ئابدۇرېھىم
دورغا، خوتۇنتامدىن سوبۇر دورغا، غەربىي تاغدىن خوجىنىياز
ھاجى قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. خوجىنىياز ھاجى ئالتە ئادەم
ۋە مىلتىق ئالغاچ كەلگەنىدى.

شوپۇل ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 5 - ئايدا
قۇمۇلدىكى جۇ تۈەنجاڭ قىسمىنى باشلاپ تاغقا كىرىپ،
تاشۋىلىقتىكى بەيشەن، چىڭشەنزى دېگەن جايلاردا قوزغىلاڭ
كۆتۈرگەن چارۋىچىلار بىلەن بىر قەپەس ئۇرۇش قىلدى. بۇ
قېتىمقى جەڭدە ھەر ئىككىلا تەرەپتە ئۆلۈش، يارىلىنىش بولدى.
شوپۇللۇق خوجا موللا بۇ قېتىمقى جەڭدە قۇربان بولدى.
قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقان چارۋىچىلار ئالتە دانە قارا مىلتىقنى
قولغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەغلۇپ بولدى. ئۇزاق
ئۆتمەي، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرى خوتۇنتامدا يىغىن
ئاچتى. يىغىندا ئىبدىرلىق ئابدۇرېھىم دورغا شوپۇللۇق سالى

دورغىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق بۇ ئىشنى تۈگەتسەك، بىز كۆپچىلىكمۇ تىنچ ـ ئامان بولاتتۇق، دەپ تەكلىپ بەردى. لېكىن غەربىي تاغلىق خوجىنىياز ھاجى بۇ پىكىرگە قوشۇلماي، «ئەگەر بۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار، بىز ھەممىمىز تۈگىشىمىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، كۆپچىلىك ئابدۇرېھىم دورغىنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىدى».

تەكشۈرۈش جەريانىدا، بۇ ياشانغان كىشىلەر بەزى كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان شوپۇل ۋەقەسى جەريانىدا ئىمىن ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ يېڭىدىن تويى بولغان كېلىن قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ جاڭ گوخۇنى ئۆلتۈرگەنلىك ئىشنى سۆزلىگەن چاغدا، بۇنداق ئىشنىڭ بولمىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئېيتىشتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئەينى چاغدا شوپۇلدا ئىمىن ئىسىملىك ئادەممۇ يوق ئىكەن[50].

بۇ 1 ملىڭ خەتتىن ئاشىدىغان تەكشۈرۈش خاتىرىسىدە شوپۇل ۋەقەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى مۇھىم نۇقتىلار: (1) جاڭ فامىلىلىك كېپىل بىلەن تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان سالىنىڭ لەيلىخان ۋە گۈۋارخان دېگەن ئىككى قىزىنىڭ بىرىنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولمىغان؛ (2) سالى 40 نەپەر ياشنى باشلاپ تال تېغىدا «نەزىر» ئۆتكۈزۈپ قۇربان بولىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئاۋۋال تەزىيە بىلدۈرگەن، شۇ ئارقىلىق ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن، ئۇدۇل سىمبېخۋاچۈەن تەكشۈرۈش پونكىتىغا بېرىپ، شۇ جايدىلا قاراۋۇللارنى ئۆلتۈرگەن ھەمدە 20 دانە قارا مىلتىق ۋە بىر ئاتنى قولغا چۈشۈرۈپ، توغ كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن؛ (3) قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، سالى ئەمەلىيەتتە قوزغىلاڭچىلارنىڭ يول باشچىسى بولۇپ، 12 تاغلىق كەنتنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى شوپۇلغا تەكلىپ قىلىپ، قوزغىلاڭ ئۈستىدە

كېڭەشكەن؛ (4) قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىم تۇنجى قېتىم شوپۇلغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرى خوتۇنتامدا باش قوشۇشقان، يىغىندا پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلۈپ، ئىختىلاپنى ئېبدىرلىق ئابدۇرېھىم دورغا پەيدا قىلغان. بۇ ئابدۇرېھىم دورغا دېگەن كىشى سالىنى قۇمۇل يەرلىك دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ھۆكۈمەت بىلەن قايتىدىن يارىشىپ قېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ (5) بۇ تەكلىپ خوجىنىياز قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغاچقا، قوزغىلاڭ ۋاقىتسىز ئاخىرلىشىشتىن ساقلىنىپ قالغان ھەمدە خوجىنىياز قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئوبرازىنى تىكلىگەن.

**پايدىلانمىلار**

① ليۇ جىنشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (1 ـ قىسىم)، 505 ـ بەت.

② قۇمۇل ج خ باشقارمىسى تۈزگەن «قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار» ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر تەمىنلىگەن تەپسىلاتلارغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنىدىكى يولداش ۋاڭ شۇلى 1978 ـ يىلى رەتلىگەن تەكشۈرۈش دوكلاتى «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقى»، 43 ـ بەت، مەزكۇر تەتقىقات ئورنى باستۇرغان «شىنجاڭ دىن تەتقىقاتى» 1 ـ توپلام.

③ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 607 ـ جىلد، 608 ـ جىلد، 609 ـ جىلد.

④ «ئۇيغۇر تارىخى» (1 ـ قىسىم)، 510 ـ بەت.

⑤ «چىڭ شۈەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 114 جىلد.

⑥ «چىڭ شۈەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 122 ـ جىلد.

⑦ جوڭ فاڭ: «قۇمۇل تەزكىرىسى»، 51 ـ جىلد.

⑧ «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 111 ـ جىلد.

⑨ «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقى»؛ فەن چېڭچۈي يازغان: «قۇمۇل قارام ۋاڭىنىڭ خانىنى

زىيارەت قىلىش خاتىرىسى»، سۇچيەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «كوئىنلۇندا قاشتېشى قېزىش خاتىرىسى» گە قاراڭ. شاڭخەي كىتابخانىسى 1993 - يىل 7 - ئاي نەشرى.

⑩ يۇقىرىدىكى نەقىللەر «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقى» دېگەن ماقالىدىن ئېلىندى.

⑪ ئىمنوپ ئېلاخۇن: «سۇرگۈن قىلىنىـــدىغان جاي — نوم»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 15 - سان، 159 - بەتلەر.

⑫ «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىــــرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقى»، 11 — 13 - بەتلەر.

⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 21 - بەت.

⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 17 - بەت.

⑮ يۇقىرىقى كىتابقا قاراڭ، 22 - بەتتىكى باھاغا سۈندۇرۇپ ھېسابلاش.

⑯ يۇقىرىقى كىتابقا قاراڭ، 24 - بەت.

⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 23 - بەت.

⑱ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑲ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑳ يۇقىرىقى كىتاب، 25 - بەت.

㉑ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

㉒ چېن گېڭيا تۈزگەن: «غەربىي شىمالنى كۆزدىن كەچۈرۈش خاتىرىسى»، 349 - بەت، شاڭخەي خەۋەرلەر گېزىتى يۈرتى مىنگونىڭ 25 - يىلى 10 - ئاي نەشرى.

㉓ «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىــــرلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمرانلىقى»، 20 - بەت.

㉔ يۇقىرىقى كىتاب، 20 - بەت.

㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 28 - بەت.

㉖ يۇقىرىقى كىتاب، 27 - بەت.

㉗ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

㉘ يۇقىرىقى كىتاب، 25 - بەت.

㉙ يۇقىرىقى كىتاب، 25 — 29 - بەتلەر.

㉚ يۇقىرىقى كىتاب، 29 - بەت.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 25 ـ بەت.

㉜ يۇقىرىقى كىتاب، 32 ـ بەتنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھتا مۇنداق دېيىلگەن: سېلىــشتۇرۇدىغانغا ئەمەلىــي ماتېرىيال بولمىغاچقا، پايدىلىنىش ئۈچۈن مۇشۇ ئىزاھ بېرىلدى.

㉝ يۇقىرىقى كىتاب، 32 — 33 ـ بەتلەر.

㉞ فەن چېڭچۈ يازغان: «چىڭ دەۋرىدىكى قارام ۋاڭلار مىنگونىڭ يېڭى ئاقسۆڭەكلىرى»، «كوئىنلۇندا قاشتېشى قېزىش خاتىرىسى»، 5 — 6 ـ بەتلەر.

㉟ «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە)، 617 ـ بەت.

㊱ «قۇمۇل ۋاڭىنىــڭ ھاكىــمىــيەت بىــلەن دىن بىرلەشتۇرۇلگەن ھۆكۈمرانلىقى»، 33 — 34 ـ بەت.

㊲ «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»، B قىسىم، 12 ـ بەتنىڭ ئۈستى.

㊳ ئەسلى ئۈرىگىنالى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ يۇرتىدا ساقلانماقتا.

㊴ «قۇمۇل ۋاڭىنىــڭ ھاكىــمىــيەت بىــلەن دىن بىرلەشتۇرۇلگەن ھۆكۈمرانلىقى»، 39 ـ بەت.

㊵ جىن شۇرېن: «نوتا» (دىپــلومــاتــىك ھــۆججەت)، 1930 ـ يىل 7 ـ ئاي، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە سىياسىي، ئىجتىمائىي تارىخى» دىن ئېلىنغان نەقىل، 183 ـ بەت.

㊶ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 3 ـ قىسىم، 135 ـ بەت، 2 ـ ئىزاھ.

㊷ زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، 596 — بەتلەر.

㊸ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 2735 ـ بەت.

㊹ يۇقىرىقى كىتاب، 2732 ـ بەت.

⑮ سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «كـۆزقـاراش ۋە تەكلىپ — ‹شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى› نىڭ 3 - قىسمىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىرات»، شاپىگراف نۇسخىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانماقتا.

㊻ ليۇ يىگلىن: «ئىككى قېتىملىــق ‹مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش› نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالــى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» قاراڭ، 6 - توپلام.

㊼ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقـۇنـلـۇق 70 يىلى»، 2738 - بەت.

㊽ يۇقىرىقى كىتاب، 2740 - بەت.

㊾ چېن گېڭيا: «غەربىي شىمالنى كۆزدىن كەچۈرۈش خاتىرىسى» 350 - بەت.

㊿ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، 596 — 597 - بەتلەر.

㊽ 1994 - يىلى 9 - ئايدا، مەن (ليۇ زىشياۋ) قۇمۇلغا بېرىپ شوپۇل ۋەقەسىنى تەكشۈرگەن چېغىمدا ھەيرانلىق بىلەن شۇنى سەزدىمكى، ئىلگىرىكى بايانلار بىلەن شاھىت كىشىلەرنىڭ بايانلىرى ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار ئىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي، مەن قۇمۇل ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى بىرنەچچە يولداش 1991 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تاماملىغان بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىنى قولغا چۈشۈردۈم. ئۇلار تەكشۈرۈش دوكلاتىدا مۇنداق شەرھلىگەن: «1931 - يىل 4 - ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى تاشۇلىق، شوپۇل دېگەن جايلاردا دېھقانلار قوزغىلىڭـى يۈز بەرگەنىدى، بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە جەريانى ھەققىدە ھەر خىل كىتاب، ژۇرناللاردا يېزىلغان ماتېرىياللار بىردەك ئەمەس، كۆزقاراشلار ھەر خىل. شۇ سەۋەبتىن، بىز شوپۇلغا بېرىپ شۇ جايدىكى 70 ياشتىن ئاشقان بىر قىسىم ئەھۋالنى بىلىدىغان كىشىلەرنى تېپىپ، بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش

سەۋەبى ۋە جەريانىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈق».

1994 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ليۇ زىشياۋ قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قادىر ئابلىز بىلەن بىللە ئەينى يىللاردا قۇمۇل قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئابدۇۋەلى ئىسھاقنى زىيارەت قىلغان چاغدا، ئۇمۇ شۇ مەزمۇننى سۆزلەپ بەردى؛ ليۇ يىگىلىن: «ئىككى قېتىملىق ‹مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش› نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ، 172 — 173 ـ بەتلەر.

# ئون ئىككىنچى باب قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى

## 1 ـ بۆلۈم خوجىنىياز ھاجىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ①

1931 ـ يىلى قومۇلدا پارتلىغان ئۇيغۇرلار قوزغىلىڭى 20ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىن شۇرېن چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىنىڭ دەسلەپكى ساداسى ۋە ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ قالدى. خوجىنىياز قومۇل ئۇيغۇرلىرى قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى.

خوجىنىيازنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئىمىن نىياز. خوجىنىياز قوزغىلاڭچىلارنىڭ داھىيسى بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭ ئادەت ئىسمىنى بىۋاسىتە ئاتىماي، ئۇنىڭ «ھاجى» لىق سالاھىيىتىنى قوشۇپ خوجىنىياز ھاجى دەپ ئاتايدىغان بولدى، كېيىنرەك «ھاجى» سۆزىنىڭ كەينىگە I ـ شەخس بىرلىكىنى ئىپادىلەيدىغان «م» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ «ھاجىم» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى.

### 1. خوجىنىيازنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى

قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا خوجىنىياز ئۇستىدە گەپ

بولغاندا، ئۇلار گەپنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دادىسى ئىمىن نىيازدىن باشلايدۇ.

ئىمىن نىيازنىڭ پۈتكۈل ئۆمرى تاراتتى تاغلىق رايونىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىدا ئۆتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ 500 تۇياق «تۆمۈر قوي» نى باقاتتى. بۇ قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قۇللۇق تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ بىر خىل شەكلى ئىدى. ۋاڭلىق، 500 تۇياق «تۆمۈر قوي» كۆپەيمەيدۇ، ئازايمايدۇ، ھەر يىلى نىسبەت بويىچە ئاشقان قىسمىنى ئىجارە ھەققى قىلىپ يىغىۋالىدۇ، دەپ بەلگىلىگەن. ئىمىن نىيازنىڭ مۇھەممەد نىياز دەيدىغان بىر دوستى بولۇپ، ئۇمۇ ۋاڭلىقنىڭ 500 تۇياق «تۆمۈر ئېتى» نى باقاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىككىيلەنمۇ قويۇق باردى - كەلدى قىلىشىپ تۇراتتى.

ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغى ئەڭ شەرق تەرەپتىن ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەپ، قۇمۇل بوستانلىقى ۋە باركۆل يايلىقىنى ئۆزىنىڭ جەنۇب - شىمال ئىككى تەرىپىگە ئېلىپ، تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تەبىئىي مەنزىرىنى ھاسىل قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شىمالى باركۆل يايلىقى بىلەن تاغ ئورمانلىرىنىڭ تۇتىشىدىن ھاسىل بولغان تاغلىق چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە تۈزلەڭلىك چارۋىچىلىق مەيدانى ئىدى. جەنۇبىي تەرىپىدە تاغ بىلەن بوستانلىق ئارىسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن بىپايان چۆل بولۇپ، روشەن ئېكولوگىيىلىك تۈزۈلمىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇراتتى. لېكىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جىلغىلار ئىنتايىن ياخشى تاغلىق چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى بۇرۇندىنلا قانۇنلۇق، قانۇنسىز يوللار بىلەن چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئىگە بولۇۋالغان. بوستانلىقتىكى كىشىلەر قۇمۇل شەھىرىنى مەركەز قىلىپ تەڭرىتېغىنىڭ ئەڭ

شەرقىي بۆلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى شەرقىي تاغ ۋە غەربىي تاغ دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. تاراتتى كەنتى غەربىي تاغقا جايلاشقان، بۇ يەرنىڭ سۇ ۋە ئوت - چۆپلىرى مول، ئورمانلىرى قويۇق، تاغ ئارىسىدىكى كۆچ يولى شەرقتىن غەربكە تاراتتى كەنتىنى كېسىپ ئۆتەتتى، شەرق تەرىپى قۇرلۇق، ئورانبۇلاق كەنتلەرگە تۇتىشاتتى، تاغ يايلاقلارنى كېسىپ ئۆتۈپ قۇمۇل بىلەن باركۆلنى بىۋاسىتە تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم يول ئىدى؛ غەربىي تەرىپى سەكرا، كۆيلىك قاتارلىق جايلار ئارقىلىق ئاستانە يېزىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىگە تۇتىشاتتى.

مۇھىت ۋە قاتناش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تاراتتى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ نۇرغۇن چارۋىلىرى توپلاشقان جاي ئىدى. مۇشۇنداق گۈزەل شارائىتنىڭ بولغانلىقىدىنمۇ، ۋاڭ ئوردىسى بۇ يەرنىڭ تەۋەلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇ جاينى باشقۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تاراتتى دورغىلىرىنىڭ ئىككى ئەۋلادقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 10 قېتىمدەك ئالماشتۇرۇلغانلىقىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىمىن نىياز سەمىمىي، ساددا ئادەم بولۇپ، شۇ يەردە خېلى ئىناۋەتى بار ئىدى. ۋاڭ ئوردىسى تاراتتىغا بىرقانچە قېتىم دورغا تاللاش ئارقىلىق ئاخىر ئىمىن نىيازنى تەيىنلىگەنىدى. ئاخىرىدا بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەشنى ئىمىن نىيازغا ھاۋالە قىلغان.

دورغا مەمۇرىي ھوقۇق دائىرىسى ئانچە ئېنىق بەلگىلەنمىگەن ئەمەل بولۇپ، بەزىدە ۋاڭ ئوردىسىدىكى تۈرلۈك يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشنى كۆرسەتسە، بەزىدە ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ چاپارمەنلىرىنى كۆرسەتەتتى. بەزىدە ھەتتا ھېچقانداق مەمۇرىي مەسئۇلىيىتى بولمىغان پەخرىي نام بولۇپ، مەلۇم ئادەمنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇپ ئاتىلىدىغان نام ئىدى. لېكىن، «دورغا» دېگەن بۇ سۆز كۆپىنچە

ۋاڭلىقتا قاراشلىق ئاساسىي قاتلام مەمۇرىي ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇلى بولغان ئادەملەرگە قوللىنىلاتتى. تاراتتى ۋاڭلىقنىڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق ئورۇنلىرىدىن بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىمىن نىياز تەيىنلەنگەن «دورغا» ۋەزىپىسى، ۋاڭلىقتا قاراشلىق ئاساسىي قاتلام مەمۇرىي ئورنىنىڭ مەسئۇللىرى تەۋەسىدە ئىدى.

خوجىنىياز 1889 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئىمىن نىيازنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى.

خوجىنىياز تۇغۇلغاندا، ئىمىن نىيازنىڭ يېقىن دوستى مۇھەممەد نىيازمۇ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى، ئۇنىڭ ئىسمىنى قۇربان قويدى. خوجىنىياز بىلەن قۇربان دادىلىرىنىڭ دوستلۇقىنىڭ تەسىرىدە دوستلۇق ئورناتتى ھەمدە يەتتە ياشتىن باشلاپ، ئىككىسى بىللە قۇمۇل مەدرىسىگە ئوقۇشقا بېرىلدى. دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا ھەر قېتىملىق ھېيت ـ بايرام مەزگىلىدە ئىمىن نىياز قۇمۇلغا بېرىپ، ئۇ ئىككىسىنى تاراتتىغا قايتۇرۇپ ئەكېلەتتى، ئاندىن مۇھەممەد نىياز ئۇلارنى قۇمۇلغا ئاپىرىپ قوياتتى. بۇ جەرياندا ئۇلار كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئالماشتۇرۇۋالاتتى ۋە يېمەك ـ ئىچمىكىنى تولۇقلىۋالاتتى.

مەدرىس تۇرمۇشى قىيىن، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۆلۈك ئىدى. لېكىن، سەۋرچانلىق ياكى بىلىم ئېلىش جەھەتتە بولسۇن، خوجىنىياز بىلەن قۇربان ھەمساۋاقلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن بايلارنىڭ بالىلىرى ئۇلارغا قايىل ئىدى، ھەتتا قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ تۇنجى نەۋرىسى بېشىرمۇ مەدرىستە بۇ ئىككىسىگە خالىغانچە چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

خوجىنىياز بىلەن قۇربان قۇمۇل مەدرىسىدە 10 يىلنى بىرگە ئۆتكۈزدى. ئۇلار 17 ياشقا كىرگەن يىلى مەدرىسنى تاماملاپ تاراتتىغا قايتتى. بۇ ۋاقىت دەل نوپۇسنى قايتا تىزىملاش ۋاقتى ئىدى. ئائىلىدە يېشى 18 گە توشقان ئوغۇل تىزىملىنىش

دائىرىسىگە كىرەتتى.

خوجىنىياز بىلەن قۇربانىنى تىزىمغا ئېلىنىشتىن قاچۇرۇش ئۈچۈن، شۇ يېزىدىكى سوۋۇر ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئىككى قىزىغا ئۆيلەپ قويىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار نامدا بۆلەك بولغان بولۇپ، چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزاسى بولمىدى، يەنى، قۇللۇق سالاھىيىتىمۇ تۈگىدى.

## 2. بىرىنچى قېتىم ھاشارغا چىقىش

خوجىنىياز ئۆيلىنىپ ئىككىنچى يىلى، يەنى ئۇ 18 ياشقا كىرگەن يىلى مۇستەقىل ئائىلىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن قۇمۇل ۋاڭلىقى تەرىپىدىن شىڭشىڭشيا ھاشىرىغا ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭغا چۈشكەن سېلىق شىڭشىڭشيادىكى قوشۇنغا بەش ئېشەك ئوتۇن ئاپىرىپ بېرىش ئىدى. تاراتتىمدىن شىڭشىڭشياغا بېرىپ-كېلىش ئۈچۈن ئادەتتە 20 كۈن كېتەتتى. ئاتا - ئانىسى خوجىنىيازغا يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ بەردى ۋە زورۇر بولغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر تەڭگە بېرىپ ئۇزىتىپ قويىدى.

بۇ خوجىنىيازنىڭ تۇنجى قېتىم يىراققا سەپەر قىلىپ ھاشارغا چىقىشى بولۇپ، يول، مۇھىت، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قاتارلىق ئىشلار ئۇنىڭغا ناتونۇش ئىدى. سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئىمىن نىياز ئوغلىنى شۇ كەنتلىك توقسۇن دېگەن بىر ئادەمگە تاپشۇرۇپ، يولدا خوجىنىيازغا ھەمدەم بولۇشنى ئۆتۈندى.

بۇ نەچچە ئون ئات - ئېشەكلىك ھاشارچىلار ئەترىتى بولۇپ، ئات - ئېشەكلەرگە كۆپلەپ ئوتۇن - ئاشلىق ئارتىلغانىدى، شۇڭا ۋاڭ ئوردىسى ئىسھاق ئىسىملىك بىر كىچىك بەگنى يولدا بۇ ھاشارچىلار ئەترىتىگە نازارەتچىلىك، ھەيدەكچىلىك قىلىشقا

قوشۇپ قويغانىدى. بۇ ھاشارچىلار يەتتە كۈندە 250 كىلومېتىر يول بېسىپ ئۇتتۇن ـ ياغاچ، ئوزۇق ـ تۈلۈكنى شىڭشىڭشىيادىكى قوشۇنغا يەتكۈزۈپ بەردى.

ھاشار قائىدىسى بويىچە ئوتتۇن ـ ياغاچ، ئوزۇق ـ تۈلۈكنى، شۇ جايدىكى ھاشارچىلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن تاراتتى كەتتىنىڭ بۇ قېتىملىق ھاشار سىلىقى ئورۇندىلىپ بولدى. ئىسھاقبەگ تاپشۇرۇپ بېرىش، تاپشۇرۇپ ئېلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ كۈنىلا كۆپچىلىكنى باشلاپ شىڭشىڭشىيادىن كەتتى.

باش باھار مەزگىلى شەرقىي تەڭرىتېغىنىڭ ھاۋا رايى ئىنتايىن بىنورمال بولىدىغان چاغ ئىدى. خوجىنىياز قاتارلىقلار ئىسھاقبەگنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇملۇقتا كىرگەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز قاتتىق شىۋىرغانلىق قار يېغىپ، يولنى پەرق ئەتكىلى بولماي قالدى، ئات ـ ئېشەكلەرمۇ پىتىراپ كەتتى، شۇ ئەسنادا يېتەرلىك يېپىنچا ئېلىۋالمىغان بىرنەچچە كىشى شىۋىرغاندا توڭلاپ ئۆلۈپ كەتتى. شۇ كۈنى گەنسۇ تەرەپتىن كەلگەن بىر قىسىم ئەسكەرلەر، ئۇلارنىڭ ھارۋىكەشلىرى ۋە ئىشلەمچىلىرى بولۇپ 20 نەچچىدەك ئادەممۇ خوجىنىيازلاردىن بۇرۇن قۇملۇقتا كىرگەنىدى. خوجىنىياز ئۇلارنى ئۇچراتقاندا شىۋىرغاندا ھارۋىلىرى ئۆرۈلۈپ، ئاللىبۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

ئىسھاقبەگ بۇ يولدا دائىم مېڭىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇ بۇ يەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ قېپقالغانلاردىن خوجىنىياز، توقسۇن قاتارلىقلار بىلەن قولنى ـ قولغا تۇتۇشۇپ، شامالغا قارشى ماڭدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا بىر كېچە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئىسھاقبەگ، خوجىنىياز، توقسۇن ئۈچىلا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، قۇملۇقتىن چىقىۋالدى. ئۇلار ئاچچىقسۇ قاراۋۇلخانىسىغا يېتىپ كېلىپ، يولدا ئۇچراتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك ئەھۋالىنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق

ئوفىتسىرغا سۆزلەپ بەردى. شىۋىرغانلىق قار توختىغاندىن كېيىن قاراۋۇلخانا خوجىنىيازلار كۆرسەتكەن يۆنىلىش بويىچە ئادەم ئەۋەتىپ قۇملۇقتىن ئەسكەرلەر ۋە هارۋىكەشلەرنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىپ شۇ يەرگە كۆمدى. ئۆلاردىن قېپقالغان هارۋا ۋە هارۋىدىكى نەرسىلەرنى قاراۋۇلخانىغا ئېلىپ كەتتى.

بۇ چاغدا، تۇيۇقسىز شىگىشىگىشيادا ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ يېنىدا 50 تەڭگە، ئىككى جىڭ ئەپيۇن بارلىقىنى، ئاچچىقسۇ قاراۋۇلخانىسىنىڭ بۇ نەرسىلەرنى دەرهال ئىزدەپ تېپىشى هەققىدە بۇيرۇق كېلىپ قالدى. قاراۋۇلخانا دەرهال نەق مەيدانغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆلگەن ئەسكەرلەر ۋە هارۋىكەشنىڭ يېنىدىن تېتىلىپ كەتكەن قەغەز پۇل، ئاز مىقداردا ئەپيۇن، غالتىزىدىن باشقا هېچ نەرسە تاپالمىدى.

قاراۋۇلخانىدىكى ئەمەلدار 50 تەڭگە، ئىككى جىڭ ئەپيۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەهۋالنى مەلۇم قىلغان ئىسهاق، خوجىنىياز، توقسۇن قاتارلىقلار ئوغرىلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلدى. بۇ چاغدا خوجىنىيازلار قاراۋۇلخانىدا ئارام ئېلىۋاتاتتى. قاراۋۇلخانىدىكى ئەمەلدار ئۇچەيلەننىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ، خوجىنىيازنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن ئۇ مېڭىش ئالدىدا دادىسى بەرگەن بىر تەڭگە پۇلنى تېپىۋېلىپ ئۇنى 50 تەڭگە ۋە ئىككى جىڭ ئەپيۇننىڭ ئىسپاتى قىلىپ، خوجىنىيازنى دەرهال تۇتتى، ئىسهاق بىلەن توقسۇننى قاراۋۇلخانىدىن هەيدەپ چىقاردى. ئىسهاق يولدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. توقسۇن مىڭ بار جاپالارنى باشتىن كەچۈرۈپ تاراتتىغا قايتىپ كېلىپ خوجىنىيازنىڭ ئەهۋالىنى دادىسى ئىمىن نىيازغا سۆزلەپ بەردى.

ئاچچىقسۇ قاراۋۇلخانىسىنىڭ خوجىنىيازنىڭ 50 تەڭگە بىلەن ئىككى جىڭ ئەپيۇننى ئوغرىلىغانلىقىغا باشقا يېتەرلىك ئىسپاتى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ بىردىنبىر گۇمانلىق ئادەمنى قويۇپ بەرمىدى. قاراۋۇلخانا ئەمەلدارى بۇ ئىش ئايدىڭلاشقۇچە

خوجىنىيازغا كۈندۈزى جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكەلگۈزۈش، كېچىسى ئاتلارغا قاراش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشنى بۇيرۇدى.

بۇ ئىش بولۇپ ئىككى ئايدىن كېيىن، پەسىل ئۆتۈپ ھاۋامۇ ئىسسىپ قالدى. قۇمۇل بىلەن گەنسۇ ئارىلىقىدا قاتنايدىغان سودىگەرلەر بۇ قاراۋۇلخانىدىن دائىم ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇلار ياكى قۇمۇلغا بارىدىغانلار، ياكى گەنسۇغا ماڭغانلار ئىدى. بىر كۈنى قۇمۇلدىن بىر تۈركۈم تۇڭگان سودىگەرلىرى كېلىپ ئاچچىقسۇ قاراۋۇلخانىسىغا چۈشكۈن قىلدى. ئۇلار قۇمۇلنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى لەنجۇغا ئاپىرىپ ساتىدىغانلار ئىدى.

قاراۋۇلخانىدا خوجىنىيازدىن باشقا يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى، شۇڭا بۇ سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ھارۋا، ئات - ئۇلاغلىرىنى خوجىنىيازنىڭ قاراپ قويۇشىغا تاپشۇردى، شۇ كۈنى كەچلىك غىزا ۋاقتىدا، خوجىنىياز تاسادىپىي پۇرسەتتە سودىگەرلەرنىڭ قاراۋۇلخانا ئەمەلدارىغا «قۇمۇل شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئاكا - ئۇكا تورپاقلارنىڭ باشچىلىقىدا قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنى قورشىۋالدى. ئۇيغۇرلار شەھىرى قالايمىقان، ئاڭلىشىمىزچە تاغدىكى ئۇيغۇرلارمۇ تىنچ ئەمەسمىش، ئۇلارمۇ تاغدىن چۈشۈپ ئاكا - ئۇكا تورپاقلارغا ياردەم بەرگۈدەك، دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدى.

بۇ خەۋەر خوجىنىيازنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئادەتتىكى ئىشلىرىنى قىلىپ يۈرۈۋەردى. يېرىم كېچە بولۇپ، ئەل ئايىغى بېسىقتى، سودىگەرلەرمۇ ئۇخلىدى. خوجىنىياز سودىگەرلەرنىڭ ئوبدان جۇۋىسىدىن بىرنى ۋە زۆرۈر ئوزۇقلۇق ئالدى. ئاندىن ئاتخانىدىن يارامىلىق ئاتتىن بىرنى تاللاپ، جۇۋىنى كىيىپ، قاراۋۇلخانىدىن غىپپىدە چىقىپ كەتتى.

خوجىنىياز دەسلەپتە تاراتتىغا قايتماي، ئايلىنىپ مېڭىپ قورايغا كەلدى. چۈنكى خوجىنىياز قورايدىمۇ تورپاق

جەمەتىدىكىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. خوجىنىياز قورايغا ئىسمائىل تورپاق ۋە ياقۇپ تورپاقلارنىڭ باشچىلىقىدا بۇ يەردىمۇ 300 — 400 ئادەم ئۇيۇشۇپ بولغانىدى. خوجىنىياز ئىسمائىل تورپاققا ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى.

بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا خوجىنىيازنىڭ ئىپادىسى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ۋە ھېسابات جەھەتتىكى ئىقتىدارى ئىسمائىل تورپاقتا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسمائىل تورپاق خوجىنىيازنى ئۆزىنىڭ مۇئاۋىنلىقىغا تەيىنلىدى.

خوجىنىيازغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مۇشۇ مەزگىللىك تۇرمۇشىدا ئىسمائىل تورپاق رەھبەرلىكىدىكى بۇ قوزغىلاڭچى قوشۇندا ئۇنىڭ تۆمۈر (تۆمۈر خەلپە) بىلەن تونۇشقانلىقى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش بولدى.

تورپاقلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاقىۋىتى ئوقۇرمەنلەرگە ئايان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، خوجىنىياز بىر مەزگىل يوشۇرۇنىدىغان جاي تاپالماي، ئاخىر تاراتتىغا قايتىپ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ۋە ساۋاقدىشى قۇرباننىڭ ئۆيىدە پاناھلاندى.

تورپاقلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى جايلاردا قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ باشچىلىرىنى تۇتقۇن قىلدى. خوجىنىياز پۈتكۈل قوزغىلاڭ جەريانىدا ئالاھىدە ھېسابلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسمائىل تورپاقنىڭ مۇئاۋىنى بولغانلىقىنى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كۆز - قۇلاقلىرىدىن يوشۇرغىلى بولمايتتى.

خوجىنىياز بىلەن قۇربان تاراتتىدا داۋاملىق يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، قۇربان خوجىنىيازنى تەگرىتېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى دەركوڭتەي دەيدىغان بىر قىشلاققا يوشۇرۇن يولغا سېلىۋەتتى. بۇ تازا قىش مەزگىلى بولۇپ، يايلاق يوللىرى پۈتۈنلەي قار - مۇز بىلەن قاپلانغانىدى. شۇڭا بۇ

جايلارغا كېلىپ كېتىدىغان ئادەملەرمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق پۇرسەت بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇربان خوجىنىيازغا يېمەكلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇنى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسىدە قوغدىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ۋاڭ ئۇردىسىنىڭ تۇتقۇن قىلىش تورى تاراتتىغىچە كېڭەيتىلدى. خوجىنىيازنىڭ دادىسى ئىمىن نىيازغا ئوغلى خوجىنىيازنى تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەكلىكى، ئۇنداق بولمايدىكەن تۈرمىگە تاشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلىندى. ئىمىن نىياز ئوغلىنىڭ دېيىشىنى بىلمەيدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئىمىن نىياز تۈرمىگە تاشلاندى.

ۋاڭ ئۇردىسى ئىمىن نىيازنى تۈرمىگە سولىغاندىن كېيىن، قۇمۇل يەرلىك مەمۇرىيەت دائىرىلىرى خوجىنىيازنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە 12 يامبۇ، ياكى 12 ئات ئىنئام بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئېلان چاپلىدى. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئېلانىدا ئالدى بىلەن خوجىنىيازنىڭ يېشى، چىراي - تۇرقى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، خوجىنىياز 20 ياش ئەتراپىدا قويۇق قاشلىق ئادەم دېيىلگەن، ئۇنىڭغا ئارتىلغان جىنايى بەتنام يەنىلا ھېلىقى 50 تەڭگە كۈمۈش پۇل بىلەن ئىككى جىڭ ئەپيۇننى ئوغرىلىدى دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

## 3. ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ تۇرپانغا كېتىش

خوجىنىيازنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە كاتتا ئىنئام بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئېلان بەزى مۇناپىقلارنىڭ تاپىنىنى قىزىتىپ قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تاراتتى تاغلىرى ئەتراپلىرىدا پات - پات ناتونۇش ئوۋچىلار پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار تاغقا يامىشىپ، دەريا كېچىپ، بوران - چاپقۇنغا قارىماي ئولجا ئىزدەش بىلەن بىرگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆتكەن -

كەچكەنلەردىن خوجىنىيازنىڭ دېرىكىنى قىلاتتى.

خوجىنىيازنىڭ دادىسى تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، خوجىنىيازنى يوشۇرۇش ساقلاش مەسئۇلىيىتى پۈتۈنلەي قۇرباننىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئۇ تاغقا كەلگەن ئوۋچىلارنىڭ خوجىنىيازنىڭ دېرىكىنى قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەمدى ئىچكىرى تاغدىكى قىشلاقنىڭمۇ خوجىنىياز ئۈچۈن بىخەتەر جاي بولماي قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بولۇپمۇ بۇ چاغدا ھاۋا تەدرىجىي ئىللىشقا باشلىغان بولۇپ، قار - مۇزلار ئېرىگەندىن كېيىن، تەگرىتاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىش ئاسانلىق قىيىن ئىش بولماي قالاتتى.

قۇربان ئۆزىنىڭ ھېس قىلغانلىرىنى خوجىنىيازنىڭ ئانىسى (قۇرباننىڭ ھاممىسى) غا ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئاخىرقى قارارغا كېلىشنى تەلەپ قىلدى. خوجىنىيازنىڭ ئانىسى ئويلىنىش ئارقىلىق، قولۇم - قوشنا ۋە دوستلىرىغا ئۆزىنىڭ تۇرپانغا بېرىپ ئەسھابۇلكەھپكە تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئوغلىنىڭ ئامانلىقىغا دۇئا قىلدى. ئىككىنچى كۈنى، ئۇ تاراتتىندىن چىقىپ، كېلىشىپ قويغان جايدا ئوغلى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، تاغ يولى بىلەن مېڭىپ، تۇرپان ئاستانە كەنتىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئاستانىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن خوجىنىيازنىڭ ئانىسى ئۆزلىرىنى توقسۇنلۇق، ئوغلىنىڭ ئىسمى ئىسھاق، توقسۇندىكى باي سودىگەر نىياز شاگىرۋىڭنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇغقىنى بولىدىغانلىقى، بۇ يەرگە ئوغلىنى ئاستانە مەدرىسىگە ئوقۇشقا بېرىشكە ئېلىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە گەپ تارقاتتى.

خوجىنىيازنىڭ ئانىسى ئېسىل پەزىلەتلىك، مۇلايىم ئايال بولغاچقا، ئۇزۇن ئۆتمەيلا قولۇم - قوشنىلار بىلەن چىقىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قوشنىلىرىمۇ ئېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي خوجىنىياز ئاستانە مەدرىسىگە ئوقۇشقا

كىردى، ئىسمىنى ئىسھاق دەپ تىزىملاتتى.
ئىسمىنى ئىسھاق دەپ ئۆزگەرتكەن خوجىنىياز بۇ چاغدا تولۇق يېتىلىپ قالغان بولۇپ، بەستلىك، جىمغۇر، پۇتۇنلەي بالاغەتكە يەتكەن كېلىشكەن يىگىت بولۇپ قالغانىدى. ئېھتىيات ئۈچۈن، خوجىنىياز مەدرىستە ئىمكان بار باشقىلار بىلەن كەم ئالاقە قىلىپ يۈردى.
خوجىنىيازنى ئاستانە مەدرىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئانىسى تاراتتىغا قايتىپ كەلدى.
ئاستانە مەدرىسى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئويمانلىقىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. بۇ مەدرىس نۇرغۇن داڭلىق شائىرلارنى، دىنىي خادىملارنى ۋە سودىگەرلەرنى تەربىيىلىگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن بالىسىنى يارامل‍ــــىق ئادەم قىلىشنى ئۈمىد قىلغان بىر ئائىلىنىڭ ئوغلىن‍ـــى توقسۇندىن ئاستانە مەدرىسىگە ئاتايىنلاپ ئەكېلىپ ئوقۇشقا بېرىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش بولۇپ، گۇمانلانغۇدەك ھېچ يېرى يوق ئىدى.
خوجىنىياز قۇمۇل مەدرىسىدە 10 يىل مۇكەممەل تەربىيە كۆرگەن بولغاچقا، ئاستانە مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىــــرگەندىن كېيىن، ئوقۇشتا شۇ جايدىكى تەڭتۇش ھەمساۋاقلاردىن روشەن ھالدا ئېشىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، توقسۇندىن كەلگەن، لېكىن قۇمۇل شىۋىسىدە سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن ئىــــسھاق، تەدرىجىي مۇدەررىس ۋە ھەمساۋاقلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئۇلار ئارىسىدا ياخشى تەسىرگە ئىگە بولدى.
خوجىنىيازنىڭ ئاستانە مەدرىستە ئۆتكۈزگەن كۈنلىــــرى ئۇنىڭ تۇرمۇش مۇساپىسىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ بولۇپ قالدى. خوجىنىياز دەل مۇشۇ مەدرىستە كېيىن تۇرپان خەلقىنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىنىڭ قوماندانى بولمىش مەخسۇت مۇھىتى ۋە كېيىن تەڭرىتاغلىرىنىـــــڭ جەنۇبىـــــدا خوجىنىياز بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان مەھمۇد

مۇھىتىلار بىلەن تونۇشتى③.

لوكچۇن ۋاڭلىقىدىن كەلگەن بىر پارچە ئېلان خوجىنىيازنىڭ ئاستانە مەدرىسىدىكى تىنچ تۇرمۇشىنى بۇزۇۋەتتى. قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى قۇمۇل بوستانلىقلىرىدىن خوجىنىيازنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئېلاننى گۆچۈڭ، جىمسار، ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ يەرلىك مەمۇرىيىتى ۋە تۇرپاندىكى لوكچۇن ۋاڭلىقىغا ئەۋەتكەندى. لوكچۇن ۋاڭلىقىغا قۇمۇلدىن ئەۋەتىلگەن بۇ ئېلاننى دەرھال كۆچۈرۈپ، ۋاڭلىق تەۋەسىدىكى ئاستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېزا - كەنتلەرگىچە چاپلاشنى بۇيرىغان.

كاتتا ئىنئام ئاستانىدىمۇ ئوخشاشلا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ، خوجىنىياز ئاستانىگە كېلىپ تۇرۇپ قېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىز قوغلاش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاستانە كەنتىدە، ئاستانە مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ھېلىقى توقسۇنلۇق ئىسھاق ئېلاندا دېيىلگەن خوجىنىيازغا ئوخشايدىكەن، دېگەن گەپلەر تارقالدى.

## 4. مەككىگە بېرىش

ئوغلىنىڭ ئەھۋالىغا ئىنچىكە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان خوجىنىيازنىڭ ئانىسى كاتتا ئىنئام بىلەن خوجىنىيازنى تۇتۇش توغرىسىدىكى ئېلاننىڭ ئاستانە كەنتىگىمۇ چاپلانغانلىقىدىن تېزلا خەۋەر تاپتى. ئانا ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنىڭ خەتەر ئىچىدە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئانا ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ، ئاخىر ھەج قىلىش باھانىسى بىلەن ئوغلىنى چەت ئەلگە چىقىرىۋېتىش قارارىغا كەلدى. بۇ قېتىم ئانا قۇربان ۋە

يېقىنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئانچە - مۇنچە تەييارلىق قىلىپ، تۇرپان ئاستانىگە يۈرۈپ كەتتى.

ئانا - بالا كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئانا خوجىنىيازغا ئۆز قارارىنى ئېيتتى. خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان خوجىنىياز ئانىسىنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ماقۇل بولدى. ئۈچىنچى كۈنى خوجىنىيازنىڭ ئانىسى قۇلۇم - قوشنىلار ۋە خوجىنىيازنىڭ ئۇستاز، ھەمساۋاقلىرىغا داستىخان سېلىپ، ئىسھاقنى توقسۇنغا ئېلىپ كېتىپ، توقسۇندىن ھەجگە بارىدىغانلار بىلەن بىللە مەككىگە ھەجگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، خوجىنىيازنىڭ ئانىسىنىڭ بۇ قارارى كۆپچىلىكنىڭ ماختىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

خوجىنىياز ئانىسى بىلەن توقسۇنغا كېلىپ، نىياز شاڭزۇڭلارنىڭ ئۆيىدە تۇردى، ئانا خوجىنىيازنى ئىسھاق دېگەن نام بىلەن نىياز شاڭزۇڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. نىياز شاڭزۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئانا ئوغلى خوجىنىيازنى ئېلىپ يىلانلىقتا بېرىپ ھوشۇر مەڭلىك ئىسىملىك بىر سودىگەر بىلەن كۆرۈشتى. بۇ كىشى شۇ چاغلاردا تۇرپان، توقسۇن، پىچان ئويمانلىقىدىن مەككىگە ھەجگە بارىدىغانلارنى تەشكىللىگۈچى كىشى ئىدى.

خوجىنىيازنىڭ ئانىسى ھوشۇر مەڭلىككە كېلىش مۇددىئاسىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ھوشۇر مەڭلىك ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ھەجگە بارىدىغانلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، خوجىنىياز يەنىلا ئىسھاق دېگەن نامدا ئانىسى بىلەن بىرگە ھەج قوشۇنىغا كىردى. كۆپچىلىك توقسۇننىڭ يىلانلىق دېگەن يېرىدىن ئاتلىنىپ، 60 كۈندە قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

يول ئۈستىدە خوجىنىيازنى تۇتۇش توغرىسىدىكى ئېلان ھەققىدە ھېچقانداق گەپ - سۆز بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئانا

ئوغلىنى چەت ئەلگە چىقىرىۋېتىش نىيىتىدىن يانمىغانىدى.

قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئانا ئوغلىغا كۆڭلىدىكىنى ئېنىق ئېيتتى: «مېنىڭ مەككىگە بېرىش خىيالىم يوق، پەقەت سېنى ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈنلا سەن بىلەن قەشقەرگە كەلدىم. سەن چېگرىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن قۇمۇلغا قايتىپ كېتىمەن، مەككىگە بارغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىشكە ئالدىرىما، ۋەزىيەت مۇقىملاشقاندىن كېيىن، مەن مەككىگە بېرىپ سېنى قايتۇرۇپ كېلىمەن.»

ھوشۇر مەڭلىك باشچىلىقىدىكى ھەج سەپەرچىلىرى قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ئاخىر تاشقورغان ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىشنى لايىق تاپتى. شۇنداق قىلىپ، كۆپچىلىق پامىر ئېگىزلىكىدە زۆرۈر بولغان كىيىم - كېچەك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى تەييارلىدى.

خوجىنىيازنىڭ ئانىسى ئۇلار يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ھوشۇر مەڭلىككە تەييارلىغان پۇلنىڭ ئىككى ئادەمنىڭ بېرىش كېلىشىگە يەتمەيدىغانلىقى، پەقەت ئىسھاقنىڭ خىراجىتىگىلا يېتىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۆز قارارىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېيتتى.

كۆپچىلىك بۇنىڭدىن چوڭقۇر ئەپسۇسلانغان بولسىمۇ، ئەھۋال ئايان بولغاچقا، ئاخىر ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ قارارىغا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ خوجىنىياز كۆپچىلىك بىلەن قەشقەردىن يۇرۇپ كەتتى. ئوغلىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئانا، خوجىنىيازلارنىڭ چېگرىدىن چىقىپ بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن قەشقەردىن ئايرىلىپ قۇمۇلغا قايتىپ كەتتى.

خوجىنىياز كۆپچىلىك بىلەن بىرگە تاغ، قۇرۇقلۇق يولى، دېڭىز يوللىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىغا يېتىپ باردى. مەككە شەھىرىدە ھەج قىلىشنىڭ تۆرلۈك

بەلگىلىمە تەرتىپلىرىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك قايتىشقا تەرەددۇت قىلىشۋاتقان چاغدا خوجىنىياز كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ پۇل - پۇچەكلىرىنىڭ تۈگەپ، ھازىرچە قايتالمايدىغانلىقىنى، بۇ يەردە ئىشلەپ، قايتىشقا يەتكۈدەك پۇل تاپقاندىن كېيىن قايتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇزاق مۇساپىلىك ھەج سەپىرى ئۈچۈن نۇرغۇن خىراجەت كېتەتتى. شۇڭا كۆپچىلىك بۇ ياشقا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىسمۇ، لېكىن ئۇنچىلىك زور چىقىمنى ھېچكىممۇ ئۈستىگە ئالالمايتتى.

خوجىنىياز ھەمراھلىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مەككىدە بىر مەزگىل مەدىكارچىلىق بىلەن جان باقتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاسادىپىي پۇرسەتتە ئابدۇللا ياقۇپ ئىسىملىك بىر ياش بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئابدۇللا ياقۇپ ئەسلى قەشقەرلىك بولۇپ، دادىسى ياقۇپ ھاجى بىلەن مەككە شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغىنىغا بىرنەچچە يىل بولغانىكەن. بۇ ئىككىيلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالدى. ئابدۇللا ياقۇپ خوجىنىيازنى دادىسى ياقۇپ ھاجى بىلەن كۆرۈشتۈردى. بالىسىنىڭ كېپىللىكى بىلەن ياقۇپ ھاجى خوجىنىيازنى ئۈچ يىللىق توختام بىلەن ياللاپ خورمىلىق باغدا ئىشلەشكە قويدى. خوجىنىياز بۇ چاغدىمۇ يەنىلا ئىسھاق دېگەن ئىسمىنى قوللاندى. مەككە شەھىرى بىلەن قومۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراق بولسىمۇ، لېكىن خوجىنىياز يەنىلا باشقىلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ سىرتلارغا ئانچە چىقماي ۋاقتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى خورمىلىق باغدا ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزدى. دەل مۇشۇنداق تىرىشچانلىق ۋە سەۋرچانلىق ئۇنى خوجايىنىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېتىبار بېرىشىگە ۋە ماختىشىغا ئېرىشتۈردى. شۇ سەۋەبتىن، خوجىنىيازغا بېرىلىدىغان يىللىق ئىش ھەققى ئەسلى توختامدىكىدىن خېلىلا

كۆپ بولدى④.

تۆتىنچى يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىن يەنە بىر تۈركۈم ھەج قىلغۇچىلار كەلدى. ياقۇپ ھاجى ئانا يۇرتتىن كەلگەن بۇ تاۋاپچىلارنى قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالدى. خوجىنىياز ئىشلەمچى سالاھىيىتى بىلەن داستىخاندا مۇلازىمەتچىلىك قىلدى. داستىخاندا كۆپچىلىك شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە پاراڭلاشتى، گەپ ئارىسىدا قۇمۇلنىڭ ئەھۋالىمۇ تىلغا ئېلىندى. بۇ چاغدا خوجىنىياز قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كاتتا ئىنئام بىلەن خوجىنىيازنى تۇتۇش توغرىسىدىكى ئىشنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن سوراپ باقتى. كۆپچىلىك بۇ ئىشنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، ھېچكىمنىڭ بۇ ئىشنى تىلغا ئالماس بولغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوجىنىياز ۋەتىنىگە قايتىش ھېسسىياتىنى ھەر قانچە قىلىپمۇ باسالمىدى. خوجىنىياز ياقۇپ ھاجىغا ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە قايتىشقا يەتكۈدەك پۇل توپلىغانلىقىنى ئېيتىپ، توختامنى بىكار قىلىشنى ئۆتۈندى.

ياقۇپ ھاجىنىڭ خوجىنىيازدىن ئايرىلغۇسى كەلمىسىمۇ، لېكىن ياقا يۇرتلاردا تېنەپ يۈرگەن بۇ ئەزىمەتنىڭ ئانا تۇپراققا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى قەدىرلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياقۇپ ھاجى ۋەتەنگە قايتماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەمگە تولىمۇ مەردلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ياقۇپ ھاجى خوجىنىيازنىڭ ئىش ھەققىنى تولۇق بەرگەندىن سىرت، خېلى كۆپ پۇل يوللۇق تۇتتى.

خوجىنىياز ياقۇپ ھاجى ۋە ئۇنىڭغا تۇرمۇش يولى تېپىپ بەرگەن ئابدۇللا ياقۇپلار بىلەن خوشلىشىپ ھەج تاۋاپ ئىشلىرىنى تۈگەتكەن قېرىنداشلىرى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا «ئىسھاق» خوجىنىيازنىڭ ئۆز ئىسمىغا ئايلىنىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ كونا - يېڭى تونۇشلىرىنىڭ ئۇنى ئىسھاق دەپ

ئاتاشلىرىغا، خوجىنىيازنىڭ ئۆزىمۇ «ئىسھاق» دېگەن بۇ ئىسمغا كۆنۈپ قالغاندەك قىلاتتى.

پەقەت ئۇنىڭ بىردىنبىر كۆنەلمەيۋاتقىنى ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتىنىڭ قۇمۇل بولماي، توقسۇنغا ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ئىدى.

خوجىنىيازغا قەشقەرلىك سەپەرداشلىرى قەشقەردە ئىش تېپىپ بەردى. ئۇ قەشقەردە ئىككى يىلىكگە تايىنىپ، ئاز - تولا خىراجەت غەملىۋالغاندىن كېيىن، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا باردى، يول ئۈستىدە بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن سەپەر قىلىپ، ئاخىر ئانا يۇرتى تاراتتىغا قايتىپ كەلدى.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا ھەج قىلغۇچىلار ئۆز يېرىدە ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەمگە ئايلىنىدۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن ھەج قىلغان كىشىنىڭ ئۆزى شان - شەرەپكە ئىگە بولۇپلا قالماي، ھەج قىلغۇچى تۇرغان كەنت، كوچا - مەھەللىلەرمۇ بۇ شەرەپكە مۇيەسسەر بولىدۇ. لېكىن، تاراتتى كەنتىدە مەيلى خوجىنىيازنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى ياكى خوجىنىيازنىڭ ئۆزى بولسۇن، بۇ شەرەپنى كۆز - كۆز قىلىشنى خالىمىدى. چۈنكى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا خوجىنىياز ھەققىدە ھېچقانداق گەپ بولمىسىمۇ، لېكىن قۇمۇل بوستانلىقىدا بەزى كىشىلەر تېخىچە ھېلىقى كاتتا ئىنئام تاماسىدا يۈرەتتى.

خوجىنىياز تاراتتىدا بىر مەزگىل تۇرمۇش يولى تاپالمىدى، پەقەت يېقىن دوستى قۇربانىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىغا قاراپ يوشۇرۇنچە جان بېقىپ يۈردى، بۇ 1912 - يىلى ئىدى.

خوجىنىياز تاراتتىغا قايتىپ كەلگەن يىلى تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. خوجىنىيازنىڭ تورپاقلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدە تۆمۈر خەلىپە بىلەن تونۇشقانلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ تۆمۈر رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭغا قاتناشتى.

خوجىنىيازنىڭ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئالاھىدە مەرگەنلىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدا بىراقلا ئۇنىڭ نامىنى چىقىرىۋەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يۈەن داخۇا تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئورۇنباسار سەركەردە چيەن گۇاڭخەننىڭ سول كۆزىنى خوجىنىياز ئېتىپ قۇيۇۋەتكەنىكەن.

## 5. ئالتاي تەرەپلەرگە كېتىش

تۆمۈر خەلپە ئەل بولغاندىن كېيىن، خوجىنىياز قۇمۇل ۋاڭلىقى ۋە يەرلىك دائىرىلەرنىڭ كونا ئىشنى قايتا تەكىتلىشىنى خالىماي، قوشۇندىن ئايرىلىپ تاغدا تۇرۇپ قالدى. بىر يىلدىن كېيىن، تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر چىقىرىپ تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىغا قاتناشقان چارۋىچىلارنى تۇتۇپ قىرغىن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تاغلىقلار بىلەن قۇمۇل ۋاڭلىقى قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ بولدى. بۇ جەڭگە خوجا نىياز قوماندانلىق قىلدى. لېكىن ئاخىرىدا تاغلىقلارنىڭ ئوق - دورىسى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن قارشىلىق بارغانسېرى سۇسلىشىپ كەتتى. خوجىنىياز يەنە تاراتتىغا قايتىپ، يېقىن دوستى قۇربانغا تاياندى.

نەگە بېرىشنى مەسلىھەتلەشكەندە قۇربان خوجىنىيازغا ئالدى بىلەن بارىكۆل يايلاقلىرىغا بېرىپ، قازاق چارۋىچىلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئاندىن ئالتاي تەرەپلەرگە كېتىپ، ئىمكان بار قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىنىڭ سىرتىدا تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. شۇ كۈنى كېچىدە قۇربان خوجىنىيازغا ئىككى ئات بەردى، خوجىنىياز كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى ئاتنى ئېلىپ سۆيۈملۈك يۇرتى تاراتتىدىن

يەنە بىر قېتىم ئايرىلدى. خوجىنىياز بارىكۆل يايلىقىغا بارغاندىن كېيىن، چارۋىدارلارنىڭ قويىنى بېقىش، كىگىز ئېتىش، يۇڭ قىرقىش قاتارلىق ئىشلىرىنى قىلىپ، كۈن ئۆتكۈزدى.

بۇ چاغدا خوجىنىياز ئىسھاق دېگەن ئىسمنى قايتىدىن قوللاندى. بۇ قېتىم خوجىنىياز قازاقلار بىلەن شۇنچىلىك كەڭ دائىرىدە ئارىلاشتىكى، ئۇ ئالتايدىن كەلگەن بەزى چارۋىچىلاردىن ئالتاينىڭ ئەھۋالىنى ۋە تاغ ـ دەريالىرى، قازاق قەبىلىلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى، شۇنداقلا قازاق تىلى، قازاق ياشلىرىنىڭ ئادىتى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئات مىنىش قىياپىتى، سالما تاشلاش ماھارىتى، مال پادىسىنى ھېسابلاش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنىمۇ ئەستايىدىل ئۆگەندى. خوجىنىياز قازاقلارنىڭ تۇرمۇش يوسۇنلىرى ۋە تىل ئادىتىگە پۇتۇنلەي ماسلىشىۋالغاندىن كېيىن، خوجايىنىغا «چىڭگىل ناھىيىسىدە بىر ئاكىسى بارلىقى، ئەمدى شۇ يەرگە بېرىپ ئاكىسىغا تايىنىدىغانلىقى» نى ئېيتتى.

ئىش ھەققىنى ھېسابلىشىپ بولغاندىن كېيىن، خوجىنىياز قۇربان بەرگەن ھېلىقى ئىككى ئاتنى ئېلىپ، چىڭگىل ناھىيىسىگە يۈرۈپ كەتتى. يولدا خوجىنىياز قامزا ئىسىملىك بىر قازاق بىلەن تونۇشۇپ قالدى. قامزا خوجىنىيازغا ئۆزىنىڭ چىڭگىل بىلەن بارىكۆل ئوتتۇرىسىدا يۈرۈپ سودا قىلىدىغانلىقىنى، يول بويىدىكى تاغ ـ تاراملارنى بەش قولدەك بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. خوجىنىياز بۇنداق يول باشچىغا ئېرىشكەنلىكىدىن خۇرسەن بولۇپ، قامزا بىلەن يولدا يولداش، سەپەردە ھەمراھ بولۇپ بىللە ماڭدى.

ئۇلار مېڭىپ چىڭگىل ناھىيىسىگە يەنە بىر كۈنلۈك يول قالغان جايدىكى بىر يايلاققا يېتىپ كەلگەندە، كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان بولۇپ داۋاملىق يۈرۈۋېرىشكە بولماي قالدى. قامزا مۇشۇ يەردىلا قونۇپ ئەتە سەھەردە يولغا چىقىپ چىڭگىلغا بېرىش تەكلىپىنى بەردى.

خوجىنىياز ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا، ئۇنىڭ ھېلىقى ئىككى ئېتى، يۇك - تاقلىرى ۋە ئوزۇقلىرىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. قونالغۇدا پەقەت قامزىنىڭ ھېلىقى ئورۇق ئېتىلا قالغانىدى. خوجىنىياز ئىلاجىسىز يېقىن ئەتراپتىكى يايلاقتىن بىر باي ئائىلىنى تېپىپ، ئۇلاردىن ئۆزىگە ئاز تولا ئىش بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ باينىڭ ئىسمى ئالىپ ئىدى.

ئالىپ خوجىنىيازنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سورىغاندا، ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ: «مەن توقسۇنلۇق، ئىسمىم ئىسھاق، ئالتايدا سۇلتان ئىسىملىك بىر ئاكام بار ئىدى، مەن ئەسلى شۇ ئاكامنىڭ يېنىغا كېتىپ باراتتىم.» دېدى ۋە ئۇلاپلا تۇنۇگۈن كېچە ئالدىنىپ قالغانلىق ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئالىپ كۆز ئالدىدىكى قازاق تىلىدا راۋان سۆزلەۋاتقان بۇ ياشتىن ھېچقانداق ئەيىب تاپالمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يىللىق ئىش ھەققىگە بىر ئات بېرىش ھېسابىغا خوجىنىيازنى پادىچىلىققا ياللىۋالدى⑤.

تىرىشچانلىق، سەۋرچانلىق خوجىنىيازنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئىدى. خوجىنىياز ئالىپنىڭ ئۆيىدە مەدىكار بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە، كۈندۈزلىرى مال پادىلىرىغا ئوبدان قارىسا، كەچتە قايتىدىغان چاغدا بىر باغلام ئوتۇن ئالغاچ كېلەتتى. چارۋىچىلىق رايونىدا ئوتۇن ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن خوجايىنىنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر خوجىنىيازدىن ئىنتايىن مىننەتدار ئىدى.

خوجىنىياز ئالىپنىڭ ئۆيىدە ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يىل توشقان ۋاقىتتا، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ «تۆمۈر خەلىپە توپىلىڭىغا قاتناشقان جىنايەت» چىلەر ھەققىدە چىقارغان خوجىنىيازنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىڭگىل يايلاقلىرىغىمۇ يېتىپ كەلدى.

بىر كۈنى، ئادەتتە خوجىنىياز بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان بىرنەچچە قازاق چارۋىچى خوجىنىيازغا چاقچاق قىلىپ: «قۇمۇل ۋاڭلىقىغا قارشى چىققان خوجىنىياز ساڭا بەك ئوخشايدىكەن!»

دېدى. سۆزلىگۈچىلەر مەقسەتسىز چاقچاق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن «ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن» ئىدى. خوجىنىياز قىلچە ئۆزىگە ئالماي: «بۇ گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ . . .» دەپ سورىدى. بىر قازاق چارۋىچى: «ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە مۇشۇ گەپ. قۇمۇل ۋاڭلىقىغا قارشى چىققان خوجىنىياز ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ياش ئالتايغا قېچىپ كېتىپتۇ، ۋاڭ ئوردىسى ئۇنى ئىزدەۋېتىپتۇ دېيىشىۋاتىدۇ» دېدى.

خوجىنىياز بىرنەچچە كۈنگىچە بىئارام بولدى، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا گۇمان نەزىرىدە قاراۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن، خوجىنىياز پادىنى قايتۇرۇپ كېلىپ قوتانغا سولاۋاتقاندا، بىرنەچچە قازاق چەۋەنداز ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ، خوجىنىياز بىلەن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا توختاپ، خوجىنىيازغا باشتىن - ئاخىر سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، ئاتتىن چۈشۈپ، بۇگۈن كېچە ئالىپنىڭ ئۆيىدە تۈنەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. خوجىنىياز دەرھال ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىنى ئېلىپ، ئاتلارنى بىر - بىرلەپ باغلىدى.

دەككە - دۈككىدە بىئارام بولۇۋاتقان خوجىنىياز ئاتلىقلارنىڭ گەپ - سۆز ھەرىكەتلىرىگە ئىنتايىن دىققەت قىلدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، بۇ ئاتلىقلار بىر - بىرلەپ قوتاننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، تەرەت قىلغان قىياپەتتە كۇسۇرلىشىپ: ئالىپنىڭ ئۆيىدىكى بۇ ئادەم ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقىدىكى خوجىنىيازغا بەك ئوخشايدىكەن، دېيىشتى. قوتاندا ئىشلەۋاتقان خوجىنىياز ھەممىنى ئاڭلىدى.

ئەمدى ئىككىلىنىدىغانغا يەنە ۋاقىت قالمىغانىدى. باشقىلار ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن خوجىنىياز خوجايىنىنىڭ ياخشى ئېتىدىن بىرنى تاللاپ كېچىلەپ قېچىپ كەتتى. خوجىنىياز غەربىي جەنۇب تەرەپكە مېڭىپ، يايلاقلاردىن ئۆتۈپ، جىلغىلاردىن

ھالقىپ، 15 كۈن يول يۈرۈپ، ئاخىر چۆچەككە يېتىپ باردى.

ئالىپنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەن بىر يىلدا، خوجىنىياز گەپ ـ سۆز، كىيىم ـ كېچەكتىن تارتىپ يۈرۈش ـ تۇرۇشىغىچە قازاقلاردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى ⑥.
چۆچەككە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، خوجىنىياز ئۇچرىغان قازاق چارۋىچى ۋە ئۇيغۇر سودىگەرلەردىن ئۆلچەملىك قازاق تەلەپپۇزىدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۇتۇش بۇيرۇقى ھەققىدىكى ئىشلارنى سوراپ كۆردى. بۇ كىشىلەر ھېچنېمىنى بىلمەيتتى.

خوجىنىياز ئۆزىنىڭ قۇمۇل ۋاڭلىقى ۋە يەرلىك دائىرىلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلغانلىقىغا تولىمۇ خۇشال ئىدى. بۇ چاغدا بىرى ئۇنىڭغا مۇشۇ يەرلىك ماموتباي ئىسىملىك بىر سودىگەرنىڭ بىر ئىشلەمچىگە ئېھتىياجى بارلىقىنى ئېيتتى. خوجىنىياز دەرھال ماموتباينىڭ ئۆيىگە باردى.

ماموتباي چۆچەكتە تۇغۇلغان ئۇيغۇر بولۇپ، باي سودىگەر ئىدى. قازاق تىلىنى پىششىق بىلەتتى. ماموتباي ئالدىدا تۇرغان بۇ ياشنىڭ گەپ ـ سۆزى، كىيىم ـ كېچەكلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ قايسى مىللەت ئىكەنلىكىدىنمۇ گۇمانلانماي، بەلكى خوجىنىيازنى ھەقىقىي ئۆلچەملىك قازاق يىگىتى دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا ئۇنى بورتالادىكى قىزىلتۇز چارۋىچىلىق فېرمىسىغا بېرىپ، ماموتباينىڭ قازاق پادىچىسىغا ھەمراھ بولۇپ، مال بېقىشقا ئەۋەتتى.

بۆرتالاغا بارغاندىن كېيىن، خوجىنىياز بۇ پادىچىدا بىر تال مىلتىق 100 پاي ئوق بارلىقىنى تاسادىپىي سېزىپ قالدى. بۇ مىلتىقنى ئۇنىڭغا ماموتباي ياۋايى ھايۋانلارغا تاقابىل تۇرۇپ، پادىسىنى قوغداش ئۈچۈن بەرگەنىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ھېلىقى قازاق پادىچى مىلتىق ۋە ئوق ـ دورىلارنى خوجىنىيازنىڭ ساقلاپ ئىشلىتىشىگە بېرىۋەتتى. چۈنكى خوجىنىياز بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا مۇشۇ مىلتىق بىلەن ئوق ـ دورىنى زايا قىلمايلا

بىرنەچچە بۆرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنىدى.

شۇ يىلى قىشتا خوجىنىياز قوي پادىسىغا ھۇجۇم قىلغان بۆرىلەر توپىنى بىرنەچچە قېتىم ئاشۇ مىلتىق بىلەن قوغلىۋەتكەندىن باشقا، يەنە ئۈچ بۆكەن ئۇۋلىغانىدى. خوجىنىياز بۆكەن گۆشىدىن ھېلىقى قازاق پادىچى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولدى. ئۈچ تال بۆكەن مۈڭگۈزىنى مامۇتبايغا تەقدىم قىلدى. مامۇتباي بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، خوجىنىيازغا ئوق - دورا تولۇقلاپ بەردى. ئىش ھەققىنىمۇ ئۆستۈردى⑦.

## 6. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىش

خوجىنىياز مامۇتباينىڭ فېرمىسىدا بىر يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، قۇمۇل ۋالىي ئوردىسى ۋە يەرلىك دائىرەلەرنىڭ خوجىنىيازنى تۇتۇش بۇيرۇقى ھەققىدىكى خەۋەر چۆچەك ئاھالىلىرىنىڭ بىكارچىلىق پاراڭ تېمىسى بولۇپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي توقسۇنلۇق نىياز شاڭزۇڭ خوجىنىيازنى تۇتۇش ئۈچۈن چۆچەككە ئەۋەتىلىپتۇ، دېگەن گەپلەر تارقالدى. بۇ خەۋەرلەرنى فېرمىدىكى ھېلىقى قازاق پادىچىنىڭ يېقىن - يورۇقلىرى ياكى بۇ يەردىن ئۆتكەن كىشىلەر ئېلىپ كەلگەنىدى.

دەسلەپتە خوجىنىياز بۇ خەۋەرلەرگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. چۈنكى چۆچەكتە، بولۇپمۇ بورتالادىكى بۇ فېرمىدا، كىشىلەر خوجىنىيازنى قازاق، ئۇنىڭ ھېلىقى قۇمۇل ۋاڭلىقىغا قارشى چىققان خوجىنىياز بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى ۋە چېتىشلىقى يوق دەپ بىلەتتى. لېكىن، توقسۇنلۇق نىياز شاڭزۇڭنىڭ چۆچەككە كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

قۇمۇلدىن باشقا جايلاردا پەقەت مۇشۇ نىياز شاڭزۇڭلا

خوجنىيازنى تونۇيتتى. چۈنكى خوجنىياز ئانىسى بىلەن بىللە تۇرپان ئاستانە يېزىسىغا مەخپىي بارغان چاغدا، كىشىلەرگە نىياز شاڭزۇڭنى ئۆزلىرىنىڭ تۇغقىنى دېگەنىدى، كېيىن ئانا ـ بالا ئىككىسى ھەج تاۋابچىلىرى بىلەن توقسۇندىن يولغا چىقىدىغان چاغدا، نىياز شاڭزۇڭ بىلەن خوشلاشقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمەلدارلارنىڭ نىياز شاڭزۇڭنى چۆچەككە ئەۋەتىپ خوجنىيازنىڭ ھەرىكەتلىرىگە كۆز ـ قۇلاق قىلىشى، خوجنىيازغا راستىنلا خەۋپ ئېلىپ كېلەتتى.

خوجنىياز ھەمراھىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا كىرگىلى بولىدىغان تاغ يوللىرى ۋە ئېغىزلىرىنى سوراپ بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇزۇق ـ تۈلۈكىنى ھەمراھىغا قالدۇرۇپ، بىرنەچچە تال بۆكەن مۈڭگۈزىنى ئېلىپ، چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن جىمجىتلا چىقىپ كەتتى. خوجنىياز تاغدا بىرنەچچە كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ يەردىكى چارۋىچىلاردىن ياركەنت (فانفىلوۋ) شەھىرىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بىلدى. خوجنىياز شۇ چاغدىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ خەتەردىن قۇتۇلغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەندى.

كېيىنچە ئۆزىنىڭ بىر چارۋىچىلىق فېرمىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتى. بۇ يەرنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ئۇيغۇر ۋە قازاقلار بولغاچقا، كىيىم ـ كېچەك، ياكى تىل جەھەتتىن بولسۇن، خوجنىياز كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچىلىك تارتىپ كەتمىدى. خوجنىياز بۇ يەردە بىر مەزگىل ئۇششاق ئىشلارنى قىلىپ، قورسىقىنى باقتى، ئۇزاق ئۆتمەي، چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن بىرنەچچە كىشى ياركەنتكە بارىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا خوجنىياز ئۇلارغا ياركەنتتە بىر ئاكىسى بارلىقىنى ئېيتىپ، كۆپچىلىكتىن ئۆزىنىمۇ بىللە ئالغاچ كېتىشىنى ئۆتۈندى.

خوجىنىياز ھەمراھلىرى بىلەن ياركەنتكە كېلىپ، ۋەلىباي ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ سارىيىغا چۈشتى. تاراتتىن 2 — قېتىم ئايرىلغاندىن باشلاپ، مەيلى باركۆلدە، ياكى چىڭگىلدە بولسۇن، خوجىنىياز ئىشلىگەن ئىشىغا چۈشلۇق ھەق ئالالمىغان ۋە ئېرىشەلمىگەنىدى. پەقەت چۆچەكتىكى مامۇتبايغا ئىشلىگەن چاغدا، بۆكەن مۆڭگۈزى تەقدىم قىلغانلىقى سەۋەبلىك، ئاز ـ تولا نەق پۇلغا ئىگە بولغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر ئېشىنچىسى ئىدى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ئۇ ئازغىنە جۇڭگو پۇلىنى ئىشلىتەلمىدى. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئۇنى رەھىمسىزلەرچە قىيىنىغان ئەھۋالدا، ئىلاجىسىز يېنىدىكى بۆكەن مۆڭگۈزلىرىنى بازارغا ئېلىپ چىقتى.

ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى سودىلاشقان ئالارمەن، خوجىنىيازنى ۋەلىباينىڭ سارىيىغا باشلاپ كەلدى. خوجىنىياز ۋەلىبايغا ئۆزىنى ئىسمىم ئىسھاق، جۇڭگونىڭ توقسۇندىن بولىمەن، دەپ تونۇشتۇردى. گەپ ئارىلىقىدا خوجىنىياز ۋەلىباينىڭ غۇلجىلىق ئۇيغۇر سودىگەر ئىكەنلىكىنى، ياركەنت شەھىرىدە مېھمان سارىيى بولۇپلا قالماي يەنە نۇرغۇن يەر ـ زېمىن ۋە مال ـ چارۋىسى بار، شۇ جايدا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق باي ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ۋەلىباي بۆكەن مۆڭگۈزىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ ياشنىڭ ئوۋ غەنىيمىتى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، خوجىنىيازغا دەرھال بىر ئات، بىر مىلتىق، يېتەرلىك ئوق ـ دورا، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى ئوۋ ئىتى بەردى. ئات، مىلتىق، ئوق ـ دورا، ئوۋ ئىتلىرىنى بىكارغا بەرگەنلىكىنى، ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى ئىككىيلەننىڭ تەڭ بۆلۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پەقەت بۆكەن مۆڭگۈزىنىلا باھاغا سۇندۇرۇپ سېتىۋالىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى⑧.

بۇ خوجىنىياز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولدى،

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتە يىلدا خوجىنىياز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ۋەلىباي ئۈچۈن ئوۋچىلىق قىلدى. كەسپىي ئوۋچىلىق خوجىنىيازنى مەملىكىتىمىزنىڭ قورغاس ناھىيىسىگە چېگرىلىنىدىغان تاغ ـ دەريالار بىلەن پىششىق تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. بەزىدە، خوجىنىياز چېگرىدىن ئۆتۈپ بورتالا تاغلىرىغا كېلىپ بۆكەن ۋە باشقا ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ قايتتى.

1916 ـ يىلى چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلاردا 18 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان ئەر مەجبۇرىي ھالدا ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇلدى. ۋەلىباي خوجىنىيازنى ئوغلى قاتارىدا ھەربىي لاگېرغا ئەۋەتتى. بۇ چاغلاردا خوجىنىياز ھەر خىل ئوۋ مىلتىقلىرىنى ئېتىش تېخنىكىسىنى ناھايىتى پىششىق بىلسىمۇ، لېكىن پىلىموت ۋە كەينى ـ كەينىدىن ئوق چىقىدىغان تېخىمۇ مۇرەككەپ قوراللار بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. خوجىنىياز قورال ـ ياراغ بىلىملىرىنىڭ كەم قالغان جايلىرىنى ئالتە ئايلىق مەجبۇرىي ھەربىي مەشىققە قاتنىشىش داۋامىدا ناھايىتى زور دەرىجىدە تولۇقلىۋالدى. بۇ جەرياندا خوجىنىياز ئۆزى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان مىلتىقلارنى چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇش ۋە رېمونت قىلىش تېخنىكىلىرىنىمۇ ئىگىلىۋالدى.

1917 ـ يىلى روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىدى، ئوتتۇرا ئاسىيا قالايمىقانلىشىپ، ئەسكەرلەر بىلەن باندىتلارنى پەرق ئەتكىلى بولماي قالدى. پۇقرالار بالايىئاپەت قاينىمىغا كىرىپ قالدى. ۋەلىباي ئائىلىسى بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ، ئىلىدا ماكانلاشتى. خوجىنىيازمۇ ۋەلىبايلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن بىرگە ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، ۋەلىبايلار ئائىلىسىدە ئىشلەمچى بولۇپ

تۇردى. ئەمما ئىش ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىق بولۇپ، خوجىنىياز ئەمدى ۋەلىباينىڭ كەسپىي ئوۋچىسى ئەمەس، بەلكى خوجايىن تاپشۇرغان تۈرلۈك باشقۇرۇش ئىشلىرىنى قىلىدىغان بولدى.

## 7. قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا ئەمەل تۇتۇش

بىر يىلدىن كېيىن خوجىنىياز ۋەلىباي بىلەن خوشلىشىپ ئۇرۇمچىگە كەلدى. بۇ چاغدىكى خوجىنىياز مول تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مول سىياسىي قاراشقا ئىگە بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تەشۋىقات ـ تەرغىباتلار خوجىنىيازنىڭ ئىدىيىسىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغانىدى.

«خوجىنىيازھاجى ئۇرۇمچىدە بىر مەزگىل تۇردى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ قۇمۇل تەرەپتىن كېلىۋاتقان تۈرلۈك خەۋەرلەرنى ئەستايىدىل تىڭتىڭلاپ تۇردى، ئۆزۈن ئۆتمەي قۇمۇلغا قايتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن تۇرپان، قاراغوجا، ئاستانە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئاستانە مەدرىسىدىكى ھەمساۋاقلىرى مەقسۇتباي، مامۇتبايلارنى يوقلىدى. ئۇلار ئارىسىدا بۇرۇنلا پىكىر بىرلىكى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى مەسلىھەتلىشىپ، مەقسۇتباي تۇرپان، لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردا، خوجىنىياز قۇمۇلدا بىرلا ۋاقىتتا ۋاڭلىق تۈزۈمىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى»⑨.

خوجىنىياز تۇرپاندىكى مەزگىلىدە دادىسى ئىمىن نىيازنىڭ ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ يېقىن دوستى قۇربان تاراتتىنىڭ دورغىلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. 1927 ـ يىلى كۈزدە خوجىنىياز تاغ يولى ئارقىلىق ئانا يۇرتى تاراتتىغا قايتىپ

كەلدى.

بۇ ۋاقىتتا، قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت ياشىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېغىر كېسەل ئىدى. نامدا ۋاڭلىقنىڭ ئىشلىرىنى شامەخسۇتنىڭ چوڭ ئوغلى نەزەر تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بەگزادىنىڭ بىرمۇنچە ھەۋەسلىرى بولغاچ، ئەمەلىيەتتە ۋاڭلىقنىڭ ئىشلىرىنى نەزەرنىڭ چوڭ ئوغلى بېشىر بىر تەرەپ قىلىۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان يەرلىك مەھسۇلات سودىسى ئىنتايىن روناق تاپقانىدى. قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تىجارەت قىلغاندىن سىرت، تاغلىق چارۋىچىلار ۋە ئاراتۇرۇك تاغلىرىدىكى سۇرگۇن جىنايەتچىلەرنى تەشكىللەپ، تۇرلۇك ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلىتىپ، يۇڭ ـ تېرە يىغىۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتا ياۋا توشقان تېرىسى ۋە تۈكى ئىنتايىن ئەتىۋار ئىدى. ۋاڭ ئوردىسى بۇ ئىشنى يېنىك جازا بىلەن ئاراتۇرۇك تاغلىرىغا پالانغان كىشىلەرنىڭ ئورۇندىشىغا تاپشۇرغان. ۋاڭ ئوردىسى بۇ يەردىكى يېنىك جازا بىلەن سۇرگۇن بولغانلارنىڭ ھەربىرى ئون پەلتو بولغۇدەك توشقان تېرىسى تاپشۇرسا قويۇپ بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلىگەنىدى. بىر ياۋا توشقان تېرىسى ئەڭ چوڭ بولغاندىمۇ، پەقەت بىر مۇشۇك تېرىسىچىلىكلا كېلەتتى⑩. تاغلىق چارۋىچىلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى بۆكەن، بۇغا ئوۋلاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۆكەن مۆڭگۈزى ۋە بۇغا مۆڭگۈزى ئېلىناتتى.

تاغلىق چارۋىچىلارنىڭ مىلتىقىنى ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ دورغىلىرى كاپالەت بىلەن ئېلىپ بېرەتتى. تارانتى كەنتىگە قۇربانىنىڭ كاپالىتى بىلەن ئىككى تال مىلتىق ۋە مۇئەييەن مىقداردا ئوق دورا ئېلىپ كېلىنگەنىدى. ھەربىر مىلتىقنىڭ نورمىسى ۋاڭ ئوردىسىغا بىر جۈپ بۇغا مۆڭگۈزى تاپشۇرۇش ئىدى.

خوجىنىياز تاراتتى كەنتىنىڭ ئوۋچىلار سېپىگە كىرگەن مۇشۇ يىلىلا تاراتتى كەنتى ۋاڭ ئوردىسىغا ئالتە جۈپ بۇغا مۈڭگۈزى تاپشۇرۇپ، نورمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى.

بۇ بېشىر ۋاڭلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقاندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى. شۇڭا بېشىر ئىشنىڭ تېگىنى بىلمەكچى بولۇپ، تاراتتى كەنتىدىكى ۋاڭ ئوردىسىغا بۇغا مۈڭگۈزى تاپشۇرغان چارۋىچىلارنى سۈرۈشتۈردى. چارۋىچىلار بېشىرغا: كەنتكە بىر ئوۋچىنىڭ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيدىغانلىقىنى، بىر قېتىم بۇ ئوۋچى تاغدىكى قويۇق ئورمان ئارىسىدىكى بىر جايىنى تاللاپ، ئورنىدىن مىدىرلىماي تۇرۇپلا يەتتە تاغ تېكىسى (ئارقار) نى ئاتقانلىقى، ھەتتا ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنىمۇ ئېتىپ چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بېشىر بۇ ئوۋچىنىڭ نام - شەرىپىنى سورىغاندا، چارۋىچىلار : «ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ ئوۋچى ئۆزلەنىڭ مەدرىستىكى ھەمساۋىقى ئىكەن، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى پالۋان دەپ ئاتىشىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

بېشىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھاللا بۇ پالۋان ئوۋچىنىڭ خوجىنىياز ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى - دە، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئاتخانىسىدىن ياخشى ئاتتىن ئىككىنى تاللاپ، تاراتتى كەنتىدىن كەلگەن چارۋىچىلارغا بېرىپ ئۇ ئاتلارنى تاراتتى كەنتىنىڭ دورغىسى قۇربان ئارقىلىق خوجىنىيازغا تاپشۇرۇپ بېرىش ھەققىدە پەرمان بەردى. ئارقىدىنلا بېشىر يەنە ئادەم ئەۋەتىپ: «مەن بوۋىلىرىم مەزگىلىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەيمەن، پەقەت ئۆزلەنىڭ ۋاڭ ئوردىسىغا كېلىپ، ماڭا ھەمدەم بولۇشلىرىنىلا ئۈمىد قىلىمەن» دەپ گەپ ئېيتىپ بەردى. خوجىنىياز بېشىرنىڭ تەكلىپىنى سىلىق - سىپايە گەپلەر بىلەن چىرايلىق رەت قىلدى. ئاخىرىدا بېشىر ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارى يۈسۈپبەگنى خوجىنىيازنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ تەكلىپ

قىلدى. خوجىنىياز ئاخىرىدا يۈسۈپبەگ بىلەن ۋاڭ ئوردىسىغا كەلدى.

دەسلەپتە، خوجىنىيازنىڭ ۋاڭ ئوردىسىدا كونكرېت مەسئۇلىيىتى بەلگىلەنمىدى. پەقەت بەزى چاغلاردا بېشىر ۋاڭ بىلەن بىرگە تاغقا بېرىپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈردى. بۇ سۆلەتۋاز بەگزادە بېشىر ئېتىش ماھارىتى مەشىقىنى باشتىن كەچۈرمىگەن بولۇپ، ئوۋچىلىق تەجرىبىلىرىدىن ئەسلا خەۋىرى يوق ئىدى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بېشىرغا ئوۋ ئۇچراپ قالسا، شۇنداقلا ئېتىپ قويۇپ، ئوقنىڭ زادى قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى زادىلا سۈرۈشتۈرمەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە بېشىرنىڭ يېنىدىكى خوجىنىيازنىڭ ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيتتى. ئوۋ يەرگە يىقىلغاندا بېشىرنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر «بەگزادە تەگكۈزدى!» دېيىشىپ ۋارقىرىشاتتى، شۇنىڭ بىلەن بېشىرنىڭ ساختا شەرەپ تەمەسى قاندۇرۇلاتتى.

خوجانىياز پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا بىرمۇنچە پىتنە ـ پاسات تارقاپ كەتتى. ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ باش غوجىدارى يولۋاسنىڭ گەپلىرى ئىدى. ئۇ دائىم ئەپقاچتى گەپلەرنى تارقىتىپ، خوجىنىيازغا كۆپ قېتىم تۆھمەت قىلدى. ئۇ يەنە بېشىرغا خوجىنىيازنىڭ ئۇنىڭ بوۋىسى شامەخسۇتنىڭ كۈشەندىسى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى.

بېشىر يولۋاسنىڭ ۋاڭ ئوردىسىدا يەنە بىرمۇنچە ئىش تېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يولۋاسنى ۋاڭ ئوردىسىدىن نېرى قىلىپ، بازارىبېگى قىلىپ تەيىنلەپ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى.

«1929 ـ يىلى ۋاڭ ئوردىسى قۇمۇل شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ۋە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئامانلىقىنى

قوغداش ئۇچۇن، 12 تاغ، بەش شەھەردىن تۇنجى قېتىم يۈزدىن ئارتۇق ئەسكەر ئېلىپ، خوجانىياز ھاجىنى ئۇلارغا مەشقاۋۇل قىلىپ تەيىنلىدى»⑪.

## پايدىلانمىلار

① بۇ بىر ئابزاستا ھەمدۇللا قۇربانوفنىڭ «خوجىنىياز ھاجىنى ئەسلەيمەن» دېگەن ماقالىسىدىن پايدىلىنىلدى. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 15 ـ سان، 127 ـ 145 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. ئاپتور ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا: «1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ 1936 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە مەن ئاتام قۇرباننىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن ئىزچىل خوجىنىياز ھاجىمنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلدىم. مېنىڭ بۇ ماقالەم خوجىنىياز ھاجىم ئۈرۈمچىدە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە زىيارەت قىلىپ كەلگەن بىر قىسىم مەشھۇر زاتلارغا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن چاغدا ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسەن رەتلەپ يېزىلغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇرھان شەھىدى، ئابدۇللا داموللا، مەنسۇر ئەپەندى، يۇنۇس بەگ (يۇ ۋېنبىن)، تۇرسۇن باۋا، شارىپقان (قازاق) قاتارلىق مەشھۇر زاتلار ھاجىمنى دائىم يوقلاپ تۇراتتى» دەپ يازغان.

② «خوجىنىياز ھاجىمنى ئەسلەيمەن»، 135 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب 145 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 144 ـ بېتىدە: «1934 ـ يىلى خوجىنىيازنىڭ ئىنىسى باقى بىر تۈركۈم ھەج تاۋابچىلىرى بىلەن مەككىگە بارغان چاغدا، خوجىنىياز ئىنىسىدىن مەككىدىكى ياقۇپ ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ياقۇپقا سوۋغا ـ سالام، خەت ئەۋەتتى» دېيىلگەن.

⑤ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 145 ـ بېتىدە: «خوجىنىياز ھاجىم ئۆزىنىڭ ئالتايدىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى، قازاقلاردىن چىققان مەشھۇر ئىجتىمائىي ئەرباب شارىپقان: ھاجىم (خوجىنىياز ھاجىمنى دېمەكچى) دېگەن بۇ ئادەملەر ھەقىقەتەن ئۆتكەن ئادەملەر. ئالىپ ھازىر قەبىلە باشلىقى. باركۆلدىن ئالتايغىچە ھاجىمغا ھەمراھ بولغان ھېلىقى قامزا ئەسلى قۇمۇل بىلەن ئالتاي ئارىسىدا ئوغرى ـ بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرىدىغان بىرىيمە بولۇپ، ھازىر ئۈرۈمچىدە قاماقلىق دېدى» دېيىلگەن.

⑥ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 145 ـ بېتىدە: «بىر كۈنى، شارپىقان خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالتايدىكى كەچۈرمىشلىرىنى قازاق تىلىدا سۆزلىگىنىنى ئاڭلاپ «ھاجىمنىڭ سۆزلىگىنى ئۆلچەملىك قازاق تىلى، دېدى» دېيىلگەن.

⑦ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 145 ـ بېتىدە: «خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغاندىن كېيىن، تارباغاتايدىكى مامۇتباي ئالاھىدە ئۈرۈمچىگە كېلىپ ھاجىمنى يوقلىدى ھەمدە سوۋغا تەقدىم قىلدى» دېيىلگەن.

⑧ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 145 ـ بېتىدە: «خوجىنىياز ھاجى مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ۋەلىباينىڭ ئوغلى جامىخان ئۈرۈمچىگە كېلىپ پۈتۈن ئائىلىسى نامىدىن خوجىنىياز ھاجىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى» دېيىلگەن.

⑨ يۇقىرىقى كىتاب، 140 — 141 ـ بەتلەر.

⑩ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 15 ـ سان، 164ـ بەت.

⑪ «خوجىنىياز ھاجىمنى ئەسلەيمەن»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 15 ـ سان، 143 ـ بەتكە قارالسۇن.

# 2 ـ بۆلۈم خوجىنىياز ھاجىنىڭ قومۇل قوزغىلىڭىنىڭ باشلامچىلىقىغا كۆرسىتىلىشى

## 1. جىن شۇرېننىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى

1931 ـ يىلىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئەسكە ئالىدىغان بولساق، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى قومۇلنىڭ شوپۇل كەنتىدە كۆلىمى ئىنتايىن چەكلىك بولغان قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك زېمىنغا ئىگە شىنجاڭ دائىرىسىدە، جەمئىيەت مۇقىم بولۇپ، ئىگىلىك

يۈكسىلىۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، شوپۇل ۋەقەسىنى ئەسلىمدە ھەربىي كۈچ ئارىلاشتۇرمايمۇ بېسىقتۇرغىلى بولاتتى، لېكىن، ئەينى ۋاقىتتىكى قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ قوماندانى لىۇ شىزېڭ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە سالاھىيىتىگە ماس ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق ئادەم بولۇپ، ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ھەربىيلەرنى ئىشقا سېلىپ، گەنسۇلۇق يۇرتدىشى جاڭ جىسا ئۈچۈن ئۆچ ئالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەۋەتكەن شوپۇلدىكى قوشۇن تاشۇلىق بىلەن شوپۇل ئارىسىدىكى ئالاتۇر دېگەن جايدا قوزغىلاڭچىلاردىن دەككىسىنى يەپ قېچىپ كەتتى.

لىۇ شىزېڭنىڭ مەغلۇبىيىتى پۈتۈن قۇمۇل دىيارىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشىنىڭ سىگنالى بولۇپ قالدى، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئاراتۈرۈكتىكى سالى دورغا قاتارلىق كىشىلەر، نومدىكى ئابدۇنىياز مىراب، ئاراتۈرۈكتىكى ئاۋۇت مىراب قاتارلىقلار قۇمۇلنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلاردا كەينى - كەينىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شوپۇل قاتارلىق قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى تاغلىق رايونلار قوزغىلاڭچىلىرى سالى (تولۇق ئىسمى سالى مۇھەممەتنىياز) نى ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى قىلىپ كۆتۈردى.

### قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ شوپۇل قوزغىلىڭىغا مۇشۇنداق كەڭ كۆلەمدە ئاۋاز قوشۇشىغا نېمە سەۋەب بولدى؟

بۇرھان ئەپەندى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى، لېكىن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. شۇ يىللاردا شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى يېرىك، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىنتايىن قالاق ئىدى، دېھقانلار ئۆمۈرۋايەت تىرىشىپ

ئەمگەك قىلسىمۇ، بەزىدە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلمەيتتى. باج - سېلىقلار ئۇلار ئۈچۈن ئېغىر يۈك بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەتتا يەرلىك تۇزدىنمۇ باج ئېلىناتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندەك بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دېھقانلارنى جىسمانىي جەھەتتىن كونترول قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئورنىغا بيۇروكرات سىياسەتنىڭ قاتمۇقات ئېكسپىلاتاتسىيىسى دەسسىدى»①.

شوپۇل ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭغا ئالاھىدە خادىم قىلىپ ئەۋەتىلگەن ۋۇ گېچېن تۆۋەندىكى ئۈچ ئامىل بۇ ۋەقەگە سەۋەب بولغان دەپ قارىدى:

(1) يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى ناھەقچىلىك ھەققىدە ۋۇ گېچېن مۇنداق دېگەن: «يەر تۈزۈمى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار يەنى قۇمۇل ۋاڭىغا ھاشارغا ئىشلەيدىغانلار ھۆكۈمەتكە باج تاپشۇرىدىغان بولدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 20 - يىللىرى قۇرۇلغان بولۇپ ئۇيغۇرلاردىن ئۇلارنىڭ يېرى ياخشى دېگەننى باھانە قىلىپ ئىنچىل باج - سېلىق يىغىپ كەلگەنىدى. خەنزۇلاردىن بولسا ئۇلارنىڭ يېرى ناچار دەپ ئىككى يىللىق غەللە - پاراقنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتى. ئۇيغۇرلار بۇ تەڭسىزلىككە نارازى بولۇپ، قورسىقىدا غۇم ساقلاپ كېلىۋاتاتتى.

(2) قۇمۇل ۋاڭ جەمەتى تۈرلۈك ھوقۇق - ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆچمەنلىكى بار ئىدى. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق دېگەن: «شامەخسۇت ۋاڭ ئىنچىل ئۆتمۈشتىكى تەرتىپ بويىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بىراق يەر تۈزۈمى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئۆز تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتلىق تەخت ۋارىسىنىڭ ئۆلكە مەركىزىدە تۇتۇپ

قىلىنىپ قايتۇرۇلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەر خىل ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىش ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە باشلىدى، پۇقرالارنىڭمۇ بۇنچىۋالا ئېغىر غەللە ـ پاراقنى كۆتۈرگۈچىلىكى بولمىغاچقا بىرلىشىپ ئۈرۈمچىگە تېلېگراممىا ئارقىلىق ئىلتىماس سۇندى. ئەمما تېلېگراممىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بېسىپ قويغانلىقتىن پۇقرالار ئارىسىدا ھۆكۈمەت بىزنىڭ ئەرز ـ شىكايەت قىلىشىمىزغا يول قويمايدىكەن دېگەن گەپ تارالدى».

(3) شوپۇل ۋەقەسى ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ توقۇنۇشقا ئايلىنىشىغا بىۋاسىتە سەۋەب بولدى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرلار ياۋاش ـ يۇمشاق بولۇپ، ئادەتتە ئەمەلدارلاردىن تەپ تارتاتتى. كۆڭلىدە غۇم ـ ئاداۋىتى بولسىمۇ ئۇشتۇمتۇتلا مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەمما بۇ قېتىمقى توپىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدە شوپۇل ۋەقەسى بىر تۈرتۈرۈق بولۇپ قالدى»②.

1931 ـ يىلى يازدىكى جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ شىددەتلىك دولقۇنى قۇمۇل يەرلىك مەمۇرلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەدرىجىي توختىتىپ قويدى، بولۇپمۇ قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى بىر ياققا قايرىپ قويدى. ھەربىي ھەرىكەتلەر بۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى.

قۇمۇلغا دائىر خەۋەرلەر شىنجاڭدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي نەتىجە، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىنكاسلارنى پەيدا قىلىپ، جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدا قۇمۇل قوزغىلىڭىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا تۈرلۈك پوزىتسىيە ۋە قاراشلار بارلىققا كەلدى. مائارىپ نازىرى لىيۇ ۋېنلۇڭ، تەمىرات نازىرى يەن يۇيشەن قاتارلىق ھۆكۈمەت

ئىشلىرىغا پۇختا بىر تۈركۈم ئەمەلدارلار مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى ئەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى لۇ شياۋزۇ قاتارلىقلار قوراللىق ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

شوپۇل ۋەقەسىدىن ئىلگىرى، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى بىر قىسىم ئەمەلدارلار مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ، قورال كۈچى ئارقىلىق «يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش» كە قارشى تۇرماقچى بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئابدۇرېھىمدورغا، سوپۇر دورغا، پالنىيازدورغا، ئابدۇنىياز قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە 7 ـ ئاي ئىچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پۈتۈشكەنىدى. بۇ ئىشنىڭ بىۋاسىتە پىلانلىغۇچىسى نەزەرنىڭ كۈيئوغلى مەھبۇپ ھاجى ئىدى ③.

شوپۇل ۋەقەسى جىن شۇرېننىڭ قۇمۇلنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ساقلاش ئارزۇسىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. شۇنداقلا، ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ مەخپىي ھەرىكەت پىلانىنىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەمەسى بىلەن قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قاتناشتى.

شوپۇلغا ئەسكەر چىقىرىش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ليۇ شىزېڭ ئىشنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىدار دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى يۇقىرى قاتلام تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنىڭمۇ «ئەل قىلىش» بىلەن «جازا يۈرۈش قىلىش» مەسىلىسىدە ئارىسالدى بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئىشلاردىن ئانچە ـ مۇنچە خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ دەرھال قۇمۇل ھاكىمى جۇلى، ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاخۇنى سەدەنشاھ ۋە يارى دورغىنى تاغقا چىقىرىپ قوزغىلاڭچىلار بىلەن كۆرۈشتۈردى.

ئۇ چاغلاردا قوزغىلاڭچىلار ھېلى توپلىشىپ، ھېلى تارقاق

ھەرىكەت قىلاتتى، تېخى بىر تۇتاش رەھبەرلىك شەكىللەنمىگەنىدى. خوجىنىياز بىرنەچچە يىللاردىن بېرى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تۇتۇش ئوبيېكتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قۇمۇلدا ئالاھىدە مەشھۇر ئادەم بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا ليۇ شىزىڭ قوزغىلاڭچىلار توپى ئىچىدىن خوجىنىيازنى سۆھبەت ئوبيېكتى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تاللىۋېلىپ، خوجىنىيازغا ئەگەر قوزغىلاڭچىلار قورالنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلا بولسا ھۆكۈمەتنىڭ ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىككە ۋەدە بېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى ④.

قوزغىلاڭچىلار سېپىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ھەمدە بىر تەرەپ سۆھبەت ۋەكىلى سالاھىيىتىگە ئېرىشىۋالغان نەزەرنىڭ كۈيئوغلى مەھبۇب ھاجى قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جولي قاتارلىقلارغا «ۋاقىتلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پەرمانىنى بېكار قىلىش» تەلىپىنى قويدى. بۇ تەلەپ قۇمۇل يەرلىك دائىرىلىرى تەرىپىدىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەلىپى، بولۇپمۇ خوجىنىيازنىڭ تەلىپى دەپ قارىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىندى. بۇ ئىش ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ ھەر قەيەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈرگەن، ۋاڭ ئوردىسى بىلەن چوڭقۇر ئۆچمەنلىكى بولغان خوجىنىيازنىڭ سىياسىي ھاياتىغا چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر خۇنۇك داغ بىلەن قويدى.

ئەمەلىيەتتە، ليۇ شىزىڭ بۇ قېتىمقى سۆھبەتكە ئانچىلىك ئېتىبار بەرمىگەنىدى. پەقەت بۇ سۆھبەتنى توقۇنۇشنى پەسەيتىشنىڭ ۋاقىتلىق تەدبىرى قىلىپ تۇرۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپلا، ھەربىي ياردەم ئارقىلىق ئۆزىنى ئوڭشىۋالماقچى ئىدى.

گەپنىڭ توغرىسىنى قىلغاندا، مۇشۇ مەزگىلدە پۈتكۈل قۇمۇل دىيارىنى بىر ئالغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەسىر كۈچى ئادەتتە ھەيۋە كۆرسىتىشلا بولۇپ قالغان، ئۇنۇملۇك قوراللىق

ئەمەلىي جەڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلالمىغانىدى. 1931 ـ يىلى يازدا، ئاراتۇرۇك بايدا چېگرا ساقلاۋاتقان چوڭ ئەترەتنىڭ 70 نەچچە ئوفىتسېر ـ ئەسكىرى ئەترەت باشلىقى ئابدۇللانىڭ قوماندانلىقىدا قورال ـ ياراغلىرى بىلەن قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل رايونىنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. چۈنكى بۇ چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسى قۇمۇل بۆلىكىدە تۇرىدىغان مۇنتىزىم قورال ـ ياراغلىرى بار، كۆپلەپ ھەربىي مەشىقنى باشتىن كەچۈرگەن ئەترەت ئىدى.

## 2. خوجىنىيازنىڭ باش كۆتۈرۈشى

لىيۇ شىزېڭ بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جازا يۈرۈشى قىلىشنىڭ سەۋەبى قىلدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ئاز ـ تولا ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، بىر پولك ھەربىي كۈچ چىقىرىپ، بىنۋاسىتە ئاراتۇرۇككە ئەۋەتىپ، چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاراتۇرۇك قوزغىلىڭىنى بىراقلا يوقاتماقچى بولدى. بۇ قوشۇن پولك كوماندىرى جۇلۇيجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا تەگرىتېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ نامداۋانغا كەلگەندە، قوزغىلاڭچىلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتسىلا بارىكۆل ۋە ئاراتۇرۇككە بارىدىغان تۈز يول بار ئىدى. لېكىن جۇ بىرىگادا كوماندىرى قوماندانلىقىدىكى بۇ قوشۇن قوزغىلاڭچىلارنىڭ زەربىسىنى بۆسۈپ ئۆتەلمىدى. قاش قارايغان چاغ بۇ قوشۇن نامداۋاندىن چېكىنىپ قۇمۇلغا قايتىۋاتقان ۋاقىتتا، خوجىنىياز قوماندانلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئەگرى ـ بۈگرى 10 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان تار جىلغىلاردا ئۇلارغا كەينى ـ كەينىدىن زەربە بەردى، پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەسكەرلەرلا جىلغىدىن قېچىپ چىقىپ قۇمۇلغا

بېرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن لىۇ شىزېڭنىڭ ئاراتۇرۇك قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش پىلانى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى ⑤.

بۇ قېتىمقى جەڭنى پۈتۈنلەي خوجىنىياز تەشكىللىگەن ۋە ئېلىپ بارغانىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ نەزىرىدىكى خوجىنىياز كۆپىنى كۆرگەن، ئوقى زايا كەتمەيدىغان مەرگەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۈچلۈك ئۇيۇشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە داھىي بولۇپ قالدى. خوجىنىيازنىڭ ئىناۋەت ئابرۇيى كۈنسېرى ئۆرلەپ، ئاراتۇرۇكتىكى سالى، قۇمۇل غەربىي تاغدىكى ئاۋۇت، شوپۇلدىكى سالى قاتارلىقلار بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىدىغان ئادەم بولۇپ قالدى.

نامداۋان جېڭى غەلىبىسىنىڭ ئىلھامى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنى يۇرەكلىك ھالدا تاغلىق رايونلاردىن قۇمۇل بوستانلىقلىرىغىچە كېڭەيتىشكە ھەمدە قۇمۇلنىڭ يېڭىشەھەر، كونا شەھەر، شەھەر ئىچى قاتارلىق جايلارغىچە ھۇجۇم قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

قۇمۇلدىكى جەڭ ئەھۋالى ئۈرۈمچىنى قايتىدىن ئويغا سالدى. لىۇ ۋېنلۇڭ قاتارلىقلار سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشنى داۋاملىق تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، جىن شۇرېن لۇ شياۋزۇ قاتارلىقلارنىڭ قوللىشىدا، ئاخىر قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇشنى بېكىتتى. ۋۇ گېچېن بۇ ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەينى ۋاقىتتا لىۇ ۋېنلۇڭ، يەن يۇشەن ئىككى نازىر ھال سوراش ئۆمىكى ئەۋەتىپ ئىشنى پەسەيتىشنى ئويلىسا، جىن شۇرېن ھۆكۈمەتنىڭ ئابرۇيى ھەممىدىن مۇھىم دېگەننى باھانە قىلىپ، ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى جۇ رۇيچىنى دۇنزىيە كوماندىرى، شيۇك فايۇنى برىگادا كوماندىرى قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە چوڭ قوشۇننى باشلاپ قۇمۇلدىكى ئوغرىلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى»⑥. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،

جىن شۇرېن يولۋاسنى قۇمۇل ساقچى ئىشلىرى باشلىقلىقىغا تەيىنلەش بۇيرۇقىنى چىقاردى.

يولۋاس ئەگرى ـ توقاي كەچۈرمىشكە ئىگە ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قۇمۇلدا ئەڭ دەۋر سۈرگەن چاغلىرى «ۋاڭ ئوردىسىنىڭ باش غوجىدارى» لىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋاقىتلىرى ئىدى. بۇ «ۋاڭ ئوردىسىنىڭ چوڭ تەيجىسى» دېگەنلىك بولۇپ، يولۋاسنىڭ بۇ ۋەزىپىگە ئىگە بولالىشى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئىشقا قابىللىقىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ سىلىق ـ سىپايە، كەمتەر تاشقى قىياپىتى ئىدى، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغانلىقىدىن ئىدى. چۈنكى ئۇ كىچىك ۋاقتىدا بېيجىڭدا تۇرغان، شۇڭا ئۇ خەنزۇچە گەپنى بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى.

جۇ رۇيچى ھەربىي تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرمىگەن، تىپىك مەمۇرىي ئەمەلدار ئىدى. ئۇ ئاقسۇدا ئەمەل تۇتقان مەزگىللەردە ئالاھىدە سىياسىي نەتىجە قازانمىغان بولسىمۇ، كىشىلەرنى بىزار قىلىدىغان يامان ئىشلىرىمۇ يوق ئىدى. جۇ رۇيچىنىڭ لىۇ شىزېڭنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇ جىن شۇرېن بىلەن قۇدا ئىدى. جۇ رۇيچى قوماندانلىقىدىكى بىرگادا كوماندىرى شيۇڭ فايۇ بولسا، ھەربىي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، مۇئەييەن ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى.

جۇ رۇيچى جىن شۇرېنىنىڭ قوراللىق باستۇرۇش ئىدىيىسىنى قوللىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاقسۇدا كۆپ يىل ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن، سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنىڭ ئۈنۈمى ھەربىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇ رۇيچى قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىنى ئىزدەپ يۈردى، لېكىن جۇ رۇيچى تەييارلىنىپ قىلىپ بولغۇچە

بولغان ئارىلىقتا، بىرگادا كوماندىرى شيۇك فايۇ يولۋاس تەمسىلىگەن ئىسمىلىككە ئاساسەن، قۇمۇل شەھەر ئەتراپىدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسلىق قاتناشچىلىرىنى ئاختۇرۇپ تۇتۇپ، ئۇلارنى قۇمۇلدا كوللېكتىپ قىرغىن قىلدى.

يولۋاس ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى ئاختۇرۇپ تۇتۇش، ئۆلتۈرۈشكە سەۋەبچى بولغان جىنايىتىدىن قېچىپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىنى نىقابلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ قېتىمقى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئېغىر ئاقىۋەتنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى: «ئۇ كۈنى قۇمۇلنىڭ ھەممىلا يېرىدە تۇشمۇتۇشتىن مىلتىق ئاۋازى ياڭرىدى، ئۇيغۇرلار ئالاقزادىلىك ئىچىدە بىر - بىرىگە قىيامەت كەبى ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى يەتكۈزۈشتى. پۈتكۈل ئۇيغۇرلار قاتتىق ئىزتىراپلىق ئىچىدە چېرىكلەر ئۇيغۇرلارنى قىرىپ تۈگەتمەكچىكەن دېيىشىپ، قىر - چاپ يېتىپ كەلگۈچە چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال دەپ ئولتۇرماستىن ھەممەيلەن جاننى ئالقىنىغا ئالغىنىچە قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى»⑦.

«شىنجاڭ خاتىرىلىرى» نىڭ ئاپتورى ۋۇ گېچىن ۋە «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» نىڭ ئاپتورى جاڭ داجۈن قاتارلىقلار شيۇك فايۇغا باھا بەرگەن. ۋۇ گېچىن شيۇك فايۇنى «ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خۇمار بولۇپ قالغان» دېگەن ⑧. جاڭ داجۈن مۇنداق دېگەن: «شيۇك فايۇنىڭ ئەسلى خاراكتېرى جاللات بولۇپ، قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىنىمۇ ئامان قويماي ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خەلقى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلدى، شۇنداق قىلىپ قالايمىقانچىلىق تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى»⑨.

جۇ رۇيچىنىڭ يارىشىش پىلانى شيۇك فايۇ، يولۋاسلارنىڭ سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قورال كۈچى ئارقىلىق

باستۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. نەتىجىدە جۇ رۇيچىنىڭ مەغلۇبىيىتى لىۇ شىزېڭدىنمۇ بەتتەررەك بولدى. «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» ناملىق كىتابتا بۇ جەرياننى بايان قىلغاندا، كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقى ۋە قارشىلىقىنى ئاساسلىق ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. بولۇپمۇ شيۇڭ فايۇنىڭ ياۋۇزلارچە قىلمىشىنىڭ قوزغىلاڭچىلار بىلەن يەرلىك مەمۇري دائىرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنلىكى، ھەممىدە مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن جىن شۇرېننىڭ قومۇلدىكى ئىناۋەت ـ ئابرۇيىنىڭ پۈتۈنلەي تۆكۈلگەنلىكى «قوزغىلاڭچىلاردا پەقەت ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسىلا بار ئىدى، شۇنداقلا ئۇلار ئاللىقاچان جىن شۇرېن قوشۇنلىرى بىلەن ھايات ـ ماماتلىق جېڭى قىلىشقا تەييارلىنىپ قويغانىدى. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلار ئاساسەن مۇشۇ ئەتراپتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاچقا، يەر شەكلى بىلەن پىششىق تونۇشلۇق ئىدى، شۇڭا تاغ ۋە ئېقىنلارغا تايىنىپ تۇرۇپ زىچ ئىستىھكام قۇرۇۋالغانىدى. بۇنداق ئىستىھكام بىلەن ئازغىنە ئادەم بىر تاغ ئېغىزىنى توسۇۋالسا يەر شەكلىنىڭ خەتەرلىكلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۆلكە ئارمىيىسىنى بىر باتالىئون، بىر روتىدىن يوقاتقىلى بولاتتى. ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق بولۇپ ساپاسى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى ھەربىي مەشىق دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. جەڭگە قوماندانلىق قىلىش دېگەندىن ئەسلا خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭا ئىسيانچى خەلق بىلەن ئۇچراشقان ھامان مانامەن دەپلا چېكىنىپ قالاتتى» شۇنداق قىلىپ، قوزغىلاڭنىڭ ھەيۋىسى بارغانسېرى زورايغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن[10].

يولۋاس جۇ رۇيچىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، باشقىچە چىقىش يولى تاپماقچى بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا سوقۇنۇۋېلىش قارارىغا كەلدى.

يولۋاسنىڭ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا سوقۇنۇۋېلىش تەدبىرى تاغقا ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارغا ئىككى پارچە خەت تاپشۇرۇش بولدى. بىرىنچى پارچە خەتتە يولۋاس، قوزغىلاڭچىلارغا جۇ رۇيچىنىڭ شىڭشىڭشيادا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان بىر پولك ئەسكەرنى قومۇل شەھىرىگە، موريدىكى بىر پولك ئەسكەرنى نومغا يۆتكىمەكچى بولغانلىقىنى، بارىكۆلدىكى ئىككى پولك ئەسكەر بىلەن تاغدىكى قوزغىلاڭچىلارغا هۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى مەخپىي دوكلات قىلدى. بۇ ئاخباراتنىڭ بەزى مەزمۇنلىرى ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسپاتلاندى، لېكىن ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ئويدۇرما بولدى، يولۋاسنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئىدى. ئىككىنچى پارچە خەتنىڭ مەزمۇنى يولۋاس قوزغىلاڭچىلارغا گەنسۇ خېشى كارىدورىغا بېرىپ ما جۇڭيىڭنى ئەسكەر باشلاپ شىنجاڭغا كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ قوزغىلاڭنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش تەكلىپى ئىدى⑪.

ھەربىي كۈچ بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئۇدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، جۇ رۇيچى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ قومۇلدىكى يەرلىك ئۇيغۇر باي سودىگەر سوپى ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنى تاغقا ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۈلھى قىلماقچى بولدى. جۇ رۇيچى قومۇل ۋاڭلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ماقۇل بولىدىغانلىقىنى، لېكىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ بارلىق قوراللارنى تاپشۇرۇشى لازىملىقىنى تەلەپ قىلدى ⑫.

سوپى ھاجى قاتارلىقلار يولغا چىقىدىغان چاغدا يولۋاس جۇ رۇيچىدىن ئۆزىنىڭ سوپى ھاجى قاتارلىقلار بىلەن بىللە بېرىشىغا ئىجازەت بېرىشىنى ئۆتۈندى، يولۋاسنىڭ تەلىپى قاندۇرۇلدى. سوپى ھاجى يولۋاس بىلەن تاغدا شوپۇللۇق سالى، غەربىي تاغلىق ئاۋۇت قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا جۇ

روپچىنىڭ سۆلھى شەرتىنى شەرھلەپ ئۆتتى.

«ۋاكلىق تۇزۇمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» كە سالىلار ئەسلا قىزىقمايتتى. شۇڭا ئۇلار بىلەن بولغان سۆھبەت كونكرېت نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئاخىرىدا سوپى ھاجى، يولۋاس قاتارلىقلار خوجىنىياز بىلەن كۆرۈشتى.

ئەسلىدە «ۋاكلىق تۇزۇمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» تەلىپىنى خوجىنىيازنىڭ يېنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان نەزەرنىڭ كۆيئوغلى مەھبۇب ھاجى ۋە ئابدۇللا قاتارلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، شۇڭا جو روپچىنىڭ «ۋاكلىق تۇزۇمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» كە قوشۇلىدىغانلىقى ھەققىدىكى شەرتى بۇ يەردە بازار تاپتى.

شۇ چاغلاردا خوجىنىيازنىڭ مەھبۇپ ھاجى قاتارلىقلارنىڭ ۋاكلىق تۇزۇمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەلىپىنى توسۇپ قالغۇدەك مادارى يوق ئىدى. لېكىن، قورال تاپشۇرۇش مەسىلىسىگە كەلگەندە خوجىنىياز ئۆز ئالدىغا ئىپادە بىلدۇرۇپ، «قوراللارنىڭ پەقەت بىر قىسمىنى ئالدىن تاپشۇرىمىز، قالغانلىرىنى بەش يىل ياكى 10 يىلدىن كېيىن پۈتۈنلەي تولۇق تاپشۇرىمىز» ⑬ دېدى. روشەنكى، ۋاكلىق تۇزۇمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ـ كەلتۈرمەسلىك بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھالقىلىق مەسىلىدە، خوجىنىياز ئۆزىگە خاس قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن سۆلھىدە ھېچقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىدى.

سۆلھىنىڭ نەتىجىسى خوجىنىياز ۋە باشقا قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس ئىدى. مەھبۇب ھاجى قاتارلىقلار ئۈچۈن بۇ بىر ئەجەللىك زەربە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولى بىلەن ۋاكلىق تۇزۇمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىبارەت سىياسىي ئۈمىدى ئۈزۈل ـ كېسىل بەربات بولدى.

بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشنىڭ يەنە بىر نەتىجىسى يولۋاسنىڭ

قوزغىلاڭچىلار سېپىگە كىرىشى بولدى. يولۋاس قوزغىلاڭچىلار رەھبەرلىرىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا پايدا - زىياننى دەڭسەپ كۆرۈپ، مۇشۇ پۇرسەتتە جىن شۇرېننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندا كېيىنچە تېخىمۇ چوڭ سىياسىي پۇرسەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. يولۋاس خوجىنىياز بىلەن كۆرۈشۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تاغدىن چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كەلگەن باقىنىيازغا: «جۈسلىڭ مەندىن گۇمانلىنىپ قالدى. سىلەر مېنى بۇ يەردە ئېلىپ قېلىپ جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالساڭلار» دېدى. ئىككىنچى كۈنى باقىنىياز سوپى ھاجى، يولۋاسلارنى ئۈزىتىپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا يولۋاسنى قولغا ئالدى ⑭. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن سوپى ھاجى قوزغىلاڭچىلار يولۋاسقا قەست قىلىدۇ دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىنى جۇ رۇيچىغا دوكلات قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، قۇمۇل گارنىزون قوماندانى يولۋاسنىڭ ئەمىلىدىن ۋاز كەچكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر تېزلا تارقالدى.

سوپى ھاجى قاتارلىقلار نەتىجىسىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، زېڭ ۋېنۋۇ ئۆزىنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتىنى ئىدارە قىلىش تارىخى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان: «جۇ دىۋىزىيە كوماندىرى ھېچقانداق ئامال قىلالماي، زىياننىڭ بەك چوڭ بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆلكىدىن مۇنتىزىم، قولىدىن ئىش كېلىدىغان قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ خەۋەر خوجىنىيازنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن قۇمۇل شەھىرىنى ئالماقچى بولۇپ، بارلىق ئاياللارنىڭ تاغ ئېغىزلىرىغا ئورۇنلىشىپ زىرائەتلەرنى ساقلىشى، بارلىق ئەرلەرنىڭ بىردەك ھەرىكەتكە كېلىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى» ⑮. قوزغىلاڭچىلار قۇمۇل كونا شەھىرى، يېڭىشەھىرى ۋە شەھەر

ئچىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. خوجىنىياز ئۆزىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى ۋاقىتلىق قەبرىستانلىقى يېنىدىكى ئوتلاقتا قۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئورنى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى.

## 3. ما جۇڭيىڭنىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىشى

قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قورال - ياراغلىرى قۇمۇلدىكى ئۈچ شەھەرنى ئېلىشقا ئەسلا يەتمەيتتى، ئەمما جۇ رۇيچىنىڭ قوشۇنلىرىمۇ ئىرادىسىنى يوقاتقان بولۇپ، پەقەت مۇھىم جايلارغا تايىنىپلا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتاتتى، زەربە بېرىش ئىقتىدارى زادىلا يوق ئىدى.

تومۇز كىرىپ ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن ئۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھەر ئىككى تەرەپكە قاراڭغۇ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئىسلام ئېچىش ئىشلىرىنى كېڭەيتىش ئىچكىرىي جايلاردىن باشلىنىدىكەن» دېگەن گەپلەر كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى، بۇ ئەمەلىيەتتە ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان جامائەت پىكرى ئىدى. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ مۇسۇلمان سالاھىيىتى بىلەن گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدا تۇرۇۋاتاتتى.

ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىش تەكلىپىنى ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان ئادەم يولۋاس ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەكلىپكە ئاكتىپ ئاۋاز قوشقانلار بولسا مەھبۇب ھاجى ۋە ئىلگىرى ۋاڭ ئوردىسىدا ھوقۇق تۇتقان ئەمەلدارلار بولدى. ئۇلارنىڭ بىۋاستە مۇددىئاسى ما جۇڭيىڭنى ھازىرقى داھىي خوجىنىيازنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئىدى.

باشقا ئۆلكىدىكىلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش ساداسى

بارغانسېرى كۆچىيىپ كېتىۋاتاتتى. خوجىنىيازنىڭ ئەتراپىدىمۇ بارغانسېرى كۆپ كىشىلەر خوجىنىيازنىڭ بۇ ئىش ھەققىدە تېزراق كەسكىن بىرنېمە دېيىشىنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. ئارسالدى بولۇپ تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ئاخىر سالى دورغا (سالى مۇھەممەد نىياز) نى جيۇچۈەنگە ئەۋەتىپ ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى⑯.

ما جۇڭيىڭنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى ئەھمىيەتلىك چاغلىرى شىنجاڭدا ئۆتتى. ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى تۇرمۇش كەچۈرمىشى ئۇنىڭ كېيىنكى سىياسىي ھاياتى ئۈچۈن تەييارلىق بولۇپ قالدى.

ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى تۇرمۇش كەچۈرمىشى ھەققىدە ئەڭ ئاۋۋال باھا بەرگەن كىشى ۋۇ گېچېن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «شۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ قوماندانلىقىدىكى غەربىدە ما بۇفاڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچراپ چېكىنىش يولى تاپالماي يۈرەتتى، 21 ــ يىلى (1932 ــ يىلى) 5 ــ ئايدا تۆت ــ بەش يۈز ئادەمنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ ئۇيغۇرلارغا ياردەم بەردى. ما (جۇڭيىڭ) گەنسۇلۇق مۇسۇلمان ئىدى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن دىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا داھىيلىق سالاھىيىتى بەردى»⑰.

ئۇنىڭدىن سەل كېيىن زېڭ ۋېنۋۇ ما جۇڭيىڭغا بولغان باھانىڭ دائىرىسىنى بىرئاز كېڭەيتىپ مۇنداق دېگەن: «ما جۇڭيىڭ گەنسۇلۇق تۇڭگان. ئۇنىڭ 21 ياش چاغلىرى يولۋاستەك باتۇر چاغلار بولۇپ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تۇڭگان ئىدى. ئۆزى قارام، ئۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىدىن كۈچلۈك ئىدى. ما جۇڭيىڭ ما بۇفاڭدىن يېڭىلىپ، نىڭشيادا تۇرۇۋاتقان چاغدا ياردەم سوراپ كەلگەن ئەلچىگە يولۇقۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن 700 ئادەمنى باشلاپ جيايۈگۈەندىن ئۆتۈپ 5 ــ ئاينىڭ 20 ــ كۈنى خۇاڭلۇگاڭغا يېتىپ

كەلدى، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئۇنىڭغا داھىيلىق سالاھىيىتى بەردى»[18].

بىز تۆۋەندە يۇقىرىدىكى ئىككى ئابزاس باھانى ئاساس قىلغان ھالدا يەنە ئازراق تولۇقلىما قىلىمىز: ما جۇڭيىڭ گەنسۇنىڭ خېمۇ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، ما بۇفاڭ بىلەن شىرەم قېرىنداش، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسلى ئىسمى ما بۇيىڭ بولۇپ، 17 ياش ۋاقتىدا بىرىگادا كوماندىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، «گا سىلىڭ» «بالا قوماندان» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. كېيىن ئۇ شىرەم تۇغقىنى مابۇفاڭ بىلەن قارشىلىشىپ قالغاچقا ئىسمىنى ما جۇڭيىڭغا ئۆزگەرتىپ گەنسۇ خېشى كارىدورى ئەتراپىدا گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي بىرلەشمە ئارمىيىسى تەشكىللەپ، ھەرىكەت دائىرىسىنى بىر مەزگىل ئىچكى موڭغۇلغىچە كېڭەيتكەن. 1931 ـ يىلى جياڭ جيېشى دۆلەت ئارمىيىسى ئاتلىق ئەسكەرلىرى 36 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ نىڭشيادىكى فېڭخۇڭكۇي دېگەن جايدا گېنېرال لېينانت ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئاتلىق ئەسكەرلەر 36 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ مۇداپىئە قىلىش دائىرىسى گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن ئەتراپلىرى ئىدى.

ما جۇڭيىڭ ھازىرقى ئەھۋالدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى 36 ـ دىۋىزىيە مەيلى قورال ـ ياراغ ياكى ھەربىيلەر شتاتى جەھەتتىن بولسۇن، ئەمەلىي ئورۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. تېخىمۇ يامىنى ما جۇڭيىڭنىڭ مۇداپىئە رايونى گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق جايلاردىكى مىلىتارىستلارنىڭ قاتمۇقات قورشاۋى ئىچىدە تۇراتتى. ئەتراپتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللارغا نەزەر سالغاندا ما جۇڭيىڭنى ئادەم ۋە مالىيە كۈچى بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك تەمىن ئېتەلەيدىغان جاي پەقەت تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلار ئىدى.

دەل ما جۇڭيىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا دىققەت قىلىۋاتقان پەيتتە، خوجىنىياز ئەۋەتكەن سالى قاتارلىق ئەلچىلەر جىيۇچۇەنگە كېلىپ ما جۇڭيىڭنى قوشۇن باشلاپ شىنجاڭغا بېرىپ، قۇمۇل قوزغىلىڭىغا ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى خۇاڭلۇگاڭغا كېلىپ، شىڭشىڭشيادا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ئۆلكە ئارمىيىسىگە زەربە بېرىپ تولۇق غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەيۋىسى دەرھال زىلزىلە پەيدا قىلدى، بولۇپمۇ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى بۇ ئىش ئۈچۈن چەكسىز خۇشال بولۇپ، ئۇلار ما جۇڭيىڭ ئۈچۈن كاتتا قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

بۇ مۇراسىمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ما جۇڭيىڭ قۇمۇلغا كەلگەندە يېزىدىكى تۆرە ـ غوجاملار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە رەڭلىك دەرۋازا تىكلىدى (مەن ئۇ چاغدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم. ئۇ كۈنى مەن ئۇستازنىڭ ئېتىنى يېتىلەيدىغان بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇنداق مەيدانغا كېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدىم) . ما جۇڭيىڭ يەنە بالا قوماندان دەپمۇ ئاتىلىدىغان ياش يىگىت ئىكەن. ئۇ تۆرىلەر بىلەن ئەدەپلىك كۆرۈشتى. تۆرىلەر تەييارلىغان سوۋغا ـ سالاملىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇشتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ياشتا چوڭ بىر ئادەم سوۋغىلارنى ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن بىر ـ بىرلەپ تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ كۈنى ما جۇڭيىڭ ئىسمائىل باي، يەنى ئىسمايىل يوغانباش دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ قورۇسىغا چۈشتى»⑲.

ما جۇڭيىڭ قوشۇن باشلاپ قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەن ئاشۇ كۈنى قۇمۇل يېڭىشەھىرى ۋە قۇمۇل كونا شەھىرىگە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلدى، ئەمما بىرىنچىچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ نۇسرەت قازىنالمىدى. ما جۇڭيىڭ خوجىنىيازنى زىيارەت

قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن شەھەر ئېلىش پىلانى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. خوجىنىياز كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئالدى بىلەن يېڭىشەھەرگە تېگىش قىلىش، يېڭىشەھەرنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بەردى. ما جۇڭيىڭ قوشۇلدى، ئاندىن ئۇلار يەنە ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئورۇش قىلىش دائىرىسىنىمۇ بېكىتىۋالدى. ما جۇڭيىڭ يېڭى شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالى ۋە ئوڭ شىمالىي تەرىپىدىن تېگىش قىلىدىغان، خوجىنىياز قوماندانلىقىدىكى قۇمۇل قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە ئوڭ جەنۇبىدىن تېگىش قىلىدىغان بولۇشتى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى خوجىنىياز ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جامائەت سورۇنلىرىدا ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن، ھەتتا ما جۇڭيىڭنى قارشى ئېلىش مۇراسىمىغىمۇ قاتناشمىغانىدى. ما جۇڭيىڭمۇ بارغانسېرى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، خوجىنىيازنىڭ داھىيلىق سالاھىيىتىنى ئېتىبارغا ئالماي يۈرگەننىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، باقىنىياز يولۋاسنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يولۋاسنى ما جۇڭيىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى.

شۇنىڭدىن باشلاپ يولۋاس ما جۇڭيىڭ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت ئورناتتى.

بىرنەچچە قېتىملىق قاتتىق ھۇجۇم قىلىنغان بولسىمۇ قۇمۇل يېڭىشەھىرى قولغا كەلمىدى. مۇنداق ئەھۋالدا يولۋاس ما جۇڭيىڭغا بارىكۆلگە ھۇجۇم قىلىپ، كۆنسېرى كەملەپ كېتىۋاتقان قورال - ياراغ، ئوزۇق - تۈلۈكنى تولۇقلىۋېلىش تەكلىپىنى بەردى. چىقىش يولى تاپالماي تۇرغان ما جۇڭيىڭ خوجىنىياز بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، قوشۇننى باشلاپ غىپپىدە قۇمۇلدىن چىقىپ بارىكۆلگە يۈرۈش قىلدى، جەنۇبىي تاغ ئېغىزىدىكى تۇنجى جەڭدە نۇسرەت قازىنىپ

يۈز نەچچە تال مىلتىق غەنىيمەت ئالدى.

جەنۇبىي تاغ ئېغىزىدىكى تۇنجى جەڭدە نۇسرەت قازانغان ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ تاشقى قىياپىتى كاللىسى يوق ئادەمگە ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئەھۋالى تولىمۇ ناچار ئىدى. بۇ چاغدىكى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭ ھەربىي لازىمەتلىكلەر غوجىدارى يۇ فۇمۇ يوشۇرۇپ قالالمىغان. يۇ فۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دېگەن: جەنۇبىي تاغ ئېغىزى ئۇرۇشىدىن كېيىن، «ما (جۇڭيىڭ) ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن يۈز نەچچە كىشىنى باشلاپ ئالدى بىلەن تەكرىتېغى ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ، پىيادە قىسىملارنى ساقلاپ تۇردى. بۇ پىيادە قىسىم ئەسكەرلىرى تەخمىنەن 90 چە ئادەم بولۇپ، سۇجۇدىن قۇمۇلغىچە بولغان يول ئۈستىدە كېيىملىرى يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن، ئىشتىنىدىن تىزى، چاپىنىدىن جەينىكى كۆرۈنۈپ قالغان، ئايىغىدىن پۇتلىرى چىقىپ قالغان، ھەتتا بەزىلىرى يالاڭ ئاياق، ياكى ئاياغلىرىنى ئەسكى لاتا بىلەن يۆگىۋالغان ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا ھەربىر قەدىمىنى ناھايىتى تەستە يۆتكەپ، ئاپتاپتا كۆيۈپ، قۇم - بوراندا تاسقىلىپ، يېرىم كېچە بولغاندا مىڭ بىر مۇشەققەتتە پۇتلىرىنى سۆرىشىپ يېتىپ كەلدى. لېكىن تاغ ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ، ئۇلاردا ئۇچىسىنى ئىسسىتالىغۇدەك كىيىممۇ يوق ئىدى، شۇڭا ئۇلار بۇتخانىنىڭ پورلىرىنى قومۇرۇپ ئېلىپ ئوت قالاپ ئىسسىندى. ئوت يالقۇنى ئاسمان پەلەك ئۆرلىگەن بولۇپ، كىشىلەر ئوت تالىشىپ ۋارقىرىشاتتى، بۇ قالايمىقانچىلىق ۋە ۋارقىرىشىش كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ تەلىيىمىزگە يارىشا ئۆلكە ئارمىيىسى ھېچنېمىنى سەزمىدى»[20].

ئەھۋالى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭكىدىنمۇ بەتتەررەك يەنە بىر قوشۇنمۇ بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ تەكرىتېغىنىڭ شىمال باغرىدىكى ئىككى پولك ئۆلكە ئارمىيىسى ئىدى. ئۇلار ما

جوڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئاراتۇرۇكتە تۇتۇشقانچە قەدەممۇ قەدەم مەغلۇپ بولغانىدى، شۇڭا باركۆل ئاسانلا قولغا چۈشكەنىدى. بۇ خەۋەر ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلدى. «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» نىڭ ئاپتورى ۋۇ گېچېن ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى مۇنداق بايان قىلغان: «جىن (شۇرېن) ئۈرۈشقا بىۋاستە نازارەتچىلىك قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەتراپىدىكىلەرنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن باش كاتىپ لۇ شاۋزۇنى باش قوماندان، شېڭ شىسەينى مەسلىھەتچى دۇ جىگونى برىگادا كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەپ ياردەمگە ئەۋەتتى...» ㉑.

لۇ شياۋزۇ قۇمۇل قوزغىلىڭى مەسىلىسىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرغۇچىلاردىن بولسىمۇ لېكىن ئۇ يا ھەربىي تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان، يا ھەربىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئەمەلى ئەمدىلا ئەسلىگە كەلگەن، ئىشتا ئىپپى يوق خام ئادەم ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئالتايدا ھاكىم بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ ھالدا، چېگرىدىن ئۆتۈپ رۇسىيە قاچاق ئەسكەرلىرىگە قوغلاپ زەربە بەرمەكچى بولغان، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى توسۇغاچقا، ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئەمەلىدىن ئېلىپ تاشلاپ سىناقتا قالدۇرغانىدى.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، جىن شۇرېننىڭ شېڭ شىسەينى لۇ شياۋزۇنىڭ باش مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىدىن ئىبارەت.

شېڭ شىسەي لياۋنىڭ ئۆلكىسى كەييۈەن ناھىيىسى شېڭجياتۈن كەنتىدىن بولۇپ، 1895 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شاڭخەي جۇڭگو گۇاڭشۇ مەكتىپى مەخسۇس بۆلۈمى سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. 1915 ـ يىلى بۇ يەرنى پۈتتۈرگەندىن

كېيىن، ياپونىيىگە بېرىپ سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان لياۋنىڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن شاڭخەيگە قايتىپ، مەملىكەتلىك باش ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشتۇرغان «ئانا تۇپراقنى قايتۇرۇۋېلىش» پائالىيىتىگە قاتناشقان. بۇ ھەرىكەت دەرھاللا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. شىڭ شىسەينىڭ سىياسىي ھەرىكەت ئارزۇسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، باشقا بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ گۇاڭجۇغا بېرىپ، شاۋگۇەن ھەربىي مەكتىپىنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر بۆلۈمىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن، ئۇنىڭ ھەربىي ھاياتى مانا شۇنىڭدىن باشلانغان.

شىڭ شىسەي شاۋگۇەن ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، لياۋنىڭغا قايتىپ، جاڭ زولىن قىسمىدا پەۋزۇد بولغان، ئەينى ۋاقىتتا، جىلى ـ فېڭتيەن سىستېمىسى مىلىتارىستلىرى قالايمىقان ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. شىڭ شىسەي جاڭ شۆلياڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن فېڭتيەن سىستېمىسى مىلىتارىستلىرىنىڭ كاتتىۋېشى جاڭ زولىننىڭ ۋەكىلى بولۇپ خۇنەن، سىچۈەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شۇ جايدىكى مىلىتارىستلار بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلىغان.

فېڭتيەن سىستېمىسى مىلىتارىستلىرى مەغلۇپ بولغانلىقتىن، شىڭ شىسەينىڭ خۇنەن، سىچۈەنلەردىكى مەخپىي ئالاقە خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىسىمۇ يوققا چىقتى. لېكىن شىڭ شىسەينىڭ خىزمەت ئىقتىدارى فېڭتيەن سىستېمىسى دائىرىلىرىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ جاڭ زولىننىڭ مۇھاپىزەتچىلەر پولكىغا كىرىپ كاپىتان روتا كوماندىرى بولدى، ئارقىدىنلا يەنە ئۆستۈرۈلۈپ پودپولكوۋنىك دەرىجىلىك مەسلىھەتچى بولدى. شىڭ شىسەينىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى چوڭ بۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ جاڭ زولىن

تەرىپىدىن ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىشى بولدى. ئارىلىقتا فېڭتيەن سىستېمىسى مىلىتارىستلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى نىزا پەيدا بولدى. جاڭ زولىن شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنىڭ (جاڭ زولىننىڭ) دۈشمىنى گو سۇڭلىڭغا تايانغانلىقىنى باھانە قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇش خىراجىتىنى توختىتىپ قويدى. شېڭ شىسەي بىر مەزگىل نامراتلىقتىن ئىرادىسىنى يوقىتىپ قويدى. كېيىن جياڭ جيېشىنىڭ ياردىمى بىلەن ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرەلىدى.

1927 ـ يىلى، شېڭ شىسەي ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ۋەتەنگە قايتىپ، مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى قوشۇمچە مەركىزىي ھەربىي مەكتەپ قارىمىقىدىكى ئوفىتسېرلار پولكى ياۋروپا ئۇرۇش تارىخى ئوقۇتقۇچىسى بولدى. شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي مەسلىھەتچىلەر بۆلۈمى بىرىنچى كوللېگىيە 3 ـ بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەلدى. 1930 ـ يىلى لۇ شياۋزۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلەر مۇدىرى بولدى.

ما جۇڭيىڭ بارىكۆلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن لۇ شياۋزۇنى قۇمۇلغا بېرىپ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشقا تەيىنلىگەندە، لۇ شياۋزۇ شېڭ شىسەينى مەسلىھەتچى قىلىپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىلەن لۇشياۋزۇ مورىنىڭ داشتۇ دېگەن يېرىگە قوماندانلىق شتابى ۋە ئارقا سەپ بازىسىنى قۇردى. دۇ جىگو قوماندانلىقىدىكى كۆچەيتىلگەن 10 روتىدىكى تەخمىنەن

مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى قۇمۇلغا 70 كىلومېتىر كېلىدىغان لياۋدۇن دېگەن جايدا مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇردى. ھەممە تىڭ لىنىيىلىك مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئېغىر زەمبىرەك ۋە پىلىموتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گىرەلەشمە ئوت كۈچى سەپلىدى. دەرۋەقە، ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ئۇلارنىڭ كۆتكىنىدەك بولمىدى. شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي دەرسلىك كىتابتىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن قىلغان بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشى، پەقەت جىن شۇرېن قوشۇنلىرىنىڭ ساپاسىنىڭ بەك تۆۋەنلىكىدىن پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. لۇ شياۋزۇ قوماندانلىق قىلغان بۇ قېتىمقى قۇمۇلغا ياردەم بېرىش ھەرىكىتى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى.

ۋۇ گېچېن بۇ ئەھۋالنىڭ جەريانىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۆلكە ئارمىيىسى ئۇزۇندىن بۇيان مەشىق قىلدۇرۇلمىغان، ئىنتىزامى چېچىلاڭغۇ بولغانلىقتىن، ما (جۇڭيىڭ) قوشۇنلىرى كېچىلەپ ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. برىگادا كوماندىرى دۇ (جىگو) ئۆلدى، ئۇلاردىن پەقەت 10 نەچچىلا ئادەم ھايات قالدى. لۇ (شياۋزۇ) بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئاشلىق لازىمەتلىكلىرى-نىڭ دۈشمەنگە قېلىشىدىن قورقۇپ ئوت قويۇپ بېرىپ قوشۇننى باشلاپ، گۇچۇڭغا چېكىندى. بۇ ئۇرۇشتا ما (جۇڭيىڭ) يېنىك يارىلاندى، شۇنداق بولسىمۇ يارىسىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قۇمۇلغا قايتىپ ئارام ئالغاچ داۋالاندى» ㉒.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ تېخىمۇ تەپسىلىي ئەھۋالى ھەققىدە يۇفۇ مۇنداق بايان قىلغان: «لياۋدۇن گەرچە قۇملۇق بولسىمۇ يەر شارائىتى ئېگىز ئىدى، برىگادا كوماندىرى دۇ ئۇ يەرنىڭ يەر شەكلىگە ئاساسەن ئۈچ رەت خەندەك قازدۇرۇپ، چىڭ ساقلىدى. ما (جۇڭيىڭ) لياۋدۇنغا كېلىپ ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇراتتى، نىشان ناھايىتى ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن،

ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ بىر پاي ئوقى ئۇنىڭ بىلىگە تېگىپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. كۆپچىلىك بۇنى كۆرۈپ قورقىنىدىن ۋارقىراپ كەتتى، ئەسكەرلەرمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. لېكىن ما (جۇڭيىڭ) تۇيۇقسىز سەكرەپ قوپۇپ ئاتقا مىندى ـ دە، قول ئاستىدىكىلەرنى يالغاندىن تىللاپ قويۇپ، ماۋزۇردىن 10 نەچچە پاي ئوق چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرى يەنە بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى، ئۇلار ما (جۇڭيىڭ) نىڭ يارىلانمىغانلىقىنى كۆرۈپ ھۇررا توۋلىغانچە شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۆلكە ئارمىيىسى ما (جۇڭيىڭ) نىڭ يارىدار بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزئارا تەبرىكلىشىۋاتقان پەيتتە تۇيۇقسىز ما (جۇڭيىڭ) نىڭ قايتىدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆزىگە ئىشىنىشكە ئۈلگۈرمەستىنلا ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىرىنچى مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتتى، ئارقىدىنلا ئىككىنچى، ئۈچىنچى مۇداپىئە سەپلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھەممىنى ئىگىلىدى. بىرىگادا كوماندىرى دۇ يىقىن ـ يۈرۈقلىرىدىن 10 نەچچە ئادەم بىلەن 20 چاقىرىم نېرىغا چېكىنىپ بېرىپ ئۆزىنى ئېتىۋالدى. بۇ قېتىم ما (جۇڭيىڭ) نۇرغۇن ئۇرۇش غەنىيمىتىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە توققۇزدىن كۆپرەك پىلىموت، زەمبىرەكتىن ئىككىسى بار ئىدى»㉓.

ما جۇڭيىڭ 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىنكى بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ھەم مەھرۇم بولدى، ھەم ئىگە بولدى. ئۇنىڭ مەھرۇم بولغىنى 10 كۈن ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىنى ئېلىش، ئۈچ ئايدا جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋەدىسى ئىدى؛ ئىگە بولغىنى ئۇ باركۆلدە بىر زەربە بىلەنلا جىن شۇرېننىڭ ئىككى پولك ھەربىي كۈچىنى يوقىتىپ، ناھايىتى نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئەسلىھەلىرىنى غەنىيمەت ئالدى، ئۇ جيۇچۈەندىن چىققاندا كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل، قورال ـ ياراغلىرى ئىنتايىن كەمچىل بولغان

تەشكىلىي ئىنتىزامسىز بۇ بىر توپ ئادەملەر ئەمدىلىكتە يېتەرلىك قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلىرى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى بار بولغان قوشۇن بولۇپ قالغانىدى.

بۇ جەرياندا، پايدىغا ئېرىشكۈچىنىڭ يەنە بىرى يولۋاس بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن يولۋاس ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھالدا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالدى، ھەمدە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنىمۇ بەرپا قىلىپ قۇمۇل قوزغىلىڭى سەركەردىلىرىنىڭ ئىچكى نىزاسىنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇتۇرۇقى بولۇپ قالدى.

بۇ جەرياندا ھەقىقىي زىيان تارتقان كىشى خوجىنىياز بولدى. ما جۇڭيىڭنى خوجىنىياز قۇمۇل قوزغىلىڭىغا ھەمدەم بولۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى. لېكىن ما جۇڭيىڭ قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، يولۋاس ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا داھىيلىق ئورنىغا ئۆتۈۋالدى. ھەرقانداق ئىشنى خوجىنىيازغا دوكلات قىلمىدى، خوجىنىياز بىلەن ئەسلا ئۇچراشمىدى. ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ جەنۇبىي تاغدىن يۆتكىلىپ بارىكۆلگە ھۇجۇم قىلىش ئىشىنىمۇ خوجىنىيازدىن مەخپىي ئېلىپ باردى. پەقەت ما جۇڭيىڭ لياۋدۇندا يارىدار بولۇپ، قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خوجىنىياز بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرى يەنىلا قۇمۇل يېڭى شەھىرى ۋە كونا شەھىرى ئەتراپىدا ئورۇش قىلىپ يۈردى.

ما جۇڭيىڭ قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يولۋاسنىڭ ھەمكارلىششى بىلەن بارىكۆل ۋە لياۋدۇندا قولغا چۈشۈرگەن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا لازىمەتلىكلەرنى شۇ پېتى گەنسۇنىڭ ئەنشى دېگەن يېرىگە يۆتكىۋەتتى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى قورال ـ ياراغلار بىلەن يولۋاسنىڭ قوشۇنىنى قوراللاندۇردى، ئەمما خوجىنىيازغا ھېچ نەرسە بەرمىدى. مۇنداق ئىشلار تەكرار يۈز بەرگەنلىكتىن خوجىنىياز بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ مۇناسىۋىتى تېزدىن يامانلاشتى، ھەتتا خوجىنىياز يارىدار بولۇپ كارىۋاتتا

ياتقان ما جۇڭيىڭنى يوقلاپ بېرىشنىمۇ رەت قىلدى.

## 4. تاراتتى يىغىنى

ما جۇڭيىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، لياۋدۇن ئۇرۇشىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى باشقا ھەرقانداق جەڭ ھاسىلاتلىرىدىنمۇ مۇھىم ئىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ ئالىپ سەركەردە دېگەن نامى لياۋدۇن ئۇرۇشىدا يەنىمۇ ئىسپاتلاندى. ئۇرۇش رايونىنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەر، يېزىلاردا كىشىلەر تۈرلۈك ھېسسىيات بىلەن، ئېھتىياتچان ھالدا ما جۇڭيىڭ ھەققىدە سۆز - چۆچەك قىلىشاتتى. ئۈرۈمچىدە بولسا، كىشىلەر پۈتكۈل شەھەر خۇددى كۈتمىگەن يەردىن ۋەھىمىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغانىدى.

لۇ شياۋزۇغا ئاجرىتىپ بېرىلگەن ھەربىي كۈچ ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەر جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ چاغدىكى ھەربىي كۈچى ۋە مالىيە كۈچىنىڭ يۇقىرى چېكى ئىدى. جىن شۇرېن لياۋدۇن ئۇرۇشىنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئالدىراپ - تېنەپ بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ ما جۇڭيىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ سۈلھى شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەر ئىككىلا تەرەپتە زۆرۈر سەممىيەت بولمىغاچقا، سۆھبەت ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشمىدى. بۇ مەزگىلدە جىن شۇرېن ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى جاڭ پېيۈەننى دۈشمەن ئالدىنقى سېپى باش قوماندانى، شېڭ شىسەينى باش شتاپ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپ، 6 مىڭ 500 نەپەر ئەسكەرنى تەشكىللەپ قۇمۇلغا ئەۋەتتى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ قوشۇندا چاررۇسىيە ئوفىتسېرى پاپېنگورت قوماندانلىقىدىكى پۈتۈنلەي رۇسىيە قاچاق ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن

«ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قوشۇنمۇ بار ئىدى.

شېڭ شىسەينىڭ كونكرېت پىلانلىشى بىلەن بۇ قېتىمقى ھەرىكەت ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى، يەنى، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ سىياسىي تەدبىرلىرى، ئۇرۇش قىلىشنىڭ كونكرېت مۇھىم نۇقتىلىرىمۇ بەلگىلەنگەنىدى.

بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ سىياسىي نىشانى توغرىسىدا شېڭ شىسەي مۇنداق دېگەن: «شىنجاڭنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 4 مىليون بولۇپ، تۇڭگانلار ۋە ئۇيغۇرلار ئاھالىنىڭ 70 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، خەنزۇلار يەنىلا ئاز سانلىق مىللەت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىياسىي تاكتىكىنى تەكىتلەش زۆرۈر: بىرىنچى، شىنجاڭ ئۆلكىسى سىياسىي جەھەتتە ھەر مىللەت خەلقىگە چوقۇم بىردەك باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى لازىم؛ ئىككىنچى، خەلقنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىگە يول قويۇش كېرەك؛ ئۈچىنچى، ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ باندىتلارنى يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداپ ھەر مىللەت خەلقىنى تىنچ تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە قىلىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىش لازىم، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قوشۇننىڭ ئىنتىزامى قاتتىق بولۇشى، قىلچىلىكمۇ سەۋەنلىككە يول قويۇلماسلىقى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىنىشى، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئۆلكە ئارمىيىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم؛ تۆتىنچى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چوقۇم شىنجاڭنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشى لازىم» ㉔.

8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، جاڭ پېييۈەن قوماندانلىق قىلغان قوشۇن تەكرىتېغىنىڭ شىمالىي باغرى بىلەن مېڭىپ، فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، مورى دەرياسىدا تەكرىتېغىدىن ھالقىپ، يەتتىقۇدۇقتىن ئۆتۈپ، فەنماتاڭغا يېتىپ

كەلگەندە، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، بىر زەربە بىلەنلا ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى.

قۇمۇلدا داۋالىنىۋاتقان ما جۇڭيىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال گەنسۇغا قايتىش قارارىغا كېلىپ، قول ئاستىدىكى ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ قۇمۇلدىن كەتتى. ما جۇڭيىڭ قۇمۇلدىن كەتكەندىن كېيىن، خوجىنىيازمۇ يېڭى شەھەر، كونا شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ تاغقا چىقىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل مۇھاسىرىسى جەڭ قىلمايلا بوشىدى.

جاڭ پېييۈەن قۇمۇلغا كېلىپ تۇرۇش جەريانىدا فەنماتاڭ ئۇرۇشىنى بىر نەتىجە ھېسابلىغاندىن باشقا، يەنە بىر ئىش بىرىگادا كوماندىرى شيۇڭ فايۇنىڭ قۇمۇل مۇھاسىرىنىڭ بوشىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى بولدى، ئۆز كۆزى بىلەن بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئېگىزلىكى 10 نەچچە مېتىر كېلىدىغان بۇ ھەيۋەتلىك ۋاڭ ئوردىسى ئىس - تۈتەك ئىچىدە نەق بىر ئاي كۆيدى، بىز تاغ ئۈستىدىن كېچىلىرى يېنىۋاتقان ھەيۋەتلىك ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ تۇراتتۇق»[25].

مۇشۇ مەزگىللەردە يولۋاس قۇمۇلدىكى بىر لەنتەگەردىگە ئايلىنىپ قالدى. ئىلگىرى ئۇنى ما جۇڭيىڭ ئاشكارا قوللايتتى، ئەتراپىدا بولسا بىر تۇركۇم ۋاڭ ئوردىسى ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ دېپىنى چالاتتى.

ما جۇڭيىڭ گەنسۇغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، يولۋاسنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى كۈنسېرى ئۆرلەش ۋەزىيىتىدە تۇيۇقسىز پەسىيىش يۈز بەردى. گەرچە ما جۇڭيىڭ قۇمۇلدىن كېتىدىغان چاغدا يولۋاسقا 50 - 60 يامبۇ، 200 خىش چاي، بىرنەچچە

توپ رەخت، 20 ـ 30 تۆگە بېرىپ، ئۇنى تاغلىق رايوندا قېلىپ، تەسىر دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىشنى تاپىلىغان ㉖ بولىسمۇ، لېكىن، يولۋاسنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىناۋەت ـ ئابرۇيىنى خوجىنىيازغا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ما جۇڭيىڭ كېتىشۋىدى، يولۋاس ئۆزىنى قوراي قاتارلىق شەرقىي تاغ بۆلەكلىرىگە يوشۇرۇپ، غەربىي تاغدىكى خوجىنىياز بىلەن جۇغراپىيە جەھەتتىكى ئارىلىقنى ساقلاشقا مەجبۇر بولدى.

شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، خوجىنىياز قۇمۇلدىن تاغقا قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، موڭغۇلىيە دۆلىتىدىن سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان سەككىز ئادەم كەلدى. ئۇلارنىڭ باشلىقىنىڭ بىرى جامسېن دورجى ئىسىملىك موڭغۇل، بىرى ئاباي ئىسىملىك قازاق ئىدى. باشقا ئالتە ئادەمنىڭ ئىسىملىرى خەيدۇپ، لوپسىڭ شاگەن، گېبىر، نىيازئاخۇن، قاسىم، ئىسمائىلئاخۇن ㉗ قاتارلىقلار ئىدى. گۇاڭ لۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە بۇ ئادەملەرنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىنكى ھەرىكەتلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئالدى بىلەن قاراتاغقا بېرىپ خوجىنىيازنىڭ مۇھىم ھەمراھى سادىق قۇرمال بىلەن كۆرۈشۈپ، ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرگەن، يىپىپىڭى بىر ماۋزۇرنى كۆرۈشۈش سوۋغىسى قىلىپ تەقدىم قىلغان. ئاندىن ئۇلار سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە بىر قېتىملىق مۇھىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەن، جامسېن دورجى سوئال سورىغان، سادىق قۇرمال جاۋاب بەرگەن.

سوئال: ئاڭلىساق سىلەر ھۆكۈمەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشىپسىلەر، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

جاۋاب، ھۆكۈمەت بىزنى ئەزدى، خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنى دەپسەندە قىلدى، دىنىي ئېتىقادىمىزنى كەمسىتتى، تۇرمۇش ئادىتىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

سوئال: سىلەر پۇقرالار مۇشتۇمىلارغا تايىنىپ ھۆكۈمەت

بىلەن قارشىلىشامسىلەر؟

جاۋاب: بىزدىكى ئىرادە بىزنىڭ كۈچىمىز، باتۇرلۇقىمىز بىزنىڭ كۈچىمىز، بىزنىڭ بىلىكىمىز بىزنىڭ كۈچىمىز، بىزنىڭ هاياتىمىز بىزنىڭ كۈچىمىز.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە جامسىن دۇرجى خۇشال بولغان هالدا باش بارمىقىنى چىقىرىپ: ياخشى! هەقىقەتەن بىر توپ ئەزىمەتلەر ئىكەنسىلەر، بىز هەر كۈنى خەنزۇلارنىڭ سىلەرنى رەهىمسىز ئېزىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز، سىلەرنىڭ بۇنداق بەختسىزلىكىڭلار ئۈچۈن بىز ئىنتايىن چوڭقۇر هېسداشلىق قىلىمىز. سىلەر هازىر قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلىۋېتىپسىلەر، خەنزۇلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى بۇ خىل باتۇرانە روهىڭلارغا پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ هېسداشلىقلىقىغا ئېرىشىدۇ. بولۇپمۇ ئەزەلدىن ئاجىز مىللەتلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ كېلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. سىلەر قورقماڭلار، داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىڭلار، غەلىبە سىلەرگە مەنسۇپ، هەرگىز قورال - ياراغلىرىمىز كەمچىل دەپ ئىرادەڭلار تەۋرەپ قالمىسۇن. بىزدە قورال كۆپ. سىلەرگە نېمە لازىم بولسا، بىز شۇنى شەرتسىز بېرىمىز، سىلەرگە ئوخشاش ئېزىلگەن ئاجىز مىللەتنىڭ مىللىي ئىنقىلابىي هەرىكىتىڭلارنى ئورۇنداشقا ياردەم بېرىشنى خالايمىز» دېگەن. ئۇ يەنە ئارقىدىنلا: «لېكىن، سىلەرنىڭ ئىنقىلابىڭلارنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن، مەن سىلەرگە بىر تەكلىپ بېرىشنى خالايمەن: ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشىڭلار شۇكى، سىلەر چوقۇم ئىتتىپاقلىشىشىڭلار كېرەك، ئىتتىپاقلاشقاندىن كېيىن يەنە تەشكىللىنىش لازىم، تەشكىللىنىشنىڭ ئۆزى كۈچتۇر. سىلەرنىڭ كۈچلۈك تەشكىلاتىڭلار بولىدىغانلا بولسا، خەنزۇلارنىڭ توپ - زەمبىرەكلىرىمۇ سىلەرنى ۋەيران

قىلىۋېتەلمەيدۇ، ئەمما، سىلەرنىڭ تەشكىللىنىشىڭلار تېخى يېتەرلىك ئەمەس، سىلەرگە يەنە بىر رەھبەر كېرەك. بۇرۇن مۇنداق بىر ھېكايە بولىدىغان: بىر باشلىق، مىڭ قۇيرۇقلۇق بىر يىلان بار ئىكەن. يەنە بىر قۇيرۇقلۇق، مىڭ باشلىق بىر يىلانمۇ بار ئىكەن، بىر كۈنى ئۇلار تاش يولدا كېتىۋاتقاندا ئالدى تەرەپتىن ئېغىر يۈك بېسىلغان ھارۋا كېلىپ قاپتۇ، بۇ خەۋپلىك پەيتتە بىر باشلىق مىڭ قۇيرۇقلۇق يىلان ھەرىكەتتە بىرتۇتاش بولغانلىقى ئۈچۈن، دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ؛ ھېلىقى مىڭ باشلىق، بىر قۇيرۇقلۇق يىلان ئۇنداق قىلالماپتۇ، چۈنكى مىڭ باشنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قاراشلىرى بولغاچقا پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي، نەتىجىدە يۈك باسقان ھارۋىنىڭ تېگىدە قېلىپ يانچىلىپ ئۆلۈپتۇ» دېگەن. شۇ ۋاقىتتا ئاشۇ يەردە بار ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى جامسىن دۇرجىنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ھەممەيلەن ئۇنى ماختىغان ㉘.

جامسىن دۇرجىنىڭ گەپلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھېلىقى مول پەلسەپىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ھېكايىسى سادىق قۇرمالغا ناھايىتى زور ئىلھام بولغان. شۇ كۈنى كېچىدە، سادىق قۇرمال تاغقا ئادەم ئەۋەتىپ خوجىنىيازنى تېپىپ، ئىككىسىنىڭ ئۇچرىشىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان.

جامسىن دۇرجى خوجىنىيازغا سادىق قۇرمال بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنىنى بىرقۇر تەكرارلاپ بەردى. بولۇپمۇ قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىشتىن ئۈمىد بارلىقىنى تەكىتلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، خوجىنىياز ئوتتۇرىغا چىقىپ تاراتتىدا ھەرقايسى جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان يىغىن ئاچتى. يىغىنغا قۇربان دورغا، سالى مۇھەممەتنىياز، ئابدۇنىياز مىراب، توختىنىياز (ئاراتۇرۇك ئالدى تاغلىق)،

سادىق قۇرمال (ئاراتۇرۇكلۇك) قاتارلىقلار قاتناشتى، جامسېن دۇرجى قاتارلىقلارمۇ يىغىنغا قاتناشتى، ھەمدە يىغىندا ئۇ سادىق قۇرمال، خوجىنىيازلار بىلەن قىلغان سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى بىر داھىي سايلاپ، رەھبەرلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىدى. يىغىن مۇھاكىمە قىلىپ كونكرېت ئادەمنى سايلايدىغان چاغدا، «بەزىلەر خوجىنىيازنى كۆرسەتسە، بەزىلەر بېشىرنى كۆرسىتەتتى، يەنە بەزىلەر يولۋاسنى كۆرسىتىشتى. خېلى ئۇزۇن تالاش - تارتىش قىلىشقان بولسىمۇ مەسىلە يەنىلا ھەل بولمىدى. تاشقى موڭغۇلىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مۇنداق دېدى: ‹سىلەر ئىتتىپاق ئەمەسكەنسىلەر، بۇ ياخشى ئەمەس، ئارقىدىنلا ئۇ ھېلىقى مول پەلسەپىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ھېكايىسىنى — بىر باشلىق، مىڭ قۇيرۇقلۇق يىلان بىلەن مىڭ باشلىق بىر قۇيرۇقلۇق ئىلان ھەققىدىكى مەسەلنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ بۇ مەسەلنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ئەستايىدىل قىياپەت بىلەن ئىنقىلابنىڭ پەقەت بىرلا داھىيسى بولىدۇ، دېدى. ئاخىرىدا كۆپچىلىك ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىپ خوجىنىيازنى باش قىلىپ سايلىدى ㉚.

تاراتتى يىغىندىن كېيىن، خوجىنىياز قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ داھىيسى سالاھىيىتى بىلەن ئىسمائىل ھاجى (ئىسمائىل باي، ياكى ئىسمائىل يوغان باش)، زوردۇن، سالى مۇھەممەتنىياز، سالىئاخۇن، ناسىر موللا ۋە باقىنىياز (خوجىنىيازنىڭ ئىنىسى) قاتارلىق ئالتە ئادەمنى جامسېن دۇرجىنىڭ خېتى بىلەن موڭغۇلىيىگە ئەۋەتىپ، جامسېن دۇرجى ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. شۇ يىلى 10 - ئايدا، تاشقى موڭغۇلىيىدىن 100 تال مىلتىق، 25 مىڭ پاي ئوق، ئىككى تۇننا قوغۇشۇن، 500 جۇپ ئۆتۈك،

500 پەلتو، 500 يامغۇر چاپىنى قاتارلىق لازىمەتلىكلەر يۆتكەپ كېلىندى ㉛ .

خوجىنىياز بۇ نەرسىلەرنى مۇنداق تەقسىم قىلدى: يولۋاسقا 10 تال مىلتىق، بىر تاپانچا، 30 قۇر ھەربىي كىيىم؛ بېشىرغا 15 تال مىلتىق، 200 قۇر ھەربىي كىيىم بېرىپ قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئېلىپ قالدى.

تاراتتى يىغىندا، يولۋاس «قۇرئان» نى شىپى كەلتۇرۇپ خوجىنىيازنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ قومۇل قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى بولالمىغانلىقىدىن ئىچـــى پۇشۇپ يۇرگەنـــدى. خوجىنىيازنىڭ نەرسىلەرنى تەقسىملەش ئۇسۇلى ئۇنىڭدا قاتتىق نارازىلىق قوزغىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي تاشقى موڭغۇلىيىدىن كېلىدىغان ئىككىنچى تۈركۈمدىكى لازىمەتلىكلەرنىڭ چېگرىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يولۋاس ئالدى بىلەن چـېگـرىـغا بـېرىپ، 100 تـال مـىـلـتـىـق ۋە ئوق ـ دورىلارنى ئېلىۋالدى. خوجىنىياز ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يولۋاسنى تۇتۇپ قوتاز كەنتىگە سولاپ قويدى. بۇ خەۋەر دەرھاللا ھەرقايسى تاغلىق كەنتلەرگىچە يېتىپ باردى. بـــىرنەچچە كۈندىن كېيـــــن، يولۋاسنىڭ چوڭ ئوغلى نىيازبەگ بىرنەچچە يېقىن ـ يورۇقلىرى بىلەن ئاتلىق كېلىپ، قوتاز كەنتىدە يولۋاسقا قاراۋاتقان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، دادىسى يولۋاسنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كەتتـى، ئۇلار شۇ قاچقانچە ئاۋۋال ئۇدۇل باغداشقا باردى، ئاندىن ئايلىنىپ ئۆيى تۇرۇشلۇق جاي كارىز مەھەللىسىگە قايتىپ كەلدى ㉜ .

شۇنىڭدىن كېيىن، يولۋاس بىلەن خوجىنىيازنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يامانلىشىپ، ياراشقىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتـىپ باردى، ئاخىر ھەر ئىككىلىسى ئۆز يولـىدا مېڭـــىپ، ئۆز ئىشلىرىنى قىلدى.

جاڭ پېيىۋەن قوْمۇلغا كېلىپ تۇرغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، تاغقا چېكىنىپ كەتكەن قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىشقا ئالدىرىماي، ئەھۋال بىلەن تونۇشۇپ، پۇرسەتنى ئىگىلىمەكچى بولدى. ئەمما مۇنداق قىلىش جىن شۇرېننىڭ دىتىغا ياقمىدى، جىن شۇرېن تارباغاتاينىڭ ۋالىيسى لى خەيرۇنى يۆتكەپ كېلىپ، قوشۇمچە شەرقىي يول مۇھاپىزەتچىلەر ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، جاڭ پېيىۋەننى ئىلىغا ۋەزىپىگە تەيىنلەپ ئەۋەتتى ㉝.

لى خەيرۇنىڭ جاڭ پېيىۋەننىڭ ئورنىغا قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى: جىن شۇرېن جاڭ پېيىۋەننى قوْمۇلغا بارغاندىن كېيىن چوڭراق ھەربىي ھەرىكەت قىلمىدىڭ دەپ ئەيىبلىگەنلىكىدىن ئىدى. لى خەيرۇ مۇشۇنداق ئەھۋالدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دەرھال ليۇ جىيىسەن بىلەن بىللە شىڭ شىسەيگە قوشۇن باشلاپ بېرىپ قوزغىلاڭچىلارغا زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى. شىڭ شىسەي ھەربىي ئىشلاردا ئىنتايىن ئېھتىياتچان ئادەم ئىدى. لېكىن ليۇ جىيىسەن قارامىلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، قاتمۇ قات تاغ ئارىسىدا قامىلىپ قالدى، دەل مۇشۇ پەيتتە، ئەنشىدىن كەلگەن ما خېيىڭ (ما جۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى، يەنە بىر ئىسمى ما جۇڭجيې) بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئىككى تەرەپ ئېلىشىش نەتىجىسىدە، ليۇ جىيىسەن پۈتۈن سەپ بويىچە مەغلۇپ بولدى. ليۇ جىيىسەن نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

شىڭ شىسەي ما خېيىڭ ئەنشىدىن قايتىپ كەلگەن يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇيۇقسىز تاراتتى تېغىنى قورشىۋالدى. بۇ يەردە خوجىنىيازنىڭ ئاساسىي كۈچى ۋە خوجىنىيازنىڭ ئائىلىسى بولۇپ 6 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم بار ئىدى.

بۇرھان ئەپەندى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شىڭ شىسەي تېخىمۇ كۆپ چىقىم تارتىشنى

خالىماي، ئابدۇراخمان مەخسۇم، ئابدۇۋايىت ھاجى، شاتھوشۇر ئاخۇن، نۇربېك (خاۋدىڭباڭ) قاتارلىق بىرنەچچە ئادەمنى تاغقا بېرىپ خوجىنىياز بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتكەن، شېڭ شىسەي خوجىنىياز ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خوجىنىياز شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولغان بولۇۋېلىپ، ئالدى بىلەن 48 دانە مىلتىق، ئىككى دانە پىلىموت، 50 قوي تاپشۇرغان، ھەمدە ئىككى كۈندىن كېيىن تاغدىن چۈشۈپ شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولغان. ئۇنىڭ ئارقىغا سۈرەش تاكتىكىسى ئېقىپ قالغانلىقتىن، دەرھال تۆگە، ئاتلارنى تاشلىۋېتىپ، قىسىملىرىنى ۋە خوتۇن - بالىلارنى شەپىسىز ئېلىپ مېڭىپ، بىر تىك ياردىن ئارتىلىپ، قۇتۇلۇپ كەتكەن. شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى تاغقا چىقىپ ئاختۇرغاندا، بىر ئادەمنىڭ قارىسىنىمۇ تاپالمىغان»㉞.

شېڭ شىسەي ئۆزى يازغان «چېگرا رايوندىكى ئەسلىمىلەر» دېگەن ماقالىسىدىمۇ بۇ قېتىمقى جەڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان. ئوخشىمايدىغان يېرى، شېڭ شىسەي ئۇرۇش بولغان جاينى «پىتىياۋچۇ» دېگەن. بۇ تاراتتى تېغىدىكى بىر جىلغىنىڭ نامى ئىدى. ئىشتىن كېيىن شېڭ شىسەي جىن شۇرېنغا دوكلات قىلىپ، خوجىنىيازلار شىنجاڭدىن چىقىپ موڭغۇلىيىگە كېتىپتۇ، دېگەن㉟. جىن شۇرېن شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمىگە خاتا ھالدا ئىشىنىپ قېلىپ، دەرھال «قۇمۇل ۋەقەسى» ئاللىبۇرۇن بېسىقتۇرۇلدى، دەپ جاكارلىغان.

ئەمەلىيەتتە، خوجىنىياز شىنجاڭدىنمۇ كەتمىگەن، موڭغۇلىيىگىمۇ ئەسلا بارمىغان، ئۇلار پەقەت جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى جۇڭگوغا تەۋە مىڭگاڭ تېغىدا ئىدى㊱. موڭغۇلىيە كۆپ قېتىم خوجىنىيازنى تەكلىپ قىلىپ،

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، خوجىنىياز چىرايلىق گەپلەر بىلەن رەت قىلغان. ئۇ پەقەت موڭغۇلىيىنىڭ ئۇنى قورال - ياراغ ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشىنى ۋە تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

قورال - ياراغ توغرىسىدىكى تەلەپ پۈتۈنلەي قاندۇرۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىش تەلىپى موڭغۇلىيە دائىرىلىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، خوجىنىياز ئۆز قولى بىلەن تاللىغان 40 نەچچە نەپەر ياش موڭغۇلىيىگە بېرىپ ماشىنا ھەيدەش قاتارلىق مەخسۇس كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇدى. تالىپ ھاجى، سەمەتئاخۇن قاتارلىق شىنجاڭنىڭ كونا تاشيول ترانسپورت شوپۇرلىرى ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇلىيىگە بېرىپ ئوقۇغان كۇرسانتلاردۇر. ئوقۇپ قايتىپ كېلىپ خوجىنىياز ۋە مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قول ئاستىدا مۇنەۋۋەر ئوفىتسېر بولغان ھوشۇر ئاخۇنمۇ ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر㊲.

خوجىنىياز مىڭگاڭ تېغىدا ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، قوشۇننى باشلاپ قۇمۇل تاغلىرىغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇمۇل شەرقىي تاغلىرىدا قېچىپ يۈرگەن يولۋاسمۇ قۇمۇل شەرقىي تاغ ئەتراپىغا قايتىپ كەلدى. لى خەيرۇ تۇيۇقسىزلا ئەھۋالنىڭ يامانلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى - دە، جىن شۇرېنغا تېلېگرامما يوللاپ، قۇمۇل مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈندى. بۇ جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار ئومۇمىيۈزلۈك پالەچ ھالغا چۈشۈپ، زاۋاللىققا يۈزلىنىپ قالغانىدى، شۇڭا جىن شۇرېن لى خەيرۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، روزى ھاجى، ناسىر بەگ قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى

قۇمۇلغا بېرىپ خوجىنىياز بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 100 دادەن بۇغداي، 2100 تال 40 مىڭ سەر كۈمۈش بېرىدىغان قوزغىلاڭچىلار ئۆلكىلىك مىلتىقنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇغدايلارنى پۇقرالارغا بۆلۈپ بېرىش ئۈچۈن خوجىنىيازغا تاپشۇرۇپ بەردى»㊳.

روزى ھاجى، ناسىربەگ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جىن شۇرېنغا ۋاكالىتەن خوجىنىياز بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقانلىقى يولۋاسنىڭ ئىنتايىن زور نارازىلىقىنى قوزغىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ جىن شۇرېندىن نەپ ئېلىش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىپ باراتتى. شۇنىڭ بىلەن يولۋاس قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى جىن شۇرېنغا مەخپىي دوكلات قىلىپ، شۇ ئارقىلىق يېڭى بىر سىياسىي سودا قىلىش چوتىنى سوقتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، يولۋاس جىن شۇرېنغا بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. ئۇ بۇ خەتنى مامۇت شاڭيو ئىسىملىك بىرىدىن ماڭدۇردى. مامۇت شاڭيو (كارۋانبېشى) نىڭ بىر ئېشەك كارۋىنى بولۇپ، ئۇ دائىم ئۈرۈمچى، قۇمۇل، باركۆل ئوتتۇرىسىدا قاتنايتتى. خوجىنىياز بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئاخۇن تۆمۈر ئىسىملىك بىر ئوفىتسېرنى مامۇت شاڭيونىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا بۇيرۇدى. ئاخۇن تۆمۈر باركۆل چېگرىسى ئىچىدە مامۇت شاڭيوغا يېتىشىۋېلىپ ھېلىقى خەتنى تاپشۇرۇشقا قىستىدى. خەتنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، مامۇت شاڭيونى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلىدى㊴. يولۋاس سۇيىقەستى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، قۇمۇلدىن قېچىپ كېتىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

پايدىلانمىلار

① بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، (ئۇيغۇرچە) 281ـ

بەت.

② ژۇ گېچېن «شىنجاڭ خاتىرىلىرى»، 174 ـ بەت.

③ سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۈمۈر داستانى» 94 ـ، 99 ـ بەتلەر.

④ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 129 ـ بەت. سوپاخۇن سوۋۇرۇف: «قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە خوجىنىياز ھاجىنى ئەسلەيمەن»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 13 ـ سان، 170 ـ بەتكە قارالسۇن. يولۋاس: «قۇمۇل پۇقرالىرى ۋە ما جۇڭيىڭ»، «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابنىڭ 2742 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑤⑥ «شىنجاڭ خاتىرىلىرى»، 175 ـ بەت.

⑦ «قۇمۇل پۇقرالىرى ۋە ما جۇڭيىڭ»، «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابنىڭ 2746 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

⑧ شىنجاڭ خاتىرىلىرى، 175 ـ بەت.

⑨ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 2747 ـ بەت.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 2747 ـ بەت.

⑪ خېۋىر تۆمۈر: «خوجىنىياز ھاجىنى ئەسلەيمەن»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 12 ـ سان 12 ـ بەت.

⑫ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 130 — 138 ـ بەتلەر، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)

⑬ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 2748 ـ بەت.

⑭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (ئۇيغۇرچە) 12 ـ سان 12 ـ بەت.

⑮ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» 599 ـ بەت.

⑯ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 130 ـ بەت؛ سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ «قاراشلىرىم ۋە تەكلىپ» ناملىق ماقالىسىنىڭ 4 ـ بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «(ما جۇڭيىڭنى) ئىككىنچى قېتىم تەكلىپ قىلىپ بارغانلار يولۋاس، مۇسۇلباي قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. بىرىنچى قېتىم ما جۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىپ بارغانلار شاقۇرما، ئابدۇرېھىم قاتارلىق كىشىلەر ئىدى.» شۇ ماقالىنىڭ 6 ـ بېتىدە ئاپتور يەنە مۇنداق دېگەن: «يولۋاسنىڭ گەنسۇغا بارغان ۋاقتى جۇ رۇيچىنىڭ دەۋرى ئەمەس، بەلكى لىن خەيرۇ باش قوماندان بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ما جۇڭيىڭ يولۋاس بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەن ۋاقتى ما جۇڭيىڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىشىدۇر.»

⑰ «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» 175 ـ، 176 ـ بەتلەر.

⑱ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» 590 ـ، 660ـ بەتلەر.

⑲ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 13 ـ سان، 173ـ بەت.

⑳ يۈفۇ: «ما جۇڭيىڭ ھەققىدە خاتىرىلەر»، «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» ناملىق كىتابتىن نەقىل قىلىنغان، 2760—، 2761 ـ بەتلەر.

㉑ «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» 176 ـ بەت.

㉒ «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» 176 ـ بەت.

㉓ بۇ ماقالە مىنگونىڭ 37 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «دېڭىز دولقۇنى» مەجمۇئەسىنىڭ 2 ـ جىلد 1 ـ سانىغا بېسىلغان، «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابنىڭ 2763 ـ بېتىدىن نەقىل قىلىندى.

㉔ شىبىڭ شىسەي: «چېگرا رايوندىكى ئەسلىمىلەر. فەنما تاڭ ئۆرۈشى» 1965 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تەيبېي «چۇنچيۇ» ژۇرنىلىغا قارالسۇن.

㉕ «قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە خوجىنىياز ھاجىنى ئەسلەيمەن»؛ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 13 ـ سان، 179 ـ بەتكە قارالسۇن.

㉖ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» (ئۇيغۇرچە) 305 ـ بەت.

㉗ يۇقىرىقى كىتاب (خەنزۇچە) 136 ـ بەت.

㉘ گۇاڭلۇ: «گۇاڭلۇ ئەسلىمىلىرى». 1964 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تەيبېي ئەدىبلەر كىتاب ئىدارىسى نەشر قىلغان، 149 —، 151 ـ بەتلەر؛ گۇاڭلۇ مۇشۇ كىتابىنىڭ 149 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ يازغان: جامسىن دۆرجى قاتارلىق كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن موڭغۇلىيە ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن.»

㉙ «خوجىنىياز ھاجىنى ئەسلەيمەن» «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 12 ـ سان، 13 ـ بەت.

㉚ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» (ئۇيغۇرچە) 298 — 299 ـ بەتلەر.

㉛ يۇقىرىقى كىتاب، 136 ـ بەت (خەنزۇچە)، ئۇيغۇرچە 299 ـ

بەت؛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 2779 ـ بەت، «خوجىنىيازھاجىنى ئەسلەيمەن»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 12 ـ سان، 14 ـ بەتكە قارالسۇن.

㉜ «قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە خوجىنىياز ھاجىنى ئەسلەيمەن»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 13 ـ سان.

㉝ «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» 177 ـ بەت.

㉞ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» (ئۇيغۇرچە) 303 ـ، 304 ـ بەتلەر.

㉟ «چېگرا رايوندىكى ئەسلىمىلەر»

㊱ «قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە خوجىنىيازھاجىنى ئەسلەيمەن» دېگەن ماقالىگە مۇنداق بىر خەلق قوشىقى كىرگۈزۈلگەن: (ئاساسىي مەزمۇنى)

بىز مىڭگاڭ تېغىدا تۇرغان ئالتە ئايدا، كۈنلىرىمىزنى
ئۇتۇن تېرىپ ئىسسىنىش بىلەن ئۆتكۈزدۇق.

㊲ يۇقىرىقى ماقالە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 12ـ سان، 182 ـ بەتكە قارالسۇن.

㊳ «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» 177 — 178 ـ بەتلەر.

㊴ شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (ئۇيغۇرچە) 12 ـ سان، 15 ـ بەت.

# ئون ئۈچىنچى باب تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جىن شۇرېننىڭ چېرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى

## 1 ـ بۆلۈم ئاستانە قوزغىلىڭى

### 1. قەدىمكى ئىدىقۇت پايتەختىدىن كۆتۈرۈلگەن يانغىن

ئاستانە تۇرپان ناھىيە مەركىزىنىڭ 30 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان ئويمانلىقىنى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىدى. مەشھۇر ئىدىقۇت پايتەختىنىڭ خارابىسى مۇشۇ ئەتراپقا جايلاشقان، دۇنياغا مەشھۇر يالقۇنتاغ ئۇنىڭ شىمال تەرىپىدە ئىدى. كۆيۈۋاتقاندەك سارغۇچ رەڭدىكى تاغ تىزمىسى بىلەن سۇلىرى شىر ـ شىر ئېقىپ تۇرىدىغان يېشىل بوستانلىق — ئاستانە كەنتى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلىق بولغان ئىككى خىل تەبىئەت مەنزىرىسى نامايان بولۇپ تۇراتتى.

ئاستانە كەنتىدىن شەرقىي جەنۇب تەرەپكە ماڭغاندا ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ ۋاڭ ئوردىسى جايلاشقان لۈكچۈن شەھىرىگە باراتتى. ئاستانە كەنتىدىن ئۇدۇل شەرققە ماڭغاندا، لەمجىندىن ئۆتۈپ پىچانغا بارغىلى بولاتتى. بۇ قۇمۇل بوستانلىقىغا بارىدىغان چوڭ يول ئىدى.

ئارخېئولوگلار ئاستانە ئەتراپىدىن بىر تۇركۇم قەدىمكى قەبرە ئىزلىرىنى تاپقاندىن كېيىن، بۇ جاي ئۆزىدە ساقلىغان مول ھەم قىممەتلىك تارىخىي چۆكۈندىلىرى بىلەن دۇنيانىڭ دىققىتىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزىگە تارتاتتى. ئالاھىدە مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئاستانە ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى سانائەت ۋە مەدەنىيەت، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان مەنبە جايلارنىڭ بىرىدۇر. ئاستانىدىكى يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت ۋە مەدەنىيەت، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش جەريانىدا مۇھىتى جەمەتى ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان. بولۇپمۇ بۇ جەمەتتىن چىققان مەخسۇت مۇھىتى موسكۋا قاتارلىق جايلارغا بارغان، كۆپنى كۆرگەن بىلىمى چوڭقۇر ئادەم ئىدى.

1932 - يىلى كۈزدە، مەخسۇت مۇھىتى موسكۋادىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. 11 - ئايدا ئانا يۇرتى ئاستانىگە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدىكى ئاستانە جەمئىيىتى ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى، ئاستانىدىن قۇمۇل بىلەن ئۈرۈمچىگە كېچە - كۈندۈز قاتناۋاتقان ھەربىيلەر، توشۇلۇۋاتقان ھەربىي ئەشيالار ۋە يارىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بۇ ھال يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا ئىنتايىن كۈچلۈك ئەنسىزلىك ۋە ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى.

دەسلەپتە كىشىلەر بۇ ھەربىيلەر ۋە ھەربىي ئەشيالارنىڭ نېمە ئۈچۈن شەرققە يۆتكىلىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ يارىدارلارنىڭ نېمە ئۈچۈن، قەيەردە نېمە سەۋەبتىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئانچىۋالا چۈشىنىپ كەتمىدى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئاستانە پۇقرالىرى قۇمۇل تەرەپتە ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇرۇشۇۋاتقان بىر تەرەپ خوجىنىياز ئىسىملىك بىر ئۇۋچى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار؛ يەنە بىر تەرەپ بولسا جىن شۇرېننىڭ قوشۇنلىرى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇلار يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن گەنسۇدىن كەلگەن «گاسىلىڭ» (بالا

قوماندان) نىڭمۇ خوجىنىيازلار تەرەپتە تۇرۇپ، جىن شۇرېنغا قارشى ئۇرۇش قىلىشۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

1932 ـ يىلى كەچ كۈزدە، ئاستانىدىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچى بىلەن قۇمۇل ئارىسىدا قاترايدىغان قوشۇن، ھەربىي ئەشيالار، ياردارلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بۇ لى خەيرۇ خوجىنىيازغا قارشى ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قوزغىغان ۋاقىتلار ئىدى.

مەخسۇت مۇھىتى ئۈرۈمچىدىن قۇمۇل قوزغىلىڭىغا ئائىت بولغان تېخىمۇ تەپسىلىي خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدى①.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، تۇرپان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاستانە، سىڭگىم، مۇرتۇق، ياڭخى قاتارلىق جايلاردىكى ئابرۇيلۇق زاتلار ۋە باي ئائىلىلەر، ئاخۇنۇملار، سودىگەرلەرنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى چەكلىك مۇددەتتە مىڭ كۆرە قوناق تاپشۇرۇشقا قىستىدى، ئەگەر ۋاقتىدا تاپشۇرمىسا ئۇلارنى قاماپ قويىمىز، دەپ تەھدىت سالدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يەنە ئاستانە كەنتلىك مەھمۇد مۇھىتىنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى چەكلىدى②.

مەھمۇد مۇھىتى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئۇلار تۆت قېرىنداش ئىدى. يەنى مۇسۇلباي تۇنجىسى، مەخسۇت ئىككىنچىسى، مەھمۇد ئۈچىنچىسى، گۇسۇل بولسا باللارنىڭ كەنجىسى ئىدى③.

مۇنداق قارا قىشتا مىڭ كۆرە قوناق دېھقانلار ئۈچۈن ھەددىدىن ئاشقان ئېغىر سېلىق بولۇپ، دېھقانلاردىن بۇنچىلىك كۆپ قوناقنىڭ چىقمىقى قىيىن ئىدى. بۇ يالغۇز قوناق چىقىرىشلا بولماستىن، ئۇنى توشۇشمۇ يەنە بىر قىيىن مەسىلە ئىدى.

يۇقىرىقىدەك تۇرلۇك نامۇۋاپىق، چەكتىن ئاشقان شەرتلەر تۇپەيلىدىن، ئاستانە يۇقرالىرى ئارىسىدا جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇش نىيىتى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. بەزى قېنى

قىزىق ياشلار ئورغاقلىرىنى تۈزلەپ قىلىچ ياسىدى، يەنە بەزى ئادەملەر شۇ يەردىكى داڭلىق تۆمۈرچىلەردىن نىمىتۇللا، ئەمەت، مويىن قاتارلىق ئۇستىلار مەخپىي ھالدا كاسىنا ئوۋ* مىلتىقى ياسىدى ④.

1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاستانە كەنتىدە تۇيۇقسىزدىن: «خوجىنىياز پىچانغا كەپتۇ، پىچاننى ئېلىپ بوپتۇ، خوجىنىياز پات ـ ئارىدا تۇرپانغا يېتىپ كەلگۈدەك!»⑤ دېگەن گەپلەر تارالدى.

پۇقرالار ئۆزلۈكىدىن كوچىلارغا چىقىپ توپلىشىپ، بۇ خەۋەر ئۈستىدە ئاشكارا سۆزلىشىپ يۈردى. تۇرپاندا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ برىگادا كوماندىرى ما فۇمىڭ ئاستانىدىكى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تۇرپاندا زور ئىناۋەتكە ئىگە دىنىي زات ھەمدۇللا ئاخۇنۇمنى ئاستانىگە بېرىپ كىشىلەر كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇشقا ئەۋەتتى.

ھەمدۇللا ئاخۇنۇم ئاستانىگە بېرىپ كوچىدىكى مەنزىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، پۇقرالارنىڭ جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

مەخسۇت، مەھمۇد قاتارلىق ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەمدۇللا شات ئاخۇنۇم توختىھاجىنىڭ ئۆيىگە چۈشكۈن قىلدى. مەخسۇت، مەھمۇد ۋە مۇشۇ كەنتتىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەر ھەمدۇللا ئاخۇنۇم بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا، ھەمدۇللا ئاخۇنۇم كۆپچىلىككە قىلچە يوشۇرماستىن سىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولساڭلار بىز سىلەرنى قوللايمىز دېدى ۋە ئۆزىنىڭ قوزغىلاڭغا بولغان پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈپ بولۇپلا كۆپچىلىك بىلەن خوشلىشىپ تۇرپانغا قايتىپ كەتتى.

بۇ چاغدا قوزغىلاڭ ۋەزىيىتى مۇقىملىشىپ قالغانىدى.

---

* كاسىنا بۇيرۇتما. بۇيرۇتۇپ سوقتۇرۇش، بۇيرۇتۇپ تىكتۈرۈش ... دېگەندەك (ت)

كىشىلەر توختىهاجى قورۇسى ئالدىغا توپلىشىپ ھەمدۇللا ئاخۇنۇمنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ئۆزئارا سوراشقىلى تۇردى. بىرى غەزەپ بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا «قوزغىلاڭ كۆتۈرەيلى!» دەپ ۋارقىرىدى، بۇ چاغدا بىرەيلەن: «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىغۇ كۆتۈرىمىز، لېكىن كىم بىزگە باشچى بولىدۇ؟» دېدى. بۇ چاغدا زەيدىن ئىسىملىك بىر دېھقان كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغان مەخمۇتقا قاراپ ئۈنلۈك ھالدا «مەخمۇتباي بىزگە باشچى بولسۇن، سىلەر بايلار پۇل چىقىرىڭلار، بىز كەمبەغەللەر پىداكار بولايلى» دېدى. كۆپچىلىك بىردەك زەيدىننىڭ تەكلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنداق قىلىپ مەھمۇد مۇھىتى ئاستانە قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشچىسى بولۇپ قالدى⑥.

خوجىنىيازنىڭ پىچانغا كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مەھمۇد ئىمىنباي، نىياز شېرىپ، ھەمدۇللا ۋاجىدى قاتارلىق كىشىلەرنى شۇ كۈنى كېچىسى شەپە چىقارماي ئاستانىدىن چىقىپ پىچانغا بېرىپ خوجىنىيازنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا ئەۋەتتى⑦.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇرپان ناھىيىسىگە يېتىپ بارغان خەۋەرلەر ئاستانە خەلقىنىڭ قايناپ تۇرغان قازانغا ئوخشاش ھالدا تۇرغانلىقىنى، ئىشنىڭ قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. شۇڭا ما فۇمىڭ ئالدىراپ - تېنەپ بىر روتا ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ تەھدىت سالماقچى بولدى. لېكىن ئاستانە قوزغىلاڭچىلىرى بۇ ئەسكەرلەرنىڭ كەنتكە كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىنلا ھەرىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىلا توسۇۋالدى، ئارقىدىن ئۇلارنى قاراغوجىغىچە سۈرۈپ ئاپاردى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئەسكەرلەرلا قېچىپ قۇتۇلۇپ، تۇرپان ناھىيە بازىرىغا بېرىۋالدى⑧.

بۇ ۋەقە جىن شۇرېن «قۇمۇل توپىلىڭى» بېسىقتۇرۇلدى

دەپ جاكارلىغان چاغدا تۇيۇقسىز يۈز بەردى. «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» ناملىق كىتابتا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋال مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئۆلكە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن يۇقىرى - تۆۋەن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن شېڭ فايۇنى يەتتىقۇدۇقتىن پىچانغا بېرىپ قالايمىقانچىلىقنى تىنچىتىشقا بۇيرۇدى»⑨.

شېڭ فايۇ ياۋۇزلۇقتا ئۇچىغا چىققان، نامى بار چىلبۆرە ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ يەتتىقۇدۇقتىن پىچانغا بېرىپ ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئەپت - بەشىرىسىنى يەنىمۇ ئاشكارىلىدى، ئۇ يول بويى ئوت قويۇپ، قىرغىن قىلىپ ماڭدى. جىن شۇرېن قوشۇنلىرىنىڭ زوراۋانلىقى خەلقنىڭ تېخىمۇ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن پىچاندا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 10مىڭدىن ئارتۇق ئادەم جىن شۇرېن قوشۇنلىرىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى⑩.

مۇنداق زور كۆلەمدىكى قارشىلىق جىن شۇرېن باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمرانلار قاتلىمىنى ئەنسىزچىلىككە سېلىپ قويدى، ئۇلارنىڭ مەمۇري مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى «كوچىلاردا ئۆسەك سۆزلەر چەكلىنىدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئېتىپ تاشلىنىدۇ!» دېگەن مەزمۇندىكى ئېلان بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ «ئاچىل» ناخشىسى (بۇ ناخشىدا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى مەزمۇن بار)نى ئېيتىشمۇ چەكلەنگەن بولۇپ، بۇ ناخشىنى ئېيتقۇچىلار قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى دەپ قارىلىپ، بىردەك ئېتىپ تاشلىناتتى»⑪.

مەھمۇد قاتارلىقلار پىچانغا كېتىپ بېرىپ، پىچان ھەققىدىكى خەۋەرلەر قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. بۇنىڭدا مەخمۇتلارنى بىئارام قىلغىنى خوجىنىيازنىڭ پىچاندا ئەمەسلىكى ئىدى. مەھمۇتلار ئىگىلىگەن يەنە بىر خەۋەردە ما جۇڭيىڭنىڭ

ما شىمنىڭ ئىسمىنىڭ بىر مۇئاۋىنى بىلەن تۆمۈر، تۇرسۇن ئىسىملىك ئىككى ئۇيغۇر 30 نەچچە ئادەمنى باشلاپ كېلىپ پىچاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يەتتىقۇدۇق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن جىن شۇرېن قوشۇنلىرى قورقۇپ پىچاندىن قېچىپ لۈكچۈن تەرەپكە كەتكەن.

ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە مەھمۇد ما شىمىڭ دېگەن تۇڭگان بىلەن تۆمۈر، تۇرسۇن قاتارلىقلارنى تېپىش قارارىغا كەلدى. لېكىن، مەخمۇتلار لۈكچۈنگە يېتىپ كەلگەندە، ما شىمىڭ قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنقى كۈنى لۈكچۈندە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇندىن زەربە يەپ، لۈكچۈننىڭ جەنۇبىدىكى دىغار دېگەن يەرگە قېچىپ كەتكەنلىكى، ئۇ ئۇيەر بىلەن قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ گەنسۇغا كەتمەكچى بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدى. دىغار قۇملۇققا يېقىن جاي بولۇپ، يولى ئىنتايىن مۇشكۇل ئىدى، شۇڭا مەخمۇتلار ئىلاجىسىز ئاستانىگە قايتىپ كەتمەكچى بولدى.

مەھمۇد قاتارلىقلارنىڭ ئاستانىدىن ئايرىلغىنىغا ئۈچ كۈن بولۇپ قالغانىدى، بۇ جەرياندا يا خوجىنىياز بىلەن كۆرۈشەلمىدى، يا خوجىنىيازنىڭ نامى بىلەن راست ـ يالغاننى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلغان ما شىمىڭ بىلەن ئۇچرىشالمىدى.

يولدا مەھمۇتلار ئاستانىدىن كەلگەن سەيدۇللا ئاقساقال، پەيزۇللا خاڭتۇ قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار ئاستانىدىكى پۇقرالارنىڭ ئاللىبۇرۇنلا قوزغالغانلىقى ھەمدە باستۇرۇشقا كەلگەن بىر روتا ئاتلىق ئەسكەرنى تىرىپىرەن قىلىپ، ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

بۇ خەۋەردىن مەھمۇد ھېلىقى 30 نەچچە ئادەم بىلەن پىچاننى ئىشغال قىلغان ما شىمىڭنى تېپىپ، شۇ ئارقىلىق بىر سىرتقى تايانچقا ئىگە بولۇش قارارىغا كەلدى. يول بويى ئات چاپتۇرۇپ

دىغارغا يېتىپ كەلگەندە ما شىمىڭلار يۈك ـ تاقلىرىنى تېڭىپ گەنسۇغا قايتىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. مەھمۇد ما شىمىڭغا گەپنىڭ راستىنى قىلدى: ئاستانە خەلقــى قوزغالدى ھەمدە باستۇرۇشقا كەلگەن بىر روتا ئاتلىق ئەسكەرنى مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇن قورال ـ ياراغ ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنى غەنىيمەت ئالدى، دېدى. ئاندىن ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزى بىلەن ما شىمىڭنى قېلىپ ئۆزلىرىنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

دەسلەپتە پىچاندا، كېيىن لۈكچۈندە كەينى ـ كەينىدىن بۇرنىغا يېگەن ما شىمىڭ تازا خاتىرجەم بولالماي، قايتا ـ قايتا گەنسۇغا قايتىپ ما جۇڭيىڭدىن يوليورۇق سورىمىسا ھەربىي سوتقا تارتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. مەھمۇد ما شىمىڭغا پايدا ـ زىيانىنــى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈپ، قېپقېلىشتا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن ما شىمىڭ ئاخىر ئاۋۋال ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ بېقىپ ئاندىن بىرنېمە دەيدىغان بولدى.

«1931 — 1934 ـ يىللىرىدىكــى شــىنجاڭ خەلق قوزغىلاڭلىرى ھەققىدە ئەسلىمە» دېگەن ماقالىنىــڭ ئاپتورى ئابلىمىت مەقسۇتوف مۇنداق دەيدۇ: ما شىمىڭ «ئەۋەتكەن ئادەم قايتىپ كېلىپ، كۆرگەن ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا دەپ بەرگەندىن كېيىن ما شىمىڭ ئاستانىگە كېلىپ مەھمۇدنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ كۈتمىگەندە ما شىمىڭ، قوزغىلاڭچى خەلق، يۈز نەچچە تال مىلتىق، نەچچە ھارۋا ئوق ـ دورا قاتارلىقلارنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى. ما شىمىڭ يەنە قوللىرىدا كالتەك ـ توقماق تۇتۇپ مەھمۇدنىڭ ھويلىسى ئەتراپىدىكى جاسارىتــى ئۇرغۇپ تۇرغان مىڭغا يېقىن قوزغىلاڭچىــغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كەيپىــياتــى ۋە تۇرقــىدىن ھەممىسىنىڭ مۇشۇ يەرلىك نامدار زاتلار ئىكەنلىكىنى چۈشەندى،

شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى باش قوماندان، مەھمۇد، ئاستانە كەنتلىك نىياز شىرىپ، سەمەت ھاجى، قارىغوجىلىق ئىمىن باي (ئىمىن كالا دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، پولات مەخپۇل خەلىپە، ئاخۇن مۆمىن، ياڭخىلىق ئىبراھىم دورغا، سىڭگىملىق ئىسكەندەر قاتارلىق كىشىلەرنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا پولك كوماندىرى، باتالىئون كوماندىرى، روتا كوماندىرى قىلىپ تەيىنلىدى»⑫.

## 2. تۇرپاننى ئېلىش

قۇمۇل قوزغىلىڭىدىن كېيىن، تۇرپان جىن شۇرېن قوشۇنلىرىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى ھەمدە بۇ يەرگە شىمالدىن ئاقتېرەك جىلغىسىدىن تەڭرىتېغى يولى، جەنۇبتىن تارىم ئويمانلىقى غەربىي لىنىيىسى قاتارلىق جايلارنى قوغداش مەسئۇلىيىتى يۈكلەندى. مۇشۇ مەقسەتتە جىن شۇرېن تۇرپاندا دائىمىي تۇرۇشلۇق ھەربىي كۈچىنى بىر بىرىگادىغا يەتكۈزدى. بىرىگادا كوماندىرى ما فۇمىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ھەربىي ساھەسىدە ھەربىي ئىستاژى ئۇزۇن، شۇنداقلا تاكتىكىغا باي سەركەردىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ما فۇمىڭ بىرىگادىسىنىڭ بىر روتىسى توقسۇندا تۇراتتى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تۇرپانغا مەركەزلەشكەنىدى.

تۇرپان يېڭىشەھەر، كونا شەھەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ما فۇمىڭ قوشۇنلىرى كونا شەھەردە تۇراتتى. كونا شەھەرگە تۇرپان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى بىر نەچچە ئورگان قارايتتى. كونا سېپىلى شەھەرنىڭ مۇستەھكەم ۋە سېپىلنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان خەندەك ياخشى بىر مۇداپىئە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ما فۇمىڭ قوشۇنلىرى سېپىلنىڭ بىرنەچچە يېرىگە بىر - بىرىگە ماس ھالدا ئوت توچكىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. يېڭىشەھەر بولسا،

ئاساسەن مۇداپىئەسىز ئىدى.

مەھمۇد مۇھىتى، ما شىمىڭ قاتارلىقلار ئاستانىدە ئاز ـ تولا تەييارلىق قىلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۇدۇل تۇرپان كونا شەھىرىگە بۆسۈپ كىرىشنى قارار قىلدى. شۇ كۈنى قاش قارايغان مەزگىلدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنلىرى ئاستانىدىن چىقىپ تۇرپانغا ئاتلاندى. ترانسپورت قوراللىرى كەمچىل بولغانلىقتىن، قوزغىلاڭچىلار 60 چاقىرىم يولنى بېسىپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تاڭغا يېقىن تۇرپانغا يېتىپ كەلدى.

بىر ئازدىن كېيىن يېتىپ كەلگەن مەھمۇد مۇھىتى، يېڭى شەھەرنىڭ مۇداپىئەسىز ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن كۆپچىلىكنى باشلاپ يېڭىشەھەرگە كىردى[13]. يېڭىشەھەر پۇقرالىرى قوزغىلاڭچىلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. تۇرپان شەھىرىدىكى مەشھۇر زاتلاردىن ھەمدۇللا ئاخۇنۇم، ھېسامىدىن جاپپار، تۆمۈر خاڭتۇ، ئابدۇللا دامۇللام، سەيپۇل يېڭجاڭ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇسەمى قوماندان قاتارلىق كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ مەھمۇد مۇھىتى بىلەن كۆرۈشتى. بۇ كىشىلەرنىڭ تەرغىباتى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن شەھەر ئەتراپىدىن تۈركۈم ـ تۈركۈم ياشلار كېلىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قوشۇلدى. بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا يېڭىشەھەر كوچىلىرىدا باشقىچە بىر مەنزىرە نامايان بولدى. قولىغا كالتەك ـ توقماقلارنى ئالغان ئادەملەر تۈركۈملەپ يېڭى شەھەرگە قاراپ ئاقماقتا ئىدى؛ ئاشلىق توشۇيدىغان ھارۋىلار، كارۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، ئۇلار چوڭ ـ كىچىك كوچىلارغا لىق تولۇپ كەتتى.

ئاستانە قوزغىلىڭىدىن كېيىن، تۇرپاندا تۇرۇشلۇق قوشۇن ئۈزلۈكسىز كونا شەھەرگە توپلاندى. يېڭىشەھەر ئۇرۇشسىز قولغا كىرگەندىن كېيىن، گازارمىدىكى ئەسكەرلەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ئۇرۇشقا چىقمىدى،

ھەتتا كونا شەھەر گازارمىسىدىكىلەرمۇ شەھەر قورغانلىرىنىڭ قۇۋۇقلىرىنى پىششىق خىش بىلەن ئېتىپ مەھكەم تاقاپ، شەھەرنى چىڭ ساقلاپ ياردەمچى قوشۇننىڭ كېلىشىنى كۈتمەكچى بولدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ چوڭ ئاكىسى مۇسۇل تۇرپانغا قايتىپ كەلدى ھەمدە ئۇ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى جىن شۇرېننىڭ تەخمىنەن 800 كىشىلىكتەك قوشۇنى ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا قاراپ يولغا چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. مۇسۇل ئەسكەرلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يېقىن تاغ يوللىرى بىلەن مېڭىپ، جىن شۇرېن قوشۇنلىرىدىن بىر كۈن بۇرۇن تۇرپانغا يېتىپ كەلگەنىدى. مۇسۇلنىڭ مۆلچەرىچە، جىن شۇرېن قوشۇنلىرى شۇ تاپتا تۇرپان شەھىرىگە بىر بېكەت كېلىدىغان كىندىك دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر خەۋەردە ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان گۇچۇڭدىن چىققان بىر قوشۇن داخىيەنگە كېلىپ قالغان بولۇپ، بۇلارمۇ تۇرپانغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

ئابلىمىت مەخسۇتوف ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «جىن شۇرېن قوشۇنلىرىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە گۇچۇڭدىن چىقىپ تۇرپان خەلقىنى باستۇرماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تۇرپاننىڭ ۋەزىيىتىنى بىردىنلا جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. يۇقىرالار ئۆي ـ بىساتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ شەھەر سىرتىغا كۆچمەكچى بولۇشتى. ما شىمىڭ، مەھمۇد مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، ھەمدۇللا ئەلەم قاتارلىق كىشىلەر ھەمدۇللا ئەلەمنىڭ ئۆيىدە كېچىلەپ يىغىن ئېچىپ دۈشمەننى چېكىندۈرۈشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. مەن يىغىنخانىغا كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغان ئادەملەردىن تالاش ـ تارتىشنىڭ نەتىجىسىنى ئۇقۇشۇپ تۇردۇم. ئۇقۇشۇمچە يىغىن

باشلانغاندىن كېيىن ما شىمىڭ ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمەي كۆپچىلىكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان. مەھمۇد مۇھىتى ئالدى بىلەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەن: ‹ھازىر بىزگە بىر سائەت ۋاقىت بىر جىڭ ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك، بىزگە ئەمدى دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش ـ قىلماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. بىز چوقۇم قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم، بىز بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن بىرلىكتە ئۆتۈشىمىز لازىم. ھازىر گەرچە يېرىم كېچە بولۇپ قالغان بولسىمۇ دەرھال شەھەر ئىچى ـ سىرتىدىكى پۇقرالارغا ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى جەڭگە ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىشىمىز كېرەك؛ ھەمدۇللا ئەلەم ۋە يىغىندىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قارىشىنى قوللىغان.

ئارقىدىن ما شىمىڭ سۆز قىلىپ: خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلماي بولمايدۇ. بۇ بەلەن گەپ بولدى، لېكىن، ھازىر دۈشمەنلەر شەھەرگە كېلىپ قالدى، بىز قورشاۋدا قالىمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە، بىز ئالدى بىلەن شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ دۈشمەنلەر شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلغىنىمىز تۈزۈك دېگەن. ئاخۇن تۈەنجاڭ (تۈڭگان) ما شىمىڭنىڭ تەشەببۇسىنى قوللىغان.

شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرغانلاردىن بىرى ھېچبىر تۈتامى يوق، ما شىمىڭنىڭ بۇ تەشەببۇسىمۇ بولىدىكەنغۇ، دېگەن. بۇ چاغدا مەھمۇد مۇھىتى قايتا تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: ‹كەلگەن دۈشمەنگە تۇسۇپ زەربە بەرمەي، شەھەرنى دۈشمەنگە ئۆتۈنۈپ بەرسەك، بۇ خەلقنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپكەنلىك بولىدۇ، ئۇنداق قىلساق دۈشمەننىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىمىز، خالاس، بىر ئازدىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن، ما شىمىڭمۇ مەھمۇد مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسىنى

قوللاشقا مەجبۇر بولغان»⑭.

يىغىندىن كېيىن، مەھمۇد مۇھىتى گۇچۇڭ تەرەپتىن كەلگەن دۈشمەننى توسۇشقا ئالدىراپ كېتىپ، تولۇق قوراللانغان بىر قىسىم قوزغىلاڭچى قوشۇننى ئېلىپ داخىيەنگە ئاتلاندى. ئۇ ئاۋۋال يېتىپ بېرىپ ئۇ يەرنىڭ تاغلىق يەر شارائىتىدىن پايدىلانماقچى ئىدى. لېكىن، ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى داخىيەندىن خېلىلا يىراق بولغان شاپتۇللۇق دېگەن جايدا دوقۇرۇشۇپ قالدى. بۇ يەر تۈزلەڭلىك بولۇپ، قوراللىرى خىل بولغان جىن شۇرېن قوشۇنلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. شۇڭا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ھېچقانداق مۇداپىئەسى بولمىغان ئەھۋالدا ناھايىتى تېزلا دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كەچ كىرگەن چاغدىلا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلۇپ تۇرپان يېڭىشەھەرگە چېكىنىپ كەلدى ⑮.

بۇ قېتىمقى ئوڭۇشسىزلىقتا ما شىمىڭ ئالدى بىلەن ئىنكاس قايتۇردى. ئۇ ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلگەن مەھمۇد مۇھىتىغا ئۈمىدسىز ھالدا ئۆزىنىڭ گەنسۇغا قايتماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ما شىمىڭنىڭ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتىدىغان مۇنداق ھەرىكەتلىرى ماموت، ھەمدۇللا قاتارلىقلارنىڭ ئەيىبلىشى ۋە تەنقىدىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كەيپىياتى بىرئاز تۇراقلاشتى.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەر ۋاقتىدا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىر ماشىنا ئۇدۇل يېڭىشەھەر قوۋۇقى سىرتىدا توختىدى. قوۋۇق ئۈستىدىكى قوزغىلاڭچىلار بۇنى چوقۇم خاتا كېلىپ قالغان دۈشمەن دەپ پەرەز قىلىپ، دەرھال شەھەر قوۋۇقىنى ئاچتى، ماشىنا دەرۋەقە سېپىل ئىچىگە كىردى، قوزغىلاڭچىلار شۇ ھامان ماشىنا ئەتراپىنى ئورىۋېلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ چۈشۈپ تەسلىم بولۇشىنى بۇيرۇدى. ماشىنىدىن ئالتە ئوفىتسېر چۈشۈپ

نىمە قىلىشنى بىلمەي بىر قاتار بولۇپ ئىككى قوللىرىنى كۆتۈردى. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنىڭ يېنىدىكى قوراللىرىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ھەمدۇللانىڭ قورۇسىغا ئېلىپ بېرىپ قوماندانلىق شتابىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ ئوفىتسېرلار ئىچىدە قوشۇن باشلاپ كەلگەن دۇلڭ فامىلىلىك بىر پولك كوماندىرىمۇ بار ئىدى ⑯.

ئارقىدىنلا دۈشمەننىڭ ئارقىدىن كېلىۋاتقان قىسىملىرى ھېلىقى ماشىنا ماڭغان يولنى بويلاپ يېڭىشەھەر غەربىي قوۋۇقىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. بۇرۇنلا ئورۇنلىشىپ بۆيرۈق كۈتۈپ تۇرغان قوزغىلاڭچى قوشۇن بارلىق ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قوۋۇق ئاستىدىكى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى. تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىغان دۈشمەنلەر نىمە قىلارىنى بىلەلمەي پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە كەينىگە چېكىندى. بۇ چاغدا يېقىن ئەتراپتىكى ئاما ئۆگزىلىرىگە چىقىپ تەڭ ۋارقىراپ قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇردى، شۇنداق قىلىپ بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا دۈشمەن قوشۇنلىرى پۈتۈن سەپ بويىچە قالايمىقانلىشىپ كەتتى، قوزغىلاڭچى قوشۇن شەھەر قوۋۇقلىرىدىن، ئاما ئۆيلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ شىددەتلىك ئېقىن ھاسىل قىلىپ، دۈشمەنگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ زور غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. قوزغىلاڭچى قوشۇن زور مىقداردا قورال ـ ياراغ غەنىيمەت ئالدى. پەقەت ئوق ـ دورا ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارلا 40 ھارۋىدىن كۆپرەك ئىدى ⑰.

گۇچۇلڭ تەرەپتىن كېلىۋاتقان دۈشمەن يېڭىشەھەردىكى مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال گۇچۇڭغا قايتىپ كەتتى. بۇنىڭغا ئۇلىشىپ كەلگىنى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ تۇرپان كوناشەھەرنى ئېلىش ئۇرۇشى بولدى.

ئابلىمىت مەخسۇتوف بۇ ئەھۋاللارنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ئۇرۇش ئەڭ كەسكىن بولغان جاي كوناشەھەر غەربىي قوۋۇقى (ھازىرقى تەمىنات سودا مەركىزى تۇرۇشلۇق جاي) بولدى. قوزغىلاڭچىلار شەھەر قوۋۇقىغا ئوت بىلەن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ يەڭگىللىك بىلەن قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

چۈنكى خەندەكنىڭ شىمالىدىن شەھەر قوۋۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە 150 مېتىردەك كېلىدىغان بىر كەڭلىك بار ئىدى. قوۋۇق ئۈستىدە يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ شەھەر قوۋۇقىغا يېقىنلىشىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كوناشەھەرنىڭ غەربىي قوۋۇقى يېڭىشەھەر چوڭ يولىغا ئۇدۇل ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، سېپىل خەندىكىدىن ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، يەنە خېلى يول ماڭغاندا ئاندىن غەربىي قوۋۇققا يېقىنلاشقىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شەھەرنىڭ قوۋۇقى ئىككى قات بولۇپ، سىرتقى قوۋۇقنى ئېلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ئەھۋال مانا شۇنداق، خەتەر قاتمۇقات بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىشاتتى. ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان قوزغىلاڭچى قوشۇن بىنزىن تۇڭلىرىنى كۆتۈرۈپ شەھەر قوۋۇقىغا ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، بىز يېقىندىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى، قورۇ تېمىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن شەھەر قوۋۇقىغا شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، شەھەر قوۋۇقىغا ھۇجۇمغا ئۆتكەن قوزغىلاڭچى قوشۇن ئەسكەرلىرىنى ھىمايە قىلدۇق. بىرنەچچە قېتىملىق ئاتاكىدا بىرقانچە ئەسكەر ئوق تېگىپ ئۆلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسىدىغانلارنىڭ ئايىغى زادىلا ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا تېتىر كەنتلىك مەڭلىك باقىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا شەھەر قوۋۇقىغا يېتىپ بېرىپ، قوۋۇققا بىنزىن چېچىپ ئوت ياقتى. لېكىن ئوت كۆيۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي قوۋۇق ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر سۇ چېچىپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى.

قوزغىلاڭچى قوشۇن كۆپ قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن شەھەرنى ساقلاۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭمۇ روھى چۈشۈپ قوزغىلاڭچىلارغا تەسلىم بولۇش قارارىغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر سېپىل ئۈستىگە ئاق بايراق چىقاردى، ئېتىشىش توختىدى. ئاخۇن تۇەنجاڭ (تۇڭگان) ئۇزۇن شوتا بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ شەھەر ساقلىغۇچى قوشۇن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، بۇ 1933 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىدى»[18].

قوزغىلاڭچىلار تۇرپان كوناشەھەر غەلىبىسىنى تەبرىكلەشكە ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا تەخمىنەن بىر روتا ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن (جىن شۇرېننىڭ چاررۇسىيە قاچاق ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللىگەن قوشۇنى) نىڭ ئاستانە كەنتىگە يېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى[19]، ئۇ چاغدا كەنتتە پەقەت مىچور، ئابدۇكېرىم، ئورمات مەسۇم قاتارلىق ئۈچ ئائىلىلىك ئوۋچىلار قالغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى بىلەن قەدىمكى ئىدىقۇت قەدىمي شەھىرى ئەتراپىدا جەڭ قىلغان.

تۇرپان شەھىرىدە جەڭ قىلىۋاتقان كۆپ قىسىم قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاستانىدىن كەلگەن بۇ خەۋەردىن قاتتىق ئەنسىزلىك ھېس قىلدى، بۇنى چۈشىنىشكە بولاتتى. ئۇلار مەھمۇد مۇھىتىدىن دەرھال ئاستانىگە قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. مەھمۇد مۇھىتى 50 كىشىلىك بىر ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، ئاستانە كەنتىگە ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن ئەينى ۋاقىتتا قوزغىلاڭچى قوشۇندا بار بولغان ئەڭ ياخشى قوراللار بىلەن قوراللانغان، خىل ئاتلارغا مىنگەنىدى. ئۇلار كېچىلەپ يول يۈرۈپ، ئاستانە كەنتىگە كېلىپلا دەرھال جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. بۇ چاغدا قوشنا كەنت ئاھالىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇش مەيدانىغا يىغىلىپ ھە، ھۇ قىلىشىپ قوزغىلاڭچىلارغا مەدەت بەردى. تاڭ ئاتقاندا، مەھمۇد مۇھىتى

يەنە بىر تۈركۈم قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەرنى باشلاپ ياردەمگە كەلدى.

ئۇرۇش ئاستانە كەنتىنىڭ سىرتىدا ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ بىر كۈن داۋاملاشتى، كېچە پەردىسى تارتىلغاندىن كېيىن ئوق ئاۋازلىرىمۇ پەسىيىپ قالدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، بىرى مەھمۇد مۇھىتىغا ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىنىڭ يالقۇنتاغ يېنىدىكى يۇقىرىقى باداملىق كەنتىگە كەتكەنلىكىنى دوكلات قىلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئەسكەرلىرى ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىنىڭ كەتكەنلىكىنى بىر قېتىملىق غەلىبە دەپ قاراپ، خۇشال - خۇرام ھالدا يۇقىرىقى باداملىق كەنتىگە يۈرۈش قىلدى. يول بويى ئاستانە ۋە قاراغوجا كەنتىنىڭ پۇقرالىرى توپ - توپ بولۇپ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى. بۇ 1933 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىدى[20].

يۇقىرىقى باداملىق كەنتى ئۇرۇشقا ئانچە مۇۋاپىق جاي ئەمەس ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئۈچ تەرىپى كەڭ كەتكەن قۇملۇق بولۇپ، يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق نەرسە ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا دۈشمەننىڭ نىشانى بولۇپ قالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىنىمۇ ھەقىقىي مەغلۇبىيەتچىلەر دېگىلى بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قوزغىلاڭچى قوشۇن يۇقىرىقى باداملىق كەنتىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن تاغقا تايىنىپ قايتۇرما زەربە بەردى، ئىككى تەرەپ كەنت يېنىدىكى تۈزلەڭلىكتە تىركەشتى. قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن بىللە بارغان مەخسۇتوف ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، ئۇلاردىن قورال تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىشنى قارار قىلدى. ئابلىمىت مەخسۇتوف بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلدى: «ئەينى ۋاقىتتا سىڭگىم كەنت ئېغىزىدا تەجرىبە كېۋىزى تېرىشقا ئەۋەتىلگەن پارتوۋېسكى ئىسىملىك بىر

رۇس بار ئىدى. ئۇ قوزغىلاڭچىلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، قوزغىلاڭچىلار ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر مىلتىق بەرگەنىدى. مەخسۇت مۇھىتى بىلەن مەھمۇد مۇھىتى پارتوۋېسكىنى ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى» ㉑.

ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن بىۋاستە سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى مەخسۇت مۇھىتى ئادەتتە موسكۋا بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا قاتناپ سودا قىلىدىغان بولۇپ، رۇس تىلىغا پىششىق ئىدى، ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىدىكى بىرمۇنچە ئوفىتسېرلار ئۇنى بىلەتتى.

ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن كۆرۈشكەندە بىر قىسىم ئادەم قوراللارنى سىمۋوللۇق ھالدا تاپشۇرۇپ يارىشىشنىڭ ئىپادىسى قىلىشقا قوشۇلدى. مەخسۇت مۇھىتمۇ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. ئىككىنچى كۈنى ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى يۇقىرىقى باداملىق كەنتىنىڭ مەسچىت سەيناسىدا 38 نەپەر غەيرى رۇس ئەسكەر ۋە ئۇلارنىڭ قوراللىرى بىلەن ئاتلىرىنى مەخسۇت مۇھىتىغا تاپشۇردى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، بۇ ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى پىچانغا چېكىنىپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى جىن شۇرېننىڭ تۇرپانغا بىرلا ۋاقىتتا ئەۋەتكەن ئۈچ قوشۇننىڭ بىرى بولۇپ، شيۇڭ فايۇنىڭ قوماندانلىقىدا ئىدى. باشقا ئىككى قوشۇن ئۈرۈمچى ۋە گۇچۇڭلاردىن كەلگەنىدى.

شيۇڭ فايۇ قوشۇنىنى باشلاپ ئاستانە كەنتىگە يېقىنلاشقاندا ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىغا چوڭ يولنى بويلاپ مېڭىشقا بۇيرۇق بەرگەن. نەتىجىدە ئۇلار ئاستانە كەنتى ئەتراپىدا توسۇلۇپ قالغان، ھەمدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىرمۇنچە ئىشلار مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان. شيۇڭ فايۇ پەقەت بىرنەچچە

ھەمراھلىرى بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يېقىن يول بىلەن تۇرپانغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇ چاغدا ئۇ تۇرپان كوناشەھىرىنىڭ ئاللىبۇرۇنلا قولدىن كەتكەنلىكىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى.

شيۆڭ فايۇ كېچىلەپ يول يۈرۈپ ئاستانىگە يېتىپ كەلگەن ھېلىقى بىر تۈركۈم قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن يولدا ئۇتۇشۇپ كەتتى. لېكىن تۇرپان شەھىرىگە 10 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئۇ ئوۋ ئوۋلاۋاتقان ئىككى ئوۋچىغا ئۇچراپ قالدى. ئوۋچىلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ ماشىنىسى يوقلۇقىغا جەزم قىلىپ، ماشىنىنىڭ چاقىغا ئوق ئېتىپ تېشىۋەتتى، ماشىنا دەرھال توختىدى. شيۆڭ فايۇلار بۆكتۈرمىگە ئۇچراپ قالدۇق دەپ ئويلاپ، قوللىرىنى كۆتۈرگىنىچە ماشىنىدىن چۈشتى. ئوۋچىلار ئۇلارنىڭ يېنىدىكى قوراللىرىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇلارنى پىيادە تۇرپان شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ، قوزغىلاڭچىلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئەتراپتىكى پۇقرالار ئۇنىڭ قومۇل ۋە پىچان پۇقرالىرىنى قىرغىن قىلغان شيۆڭ فايۇ ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزلۈكىدىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، يول بويى شيۆڭ فايۇنى ئۆلتۈرەيلى، دەپ توۋلىغانچە ماڭدى. شيۆڭ فايۇ قوزغىلاڭچى قوشۇن ئەسكەرلىرىنىڭ نازارىتىدە كوچا ئايلاندۇرۇلۇپ سازايى قىلىنغاندىن كېيىن، خەلقئالەم ئالدىدا مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى㉒.

## 3. پىچانغا ھۇجۇم قىلىش

مەيلى ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىنىڭ چېكىنىشى بولسۇن ياكى شيۆڭ فايۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بولسۇن، بۇلار قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن زور غەلىبە ئىدى.

غەلىبىدىن روھلانغان قوزغىلاڭچى قوشۇن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە پىچانغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى، ئۇلار

غەلىبە قىلغان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ پىچاننى قولغا ئېلىش قارارىغا كەلدى. قوزغىلاڭچىلار تۇرپان چېگرىسىدىن چىققاندىن كېيىن شەرقىي جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئالدى بىلەن لۈكچۈنگە باردى.

لۈكچۈندە جىن شۇرېننىڭ بىر باتالىيون قوشۇنى بۇرۇنلا بار ئىدى. ئۆزلەشتۈرمە قوشۇن پىچانغا چېكىنگەندە بۇ بىر باتالىيون قوشۇنمۇ پىچانغا چېكىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭا مەھمۇد مۇھىتى قوماندانلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن لۈكچۈندە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى، قوزغىلاڭچى قوشۇن شۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. لۈكچۈن تۆرىلىرىدىن نىياز پەرشاھاجى، ئەخمەتنىياز قاتارلىق كىشىلەر پۇقرالىرىنى باشلاپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ مەھمۇد باشلاپ كەلگەن قوزغىلاڭچى قوشۇننى قارشى ئالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرىدىن بولغان مۇھەممەد سەيىد، ئىسكەندەر قاتارلىقلارمۇ مەھمۇد مۇھىتى چۈشكۈن قىلغان يەرگە كېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئاستانىدە قوزغالغاندىن بۇيان، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدا مۇقىم ئارقا سەپ سىستېمىسى بولماي كەلدى، قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەر قورال - ياراغ، ئوزۇق - تۈلۈك، جەڭ ئاتلىرى قاتارلىقلارنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزى ھەل قىلىپ ئۇرۇش قىلاتتى. بەزىدە جايلاردىكى باي ئائىلىلەر ئۆزلۈكىدىن قوزغىلاڭچى قوشۇنغا يېمەك - ئىچمەك يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇراتتى.

لۈكچۈندىمۇ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ سىستېمىسىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ تۇرمۇشى پۈتۈنلەي پۇقرالارنىڭ ئىختىيارىي ئىئانىسىگە تايىنىپ كېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەرقايسى جايلاردىكى پۇقرالار قوزغىلاڭنى قىزغىن قوللاۋاتقان

بولغاچقا، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ رەھبەرلىرى ئارقا سەپ تەمىناتىنىڭ تەخىرسىزلىكىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەيۋاتاتتى.

لېكىن، تامامەن ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. ئابلىمىت مەخسۇتوف ئۆزىنىڭ بىر مەزگىللىك كەچۈرمىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىر كۇنى مەھمۇد مۇھىتى بىزگە: سىلەر 10 ئادەم گۇڭ غوجا (بەھرەم گۇڭ) نىڭ ئۆيىدە تۇرۇڭلار، ئۇ سىلەرنى تەمىنلىسۇن، گەپ قىلمىساق بۇ ئەبلەخلەر ئاشلىقنى ئامبارلىرىغا بېسىۋېلىپ ئۇندىمەي يۇرۇۋېرىدىكەن، دېدى. بىز 10 ئادەم مەھمۇد مۇھىتىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئىدۇق، مەن ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىدىم. بىز ئاتلىرىمىزنى يېتىلەپ بەھرەم گۇڭنىڭ قورۇسىغا كەلدۇق. بەھرەم گۇڭ يالاڭباش هالدا هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇ بىزگە قاراپمۇ قويمىدى، پەقەت ئۆز ـ ئۆزىگە: بۇ ئادەملەر قوزغىلاڭ كۆتۈردۇق، دەپ قويۇپ ھەممە يەردە قالايمىقان ئوق ئېتىپلا يۇرۇشىدۇ، مېنىڭ ئوۋ ئىتىمنىمۇ قاچۇرۇۋەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن مەن قانداق ئوۋ قىلارمەن، دەپ غودۇڭشۇۋاتاتتى. ئۇ شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىۋاتقىنى بىلەن كارى بولماي، ئوۋ ئىتىنىڭ يىتىپ كەتكىنىگە شۇنچىلىق قىلىپ كېتىۋاتاتتى»㉓.

قوشۇن لۇكچۇندە ئاز ـ تولا تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، مەھمۇد مۇھىتى قوماندانلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن پىچانغا قاراپ يۇرۇپ كەتتى. يولدا يەنە نۇرغۇن پۇقرالار ئۆزلۈكىدىن قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلدى. ئارقا سەپ تەمىناتى جەھەتتە بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلار ۋاقتىنچە ھەل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مەھمۇد مۇھىتى قوشۇنغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلارغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى. پىچانغا يېقىنلاپ قالغان ۋاقىتتا، يۇرۇش قىلىۋاتقان قوشۇننىڭ ئايىغى كۆرۈنمەي قالغان بولۇپ، ھەقىقەتەن بىر ھەيۋەتلىك قوشۇنغا ئايلانغانىدى. لېكىن ئەمەلي

جەڭ ئىقتىداردىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇنى ھەقىقىي ئەۋزەللىك دېگىلى بولمايتتى. جەڭچىلەردە قورال بولغاندىن باشقا مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قولىدا ھەر خىل كالتەك، ئورغاق، كەتمەن، ئارا قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن گۇچۇڭ، ئۈرۈمچىلەردىن كەلگەن قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ ئالغان غەنىيمەت قوراللار ۋە تۇرپان كوناشەھەرنى ئېلىش ئۇرۇشلىرىدا غەنىيمەت ئالغان نەچچە مىڭ تال مىلتىق ۋە خېلى كۆپ مىقداردىكى يېنىك پىلىموت قاتارلىق قوراللارنى بۇ چاغدا ما شىمىڭ تۇرپاندا ئېلىپ قالغانىدى.

شۇنداق بولسىمۇ بۇ رەتسىز قوشۇن پىچانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دەرھال جەڭگە ئاتلىنىپ شەھەر قورغىنىغا ئۈزۈلدۈرمەي ھۇجۇم قىلدى.

پىچاندا ئەسلىدىكى شەھەر ساقلاۋاتقان قوشۇندىن باشقا، تۇرپاندىن چېكىنگەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى ۋە لۈكچۈندىن چېكىنگەن ھېلىقى بىر باتالىيون قوشۇنمۇ بار ئىدى. شەھەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇن مۇستەھكەملەنگەن شەھەر قورغىنىدىن پايدىلىنىپ، كۈچلۈك ئوت كۈچى بىلەن قوزغىلاڭچىلارنى شەھەر سېپىلى يېنىغا يېقىن كەلتۈرمىدى.

ئۇرۇش ئون نەچچە كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن، مەھمۇد مۇھىتى ئۆزلىرىنىڭ يا ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان، يا چېكىنەلمەيدىغان بىر ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. مەھمۇد مۇھىتىنى قاتتىق بىئارام قىلغىنى كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان يارىدارلارنىڭ ۋاقتىدا داۋالىنالمايۋاتقانلىقى ئىدى. ئابلىمىت مەخسۇتوف بۇ ئەھۋالنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان يەنە بىر ئىش بولسا، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن باشلاپ يارىدارلارنى داۋالايدىغان دوختۇرنىڭ يوقلۇقى ئىدى. ئەگەر بىز يېنىك يارىلانساق، ئۆزىمىز قولياغلىق ياكى رەختلەر بىلەن تېڭىۋالاتتۇق. ئەگەر

ئىغىر ياردار بولۇپ، قان كۆپ چىقىپ كەتسە تەرلىك (ئىگەرنىڭ ئاستىغا سالىدىغان) تىن بىر پارچە كېسىۋېلىپ كۆيدۈرۈپ يارا ئىغىزىغا بىسىپ قاننى توختىتاتتۇق، دېزىنفېكسىيە قىلىش دېگەن يوق گەپ ئىدى. ئەگەر رىزقى تۈگىمىگەن بولسا هايات قالاتتى، بولمىسا شەكسىز ئۆلۈپ كېتەتتى. ئۆزىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغان ئىغىر ياردارلار يېقىن ئەتراپتىكى دېهقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلاتتى، دېهقانلار ئۇلارنى يوشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالاتتي. ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى يۇيۇشقىمۇ ئۇلگۇرەلمەي ئۇلارنى شېهىت بولدى، يۇمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ دەپنە قىلىۋېتەتتۇق. بەزى جەسەتلەرنى بىز دۈشمەنلەردىن تارتىپ ئالالماي قالساق، دۈشمەن ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، هەرقايسى جايلاردا سازايى قىلىپ، ئاندىن چولڭ كوچىغا ئېسىپ قوياتتى»㉔.

بۇ چاغدا قىيىن ئەهۋالغا چۈشۈپ قالغىنى يالغۇز مەهمۇد مۇهىتى بولۇپلا قالماستىن، ئۈرۈمچىدىكى جىن شۇرېننىڭ ئەهۋالىمۇ خاراب ئىدى. «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» ناملىق كىتابتا ئۈرۈمچىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەهۋالى مۇنداق بايان قىلىنغان: «شەهەردە كەچ كىرىشى بىلەنلا ئادەم قالمايتتى. شەهەر سىرتىدىكى ئاهالىلەر ئارقا - ئارقىدىن شەهەر ئىچىگە كۆچۈشكە باشلىدى. سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى بەلگە تارقىتىپ سېپىل ساقلىدى. جىن (شۇرېن) شېڭ شىسەينى قۇمۇلدىن تۇرپانغا يۆتكىدى. باش قوماندان چېن چىندې، قاراشەهەردىكى مۇئاۋىن قوماندان مېڭ ۋاڭشى قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كەلدى. شەهەر ئىچىدە نەرسە كېرەك سېتىۋېلىش قىيىن بولدى، كىشىلەر قەلبى ساراسىمىگە چۈشۈپ كۈن كەچۈرمەك تەسكە چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گەپ - سۆزلەرمۇ كۆپ ئىدى، بەزىلەر ئىلىدىن جاڭ پېييۈەننى يۆتكەيدىكەن دېسە، بەزىلەر مەركەزدىن ئەسكەر يۆتكەشكە ئىلتىماس قىلىدىكەن دېيىشەتتى، شەهەر

دەرۋازىسى تۈيۈقسىز تاقىلىپ قېلىپ، يەنە تۈيۈقسىز ئېچىلىپ قالاتتى، خۇددى ھازىرلا ياۋ بېسىپ كېلىدىغاندەك دۇكانلارنىڭ ھەممىسى تاقاقلىق ئىدى. مۇنداق ۋەھىمىلىك مەنزىرىنى ھەقىقەتەنمۇ تەسۋىرلەش قىيىن ئىدى. بولۇپمۇ جەنۇبىي قوۋۇق ئەتراپىدا ئۇيغۇر، تۇڭگان، خەنزۇ، رۇس ئاھالىلىرى تېخىمۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە تۇراتتى. يولدىن ئۆتكەنلەر بىر - بىرىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، ئاق رۇسلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن، خەنزۇلار تۇڭگانلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇشۇپ يۈرۈشەتتى، پۈتكۈل ۋەزىيەت ئىنتايىن قورقۇنچ، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇراتتى» ㉕.

پىچاندا مەھمۇد مۇھىتى شېڭ شىسەينىڭ 4 مىڭ ئادەم بىلەن قومۇلدىن پىچانغا يۈرۈش قىلغانلىقىدىن ناھايىتى تېز خەۋەر تاپتى. شېڭ شىسەي قوشۇنىدىكى 4 مىڭ ئادەمنىڭ قورال - ياراغلىرى تولۇق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى فەنماتاڭ ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلاردا بۇ قوشۇننىڭ جىن شۇرېننىڭ باشقا قوشۇنلىرىدىن جەڭگىۋار ئىكەنلىكى بىلىنگەن قوشۇن ئىدى.

مەھمۇد مۇھىتى قانداق قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان پەيتتە، قومۇل تەرەپكە مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قوزغىلاڭچى قوشۇن بىر كىچىك ھەربىي لازىمەتلىكلەر كارۋىنىنىڭ لىق قورال ئارتقان ھالدا پىچانغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئاسانلا بۇ كارۋانلارنى ئەسىرگە ئېلىۋالدى. ئەسلىدە ئالاقىلىشىشى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن شېڭ شىسەينىڭ بۇ كارۋىنى قوشۇندىن ئايرىلىپ قېلىپ، مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇلار ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر پۈتۈنلەي قورال ۋە ئوق - دورا ئىدى. لېكىن قوزغىلاڭچى قوشۇن بۇ ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى مۇۋاپىق بىر ياقلىق قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. مەھمۇد مۇھىتى ئىلاجسىز

قوشۇننى باشلاپ پىچاندىن چىكىنىپ لەمجىن ئەتراپىدا مۇداپىئەدە تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، قوزغىلاڭچى قوشۇن قاتتىق سوغۇققا چىداپ، لەمجىن ئەتراپىدا خەندەك قېزىپ، چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر نەچچە جايغا ئورا كولاپ، شېڭ شىسەينىڭ برونېۋىكلىرىدىن مۇداپىئە كۆردى. 5 - كۈنى شېڭ شىسەي قوشۇننى باشلاپ پىچاندىن چىقىپ تۇرپانغا يۈرۈش قىلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن چوڭ يولنى بويلاپ كېلىۋاتقان شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۆزىتىۋاتقان چاغدا، بىر قىسىم ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى خاندۇ كەنتىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شىمال تەرەپتىن لەمجىنگە قاراپ كەلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىستىھكامنى ۋاقىتلىق ئۆزگەرتىپ، بىر قىسمى يالقۇنتاغنى ھىمايە قىلىپ تۇرۇپ دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بەردى، يەنە بىر قىسمى پاختا زاۋۇتىغا چېكىندى. بۇ چاغدا ئۇرۇمچى تەرەپتىن قوش قاناتلىق بىر ئايروپىلان كېلىپ، يالقۇنتاغنى بىر نەچچىنى ئايلانغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار ئىستىھكامىنىڭ يېنىغا ئىككى بومبا تاشلىدى.

بۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئايروپىلاننى تۇنجى كۆرۈشى بولۇپ، بۇ ئۇچار مەخلۇققا قارىتا ئوخشىمىغان قاراشتا بولدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بەزىلىرى بۇ نەرسە قاغىغا ئوخشايدىكەن دېيىشتى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئايروپىلانغا قارىتىپ ئوق ئاتتى، تېخمۇ نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى قۇدرىتى چەكسىز نەرسە ئىكەن دەپ قاراپ ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. مۇنداق قورقۇنۇش ۋە قالايمىقانچىلىق تاكى ئايروپىلان بۇ يەردىن كەتكۈچە داۋاملاشتى. پەقەت ئايروپىلان غايىب بولغاندىن كېيىنلا كىشىلەر ئاندىن تىنچلاندى. ئارقىدىن دۈشمەن برونېۋىكى كېلىشكە باشلىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن، برونېۋىكنىڭ يول ئوتتۇرىسىدىكى ئورىغا چۈشۈشىنى، شۇنىڭ بىلەن بۇ تۆمۈر قاپلىق مەخلۇقنى بىراقلا قولغا چۈشۈرۈشنى تەقەززارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى.

برونېۋنىڭ ئالدىن خەۋەر تاپقاندەك تەمكىن ھالدا ئورەكلەردىن ئايلىنىپ ئۆتكەچ ئوت ئاچتى. ئوت كۈچى ئىنتايىن شىددەتلىك ئىدى. برونېۋنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان قوزغىلاڭچى قوشۇن تاغ - باغرىنى بويلاپ غەربكە چېكىندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاختا زاۋۇتتا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قوزغىلاڭچى قوشۇنمۇ قاتمۇقات مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. ئۇلار شۇ كۈنى كېچىدە قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، يەنە بىر قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ سىڭگىم ئېغىزىدا توختىدى. ئىككىنچى كۈنى، شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىمۇ سىڭگىمغا كەلدى، ھەمدە مۇشۇ يەردىكى ئېگىزلىك غوجام تېغى ئۈستىگە زەمبىرەك تىكلەپ، زەمبىرەكنىڭ ھىمايىسى بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىگە پىششىق بولغان يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، ئىككى تەرەپ بىرنەچچە سائەت كەسكىن جەڭ قىلغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى قوشۇن زور بىر تۈركۈم ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا - تۇيۇقتا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم مۇھاسىرە ھالىتى شەكىللەندى. مەھمۇد مۇھىتى قوشۇننى باشلاپ تۇرپان شەھىرىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

تۇرپان شەھىرىدە قوزغىلاڭچىلار مەھمۇد مۇھىتىدىن كۆپچىلىككە قوماندانلىق قىلىپ شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەھمۇد مۇھىتىنىڭ بىۋاسىتە تەشكىللىشى بىلەن سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىنىڭ يېنىدىكى قاڭقا كەنتىدىن بۇيلۇق كەنتى، بېغىر كەنتلىرىگىچە بولغان 10 نەچچە چاقىرىم ئارىلىقتا مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇپ، شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىنىڭ تۇرپان

شەھىرىگە كىرىشىنى توسۇماقچى بولدى.
لېكىن شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى مۇداپىئە لىنىيىسىگە يېقىنلاشقاندا، ئاستانە قوزغىلىڭىدىن بۇياققى بارلىق ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى بېسىپ ياتقان ما شىمىڭ قوشۇنلىرى شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە زور تۈركۈمدىكى ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ توقسۇن تەرەپكە چېكىنىپ كەتتى، مەھمۇد مۇھىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇداپىئە لىنىيىسى شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ شېڭ شىسەي ئوڭايلا تۇرپان كوناشەھەر، يېڭىشەھەرلىرىگە كىردى ۋە مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى زور بىر تۈركۈم قوزغىلاڭ قوللىغۇچىلىرى ياكى ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنى قىرغىن قىلدى.
تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى ما شىمىڭنىڭ جەڭ قىلمايلا كەتكەنلىكىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ مەھمۇد مۇھىتىدىن ما شىمىڭ بىلەن ھەمكارلاشماسلىقنى تەلەپ قىلدى. مەھمۇد مۇھىتى ئىككىلىنىپ ئاخىر مۇسۇل مۇھىتى، نەمەت خەلپە، خەلپە ئابدۇللا داموللا، ئابدۇمۆمىن ھاجى، ئەمەت مەخسۇم، ئابدۇ سەمى قاتارلىق ئادەملەرنى باشلاپ ئۇدۇل فارا شەھەرگە چېكىنىپ كەتتى ㉖.
تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئەھۋال نەنجىڭ مەركىزىي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. بىرىنچى بولۇپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاتقان ئورۇن مەركىزىي ئاگېنتلىق بولدى. 1933 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مەركىزىي ئاگېنتلىق ئاڭلاتقان بىرىنچى پارچە خەۋەردە تۇرپاندا 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قوزغىلاڭ پارتلىغان دېيىلگەن ھەمدە ئۇنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى پەرەز قىلىنىپ، بۇ قوزغىلاڭ مەلۇم جاھانگىر دۆلەتنىڭ قۇترىتىشى بىلەن يۈز بەرگەن دېيىلگەن㉗.
ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

يامانلىشىپ كەتكەنىدى. مەركىزىي ئاگېنتلىق تۇرپان ئويمانلىقى ۋەقەسىنى مەلۇم جاھانگىر دۆلەت بىلەن باغلىغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ھۆكۈمىتىدىن بۇ خەۋەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

بىر كۈندىن كېيىن، نەنجىڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جاڭ فېڭجيۇ نەنجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «سىرىتتا تارقىلىپ يۈرگەن شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ھەققىدە گېزىت شىنجاڭدىن ھېچقانداق تېلېگرامما تاپشۇرۇپ ئالمىغان» دەپ مەركىزىي ئاگېنتلىقنىڭ خەۋەرلىرىنى ئىنكار قىلغان [28]. ئۇنىڭدىن كېيىن، نەنجىڭ «مەركىزىي ۋاقىت گېزىتى» مۇ خەۋەر ئېلان قىلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئەينى ۋاقىتتا نەنجىڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان گۇاڭلۇ ئۆزىنىڭ «ئەسلىمىلەر» دېگەن ئەسىرىدە: «ئەينى ۋاقىتتا نەنجىڭ گېزىتلىرى شىنجاڭدىكى ئۆزگىرىش ھەققىدە بەزى خەۋەرلەرنى بەرگەن، لېكىن بۇ جىن شۇرېننىڭ مەركەزگە يوللىغان ھەربىي ئىشلار دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايتتى. گېزىتكە بېسىلغىنى ھەقىقىي خەۋەر بولۇپ، جىن شۇرېننىڭ دوكلاتى ساختا ھەربىي ئەھۋاللار ئىدى» [29] دېيىلگەن.

## پايدىلانمىلار

① «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 141 ـ بەت.
② «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 2789 ـ بەت.
③ «ئۆمۈر داستانى»، 105 ـ بەت.
④ ئابلىمىت مەخسۇتوف: «1931 — 1934 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن شىنجاڭ خەلق قوزغىلاڭلىرى ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ

ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 38 ـ سان، 21 — 22 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

⑤ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 2788 ـ بەت.

⑥ «1931 — 1934 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن شىنجاڭ خەلق قوزغىلاڭلىرى ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 38 — 88 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب 23 ـ بەت.

⑧ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابنىڭ 2790 ـ بېتىدە: «جىن شۇرېن 300 ئادەمنى جازا يۈرۈشىگە ئەۋەتكەن، يەنە مەغلۇپ بولغان، پۈتۈن قورال ـ ياراغلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان» دېيىلگەن.

⑨ يۇقىرىقى كىتاب 2788 ـبەت.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب 2788 ـ بەت. «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» 178ـ بەت.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب 2788 — 2789 ـ بەتلەر؛ زېڭ ۋېنۋۇ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، 609 ـ بەتلەر: «ئاچىل» ئەينى ۋاقىتتا تارقالغان ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى، ئاساسىي مەزمۇنى:

«ئاچىل، ئاچىل گۈل ئاچىل، ئاچىلمىسا گۈل قايدا،
زېمىن قانداق قۇياش نۇرىغا چۈمۈپ گۈزەللەشىدۇ.
ئېچىلدى گۈل، ئېچىلدى گۈل، ئۇ بىر قۇت نىشانى،
زېمىن قۇياش نۇرىغا تولۇپ، ئېچىلدى گۈللەرنىڭ بارى.»

⑫ «1931 — 1934 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن شىنجاڭ خەلق قوزغىلاڭلىرى ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 38 ـ سان 2829 ـ بەت.

⑬ يۇقىرىقى كىتاب 30 ـ بەت.

⑭ يۇقىرىقى كىتاب 31 — 32 ـ بەتلەر.

⑮ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابنىڭ 2790 ـ بېتىدە: «ئۆلكە قوشۇنلىرى كۈچلۈك بولغاچقا تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالدى، كېيىنكى مەھمۇد مۇھىتى قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، ئاخىر يەنىلا تاقابىل تۇرالماي، تۇرپانغا چېكىندى» دېيىلگەن.

⑯ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 2791 ـ بەت.

⑰ «1931 — 1934 - يىللىرى يۈز بەرگەن شىنجاڭ خەلق قوزغىلاڭلىرى ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 38 - سان 37 -، 38 - بەتلەرگە قارالسۇن؛ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 2790 - بەت.

⑱ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 38 - سان، 40 -، 41 - بەتلەر.

⑲ «ئۆمۈر داستانى» 9 - بەت.

⑳ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 38 - بەت، 46 - بەت.

㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 46 - بەت؛ «شىنجاڭنىڭ بوران -چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 2791 - بەت.

㉒ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 38 - سان 38 -، 40 - بەتلەر؛ «سەيدۇللا سەيپۇللايوف «قاراشلىرىم ۋە تەكلىپ» دېگەن ماقالىسىنىڭ 10 - بېتىدە: «شيۇڭ فايۇ تۇرپان شەھىرى ئىچىدىكى تۆگىچى دېگەن يەردە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، مەن ۋە باشقا ئۇششاق بالىلار ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆرگەندۇق» دېيىلگەن.

㉓ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 38 - سان، 51 -، 25 - بەتلەر.

㉔ يۇقىرىقى كىتاب 53 - بەت.

㉕ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 2791 -، 2792 - بەتلەر.

㉖ يۇقىرىقى كىتاب، 2792 - بەت.

㉗ يۇقىرىقى كىتاب، 2786 - بەت.

㉘ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

㉙ «گوڭلۇ ئەسلىمىلىرى»، 157 - بەت.

# 2 - بۆلۈم خوجىنىيازنىڭ تەكلىپ بويىچە تۇرپانغا كېلىشى

## 1. خوجىنىيازنىڭ تەكلىپ بويىچە تۇرپانغا كېلىشى

مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلار ئۇرۇش ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا تۇرپاندىن كەتكەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ قوزغىلاڭچىلار

مەھمۇد مۇھىتى بىلەن بىللە كېتىشكە ئۇلگۇرەلمىدى. شېڭ شىسەي تۇرپاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بۇ قوزغىلاڭچىلار ھەر تەرەپلەرگە پىتىراپ كەتتى.

شېڭ شىسەي تۇرپاندا ھېچقانداق يېڭى تەرتىپ ئورناتمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ بىگۇناھ كىشىلەرنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈشتەك ياۋۇزلۇقى رەھبىرىدىن ئايرىلغان قوزغىلاڭچىلارنى يېڭىۋاشتىن ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. ھاياتقا بولغان تەبىئىي ئىنتىلىش ئۇلارنى يېڭىچە ئۆزىنى قوغداش ئۇسۇلىنى تېپىشقا ئۈندىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار خوجىنىيازنى تۇرپانغا كېلىپ كۆپچىلىككە رەھبەرلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىشنى مۇزاكىرىلەشتى. بىر مەزگىل مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ پىكرىنى تۇرپاندا قالغان مەخسۇت مۇھىتىغا ئېيتتى.

مەخسۇت مۇھىتى بۇنى نۆۋەتتىكى بىردىنبىر تاللاش دەپ قارىدى. مۇنداق قىلىشنى يەنە تۇرپاندا ئالاھىدە ئىناۋەتكە ئىگە دىنىي زات ھەمدۇللا ئەلەممۇ تەشەببۇس قىلاتتى.

قارار قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى، ھەمدۇللا ئەلەم، قۇربان سەيدى، مىراب‌دورغا، پولات تۇەنجاڭ، مامۇتبەگ، مەمەت سىيىت ۋاڭ، ئىسكەندەر ۋاڭ قاتارلىق 200 نەچچە كىشى لۈكچۈننىڭ جەنۇبىدىكى دىغاردىن يولغا چىقىپ، قۇملۇق بىلەن مېڭىپ قۇمۇلغا يېتىپ باردى.

ئابلىمىت مەخسۇتوف ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. مەخسۇت مۇھىتى بىز 200 نەچچە ئادەمنى باشلاپ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ، قۇمۇلنىڭ سومقاغۇ كەنتىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ چاغدا، شېڭ شىسەي قۇمۇلدىن پىچانغا كەتكەن بولۇپ، خوجىنىياز ھاجى تاغدىن چۈشۈپ تۇزلەڭلىككە كېلىپ قۇشتىكەن دېگەن جاينى بازا قىلىپ جىن شۇرېن قوشۇنلىرى بىلەن سومقاغۇدا ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. بىز

تۆرپان، توقسۇن، پچان قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلار ھەممىمىز خوجىنىياز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىر كۈن ئارام ئېلىۋېلىپ، قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلىكتە سۇمقاغۇدا بازىنى ساقلاپ ياتقان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدۇق. مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق سەركەردىلەر قوشتىكەندە قېلىپ خوجىنىياز ھاجىغا بۇ قېتىمقى قۇمۇلغا كېلىشتىكى مەقسەت ۋە تەلەپلىرىمىزنى تەپسىلىي بايان قىلدى. مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەن قۇمۇلغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ھازىرقى ئەمەلىيەت پەقەت ئوخشىمايتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەن قۇمۇل قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى تەخمىنەن 10 مىڭ ئادەم بولۇشى مۇمكىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم، لېكىن قوشتىكەنگە كېلىپ بىلدىمكى، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 300 ئادەمگىمۇ يەتمەيدىكەن (ئېھتىمال قوشتىكەندىن باشقا جايلاردىمۇ قۇمۇل قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى بولۇشى مۇمكىن) . بىز تۆرپان، پچان، توقسۇنلاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە مەيلى قولىمىزدا قورال بولسۇن ياكى بولمىسۇن، مەيلى ئاتلىقلار ياكى پىيادىلەر بولسۇن، كۆپچىلىك ھەممىمىز بىردەك ۋارقىراپ ئاللا سېلىپ جەڭگە كىرەتتۇق. قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى ئىچىدە پىيادىلەرمۇ، قورالى يوقلارمۇ يوق ئىكەن، ئۇلار بىزدەك ۋارقىرىماي جىممىدە ئالغا قاراپ ماڭىدىكەن. دۈشمەن ئىستىھكامىدىن ئېتىلىپ چىقىپ بىزگە توسۇپ زەربە بەردى. ئىككى سائەتلىك ئېلىشىشتىن كېيىن، دۈشمەن ئىستىھكامىغا چېكىنىپ كەتتى. بىز دۈشمەن ئىستىھكامىنى قاتمۇ قات قورشىۋېلىپ يېقىندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدىن دۈشمەن ئىستىھكامىنى ئوققا تۇتتۇق. بىر كۈن ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، مەن قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا نىسبەتەن يېڭى تونۇش ھاسىل قىلدىم. قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ

ساپاسى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، ئاتقان ئوقى ئەزەلدىن ئىسراپ بولۇپ كەتمەيدىكەن. ئۇلار بىرنەچچە يىللىق كۆرەش داۋامىدا ناھايىتى ئۇستا مەرگەنلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. كۆرەش داۋامىدا ئۇلارغا ئارتۇق يوليورۇق بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرالايدىكەن. شۇڭا قۇمۇل قوزغىلاڭچى جەڭچىلىرىگە ئارتۇقچە چوڭ ئادەم ۋە ئۇششاق بالىلارنىڭ ھە ـ ھۆلىرى كېرەك ئەمەس ئىكەن»①.

يۇقىرىدىكى باياندا قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئەھۋالى، قوشۇنىنىڭ قوراللىنىشى، ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار توغرىلىق قىسقىچە ئۇچۇر بېرىلگەن. بولۇپمۇ تىلغا ئېلىنغان ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاپتور قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئاممىنىڭ ھەيۋىسىگە تايانماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئارقىلىق تۇرلۇك جەڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندايدىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. بۇ تەرىپى، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ناھايىتى زور سېلىشتۇرما ئىدى. تۇرپاندا قوزغىلاڭچى جەڭچىلەر، قوزغىلاڭغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار ۋە ئەگىشىپ يۈرۈپ تاماشا كۆرىدىغانلار ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئادەتتىكى بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى زور دەبدەبە يارىتىپ دۈشمەنگە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلاتتى. لېكىن ئۇرۇشتا قوزغىلاڭچىلار يېڭىلىپ قالىدىغان بولسا، بۇ غەيرىي ئەسكەرلەر قوزغىلاڭچى قوشۇنغا يۈك بولۇپ قالاتتى. ئۇلار قاتناشنى توسالغۇغا ئۇچرىتىپ، قوشۇننى قالايمىقانلاشتۇرۇپ جەڭچىلەرنىڭ كۆرەش ئىرادىسىگە تەسىر يەتكۈزەتتى، شۇنىڭ بىلەن نورمال چېكىنىش ياكى يۆتكىلىش مەغلۇبىيەت ياكى قېچىشقا ئايلىنىپ قالاتتى.

خوجىنىياز قوشتىكەندە مەخسۇت مۇھىتى، ھەمدۇللا ئەلەم قاتارلىقلارنىڭ تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھىيىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ جىن شۇرېن چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا

قارشى كۆرىشىنىڭ جەريانى، قوزغىلاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشى، شۇنداقلا شۇ جايدىكى خەلقنىڭ خوجىنىيازنىڭ خەلقنىڭ رايىغا بېقىپ تۇرپانغا كېلىپ ئۈچ ناھىيە خەلقىنىڭ داۋاملىق كۆرەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىش توغرىسىدىكى تەلەپ - ئارزۇلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى.

مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ سەمىمىيلىكى خوجىنىيازدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئىككى كۈنلۈك سۆھبەتتىن كېيىن، خوجىنىياز مەخسۇت قاتارلىق كىشىلەر ۋەكىللىكىدىكى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھىيە خەلقىنىڭ تەلىپىنى بەش شەھەر، 12 تاغ قوزغىلاڭچى قوشۇن رەھبەرلىرىنىڭ مەسلىھەتىگە قويۇپ بېقىشقا ماقۇل بولدى. بۇ چاغدا قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى قۇمۇل كوناشەھىرى سىرتىدىكى بارلىق جايلارنى ئىگىلەپ ئېلىپ بولغان بولۇپ، بۇ جايلار «بەش شەھەر، 12 تاغ دەپ ئاتىلاتتى».

ئابلىمىت مەخسۇتوف يىغىنغا قاتناشقان بەش شەھەر، 12 تاغ قوزغىلاڭچىلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى مۇنداق بايان قىلىغان.

بەش شەھەر: (1) ئاستانە، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى نورۇل قۇرمالى؛ (2) سۇمقاغۇ، قوزغىلاڭچىلىر-نىڭ رەھبىرى خوجىنىياز قېزا؛ (3) قارادۆۋە، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى توختى قۇرمالى؛ (4) ئات توسار قىيا(شامايا)، قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ رەھبىرى نىياز قېزا؛ (5) لاپچۇق، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى يىغىنغا كەلمىگەن.

12 تاغ: (1) ئاراتۇرۇك، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى ئابدۇنىياز مىراب؛ (2) نوم، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى سالى دورغا؛ (3) ئاداق، قوزغىلاڭچىلىرنىڭ رەھبىرى ئابدۇراخمان دورغا؛ (4) باي، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى ئىدرىس مىراب؛ (5) تۇزكۆل، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى

نىياز دورغا؛ (6) تاغ ئالدى، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى خۇدايار دورغا؛ (7) شوپۇل، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى سالى دورغا؛ (8) خوتۇنتام، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى سولۇر دورغا؛ (9) باغداش، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى رەھىم دورغا؛ (10) ساسىق، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى تاھىر دورغا؛ (11) قوراي، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى ئاۋۇت دورغا؛ (12) تاراتتى، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى قۇربان دورغا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۈچ كۈنلۈك مۇھاكىمە ئارقىلىق، كۆپچىلىك خوجىنىيازنىڭ تۇرپانغا بېرىشىغا قوشۇلدى ②.

«بەش شەھەر، 12 تاغ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنىدىن كېيىن، خوجىنىياز تۇرپانغا بېرىشنىڭ تۇرلۈك تەييارلىقلىرىغا كىرىشتى. 3 - كۈنى خوجىنىياز ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسلىھەتچىلىرىدىن قۇربان دورغا، باقىنىياز دورغا، پازىل دورغا، سالى دورغا قاتارلىقلار ۋە خوجىنىيازغا بىۋاستە قاراشلىق قوزغىلاڭچى قوشۇن جەڭچىلىرى بولۇپ 85 ئادەم، تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلاردىن 200 دىن كۆپرەك ئادەم جەمئىي 300 دىن كۆپرەك ئادەم تۇرپانغا يۈرۈش قىلدى.

بۇ 1933 - يىلى 3 - ئاي بولۇپ، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۇيمانلىقلىرىدا ئەتىياز بولغان، مۇتلەق كۆپ ساندىكى يېزىلاردا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلانغان چاغ ئىدى.

يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى مەخسۇت مۇھىتى خوجىنىياز بىلەن پىچانغا بارغاندىن كېيىن خوجىنىيازنىڭ قوماندانلىق شتابىنى پىچاننىڭ چالقان تېغىغا قۇرۇشنى، باشقا قوزغىلاڭچىلارنىڭ پىچان ناھىيە ئىچىگە كىرىشىنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىۋالغانىدى. لېكىن خوجىنىيازلار پىچانغا كەلگەندە ئىمىن خوجا

جەمەتىدىكى مۇھەممەد سەيدى ۋە ئىسكەندەر ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن خوجىنىيازنىڭ ئۈزلىرىنىڭ لۈكچۈندىكى ۋاڭ ئوردىسىغا چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

## 2. لۈكچۈن مۇھاسىرىسى

لۈكچۈن قورغىنى قۇملۇقنىڭ چېتىگە جايلاشقان، ناھايىتى ئوبدان جاي ئىدى. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، چالقان تاغلىرىدا داۋاملىق ھۆل - يېغىن ئۈزۈلمەيتتى، يوللىرى پاتقاق بولۇپ، ئۇ يەردە تۇرۇش ۋە ئۇياق - بۇياقلارغا چىقىش ئىنتايىن ئەپسىز بىر جاي ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئەسلىدە لۈكچۈندە تۇرۇشلۇق بىر باتالىئون ئۆلكە قوشۇنى غىدىكى لۈكچۈن قورغىنى خوجىنىياز ئۈچۈن ھېچقانداق پۈتلىكاشاڭ بولمايتتى: يۇقىرىدىكى سەۋەبلەرگە ئاساسەن خوجىنىياز مۇھەممەد سەيدى، ئىسكەندەر ئاكا - ئۇكىنىڭ تەلىپىنى چىن كۆڭلىدىن قوبۇل قىلىپ، لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا چۈشتى③.

لۈكچۈن قورغىنى سېپىللىرى پۇختا، راۋرۇس مۇداپىئە خەندەكلىرى بار بولۇپ، شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال تۆت تەرەپتە قۇۋۇقى بار ئىدى. جەنۇبىي قۇۋۇقتىن كىرىپ چىققاندىن سىرت، باشقا ئۈچ جايدىكى قۇۋۇق شۇ يەرنى ساقلاۋاتقان ئۆلكە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن كېسەك بىلەن ھىم ئېتىۋېتىلگەن. ۋاڭ ئوردىسى قۇۋۇقنىڭ غەرب تەرىپىدە ئىدى.

خوجىنىيازنىڭ لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا چۈشكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا ناھايىتى زور زىلزىلە پەيدا قىلدى، تۇركۇملىگەن خەلق ئاممىسى ھەر خىل قاتناش قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ لۈكچۈنگە قاراپ ئاقماقتا ئىدى، ئۇلار خوجىنىياز رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى

تارتىدىغان مۇنداق كوللېكتىپ ھەرىكەت شىڭ شىسەي رازۋېدكا قوشۇنلىرىنىڭ خوجىنىيازنىڭ دېرىكىنى قىلىشقا قۇلايلىق يارىتىپ بەردى. شۇ كۈنى كېچىدە شىڭ شىسەي تۇرپاندىن نۇرغۇن ئەسكەر چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئورتاق نىشانى لۇكچۇن قورغىنىنى قورشاۋغا ئېلىش ئىدى.

تۇرپاندىن لۇكچۇنگە 120 چاقىرىمدىن كۆپرەك كېلەتتى، شىڭ شىسەي قوشۇنلىرى ئىككىنچى كۈنى چۈش مەزگىلى بىلەن لۇكچۇنگە يېتىپ كەلدى ۋە دەرھال لۇكچۇن قورغىنىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن نەچچە قېتىم چىقىپ ئۇرۇش قىلىپ باققان بولسىمۇ، كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە چىقمىدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، خوجىنىياز ھەمراھلىرى بىلەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە چىقىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىر پاي توپ ئوقى خوجىنىيازلار تۇرغان جايغا يېقىن يەرگە چۈشتى، خوجىنىيازنىڭ ھەمراھلىرىدىن ئۇلۇتبەگ نەق مەيداندا ئۆلدى.

بۇ دۈشمەننىڭ ئاللىبۇرۇنلا توپچى ئەسكەرلەر بازىسىنى قۇرغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى، ئارقىدىنلا تېخىمۇ كۆپ زەمبىرەك ئوقلىرى پۈتۈن قورغاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چۈشكىلى تۇردى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۆزلىرىدە بار تۇرلۇك يېنىك قوراللار بىلەن دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇردى. ئۇرۇش ئىككىنچى كۈنگە كەلگەندە دۈشمەننىڭ زەمبىرەك ئوت كۈچى تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، دۈشمەن قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئوق - دورىلىرىنىڭ بارغانسېرى ئازلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۈچىنچى كۈنگە قەدەم قويغاندا خوجىنىياز مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشنى قارار قىلدى. باشقا قوۋۇقلار ئېتىۋېتىلگەن بولغاچقا، پەقەت جەنۇبىي قوۋۇقتىنلا بۆسۈپ

چىققىلى بولاتتى.

مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشتىن ئىلگىرى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي قوۋۇقتا يېقىن جايغا يىغىلدى. مۇنداق كەڭ كۆلەملىك يىغىلىشتىن شەھەر ئىچى چاڭ - توزان بىلەن توشۇپ كەتتى، دۈشمەنلەر بۇنىڭدىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقماقچى بولغانلىقىنى جەزملەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر تۆت قوۋۇقتا بۆلۈنۈپ قوۋۇقلارنى مەھكەم ئېتىۋالدى ھەمدە ئالدىن تەييارلانغان قوشۇنىنىڭ جەڭ قىلىش ئېھتىياجى ئۈچۈن زۆرۈر جايلارنى قالدۇرۇپ قويدى.

شەھەر ئىچىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن ئاران يىغىلىپ بولالىدى. بارلىق تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى قوشۇن تۇيۇقسىز جەنۇبىي قوۋۇق دەرۋازىسىنى ئېچىپ ئالدى بىلەن ئاتلىقلار قوۋۇقتىن چىقىپ خوجىنىيازنى قوغدىدى. قوۋۇق ئۈستىدىكى ئات تۇياقلىرىدىن توزىغان قويۇق چاڭ - توزان شىېڭ شىسەي قوشۇنلىرىنى تەمتىرىتىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قويدى، خوجىنىيازلارمۇ مۇشۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ، مۇھاسىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بۆسۈپ چىقتى. ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەرمۇ ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزاندىن پايدىلىنىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقتى. لېكىن 3 - تۈركۈمدىكىلەر قوۋۇق يېنىغا كەلگەندە، دۈشمەن ئۇلارنىڭ ئالدىن ماڭغۇچى ئەترىتىنى توسۇۋالدى. دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ئوت كۈچىنىڭ زەربىسىدە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققۇچىلار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

ئابلىمىت مەخسۇتوف ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى كەچۈرمىشلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مەن قوۋۇق ئىشىكىدىن ئاتلىق چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئاتقا ئوق تېگىپ يەرگە

يىقىلدىم، شۇ چاغدا بىلىگە ئاق بەلۋاغ باغلىغان ھەمدۇللا ئەلەم مىنىڭ يېنىمدىن ئاتلىق ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن «ئاللا!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ، بۇ ئادەم ئات، ماتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشتى. ئۇ ،ىنگەن ئاتقا ئوق تەگكەنلىكى شۈبھىسىز ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوق تەگدىمۇ - يوق، بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. بۇ چاغدا بىر توپ ئات مىنىڭ يېنىمدىن ئۇچقاندەك چېپىپ ئۆتۈپ كەتتى، چاڭ - توزان دەستىدىن قۇياش نۇرىمۇ كۆرۈنمەي قالغانىدى، شۇڭا ئۆزلەشتۇرۇلگەن قوشۇن زەمبىرەكلىرىنى قۇۋۇق دەرۋازىسىغا قارىتىپ قارىغۇلارچە ئېتىۋاتاتتى، قورغان ئىچىدىن بۆسۈپ چىققان ھەر 10 ئادەمنىڭ ئۇچىگە توپ ئوقى تېگەتتى. ئۇچىنچى تۇركۇمدىكى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققۇچىلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، قورغان ئىچىدىكى ئاما ئۆزلۈكىدىن قورغان ئىچىدە قېلىپ قالدى. مەن ئېتىمدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، پىيادە ماڭدىم، يەر - جاھاننى قاپلىغان چاڭ - توزان ئىچىدە پىيادە ماڭغانلار يالغۇز مەنلا ئەمەسلىكىمنى كېيىن بايقىدىم. مەن بىرمەھەل ماڭغاندىن كېيىن مەھمۇد مۇھىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇمۇ ئېتىدىن ئايرىلىپ پىيادە قالغانىدى. ئۇ مېنى تونۇغاندىن كېيىن ماڭا ‹مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن!›، دېدى. ئۇ چاغدا مەن بەك چارچاپ كەتكەنىدىم، شۇڭا ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ئېتىزنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ، بىرئاز دېمىمىزنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، تونۇمايدىغان بىرنەچچەيلەن بىلەن ئېتىز قىرىنى بويلاپ ئاستا ئۆمىلەپ ئۆزلەشتۇرۇلگەن قوشۇندىن ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالدۇق. كېيىن بىز ھەرھالدا لۈكچۈننىڭ شەرقىي جەنۇبى تەرىپىگە يېقىن كەلدۇق، خوجىنىيازلارمۇ بۇ يەرگە كېلىپ بولغانىكەن، ئۇ (خوجىنىياز) ئەتراپىدىكىلەردىن: نىياز دېھقان نەدە، ئۇ قانداق بولۇپ كەتتى؟ كۆپچىلىك ھەممىسى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدىمۇ، قورغان ئىچىدە بىزنىڭ ئادەملەردىن يەنە بارمۇ؟ دەپ سورىغىلى تۇرغانىكەن.

قورغان ئىچىدە زادى نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېچكىم ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى. مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققان كىشىلەر كەينى ـ كەينىدىن بۇ يەرگە توپلاشتى. كەچ كىرمەكتە ئىدى، قورغان ئىچىدە يەنىلا ئاندا ـ ساندا ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تاڭ سەھەر ۋاقتىدا، خوجىنىياز سۇرۇشتۇرگەن ھېلىقى نىياز دېھقان دېگەن ھەمراھى يەتتە، سەككىز ئادەمنى باشلاپ، پىيادە مېڭىپ بۇ يەرگە كەلدى» ④.

شېڭ شىسەي لۈكچۈننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقالمىغان قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەرنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلدى ھەمدە لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قۇربان بولۇشى ئەڭ زور يوقىتىش بولدى. ئۇ مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقىش ۋاقتىدا يارىلانغاندىن كېيىن، دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

لۈكچۈندە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققان قوزغىلاڭچىلار خوجىنىياز بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن مۇرتۇق، سىڭگىم ئېغىزى تاغ يولى بىلەن مېڭىپ پىچانغا قايتتى، ئاندىن داۋاملىق مېڭىپ، چالقاندىكى تاغلىق يەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەر باشتا مەخسۇت مۇھىتى خوجىنىيازنىڭ قوماندانلىق شتابى ئۈچۈن تاللىغان جاي ئىدى. ھالبۇكى، ئارىلىقتا ئۆزگىرىش بولغانلىقى سەۋەبلىك لۈكچۈن مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىش، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قۇربان بولۇشى قاتارلىق بىرمۇنچە ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى. بۇ 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى.

## 3. توقسۇن قوزغىلىڭى

1933 ـ يىلى تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى تۇرپان كونا

شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان چاغدا، توقسۇن ناھىيىسىدىن توختى ئېلى ئىسىملىك بىر ھارۋىكەشلەر شاڭيوسى توقسۇندىن بىر تۇركۇم ياشلارنى باشلاپ تۇرپانغا كېلىپ، تۇرپان كوناشەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقانىدى. تۇرپان كوناشەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن توختى ئېلى ھەمراھلىرى بىلەن توقسۇنغا قايتىپ بېرىپ توقسۇندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن توقسۇننى قولىغا ئالدى.

توقسۇن خەلق قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى تۇرپان قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا زور ئىلھام بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي ما شىمىڭ ما چۈەنلۇ ئىسىملىك بىر بىرىگادا كوماندىرىنى توقسۇنغا ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچى قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلدى. مەھمۇد مۇھىتى رەھبەرلىكىدىكى تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئاستانىدە ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، توختى ئېلى قاتارلىقلار تۇرپان قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبە ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشنى قاراشەھەر قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتىش قارارىغا كەلدى.

قوزغىلاڭچى قوشۇن توقسۇندىن يولغا چىققاندا بىرىگادا دەپ ئاتالدى، بىرىگادا كوماندىرى ما چۈەنلۇ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى پولك قارايتتى. بىر پولكقا توختى ئېلى پولك كوماندىرى، ھېيت ھاجى باتالىيون كوماندىرى بولغان بولۇپ، بۇ پولكنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرى ئىدى؛ يەنە بىر پولكقا كويۇڭفۇ پولك كوماندىرى ، جوۋا ھاجى باتالىيون كوماندىرى بولغان، بۇ پولكنىڭ ئاساسلىق ئەسكەرلىرى تۇڭگان قوزغىلاڭچىلىرى ئىدى. ئەمەلىيەتتە توختى ئېلىنىڭ پولكىدا 120 ئادەم بار ئىدى؛ كويۇڭفۇ پولكىدا ئادەم تېخىمۇ ئاز بولۇپ

80 نەچچىلا ئادەم بار ئىدى. ئىككى پولكنى قوشقاندىمۇ 200 دىن كۆپرەك ئادەم بولۇپ، ھەممىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىدى.

1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ما چۈەنلۇ، توختى ئېلى، كۈيۇڭفۇ قاتارلىقلار توقسۇندىن يولغا چىقتى ⑤. 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يەنى شۇ يىلنىڭ باھار بايرىمى ھارپىسىدا توقسۇن قوزغىلاڭچىلىرى قاراشەھەردە ئۇرۇش قىلمايلا غەلىبە قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ما چۈەنلۇ قوشۇنلىرى قاراشەھەرگە كىردى. توختى ئېلى قاتارلىقلار ئۇلاردىن بىر كۈن بۇرۇن يەنى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قوشۇننى باشلاپ كورلىغا يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا توقسۇن قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى 400 چە كىشىگە كۆپەيگەنىدى. 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى توختى ئېلى قاتارلىقلار كورلا شەھىرىنى ئالدى ⑥.

بۇ چاغدا توختى ئېلى مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ پىچاندا مەغلۇپ بولغانلىقىدىن ئېنىق خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كورلىدىن توقسۇنغا قايتىپ، تۇرپانغا بېرىپ، مەھمۇد مۇھىتلارغا ياردەم بەرمەكچى بولدى. لېكىن توختى ئېلى 1933 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى توقسۇنغا كەلگەندە، مەھمۇد مۇھىتى بىر قىسىم قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ، ما شىمىڭنىڭ كەينىدىن توقسۇنغا چېكىنىپ كەلگەنىدى ⑦. توختى ئېلى ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن توقسۇندا قېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ قوغلاپ كەلگەن قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىپ، ما شىمىڭ بىلەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قوشۇنلىرىنى قاراشەھەرگە ماڭدۇرۇشتا چىڭ تۇردى. 1933 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى، توقسۇنغا كەلدى. توختى ئېلى قوشۇنلىرى قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئاخىرىدا ئوق دورىلىرى تۈگەپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى ⑧.

تۇرپان قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى چېكىنىشىدە

ئەڭ كۆپ پايدا ئالغىنى ما شىمىڭ بولدى. ئۇ گەرچە تۇرپاندا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ توقسۇنغا ئەۋەتكەن ما چۈەنلۇ، توختى ئېلى رەھبەرلىكىدىكى توقسۇن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، توقسۇندىن كورلىغىچە بولغان جايلاردا يېڭى تەسىر دائىرىسىنى ئىگىلىۋالغانىدى. بۇ جايلار مەيلى ئاشلىق ياكى ئادەم كۈچى جەھەتتىن بولسۇن تۇرپانغا قارىغاندا كۆپ ئەۋزەل ئىدى. ما شىمىڭ قاراشەھەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن باندىتلارنى يوقىتىش 36 ـ دىۋىزىيىسى قوماندانلىق شتابىنى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۆزىنى قوماندان دەپ ئاتىدى.

ئۇنىڭ ئەكسىچە تۇرپاندىن چېكىنىش مەھمۇد مۇھىتىغا زور زىيان ئېلىپ كەلدى. مەھمۇد ئۆزىنىڭ تۇرپاندىكى ئىلگىرىكى ئەۋزەللىكلىرىدىن ئاساسەن مەھرۇم بولدى. يەنى ئۆزىنىڭ نامى، جەمئىيەتتىكى تەسىرى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇنى ئەڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىش ما شىمىڭنىڭ ئۇنى كۆزگە ئىلماي، ئۇنى قاراشەھەردىن يىراق بولغان ئۇششاقتال دېگەن يەرگە ئەۋەتىشى بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ تۇرپان قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇنداقلا قاراشەھەردە ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش پۇرسىتىدىنمۇ مەھرۇم قالدى. خوجىنىيازنىڭ تۇرپانغا كەلگەنلىك خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن ئۇ قالتىس روھلىنىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە دەرھال تۇرپانغا قايتىپ خوجىنىياز بىلەن بىرلىشىپ جىن شۇرېن قوشۇنلىرى بىلەن داۋاملىق كۈرەش قىلىش قارارىغا كەلدى.

شۇ چاغلاردا ما شىمىڭ قاراشەھەردە مۇنداق ئۈچ ئىشنى قارار قىلدى:

بىرىنچىسى، مۇسۇل مۇھىتى (مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئاكىسى)، نىياز، ئابدىمىنى ھاجى، نەسرىدىن ھاجى قاتارلىقلار

شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ نامى بىلەن گەنسۇغا ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىش ئىدى. مۇسۇل مۇھىتى قاتارلىقلار يولدا توسالغۇلارغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن، قاراشەھەردىن جاڭگالنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل گەنسۇدىكى خېشى كارىدورىغا چىقتى ⑨. ئۇلار ئەنشىدە يولۋاس بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ چاغدا يولۋاس ما جۇڭيىڭنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن شىنجاڭغا قايتىپ ئەھۋال ئىگىلىمەكچى بولۇپ تۇرۇۋاتقانىدى. يولۋاسقا نىسبەتەن مۇسۇل قاتارلىقلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەر ناھايىتى زور ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن يولۋاس مۇسۇل بىلەن بىرلىكتە جيۇچۇەنگە قايتتى⑩.

ما شىمىڭنىڭ 2 ـ قارارى بولسا، ما چۇنلۇنى مىڭ ئەسكەر بىلەن كورلىدىن يولغا سېلىپ توقسۇننى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئارغۇ بۇلاق تاغلىرى ئارقىلىق ئۈرۈمچى نەنسەنگە بېرىپ، ئۇرۇش ئوتىنى جىن شۇرېننىڭ مەمۇرىي مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىگە تۇتاشتۇرۇپ، جىن شۇرېنغا بىۋاستە بېسىم قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ما چۈەنلۇ بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ۋاقتىدا يېتىپ بېرىپ، نەنسەن ئارقىلىق ئۈرۈمچىنى ئۈزلۈكسىز قالايمىقان قىلدى. 1933 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ما چۈەنلۇ ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى يامالىق تېغىنى ئىشغال قىلدى. 21 ـ كۈنى چوڭ كۆۋرۈك تەرەپلەرگە قىستاپ كېلىپ قىزىلتاغ، فۇمىن توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. جىن شۇرېن ئامالسىز قېلىپ تۇرپاندىكى شېڭ شىسەيگە جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ تۇرپاندىن دەرھال قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى بۇيرۇدى⑪.

ما شىمىڭنىڭ 3 ـ قارارى مەھمۇد مۇھىتنى قۇمۇلدىن تۇرپانغىچە بولغان جايلارنى يېڭىۋاشتىن كونترول قىلىپ جىن

شۈرىن قوشۇنلىرىنىڭ يۈتكىلىش ۋە يىغىلىشىنى چەكلىمەكچى بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

مەھمۇد مۇھىتىنىڭ مەقسىتى بويىچە بولغاندا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى پۇرسەت ئىدى. جىددىي تەييارلىقلاردىن كېيىن 1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ⑫ مەھمۇد مۇھىتى قوشۇن باشلاپ ئۈششاقتالدىن توقسۇنغا قاراپ يولغا چىقىپ، 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى توقسۇنغا يېتىپ كەلدى. توقسۇندا شېڭ شىسەي قالدۇرۇپ كەتكەن شەھەر ساقلىغۇچى قوشۇن بار ئىدى. ئىككى تەرەپ بىرنەچچە كۈن جەڭ قىلغاندىن كېيىن، توقسۇندىكى شەھەر ساقلىغۇچى قوشۇن 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شەھەرنى تاشلاپ چېكىندى ⑬. مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قوشۇنلىرى دۈشمەننى ئاقتېرەك جىلغىسىغىچە قوغلاپ باردى. دۈشمەن بارا - بارا يىراقلىشىپ كەتتى. مەھمۇد تۇرپانغا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا خوجىنىياز ئۈلاردىن بۇرۇن تۇرپان شەھىرىگە قايتىپ كەلگەنىدى.

## 4. بوستان ئۇرۇشى

1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەھمۇد مۇھىتى بىلەن خوجىنىياز تۇرپان شەھىرىدە قۇمۇل، تۇرپان قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىش كېرەكلىكى مەسىلىسى ئۈستىدە پىكىرلەشتى. مەھمۇد مۇھىتى ئۆزىنىڭ قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىكى ئۇخۇشسىز كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن قۇمۇل - تۇرپان قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى يەنە داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىۋەرمەي، مۇشۇ ئەتراپتا جىن شۇرېن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. مەھمۇد مۇھىتىنىڭ بۇ تەشەببۇسى دەسلەپتە ئۈنچىلىك قوللاشقا ئېرىشمىدى. ھەركىم ھەرنېمىلەرنى دەپ بىرلىككە كېلەلمىدى.

كۆپ سانلىق كىشىلەر جىن شۇرېن قوشۇنلىرىدىن يىراق جايلارغا كېتىپ، يېڭى يول تېپىشنى تەشەببۇس قىلىشتى. ئىش بۇ يەرگە كەلگەندە خوجىنىياز مۇنداق دېدى: «مەيلى ما شىمىڭ ياكى باشقا ئادەملەر بولسۇن ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى، ئىنقىلابنىمۇ بىز قىلدۇق. قۇربان بېرىشنىمۇ بىز بەردۇق. قورالنى دۈشمەننىڭ قولىدىن بىز تارتىۋالغانىدۇق. لېكىن ئىنقىلاب مېۋىلىرى ما شىمىڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر مېنىڭ تەشەببۇسۇمنى قوللىمىساڭلار مەن قۇمۇلغا قايتىپ كېتىمەن. ئۇ چاغدا سىلەر ئامال قىلىپ ما شىمىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىڭلار»⑭.

خوجىنىيازنىڭ پىكرى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ قۇمۇل، تۇرپان قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ بۇ يەردىن كېتىش ياكى داۋاملىق قېلىش مەسىلىسى ھەل بولدى. بۇ يەردە قېلىپ جىن شۇرېن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش بەلگىلەنگەندىن كېيىن بىر پاكىت بارلىق قوزغىلاڭچى قوشۇن رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇ بولسىمۇ ما چۈەنلۇ ئۈرۈمچىنى قالايمىقان قىلىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن قۇمۇل، پىچان، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق ئۆلكە ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە يىغىۋېلىنىۋاتاتتى. ئەمدى قەيەرنى جىن شۇرېن بىلەن ئۇرۇش قىلىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ئىدى.

خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچىدىن باركۆل ئارىلىقلىرىغىچە بولغان جايلارنى جىن شۇرېن بىلەن ئۇرۇش قىلىش دائىرىسى قىلىپ، مورى ئەتراپلىرىنى ئۇرۇش قىلىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى.

قوزغىلاڭچى قوشۇن ئەسكەرلىرى ۋە قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ئىلگىرىكى ئىككى يىل جەريانىدا كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش

ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇش جەريانىدا زور دەرىجىدە چېنىقىپ، ئىجابىي، سەلبىي تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلغانىدى. شۇڭا خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى كونكرېت ئۇرۇش قىلىش نۇقتىسى تاللاش بىلەن بىللە يەنە قوشۇننى تەرتىپكە سېلىنىشىمۇ قارار قىلدى. بۇنىڭدىكى مۇھىم تەدبىر قوشۇندا مۇكەممەل تەرتىپ ئورنىتىشتىن ئىبارەت بولدى.

بۇ چاغدا بىرەيلەن مەھمۇد مۇھىتىغا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى زەيدىننىياز، كامىل قاتارلىقلارنىڭ قورال كۈچى بىلەن ھەيۋە قىلىپ خوتۇنى ۋە قىـــزىنىـــڭ ئالتۇن جابدۇقلىـــرىنـــى بۇلىۋالغانلىقىنى ئەرز قىلدى.

مەھمۇد مۇھىتى دەرھال زەيدىن قاتارلىقلارنـــى تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە سوراق قىلىپ دەلىللەش ئارقىلىق زەيدىن بىلەن كامىلنى تۇرپان كوناشەھەر سىپىلى سىرتىدا ئامما ئالدىدا ئېتىپ تاشلاش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى ⑮.

تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى قوزغىلاڭچـــى قوشۇن قىياپىتى، ئىنتىزامى، قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور يېڭىلىنىشلارغا ئىگە بولدى.

1933 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلار قۇمۇل، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنى باشلاپ پىچاننىڭ خاندۇ كەنتىگە يۆتكەلدى. بۇ قوزغىلاڭچى قوشۇن پۈتۈنلەي ئاتلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، تەخمىنەن مىڭچە ئادەم ئىدى. يول ئۈستىدە نۇرغۇن پۇقرالار قوشۇنغا كىرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭى جەڭچىلەرنى قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا، ئات قاتارلىق زۆرۈر لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلىيەلمەسلىك سەۋەبى بىلەن، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى چىرايلىق رەت قىلىندى.

خاندۇ كەنتىدە خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى يىغىن ئېچىپ ئۇرۇش قىلىدىغان كونكرېت ئورۇننى بېكىتتى. ئەينى

ۋاقىتتىكى بەزى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، لى خەيرۇ قۇمۇلدىكى قوشۇنلارنى باشلاپ بارىكۆل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىشۋاتقانىدى. خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى موردىكى بوستان جىلغا ئېغىزىدا لى خەيرۇ قوماندانلىقىدىكى بۇ جىن شۇرېن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇشلاردا قورال - ياراغ غەنىيمەت ئېلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى قارار قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچى قوشۇن خاندۇ يېغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، تەڭرىتاغلىرىدىن مېڭىپ سارلىق داۋىنىدىن ئۆتۈپ مورىغا يېتىپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا جىن شۇرېننىڭ بىر روتا ئەسكىرى مورىنى ساقلاۋاتاتتى. قوزغىلاڭچى قوشۇن تېزلىكتە مورىنى قورشىۋالدى. دۈشمەن قارشىلىق كۆرسەتمەيلا ئادەم ئەۋەتىپ سۈلھى قىلىپ تەسلىم بولدى. مەھمۇد مۇھىتى كەلگەن ئادەمگە پەقەت قورال تاپشۇرساڭلارلا هاياتىڭلار ۋە شەخسىي مال - مۈلكىڭلارغا مۇتلەق كاپالەتلىك قىلىمىز دېدى. شەھەر ساقلىغۇچى قوشۇن بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىپ شۇ كۈنىلا بارلىق قوراللىرىنى تاپشۇردى.

قورال تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىدا مەھمۇد مۇھىتى تەسلىم بولغان بارلىق ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرگە نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلار بىلەن ئاتلىرىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدۇق، ئۆزۈڭلار ۋە مال - مۈلكىڭلارغا زىيان سالمىدۇق. بىز گېپىمىزدە تۇردۇق، چۈنكى بىزنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارىمىز يوق. سىلەر گۇچۇڭغا قايتقاندىن كېيىن مېنىڭ گەپلىرىمنى ئۇ يەردىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە ئەينەن يەتكۈزۈڭلار. ئۇلار قورال تاپشۇرسىلا، باشقا ئىشلارنى مەسلىھەت قىلىشقا بولىدۇ. بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن جەم بولۇپ يۇرتىغا قايتىپ خاتىرجەم ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز. ئۇلار دېھقانچىلىق قىلىشنى

خالىسا، دېھقانچىلىق قىلىۋەرسە بولىدۇ» ⑯. تەسلىم بولغان قوشۇن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۇلارنى ئات ھارۋىسى بىلەن گۇچۇڭ چېگرىسىغا ئاپىرىپ قويدى.

بۇ قېتىمقى غەلىبە گەرچە ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ لېكىن، ھېچقانداق بەدەل تۆلىمەيلا بىر پىيادىلەر روتىسىنىڭ قورالىغا ئىگە بولۇش قۇمۇل، تۇرپان قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. تەسلىم بولغان قوشۇننى ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى قوشۇندىكىلەر خۇشاللىقىدىن ئۇسسۇل ئوينىدى، ئۇلارنىڭ جاسارىتى زور دەرىجىدە ئاشماقتا ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، بارىكۆل تەرەپنى رازۋېدكا قىلىشقا ئەۋەتىلگەنلەر خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتىغا سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ غەرب تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلدى. مەھمۇد مۇھىتى دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ باردى. بۇ ئادەملەر ئەسلىدە بىر ۋزۋود ئەسكەر قوغداپ كېلىۋاتقان بىر توپ چوڭ ئادەملەر ۋە ئۇششاق بالىلار ئىكەن. ئۇلار تۆگىگە مىنىۋالغان، ياكى ھارۋىلارغا چىقىۋالغانىدى.

قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۇلارنى توسۇپ نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىغانىدى، ئۇلار شۇ ھامان قالايمىقانلىشىپ كەتتى. قوغداپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرمۇ بەدەر تىكىۋەتتى. مەھمۇد مۇھىتى خەنزۇچىنى بىلىدىغان ئادەمدىن بىرنى ئەۋەتىپ كۆپچىلىكنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارغا قورقماسلىقنى، ھېچكىمنىڭ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. سوراقتىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ كىشىلەر ئەسلىدە قۇمۇل، پىچان قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بولۇپ، ئۈرۈمچىگە مېڭىشى ئىكەن.

قالايمىقانلىشىپ كەتكەن كىشىلەر تەسەللى قىلىنغاندىن كېيىن تىنچلاندى. مەھمۇد مۇھىتى ئۇلارغا ھازىر كۆپچىلىك ئۆزىنىڭ شەخسىي نەرسىلىرىنى بىر يەرگە توپلىشىنى، قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئۇلارنى گۇچۇڭ چېگرىسىغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇمۇمنىڭ نەرسىلىرىنى مۇشۇ يەردە قويۇپ قويۇشى لازىملىقىنى ئېيتتى.

ئۇلار دەرھال ئۆزلىرىنىڭ نەرسىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇمۇمنىڭ نەرسىلىرىنى ھارۋا، تۆگىلەردە قالدۇردى. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، ئۇمۇمنىڭ نەرسىلىرى پۈتۈنلەي سىپتا رەخت ۋە تاۋار - دۇردۇنلار ئىكەن. ئاندىن بۇ ئادەملەر قايتىدىن ھارۋىغا چىقىرىلىپ، موردىن چىقىرىپ قويۇلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇندىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى زور بىر تۈركۈم جىن شۈرىن قوشۇنلىرىنىڭ پات ئارىدا بۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقىغا جەزم قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى مورنىڭ شەرقىدىكى بوستان جىلغىسىنى بالدۇرراق ئىگىلىۋېلىشنى قارار قىلدى. چۈنكى بۇ يەردە يېتەرلىك سۇ مەنبەسى بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۆتىدىغان دۈشمەننىڭ يولىنى توسۇۋالغىلى بولاتتى. ئەگەر چېكىنىشكە توغرا كەلسە جىلغىنى بويلاپ يۇقىرىلاپ مېڭىپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكىلى بولاتتى.

مەھمۇد مۇھىتى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قوماندانلىرىغا جەڭ قىلىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، دەرھال قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ شەرق تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار بوستان جىلغىسى ئېغىزىغا كەلگەندە، يىراقتىن دۈشمەنلەر كۆرۈندى. ئىككى تەرەپ دوقۇرۇشقاندىن كېيىن بوستان جىلغا ئېغىزىدىكى سۇ مەنبەسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دەرھال سوقۇشتى. سۇ مەنبەسىنى قوزغىلاڭچى قوشۇن ئالدىن ئىگىلەپ، زىچ ئوت كۈچى بىلەن دۈشمەننى توسۇپ قالدى. دۈشمەن بىر

نەچچە قېتىم ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ئۇدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىلاجىسىز سۇ مەنبەسىدىن يىراق جايدا ئىستىھكام قۇرۇپ مۇداپىئەگە ئۆتتى. قوزغىلاڭچى قوشۇن سۇ مەنبەسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئالدىنقى سېپىنى دۈشمەن ئىستىھكامىنىڭ يېنىغىچە ئۇزارتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بىرنەچچە كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە چوڭ يولنى بويلاپ مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇرۇپ، دۈشمەننى بۆلەكلەر بويىچە پارچىلاپ، تېخىمۇ كۆپ قورال - ياراغقا ئېرىشمەكچى بولدى.

جىن شۇرېننىڭ بۇ قوشۇنغا لى خېيرۇ قوماندانلىق قىلاتتى، ئادەم سانى 2 مىڭدىن كۆپرەك ئىدى، قوراللىرىمۇ رەتلىك ھەم ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، يېتەرلىك ئارقا سەپ ھەربىي ئەشيالىرىغا ئىگە ئىدى. يېرىم كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار كەينى - كەينىدىن بوستان جىلغىسى يېنىغا يېتىپ كېلىپ، تىك لىنىيىلىك سەپ بويىچە مۇداپىئە سىستېمىسى شەكىللەندۈردى.

قوزغىلاڭچىلار دۈشمەن ئىستىھكامىغا بەك يېقىن بېرىۋالغانلىقتىن، ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ قالسا ھەر ئىككىلا تەرەپكە دالدا بولغۇدەك تەبىئىي توساق يوق ئىدى؛ ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى بەزى جىلغا ئورەكلىرىلا ئادەمگە دالدا بولالايتتى. ئىككى تەرەپ بىر كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسى تەرەپ كۆڭۈلدىكىدەك غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى. بىر ئازدىن كېيىن، دۈشمەن يېقىن ئەتراپتىكى ئارقا تەرەپتىن يېڭى سۇ مەنبەسىگە ئېرىشتى، ئۇلار قارامىلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ سۇ مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ مەقسىتى دۈشمەننى توسۇپ قورالغا ئىگە بولۇش بولغاچقا، ئۇلارمۇ ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان سۇ مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپ

ئوتتۇرىسىدا پات ـ پات ئۇرۇش بولۇپ تۇردى، ھېچكىممۇ ئىچكىرىلەپ ھۇجۇمغا ئۆتمىدى.

بۇ چاغدا قوزغىلاڭچى قوشۇندىن بىرەيلەن مەھمۇد مۇھىتىغا كۆرۈنەرلىك ئورۇنلارغا بايراق قاداپ دۇشمەندە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئېنىق سانىغا قارىتا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىش ئارقىلىق دۇشمەننى سۆھبەتلىشىشكە مەجبۇرلاش ھەققىدە تەكلىپ بەردى.

ئابلىمىت مەخسۇتوف ئۆزىنىڭ بوستان جەڭ مەيدانىدىكى بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بىز ھەممىمىز بۇ تەكلىپنى قوللىدۇق، شۇنداق قىلىپ، ھېلىقىلاردىن ئېلىپ قالغان تاۋار ـ دۇردۇنلاردىن نۇرغۇن بايراق ياساپ، ھەر 10 ئادەمگە، ياكى 20 — 30 ئادەمگە بىردىن تارقىتىپ بېرىلدى. بىر دەمنىڭ ئارىلىقىدا بىرنەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى جايلاردا ھەر خىل رەڭدىكى بايراقلار پەيدا بولدى، ھەتتا بەزى ئادەم يوق جايلارغىمۇ بايراق قادالدى. بىز ئىلگىرى زادىلا بۇنداق بايراق ئىشلىتىپ باقمىغانىدۇق. خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى بىرلەشكەندىن كېيىنمۇ ھېچقايسىسى قانداق بىر پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇش ، قانداق رەڭدىكى بايراق ئىشلىتىش توغرىسىدا ھېچ نەرسە دېيىشمىگەنىدى. مەھمۇد مۇھىتىنىڭ تەكىتلەيدىغىنى بىز رەھىمسىزلەرچە ئېزىلدۇق، بىزگە ئەركىنلىك كېرەك، بىزمۇ ئادەم، بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ماڭىدىغان يولىمىز سۈنۈبېن (سۈن جۇڭشەن) يولىدۇر، دېيىشتىن ئىبارەت ئىدى.» ⑰.

ئىككى تەرەپ بوستان جىلغا ئېغىزىدا بەش كۈن تىركەشكەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى قوشۇن قازان ئېسىپ تاماق ئېتىلمىگەنلىكتىن، جەڭچىلەرنىڭ كەيپىياتى قالايمىقانلىششقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بەش كۈن جەريانىدا قوزغىلاڭچىلار پەقەت نان بىلەن سوغۇق سۇغىلا تايىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن،

ئۇلارنىڭ جىسمانىي كۈچىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاجىزلاپ كەتكەنىدى.

6 ـ كۈنى مەھمۇد مۇھىتى گۇچۇڭدا تۇغۇلغان بىر ئۇيغۇر ياشنى دۈشمەن ئىستىھكامىغا سۇلھىگە ئەۋەتتى. بۇ ياش خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيتتى، يۈرەكلىك ئەمما ئېھتىياتچان ئىدى. مەھمۇد مۇھىتى ئۇنىڭدىن لى خەيرۇغا: ئۇلار قورال تاپشۇرسىلا ئۇلارنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىغانلىقى، ئەگەر لى خەيرۇ بۇ شەرتكە قوشۇلسا ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزى بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلەشسە بولىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ ئېيتىپ بەردى.

قوزغىلاڭچى قوشۇن ئەلچىسى قولىغا ئاق بايراقنى ئېلىپ ئاستا ـ ئاستا دۈشمەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپ دەرھال ئوت ئېچىشنى توختاتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھېلىقى ئەلچى لى خەيرۇنىڭ ۋەكىلىنى باشلاپ كەلدى. لى خەيرۇنىڭ بۇ ۋەكىلى ئىلگىرى پىچاندا ۋەزىپە ئۆتىگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى قوپال سۆزلەيتتى. ئۇ مەھمۇد مۇھىتىغا لى خەيرۇنىڭ 400 تال قارا مىلتىقنى تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولغانلىقى ھەمدە قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ لى خەيرۇ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بىخەتەر ئۆتۈۋېلىشىغا مۇتلەق كاپالەتلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى يەتكۈزدى. مەھمۇد مۇھىتى بۇ شەرتكە قوشۇلۇپ قورال تاپشۇرۇۋېلىش ۋاقتىنى ئىككىنچى كۈنى چۈشكە توختاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي لى خەيرۇنىڭ ئەلچىسى قايتىپ كەتتى. ئىككى تەرەپ شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈنلەي ئۇرۇش توختاتتى.

لېكىن بۇ كېلىشىم تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ئىش بىلەن بۇزۇلۇپ كەتتى.

شۇ كۈنى كېچىدە قوزغىلاڭچىلاردىن بىرەيلەن، ئەتىكى 400 تال مىلتىقنى قانداق تەقسىملەيدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىر دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلساق، قورالغا كىم ئىگە بولسا شۇنىڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ، دەپ قۇتراتتى.

بۇ گەپ تېزلا قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ھەرقايسى ئىستىھكاملىرىغا يېتىپ باردى. يېرىم كېچە بولغاندا تۇيۇقسىز بىرى ئېتىغا سەكرەپ مىندى ـ دە قىلىچنى غۇيۇلدىتىپ ئويناتقىنىچە دۈشمەن ئىستىھكامىغا قاراپ ئاتاكىغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدا پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. مەھمۇد مۇھىتى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىش ھەققىدە قايتا ـ قايتا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ لېكىن ۋەزىيەتنى ئومۇميۈزلۈك كونترول قىلالمىدى.

قوزغىلاڭچى قوشۇن دۈشمەن ئىستىھكامىغا يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىزدىن دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ئوققا تۇتىشىغا ئۇچرىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرى قوللانمىغاچقا، خېلى كۆپ ئەسكەر دۈشمەن ئىستىھكامىغا يېقىن جايدا ئوق تېگىپ نەق مەيداندا ئۆلدى. ئاخىر قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ھېلىقى بىر تۈركۈم ئۆز بېشىمچى ئەسكەرلىرى چېكىنىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىستىھكامدىن چىقىپ سارلىق تاغلىق يېرىگە چېكىندى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە دۈشمەنلەر قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا يۆتكىلىپ گۇچۇڭغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئەسلىدە 400 تال مىلتىققا ئىگە بولۇش پىلانى ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن كۆپۈككە ئايلاندى. بۇ خىل ئىنتىزامسىز قىلمىشقا تۇنجى بولۇپ كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرغان كىشى خوجىنىياز ھاجى ئىدى. خوجىنىياز سارلىققا چېكىنىپ كەلگەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرىغا: «سىلەر مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىماي زور بىر تۈركۈم قورال ـ ياراغقا ئىگە دۈشمەن قوشۇنىنى گۇچۇڭغا كەتكۈزۈۋەتتىڭلار. ئەمدى دۈشمەن بىلەن ئۆزۈڭلار كۆرەش

قىلىڭلار، مەن كېتىمەن.» دېدى ـ دە، سارلىقتىن چىقىپ بوستان جىلغىسىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

خوجىنىياز كەتكەندىن كېيىن مەھمۇد مۇھىتى كۆپچىلىككە: «بىز بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدۇق. كۆپچىلىك ئۈزۈڭلار مېنى باش قىلىپ سايلىغان ئىدىڭلار، لېكىن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايسىلەر؟ ئىش ھالقىلىق پەيتكە كەلگەندە مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ئاڭلىماي ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن قىلچە ئاساسسىز ھالدا دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدىڭلار، نەتىجىدە ئۆزىمىز مەغلۇپ بولدۇق. بىز بىرەر تال مىلتىققىمۇ ئىگە بولالمىغانلىقىمىزنىڭ ئۈستىگە دۈشمەننى گۇچۇڭغا ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. سىلەر مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىغاندىن كېيىن مەنمۇ خوجىنىياز ھاجىغا ئەگىشىپ قۇمۇلغا كېتىمەن، سىلەر ئۆزۈڭلارغا باشقىدىن بىر سەركەردە سايلاپ جىن شۇرېن بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار.» دېدى ۋە گېپىنى تۈگىتىپلا ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئېلىپ، خوجىنىيازغا ئەگىشىپ كەتتى.

ئابلىمىت مەخسۇتوف ئۆزىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلار خوجىنىيازھاجىغا ئەگىشىپ بوستان جىلغىسىدىن كەتكەن چاغدا خوجىنىيازنىڭ ئاچچىقى خېلىلا بېسىقىپ قالغانىدى. ئېھتىمال ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا بۇنداق ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىق كىشىلەر كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۇرپانغا قايتىپ ئاز ـ تولا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ يېڭىۋاشتىن تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن مورىغا قايتىپ بېرىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سارلىقتىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنمۇ توپ ـ توپ بولۇشۇپ بوستان جىلغىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز كۆپچىلىك بىلەن بىللە تۇرپانغا قايتتۇق»[18].

## پايدىلانمىلار

① ئابلىمىت مەخسۇتوف: «1931 ـ 1934 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن شىنجاڭ خەلق قوزغىلاڭلىرى ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 38 ـ سان 62 ـ، 63 ـ بەتلەر.

② يۇقىرىقى كىتاب، 64 ـ بەت.

③ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 2792 ـ بەت.

④ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 38 ـ سان 69 — 70 ـ بەتلەر.

⑤ «توقسۇن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 ـ سان (ئۇيغۇرچە) 18 ـ، 19 ـ بەتلەر؛ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نى تۈزۈش كوللېكتىپى تۈزگەن «ما جۇڭيىڭ شىنجاڭدا» ناملىق كىتابنىڭ 61 — 65 ـ بەتلىرى.

⑥ «توقسۇن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 ـ سان 24 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتاپ 37 — 38 ـ بەتلەر.

⑧ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابنىڭ 3196 ـ بېتىدە: بۇلار بىلەن «بىللە ماڭغانلاردىن مۇسۇل ھاجى، تاھىر بەگ، باي ئەزىز، ئىمىناخۇن قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى» دېيىلگەن.

⑨ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 38 ـ سان 75 ـ بەت.

⑩ سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ «قاراشلىرىم ۋە تەكلىپ» دېگەن ئەسىرىنىڭ 4 ـ بېتى؛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابنىڭ 3147 ـ بېتىدە: «ما شىمىڭ كۇچىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ مۇسۇل ھاجى، تاھىربەگ، نىياز قاتارلىق كىشىلەرنى گەنسۇغا ما جۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن» دېيىلگەن؛ مۇشۇ كىتاپنىڭ 3178 ـ بېتىدە يەنە: «يولۋاس ما خېيىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۇنى ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتكەن.» دېيىلگەن.

⑪ «توقسۇن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 1 ـ سان 61 ـ، 62 ـ بەتلەر.

⑫ يۇقىرىقى كىتاب 48 ـ بەت.

⑬ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 57 ـ بېتىدە: «3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

ئىدى» دېيىلگەن.

⑭ «1931 — 1934 ـ يىللىرى پارتلىغان شىنجاڭ خەلق قوزغىلاڭلىرى ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 38 ـ سان 77 ـ بەتكە قارالسۇن.

⑮ يۇقىرىقى كىتاب، 75 ـ بەت.

⑯ يۇقىرىقى كىتاب، 79 ـ، 80 ـ بەتلەر.

⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 82 ـ، 83 ـ بەتلەر.

⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 87 ـ، 88 ـ بەتلەر.

## 3 ـ بۆلۈم شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنىڭ ھوقۇق مەركىزىگە كىرىشى

### 1. «12 ـ ئاپرېل» ئۆزگىرىشى

خوجىنىياز بوستاندىن تۇرپانغا قايتقان چاغدا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى نازۇك جاي ئۈرۈمچى بولۇپ قالغانىدى. ئۈرۈمچى ما چۇڭيىڭنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئەتراپتىكى سانجى، مىچۈەن، فۇكاڭ، داۋانچىڭ قاتارلىق جايلاردىكى جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقى ئورگانلىرىنىڭمۇ چېكى ئارقا ـ ئارقىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى.

«شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابتا ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى مىنگونىڭ 22 ـ يىلىغا كەلگەندە قالايمىقانچىلىقتا چېكىگە يەتتى. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىلى ۋە تارباغاتايىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بارچە ناھىيە شەھەرلەر مالىمانچىلىققا پاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا يېڭىۋاشتىن كىرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە داۋراڭ سېلىۋاتقانلىقتىن ئۈرۈمچىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاتلىقلارنىڭ

ھەرقاچان شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولغاچقا شەھەر ئىچىدىكى تەرتىپ تېخى ئىزىغا چۈشۈپ بولالمىغانىدى، يەنە كېلىپ شەھەردە ئېغىر قەھەتچىلىك بولۇۋاتاتتى، شۇنداقلا سوقۇشتا ئۆلگەن ئەسكەر ۋە پۇقرالارنىڭ جەسەتلىرى ئوچۇق دالىدىلا قالغانلىقتىن ۋابا كېسىلى تاراپ كەتتى. خەيرى - ساخاۋەت ئورگانلىرى كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش ۋە جەسەتلەرنى كۆمۈش بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ خەلق كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇپ پۇقرالارنى تىنچىتىشقا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. مانا مۇشۇنداق ھەممە ئادەم پاتىپاراقچىلىقتا چۈشكەن بىر پەيتتە جىن ۋۇ ۋە بىرىگادا كوماندىرى سۇي بىجى تەتۈرسىگە ئىش تۇتۇپ، پۇقرالاردىن ئاختۇرۇپ تېپىۋالغان ئاشلىقنى ساقچى ئىدارىسى باشلىقى لى يەنمىڭنىڭ يۇقىرى باھادا سېتىشىغا بۇيرۇق قىلدى ھەمدە كۆپلەپ پايدا ئالدى. بۇنىڭدىن قەھرى - غەزىپى قايناپ تۇرغان پۇقرالار ئۇلارنى تىتما - تىتما قىلىۋېتىش كېرەك دېيىشىپ كېتىشتى»①.

يەنە شۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئۈرۈمچىنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى بىلەن جىن شۇرېننىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسىنى ۋە مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بىر قاتار مەخپىي سۇيىقەست پىلانلاش ھەرىكەتلىرىنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق دېگەن: «ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىنىڭ قوماندانى باپپېنگورت جىن شۇرېندىن ئەسكەرلىرىگە جايلىشىۋېلىش خىراجىتى تارقىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا جىن شۇرېن بۇنى رەت قىلدى، ئۇ يېنىپ چىقىشىدا شەھەر مۇداپىئەسىگە مەسئۇل قوماندان بەي زىخۇي بىلەن جىن شۇرېننى ئۆرۈۋېتىشنى يوشۇرۇن مەسلىھەتلەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى تاۋ مىڭيۇ،

دۇبەن مەھكىمىسىدىكى شتاب باشلىقى چېن جۇڭ ۋە جاڭ شىڭ قاتارلىقلارمۇ جىن شۇرېندىن قاتتىق نارازى بولۇپ يۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر، خۇيزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن جىن شۇرېن ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ئۆچ - ئاداۋەت بولغاچقا، جىن شۇرېننى تەختتىن چۈشۈرگەندە خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى ئاز - تولا پەسەيتكىلى بولاتتى. شۇڭا 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، جىن شۇرېننى رەئىسلىك تەختىدىن چۈشۈرۈۋەتتى» ②.

«شىنجاڭ خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋۇ گېچېن 4 - ئاينىڭ 12 - كۈندىكى ئۆزگىرىش جەريانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىلەر ئەتراپىدا ھويلىدا بىر ئاز ئاپتاپسىنغاندىن كېيىن، ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ ئىنگلىزچە «قۇرئان» نى ئوقۇپ ياتتىم. ئۇشتۇمتۇتلا ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئېتىلدى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام قورۇدىكى بۇرادەرلىرىممۇ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئۇياق - بۇياققا قاراۋېتىپتۇ. مەن دەماللىققا تۇرۇپ قالدىم. بىرئازدىن كېيىن يەنە ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىغاندا شەھەردە قانداقتۇر بىر ۋەقە يۈز بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. قارىسام ھەممىلا ئادەم ئالاقزادە بولۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۆگزىگە چىقىپ قاراپ باققانلار ئوق ئاۋازىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى. يىراقتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى كىشىلەرنىڭ بەس - بەستە تامدىن ئارتىلىپ قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھۆكۈمەت قورۇسىدا قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى پەملىدىم. بىر ئەسكەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شەرقىي شەھەر رايونىدىن كېلىشىدە نەچچە ئون ئاق ئورۇس ئەسكىرىنى كۆرۈپتۇ، ئۇلار تولۇق قوراللانغان بولۇپ، شەرقىي دەرۋازىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا

قاراپ ناھايىتى جىددىي يۇگۈرۈشكىنىچە ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دەل شۇ ۋاقىتتا ئوق ئاۋازى تېخىمۇ كۈچىيىپ پىلىموت\ ئېتىلىپتۇ، ئاق ئورۇسلارنىڭ قوراللىرى خىل بولغاچقا، ھۆكۈمەت قورۇسىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر قورقىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتۇ ۋە قېچىشىپتۇ. 1 ـ ۋە 2 ـ دەرۋازا بوش قالغانلىقتىن ئاق ئورۇسلار ھېچ توسقۇنسىزلا سەنتاڭ (رەئىس ئىشخانىسى) غا بېسىپ كىرىپتۇ. ئوق ئاۋازىنىڭ بېسىلمايۋاتقانلىقىدىن قارىغاندا قارشىلىق بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇ ئارىلىقتا بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئاق ئورۇسلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرگىنىچە ئوق ئېتىپ ماڭغانلىقتىن مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەرگە چاشقان تۆشۈكى ساراي كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ، ئۇلار چېكىنىپ قېچىشىنىڭ ئورنىغا دەرۋازىنى چىڭ تاقاپ ئەرتاڭدا مۇھاپىزەتچىلەر باتالىئونى بىلەن بىرلىكتە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ بىرئاز ئۇنۇمى بولار ئىكەندۇق. ئاق ئورۇسلار سەنتاڭغا ئۇدۇل بۆسۈپ كىرىشكە رەئىس تامدىن ئارتىلىپ قېچىپتۇ، ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جىن ۋۇ ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. مۇشۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا بىر ئايرۇپىلان ئۆگزە بويى دېگۈدەكلا ئېگىزلىكتە شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇچقۇچى لى شياۋتيەن شېڭ شىسەيگە خەت ئېلىپ ماڭغانمىش، سائەت بەش ئەتراپىدا نازىر جۇ فېڭلو شەھەر مۇداپىئە مەھكىمىسىدە تۇرۇپ مېنى چاقىرتىپتۇ (جۇ فېڭلونىڭ بايانىغا قاراڭ)، بۇ ۋاقىتتا مىلتىق ۋە پىلىموتنىڭ تاتاتىلغان ئاۋازلىرى توختىماستىن ئاڭلىنىپ تۇرغاچقا، جاڭ بۇجې مېنى بارماسلىققا ئۈندىدى. ئەمما مەن جىددىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ قەتئىيلىك بىلەن تام ياقىلاپ يۈرۈپ كەتتىم. جۇ نازىر ۋە چېن يۈەنچىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئىش تېرىغانلارنىڭ راستتىنلا ئاق ئورۇسلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ

شەھەر قۇۋۇقلىرىنى تاقىۋالغانلىقى، مەقسىتىنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىغانلىقىنى ئاڭلىدىم، جۇ نازىر ۋە چېن
يۈەنچىڭ مەن بىلەن مەسلىھەتلەشكەندە مەن دىپلوماتىيە
خادىملىرى ئوتتۇرىغا چۈشسە ئىش ئاسانراق بولارمىكىن دېدىم.
شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەك ئۇلارنىڭ
ھېچقايسىسى يوق ئىكەن. گەپ ئارىلىقىدا قارىسام چېن
يۈەنچىڭنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلگىلى تۇردى، جۇ
نازىرنىڭمۇ ھەيۋىسى نەلەرگىدۇر يوقالدى. خېلى ۋاقىت
ئۆتكىچىمۇ ئوق ئاۋازى بېسىلمىدى، ئەكسىچە بۇنىڭغا ئەمدى
زەمبىرەك ئاۋازى قوشۇلدى. ئاق ئورۇسلار زەمبىرەكلىرىنى
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا توغرىلاپ ئارقا -
ئارقىدىن ئالتە - يەتتە توپ ئاتتى. بۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەت
خادىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك ئۆز ئىشخانىلىرىدا بولغاچقا
ئۇلارنىڭ قانچىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى قىياس قىلغىلى بولمايتتى.
كەچتە جۇ نازىر مەن ۋە باشقا ئىككى كىشىنى بىرىگادا شتابىغا
بېرىپ مەجلىسكە قاتنىششقا ئەۋەتتى. يىغىن زالىدىكى ئۈستەلگە
شەھەر مۇداپىئەسىدە قولغا چۈشكەن بىر قىسىم جەڭ
غەنىيمەتلىرى تىزىپ قويۇلۇپتۇ، ئەمما جىن شۇرېننىڭ
ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم. غەلىبە قىلغان ئاق
ئورۇس قوشۇنىنىڭ قوماندانى باپپېنگورت: « بۇ قېتىمقى
سىياسىي ئۆزگىرىش ئىلاجىنىڭ يوقىدىن بولدى، جىن دۇبەنىنىڭ
راستىنلا شىنجاڭنى ئىدارە قىلغۇدەك قابىلىيىتى يوق.
ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتىنىڭ قاراپ تۇرۇپ قولدىن بېرىپ
قويۇلۇۋاتقانلىقى، خەلقنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ
قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئارمىيىمىز خەلق ئاممىسىنى قۇتۇلدۇرۇشتا
ئامالنىڭ يوقلۇقىدىن مۇشۇ چارىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى.
جىن دۇبەنگە كەلسەك، ئۇ ئادەتتە بىزگە ناھايىتى ياخشى
مۇئامىلىدە بولغانىدى. بىزدە ئۇنىڭغا قارىتا قىلچىمۇ يامان نىيەت

يوق. پەقەت هاكىمىيەتنى تاپشۇرۇپ بەرسىلا بولدى، دەپ بايانات ئېلان قىلدۇق. ئۇنىڭغا زور كۆپچىلىك خەلق مايىللىقىنى بىلدۈردى، شۇ كۈنى ئاخشىمى سىياسىي جەھەتتىن ۋاقىتلىق كومىتېت قۇرۇلدى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن ۋاقىتلىق ھەربىي كومىتېت قۇرۇلدى. ھەممەيلەن بىرلىكتە مائارىپ نازىرى ليۇ ۋېنلوڭنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە، شەرقىي شىمال ۋەتەننى قۇتقۇزۇش قوشۇنى بىرىگادا كوماندىرى جېڭ رۇنچېڭنى ۋاقىتلىق ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىغا كۆرسەتتى. ليۇ ۋېنلوڭ بۇ ۋاقىتتا ئۈچ تۈرلۈك ۋەزىپىنى جاكارلىدى: بىرىنچى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئىككىنچى، رەئىس جىن شۇرېننىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئۈچىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنى قوغداش. بۇنىڭغا پۈتۈن ھەيئەت ئەزالىرى قول قويۇپ ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزدى. شۇ ۋاقىتتا رەئىس جىن شۇرېننىڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە باشقىچە ياسىنىپ تامدىن ئارتىلىپ بىرىنچى تارماق ساقچى ئىدارىسىگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى»③.

ئىشتىن كېيىن ۋۇ گېچېن 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشنى تەكشۈرۈۋاتقان چاغدا مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئىگىلىگەن: «مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق قەتئىي مەخپىي پىلانلانغانىكەن. دەسلەپ بۇ پىلاننى تۆزگەنلەر تاۋ مىڭيۈ، گېمىلكېن قاتارلىق بەش كىشى بولۇپ، شەرقىي شىمال ئارمىيەسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئاق ئورۇسلار دەسلەپ بولۇپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنىكەن. ئۇلارنىڭ سانى 200 دىن كۆپرەكلا بولۇپ، يېرىمى شەھەرنىڭ تۆت قوۋۇقىنى ساقلاپتۇ، قالغان يېرىمى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىپتۇ، شەھەر سىرتىدا يەنە ئۇلارنىڭ 200 چە ئادىمى تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلار

جەمئىي 400چە كىشى ئىكەن» ④ . ۋەقەدىن بۇرۇن پىلانلىغۇچى بەش كىشى ئىچىدە نەقىلدە تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئادەمدىن باشقا ئۇچەيلەن بولسا چېن جۇڭ، جاۋ دېشۇ ۋە لى شياۋتيەن قاتارلىقلار ئىدى.

چېن جۇڭ بەش نەپەر پىلانلىغۇچى ئىچىدە ئەڭ ياش بولۇپ شۇ چاغدا 29 ياشتا ئىدى. ئەمما مول كەچۈرمىشكە ئىگە ئىدى. ئۇ شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەمدە 1927 ـ يىلى ۋۇخەن مىللىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. 1929 ـ يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئەكسىيەتچى گۇرۇھ» ۋەقەسى يۈز بەردى. چېن جۇڭ گۇمانلىق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن موسكۋادىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيادا تەمتىرەپ يۈرۈپ كېيىن قەشقەرگە كەلدى. ئۇ قەشقەردە ساۋاقدىشى شيۇڭ شياۋيۈەنگە: «يۈز دانە ماۋزۇر بولسىلا شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالغىلى بولىدۇ» دېگەن. ئۆزگىرىش بولغاندا چېن جۇڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شتاب باشلىقى ئىدى. چېن جۇڭ ئىشقا قاتناشقانلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «شىنجاڭلىقلار جىن شۇرېننىڭ سىياسىي ئورگانلىرىدىن ۋە ئىسلاھاتنى يولغا قويمايۋاتقانلىقىدىن نارازى ئىدى. مىنگونىڭ 20 ـ يىلى مەن شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن كونسۇل مۇ ۋېيتۇڭ بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلاشقان ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنىدۇق. نەتىجىگە قايتقىنىمدا شىنجاڭنى تەرتىپكە سېلىش پىلانىمنى يازما دوكلات شەكلىدە نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىدىكى ۋاڭ جىڭۋېي قاتارلىق كاتىپلارغا سۇنغان بولسامۇ، مەركەز ئۇ ۋاقىتلاردا شاڭخەيدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كېتىپ بۇ ھەقتە ھېچقانچە ياردەم بېرەلمىدى. كېيىن مەن

ھەربي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە شىنجاڭغا كەلدىم، چېن بۇجاڭمۇ «ئەمەلىي تەكشۈرۈش» نامىدا شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ خىزمەتلەرنى جىددىي قانات يايدۇردى ۋە ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىشكە كىرىشتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى يامان بولغاچقا ھەرقايسى تەرەپ ۋەكىللىرى جىن شۇرېندىن تەختتىن چۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. مەن تاۋ مىڭيۈ، جاۋ دېشۇ ۋە باشقا بىرنەچچە قوماندان بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مەجلىس ئېچىپ، پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكى ۋە كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مۇمكىنچىلىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ئورتاق پىكىرگە كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە ئىش باشلىدۇق»⑤.

گۇاڭ لۇ چېن جۇڭنىڭ ماقالىسىدە دېيىلگەن 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆزگىرىش توغرىسىدىكى بايانلارنى تېخىمۇ ئەتراپلىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مىنگونىڭ 22 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كۆرۈنۈشتە بۇرۇنقىدەكلا ئىنتايىن تىنچ ئىدى. ھاۋامۇ ئوچۇق ھەم ئىللىق بولۇپ ۋەقە يۈز بېرىشنىڭ ھېچقانداق ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى ئەتراپىدا نەنلياڭدا تۇرۇشلۇق ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ قوماندانى باپپېنگورت (گېرمانىيە قان سىستېمىسىدىكى رۇسىيىلىك) نىڭ قوماندانلىقىدا بىر پولك ئادەم نورمال ھەربىي يۇرۇش قىياپىتىدە نەنمىندىن شەھەر ئىچىگە كىرىپ دۇبەن مەھكىمىسى ئىشىكى ئالدىغا بارغاندا ھۇررا دېگىنىچە ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ سەپ ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ قوراللىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە مەھكىمە دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ئۇ يەردىكى ئاز ساندىكى مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن قىرغىنچىلىق

قىلىشقاندىن كېيىن ئوڭۇشلۇق ھالدا دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ئىككىنچى زالغىچە ئىلگىرىلەپ باردى. جىن شۇرېن ئۈچىنچى زالدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇننىڭ توپىلاڭ قىلىپ ئۈچىنچى زالغا يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. بالا - قازا. ئۇ ھېچقانداق ئامال قىلالمىدى. قوشۇننى ئىشقا سېلىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشنىڭمۇ ئامالى قالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچىنچى زالنى قامال قىلغاچ ئازغىنە مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ توپىلاڭچىلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئەمما جىن شۇرېننىڭ كۈچى يەتمەي ئارقا تامدىن ئارتىلىپ بېيىمىن راۋىقىغا چېكىنىۋالدى. ئۇ يەردىن غەربىي شىمال راۋىقىغا بېرىپ ئۇ يەردە ياڭ جىڭجۇڭ قىسىملىرىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇننى يوقىتىشقا قوماندانلىق قىلدى. ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. ئۆلكە ئارمىيىسى ئۇرۇشتا كارامەت باتۇرلۇق كۆرسەتتى. ئۇلار ئالدىدىكىلىرى يىقىلسا كەينىدىكىلىرى يېتىپ باراتتى. ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتىرى بىلەن قىلچە كارى بولمايتتى. ئۇلار پاختا تايلىرىنى يۇمۇلىتىپ يۈرۈپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇننى قەدەممۇ - قەدەم چېكىندۈرۈپ باراتتى. شەرقىي شىمال قوۋۇقى ئىچىدىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن قوشۇن بازىسىدا ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئاپتوموبىل، ئات - ھارۋىلىرىنى تەييارلاپ شەرقىي قوۋۇق ئارقىلىق چېكىنىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. مۇشۇ غەلىبە بىلەن مۇۋەپپەقىيەت ئارىلىقىدا ئويلىمىغان يەردىن شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىنىڭ جېڭ رۇنچېڭ بىرىگادىسىدىن بىرنەچچە يۈز ئادەم باش قوماندان شېڭ شىسەينىڭ قورال - ياراغلار بىلەن تەمىنلىشىگە ئېرىشتى. ئۇلار شەرقىي قوۋۇقتىن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنغا ماسلىشىپ جىن شۇرېننىڭ تۇرۇشلۇق جايى غەربىي شىمال سېپىلىغا ھۇجۇم قىلدى. شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ

بۇ ھەرىكەتنى جىن شۆرىنىغا داۋاملىق شەھەر ئىچىدە قىلىپ تۇرۇش قىلالمايدىغان دەرىجىدە قاتتىق زەربە بولدى. شۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ سىپىلدىن ئارتىلىپ قىزىلتاغ تەرەپكە قېچىپ كەتتى» ⑥.

ئەمدى «12 ـ ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن ئەڭ زور پايدىنى ئېرىشكەن شېڭ شىسەينىڭ بايانلىرىغا قاراپ باقايلى: «4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەتىگەندە (چۈشتىن كېيىن دېيىلسە توغرا بولىدۇ)، ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى لى شياۋتيەن كىچىك مەشىق ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۇلانبايغا بېرىپ ماڭا دوكلات قىلىپ مۇنداق دېدى: ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى تۇنۇگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە تۇيۇقسىز دۇبەن مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار ئۈچىنچى زالغىچە ھۇجۇم قىلىپ باردى. جىن دۇبەننىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغاچ جىن دۇبەن ئەر ـ ئايال ئىككىسى ۋە خېنىمىنى قوغداپ ئۇلارنى ئارقا تامدىن قاچۇرۇۋەتتى. ھازىر شەھەر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى. ئۇلانباي بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقىدىكى يول راۋان ئەمەس، ياخشىسى قوماندان قوشۇن باشلاپ شەھەرگە كىرىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم؛ لى شاۋتيەن كەتكەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلمىدىم. ئۇ ھەربىي ھەرىكەتنى كەينىگە سۆرەۋاتاتتى. شۇڭا مەن 12 ـ كۈنى كېچىدە يولغا چىقىپ 13 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە قوشۇننى باشلاپ شەھەر سېپىلىگە يېتىپ كېلىپ بىر ھۇجۇم بىلەنلا مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم؛ بۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بەي يۈشيۇ خېيىمخەترىگە قارىماي ۋاقىتلىق كومىتېتنىڭ ماڭا يازغان خېتىنى ئېلىپ كېلىۋاتقاندا بۇ خەت ئۆيلىمىغان يەردىن ياڭ جېڭجۇڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، بەي يۈشيۇمۇ ياڭ

جېڭجۇڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلىپتۇ. بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى مەندىن ئىنقىلابقا ياردەم سوراش ئىكەن، شۇ چاغدا ۋاقىتلىق كومىتېتنىڭ رەئىسى ليۇ ۋېنلۇڭمۇ خەتەرگە قارىماي مەن بىلەن كۆرۈشۈپ ماڭا ۋەكىللەرنىڭ پىكرىنى يەتكۈزۈپ مۇنداق دېدى: جىن دۇبەن ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىدىكى قوماندان باپپېنگورت ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ئاپتوموبىل ئىدارىسىگە توپلىدى. ئەگەر باش قوماندان جانابلىرى ئىنقىلابنى قوللىمىسا ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ماشىنا ئەترىتىنى ئېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كېتىمىز دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇ: ‹باش قوماندان ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ ھەرقايسى تەرەپتىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىپ باقسا!›، دېدى.

مەن: «مەن چوقۇم ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىمەن، رەئىس قوماندان باپپېنگورتقا يەتكۈزۈپ قويسىلا ئۇ كەتمىسۇن، دەپ جاۋاب بەردىم» ⑦.

شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ يىپاۋچېڭگۇڭ (بىر توپ بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مەنىسىدە) غا بارغاندا جىن شۇرېن قىزىلتاغدا تۇرۇپ ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇرۇشىنى كۆزىتىۋاتقانىدى. شېڭ شىسەينىڭ پەيدا بولۇشى جىن شۇرېننىڭ ھوقۇقىنى قايتىدىن تارتىۋېلىشىغا ئۈمىد ئېلىپ كەلدى. جىن شۇرېن بىرنەچچە قېتىم قىزىلتاغدىن ئۇن چاقىرىمۇ كەلمەيدىغان يىپاۋ چېڭگۇڭ دېگەن جايدىكى شېڭ شىسەيگە قوشۇنلىرىنى باشلاپ شەھەرگە كىرىپ قالايمىقانچىلىقنى تىنچىتىش بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى. لېكىن شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقلىرىنى قەستەن ئاڭلىماسلىققا سېلىپ، ئۇنىڭ

ئەكسىچە يىپاۋ جېڭگۈڭنىڭ ئەتراپىغا ئىستىھكام قۇرۇپ، ئوت كۈچى ئورۇنلاشتۇردى.

شېڭ شىسەيىنىڭ غەيرىي ھەرىكىتى جىن شۇرېننىڭ ئۈمىدىنى يوقىتا چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېن قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ، سانجىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئاندىن چۆچەكتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىدىكى سىبىرىيە تۆمۈريولى ئارقىلىق تيەنجىنگە بېرىۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي جىن شۇرېن نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى نەنجىڭگە كېلىپ خىزمەتلىرىدىن دوكلات قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى.

جىن شۇرېن نەنجىڭگە بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن لۇشەندە جاڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشتى. نەنجىڭدە قولغا ئېلىنىپ جياڭنىڭ يەرلىك سوتىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، شېڭ شىسەي «رەئىس ئارقىلىق باپپېنگورت قوماندانىنى كەتمەي تۇرسۇن» دېگىنى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇش مەيدانىنى ئىپادىلەيتتى.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ليۇ ۋېنلۇڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى شتابىدا ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يىغىنىنى ئېچىپ، شېڭ شىسەيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم يېڭى ئەزالارنى كۆپەيتىپ، ئەزالار سانىنى 37 گە يەتكۈزدى⑧. قەشقەرلىك باي مەنسۇر، تۇرپانلىق باي ئابدۇخەمىت، خوتەنلىك باي مۇھەممەد سىدىق، قۇمۇل ۋاڭى نەزەر قاتارلىق كىشىلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتىغا كىرگۈزدى. تاتار باي ھۇسەيىن، قازاق يىڭجاڭ بايان، شىبە مىللىتىدىن بولغان مەشھۇر زات تۇڭ باۋ، موڭغۇل چىڭۋاڭ دامدۇڭ چېدىن، تۇڭگانلاردىن چىققان مەشھۇر زات لەن يەنشۇ، مانجۇلاردىن بولغان مەشھۇر زات كېچغالدان

قاتارلىقلار باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىلى قىلىنىپ، ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى يىغىندا ئون ماددىلىق بىر پروگراما مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. بۇ ئون ماددا: (1) ھەرقايسى مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، مائارىپ جەھەتتە بىردەك باراۋەر بولۇش؛ (2) جايلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنى سايلام ۋە ئىمتىھان ئارقىلىق تاللاش، ئۆلكە ۋە مىللەت چېگرىسى بولماسلىق؛ (3) خەلقنىڭ يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، نەشرىيات، پىكىر بايان قىلىش قاتارلىق ئەركىنلىكلىرى بولۇش؛ (4) جىن شۇرېننىڭ خەلققە تاڭغان تۈرلۈك قانۇنسىز، شەپقەتسىز سىياسەتلىرىنى بىكار قىلىش؛ (5) قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى جايلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تەڭشەش؛ (6) كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى مۇستەقىل قىلىش؛ (7) دېھقانلارغا ياردەم بېرىپ، يېزا ئىقتىسادىنى تولۇقلاش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇش؛ (8) دىپلوماتىيە ئىشلىرى مەركەزگە تەئەللۇق بولۇش؛ (9) پارتىيىلەشتۈرۈش تەربىيىسىنى يولغا قويۇش؛ (10) مالىيىدە مەركەز بىلەن بىردەك بولۇش⑨ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى يىغىننىڭ مۇھىم بىر نەتىجىسى شۇ بولدىكى، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولۇپ سايلاندى. بۇ نەتىجە شۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا تۈپتىن تەسىر كۆرسەتتى.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە تۆت خىل يېزىقتا پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە بىر مۇراجىئەتنامە يوللاپ، ئون چوڭ پروگراممىنىڭ مەيدانى ۋە مەزمۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ

شەرھلىدى.

ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەيلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسلىك، ۋاقىتلىق دۇبەنلىك ئورنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشى لازىم بولۇپلا قالماي، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغىمۇ ئېرىشىشى لازىم ئىدى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەي چېن جۇڭنى نەنجىڭغا ئەۋەتىپ، مىللىي ھۆكۈمەتكە 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبلىرى، جەريانلىرى ۋە نەتىجىسىنى دوكلات قىلدى. چېن جۇڭ ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، ئالدى بىلەن چۆچەككە بېرىپ ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە كىردى. ئۇ ماڭىدىغان چاغدا ئۈچ پارچە ھۆججەتنى ئېلىۋالغانىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ سىبىرىيە تۆمۈريولى ئارقىلىق شەرق تەرەپكە ماڭالماي موسكۋا تەرەپكە كەتتى.

چېن جۇڭ ئېلىپ ماڭغان ئۈچ پارچە ھۆججەت: (1) ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ «گومىنداڭ مەركىزىي پىرقىسىنىڭ سىياسىي كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى»؛ (2) «شېڭ شىسەينىڭ گومىنداڭ مەركىزىي پىرقىسىغا يوللىغان دوكلاتى»؛ (3) ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ «مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىغا يوللىغان دوكلاتى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ۋە گومىنداڭ مەركىزىي ئورگىنىغا يوللىغان يۇقىرىدىكى دوكلاتلىرى ھۆكۈمەت تەرەپ نۇقتىسىدىن چىققاندا 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبلىرى، جەريانلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى[10].

بۇرهان ئەپەندى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن كىتابىدا ئۇنىڭ موسكۋادا چېن جۇڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىق توغرىسىدىكى ئەھۋالىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە بايان قىلغان.

چېن جۇڭ 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى موسكۋادىن ئۇرۇمچىگە قايتقان. ئۇ يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ھېلىقى ئۈچ پارچە دوكلاتنىنى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئارقىلىق نەنجىڭگە ئەۋەتىپ بەرگەن.

## 2. ما جۇڭيىڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىشى

نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى «12 ـ ئاپرېل» ۋەقەسىنىڭ 3 ـ كۈنى ھۆكۈمەت تەرەپلەر ئالاقىسى ئارقىلىق شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشتىن خەۋەر تاپتى. لېكىن نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىسىگە، بولۇپمۇ ئۆزگىرىشتىن كېيىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن رەھبەرلەر سايلىمى ھەققىدە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مىللىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي پالاتاسىدىكى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي قاتارلىقلارنى ئانچە چوڭقۇر چۈشىنىپ كەتمىگەنلىكى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمىگەنلىكىدىن ئىدى.

نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ كەسكىن ھالدا سايلاپ چىقىلغانلىقىغا بولغان ئىككىلىنىشى ۋە ئارىسالدىلىقى شىنجاڭدا ئاساسلىق ھوقۇق تۇتۇۋاتقان سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشنى يېڭىۋاشتىن قوزغاتتى.

ئالدى بىلەن ئىلىدا ئەسكەر تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان جاڭ پېيۈەن

ۋاقىتلىق رەئىس بىلەن ۋاقىتلىق دۇبەننى قوللاش ئىپادىسىنى بىلدۈرمىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇل مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا كېلىش تەييارلىقلىرىنى تېزلەتتى. 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ما جۇڭيىڭ ئىنىسى ما جۇڭجيېنى بىر بېرىگادا ئەسكەر بىلەن جيۇچۇەندىن ئۇدۇل قۇمۇلغا يولغا سالدى. ئارقىدىنلا ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆزىمۇ ئاساسىي قوشۇنلىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا قاراپ ماڭدى. خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى ئاپرېل ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى خەۋەرنى بوستاندىن تۇرپانغا قايتىش يولىدا ئاندا ـ ساندا بىلدى. دەسلەپكى خەۋەرلەردە ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى ئۈرۈمچىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ دېيىلگەن. ئۇلار كېيىنرەك جىن شۇرېننىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپتى. لېكىن «شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى كىم باشقۇرىدۇ» دېگەن بۇ مۇھىم مەزمۇن ھەققىدە ئۇلار ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى.

4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى تۇرپان شەھىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇ كۈنى نامەتباي باشچىلىقىدىكى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن تۆت ئۇيغۇر سودىگەر شېڭ شىسەينىڭ خېتىنى ئېلىپ خوجىنىياز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. شېڭ شىسەي خېتىدە خوجىنىيازنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى مەيداننى ماختىغان ھەمدە جىن شۇرېننىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. ئاخىرىدا خوجىنىيازنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشىنى تەلەپ قىلغان.

شېڭ شىسەينىڭ قۇمۇل، پىچان، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا پۇقرالارنى قىرغانلىقىدىن ئىبارەت ياۋۇزلارچە قىلمىشى خوجىنىيازدا ئىنتايىن يامان تەسىر قالدۇرغانىدى. شۇڭا خوجىنىياز نامەتباي قاتارلىقلارغا ئۆزىنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلاشمايدىغانلىقىنى ئۇچۇق ئىپادىلىدى.

بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قۇمۇلغا كېلىپ بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرمۇ تۇرپانغا يېتىپ كەلدى. يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسەن خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ جىمسارغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى باش شتابىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇاڭ موسۇڭنى تەشۋىقات ـ نەسىھەت قىلغۇچى قىلىپ تەيىنلەپ مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ قارارىنى شىنجاڭدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەۋەتتى. 2 ـ كۈنى خۇاڭ موسۇڭ بۇيرۇققا بىنائەن نەنچاڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشىنىڭ يوليورۇقىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركەزدىكى چوڭ گېزىتلەر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بۇ پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسى ئەينى ۋاقىتتا مەملىكەت بويىچە ئاخبارات قىزىق نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مەركەزدىكى چوڭ گېزىتلەر ئالدىنقى كۈنى (5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى) ۋاڭ جىڭۋېي رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان مەمۇرىي ئىشلار پالاتاسىنىڭ يىغىنى ھەققىدىكى خەۋەرنى بېسىپ، جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە دۇبەنلىكىدىن قالدۇرۇلغانلىقى ۋە ۋاڭ جىڭۋېينىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرى ۋە ھەرقايسى نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرىغا يوللىغان بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى: «يېقىندا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشتە جىن رەئىسنىڭ مەسئۇلىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، جىن رەئىس ئىستېپا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلدى. مەركەز ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش تۇتۇپ، شىنجاڭنى تېخىمۇ ياخشى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى ھەيئەتلىرى، نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرى قاتارلىقلارغا ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى قويۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىنى

داۋاملاشتۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇپ يەرلىكنى تىنچلاندۇرۇشنى قارار قىلدى»⑪.

بۇ ئەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزگىرىشتىن كېيىن تۇنجى قېتىم شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرىگە چىقارغان كۆرسەتمىسى ئىدى. جامائەت پىكرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان نەرسە مىللىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي پالاتاسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىڭۋېينىڭ نامىدا چىقىرىلغان بۇ بۇيرۇقتا، ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ يېڭى سىياسىي ئورنى ھەققىدە ھېچنېمە دېيىلمىگەنلىكى ئىدى. شۇ كۈنى «مەركەز گېزىتى» مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى لىن سېن ئىمزا قويۇپ تارقاتقان مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىنى باستى. بۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانىدى. 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «مەركەز گېزىتى» خۇاڭ موسۇڭنىڭ «شىنجاڭدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا يوللىغان مەكتۇپ» ىنى بېسىپ ئالدىنقى خەۋەرنىڭ مەزمۇنىنى قايتىدىن شەرھلەپ، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىش مەقسىتى «زۇڭلىنىڭ خەلقنى ياخشى كۆرۈش روھى مەركەزنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا مۇشۇ يول ئارقىلىق بارلىق ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىپ ناچار سىياسىي ئەھۋاللارنى تۈگىتىپ خەلقنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت»⑫.

بۇ ئەھۋاللار ئەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ سايلىنىشىغا ۋاقتىنچە قىزىقمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ⑬.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ قارارىنى تېزلا يولغا قويۇپ، 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قوشۇننى باشلاپ داخىيەن ئارقىلىق تەڭرىتېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ جىمسارغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ قۇمۇل، تۇرپان قوزغىلاڭچى

قوشۇنلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم دۈشمەننىڭ كۈچلۈك قورغىنىغا قارىتا تەشكىللىگەن كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمى ئىدى. لېكىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدا ئېغىر قوراللار كەمچىل بولغاچقا، جىمسارغا قىلغان بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى.

خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قوشۇن باشلاپ جىمساردا پەيدا بولۇشى گومىنداڭنى ساقلاپ ياتقان لى خەيرۇغا ناھايىتى زور بېسىم بولدى. چۈنكى مۇشۇ ۋاقىتتا ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى شەرقتىن - غەربكە يۈرۈش قىلىپ گومىنداڭغا قىستاپ كېلىۋاتاتتى. جىمسار لى خەيرۇنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان بىردىنبىر تاشيول تۈگۈنى ئىدى. ئەگەر بۇ يەر قولدىن كەتسە لى خەيرۇ مۇھاسىرە ئىچىدە قالاتتى. شۇڭا لى خەيرۇ جىمسارغا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ، جىمسارنى ساقلاۋاتقان قوشۇنلارنى 1 مىڭ 500 گە كۆپەيتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىدى.

خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى قوشۇنلىرىنى باشلاپ تاغلىق رايونلارغا چېكىنىپ، تاغ يولىنى بويلاپ شەرققە سىلجىپ، گۇچۇڭدىكى ئۇزۇنكۆل جىلغىسىغا كەلگەندە شىڭ شىسەينىڭ خوجىنىيازنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتكەن تۇرسۇن باي قاتارلىق ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، بۇ قېتىم خوجىنىياز شىڭ شىسەينىڭ ھەمكارلىشىش تەكلىپىنى ئېنىق قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن رەتمۇ قىلمىدى.

ئەمەلىيەتتە خوجىنىياز مۇشۇ كۈنلەردە يېڭى تاللاشقا دۇچ كەلگەنىدى. خوجىنىيازلارنىڭ شەرق تەرىپىدە ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى غاز قانىتى بولۇپ مورىغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى؛ ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدە شىڭ شىسەي ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان جايلارنىڭ مۇداپىئەسىنى بار كۈچى بىلەن كۈچەيتىپ خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ ئۆتەر يولىنى توسۇپ ياتاتتى.

مەيلى ما جۇڭيىڭ ياكى شىڭ شىسەي بولسۇن ھەر ئىككىلىسى ئىلگىرى خوجىنىيازنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق رەنجىتكەنىدى. ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم كەلگەندە ئۇ قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جەڭ غەنىيمەتلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋېلىشى خوجىنىيازدا ئۇنىڭغا قارىتا قاتتىق بىزارلىق تۇيغۇسىنى قوزغاتقانىدى. شېڭ شىسەيگە كەلسەك، خوجىنىيازنىڭ نەزىرىدە ئۇ پۈتۈنلەي سېپى ئۆزىدىن بىر جاللات ئىدى.

خوجىنىياز مۇسۇل مۇھىتىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ قېتىم شىنجاڭغا كېلىشى موسۇل مۇھىتى بىلەن يولۋاسنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن بولغانىدى.

خوجىنىياز ئۆزىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنلىرىنى گۈچۈڭ تەۋەسىدە قالدۇرۇپ مەھمۇد مۇھىتى بىلەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى مۇھاپىزەتچى قوشۇنلارنى ئەۋەتىپ، ئادەم ئايىغى تېگىپ باقمىغان تاغ يوللىرى بىلەن مېڭىپ پىچاندىكى كۆكياردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ مورى چېگرىسىغا كەلدى. بۇ چاغدا مۇسۇل مۇھىتى ما جۇڭيىڭ بىلەن موريدا تۇرۇۋاتاتتى.

مۇسۇل مۇھىتى خوجىنىيازغا ما جۇڭيىڭ بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ خوجانىيازغا بولغان پوزىتسىيىسىنى بىلىپ بېقىش تەكلىپىنى بەردى.

تۆۋەندىكى بايانلىرىمىز ئابلىمىت مەخسۇتوفنىڭ مۇشۇ يىغىنغا قاتنىشىش جەريانىدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى: «ئىككىنچى كۈنى، بىز مورىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى مورىنى ئىگىلەپ تۇرغانىدى. مۇسۇل مۇھىتى، خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە ئەيسا نىياز، مەن ۋە تۇرپانلىق تىلماچ پەتتەھۇللا

قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم ما جۇڭيىڭ چۈشكۈن قىلغان قورۇغا
يېتىپ كەلدۇق. بىزنى بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى، بىردەمدىن
كېيىن ما جۇڭيىڭ ئۈچ ئادەم بىلەن بۇ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.
ما جۇڭيىڭ مۇسۇل مۇھىتى بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ
كۆرۈشۈپ سالاملاشقاندىن كېيىن، مۇسۇل مۇھىتىنىڭ يېنىدا
تۇرغان خوجىنىياز ھاجىغا قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كېتىپ مەھمۇد
مۇھىتى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ سالاملاشتى، ئاندىن
قايرىلىپ قولىنى خوجىنىياز ھاجىغا ئۇزاتتى. مەن ما
جۇڭيىڭنىڭ خوجىنىياز ھاجىغا قىلغان مۇنداق
ھۆرمەتسىزلىكىدىن قاتتىق ھەيران قالدىم. ئىككىلەن
(خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ) سوغۇققىنا سالاملاشقاندىن
كېيىن مۇسۇل مۇھىتى ما جۇڭيىڭغا مەھمۇد مۇھىتىنى
تونۇشتۇرۇپ: بۇ مېنىڭ ئىنىم مەھمۇد مۇھىتى بولىدۇ، دېدى.
ئاندىن ما جۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدىكى بىر ئادەمنى بىزگە
تونۇشتۇرۇپ: بۇ مېنىڭ ئىنىم ما جۇڭجيې بولىدۇ، دېدى.
كېيىن ئۇ يەنە بىزگە شۇ يەردىكى باشقا ئادەملەرنى (ئۇ
ئادەملەرنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرى ئېسىمدە قالماپتۇ)
تونۇشتۇردى. ئېھتىمال كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى خوجىنىيازنى
تونۇيدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك خوجىنىيازنى ھېچكىمگە
تونۇشتۇرمىدى. ئۆزئارا تونۇشتۇرۇشلاردىن كېيىن بۇلار كاڭ
ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. ما جۇڭيىڭ تۇنجى
بولۇپ ئېغىز ئېچىپ مۇنداق دېدى: مېنىڭ قوشۇنلىرىم
ئۇلۇشكۈن يېرىم كېچىدە مورىغا يېتىپ كېلىپ جىن شۇرېننىڭ
ئىستىھكامىنى ساقلاپ تۇرغان قوشۇنلىرىنى قىرغىن بىلەن چاناپ
ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنى ئۆز جايىغىلا كۆمۈۋەتتۇق. ھازىر مېنىڭ
قوشۇنۇم گۇچىڭزى (چىتەي)غا يۈرۈش قىلماقچى. مەن بۇ يىل
29 ياشقا كىردىم. قوماندان ئىنىم 27 گە كىردى. بىز ئاز
سانلىق بولساقمۇ لېكىن بىز نەيزە بېشى، سىلەر ئۇيغۇرلار

شىنجاڭدا كۆپ سانلىق بولۇپ نەيزىنىڭ سېپى، نەيزە سېپى مەھكەم بولسىلا نەيزە بېشى دۈشمەننى يوقىتالايدۇ. مەن تۆت سائەت ئىچىدە گۈچۈڭنى، ئالتە سائەت ئىچىدە ئۈرۈمچىنى ئالىمەن. بۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى دۈشمەنلەر قارشىلىقسىزلا ماڭا تەسلىم بولىدۇ. ئۇ چاغدا، (ما جۇڭيىڭ بىر ئاز توختاپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتىغا قىيا قاراپ قويۇپ) گېپىنى داۋاملاشتۇردى: سىلەر ئۈرۈمچىدە قالىسىلەر، مەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ 500 مىڭ ئەسكەر توپلاپ ئىككى يىلدىن كېيىن پۈتۈن جۇڭگونى بويسۇندۇرىمەن، ئاندىن يەنە ئۈچ يىلدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى بويسۇندۇرۇپ دۆلەت چېگرىسىنى تۈركىيىگىچە يەتكۈزۈپ بۈيۈك ئىسلام دۆلىتى قۇرىمەن. بىز ئەتە گۈچۈڭغا ھۇجۇم قىلىمىز، سىلەر (ئۇ يەنە بىر قېتىم خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتىغا قاراپ قويدى) بىر تەرەپتىن جىمسارغا ھۇجۇم قىلىڭلار، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان دۈشمەننى توسۇڭلار، دۈشمەننىڭ گۈچىڭزىغا يېقىنلىشىشىغا يول قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ؛ دېدى. ما جۇڭيىڭ گەپ قىلىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ گۈچۈڭغا ھۇجۇم قىلىدىغان قوشۇنىدىكىلەر پات ـ پات كىرىپ ئۇنىڭدىن يوليورۇق سوراپ، دوكلات قىلىپ تۇردى. ما جۇڭيىڭ گەپ قىلىۋېتىپ پات ـ پات ئارىلاپ مۇسۇل مۇھىتى ياكى مەھمۇد مۇھىتىغا قاراپ قوياتتى، لېكىن خوجىنىياز ھاجىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. خوجىنىياز ھاجىمۇ گەپ قىستۇرماي جايىدا جىم ئولتۇرۇۋەردى. بىز ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن شۇ كۈنى كەچتە مورىدا قونۇپ قالدۇق. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، مورى قورغىنى ئۈستىگە چىقىپ ما جۇڭيىڭنىڭ گۈچۈڭغا ھۇجۇم قىلىدىغان قوشۇنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئالدىدا ئاتلىق ئەسكەرلەر مېڭىپتۇ، كەينىدىن پىيادە ئەسكەرلەر مېڭىپتۇ. پىيادە ئەسكەرلەر ياردارلىرى يارىلىرىنى لاتىلار بىلەن

تېڭىۋالغان ھالدا ھەمراھلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن قوشۇنغا ئەگىشىپ كېتىپ باراتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەر ياردارلىرىمۇ يارىلىرىنى لاتىلار بىلەن تېڭىۋالغان بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىغا مىنىپ قوشۇنغا ئەگىشىپ ئىلگىرىلەيتتى. پىيادە ئەسكەرلەر ياردارلىرىغا ھارۋا تەييارلانمىغانىدى، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئاتنىڭ رەڭگى بويىچە قارا ئاتلىقلار قوشۇنى، ئاق ئاتلىقلار قوشۇنى، چىلان تورۇق ئاتلىقلار قوشۇنى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ بارلىق ئاتلارنىڭ قۇيرۇقى قىرقىۋېتىلگەنىدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدىكى بەنجاڭدىن يۇقىرى ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى تۇڭگانلاردىن ئىدى. ما جۇڭيىڭ دۈشمەنلەرنى ئەسىر ئالغاندىن كېيىن، ئەسىرلەر ئىچىدىكى قېرى ـ چۈرى، ئاجىزلار ۋە ئەپيۇن چېكىدىغانلارنى تارقىتىۋېتىپ باشقا ئەسىرلەرنى قوشۇنغا قوشۇۋالاتتى. ما جۇڭيىڭنىڭ شۇ چاغدىكى ئاتلىق ئەسكەرلىرى تەخمىنەن 3 مىڭچە ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىمۇ تەخمىنەن 3 مىڭچە ئادەم ئىدى. ئۇلار قورغاندىن پۈتۈنلەي چىقىپ بولغاندىن كېيىن، بىز سېپىل ئۈستىدىن چۈشەلىدۇق.» ⑭

خوجىنىياز بىلەن ما جۇڭيىڭ بۇ قېتىمقى نەتىجىلىرىدىن بىرى، ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش دائىرىلىرىنى بەلگىلىۋېلىش بولدى. بۇ قېتىمقى سەلبىي تەسىرى بولسا ما جۇڭيىڭنىڭ بۈيۈك ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى چوڭ گەپلىرى بولۇپ، بۇ خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلارنى ئەنسىرىتىپ قويدى.

ئۇلار (خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتى) نىڭ كۆڭلىدىكى ئابلىمىت مەخسۇتوفنىڭ بايانلىرىدا مۇنداق ئىنكاس قىلىنغان: «بىز موردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مۇسۇل مۇھىتى ئۇدۇل تۇرپانغا قايتىپ كەتتى. خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتىلار بىزنى باشلاپ گۇچۇڭغا يۈرۈش قىلدى. بىز گۇچۇڭغا كەلگەندە خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرىمۇ تاغ يولى ئارقىلىق

بۇ يەرگە كېلىپ بولغانىدى. بىز كونا گۇچۇڭدا ئارام ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا، يولۋاس بىرنەچچە ئادەمنى باشلاپ كېلىپ خوجىنىياز بىلەن كۆرۈشۈپلا قايتىپ كەتتى. بۇ چاغدا مەھمۇد مۇھىتى خوجىنىياز ھاجىغا: «ھاجى ئاكا، بۇ تۇڭگان (ما جۇڭيىڭ) نىڭ نىيىتى بەك يامان ئىكەن، ئۇ ئىچكىرىدىكىلەر بىلەنمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلىمەن دەيدۇ، ئەمما بىزنىڭ ئىچكىرىدىكىلەر بىلەنمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلغۇمىز يوق. بىز پەقەت شىنجاڭدا بىر ئادىل ھۆكۈمەت قۇرۇپ، قېرىنداشلىرىمىزنى زۇلۇم - ستەمدىن قۇتۇلدۇرۇشنىلا ئۈمىد قىلىمىز. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا سوۋېت تۇتقان يول ياخشى يولمىش، ھەممىسى ئۇنى پۇقرالارنى ياخشى كۆرىدۇ، دېيىشىدۇ. لېكىن شىنجاڭدا ھېچكىممۇ ئۇنىڭ يولىنى تۇتمايۋاتىدۇ، ئەگەر كىمكى ئۇنىڭ يولىدا ماڭسا پۇقرالارنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈپ، دۆلەتنى خاتىرجەم قىلغىلى بولاتتى. بىز ما جۇڭيىڭ بىلەن ھەمكارلىشىدىغان بولساق، ئۇ شىنجاڭ پۇقرالىرىنى ئۆزى ئۈچۈن ئۇرۇشقا سالىدۇ، بۇ ھال بىزنى خانىۋەيران قىلىدۇ. ئەگەر بىز ئۇچماقچى بولساق، ئالدى بىلەن قانداق چۈشۈش مەسىلىسىنى ئويلىشىپ قويۇشىمىز كېرەك. بىز بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆپ تەرەپتىن ئويلىشىپ قويمىساق بولمايدۇ، دېدى. خوجىنىياز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى»⑮.

## 3. جىمسار ئۇرۇشى

خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلار قوشۇنلىرىنى باشلاپ جىمسارغا كەلگەندىن كېيىن، جىمسارنى ساقلاپ ياتقان ئۆلكە قوشۇنلىرىغا دەرھال ھۇجۇم قىلدى. ما جۇڭيىڭمۇ بىرلا ۋاقىتتا گۇچۇڭنى ساقلاپ ياتقان ئۆلكە قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم

قوزغىدى. شۇ سەۋەبتىن جىمسارنى ساقلاپ ياتقان ئۆلكە قوشۇنلىرى سىپىل ئىچىگە بېكىنىۋېلىپ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىگە تايىنىپ قارشىلىق قىلدى.

جىمسار قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىنىپ 3 ـ كۈنى تۇيۇقسىز تاغ تەرەپتىن ناغرا ـ سۇنايلارنى چېلىشىپ، جاھاننى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ، تۇغ ـ ئەلەملىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىر قوشۇن يېتىپ كەلدى. ئۇلار ۋارقىرىشىپ، ئاتلىرىنى دۈپۈرلىتىپ رەتسىز ھالدا جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. جىمسار مۇھاسىرىسىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتى بۇ ئىشتىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ رازۋېدكىچىلارنى ئەۋەتتى، ئۇلار تېزلا قايتىپ كېلىپ خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتىغا بۇ قوشۇننىڭ كۇچا، شايارلاردىن كەلگەن قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىكەنلىكىنى دوكلات قىلدى. ئۇلار خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنقىلابىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ باشلىقى كۇچالىق ھادى جەمەتىدىن بولغان مەخپۇز ۋاڭ، شايارلىق ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم (مۇھەممەتنىياز) قاتارلىقلار بولۇپ جەمئىي 100 دەك ئادەم ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى جايلاردا قولغا چۈشۈرۈلگەن تۈرلۈك قوراللار بىلەن قوراللانغانىدى.

بۇ قوشۇننىڭ پەيدا بولۇشى سىپىل ئىچىدىكى دۈشمەنلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. دۈشمەنلەر سىرتتىكى تۇغ — ئەلەملەر ۋە ئالەمنى بىر ئالغان داقا ـ دۈمباق ئاۋازىدىن خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى قوشۇنلىرىنىڭ يەنە كۆپەيتىلگەنلىكىنى جەزم قىلىپ، شۇ كۈنى سىپىل ئۈستىگە ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىنلا ئۇلار ۋەكىل ئەۋەتىپ مەھمۇد مۇھىتى بىلەن سۆھبەت شەرتلىرى ئۈستىدە پاراڭلاشتى. سۆزلىشىش ئارقىلىق ئىككى تەرەپ مۇنداق كېلىشىم ھاسىل قىلدى: ‹1› قورغان ئىچىدىكى قوشۇن 24

سائەت ئىچىدە بارلىق قورالللىرىنى تاپشۇرۇش؛ ‹2›، مۇشۇ 24 سائەت ئىچىدە قوزغىلاڭچى قوشۇن جىمسار قورغىنىغا ھۇجۇم قىلماسلىقتىن ئىبارەت.

خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتىلارنىڭ قوشۇنلىرى جىمسارنى جەنۇب، شىمال، غەرب ئۈچ تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ شەرق تەرەپنىلا ئوچۇق قويغانىدى. چۈنكى شەرق تەرەپ گۈچۈڭ يۆنىلىشى بولۇپ، شۇ تاپتا گۈچۈڭ ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتاتتى. شۇڭا جىمسارنى ساقلاپ ياتقان قوشۇن گۈچۈڭ تەرەپكىمۇ قېچىپ كېتەلمەيتتى، شۇنداقلا ئۇلارغا گۈچۈڭ تەرەپتىن ياردەممۇ كەلمەيتتى.

جىمسارنى ساقلاپ ياتقان قوشۇن تەسلىم بولۇپ ئىككىنچى كۈنى، خوجىنىياز قوشۇنلىرى جىمسار قورغىنىنىڭ شەرقىي قۋۇۋقىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى، پوستتا تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغانلىقىنى تۇيۇقسىز بايقاپ قالدى. خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ دەرھال شەرقىي قۋۇۋقتا يېتىپ كەلدى.

تۆۋەندىكى ئەھۋال ئابلىمىت مەخسۇتوفنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرى بولۇپ مۇنداق دېگەن: «قورغان قۋۇۋقىدا پوستتا تۇرغان ئەسكەرلەر بىزگە ھەربىيچە سالام بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈردى، ئاندىن بىزنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى، نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى سورىدى. خوجىنىياز ھاجى پوستتىكى ئەسكەرگە ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى تونۇشتۇردى. ھەمدە ئۇنىڭغا ‹مەن سىلەرنىڭ قوماندانىڭلار بىلەن كۆرۈشىمەن›، دېدى. پوستتا تۇرغان ئەسكەر ‹سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن كىرىپ دوكلات قىلاي›، دېدى. بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى ئەسكەر چىقىپ بىزگە: ‹مەرھەمەت›، دەپ بىزنى ئىچكىرىدىكى چوڭ بىر

قورۇغا باشلاپ كەلدى. بىزنىڭ قورۇغا كىرىپ ئالدى بىلەن كۆرگىنىمىز ھويلىنىڭ بىر بوشلۇقىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان 2 مىڭ تالچە مىلتىق ۋە باشقا ئوق - دورىلار بولدى. بىز ئاتتىن چۈشۈۋاتقاندا ئۆيدىن بىر ئوفىتسېر چىقىپ، بىزگە ھەربىيچە سالام بېرىپ قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئاندىن بىزنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. بىز ئۆيگە كىرىپ جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى ئوفىتسېر بىزگە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ‹مېنىڭ ئىسمىم ما خۇشەن، پولك كوماندىرى بولىمەن، بىز گۇچۇڭنى ئىشغال قىلىپ بولدۇق. بىز قورغانغا ھۇجۇم قىلغاندا مۇئاۋىن قوماندان (ما جۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ما جۇڭجيېنى دېمەكچى - ت) ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتتى. بۇ بىزگە نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ يوقىتىش بولدى. › ئۇ يەنە ئۇلاپ مۇنداق دېدى: «قوماندان تۈنۈگۈن جىمسارنى ساقلاپ ياتقان دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، سىلەرنىڭ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن تىل ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن قورال - تاپشۇرۇۋېلىشلارغا كاشىلا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، بىزگە ئالدىن بېرىپ قوراللارنى تاپشۇرۇۋېلىشنى، ئاندىن خوجىنىياز ھاجىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمىزنى بۇيرۇغانىدى. ھازىر بىز دۈشمەندىن قورال تاپشۇرۇۋېلىۋاتىمىز» دېگەچ بىزگە دېرىزە سىرتىدا دۆۋىلەكلىك تۇرغان قورالنى كۆرسەتتى. ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن: ‹قوراللارنى بۈگۈن پۈتۈنلەي تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولىمىز، سىلەر ئەتە كېلىپ بۇ قوراللارنى ئېلىپ كېتىڭلار›، دېدى. خوجىنىياز ھاجى ما خۇشەننىڭ گېپىدىن ئىنتايىن رازى بولدى. ئۇ ما خۇشەندىن ئۆزىنىڭ ما جۇڭجيېغا ماتەم بىلدۈرىدىغانلىقىنى ما جۇڭيىڭغا ئېيتىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئاخىرىدا خوجىنىياز ھاجى ما خۇشەنگە: ‹ئۇنداق بولسا بىز ئەتە كېلىپ قوراللارنى ئېلىپ كېتەيلى›، دېدى. ئاندىن ئۇ ما خۇشەن بىلەن خوشلاشتى. ما خۇشەن بىزنى ئىشىك ئالدىغىچە

ئۇزىتىپ چىقتى. بىز ئاتلىرىمىزغا مىنىۋاتقاندا، ما خۇشەن تۇيۇقسىز: ‹سىلەرگە قورال لازىم بولسا، ئالدى بىلەن بىر قىسىم قوراللارنى ئالغاچ كېتىڭلار› دېدى. ما خۇشەننىڭ گېپى تۈگىشىگىلا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلىرى دۆۋىلەكلىك قوراللار ئىچىدىن بىرنەچچىنى ئېلىپ بىزگە سۇنۇپ بەردى. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بىرنەچچەيلەن ئۇ قوراللارنى ئېلىپ مۇرىسىدىكى قوراللارنىڭ ئۈستىگە ئېسىۋالدى. بەزىلەر: ‹بۇ قوراللار بىزنىڭ بولىدىغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بۈگۈن ئۆزىمىزگە يۈك قىلىۋالىمىز؟› دېيىشتى. ئەيسا نىيازمۇ مۇشۇ قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. مەن ئەيسا نىيازغا: ‹سىز بىرنى ئېلىۋېلىڭ، شەھەردىن چىققاندىن كېيىن ماڭا بېرىڭ› دېدىم» مەن قايتا ـ قايتا دەپ تۇرۇۋالغاچقا ئەيسا نىياز بىر تال قورالنى ئېلىۋالدى. شەھەردىن چىققاندىن كېيىن ھېلىقى قورالنى مەن ئۇنىڭدىن ئالدىم. شۇ چاغدا مەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر بەنىنىڭ بەنجاڭى ئىدىم، ئەيسا نىياز مەھمۇد مۇھىتىنىڭ مۇئاۋىنى ئىدى، ئۇرۇش داۋامىدا غەنىيمەت ئېلىنغان قوراللار بەزىدە مۇھاپىزەتچىلەر بەنىگە كۆپرەك تەقسىم قىلىپ بېرىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا قورال يېتىشمەيتتى، شۇڭا مەن ئەتىكى قوراللارنىڭ سانى ئاز بولمىسىمۇ لېكىن مۇھاپىزەتچىلەر بەنىمىزگە ئاز تەقسىملىنىپ قالارمۇ دېگەن ئەندىشىدە بولدۇم، مۇشۇلارنى ئويلىغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى قورال ھازىرچە يۈك بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلسىمۇ، ماڭا نىسبەتەن ئارتۇقچە ئەمەس ئىدى. بىز جىمسار شەھىرىدىن چىقىپ بارگاھقا قايتىپ قوزغىلاڭچىلارغا: ‹ئەتە بىز 2 مىڭ تال مىلتىققا ئىگە بولىمىز› دېدۇق. كۆپچىلىك بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتى بىز 20 نەچچە ئادەمنى باشلاپ جىمسار قەلئەسىگە باردۇق. قەلئە دەرۋازىسىدىكى پوست بىزنى

توسۇمىدى. لېكىن بىز تۇنۇگۇن قورال دۆۋىلەكلىك تۇرغان
ھويلىغا كىرگىنىمىزدە قوراللارنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى،
ھەتتا ئالدىمىزغا ئادەممۇ چىقمىدى. بىز ئاتتىن چۈشۈپ قورۇدا
بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ما خۇشەن ئۆيدىن چىقىپ سوغۇققىنا:
‹كەلدىڭلارمۇ› دەپ قويدى. خوجىنىياز ما خۇشەندىن
‹قوراللارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولدۇڭلارمۇ؟› دەپ سورىۋىدى.
ما خۇشەن: ‹قوماندان (ما جۇڭيىڭ) نىڭ بۇيرۇقى بولمىسا مەن
سىلەرگە بىر تال مىلتىقمۇ بېرەلمەيمەن، ئەگەر سىلەرگە لازىم
بولسا، قوماندانىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان بۇيرۇقىنى ئېلىپ
كېلىڭلار› دېدى. ئۇ گېپىنى قىلىپ بولۇپ يېنىدىكى
ئورۇندۇققا پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇردى. كونىلاردا:
تۈلكىنىڭ ئىتائەتمەنلىكى قاپلاننىڭ ھۆركىرىگىنىدىن خەتەرلىك
دەيدىغان گەپ بار. ما خۇشەننىڭ تۇنۇگۇنكى ئىپادىسى تۈلكىنىڭ
ئىتائەتمەنلىكىگە ئوخشايتتى. ئۇ جىمسارنى ساقلاپ ياتقان
قوشۇننىڭ بارلىق قوراللىرىنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن
تاپشۇرۇۋالماقچى ئىدى. خوجىنىياز سۇنىڭ باشتىن
لېيىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، دەرھال ئاتقا مىنىپ غەزەپ
بىلەن چىقىپ كەتتى، بىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق. بۇ چاغدا
ھەتتا بىرەر ئادەممۇ بىزنى ئۇزىتىپ قويمىدى. كېيىن ئۇقساق،
جىمسارنى ساقلىغۇچى قوشۇننىڭ قوماندانى لى فوشۇ بولۇپ، ئۇ
خوجىنىيازغا قورال تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولغان كېچىسى گۇچۇڭغا
مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ ما جۇڭيىڭدىن قوراللارنى خوجىنىيازغا
تاپشۇرىمەنمۇ؟ ياكى سىزگە تاپشۇرىمەنمۇ؟ دەپ يوليورۇق
سوراپتۇ. ما جۇڭيىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، شۇ
كۈنى كېچىدە ما خۇشەننى بىر تۈمەن ئەسكەر بىلەن جىمسارغا
ئەۋەتىپتۇ، ئۇ ئىچىدىن ماسلىشىپ جىمسىدە شەھەرگە
كىرگەنىكەن، ما خۇشەننىڭ تۇنۇگۇنكى ئىپادىسى ئۇنىڭ
قوراللارنى گۇچۇڭغا يۆتكەپ كېتىشتىكى بىر خىل ئالدامچىلىقى

ئىكەن. خوجىنىياز جىمساردىن ئايرىلىدىغان چاغدا غەزەپ بىلەن: «ما جۇڭيىڭ دېگەن بۇ لومودى، ئەسلىدىنلا ئۇسال بىرنېمە ئىدى. مەن ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز ھەمكارلاشمايمەن، مەن شېڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىشىمەن» دېدى ⑯.

## 4. خوجىنىيازنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى بولۇشى

خوجىنىياز قوشۇنلىرى تۇرغان جايىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال قوشۇننى باشلاپ فۇكاڭغا يۈرۈش قىلدى، بۇنىڭدىن مەقسىتى شېڭ شىسەي بىلەن ئالاقە قىلىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شېڭ شىسەيمۇ خوجىنىيازنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن قارشىلىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانماقچى بولدى.

«شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابتا بۇ ئەھۋال مۇنداق بايان قىلىنغان: «شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىيازنىڭ ئەپلىشەلمىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ خوجىنىياز بىلەن ئالاقىلەشتى، ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىدىن ئادەم تەكلىپ قىلىپ ئارىدىكى ئاداۋەتنى يۇيىدىغان بولدى. ئەگەر خوجىنىياز ما جۇڭيىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزسە، خوجىنىيازنى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزوننىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى» ⑰.

ئابلىمىت مەخسۇتوفنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، خوجىنىياز بىلەن شېڭ شىسەينىڭ مەخپىي ئۇچرىشىشى فۇكاڭ بىلەن جىمسار ئارىلىقىدىكى قىزىل مەھەللىسى دەيدىغان بىر كەنتتىن باشلانغان.

شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، خوجىنىيازنىڭ تۆت ۋەكىلى تۇيۇقسىز ئۇرۇمچىدە پەيدا بولۇپ، شۇ كۈندىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان. يىغىندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت زىياپەت بېرىپ خوجىنىيازنىڭ بۇ تۆت ۋەكىلىنى كۈتۈۋالغان. شۇ كۈندىكى يىغىنغا قاتناشقان ۋۇ گېچېن شۇ كۈندىكى يىغىننىڭ ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ قويغان ⑱ ھەمدە بۇ تۆت كىشىنىڭ ئىچىدىكى نىياز ئىسىملىك بىرەيلەننى ئالاھىدە تىلغا ئالغان ⑲.

6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن ۋەكىللەر ئۈمىكى قىزىل مەھەللىسى كەنتىگە كەلگەن. «خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ ھەققىدە ئەسلىمە» ناملىق ماقالىنىڭ ئاپتورى سوپاخۇن سوۋۇروف شۇ كۈندىكى ئەھۋالنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: « شۇ كۈنى ئۈچ ـ تۆت ئاپتوموبىل شېڭ شىسەي ئۇرۇمچىدىن ئەۋەتكەن ۋەكىللەرنى ئېلىپ قىزىل مەھەللىگە كەلدى. ئاپتوموبىللارنىڭ بىرىنى مەخسۇت تېيىپوف ھەيدىگەنىدى. ۋەكىللەرنىڭ كۆپىنچىسى مەشھۇر زاتلاردىن بولۇپ، تۇرسۇن بابا (ئۆزبېك)، روزى ھاجى، كېرىم مەخسۇم (كېرىم ھاكىممۇ دېيىلىدۇ)، نەجمىدىن، زوردۇن (ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان) ۋە بىر قىسىم خەنزۇلار بولۇپ تەخمىنەن 15 ئادەم ئىدى. ۋەكىللەرگە مەخسۇس چېدىر تىكىپ بېرىلدى. چېدىر ئەتراپىغا پوست قويۇلدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغانىدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتكە خوجىنىياز ھاجى تەرەپتىن قاتناشقانلاردىن: خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆزى، دىۋىزىيە كوماندىرى مەھمۇد مۇھىتى، بىرىگادا كوماندىرى سىيىت دورغا، بىرىگادا كوماندىرى پازىل دورغا قاتارلىقلار ئىدى. ئىككى تەرەپ

سۆھبەت ۋەكىللىرى تەخمىنەن 20 — 30 دەك ئادەم بولدى. سۆھبەت ۋەكىللىرىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەم چېدىر ئىچىگە كىرگۈزۈلمىدى»[20].

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشىنى پىلانلىغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان لى شياۋتيەنمۇ سۆھبەت ۋەكىلى بولغان ۋە سۆھبەتكە قاتناشقانىدى[21].

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تۇرسۇن بابا، لى شاۋتيەن قاتارلىقلار شېڭ شىسەيگە، خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنلار ۋە خەلق ئاممىسىغا ۋەكىل بولۇپ كېلىشىمگە ئىمزا قويدى. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى: خوجىنىياز ھاجىنى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەش، مەھمۇد مۇھىتىنى شىنجاڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 - دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى[22].

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ت س س ئاگېنتلىقى شىنجاڭنىڭ فۇكاڭ بىلەن جىمسار ئارىسىدىكى قىزىل مەھەللىسى دېگەن بۇ كىچىك كەنتتە بولغان ئىشنى خەۋەر قىلدى [23].

شېڭ شىسەي خونىيازغا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىش بىلەن بىر چاغدا ما جۇڭيىڭغا بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار خەنزۇ ۋەكىل ۋۇگېچېن، لۇ لۇن، ئۇيغۇر ۋەكىلى ھۇسەنباي، مەنسۇر؛ تۇڭگان ۋەكىلى جاۋ گولياڭ؛ مانجۇ، قازاق ۋەكىلى تۇڭباۋ ۋە خوجىنىيازنىڭ نىياز ئىسىملىك ۋەكىلى [24]. 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋۇ گېچېن باشچىلىقىدىكى بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى ما جۇڭيىڭنىڭ تۇرالغۇسىغا كېتىۋېتىپ جىمسارنىڭ سەنتەي دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلدى. خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى

قاتارلىقلار سەنتەيگە بېرىپ ۋۇ گېچېن بىلەن كۆرۈشۈپ، شىڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى [25].

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ما جۇڭيىڭ شىڭ شىسەينىڭ تىنچلىق ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ۋۇ گېچېن، ھۇسەنباي قاتارلىقلار بىلەن ئۇچراشتى. دەسلەپتە ما جۇڭيىڭ ۋۇ گېچېن باشچىلىقىدىكى بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا مۇئامىلە قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە مۇدىرى ياڭ چىڭبونى بىۋاستە شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. [26]. 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋۇ گېچېن، ھۇسەنباي قاتارلىقلار ياڭ چىڭبو بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە باردى. 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ياڭ چىڭبو بىلەن تۇنجى قېتىم سۆھبەتلەشتى ھەمدە شۇ كۈنى روزى ھاجىنىڭ بېغىدا زىياپەت تەييارلاپ ياڭ چىڭبونى كۈتۈۋالدى[27].

سۆھبەت داۋامىدا، شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمران بولۇپ، ما جۇڭيىڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بولۇدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. ياڭ چىڭبو ما جۇڭيىڭنىڭ: شىڭ شىسەي شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولسۇن، مەن شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولىمەن دېگەن تەشەببۇسىنى يەتكۈزدى.

ئىككى تەرەپ نېگىزلىك مەسىلىدە بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكتىن 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىڭ شىسەي يەنە لۇلۇن، جاۋ گولياڭ، تۇڭباۋ قاتارلىقلارنى ياڭ چىڭبو بىلەن بىرلىكتە گۇچۇڭغا بېرىپ، ما جۇڭيىڭغا ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. ياڭ چىڭبو قاتارلىقلار يولغا چىقىش ئالدىدا مەركەز ئەۋەتكەن تەشۋىقات ـ نەسىھەت قىلغۇچى خۇاڭ موسۇڭنىڭ شۇ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى تارقالدى. ياڭ چىڭبو خۇاڭ موسۇڭ بىلەن

كۆرۈشۈۋېلىش مەقسىتىدە مېڭىش ۋاقتىنى كېچىكتۈردى.

شۇ كۈنى خۇاڭ موسۇڭ شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزىنىڭ ئىككى تۈرلۈك تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) ما جۇڭيىڭغا ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىش؛ (2) شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن تۈزۈمىنى ھەربىي كومىتېت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش. خۇاڭ موسۇڭنىڭ بىرىنچى تەكلىپى شېڭ شىسەينىڭ ما جۇڭيىڭغا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش نۇقتىسىدىن چىققان. ئەينى ۋاقىتتا، ما جۇڭيىڭنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنلىرى جىمسارنىڭ سەنتەي دېگەن يېرىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولغان ھەمدە سەنتەينىڭ شەرقىدىكى زىنىچۈەن دېگەن يەرگە تەخمىنەن 7 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ پايدىلىق يەر شارائىتىنى تاللاپ مۇداپىئە خەندەكلىرىنى قازغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن تەخمىنەن 7 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇنمۇ فۇكاڭغا يىغىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغانىدى. روشەنكى ما جۇڭيىڭ بىلەن شېڭ شىسەي ئۆزلىرىنىڭ نىشانىنى بېكىتىپ بولغان بولۇپ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ياكى مەغلۇبىيىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى ئورنى ۋە رولىنى بېكىتمەكچى بولۇشقانىدى ㉘.

شېڭ شىسەي خۇاڭ موسۇڭنىڭ ئىككىنچى تەكلىپىگە ئويلىشىپ بېقىش ئىپادىسىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ بىرىنچى تەكلىپىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا رەت قىلىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن پات ئارىدا بولىدىغان ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن فۇكاڭغا بېرىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى بىلەن ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى زىنىچۈەن دېگەن جايدا ئۇرۇش قىلدى.

ۋۇ گېچىن ھۆكۈمەت تەرەپ ئارقىلىق 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرە قالدۇردى: «ما جۇڭيىڭ 2 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر ۋە 3 مىڭدىن ئارتۇق پىيادە ئەسكەرگە ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ ئاتاكىغا ئۆتتى. ئۆلكە ئارمىيىسىمۇ زەربە بەردى. ئالدىنقى سەپتىكى ئۆلكە قوشۇنلىرى جىلىن مۇداپىئە قوشۇنلىرى ۋە ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنى بولۇپ 2 مىڭ كىشىگە يەتمەيتتى. بىرنەچچە سائەت كەسكىن ئۇرۇش بولدى. دەسلەپتە شەرقىي شىمال دۆلەتنى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى كېلىپ ياردەم بەردى. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە يامغۇردەك توپ ئوقلىرىنى ياغدۇرۇشتى. ئۇرۇش ئىككى كۈن داۋاملاشتى. ما جۇڭيىڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن مىڭدىن ئارتۇق ئادەم چېكىندى، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى قوراللىرىنى تاشلاپ پىتىراپ كەتتى. ئۆلكە تەرەپ مىڭ تالدىن ئارتۇق مىلتىق، تۆت پىلىموت غەنىيمەت ئالدى. شۇ كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىپ ھاۋا ئىنتايىن سوۋۇپ كەتتى. بۇ ياز ۋاقتى بولسىمۇ لېكىن سوغۇق كىشىنى پاختىلىق چاپان كىيىشكە مەجبۇر قىلاتتى. كۆپچىلىك مۇنداق قاتتىق يامغۇرنى ئىلگىرى بەك ئاز ئۇچراتقانلىقىنى دېيىشتى.

ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى گۇچۇڭدىن يولغا چىققاندا پەقەت يىلىڭ كىيىم كىيىپ چىققانلىقى ئۈچۈن كۈن بويى يامغۇردا جەڭ قىلغان ئەسكەرلەرنىڭ [29] بەزىلىرى توڭلاپ ئۆلدى. يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەكسىچە شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى پاختىلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئېلىۋالغاچقا ھېچقانداق تالاپەتكە ئۇچرىمىدى.

ئۇ چاغدا خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى قوشۇنلىرى تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزەتتى. خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ما

جوڭگىنىڭ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى. ياڭ گولياڭ بۇ ئەھۋاللارنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇرۇش قاراڭغۇ چۈشكىچە داۋاملاشتى. ما جوڭيىڭ زىنىچۈەن قورغىنىدىكى بىر ئىمارەتكە چىقىۋېلىپ (بۇ ئىككى قەۋەتلىك كېسەك ئۆي بولۇپ، ئىككىنچى قەۋىتىگە پىلىموت ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.) ئۆزى پىلىموت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ پىلىموتى تۇيۇقسىز مىشەك قىسىۋالدى. رېمونت قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنە مىشەك قىسىۋالدى. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە پىلىموتتىن كەينى - كەينىدىن چاتاق چىقىشى ما جوڭيىڭدا ئۆزىگە پايدىسىز بىر خىل كەيپىيات پەيدا قىلدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بىرى ما جوڭيىڭغا، خوجىنىيازنىڭ شېڭ شىسەي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قوشۇن باشلاپ سەنتەي تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ما جوڭيىڭ خوجىنىيازنىڭ چېكىنىش يولىنى ئېتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇرۇش قىلىۋېرىشكە رايى بارماي قوشۇنلىرىغا چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى» ㉚. ما جوڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەندىن كېيىن، خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى دەرھال قوشۇنلىرىنى باشلاپ زىنىچۈەندىن چىقىپ چۈەنزىگەي ئارقىلىق تەڭرىتېغى يولى بىلەن مېڭىپ توقسۇنغا بېرىپ ئورۇنلىشىپ، شېڭ شىسەي بىلەن ئىمزالىغان كېلىشىمنى ئەمەلىيلەشتۈرمەكچى بولدى. چۈەنزىگەيدە خوجىنىياز دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ تەشۋىقاتقا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى ئەكبەرجىلانوف بىلەن ئۇچراشتى. ئەكبەرجىلانوف خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتىغا «ھۆكۈمەت بۇنىڭدىن كېيىن غەنىيمەت ئالغان قورالنىڭ يېرىمىنى خوجىنىيازغا بېرىشنى قارار قىلدى. بىز ھازىر ما جوڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرىغا قوغلاپ زەربە بېرىۋاتىمىز. غەنىيمەت ئالغان قوراللارنى دەماللىققا بىر تەرەپ قىلىپ بولالمىدۇق. ھازىرچە سىلەرگە 90 تال مىلتىقنى

ئالغاچ كەلدۇق، ئىشلىتىپ تۇرارسىلەر» [31] دېدى.

بۇ خوجىنىيازنىڭ شېڭ شىسەي ئەمەلدارلىرىدىن تۇنجى قېتىم قورال ئېلىشى ئىدى. رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى قوشۇنلىرىنى باشلاپ تاغ يولى بىلەن ئايلىنىپ مېڭىپ توقسۇننىڭ يىلانلىق كەنتىگە كەلدى. خوجىنىياز ئۆزىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى مۇشۇ كەنتتىكى يىسمەن چوڭئام دېگەن بىر ئۇيغۇر باينىڭ قورۇسىغا قۇردى [32].

## 5. شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولۇشى

زىنچۈەن ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ نەزىرى ناھايىتى تېزلا ئۈرۈمچىگە مەركەزلەشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار ئىشلار مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئاساسىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

شېڭ شىسەي زىنچۈەندە ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان ۋاقىتتا، خۇاڭ موسۇڭ ئۈرۈمچىدە ئۆزى ئالدىن پىلانلىغان بىر قاتار پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭدىكى سىياسىي خاھىش زىنچۈەن ئۇرۇشىنىڭ 3 ـ كۈنى، يەنى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ نامىدا نەنجىڭگە يوللانغان بىر پارچە تېلېگراممىدا ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «شىنجاڭنىڭ بوران چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خۇاڭ موسۇڭ مەمۇرىي ئىشلار پالاتاسىغا مەخپىي تېلېگراممىا يوللاپ ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنكى مەركەزنىڭ مەقسىتىنى يەتكۈزگەنلىكى ۋە جايلارنىڭ

ۋەكىللىرى بىلەن نىزانى تۈگىتىش ھەققىدە سۆھبەتلەشكەنلىكى ھەققىدە دوكلات قىلىپ، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى مەركەزنىڭ مەقسىتىنى ئىنتايىن چۈشىنىدىغانلىقىنى، لېكىن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى شېڭ شىسەيدىن قاتتىق نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن، ياراشتۇرۇش قىيىنغا توختاۋاتقانلىقىنى ئېيتقان» ㉝.

خۇاڭ موسۇڭ تەكىتلىگەن «لېكىن شىنجاڭ ھەربىي ئەمەلدارى شېڭ شىسەيدىن ئىنتايىن نارازى ئىكەنلىكى» دىن ئىبارەت بۇ مەزمۇن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ئارزۇسى بىلەن بىردەك ئىدى. تۇرلۇك ئەھۋاللار ۋاڭ جىڭۋېينىڭ بۇرۇنلا شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن نەنجىڭ تەدبىر بەلگىلەش قاتلىمىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەر شىنجاڭ ئىشلىرىغا ۋاڭ جىڭۋېيدەك قارىمايتتى. شۇنداقلا شىنجاڭنى شىنجاڭ خەلقى «قاتتىق نارازى» بولغان شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت يولنى تاللىۋېلىشقىمۇ ئامالسىز ئىدى.

زىنىچۇەن ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئاخىرىدا شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى ئورنى ۋە رولىنى تىكلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقى تەمەسىدا يۈرگەن كىشىلەر مۇقەررەر ھالدا شېڭ شىسەينى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلدى.

زىنىچۇەن ئۇرۇشى بولۇپ 14 كۈن ئۆتكەندە، يەنى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شېڭ شىسەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر قېتىملىق جىددىي يىغىنىنى چاقىرىپ تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋتيەن، چېن جۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنى نەق مەيداندىلا قولغا ئالدى ھەمدە يىغىن مەيدانىنىڭ يېنىدىلا ئۇلارنى ئېتىۋېتىپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىغا كۆز تىكىۋاتقان باشقا كىشىلەرگە روشەن ھالدا ئاگاھلاندۇرۇش قىلدى.

شېڭ شىسەينىڭ بۇ قىلىقى شىنجاڭنىڭ سىياسىي

ساھەسىنى زىلزىلىگە سالدى، پۈتۈن مەملىكەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى ۋۇ گېچىن بۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى، ئۇشتۇمتۇتلا باش كاتىپ تاۋ مىڭيۈنىڭ دۈشەنبە كۈنى (يەنى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى) چۈشتىن بۇرۇن ۋاقىتلىق جىددىي مەجلىس ئېچىلىدىغانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدىم. (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەجلىسى ئادەتتە چارشەنبە ۋە شەنبە كۈنلىرى ئېچىلاتتى). مەن شىڭ دۇبەن چوقۇم تەمىنات مەسىلىسى توغرىسىدا بىرنەرسە دەيدۇ، دەپ ئويلاپ دەرھال يىغىنغا باردىم. زالغا كىرىشىمگە شتاب باشلىقى چېن جۇڭ ئۇچراپ قالدى. بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلاشقاندىن كېيىن شەرقىي گۈللۈككە كىرىپ كەتتۇق. قارىسام مۇھاپىزەتچىلەر ئادەتتىكىدىن كۆپىيىپ قاپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئېرەن قىلماپتىمەن. شىڭ دۇبەن كارىدوردا ئۆزىنى يەلپۈگەچ سۇلغۇن چىراي كېلىۋېتىپتۇ. مەن دەرھال ئالدىغا بېرىپ ئەھۋاللاشتىم ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدىم ھەمدە كېسەل بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن قارشى ئېلىشقا ئالدىغا چىقالمىغانلىقىمنى ئېيتتىم. شىڭ شىسەي جاۋابەن ئۆزىنىڭمۇ قورسىقى ئاغرىۋاتقانلىقىنى، ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ بىرئاز ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەجلىسخانىغا كىرسەم باشقا ھەيئەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك كېلىپ بوپتۇ، زالدا ئادەتتىن تاشقىرى تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىرئاز تەئەججۈپلەندىم. ھەيئەت لىن جىمبېي ئوڭ تەرىپىمدە ئولتۇرغان بولۇپ، تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋتيەن ئىككىسىنى گۈللۈك دەرۋازىدىن كىرىشىگىلا مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قولغا ئالغانلىقى ۋە قوللىرىنى چەمبەرچاس باغلىۋالغانلىقىنى قۇلىقىمغا پىچىرلىدى. بۇنى ئاڭلاپ دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم. لىۇ ۋېنلۇڭ يىغىننى

باشلاش تەكلىپىنى قىلىۋىدى، شېڭ شىسەي ھەيئەتلەردىن باشقا بىرەيلەننى باش كاتىپلىققا سايلاشنى بۇيرىدى. ليۇ ۋېنلۇڭ، جاڭ شېڭ ۋاقتىنچە بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەپ تۇرسا، دېگەن بولسىمۇ، شېڭ شىسەي قانداقتۇر بىر كىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىمىر قىلماي ئولتۇرۇۋەردى. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن چېن جۇڭ ئەڭ ئاخىرىدا مەجلىسكە كەلدى ۋە شۇ زامان قولغا ئېلىندى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن پاڭ ـ پۇڭ قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن يەتتە پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. جىددىيچىلىكتە ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى. شۇ ئەسنادا شېڭ شىسەي زالغا كىرىپ تۆرگە ئۆتكەندىن كېيىن: ‹تاۋ مىڭيۈ، چېن جۇڭ ۋە لى شياۋ تيەن ئۈچەيلەن ھۆكۈمىتىمىزنى ئاغدۇرۇش قەستىدە بولغان، روشەن ئاسىيلىق قىلمىشى بولغاچقا قانۇن بويىچە جازالاندى› دەپ جاكارلىدى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى لۇ تۆەنجاڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ لى شياۋتيەننىڭ قوشۇن يۆتكىمەكچى بولغانلىقىنى پاش قىلغان ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى كۆرسەتتى»㉞.

شېڭ شىسەي تاۋ مىڭيۈ، لى شيا تيەن، چېن جۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن تۈزۈمىنى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىشكە قەتئىي قارشى تۇرۇش مەيدانىنى ئىپادىلىدى ھەمدە يىغىن قاتناشچىلىرىغا ئەگەر ئۆزىنىڭ بۇ پىكرى يىغىن تەرىپىدىن رەت قىلىنسا قوشۇننى باشلاپ چۆچەككە كېتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ليۇ ۋېنلۇڭ شۇ يەردىلا رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى. ۋۇ گېچېن ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ليۇ ۋېنلۇڭمۇ دەرھال سەممىيلىك بىلەن ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا سورىدى ۋە كۆزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى. باشقا ھەيئەتلەرمۇ نېمە قىلىشنى بىلمەيلا قالدى ۋە ليۇ ۋېنلۇڭ ،بىلەن شېڭ شىسەيگە

قىلىپ قىلىش ھەققىدە تەكلىپ، تەسەللى بەرگىلى تۇردى. ئارقىدىنلا ھەممەيلەن بۇنى دەرھال مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يوللاپ دۆبەنلىك تۇزۇمىنى ئۆزگەرتىشنى كېچىكتۈرۈشنى ۋە شۇ ئارقىلىق چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى جىددىي تەلەپ قىلىشنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئۇتتۇرىغا قويۇشتى»㉟.

زىنىچۇەن ئۇرۇشنى قوزغاش، تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋ تيەن، چېن جۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش، روشەنكى شىڭ شىسەيىنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى نامايان قىلىش ئىدى. لېكىن شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈش نىشانىدىن ئېيتقاندا، مەيلى زىنىچۇەن ئۇرۇشى بولسۇن ياكى تاۋ مىڭيۈ، لى شيا تيەن، چېن جوڭ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈش بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يېتەرلىك ھەل قىلغۇچ تەسىر پەيدا قىلالمايتتى. بۇ يەردىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل، نەنجىڭ ممللىي ھۆكۈمىتىدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچى قاتلامدىكىلەرنىڭ خاھىشى ۋە ھېسسىياتى ئىدى.

نەنجىڭ تەدبىر بەلگىلەش قاتلىمىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن، تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋ تيەن، چېن جۇڭ قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلگەننىڭ ئەتىسى، يەنى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى شىڭ شىسەيىنىڭ خاھىشىغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنىڭ نامىدا گومىنداڭ مەركىزىي پىرقىسى، سىياسىي يىغىنى، مىللىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئىشلار پالاتاسى، ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قاتارلىق مەركىزىي تەدبىر بەلگىلەش ئورۇنلىرىغا تېلېگراممىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نەنجىڭ تەرەپتىن ليۇ ۋېنلوڭ، شىڭ ۋېنلوڭ قاتارلىقلارنىڭ ئورنىنى تېزراق ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى ㊱.

شۇ كۈنى، شىنجاڭ دۆبەن مەھكىمىسىنىڭ شتاب باشلىقى ليۇ بىنمۇ ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شىڭ شىسەيىنىڭ ئورنىنى تېزراق

ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا تېلېگرامما ئەۋەتتى.

ئۈرۈمچىدىكى داۋالغۇپ تۇرغان سىياسىي ۋەزىيەت خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ ئارزۇلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەن 10 نەچچە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرى رېئاللىققا ئايلانمىدى. ئۇ شېڭ شىسەيدىن ما جۇڭيىڭغا بولغان ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغانىدى، شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا زىنىچۇەن ئۇرۇشىنى كۆرسەتتى، ئۇ دۇبەن تۈزۈمىنى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى، ئاقىۋەتتە شېڭ شىسەي ئىستىپا بېرىمەن دەپ پوپوزا قىلدى. خۇاڭ مۇسۇڭ ئاخىرىدا بىلدىكى، شېڭ شىسەينىڭ كۈچى كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتاتتى.

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يەنى، تاۋ مىڭيۇ، لى شياۋ تيەن، چېن جۇڭ قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلۈپ 3 ـ كۈنى، خۇاڭ مۇسۇڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتى ۋە شىنجاڭ چوڭ سايلىمى توغرىسىدا گومىنداڭ مەركىزىي پىرقىسىغا تېلېگرامما يوللىدى.

خۇاڭ مۇسۇڭ نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، مەركەزنىڭ چوڭ ئەمەلدارى سالاھىيىتىدە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ئورنىنى بېكىتىشتە ناھايىتى زور رول ئوينايتتى. خۇاڭ مۇسۇڭنىڭ تېلېگراممىسىدا: «شىنجاڭنىڭ ئورنى چەت، كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئەھۋالى مۇرەككەپ، مالىمانچىلىق كۆپ يۈز بېرىدۇ، ئەمىن تاپقۇزۇش تەس. ۋاقىتلىق دۇبەن شېڭ شىسەي ۋە ۋاقىتلىق رەئىس ليۇ ۋېنلۇڭنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشۈمچە ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان جاپالىق ۋە خالىس ئىشلەپ كېلىۋېتىپتۇ. ناۋادا مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ئورنىنى بىكار قىلىپ ئىزىغا باشقا كىشىنى قويسا ۋەزىيەتكە دەخلى يېتىش بەرھەق»[37] دېيىلگەن.

خۇاڭ مۇسۇڭدىن كېيىن، ئۈرۈمچى خەلق ئاممىسى

بىرلەشمىسى، مائارىپ ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن تېلېگراممىا يوللىدى، شىنجاڭ مەسىلىسى يەنە بىر قېتىم پۈتۈن مەملىكەت جامائەت پىكرىنىڭ مۇھىم تېمىسى بولۇپ قالدى. ھەرقايسى چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى يۇقىرىدىكى تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىنى ئارقا - ئارقىدىن ئاشكارىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈزلۈكسىز ھالدا بۇ ھەقتىكى قاراش ۋە باھالارنى ئېلان قىلدى.

لېكىن، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەدبىر بەلگىلەش قاتلىمى شىنجاڭغا كىمنى قويۇش مەسىلىسى ھەققىدە ئېنىق ئاچماي تۇرۇۋالدى. 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگە كەلگەندە، جياڭ جيېشى شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ فېڭجيۇنى نەنچاڭغا چاقىرتىپ كېلىپ شىنجاڭ ئىشلىرى ئۈستىدە يۈزتۇرانە مەسلىھەتلەشتى. ئىشتىن كېيىن، جياڭ جيېشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېينىڭ نامىدا ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەيگە تېلېگراممىا يوللاندى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مەركەز 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشنىڭ جىن شۇرېننىڭ مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، جىن شۇرېننىڭ ئىستېپاسىنى تەستىقلىدى، ئەمدى يەرلىك ۋە ھەربىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش مەسئۇلىيىتى ئىككى بۇرادەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى. مەركەز مەركەزنىڭ مەقسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە يەرلىكتىكى ئىنقىلاب ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە دوكلات قىلىپ تۇرۇش ھەمدە مۇشۇ ئاساستا كېيىنكى ئىشلارنى ياخشىلاش مەقسىتىدە ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدار خۇاڭ موسۇڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەنىدى. خۇاڭ موسۇڭ شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئارمىيە - خەلق ئەھۋالى ۋە مالىيە قۇنتقۇزۇش ئىشلىرى ھەققىدە تەپسىلىي تېلېگراممىا يوللىدى، مەركەز ھازىر تەدبىر ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىدۇ. جىن شۇرېن

ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن، جۇڭيىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغاندا ئىككى بۇرادەر تەرتىپنى قوغداپ مۇداپىئەنى مۇستەھكەملىدى؛ بىر تەرەپتىن ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئالدىنقى سەپتە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، قوشۇننىڭ كۈچىنى ساقلاپ قالدى، مەركەز بۇنىڭدىن چوڭقۇر خاتىرجەملىك ھېس قىلدى. ھازىر ئىشلار دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىدارە قىلىش، چېگرا رايوننىڭ ئامانلىقى قاتارلىق بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار. ئىككى بۇرادەرنىڭ يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى قوغداپ، توپىلاڭنى تىنچىتقان تۆھپىسىنى خۇاڭ موسۇڭ تېلېگراممىسىدا قايتا - قايتا ماختىدى. سىلەر بارلىق كۈچۈڭلارنى چىقىرىپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىشىڭلار، ئۆزئارا قارشىلاشماسلىقىڭلار لازىم، بولۇپمۇ ئالاكۆڭۈللۈك قىلىپ ئالدىنقى تۆھپىلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ»[38].

تېلېگراممىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىدىن قارىغاندا، گومىنداڭنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر «ئالاكۆڭۈللۈك قىلىپ ئالدىنقى تۆھپىلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ» دېگەن مەزمۇننى يادرو قىلىپ ئاگاھلاندۇرۇش خاھىشىنى ئىپادىلىگەن. شېڭ شىسەي كۈتكەن مەزمۇن، يەنى ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي ئورنى ھەققىدە جياڭ جيېشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېي ھېچ نەرسە دېمىگەن.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋاڭ جىڭۋېي نەنجىڭدا زۇڭلىنى خاتىرىلەش دوكلات يىغىنىدا سۆز قىلغاندا، شىنجاڭ مەسىلىسىنى نۇتقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلدى ھەمدە نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇھىم كادىرلار ئىشىنى ئارقىغا سۈرۈشىنىڭ سەۋەبىنى ئاشكارىلىدى. ۋاڭ جىڭۋېي مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە ھەرقايسىڭلار جياڭ ۋېيۈەنجاڭ بىلەن مېنىڭ ليۇ ۋېنلۇڭ شېڭ شىسەيگە يوللىغان تېلېگراممىمىزنى كۆردۈڭلار، ئۇنىڭدا ئۆزگىرىشنىڭ ئالدىنقى

يېرىمىنى جىن شۇرېن كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى، كېيىنكى يېرىمىنى ما جۇڭيىڭ يىغىدىن كېڭەيتكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ نۇقتىنى كۆپچىلىك چۈشەندى. ھۆكۈمەت نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق ليۇ ۋېنلۇڭنى رەئىس، شېڭ شىسەينى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قىلىپ ئېلان قىلىپ ئۇلارنى گۇماندىن خالاس قىلىپ، قالايمىقانچىلىق بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالمايدۇ؟ دېگەن سوئال كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھەقتە مەن بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلاي: شىنجاڭ ئۆزگىرىشىنى جىن شۇرېننى قوغلىۋېتىش، ما جۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلىش بىلەنلا بولدى قىلغىلى بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بىرنەچچە نېگىزلىك مەسىلە بولۇپ، ئۇنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىم مەسئۇل بولىدۇ؟ كىم بۇ بىرنەچچە تۈرلۈك ئىشنى قىلالايدۇ. ھۆكۈمەت ليۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينى زادى بولىدۇمۇ دېمەيدۇ، زادى بولمايدۇمۇ دېمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى قىلىشنى خالاش ياكى خالىماسلىقىغا، قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىغا قارايدۇ»[39]. ئارقىدىن ۋاڭ جىڭۋېي يەنە ئۆزى دېگەن «بىر نەچچە تۈرلۈك تۈپكى قالدۇق خىزمەتلەر» توغرىسىدا ئىزاھات بەردى، ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە: (1) شىنجاڭنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرى مەركەز بىلەن بىردەك بولۇش؛ (2) شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرى مەركەز بىلەن بىردەك بولۇش؛ (3) شىنجاڭدا مىللىي باراۋەرلىك ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا ۋاڭ جىڭۋېي مۇنداق دېدى: «كىمكى مۇشۇ ئۈچ چوڭ پرىنسىپنى يولغا قويالىسا، مەسئۇلىيەت شۇلارغا تاپشۇرۇلىدۇ، بولمىسا باشقا بىرىگە تاپشۇرۇلىدۇ. ئادەم ئىشلىتىشتە سىياسەتنى يولغا قويۇش ئۆلچەم قىلىنىدۇ، مەلۇم بىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئۆلچەم قىلىنمايدۇ. كۈچىمۇ لازىم، لېكىن كۈچ ئارقىلىق سىياسەتنى يولغا قويۇش تېخىمۇ لازىم. شىنجاڭ تىنچ بولسا بىز ئەلۋەتتە

خۇشال بولىمىز، لېكىن قالايمىقانچىلىق بېسىققاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئۈچ مۇھىم مەسىلىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش تېخىمۇ مۇھىم»㊵.

ۋاڭ جىڭۋېينىڭ شىنجاڭغا ئادەم تاللاشتىكى ئۈچ پرىنسىپى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق تارقىتىلغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي بىلەن ليۇ ۋېنلۇڭ دەرھال نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ۋاڭ جىڭۋېي ئوتتۇرىغا قويغان دىپلوماتىيە مەركەز بىلەن بىردەك بولۇش، ھەربىي ئىشلاردا مەركەز بىلەن بىردەك بولۇش، مىللىي باراۋەرلىك ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق ئۈچ پرىنسىپقا قەتئىي ماسلىشىشنى ئىپادىلىگەندىن سىرت، ما جۇڭيىڭ، جاڭ پېييۈەنلەرمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، مەركەزنىڭ ئۈچ پرىنسىپىغا ماسلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى㊶.

1933 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يەنى «12 - ئاپرېل» ئۆزگىرىشى بولۇپ تۆت ئايچە ئۆتكەندە، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار پالاتاسىنىڭ 118 - قېتىملىق يىغىنى قارار ماقۇللاپ ليۇ ۋېنلۇڭنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە، شېڭ شىسەينى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە، جاڭ پېييۈەننى ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى، قوشۇمچە قۇرۇقلۇق ئارمىيە 8 - دىۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىدى㊷. ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ قېتىم شىنجاڭغا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەر ئىچىدە ما جۇڭيىڭ يوق ئىدى.

## 6. خوجىنىيازنىڭ قاراشەھەردە مۇداپىئەدە تۇرۇشى

زىنچۈەن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ ئايلىنىپ

پىچانغا چېكىندى. ما جۇڭيىڭ پىچاندا ئىككى ئاتلىق پولكىنى، تۇرپاندا بىر ئاتلىق بىرىگادىنى قالدۇرۇپ قويغانىدى[43]. ما جۇڭيىڭ مۇشۇ ئىككى قوشۇنى ۋە تۇرپاننىڭ پايدىلىق يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، شېڭ شىسەي بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى تالىشىش قارارىغا كەلدى.

6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ما جۇڭيىڭنىڭ 3 مىڭدىن ئارتۇق تۆگىدىن تەركىب تاپقان ھەربىي لازىمەتلىكلەر ئارتىلغان بىر تۆگە كارۋىنى قوشۇنى پىچاندىن يولغا چىقىپ ئاستانىگە كەلدى. نەچچە كىلومېتىرغا سوزۇلغان بۇ تۆگە كارۋىنى قوشۇنى يەرلىك ئۇيغۇرلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئىككىنچى كۈنى، ما جۇڭيىڭ ئاستانىدە ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، «خوجىنىياز ھاجى مېنىڭ دادامغا، مەھمۇد مۇھىتى مېنىڭ ئاكامغا ئوخشاش ئادەملەر، مەن ئۇلار بىلەن چوقۇم يېڭىۋاشتىن ئەپلىشىمەن» دەپ جاكارلىدى.

روشەنكى، بۇ قېتىمقى ئاممىۋى يىغىن ۋە ما جۇڭيىڭنىڭ سۆزلىرى مەيلى ئۇرۇن؛ كەيپىيات جەھەتتىن بولسۇن ياكى سۆز ئىشلىتىش جەھەتتىن بولسۇن ناھايىتى ئىنچىكىلەپ تاللانغان ۋە پىلانلانغانىدى. چۈنكى ئاستانە تۇرپان قوزغىلىڭى پارتلىغان جاي بولۇپ، خوجىنىياز مۇشۇ ۋاقىتتا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى مۇشۇ يەردىن چىققانلار ئىدى. دەرۋەقە، ما جۇڭيىڭنىڭ خوجىنىياز بىلەن يېڭىۋاشتىن ئەپلىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر تۇرپان ئويمانلىقىغا تېزلا تارقاپ، شۇ يەردىكى ئۇيغۇر يۇقرالارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

زىنىچۇەن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ ھەربىي كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتە ئۆزىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرمايدىغانلىقىنى، باشقا كۈچلەرنىڭ ياردىمىدىن پايدىلانمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونجى قېتىم ھېس قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن

ئۇ ئەتراپقا نەزەر سېلىپ كۆرگەندە ئەينى ۋاقىتتا، خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى ئەڭ زور ئىجتىمائىي تەسىر كۈچكە ئىگە ئادەملەر ئىدى. ئۇلار شىنجاڭدا جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا تۈنجى بولۇپ قارشى چىققۇچىلارنىڭ ۋەكىلى، يەنە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئاساسلىق ئاھالە — ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى كۈچى كۆرۈنەرلىك ئىدى.

ما جۇڭيىڭ تۇرپانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەرھال شۇ يەرلىك مەشھۇر دىنىي زات ئابلىمىت قازى ۋە باشقا بىرنەچچە تۇڭگان ئاخۇننى توقسۇننىڭ يىلانلىق دېگەن يېرىگە خوجىنىيازنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ خوجىنىياز بىلەن ئەپلىشىش ئارزۇسىنى ھەمدە خوجىنىيازنىڭ قورالغا بولغان ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرىدىغانلىقىنى يەتكۈزدى. لېكىن خوجىنىياز ما جۇڭيىڭ بىلەن ئەپلىشىشنى شۇ ھامان رەت قىلدى.

ما جۇڭيىڭ خوجىنىيازنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالالمىغاندىن كېيىن، دەرھال پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، خوجىنىيازنىڭ سالاھىيىتىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ خوجىنىيازغا «خوجىنىياز كاپىرلارغا قول بېرىپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا قارشى تۇردى»[44] دەپ تۆھمەت قىلدى. روشەنكى، بۇ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتىنى ئاسان قوزغاتقىلى بولىدىغان بىر خىل ۋاستە ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي خوجىنىياز قوشۇنىدا ئادەملەر يوقىلىپ كېتىدىغان، قېچىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق ناھىيىلەردىمۇ بەزىلەر ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا خوجىنىيازنىڭ ئاتالمىش «كاپىرلىق» لىرىنى سۆزلىشىپ يۈردى. بۇ يەردە مۇشۇنى باھانە قىلىپ خوجىنىيازغا ئەڭ شىددەتلىك تۆھمەت قىلغان كىشىلەرنىڭ بېشى يەنىلا شۇ يولۋاس ئىدى[45].

مۇنداق سىياسىي تۆھمەتكە تاقابىل تۇرۇشتا، مەھمۇد مۇھىتى مۇھىم رول ئوينىدى. مەھمۇد مۇھىتى يىلانلىقتا يىغىلغان قوزغىلاڭچى قوشۇن ئوفىتسېر، ئەسكەرلىرىگە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «قۇمۇل، تۇرپان، توقسۇن خەلق قوزغىلاڭچىلىرى جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى، ھەرگىزمۇ ‹كاپىر› لارغا قارشى تۇرمايدۇ؛ قوزغىلاڭ ئارقىلىق ئېرىشمەكچى بولغان نەرسە مۇۋاپىق باج - سېلىق، ئادىل مۇئامىلە، تىنچ بولغان جەمئىيەتتىن ئىبارەت».

مەھمۇد مۇھىتى خوجىنىيازنى بار كۈچى بىلەن ئاقلىغان بولسىمۇ، بۇ تۆھمەتلەر خوجىنىيازنى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن بۇيانقى ئەڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ما جۇڭيىڭ دىنىي ۋاستە بىلەن خوجىنىيازغا تۆھمەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، توقسۇندىن ئىبارەت بۇ ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك ئورۇننى ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىدە توقسۇنغا ئۇدا ئەسكەر چىقاردى. خوجىنىيازنىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن قارشىلىشىشقا رايى بارماي، ئاقسۇغا بېرىپ جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى بولۇش قارارىغا كەلدى. قاراشەھەردە خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتىلارنىڭ قوشۇنلىرى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ چاغدا قوزغىلاڭچى قوشۇندا: «بىزمۇ مۇسۇلمان، تۇڭگانلارمۇ مۇسۇلمان، ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپ ئادەم ئۆلسە، زادى كىم جەننەتكە كىرىپ، كىم دوزاخقا كىرىدۇ؟» دېگەندەك جامائەت پىكرى يەنە يامرىدى.

مەھمۇد مۇھىتىنىڭ شتاپ باشلىقى ئابدۇللا داموللا نايىمى جامائەت پىكرىدىكى گۇماننى يېشىپ مۇنداق دېدى:

«بىزمۇ مۇسۇلمان، تۇڭگانلارمۇ مۇسۇلمان، بىزنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقىمىز يوق، بىز يولدىن ئۆتۈپ ئاقسۇ ۋە قەشقەرگە بارماقچى، ئەگەر ئۇلار ئوق چىقىرىپ بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇۋالسا، ئۇلار ئۆلسە چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ، ئەگەر بىز

ئۆلسەك چوقۇم جەننەتكە كىرىمىز». گەرچە مۇنداق چۈشەندۈرۈش مۇجمەل بولسىمۇ، لېكىن بۇ يۇقىرى ئىناۋەت ـ ئابرۇيغا ئىگە بىر دىنىي زاتنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن، پۈتكۈل قوشۇننىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇشتا مۇئەييەن رول ئوينىدى.

قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن كەسكىن قارشىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، قورال تاپشۇرۇپ، شەھەردىن چىقىپ كېتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، پەقەت خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتىلاردىن شەھەرگە كىرىش ۋاقتىنى بىر كۈن كەينىگە سۈرۈپ بەرسەڭلار، ئۇنىڭغىچە قوراللارنى يىغىۋالساق دەپ تەلەپ قىلدى. لېكىن ئۇلار ۋاپاغا جاپا قىلىپ، شۇ كۈنى كېچىسى قوراللىرىنى ئېلىپ قاراشەھەردىن قېچىپ كەتتى. خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتىلار يەنە بىر قېتىملىق قورال غەنىيمەت ئېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولغان بىر شەھەرگە ئىگە بولدى. شۇ كۈنى قاراشەھەر پۇقرالىرى سېپىل سىرتىغا رەڭلىك دەرۋازا ياساپ خوجىنىياز ۋە ئۇنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنى داغدۇغىلىق قارشى ئالدى.

قوزغىلاڭچى قوشۇن شەھەرگە كىرگەن كۈنى خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى، «قايسى مىللەت پۇقراسى بولسۇن بوزەك قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، بولۇپمۇ تۇڭگان پۇقرالىرىنى بوزەك قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ» ㊻ دېگەن مەزمۇندا بىرلەشمە بۇيرۇق ئېلان قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا مامۇت خوجا، جامال سەيپۇڭ، قۇربان نىياز قاتارلىق كىشىلەر شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، قاراشەھەرگە كېلىپ خوجىنىيازنىڭ قوشۇن باشلاپ بېرىپ توقسۇنغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى

يەتكۈزدى، ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەرگەن ھەربىي خىراجەت ۋە بىرنەچچە ساندۇق ئوقنى ئالغاچ كەلگەنىدى47.

خوجىنىياز مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قوشۇن باشلاپ بېرىپ توقسۇنغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۇششاقتالغا كەلگەندە، مەھمۇد مۇھىتى قوشۇنىنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىرىگە ئۆزى باشچىلىق قىلىپ چوڭ يول بىلەن ئۇدۇل توقسۇنغا باردىغان، يەنە بىرىگە سەمەت ھاجى، پولات قاتارلىق ئىككى پولك كوماندىرىنى باشچى قىلىپ، ئۇلار تاغ يولى بىلەن مېڭىپ توقسۇننى قىسماققا ئالىدىغان بولدى.

مەھمۇد مۇھىتى ئىككى قوشۇننىڭ كونكرېت ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىنى بەلگىلەپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن تاغ يولى بىلەن ماڭغان قوشۇن ئويلىمىغان يەردىن بورانلىق يامغۇرنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچراپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھمۇد مۇھىتى باشچىلىقىدىكى قوشۇنمۇ يىلانلىقتا ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈك توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ ھېچقانداق پاناھلانغۇدەك يېرى يوق بىر جاڭگالدا توسۇلۇپ قالدى. بۇ توقسۇننىڭ ئەڭ ئىسسىق بولىدىغان چاغلىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ بارگاھى سۇ مەنبەسىدىن يىراقتا بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن بۇلارنى ئۇسسۇزلۇقمۇ قىيناپتتى، قوزغىلاڭچى قوشۇن قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئىگە بولالمىغانلىقتىن، مەھمۇد مۇھىتى قوشۇنغا پۈتۈن سەپ بويىچە ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشقا بۇيرۇق بېرىشكە مەجبۇر بولدى. تاغ يولىدا يامغۇرغا قارىماي توقسۇنغا قاراپ كېلىۋاتقان يەنە بىر يول قوزغىلاڭچى قوشۇن، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ چېكىنگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ دەرھال توقسۇن تەۋەسىدىن چېكىنىپ كەتتى.

8 ـ ئاينىڭ بېشىدا ما جۇڭيىڭ ئىككى ئاتلىق پولكنى

چىقىرىپ قاراشەھەرگە يۈرۈش قىلدى. خوجىنىياز قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كورلىنىڭ باشئەگىم ئەتراپىدا مۇداپىئەدە تۇردى.

## پايدىلانمىلار

① «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3202 - بەت.
② يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
③ «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» 74 — 76 - بەتلەر.
④ يۇقىرىقى كىتاب، 82 - بەت.
⑤ مىنگونىڭ 22 - يىلى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «تيەنجىن جامائەت گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭ ۋەكىلى چېن جۇڭنىڭ موسكۋادىن ئەۋەتكەن ‹شىنجاڭدىكى ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبلىرى› ».
⑥ «گۇاڭ لۇ ئەسلىمىلىرى» 169 -، 170 - بەتلەر.
⑦ شېڭ شىسەي: «چېگرا رايون ئەسلىمىلىرى. مەن قانداق قىلىپ شىنجاڭنىڭ دۇبەنى بولۇپ سايلاندىم» ، «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابنىڭ 3211 - بېتىدىن ئېلىندى.
⑧ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3221 - بەت.
⑨ يۇقىرىقى كىتاب، 3217 — 3218 - بەتلەر.
⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 3232 - بەت.
⑪ «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئارخىپى 116 - نومۇرلۇق سىياسىي تارماقلار جىلدى» ، «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابنىڭ 3232 - بېتىدىن ئېلىندى.
⑫ نەنجىڭ «مەركەز گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 23 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى سانى.
⑬ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 232 - بەت.
⑭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 38 - سان، 108 — 111 - بەتلەر.
⑮ يۇقىرىقى كىتاب، 111 - بەت.
⑯ يۇقىرىقى كىتاب، 115 — 118 - بەتلەر.
⑰ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3240 - بەت؛ زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى».
⑱ ۋۇ گېچېن «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» 95 - بەت.

⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 118 ـ بەت، لېكىن ئابلىمىت مەخسۇتوف ئۆز باياتلىرىدا بۇ ئىشنى تىلغا ئالمىغان؛ سەيدۇللا سەيپۇللايوف: خوجىنىيازنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشقا ۋەكىل ئەۋەتكەنلىكىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان، دېگەن. سەيدۇللا سەيپۇللايوف يەنە تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسەتكەن: بۇ تۆت ئادەمنى كىم خوجىنىيازنىڭ نامىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىغا ئەۋەتتى؟ بۇ بىر گۇمانلىق مەسىلىدۇر.

⑳ «قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە ما جۇڭيىڭ توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 34 ـ سان، 102 — 103 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

㉑ لى شياۋتيەننىڭ بۇ قېتىمقى سۆھبەتكە قاتناشقانلىقى ھەققىدە باياتلار ئابلىمىت مەخسۇتوفنىڭ «1933 — 1934 ـ يىللىرى پارتلىغان شىنجاڭ خەلق قوزغىلاڭلىرى ھەققىدە ئەسلىمە» سىگە قارالسۇن، بۇ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 38 ـ سان، 58 ـ بەتكە قارالسۇن.

㉒ يۇقىرىقى كىتاب، 121 ـ بەت؛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3240 ـ بەت.

㉓ ياڭ گولياڭ: «شېڭ شىسەي بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان زىنچۇەن ئۇرۇشىنىڭ خاتىرىسى»، شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش ئىشخانىسى تۈزگەن: «ما جۇڭيىڭ شىنجاڭدا» ناملىق كىتابنىڭ 121 ـ بېتىگە، «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» ناملىق كىتابنىڭ 3240 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㉔ «شىنجاڭ خاتىرىلىرى»، 100 ـ بەت.

㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 101 ـ بەت؛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3241 ـ بەت؛ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» 609 ـ بەت.

㉖ «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» 101 — 102 ـ بەتلەر.

㉗ يۇقىرىقى كىتاب، 105 — 106 ـ بەتلەر؛ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 38 ـ سان، 123 ـ بەت.

㉘ «تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى 50 يىللىق سىياسىي بوران»، 1967 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى (تەيبېي) چۇڭچىيۇ

نەشرىياتى تۈزگەن.

㉙ «شىنجاڭ خاتىرىلىرى»، 109 ـ بەت.

㉚ «ما جوڭيىڭ شىنجاڭدا»، 124 ـ بەت.

㉛ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 38 ـ سان، 126ـ بەت.

㉜ يۇقىرىقى كىتاب، 140 ـ بەت.

㉝ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3248 ـ بەت.

㉞ «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» 117 ـ، 118 ـ بەتلەر.

㉟ يۇقىرىقى كىتاب 118 ـ بەت.

㊱ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3266 — 3267ـ بەتلەر.

㊲ مىنگونىڭ 22 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى نەنجىڭ «مەركەز گېزىتى» باسقان «خۇاڭ موسۇڭنىڭ جياڭ ۋېييۈەنجاڭ بىلەن ۋاڭ يۈەنجاڭغا ۋاقىتلىق رەئىس ليۇ ۋېنلۇڭ، ۋاقىتلىق دۇبەن شېڭ شىسەي ھەققىدە يولىيورۇق سوراپ يوللىغان تېلېگراممىسى».

㊳ مىنگونىڭ 22 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى «جياڭ ۋېيىيۈەنجاڭ بىلەن ۋاڭ يۈەنجاڭلارنىڭ ليۇ، شېڭلارغا ئالاكۇڭۇللۇك قىلىپ ئەلگىرىكى تۆھپىلىرىنى يوقىتا چىقارماسلىق ھەققىدە يوللىغان تېلېگراممىسى».

㊴ مىنگونىڭ 22 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى نەنجىڭ «مەركەز گېزىتى».

㊵ يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش.

㊶ مىنگونىڭ 22 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «تيەنجىن جامائەت گېزىتى».

㊷ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3280 ـ بەت.

㊸ «ما جوڭيىڭ شىنجاڭدا»، 135 ـ بەت.

㊹ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 38 ـ سان، 132 — 133 ـ بەتلەر.

㊺ يۇقىرىقى كىتاب، 133 ـ بەت.

㊻ يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش.

㊼ يۇقىرىقى كىتاب، 145 ـ بەت.

㊽ يۇقىرىقى كىتاب، 146 ـ بەت.

# ئۇن تۆتىنچى باب ھەر خىل كۇچلەرنىڭ قەشقەردىكى توقۇنۇشلىرى

## 1 ـ بۆلۇم تۆمۇر ئەلىنىڭ قەشقەرگە كىرىشى

### 1. تۆمۇر ئەلىنىڭ بۇگۇردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى

خوجىنىياز كورلىغا چېكىنگەندىن كېيىن، قەشقەر شىنجاڭنىڭ سىياسىي كۆزنىكىگە ئايلاندى، ھەر خىل كۇچلەر بۇ يەردە كەسكىن قوراللىق توقۇنۇشلارنى ئېلىپ باردى. ئەڭ ئاۋۋال قەشقەرگە كىرگىنى تۆمۇر ئەلى ئىدى.

1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شېڭ شىسەي قوماندانلىق قىلغان قوشۇن قۇمۇلدىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، پىچاندىكى قورشاۋنى بىكار قىلىپ تۇرپانغا ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، ما شىمىڭ، مەھمۇد مۇھىتى باشچىلىقىدىكى قىسىملار توقسۇنغا چېكىنىپ ئارقىدىنلا قاراشەھەرگە چېكىندى. ئارقىدىنلا ما شىمىڭنىڭ قول ئاستىدىكى پولك كوماندىرى ما رىنەن كورلىغا ھۇجۇم قىلدى. توقسۇن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى توختى ئەلى قوماندانلىقىدىكى توقسۇن قوزغىلاڭچىلىرىمۇ ئۇرۇشقا قاتناشتى.

كورلىنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى جىن شۇرېنغا قارشى كۇچلەرگە زور ئىلھام بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۈگۈر، كۇچادا ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. مۇشۇ قوزغىلاڭلارغا رەھبەرلىك قىلغىنى تۆمۇر ئەلى ئىدى. توقسۇن قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى توختى ئەلىمۇ

تۆمۇر ئەلىنىڭ ئىنىسى ئىدى①.

تۆمۇر بىلەن ئىنىسى توختى كەسپداش بولۇپ، كۇچادا ناھايىتى چوڭ كارۋان سارىيى ئاچاتتى. تۆمۇر بۇ كەسىپ بىلەن بايلىق توپلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كەڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە پۇرسەتكە ئېرىشكەنىدى. تۆمۇرنىڭ ئىسمىنى بىلىدىغانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئۇنىڭ ئېسىل خىسلەتلىك، كۆڭۈل كۆكسى كەڭ ئادەم بولغانلىقىدىن ئىدى. گەرچە ئۇ كۇچانىڭ كاتتا بايلىرىدىن ھېسابلانمىسىمۇ كىشىلەر ئۇنى يەرلىك يېزا ئەمەلدارلىرىدىنمۇ چوڭ بىلەتتى.

تۆمۇر ئىنىسى توختى باشچىلىقىدىكى توقسۇن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كورلا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن ئەخمەت، خەمىت غېنى، ھەمدەم ھاجىلار بىلەن كۇچادا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى②. بىراق كۇچادا تۇرۇشلۇق قوشۇن كۆپ بولغاچقا، قوزغىلاڭ كۆتۈرىدىغان ئورۇننى بۇگۇرگە ئۆزگەرتتى.

بۇگۇر كۇچانىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، كۇچاغا 100 كىلومېتىرمۇ كەلمەيتتى. ما شىمىڭ بىلەن توقسۇن قوشۇنىنىڭ كورلىدىكى غەلىبىسى بۇگۇرنى قوغداۋاتقان قوشۇننى ئالاقزادە قىلىۋەتكەنىدى. شۇڭلاشقا تۆمۇر قوزغىلاڭچىلىرى بۇگۇر شەھىرىگە كىرگەن چېغىدا، شۇ جايىنىڭ قوغدىغۇچى قىسىملىرى شۇ ھامان شەھەرنى تاشلاپ، ئۇدۇل كۇچاغا قېچىپ كەتتى. تۆمۇر قوشۇنلىرى بۇگۇرنى ئىگىلەپ دەم ئالماستىن كۇچاغا ھۇجۇم قىلدى. كۇچانى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەسكەرلەر جەڭ قىلماي تەسلىم بولدى. تۆمۇر قوزغىلاڭچىلىرى كۇچا شەھىرىنى ئالدى.

بۇگۇر بىلەن كۇچا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇنبەت زېمىنلار بولغانلىقتىن، تۆمۇرنىڭ غەيرىتى يەنىمۇ ئاشتى. ئۇزۇن

ئۆتمەي، ما شىمىڭ قاراشەھەردىن ما جەنساڭ باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم قوشۇننى تۆمۈرگە ياردەمگە ئەۋەتتى. بۇ قوشۇننىڭ ئادەم سانى كۆپ بولمىسىمۇ، قاتتىق چېنىققان بولۇپ مول ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولۇق قوراللانغانىدى. ما جەنساڭ قاراشەھەردىكى خۇيزۇ بايلاردىن بولۇپ، ئۇيغۇرچىغا پىششىق ئىدى. بۇرۇنلا تۆمۈر بىلەن باردى ـ كەلدىسى بولغاچقا، ئىككى تەرەپ ناھايىتى تېزلىكتە قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. ما شىمىڭنىڭ قوللىشى بىلەن تۆمۈر قىسقا ۋاقىتتىلا قەشقەرنى ئېلىشقا ۋەدە قىلدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى شۇ يىشەن قەشقەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ قوماندانى جىن شۇجىغا ئاقسۇغا تېزلىكتە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ، جىددىي مەلۇمات يوللىدى.

جىن شۇجى جىن شۇرېننىڭ 4 ـ ئىنىسى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ قابىلىيەتسىز، ئەمما يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرى ئىدى. جىن شۇجى بۇگۇر ھەم كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ئىشلارغا قارىتا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە تەييارلىقسىز تۇرغانىدى. شۇڭا ئاقسۇ ۋالىيسىنىڭ جىددىي مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە ئىككى روتا ئاتلىق قوشۇننى ئاقسۇغا ياردەمگە ئەۋەتتى. بۇ ياردەمچى قوشۇن ئاقسۇدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل كۇچاغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئوتتۇرا يولدا تۆمۈر رەھبەرلىكىدىكى كۇچا پىدائىيلىرى بىلەن ئۇچراشتى. كۇچا پىدائىيلىرى ئاۋۋال ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى ياقىئېرىقتا، ئارقىدىنلا ئاقسۇ ئەتراپىدىكى جامدا جىن شۇجىنىڭ قوشۇننى مەغلۇب قىلىپ، 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاقسۇغا كىردى③. بۇ ۋاقىتتا، ما شىمىڭ ئۇرۇمچىنى قورشىۋالغاچقا، جىن شۇرېن تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا قاراشقا چولىسى تەگمەيتتى. قەشقەرنى بېسىپ ياتقان جىن شۇجى چىقىش يولى تاپالماي، زەھەر ئىچىپ

ئۆلۈۋالدى.

جىن شۇرېن 4 ـ ئىنىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋالىيسى ما شاۋۋۇنى جەنۇبىي شىنجاڭ باندىت يوقىتىش باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. جىن شۇرېننىڭ نەزەردە تۇتقىنى ما شاۋۋۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئىدى، ما شاۋۋۇ يۈننەنلىك خۇيزۇ ئىدى. تۆمۈرلەر ئاقسۇدىن قەشقەرگە داۋاملىق ئىلگىرىلىدى ھەمدە ما شاۋۋۇ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا مارالبېشىنىڭ تۇمشۇقتا تىركەشتى④.

شۇ چاغلاردا خوتەن تەرەپلەردىمۇ مالىمانچىلىق يۈز بەرگەنىدى. ما شاۋۋۇغا ياردەمگە ئەۋەتكۇدەك قوشۇن يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ قىرغىز چارۋىچىلاردىن يېڭى قوشۇن تەشكىللەشنى قارار قىلدى. قىرغىزلارنىڭ ئات مىنىش ماھارىتى ۋە جەڭ ماھارىتى شىنجاڭ ھەربىي ساھەسىدىكىلەرگە تونۇشلۇق ئىدى. ما شاۋۋۇ ئۇلۇغچات چېگرا قاراۋۇلخانا ھەيئىتى چېن دېشىننى قىرغىزلاردىن تەشكىل قىلىنغان باتالىئوننىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىدى. چېن دېشىن شەندۇڭلۇق خۇيزۇ ئىدى ⑤.

يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان بۇ قوشۇندا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى ئوسمان ئەلى ئىسىملىك قىرغىز كوماندىر ئىدى. ئوسمان ئەلى ئىلگىرى ئۇلۇغچات چېگرا قاراۋۇلخانىسىدا چېن دېشىننىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيتتى. خەنزۇ تىلىغا پىششىق ئىدى⑥. كېيىن جىن شۇرېن تەرىپىدىن قەشقەرگە قامالغانىدى.

ما شاۋۋۇ بۇ قىرغىز كوماندىرنى ئەتىۋارلاپ ئۇنى يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان بۇ قوشۇننىڭ روتا كوماندىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئوسمان ئەلىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئورازبېك، ئابدۇللابېك، توختىبېك قاتارلىق بىر تۈركۈم قىرغىز ياشلارمۇ بۇ يېڭى قوشۇنغا قاتناشتى⑦.

ھۈسەيىن ھاجى «1931 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىلىغىچە قەشقەردە يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلار ۋە قىرغىنلار» ناملىق ماقالىسىدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەپسىلاتلار ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان: «ما شاۋۋۇ يېڭىدىن تەشكىللەنگەن بۇ قوشۇننى ئاتۇشتىكى سۇغۇن قاراۋۇلخانىسى (سۇغۇن ئېغىزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غا تۆمۈر قوشۇنىنىڭ تاغ يولى بىلەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. قوشۇن سۇغۇنغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئوسمان ئەلى توختىبېكنى كەلپىن ئەتراپلىرىغا بېرىپ تۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاشقا مەخپىي ئەۋەتتى»⑧.

توختىبېك مۇنداق ئىككى مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدى: (1) تۆمۈر باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانىكەن. (2) كىشىلەر جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ تەختتىن چۈشىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشىۋېتىپتۇ. ئوسمان ئەلى بۇ خەۋەرنى بىلگەندىن كېيىن، ئورازبېك، ئابدۇللابېك قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۆمۈرگە خەت ئەۋەتىدۇ. ئابدۇقادىر ھاجى تۈزگەن «1933 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر» دېگەن ماقالىدە بۇ خەت بېرىلگەن. ئوسمان ئەلى قاتارلىق كىشىلەر خېتىدە «ھۆرمەتلىك تۆمۈر سىجاڭ، سىز چوڭىمىز، بىز بولساق ياش ئەۋلادلارمىز، بىز سىز بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشنى ئويلايمىز. ئەگەر سىز تەلىپىمىزگە قوشۇلسىڭىز بىز سۇغۇن ئېغىزىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ماتتەي ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالىمىز. . .» دەيدۇ.

تۆمۈر ئوسمان ئەلىگە جاۋاب خەت بىلەن بىرگە «ھەققانىي تىلەك» دېگەن خەت كەشتىلەنگەن بىر بايراق ئەۋەتىدۇ. ئوسمان ئەلى تۆمۈردىن كەلگەن جاۋاب خەت بىلەن بايراقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كېچىچە ئورازبېك، ئابدۇللابېك،

توختىبېكلار بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. ھەمدە تاڭ سۈزۈلگەندە چېن دېشىننىڭ تۇرالغۇسىنى قورشىۋېلىپ ئۇنى قورال تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ⑨.

ئوسماننىڭ ھەرىكىتى تۇرگۇمىتى، تېرەك، تويۇن، قاراجول قاتارلىق جايلاردىكى يۇرتداشلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، زور تۇركۇمدىكى قىرغىز، ئۇيغۇر ياشلىرى ئوسمان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىدۇ. ئابدۇقادىر ھاجى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: «مەن ئەينى ۋاقىتتا ئاتۇشتىكى ئۆيۈمدە ئىدىم. بىر كۈنى كەنتتە ئوسمان ئەلىنىڭ قوشۇنى ئاتۇشقا قاراپ كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى، مەن، يۇسۇپئاخۇن، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇم، سايىتئاخۇن، ئابلاخۇن قاتارلىق كىشىلەر يۇسۇپئاخۇننىڭ ئۆيىدە ئوسمان ئەلىنى قانداق قارشى ئېلىش توغرۇلۇق ھەمدە بىزنىڭمۇ قوزغىلاڭغا قاتنىشىش ئىشىمىزنى مەسلىھەتلەشتۇق.

1933 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئوسمان ئەلى ئاتۇشقا كەلدى. ئوسمان ئەلىنىڭ قوشۇننى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، كۆپچىلىك ئوتۇن، سامان، بېدە قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ، يەنە 10 نەچچە قوي ئۆلتۈرۈپ شورلۇق كەنتىدىكى بېدىلىكتە قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدۇق»⑩.

ئوسمان ئەلىنىڭ كۈچى ئاتۇشتا زورىيىپ، بىر ھەپتە ئىچىدە 350 تىن كۆپرەك كىشى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتناشتى. ئابدۇقادىر ھاجى مۇئاۋىن پولك كوماندىرلىقىغا، يۇسۇپئاخۇن، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇم قاتارلىقلار روتا كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى. سەيپىدىن ئەزىزىمۇ مۇشۇ ۋاقىتتا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتناشقانىدى⑪.

ئۇزۇن ئۆتمەي، قوشۇنغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغان ئادەم ئۇزلۇكسىز كۆپىيىپ، ئوسمان ئەلىنىڭ ئەسلىدىنلا يېتەرسىز بولۇۋاتقان ئارقا سەپ تەمىناتىغا مەلۇم بېسىم ئېلىپ كەلدى.

گەرچە قوزغىلاڭغا قاتناشقان مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەر ئات ۋە ئوزۇقلۇقنى ئۆزى هازىرلىغان بولسىمۇ، قورال – ياراغ، ئوق – دورا يېتىشمەي، ئوسمان ئەلى يېڭى ئەسكەر تىزىملاشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئوسمان ئەلى ئاتۇشقا كەلگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ قوشۇنىدا 600 — 700 ئادەم بار ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ قوشۇنىدىكىلەر مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. بىراق قورالى بارلار 500 گىمۇ يەتمەيتتى. ئاتۇش قەشقەر بوستانلىقىدىكى مۇنبەت رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاشلىقى يېتەرلىك ۋە سۇ، ئوت – چۆپلىرى مول ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار جىن شۇرېننىڭ چىرىك هۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشنى ئاكتىپ قوللايتتى، شۇڭا ئوسمان ئەلى ئىككىلەنمەيلا ئاتۇشتا قارارگاھ قۇرۇپ يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەشنى باشلىۋەتكەنىدى. شۇ يىلى 4 – ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ما شاۋۇ ئاتۇشقا بىر تارماق قوشۇن ئەۋەتتى. قوماندانى ئافغانىستانلىق سايىپ ئىسىملىك هەربىي ئىدى. بۇ ئەترەتكە بېرىلگەن بۇيرۇق ئوسمان ئەلىنىڭ ئاتۇشتىكى هەرىكىتىنى ئېنىقلاش ئىدى. لېكىن ئۇلار ئاتۇشقا يېقىن جايدا پىدائىيلار بىلەن تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قېلىپ، تارمار قىلىنىپ سايىپ ۋە ئۇنىڭ تۆت ئادىمى نەق مەيداندا ئەسىرگە چۈشتى.

ئوسمان ئەلى ئەسىرلەردىن قەشقەردە جىن شۇرېننىڭ 2 مىڭ 200 كىشىلىكتىن كۆپرەك قوشۇنى بارلىقىنى، ئۇلاردىن مىڭى يۇمىلاق شەهەردە (يەنى مەنچىڭ شەهىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، 200 ى دوتەي يامۇلىدا، قالغان مىڭى يېڭىشەهەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى⑫.

## 2. تۆمۈر ئەلىنىڭ قەشقەرگە كىرىشى

شۇ چاغلاردا، تۆمۈر ئەلى باشچىلىقىدىكى پىدائىيلار

پەيزاۋاتنىڭ تۆمشۇق دېگەن يېرىدە جىن شۇرېن قوشۇنى بىلەن قىلغان ئۇرۇش 40 كۈندىن كۆپرەك داۋاملاشتى. جىن شۇرېن قوشۇنى ئەڭ ئاخىرىدا قارشىلىق كۆرسىتىش ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قەشقەرگە چېكىندى. تۆمۈر پىدائىي قوشۇننى باشلاپ پەيزاۋاتقا كەلدى. 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئوسمان ئەلى پەيزاۋاتقا كېلىپ تۆمۈر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار بىلەن بىرگە ئابدۇقادىر هاجىمۇ بار ئىدى. بۇ ئوسمان ئەلىنىڭ بىرىنچى قېتىم تۆمۈر بىلەن كۆرۈشۈشى ئىدى. سالام ـ سائەتلەردىن كېيىن، ئىككى تەرەپ قەشقەرنى ئېلىش ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇردى. ئابدۇقادىرھاجى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تۆمۈر سىجاڭ پەيزاۋاتقا كەلگەن ۋاقىتتا، ئوسمان ئەلى ئاتۇشتىن پەيزاۋاتقا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئەينى ۋاقىتتا مەنمۇ بار ئىدىم. شۇ كۈنى كەچتە بىز ناھايىتى ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. تۆمۈر سىجاڭ سوغۇن قاراۋۇلخانىسىدىكى قوزغىلاڭنى ۋە ئوسمان ئەلىنى ئالاھىدە ماختىدى. ئاخىرىدا تۆمۈر سىجاڭ مۇنداق دېدى: ‹مەن مادوتەيگە ۋەكىل ئەۋەتتىم. ئەتە ـ ئۆگۈن جاۋابىقا ئېرىشىمىز. يەنە ئىككى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ما جەنساڭ (مازىخۇي) مۇ پەيزاۋاتقا كېلىدۇ. مادوتەينىڭ جاۋابىغا ئاساسەن مەن يەنە ئۇنىڭ (ما جەنساڭ) بىلەن قەشقەر مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىمەن›. تۆمۈر يەنە: ‹هازىرچە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلمايمىز. قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاھالىسى كۆپ، ئۇرۇش قىلساق ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم ئۆلىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى يەنىلا تىنچ يول بىلەن ئېلىش كېرەك›. ئوسمان ئەلىمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. 2 ـ كۈنى (4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى) بىز ئاتۇشقا قايتتۇق» ⑬.

ئەمەلىيەتتە ئوسمان ئەلى تۆمۈرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمىدى. ئوسمان ئەلى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن كۈنى روتا كوماندىرىدىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، 5 ـ ئاينىڭ

2 ـ كۈنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جايلاردىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن ئوسمان ئەلىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ ئاتۇشتىن قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى ھەم شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە ھەرقايىسى ئۆزلىرىنىڭ ھۇجۇم نۇقتىسىغا كىرىپ بولدى. 5 — ئاينىڭ 2 — كۈنى سەھەردە ھەرقايىسى ئ رۇنلاردىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قوزغىدى. چۈشتە يۇمىلاق شەھەرنى ئىشغال قىلدى. شەھەردىكى بىر قىسىم دۈشمەنلەر دوتەي يامۇلىغا چېكىندى، يەنە بىر قىسىم دۈشمەنلەر يېڭىشەھەرگە قاچتى، كۆپ قىسمى ياكى تىرىپىرەن بولدى ياكى تەسلىم بولدى. ئارقىدىنلا قوزغىلاڭچىلار دوتەي يامۇلىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ كۈنى كەچتە ما شاۋۇ ۋەكىل ئەۋەتىپ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ھۇجۇمنى 24 سائەت توختىتىشنى، 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاندىن قورال ـ ياراغلارنى يىغىۋېلىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇنغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلدى⑭. تۆمۈر پەيزاۋاتتىكى ۋاقىتىدا ئوسمان ئەلىگە قەشقەرگە ئالدىراپ ھۇجۇم قىلماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغانىدى. شۇڭا تۆمۈر ئوسمان ئەلىنىڭ ئالىلىقاچان يۇمىلاق شەھەرنى ئالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال پەيزاۋاتتىن قەشقەرگە ئاتلاندى ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ سەپەرگە چىققانلىقىنى ئوسمان ئەلىگە ئۇقتۇردى. 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سەھەردە تۆمۈر قەشقەرگە كېلەي دەپ قالغانلىقىنى ئوسمان ئەلىگە يەتكۈزدى. 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

ئوسمان ئەلى قەشقەر شەھەر سىرتىدا ھەشەمەتلىك كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، تۆمۈر سىجاڭ باشچىلىقىدىكى 1500 دىن ئارتۇق ئەسكەر

تىزىلىپ 2 يول بويىچە قەشقەرگە ئاتلاندى. دۆلەتباغقا كەلگەندە، تۆمۈر سىجاڭ ئاتتىن چۈشۈپ، قارشى ئېلىشقا چىققان ئاممىغا ھۆرمەت بىلدۈردى ھەمدە بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مۇراسىمدىن كېيىن تۆمۈر قىسىملىرى بىلەن تۆشۈك دەرۋازىغا ماڭدى. شەھەردىكى ئاھالىلەر تۆشۈك دەرۋازىدىن قۇم دەرۋازا سىرتىدىكى مامۇتخان باينىڭ بېغىغىچە بولغان يولنىڭ (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر) ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇشۇپ تۆمۈر سىجاڭنى قارشى ئالدى»⑮.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ما جەنساڭ 300 دىن كۆپرەك ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە كەلدى. تۆمۈر، ئوسمان ئەلـــى قاتارلـــىقلار دۆلـەتبـاغدا زىـياپـەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ما جەنساڭنى قارشى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ما شاۋۋۇ ئەۋەتكەن ئىككى ۋەكىلمۇ دۆلەتباغقا كېلىپ ما جەنساڭ بىلەن كۆرۈشتى.

كېيىنكى ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى شۇنى ئىسپاتلىدىكـــى، دۆلەتباغدا ئېلىپ بېرىلغان زىياپەت ئوسمان ئەلى بىلەن تۆمۈر، ما جەنساڭ بىلەن تۆمۈر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىدى. زىياپەتتىن كېيىن، ما جەنساڭ تۆمۈر ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىغان سارايغا چۈشمەي، ما شاۋۋۇنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە ما شاۋۋۇ تۇرۇۋاتقان دوتەي يامۇلىغا كەتتى.

ما جەنساڭنىڭ ھەرىكىتى قەشقەر شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار ما جەنساڭنى قارشـى ئېلىشنى رەت قىلىش شەكلى بىلەن، ما جەنساڭنىڭ ما شاۋۋۇغا يېقىنلىشىشىغا ئىنكاس بىلدۈردى.

تۆمۈر، ما جەنساڭلار ئارقا ـ ئارقىدىن قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ما شاۋۋۇنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن ۋاقىتىنچە توختاپ قالغان ئۇرۇش يـەنـە كـەيـنـىـگـە سـۈرۈلـۈپ كەتتى. 5 ـ

1200

ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كەچتە ئوسمان ئەلى ئابدۇقادىرھاجى، ئورازبېك، توختىبېك قاتارلىقلارنى يىغىن ئېچىپ ئۇلارغا ئەگەر ما شاۋۇۋنىڭ كۈچىنى دەرھال يوقاتمىساق، جىن شۇرېننىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ما شاۋۇۋ چوقۇم ما جەنساڭ بىلەن تۆمۈر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ئاخىرىدا قوشۇننىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ھۆكۈمنى قوللاپ، 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سەھەردە ما شاۋۇۋ تۇرۇۋاتقان دوتەي يامۇلىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلىشتى. شۇ كۈنى كەچتە ئوسمان ئەلىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىسىغا كىردى. 11 ـ كۈنى ئەتىگەندە قوزغىلاڭچى قوشۇن دوتەي يامۇلى ۋە ئەتراپىدىكى تۆت ئىستىھكامغا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلدى. جەڭ تۆت سائەتلا داۋاملىشىپ ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى دۈشمەنلەر تىرىپىرەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇن ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ دوتەي يامۇلىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇشتۇمتۇت تۆمۈر ئوسمان ئەلى بىلەن كىرىشىدىكەن دېگەن بۇيرۇق كەلدى. ئابدۇقادىر ھاجى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تۆمۈر سىجاڭ ئوسمان ئەلىنى چاقىرتىپ دوتەي يامۇلىغا ھۇجۇم قىلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئوسمان جاۋاب بېرىپ: بىرىنچى، قورال ـ ياراغقا ئىگە بولۇش ۋە دوتەي يامۇلىنى ئىگىلەش. ئىككىنچى، يېڭىشەھەرنى ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قورال ـ ياراغنى قولغا چۈشۈرۈش دەيدۇ. تۆمۈر سىجاڭ: مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس، مەن ما جەنساڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قارار قىلىمىز دەيدۇ»⑰. ئارقىدىنلا تۆمۈر ما جەنساڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، شۇ

كۈنى ما جەنساڭ بىلەن تۆۋەندىكىدەك كېلىشىدۇ: (1) ما جەنساڭ ئۆزىنىڭ قوشۇنى ۋە ما شاۋۋۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يېڭىشەھەرگە بارىدۇ؛ (2) دوتەي يامۇلىدىكى قورال - ياراغ، ئوق - دورا، ئەسلىھەلەرنى قالدۇرۇپ قويىدۇ؛ (3) تۆمۈر بىلەن ما جەنساڭ يېڭىشەھەردىكى قورال - ياراغ، نەرسە - كېرەكلەرنى تەڭ تەقسىم قىلىپ ساقلايدۇ؛ (4) ما شاۋۋۇ ما جەنساڭنىڭ ئىختىيارى بويىچە يېڭىشەھەرگە بارىدۇ؛ (5) ئوسمان ئەلى ما شاۋۋۇ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا غەنىيمەت ئالغان قورال - ياراغلارنى تاپشۇرىدۇ[18].

ئوسمان ئەلى كېلىشىمنىڭ 5 - ماددىسىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ ھەمدە 4 - ماددىنىڭ مەزمۇنىنى «ما شاۋۋۇ ئۆزىنىڭ سارىيىدا قالدۇرۇلىدۇ، قوزغىلاڭچى قوشۇن ما شاۋۋۇ بىلەن ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدى. ئىككى تەرەپ كېڭىشىش ئارقىلىق 5 - ماددا ساقلاپ قېلىندى. ئەمما ئوسمان ئەلىنىڭ ما شاۋۋۇنى ئۆزىنىڭ سارىيىدا قالدۇرۇش دېگەن تەلىپى قوبۇل قىلىندى. ئەڭ ئاخىرىدا ما شاۋۋۇ ئۆزى خېلى بۇرۇنلا خىراجەت چىقىرىپ ياساتقان سارىيىدا قالدۇرۇپ، كىچىك مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى ساقلاپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلىندى[19].

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئوسمان ئەلى تۆمۈرنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ، شۇ كۈندىكى ئۇرۇشتا غەنىيمەت ئالغان بىر تۈركۈم قورال - ياراغ، 200 ئاتنى تاپشۇردى. 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ما جەنساڭ يېڭىشەھەرگە يۈرۈشنى باشلىدى. 15 - كۈنى قوزغىلاڭچى قوشۇن تاسادىپىي ھالدا ئائىلە مۈلۈكلىرى بېسىلغان بىر ھارۋىدىن يوشۇرۇۋالغان قورال - ياراغنى بايقىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئەلى بارلىق ھارۋىلارنى ئاختۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. جەمئىي 200 دىن

كۆپرەك مىلتىق، 10 نەچچە ساندۇق ئوق تېپىلدى. ئوسمان ئەلى كېلىشىمنىڭ 3 ـ ماددىسىغا ئاساسەن، بۇ قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قالدى⑳. شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەردە ئىككى قوراللىق كۈچ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇنىڭ بىرى ما جەنساڭ قوماندانلىقىدا بولۇپ، يېڭىشەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ تۇردى. يەنە بىرى تۆمۈرنىڭ قوماندانلىقىدا يېڭىشەھەردىن باشقا پۈتۈن قەشقەر بوستانلىقىنى باشقۇردى.

تۆمۈر بىلەن ما جەنساڭ ھەر ئىككىسى جىن شۇرېنىنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەيدانى بىردەك ئىدى. تۆمۈر بىلەن ما جەنساڭنىڭ چوڭقۇر شەخسىي ئالاقىسى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتى تېخىمۇ چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە بولغانىدى. ما جەنساڭ تۆمۈرنى قەشقەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى دەپ ھۆرمەت قىلاتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي تۆمۈر ئۆزىنى سىجاڭ، قوشۇمچە چېگرا رايون باش قوماندانى دەپ جاكارلاپ، قوشۇنىنى بەش بىرىگادىغا كۆپەيتتى. ئوسمان ئەلى، ھاپىز، ئەخمەتجان، ھامۇتخان، ھەمدەم ھاجى قاتارلىقلارنى كوماندىرلىققا تەيىنلىدى ھەمدە يۆتكىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈپ، ئوسمان بىرىگادىسىنى قاراشەھەرگە بېرىپ خوجىنىيازغا ياردەملىشىشكە، ئەخمەتجان بىرىگادىسىنى يېڭىسارغا، ھاپىز بىرىگادىسىنى يەكەنگە ئەۋەتىپ، ھامۇتخان بىرىگادىسىنى بىلەن ھەمدەم ھاجى بىرىگادىسىنى قەشقەردە قالدۇردى.

تۆمۈرنىڭ بۇيرۇقى دەرھال ئىجرا قىلىندى. يېڭىسار بىلەن يەكەنگە ئورۇنلىشىدىغان ئەخمەتجان بىلەن ھاپىز ئارقا ـ ئارقىدىن قىسىملىرىنى باشلاپ يولغا چىقتى. پەقەت ئوسمان ئەلى ئالدى بىلەن يېڭىشەھەرنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ما جەنساڭنى يوقىتىپ، ئاندىن قاراشەھەرگە بېرىپ خوجىنىيازغا ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرۇۋېلىپ يولغا چىقمىدى.

قىسىملارنى رەتكە سېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تۆمۈر سىجاڭ شىنجاڭ رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن تۇرپانلىق يۇنۇسبەگ (يۇۋېنبىن) نى قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىغا، سۇ جىنشۇ (خۇيزۇ)، ئابدۇللا داموللىنى مۇئاۋىنلىققا، باي ئاخۇننى يەكەننىڭ ھاكىملىقىغا، نىمكار ھاجىنى پەيزاۋاتنىڭ ھاكىملىقىغا، سىدىق شاڭزۇڭنى يېڭىسارنىڭ ھاكىملىقىغا، تۇردىئاخۇننى مارالبېشىنىڭ ھاكىملىقىغا، ئەلۋاجاننى تاشقورغاننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى㉑. شۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ يېڭى ھەربىي، مەمۇرىي كادىرلىرى جىن شۇرېننىڭ يۇقىرىقى جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىنى ئالدى.

**پايدىلانمىلار**

① توقسۇن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش بىلەن توقسۇن ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكتە تۈزگەن «توقسۇن ناھىيىسى تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 1 ـ قىسىم، 41 ـ بەت.

② «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3385 ـ بەت. ھۈسەيىن ھاجى «1933 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىلىغىچە قەشقەر خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە قىرغىزلار»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 12 ـ قىسىم 113 ـ بەت.

③ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3386 ـ بەت؛ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە)، 12 ـ قىسىم، 113 ـ بەت.

④ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە)، 12 ـ قىسىم، 113 ـ بەت.

⑤ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 225 ـ بەت.

⑥ «تۆمۈر داستانى»، 127 ـ بەت.

⑦ ئابدۇقادىرھاجى: «1933 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر» «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 18 ـ قىسىم، 3 ـ بەت.

⑧ «1933 ـ يىلدىن 1935 ـ يىلىغىچە قەشقەر خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە قىرغىنزلار»

⑨ «1933 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر» 3 ـ بەت.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 3 — 4 ـ بەت.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 4 — 5 ـ بەت؛ «ئۆمۈر داستانى» 116 — 121 ـ بەت.

⑫ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ قىسىم 6 ـ بەت.

⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 6 ـ بەت.

⑭ «ئۆمۈر داستانى»، 130 ـ بەت.

⑮ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 18 ـ قىسىم 8 ـ بەت.

⑯ يۇقىرىقى كىتاب، 9 ـ بەت.

⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 10 ـ بەت.

⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 10 — 11 ـ بەت.

⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 27 ـ بەت.

⑳ يۇقىرىقى كىتاب، 11 ـ بەت.

㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 12 ـ بەت ئىزاھ.

## 2 ـ بۆلۈم سابىت داموللىنىڭ قەشقەرگە كىرىشى

### 1. قاراقاش ئىسيانى

سابىت دامولىنىڭ تولۇق ئىسمى سابىت ئابدۇباقىي، ئاتۇشتىن. «داموللا» ئۇنىڭ دىنىي ھۆرمەت نامى①. سابىت كىچىكىدىن سىستېمىلىق ئىسلام تەلىماتى بىلەن تەربىيىلەنگەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئىسلام تەلىماتىنى زېھىن قويۇپ تەھسىل قىلغان ھەمدە بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشىپ ئاتۇش، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا دىنىي ئۆلىما بولۇپ تونۇلۇشقا باشلىغان. 1928 ـ يىلدىن كېيىن سابىت داموللا يۇرتى

ئاتۇشتىن ئايرىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈپ، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى دىنىي مەكتەپلەردە، كېيىن ئىلىدا مۇدەررىسلىك قىلغان. 1930 ـ يىلى سابىت داموللا ئۆزىگە ئوخشاش ئىلىغا كەلگەن خوتەنلىك مۇھەممەد ئىمىن ئىسىملىك بىر ياش بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ②. شۇ ۋاقىتتا مۇھەممەد ئىمىن چۆچەككە بېرىپ داڭلىق دىنىي ئۆلىما مۇراتتىن تەلىم ئېلىش نامى بىلەن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر ـ بازارلارنى شۇنداقلا ئۈرۈمچى، چۆچەك قاتارلىق تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى شەھەر بازارلارنى ئارىلاپ ئىلىغا كەلگەنىدى. مۇھەممەد ئىمىن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق سابىت داموللىدىن تەلىم ئېلىۋاتقان ۋاقىتىدا، سابىت داموللا بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزىنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە بۇ نۇقتىدا مۇھەممەد ئىمىن بىلەن ئورتاق تونۇشقا كەلگەنىدى.

مۇھەممەد ئىمىن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاراساي يېزىسى بۇلاق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1864 ـ يىلىدىكى خوتەن قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان ھېبىبۇللاخاننىڭ جەمەتىدىن بولۇپ، ھېبىبۇللاخان مۇھەممەد ئىمىننىڭ بوۋىسى ئىدى. چوڭ دادىسىنىڭ ئېتى ئەمەد خوجا، دادىسىنىڭ ئېتى مۇھەممەد تۆمۈر ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن چوڭ بولغان ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ئائىلىسى يەرلىكتە يەنىلا باي ئائىلىلەردىن سانىلاتتى. ئۇ بۇ ئائىلىدە ئەنئەنىۋى تەربىيە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ ۋاقىتتا خوتەندە گۈللەنگەن پەننىي مائارىپ تەلىماتىنىمۇ قوبۇل قىلغانىدى③. شۇڭا مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئىدىيىسىدە دىنىي مائارىپ تەربىيىسىنىڭ قالدۇقى ھەم پەننىي مائارىپ ئېڭىمۇ بار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، رېئاللىققا ئېتىبار بېرىش ئىدىيىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. 1931 ـ يىلى

قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ خەۋىرى خوتەنگە يېتىپ كەلگەندە مۇھەممەد ئىمىن چوڭ ئىنىسى ئابدۇللانى «دوختۇر» دېگەن نام بىلەن، ئۇرۇمچى قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ تەپسىلاتى ۋە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى④.

ئابدۇللا 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خوتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئاكىسى مۇھەممەد ئىمىنگە قۇمۇل قوزغىلىڭىغا ئائىت ئىشەنچلىك خەۋەر ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، يەنە تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىكى خەلقنىڭ جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى ھەمدە ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. ئېخىمۇ مۇھىمى ئابدۇللا ئاكىسىغا كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەر قەلبىدىكى تۇراقسىزلىق ۋە جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇش ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ بەردى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، مۇھەممەد ئىمىن قاراقاشتا بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرغانىدى. جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى بىر خوتەن ھۆكۈمىتى قۇرۇش — بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇھىم مەقسىتى ئىدى. قاراقاشتىكى بۇ مەخپىي تەشكىلاتتا تايانچ رول ئوينايدىغىنى مۇھەممەد ئىمىن، نىيازئاخۇن، تۇرسۇن مۇھەممەدئاخۇن، ئابدۇكېرىم ھاجىلار بار ئىدى. ئابدۇللا خوتەنگە قايتقان ۋاقىتتا، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ئاللىقاچان 130 دىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر خىل قورال ـ ياراغلارنى ياساپ قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە تۆمۈرنىڭ كۇچا، بۇگۇر قاتارلىق جايلاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەلىبىگە ئېرىشكەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەر مۇھەممەد ئىمىن قاتارلىق كىشىلەرگە ناھايىتى زور ئىلھام بەردى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سابىت داموللا ھىندىستاندىن خوتەنگە

كەلدى. سابىت دامولللا بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە تۈركىيە، ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ كەلگەنىدى. بۇ مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئىلىدا سابىت دامولللا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن تۇنجى كۆرۈشۈشى ئىدى. سابىت دامولللا پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇھەممەد ئىمىن پىلانلىغان ھەرىكەتنى قوللايدۇ.

1933 - يىلى 2 - ئايدا مۇھەممەد ئىمىن قاراقاش ناھىيىسىدىكى ئويباغ مەدرىسىدە مەخپىي يىغىن ئېچىپ، جىن شۇرېننىڭ خوتەندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرۇش ۋە خادىم تەيىنلەش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. ئاخىرىدا، شۇ جايدىكى داڭلىق دىنىي ئۆلىما مەمەت نىياز كەلگۈسىدىكى «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ باشلىقلىقىغا، مۇھەممەد ئىمىننى ھەربىي ئىشلار مەسئۇللۇقىغا، سابىت دامولللا دىنىي ئىشلار مەسئۇللۇقىغا سايلاندى، 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئىسيان كۆتۈرۈش ۋاقتى قىلىپ بېكىتىلدى⑤.

بۇ يىغىن مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، قاراقاش ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يەنىلا يىغىننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، قوزغىلاڭ ۋاقتى قاتارلىقلاردىن خەۋەر تاپىدۇ ھەمدە ناھىيىدىكى ساقچىلارنى ھۆكۈمەت قورۇسىغا يىغىپ، ئۆگزىگە ۋاقىتلىق مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى قۇرىدۇ. ئارقىدىنلا خوتەن ۋە گۇمىدىكى قوشۇندىن جىددىي ياردەم سورايدۇ. قاراقاش ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇ تەدبىرلىرى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۇرسۇنبەگ ئىسىملىك بىر تەرجىمانى تەرىپىدىن ۋاقتىدا مۇھەممەد ئىمىنگە يەتكۈزۈلىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن قاتارلىق كىشىلەر قوزغىلاڭ ۋاقتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېچىگە بېكىتىدۇ.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سوبھى ۋاقتىدا ئېلىنىدۇ. تاڭ

يورۇغاندىن كېيىن ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى ئامما تۈركۈملەپ كوچىغا چىقىپ، شۇ كۈنى كېچىدىكى جەڭ ئەھۋالىنى ئۆزئارا يەتكۈزىدۇ ياكى بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرىكەت نىشانىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا گۇمىدىن كەلگەن جىن شۇرېن قوشۇنىنىڭ زاۋا كەنتىگە يېقىنلاشقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كېلىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن چوڭ ئىنىسى ئابدۇللا ۋە ئىسمائىل داموللا، پەرھات ھاجىلارنى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ بىر ئەترىتىنى باشلاپ ئۇلارنى زاۋا كەنتىدە توسۇشقا ئەۋەتىدۇ. گۇمىدىن كەلگەن جىن شۇرېن قوشۇنى زاۋا دەرياسى ئەتراپىدا بۆكتۈرمە قۇرۇپ قوزغىلاڭچىلارغا زەربە بېرىدۇ، ئۇرۇش توپتوغرا بىر كۈن داۋاملىشىدۇ، گەرچە 200 دىن كۆپرەك قوزغىلاڭچى قۇربان بولغان بولسىمۇ بىراق قوزغىلاڭچىلار ئاخىر جىن شۇرېن قوشۇنىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ⑦. شۇ كۈنى يەنى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مۇھەممەد ئىمىن قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ قاراقاشتىن خوتەنگە يۈرۈش قىلىدۇ، شۇ ۋاقىتتا خوتەندە تۇرۇشلۇق 300 دىن كۆپرەك كىشى بار ئىدى. قوزغىلاڭچىلار يۈرۈش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ خوتەن شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە، 3 مىڭ كىشىگە يېقىنلىشىدۇ. بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇنتىزىم قورال - ياراغلىرى بولمىسىمۇ بىراق ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى بىلەن دۈشمەن 2 - كۈنىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قوزغىلاڭچىلارغا قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى.

خوتەندە جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقى ئەڭ ئاجىز ئىدى. خوتەندىن چەرچەنگىچە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق بۇ دائىرىدە تۇرۇشلۇق جىن شۇرېن قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي سانى 500 كىشىگىمۇ يەتمەيتتى. شۇڭلاشقا خوتەن شەھىرىدىكى مۇداپىئەدە تۇرۇشلۇق قوشۇن تەسلىم بولغاندىن كېيىن لوپ، چىرا، كېرىيە، چەرچەن قاتارلىق جايلاردا

مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قوشۇنمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭچىلارغا تەسلىم بولدى. جىن شۇرېننىڭ بۇ جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ يىمىرىلدى.

ما شاۋۇۋ ھەربىي ئىشلار تۈزۈمى بويىچە گۇمىدا تۇرۇشلۇق بىر روتىنى قاراقاشقا ئەۋەتتى. يەنە قاغىلىقتىكى بىر روتىنى خوتەنگە ئەۋەتتى. قەشقەردىكى ئىككى روتىنى قاغىلىقنىڭ ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇرۇشقا ئەۋەتتى.

قاغىلىقتىن چىققان قوشۇن قاراقاشقا خېلى يىراق بولغان گۇما ناھىيىسىدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ تۇسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. بۇ خەۋەر قاغىلىققا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قاغىلىقتىكى ئاما مۇھەممەد غازىنىڭ باشچىلىقىدا، پوسكامدىكى ئاما سابىرخان خوجىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلىپ، قاغىلىق ۋە پوسكامنى ئىگىلىدى⑨. ما شاۋۇۇنىڭ قاراقاش ۋە قاغىلىققا ئەۋەتكەن قوشۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوسمان ۋە ھېسامىدىن دېگەن يولچىلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن، تاغ يولىنى ئايلىنىپ تولىمۇ تەسلىكتە يەكەنگە چېكىندى، شۇنىڭدىن كېيىن خوتەن، گۇما، قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق جايلارمۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

بۇ 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. مۇشۇ چاغقىچە قاراقاش ئىزچىل تۈردە قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەمۇرىي مەركىزى بولۇپ كەلگەنىدى. 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مۇھەممەد ئىمىن قاتارلىق كىشىلەر ئورگانلىرىنى خوتەنگە يۆتكەيدۇ ھەمدە «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. مەمەت نىياز ھۆكۈمەت باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مۇھەممەد ئىمىنگە «ئەمىر» «گېنېرال» دەپ ئۇنۋان بېرىلىدۇ. مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئىككى ئىنىسى ئابدۇللا ۋە نۇرمۇھەممەدمۇ ئەمىر بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئابدۇللامۇ ھۆرمەتلىنىپ، «غەلىبە شاھى» دېگەن مەنىدىكى «شاھ مەنسۇر» دەپ ئاتىلىدۇ.

«خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» ئامما ئارىسىدىكى ئوبرازىنى تىكلەش ئۈچۈن، 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىسلام قائىدە ـ نىزاملىرى بويىچە، باۋۇدۇنبەگ ئىسىملىك بىر ئەمەلدارنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈردى. چۈنكى ئۇ جىن شۇرېن قوشۇنى تەسلىم بولىدىغان ۋاقىتتا، قوشۇن قوماندانىغا بۇ بىرنەچچە «موللا» كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىش، بىرنەچچە كۈنگە قالمايلا پۇقرالار يەنە يېنىمىزغا قايتىپ كېلىدۇ دەپ توسۇغان. يەنە ئامما شەھەر سىرتىدا «ئاللا، ئاللا» دەپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تولۇنغاندا، قوشۇن قوماندانى باۋۇدۇنبەگدىن «پۇقرالار نېمىدەپ تولىشىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، باۋۇدۇنبەگ «ئامما نان، نان» دەپ ۋارقىرىشىۋاتىدۇ دەپ تەرجىمە قىلىپ بەرگەن. باۋۇدۇنبەگ يەنە «قاراقاشلىق» دېگەن جىنايى بەتنام بىلەن ئەمەلدار، ئەسكەرلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ دېھقانلارنى تۇتۇشىغا ياردەم بەرگەن. يەنە روزى سوپى قاتارلىق 11 ئادەمنى يارباغقا ئاپىرىپ ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن⑩.

ئارقىدىنلا «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت ئىسلام دىنى قائىدە ـ نىزامى بويىچە بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. يېزىلاردا «ئۆشرە»، شەھەرلەردە «زاكات» نامىدا باج ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولى كېسىلىدىغانلىقى، زىنا قىلغانلارنىڭ ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ كوچىدا سازايى قىلىنىدىغانلىقى، ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىش لازىملىقى، چۈمبەل ئارتماي كوچىغا چىققان ئاياللارنىڭ تورغا سولىنىپ، دەرخكە ئېسىپ قويۇلىدىغانلىقى جاكارلاندى.

## 2. سابىت داموللىنىڭ يەكەنگە كېلىشى

«خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» گۇما، قاغىلىق، پوسكام

قاتارلىق جايلاردىكى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا شاھ مەنسۇر (ئابدۇللانى كۆرستىمدۇ، تۆۋەندە شاھ مەنسۇر دېيىلىدۇ) باشچىلىقىدىكى بىر قوشۇننى ئۇدۇل يەكەنگە ئەۋەتتى. 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شاھ مەنسۇر باشچىلىق قىلغان بۇ قوشۇن يەكەنگە يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، قوشۇندىكىلەر 2 مىڭدىن ئاشقانىدى. بۇ زور قوشۇن بىر جەڭ بىلەنلا ما شاۋۋۇنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق قىسمىنى يەكەن يېڭىشەھەردە قورشىۋالدى.

بۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە «12 ـ ئاپرېل ۋەقەسى» يۈز بەرگەنىدى. خەۋەر جايلاردا توسۇۋېتىلگەچكە، يەكەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي بەلۋاغلىرىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلار شىنجاڭنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى بۇ زور ئۆزگىرىشتىن خەۋەرسىز قالغانىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى بەلۋاغلاردىكى ئاممىنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى تۆمۈر بىلەن ما شاۋۋۇ قوشۇنىنىڭ پەيزاۋاتنىڭ تۇمشۇق ئەتراپىدىكى تىركىشىش ئەھۋالى ئىدى.

5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، تۆمۈر قەشقەرگە كىرىپ، ئۆزىنىڭ سىجاڭ، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە باش قوماندانى ئىكەنلىكىنى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى بىلەن جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. قوشۇننى كېڭەيتىش، ھاكىم سايلاش، يېڭىدىن باج ئېلىش تۆمۈرنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈشىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئىدى. شاھ مەنسۇر باشچىلىقىدىكى قوشۇن يەكەن يېڭىشەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، تۆمۈر برىگادا كوماندىرى ھاپىز باشچىلىقىدىكى قىسمىنى يەكەنگە كىرىشكە ئەۋەتىپ، باي ئېزىزنى يەكەننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى⑫. ئۇزۇن ئۆتمەي، شاھ مەنسۇر ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن مىشامى بوۋاي دەپ ئاتىلىدىغان ئۆزبېك

سودىگەرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىقتىن، بىرىگادا كوماندىرى ھاپىز بىلەن ئوتتۇرىدا زىددىيەت كېلىپ چىققتى. بىرىگادا كوماندىرى ھاپىز ئۆلۈم جازاسىنى پەقەت تۆمۈر يۈرگۈزىدۇ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. بىراق شاھ مەنسۇر خوتەن تەرەپ خوجىنىيازنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنىلا ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ما جەنساڭ ئەۋەتكەن 200 ئادىمى بار بىر قوشۇن يەكەنگە كېلىپ ئەسلىدىكى مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ يېڭىشەھەرنى قوغدىدى. شاھ مەنسۇر بۇنىڭدىن تۆمۈر ما شاۋۇ، ما جەنساڭلار بىلەن بىر ئىكەن دەپ قارىدى، ئەسلىدىنلا ئانچە ياخشى بولمىغان مۇناسىۋەت تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. بۇ خەۋەر خوتەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، سابىت داموللا مۇھەممەد ئىمىنگە ئۆزىنىڭ يەكەنگە بېرىپ ھاپىز بىلەن شاھ مەنسۇر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ قويماقچى بولىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. سابىت داموللا يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، ھاپىز لۈيجاڭ بىلەن شاھ مەنسۇرغا يەكەن يېڭىشەھەرگە بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بەردى. ھاپىز جاھىللىق قىلىپ، پەقەت تۆمۈر بۇيرۇق قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنىڭ يەكەن يېڭىشەھەرگە تېگىش قىلىدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. سابىت داموللا ئۆزى تۆمۈرگە خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ھاپىز لۈيجاڭنى يەكەن يېڭىشەھەردىكى جەڭگە قاتنىشىشقا بۇيرۇشىنى تەلەپ قىلدى.

تۆمۈر ئابدۇغوپۇر قاتارلىق تۆت كىشىنى مەخسۇس يەكەنگە ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى سابىت داموللىغا يەتكۈزدى: «ما جەنساڭ بىزنىڭ ئىتتىپاقدىشىمىز ھەم ياردەمچىمىز. ھازىر خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ ئۇرۇمچىدە جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، ئەگەر بىز يەكەندە ما جەنساڭ قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرساق، ئىتتىپاقلىقىمىزغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا خوجىنىياز ھاجىنىڭ كۆرسەتمىسى بولمىسا

تېگىشكە بولمايدۇ» ⑭.

ئابدۇغوپۇر تۆمۈرنىڭ تەشەببۇسلىرىنى بايان قىلغاندا، سۆزى كەسكىن بولۇپ كەتكەچكە، شاھ مەنسۇر نەق مەيداندا ئۇنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى.

تۆمۈر يەكەن مەسىلىسى توغرۇلۇق قەشقەردە تۇرۇپ ما جەنساڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىشىپ تۇردى. قايتا - قايتا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، ما جەنساڭ تۆمۈرگە يەكەن يېڭىشەھەردىكى قوشۇننى قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېلىپ، قەشقەردە ئۇلارنىڭ قورallىرىنى يىغىۋېلىپ، تۆمۈرگە تاپشۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا ۋەدە بەردى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، تۆمۈر ئەخمەتجان لۈيجاڭنى قىسىملىرىنى باشلاپ يېڭىساردىن يولغا چىقىپ، يەكەن يېڭىشەھەردىن قەشقەرگە چېكىنگەن قوشۇننى كۈتۈۋېلىشنى بۇيرۇدى. تۆمۈر بۇ پىلاننىڭ تەپسىلاتىنى خەت ئارقىلىق يەكەندىكى ھاپىز لۈيجاڭ ۋە شاھ مەنسۇرگە ئۇقتۇرۇپ، ئۇلاردىن يېڭىشەھەردىن چېكىنگەن قوشۇنغا يول بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئابدۇقادىر ھاجى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: شۇ كۈنى كەچتە، بۇ كىشىلەر (يەكەن يېڭىشەھەردە تۇرۇۋاتقان قوشۇننى كۆرسىتىدۇ) قەشقەرگە يولغا چىقتى. كۆك راباتتا بىر كۈن قونۇپ ئىككىنچى كۈنى يېڭىسارغا يولغا چىقتى. ھىممىتىنىڭ سېيىغا كەلگەندە، ئەمىر ساھىپ (مۇھەممەد ئىمىنىنىڭ 2 - ئىنىسى نۇرمۇھەممەد) مىڭ كىشىلىك خوتەن قوزغىلاڭچى قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ قوغلاپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا بىز قىزىلسۇدا بۇ چېكىنگەن قوشۇننى ساقلاۋاتاتتۇق. ما شاۋۋۇ قوشۇنلىرى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قوغلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرۈشنى توختاتتى. بۇ ۋاقىتتا بىز ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىنى ئۇقتۇردۇق. بىراق قوغلاپ كەلگەن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئۇلارغا ئوت ئاچتى. ئۇلار مۇھاسىرىدە قالدۇق دەپ قالغان چېغى، بىز تەرەپكە قاراپ

ئوت ئېچىپ كەلدى. بىزمۇ ئۇلارغا ئوت ئاچتۇق. بىر پەس سوقۇشقاندىن كېيىن، ئۇلار ياردارلارنى تاشلاپ يېڭىسارغا قاچتى. ئەمىر ساھىپ داۋاملىق قوغلىدى. ما شاۋۋۇنىڭ بۇ ئادەملىرى 600 دىن كۆپرەك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يۈز ئادەم ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىق، 400 گە يېقىن ئادەم قېرىلار ۋە باللار ئىدى. بىز قوغلىمىدۇق، قېرىلا ۋە باللار، ياردارلارنى قوغداپ قەشقەرگە يەتكۈزۈپ قويدۇق»[15]. بۇ ئىشلار 1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈز بەرگەنىدى.

يەكەندىكى ئىشلارنىڭ پۈتۈن جەريانىغا قارايدىغان بولساق، بۇ ئىشلاردا سابىت داموللىنىڭ رولىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس. بىراق سابىت دامولللىنىڭ دىنىي ساھەدە ئابرۇيى چوڭ بولغاچقا، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا شۇنچىۋالا غەلىبىلەرنى سابىت داموللا بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغاچقا، سابىت دامولللىنىڭ ئابرۇيى يەكەندە بىـــرمەھەل تۆمۈر ۋە مۇھەممەد ئىمىندىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى[16] سابىت دامولللا مۇھەممەد ئىمىننىڭ رازىلىقىسىز، ھەم تۆمۈرنىڭ پىكرىسىز شاھ مەنسۇر بىلەن مىڭغا يېقىن قوشۇننى باشلاپ، يەكەندىن قەشقەرگە يولغا چىقتى. بىرگادا كوماندىرى ھاپىز بۇ خەۋەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۆمۈرگە يەتكۈزدى. 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى[17] تۆمۈر ماشىنا بىلەن يېڭىسارغا كېلىپ سابىت دامولللا ۋە شاھ مەنسۇرنى كۈتۈۋالدى ھەم ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى[18]. سۆھبەتتە، تۆمۈر خوتەن تەرەپتىن دەرھال قوشۇن ئەۋەتىپ كورلىدىكى خوجا نىيازغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سابىت دامولللا بىلەن شاھ مەنسۇر ئالدى بىلەن يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭ قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ قورالللىرىنى ئېلىش، ئاندىن خوجىنىيازغا ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇردى[19].

خوجىنىيازنى قولللاش ۋە ما جەنساڭنى يوقـــتىـــش

مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ بىرلىككە كېلەلمەي، سۆھبەت ئىككىنچى مەسىلىگە يەنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش مەسىلىسىگە كۆچتى. تۆمۈر مۇنداق ھۆكۈمەت قۇرۇشقا ئاشكارا قارشى تۇرغانلىقتىن، ئىككىنچى مەسىلىدە ئىشنى كەينىگە سۈرۈش ئۇتتۇرىغا قويۇلدى⑳. بۇ ۋاقىتتا، سابىت داموللا ئۆزىنىڭ شاھ مەنسۇر بىلەن قوشۇن باشلاپ قەشقەرگە كىرىشىگە يول قويۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۆمۈر جاۋابەن: «ھازىر ئىككى تەرەپ يېڭىسارىدىكى شانىياز ئۆستىڭىنى پاسىل قىلىدۇ» دېدى. شاھ مەنسۇر ۋە سابىت داموللا تۆمۈرنىڭ بۇ جاۋابىنى تۆمۈرنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراپ قەشقەرگە كىرىشنى قارار قىلىشتى㉑.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سابىت داموللا، شاھ مەنسۇر قاتارلىق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھېلىقى مىڭغا يېقىن قوشۇنىنى باشلاپ قەشقەر چېگرىسىغا يېتىپ كەلدى㉒. تۆمۈر ھامۇتخان ۋە برىگادا كوماندىرىنى ئەۋەتىپ، سەككىز تاش كەنتىدە زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، سابىت داموللا ۋە شاھ مەنسۇرنى قارشى ئالدى. تۆمۈر كېسىلىم بار دەپ قەشقەردە قالدى. شۇ كۈنى سابىت داموللا بىلەن شاھ مەنسۇر مۆيدىن باي دەپ ئاتىلىدىغان بىرىنىڭ قورۇسىغا چۈشتى㉓.

قەشقەردىكى دىنىي زاتلار ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئېقىمدىكىلەر سابىت داموللىنى زىيارەت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا سابىت داموللا قەشقەردە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە يادرولۇق شەخسكە ئايلاندى. پەقەت تۆمۈرلا ئىككى كۈنگىچە سابىت داموللا بىلەن كۆرۈشمىدى㉔.

ئۈچىنچى كۈنى سابىت داموللا شاھ مەنسۇر بىلەن تۆمۈرنىڭ قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ زىيارەت قىلدى. تۆمۈرنىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى سوغۇق بولدى، ئۇلار مۇنداقلا ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، سابىت داموللا قاتارلىقلار تۆمۈرنىڭ

قوماندانلىق شتابىدىن ئايرىلدى㉕.

شۇ كۈنى، تۆمۈر برىگادا كوماندىرى هامۇتنى سابىت داموللا ۋە شاھ مەنسۇر چۈشكەن جايغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى دەرھال 500 كىشىلىك بىر قوشۇننى كورلىغا ئەۋەتىپ خوجىنىيازغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى. بۇ مەسىلە يېغىنىساردىكى ۋاقىتتا، قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە قىلىنغان بولغاچقا، سابىت داموللا يەنىلا ئالدى بىلەن ما جەنساڭ قىسىملىرىنى يوقىتىپ ئاندىن خوجىنىيازغا ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇردى.

## 3. تۆمۈر ئەلنىڭ سابىت داموللىنى نەزەربەند قىلىشى

سابىت داموللا تۆمۈرنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى قەشقەرنىڭ يېڭى خوجىسى دەپ قارىدى. ئۇ يەرلىك ھەرقايسى قاتلاملاردىكى ئەربابلار بىلەن داۋاملىق كۆرۈشۈپ، نۇرغۇنلىغان سورۇنلاردا نۇتۇق سۆزلەپ، پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىپ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىش بىلەن بىرگە ئوسمان ئەلى بىلەن تۆمۈر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۇرۇۋەتتى. شاھ مەنسۇر تۆمۈرنى ئوچۇق ـ ئاشكارا مەسخىرە قىلىپ: بۇ هارۋىكەش چوڭ ئىشلارنى قىلالمايدۇ، ھەمىشە ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ يۈرىدۇ»㉖ دېدى.

7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى㉗ برىگادا كوماندىرى هامۇتخان برىگادا كوماندىرى تۆمۈرنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، قىسىملىرىنى باشلاپ، سابىت داموللا بىلەن شاھ مەنسۇر چۈشكەن مۆيدىن باينىڭ تۇرالغۇسىنى قورشاپ، ئۇلارنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، يارباغ كەنتىدىكى يېڭى

تۇرالغۇغا ئېلىپ كەلدى㉘. مىڭچە خوتەن پىدائىيلىرى قەشقەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۇرالغۇلىرىدا تۆمۈرنىڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم قورشىۋېلىنىپ قوراللىرى مەجبۇرىي يىغىۋېلىندى. ئارقىدىن ئۇلار قەشقەردىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىلدى.

تۆمۈر بىرىگادا كوماندىرى ھامۇتخانغا قەشقەردە سابىت داموللا بىلەن شاھ مەنسۇرنى نەزەربەند قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ۋاقىتتا، يېڭىساردىكى بىرىگادا كوماندىرى ئەخمەتجان بىلەن يەكەندىكى بىرىگادا كوماندىرى ھاپىز شۇ يەردىكى خوتەن قوشۇنلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇشنى بۇيرۇدى. بۇ بۇيرۇق دەرھال ئىجرا قىلىنىپ، يېڭىسار ۋە يەكەندىكى خوتەن قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن قورالسىزلاندۇرۇلدى. ھاپىز مۇھەممەد ئىمىننىڭ 2 - ئىنىسى نۇرمۇھەممەدنى يەكەندە نەزەربەند قىلدى.

شۇ كۈنى ھاپىز تۆمۈرنىڭ دەرھال خوتەنگە ھۇجۇم قىلىپ، «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نى يوقىتىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. تۆمۈر بۇ بۇيرۇقىدا ھاپىز سىبتىۋالدىجان بىلەن كىچىك ئاخۇن باشچىلىق قىلغان ئىككى پولكنىڭ پات ئارىدا ياردەمگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھاپىز بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن جىددىي ھەم ئاددىي تەييارلىق قىلىپلا ئەتىسى خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار قاغىلىققا كەلگەندە ئازراق قارشىلىققا ئۇچرىدى. بۇ قارشىلىق ھاپىز خوتەنگە قىلغان يۈرۈشنى ئازراقمۇ توسۇيالمايتتى.

ھاپىز قوشۇننى باشلاپ گۇمىغا كەلگەندە، خوتەندىن كەلگەن بىرقانچە دىنىي ئەرباب بۇ يەردە ئۇنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇلار مۇھەممەد ئىمىننىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ ھاپىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ چارە ۋە يول تاپماقچى ئىدى. ھاپىز ئەدەپ بىلەن ئۇلارنى ئەتراپلىق كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋەكىللىرىنى

خوتەندىن كەلگەن بۇ ۋەكىللەر بىلەن سۆھبەتلىشىشكە قالدۇرۇپ، ئۆزى قوشۇنىنى باشلاپ شۇ كۈنى خوتەن چېگرىسىغا كىرىپ، قاراقاشنىڭ زاۋا كەنتىدە توختىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تۆمۈرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ياردەمگە كەلگەن سىيتىۋالدىجان، كىچىك ئاخۇن قىسىملىرىمۇ زاۋا كەنتىگە يېتىپ كەلدى.

مۇھەممەد ئىمىن خوتەندىكى بارلىق ئەسكىري كۈچىنى يىغىپ زاۋا كەنتىدە تۆمۈرنىڭ بۇ قىسمىغا قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇرۇش ئىككى كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن، خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئون مىڭلىغان ئاما ئۇرۇش مەيدانىنىڭ يېنىغا كېلىپ خوتەن قىسىملىرى ئۈچۈن بەس - بەستە چۇقان سېلىپ ياردەم بەردى. بۇ ھەيۋىدىن، ھاپىز قاتارلىقلار ئەنسىزلىككە چۈشتى. شۇ كۈنى يەنە 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تۆمۈر قەشقەردىكى توغراق مازارغا يېقىن جايدا ما جەنساڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، دېگەن خەۋەر كەلدى⑳. ئۇرۇش جاسارىتى ئاجىزلىشىۋاتقان ھاپىز قاتارلىقلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن؛ قىسىملىرىنى باشلاپ زاۋا كەنتىدىن گۇما ناھىيىسىگە چېكىندى. ئوسمان ئەلى بىرىگادا كوماندىرى ئەۋەتكەن شاتىرمۇ مۇشۇ ۋاقىتتا گۇمىغا كېلىپ بولغانىدى. ئوسمان ئەلى ھاپىزغا ئەۋەتكەن خەتتە، تۆمۈر 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ما جەنساڭنىڭ قول ئاستىدىكى كاڭ مازى تەرىپىدىن قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى توغراق مازىرى ئەتراپىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئۆزى تۆمۈرگە ۋاكالىتەن سىجاڭلىقنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئوسمان ئەلى خېتىدە ھاپىز قاتارلىقلارنى دەرھال قوشۇنىنى باشلاپ قەشقەرگە قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. شۇنداق قىلىپ تۆمۈر قوزغىغان «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نى يوقىتىشنى نىشان قىلغان ھەربىي ھەرىكەت ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي مەغلۇپ بولدى.

تۆمۈرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى بىلەن قەشقەر

بوستانلىقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بىرمەھەل پەسىيىپ قالدى. يەكەندە تۆمۈرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن نەزەربەند قىلىنغان نۇرمۇھەممەد قويۇپ بېرىلدى، ئۇ ناھايىتى تېزلىكتە چېچىلىپ كەتكەن 600 دىن كۆپرەك ئادەمنى يىغىپ يەكەننى تولۇق كونترول قىلدى㉛. قەشقەردە نەزەربەند قىلىنغان سابىت داموللا، شاھ مەنسۇر قاتارلىقلارمۇ قويۇپ بېرىلدى. شاھ مەنسۇر ئۆزىنىڭ قىسىملىرىنى يىغىپ خوتەنگە قايتتى. سابىت داموللا ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇپ، ئۇدۇل يۇرتى ئاتۇشقا قايتتى. ئاتۇشتا مەلۇم مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، تويۇقسىز قەشقەرگە قايتىپ بېرىپ، ئوسمان ئەلىگە قەشقەردە «خوتەن ياردەم بەرگەن ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئورگان قۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. سابىت داموللا ئوسمان ئەلىگە ئىزاھلاپ، بۇ ئورگاننىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى خوتەندىن ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىلگەن لازىمەتلىكلەرنى تەقسىم قىلىش دېدى. ئوسمان ئەلى مۇنداق ئورگاننىڭ تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان ئورۇن ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، سابىت دامولлиنىڭ پىكرىگە يول قويدى. مەلۇم ۋاقىت تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق «خوتەن ياردەم بەرگەن ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى» قەشقەردە قۇرۇلدى. سابىت داموللا مۇدىر، زىرىپ قارىھاجى مۇئاۋىن مۇدىر، مۇساجان باش كاتىپ، سۇلتانبېك خوجىلىق باشلىقى، ئورازبېك، يۈسۈپجان قاتارلىقلار ھەيئەت بولدى㉜.

بۇ ئورگان خوتەندىن كەلگەن ئەشيالارنى تەقسىملەشنى باھانە قىلىپ، پائالىيىتىنى قەشقەر تەۋەسىگە كېڭەيتىپ جايلاردىكى ھەربىي، سىياسىي دائىرىلەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچراشتى.

ئوسمان ئەلى ئاخىر سابىت داموللا قاتارلىقلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنىڭ بەلگىلەنگەن چەكلىمىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىپ، بۇ ئورگاننى پېچەتلەيدىغانلىقىنى

جاكارلىدى. برىگادا كوماندىرى ھاپىز، پولك كوماندىرى كىچىك ئاخۇنلار ئوسمان ئەلىنىڭ بۇ تەشەببۇسىنى قەتئىي قوللىدى. بىراق ئوسمان ئەلى بۇ ئىشقا قول تىقىپ بولغۇچە، سابىت داموللىنىڭ ئىناۋىتى قەشقەردە تېزلىكتە ئۆسۈپ، ئوسمان ئەلى قاتارلىقلار ۋەزىيەتنى تىزگىنلىيەلمەس بولۇپ قالدى[33]. ئۇزۇن ئۆتمەي سابىت داموللا «خوتەن ياردەم بەرگەن ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى» نىڭ نامىنى «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى» غا ئۆزگەرتتى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سابىت داموللا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى» نىڭ نامىنى «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كېڭىشى» گە ئۆزگەرتتى.

سابىت داموللا «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كېڭىشى» نىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا، ئاشكارا ھالدا «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئوسمان ئەلى، ھاپىز، كىچىك ئاخۇنلار قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار رەت قىلدى. خوتەندىكى مۇھەممەد ئىمىنمۇ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئادەم ئەۋەتمىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە، سابىت داموللا ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئوسمان ئەلىنىڭ كۈچىنى پارچىلىدى. ئوسمان ئەلى ئاخىر قول ئاستىدىكىلەرنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتتى. مۇنداق مۇھىت يارىتىلغاندىن كېيىن، سابىت داموللا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشتەك بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى. ئۇ تۆمۈر، ئوسمان ئەلى قاتارلىقلارنىڭ قەشقەر بوستانلىقىدىكى جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ھەرىكىتىگە تۈپتىن قارشى يول تۇتتى.

**پايدىلانمىلار**

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 12 ـ قىسىم، 115 ـ بەت.

② مۇھەممەد ياقۇپ بۇغرا: «خوتەن قوزغىلىڭى توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ قىسىم، 75 ـ بەتكە قارالسۇن.

③ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ قىسىم، 74 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 15 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 76 ـ بەت.

⑥ «خوتەن مەنزىرىلىرى» شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1994 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى، 27 ـ بەت.

⑦ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ قىسىم، 77 ـ بەت.

⑧ ⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 27 ـ بەت.

⑨ «ئۆمۈر داستانى»، 153 ـ بەت؛ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 225 ـ بەت، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ قىسىم، 17 ـ بەت.

⑩ ③بىلەن ئوخشاش 80 — 81 ـ بەت.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب⑨ 81 ـ بەت؛ ئابلىمىت مەخسۇتوف: «1931 — 1934 ـ يىللارغىچە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن خەلق قوزغىلاڭلىرىدىن ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 38 ـ قىسىم، 166 ـ بەت.

⑫ باي ئەزىز: «مەھمۇد سىجاڭ بىلەن ئۆتكەن 12 يىل»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 6 ـ قىسىم، 137 ـ بەت.

⑬ ③بىلەن ئوخشاش 19 ـ بەت.

⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 19 — 20 ـ بەت.

⑮ «ئۆمۈر داستانى»، 154 ـ بەت؛ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ قىسىم، 21 — 22 ـ بەت.

⑯ يۇقىرىقى كىتاب، 22 ـ بەت، بىراق شۇ كىتابنىڭ 8 ـ بېتىدە 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دېيىلگەن.

⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 22 ـ بەت، بىراق شۇ كىتابنىڭ 85 ـ بېتىدە، 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى دېيىلگەن.

⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 85 ـ بەت.
⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 23 ـ بەت.
⑳ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ، (ئۇيغۇرچە) 38 ـ قىسىم 169 ـ بەت، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى تاللانما» 18 ـ قىسىم 23 ـ بەت.
㉑ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ، «ئۇيغۇرچە» 38 ـ قىسىم، 170 ـ بەت.
㉒ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ قىسىم، 23 ـ بەت، بىراق شۇ كىتابنىڭ 85 ـ بېتىدە 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى دېيىلگەن. «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» نىڭ 226 ـ بېتىدە 6 ـ ئاي دېيىلگەن.
㉓ خېۋىر تۆمۈر: «خوجىنىياز ھاجىنى ئەسلەيمەن» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 38 ـ سان 115 ـ بەت، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ قىسىم، 24 ـ بەت.
㉔ يۇقىرىقى كىتاب، 85 ـ بەت.
㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 24 ـ بەت.
㉖ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 12 ـ قىسىم، 115 ـ، 116 ـ بەت.
㉗ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ قىسىم، 25 ـ بەت، بىراق شۇ كىتابنىڭ 85 ـ بېتىدە 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دېيىلگەن. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 38 ـ قىسىم، 170 ـ بېتىدە 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى دېيىلگەن.
㉘ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ قىسىم 25 ـ بەت.
㉙ يۇقىرىقى كىتاب، 86 ـ بەت.
㉚ يۇقىرىقى كىتاب، 27 ـ بەت، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 38 ـ قىسىم، 171 ـ بېتىدە 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دېيىلگەن.
㉛ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ قىسىم، 28 ـ بەت.
㉜ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) ، 38 ـ قىسىم، 174 ـ بەت.
㉝ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ، 18 ـ قىسىم، 31 ـ بەت.

# 3 ـ بۆلۈم خوجىنىيازنىڭ قەشقەرگە كىرىشى

## 1. خوجىنىيازنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىكىنى ئۈستىگە ئېلىشى

1933 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئېچىلغان مىللىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئىشلار پالاتاسىنىڭ 127 ـ قېتىملىق يىغىنىدا 13 كىشى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىكىگە رەسمىي ماقۇللاندى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى ئەزاسى ئىچىدە ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي، جاڭ پېييۈەندىن باشقا، يەنە خوجىنىياز (ئۇيغۇر)، جاڭ شىن، جۇ رۈيچى، لى رۇڭ، شارىپقان (قازاق)، مەنچۇكزاب (موڭغۇل)، ماجۇڭيىڭ (خۇيزۇ)، گاۋ شىشۈي، دېڭ جۇكۈي، ھۈسەيىن (ئۆزبېك) قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

يۈزەكى قارىغاندا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ بۇ خىل قۇرۇلمىسى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە مىللىي ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بولۇپمۇ مىللىي ئامىل كۆرۈنەرلىك ئىدى. شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ داھىيلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى قاتارىدا بار ئىدى. بىراق بۇ قۇرۇلمىنىڭ يادروسى شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭ، خوجىنىياز، جاڭ پېييۈەنلەر ئىدى. ئەڭ مۇھىمى بۇ تۆت خىل كۈچ ئەمدىلىكتە قايتىدىن بىرلەشكەن ھەم ئۆزئارا كونترول قىلىپ تۇرىدىغان رايونلار ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. خوجىنىياز كورلا قاتارلىق جايلاردا تۇرۇپ شېڭ شىسەينىڭ ما جۇڭيىڭنى كونترول قىلىشىدىكى ئاساسلىق

ۋاستىسى ئىدى. جاڭ پېيىۋەن ئىلىدا بولۇپ، ما جۇڭيىڭنىڭ شىڭ شىسەينى كونترول قىلىشىدىكى ئاساسلىق ۋاستىسى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسىنى تەيىنلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش خىيالى ناھايىتى تەستە ئەمەلگە ئاشقانىدى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىڭ شىسەي ھەربىي يىغىن ئېچىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن يېڭىۋاشتىن جەڭ قىلىشنى قارار قىلدى. دەرۋەقە ما جۇڭيىڭ ئىلىغا ئادەم ئەۋەتىپ جاڭ پېيىۋەن بىلەن ئالاقە باغلىدى، شىڭ شىسەينى تارمار قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنى بۆلۈپ ئىدارە قىلماقچى، جۈملىدىن جاڭ پېيىۋەن شىمالنى، ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىدارە قىلماقچى بولدى①. نەتىجىدە ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋەزىيىتىدە مەلۇم ۋاقىت ئۆزگىرىش يۈز بەردى، شىڭ شىسەي پەقەت شەرقتە گۇچۇڭدىن غەربتە چۆچەككىچە بولغان تار، ئۇزۇن بەلۋاغدا تۇراتتى. شىڭ شىسەي ئۈمىد كۈتىدىغان بىردىنبىر تاشقى كۈچ كورلىنى ئىگىلەپ تۇرغان خوجىنىياز ۋە خوجىنىيازنى ھىمايە قىلىدىغان قەشقەردىكى تۆمۈر قاتارلىق كىشىلەر ئىدى②.

10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ما جۇڭيىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شىڭ شىسەي بىلەن داۋانچىڭ ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلدى. ما فۇيۈەن قىسىملىرى ما جۇڭيىڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، قارا شەھەردىن كورلىغا ھۇجۇم قىلدى. خوجىنىياز مەھمۇد مۇھىتىغا قىسىملىرىنى باشلاپ باشئەگمىدە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئۇرۇش كەسكىن بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، مەھمۇد مۇھىتى ئېغىر يارىلاندى③. شۇڭا ئۇنىڭ قوشۇنىدا داۋالغۇش يۈز بېرىپ ما فۇيۈەن قىسىملىرى باشئەگمىنى ئىگىلىدى. ئەينى ۋاقىتتا، خوجىنىياز قىسىملىرى بۇ يەرنى ئىگىلەپ تۇرغىنىغا ئىككى

ئايدىن ئاشقاچقا، زور مىقداردىكى ئادەم ۋە ماددىي كۈچ بىلەن بۇ يەردە مۇستەھكەم مۇداپىئە شەكىللەندۈرگەنىدى. خوجىنىيازنىڭ باشئەگىمدىكى مەغلۇبىيىتى پەقەت ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مالىيە ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتە ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرسىتەتتى.

باشئەگىم قولدىن كەتكەندىن كېيىن، خوجىنىياز باش شتابىنى ئۇدۇل كورلىنىڭ غەربىدىكى چەرچى كەنتىگە يۆتكىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ما فۇيۇەن قىسىملىرى قوغلاپ كەلگەچكە خوجىنىياز قىسىملىرىنى باشلاپ بۇگۇردىكى يېڭىسار كەنتىگە چېكىندى. بۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، نوپۇسى زىچ، سۇ مەنبەسى مول جاي ئىدى. مەھمۇد مۇھىتى خوجىنىيازغا بۇ جايدا ما فۇيۇەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش تەكلىپىنى بەردى. خوجىنىياز قايتا ـ قايتا ئويلاپ، بۇ، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، مەھمۇد مۇھىتىغا قىسىملىرىنى باشلاپ كۇچاغا چېكىنىشنى، ما فۇيۇەن بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان ۋاقىت ۋە مۇھىتىنى قايتا تاللايدىغانلىقىنى تاپىلىدى. ئەينى ۋاقىتتا خوجىنىياز مەھمۇد مۇھىتىدىن بۇرۇنلا كۇچاغا چېكىنىپ بولغانىدى.

مەھمۇد مۇھىتى كۇچاغا چېكىنگەندىن كېيىن، ياقا كەنتىگە چۈشتى. ياقا كەنتى كۇچا بوستانلىقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا بولۇپ، نوپۇسى كۆپ، بايلىقى مول، كۇچا ناھىيە بازىرىغا يېقىن ئىدى. ياقا كەنتىنىڭ سىرتىدىكى بەلۋاغلار كۆز يەتكۈسىز قاقاسلىق بولۇپ، سۇ مەنبەسىمۇ كەمچىل ئىدى. ما فۇيۇەن قىسىملىرى بۇ رايونلارنىڭ ئۇرۇش مۇھىتىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا خوجىنىياز قىسىملىرى ئۇرۇش ھازىرلىقى قىلىپ بولغۇچە ياقا كەنتىگە كېلىپ بولدى. مەھمۇد مۇھىتى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇرۇش قىلماسلىق بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، ئالدى بىلەن كۇچاغا،

ئارقىدىنلا كۆچانى تاشلاپ ئاقسۇ تەۋەسىگە چېكىندى.

مۇشۇ ۋاقىتلاردا، خوجىنىياز ۋە مەھمۇد مۇھىتى تۆمۈرنىڭ قەشقەردىن كېلىپ ياردەم بېرىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئەكسىچە باشئەگىم قولدىن كەتكەندىن تارتىپ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، قەشقەردە نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، جۈملىدىن تۆمۈرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى خوجىنىياز ۋە مەھمۇد مۇھىتى ئېنىق بىلمەيتتى. 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا، بىرىگادا كوماندىرلىرى ھاپىز بۇگۈرنىڭ يېڭىسار كەنتىگە كېلىپ خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتىنى تۆمۈر بىلەن سابىت داموللا ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يۈز بەرگەنلىكى، تۆمۈرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى ۋە ئوسمان ئەلى، بىرىگادا كوماندىرى ھاپىز، بىرىگادا كوماندىرى ھامۇتخان، ھەمدەم، پولك كوماندىرى كىچىك ئاخۇنلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كېڭىشى» نىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتنىششىنى رەت قىلغانلىقى، شۇڭا سابىت داموللىنىڭ ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇپ قەشقەردىن كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلاردىن خەۋەردار قىلدى. بۇ ئىشلار بولۇشتىن ئىلگىرى ھەمدەم قەشقەردىن كورلىغا كېلىۋالغانىدى، دەل مۇشۇ پەيتتە خوجىنىياز كورلىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆچادا بولسىمۇ، ھەمدەم خوجىنىياز بىلەن كۆرۈشمىگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ھەمدەم، ھاپىزدىن كېيىنلا ھامۇتخانمۇ قەشقەردىن ئايرىلغانىدى.

خوجىنىياز ئاقسۇغا چېكىنىش سەپىرىدە قەشقەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۇرالغۇسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. شۇڭا خوجىنىياز ھاپىز قاتارلىق كىشىلەر تەمىنلىگەن قەشقەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. بولۇپمۇ سابىت داموللىنىڭ قەشقەردىكى سىياسىي ھەرىكىتىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ قويغانىدى.

ئاقسۇ ـ تۆمۈر كوچادىن كېيىنلا ئىگىلىگەن مۇھىم شەھەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يەر تۆمۈر تەيىنلىگەن ئۇچتۇرپانلىق ئىسمائىل باينىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۇنى باي سىجاڭ دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. تۆمۈر ئاقسۇدىن ئايرىلىپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، ئاقسۇ باي سىجاڭنىڭ باشقۇرۇشىدا جەمئىيەت تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى نورمال كېتىۋاتاتتى.

باي سىجاڭنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى قاسىم ھاجى بولۇپ، ئاقسۇ كونا شەھەردىن ئىدى، ئىسمائىل باي سىجاڭ دەپ ئاتىلىشتىن ئىلگىرى ئاتىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كارۋانچىلىق، مېھمانساراي ئېچىش ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ قاۋۇل، ئۇستا مەرگەن بولغاچقا تەگتۇشلار ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. ئۇ دانا كىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ شۆھرىتى ئۇچتۇرپان ۋە يېڭى ـ كونا ئاقسۇ شەھەرلىرىگە تارقالغانىدى، ئۇ يەنە تونجى بولۇپ ئاقسۇدا يېڭىچە مەكتەپ قۇرغان. ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ مەكتەپ ئۆيى سالغان، پۈتۈن ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى سېتىۋالغانىدى.

كىشىلەر باي سىجاڭنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى سۆزلىگەن ۋاقىتىدا، كۆپرەك ئۇنىڭ ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا تۆت خەنزۇ يېتىم بالىنى بېقىۋالغانلىق ھېكايىسىنى قىزىقىپ سۆزلىشەتتى. بۇ تۆت خەنزۇ بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بىلەن نىكاھلىنىپ، ئىسمائىل جەمەتى بولۇپ قالغانىدى.

باي سىجاڭنىڭ پائالىيىتى خوجىنىيازدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. شۇڭا خوجىنىياز ئاقسۇنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى باي سىجاڭغا تاپشۇردى⑤.

خوجىنىياز ئاقسۇغا چېكىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىرەيلەن سابىت داموللىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش لايىھىسىنى ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىپ،

خوجىنىيازنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بولدى. بۇ لايىھەدە خوجىنىياز «جۇمھۇرىيەت» نىڭ رەئىسى، سابىت داموللا باش ۋەكىل (زۇڭلى) ئىكەنلىكى ھەمدە بىر قىسىم مىنىستىرلارنىڭ ئىسمىلىكى يېزىلغانىدى. خوجىنىياز سابىت دامولىنىڭ ۋەكىلىگە: «مەن ئاللىقاچان شىڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان، بۇ قىلمىشىڭلارغا قوشۇلمايمەن»، دېدى⑥.

خوجىنىياز تۆمۈرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى، ما جەنساڭ بىلەن سابىت دامولىنىڭ قەشقەرنىڭ يېڭى، كونا ئىككى شەھىرىنى ئىگىلىۋالغان ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ ئاقسۇدا تۇرۇشنى قارار قىلدى. باي سىجاڭ خوجىنىيازنىڭ بۇ پىكرىنى ئاكتىپ قوللىدى. بۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە باي سىجاڭ ئاقسۇنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن خوجىنىياز ئۈچۈن 80 مىڭ تۇياق قوي ئىئانە توپلاپ ئۇچتۇرپانلىق باي ھاشىم ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد بايغا تاپشۇردى. ئۇلار بۇ قويلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قورالغا ئالماشتۇردى⑦.

## 2. خوجىنىيازنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇپ قېلىشى

ئۇزۇن ئۆتمەي، كۇچادىكى ما فۇيۈەن قىسىملىرى شەرققە يۆتكىلىۋېتىپتۇ، دېگەن گەپ تارقالدى. ئارقىدىنلا مەھمۇد مۇھىتى ئەۋەتكەن چارلىغۇچىمۇ ما فۇيۈەن قىسمى ئاللىقاچان كۇچادىن ئايرىلىپ، قاراشەھەرگە توپلىنىپ، ئۇرۇمچىگە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى.

خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى دەرھال ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ قوشۇنىغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئۇرۇمچىگە يۆتكىلەمەس قىلىپ قويۇشنى قارار قىلىشتى. مەھمۇد مۇھىتى باشچىلىقىدىكى قىسىم كېچە ـ كۈندۈز يۈرۈش قىلىپ، ئاخىر كورلىنىڭ شەرقىدىكى باشئەگمىدە ما فۇيۈەن قىسىملىرى بىلەن

ئۆچرىشىپ، بىر ھۆجۇم بىلەنلا دۈشمەننى تارمار قىلىپ باشئەگىمنى ئىگىلىدى.

مەھمۇد مۇھىتى قىسىملىرى باشئەگىمدىكى بازىسىغا ئورۇنلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، كورلىدىكى ئەلى ھاجى، پولك كوماندىرى مۆيدىن، تۇردى، شايارلىق ھاجى ئەلەمئاخۇن، ھەسەن ھاجى، كۇچالىق مەخپۇز ۋاڭ باشچىلىقىدىكى نەچچە يۈز ئاتلىق كىشىلەرمۇ باشئەگىمگە يېتىپ كېلىپ قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ما فۇيۈەن قىسىملىرىغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللىدى. ياردەمگە كەلگەنلەرنىڭ يېتەرلىك قورال - ياراغلىرى بولمىسىمۇ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ۋە ئادەملەرنىڭ سۈرەن - چۇقانلىرى كۆككە يېتىپ، بىر ئاز بولسىمۇ غەلىبە قىلىش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى[8].

ما جۇڭيىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبى قىرغاقلىرىنى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى مۇھىم ماكانى قىلىشنى كۆزلىدى. ما جۇڭيىڭ مۇشۇنداق قاراش بىلەن، ئۈرۈمچىدىن يىراق بولغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدىكى بەلۋاغلارنى چىڭ ساقلاپ، ئۆزىگە يېڭىۋاشتىن قەد كۆتۈرىدىغان ماكان قىلىش ئۈچۈن، قايتىدىن كۈچ تەشكىللەپ، قەشقەردىكى ما جەنساڭ قىسىملىرى بىلەن ئالاقىلىشىش قارارىغا كەلدى.

ما جۇڭيىڭنىڭ يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان قوشۇنىدا تەخمىنەن 2 مىڭ ئادەم بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىدى، ئۇلاردا برونېۋىكقىچە بولغان ھەر خىل قورال-لار بولۇپ، ما فۇيۈەن قوماندانلىق قىلدى[9]. ما فۇيۈەن قارا شەھەردە قوماندانلىق ھوقۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن بۇ 2 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئازراق مەشىق قىلدۇرغاندىن كېيىن غەربكە يۈرۈپ باشئەگىمدە جەڭگە كىردى.

ئوق دورىسى كەمچىل بولغان خوجىنىياز قوشۇنلىرى ما فۇيۈەننىڭ كۈچلۈك توپلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئىستىھكامنى تاشلاپ چېكىندى. يولدا ئارام ئالماي، كۈچادىن ئۆتۈپ ئۈدۈل بايغا كەلدى. سوۋېتتىن سېتىۋېلىنغان 1 مىڭ تال قورالغا ئېرىشتى. ئون دانە ئاپتومات ۋە 10 يەشىكتىن ئارتۇق گراناتنى بايغا توشۇپ ئەكەلدى. بۇ بىر تۈركۈم قوراللار ئاقسۇدىن ئىئانە قىلىنغان 80 مىڭ تۈياق قوي بىلەن ئالماشتۇرۇلغانىدى⑩. خوجىنىياز قوشۇنى يېڭى مىلتىق بىلەن قوراللانغان بولسىمۇ، بىراق قوغلاپ كېلىۋاتقان ما فۇيۈەن قىسىملىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قورال - ياراغ جەھەتتىكى پەرق يەنىلا زور ھەم كۆرۈنەرلىك ئىدى. شۇڭا ما فۇيۈەن قىسىملىرى بايدا خوجىنىياز قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، ئالدىنقى سەپ قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالغان مەھمۇد مۇھىتى قىسىملىرىنى باشلاپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئاقسۇغا 100 چاقىرىم كېلىدىغان قارايۇلغۇن كەنتىگە كەلگەندە، باي سىجاڭ قىسىملىرى ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ئىككى تەرەپ قوشۇلۇپ، ئەسكىرى كۈچى 2 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

ما فۇيۈەن قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان ۋاقىتتا بەختكە قارشى، باي سىجاڭ ئىستىھكامدا كۈيئوغلى ئابدۇكېرەم باۋجاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى⑪. ئاقسۇ پىدائىيلىرى سىجاڭنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى. نەتىجىدە مەھمۇد مۇھىتى قىسىملىرى ياردەمچىسىز قېلىپ، ئەڭ ئاخىرى قارايۇلغۇندا پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىندى.

قارا يۇلغۇن ئاقسۇغا كىرىشتىكى دەرۋازا بولۇپ، ئۇنىڭ مۇداپىئەسىز قېلىشى نەتىجىدە خوجىنىيازنىڭ ئاقسۇنى تايانچ قىلىپ تۇرۇپ ما جۇڭيىڭغا قارشى تۇرۇش پىلانىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتقانىدى. ئاقسۇدا مەھمۇد مۇھىتى خوجىنىياز

بىلەن نەگە بېرىش، نەدە تۇرۇش كېرەكلىكىنى مەسلىھەتلەشتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلار تاللايدىغانغا پەقەت ئىككىلا چىقىش يولى بار ئىدى. بىرى، ئاقسۇنى قەتئىي مۇداپىئە قىلىش، ئەمما ئەمەلىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ مۇددىئانىڭ ئەمەلگە ئېشىشى قىيىن ئىدى. يەنە بىرى بولسا قەشقەرگە چېكىنىش ئىدى.

قەشقەر ئاقسۇدىن مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ ئادىمى زىچ، بوستانلىقى تۇتاش كەتكەن جاي ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرگە توپلانغان ھەر خىل سىياسىي، ھەربىي كۈچلەر مەيلى ئۇلارنىڭ خاراكتېرى قانداق بولسۇن ھەممىسى خوجىنىيازنى ھىمايە قىلىش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، شۇڭا ئۇلار خوجىنىيازنى مەركەز قىلغانلىقتا چوڭقۇر تەسىر بېرەتتى.

بۇ ۋاقىتتا بەزىلەر قەشقەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى، پىدائىيلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆتكەپ كىرىپ ئۇچ ئاي ئارام ئالغاچ تەرتىپكە سالساق دېگەن تەكلىپنى بەردى. مۇشۇ ئارزۇ بىلەن خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتىلار ئۇچتۇرپانغا يۆتكەلدى.

بۇ 1933 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇزلىرى بولۇپ، قىلىن قار سوۋېتقا ئۆتىدىغان چېگرىدىكى ھەرقايسى تاغ يوللىرىنى كۆمۈۋەتكەنىدى. كۆپچىلىك سوۋېتقا كىرىدىغان يېڭى يول ئىزدەشكە تەييارلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، سابىت داموللا ئەۋەتكەن تۇركىيىلىك مەھمۇد نەيدامبەگ قاتارلىق كىشىلەر ئۇچتۇرپاندا خوجىنىياز بىلەن ئۇچرىشىپ، خوجىنىيازنىڭ ئالىقاچان «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغانلىقىنى ئۇقتۇردى. خوجىنىياز ۋەكىللەر بىلەن بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا، ئۆزىنىڭ قەشقەردە قۇرۇلغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى⑫.

سابىت داموللىنىڭ قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇشى خوجىنىيازنىڭ

قەشقەرگە كىرىش قارارىنى ئېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى قىسىملىرىنى باشلاپ، ئۇچتۇرپاندىن ئايرىلىپ، تاغ يوللىرى بىلەن ئاتۇشقا كەلدى. ئۇلار بىلەن 1 مىڭ 500 دىن كۆپرەك ئاتلىق ئەسكەر بىللە كەلگەنىدى. خوجىنىياز تىجەن كەنتىدىكى ئەمەت ھاجىنىڭ قورۇسىغا، مەھمۇد مۇھىتىمۇ شۇ كەنتتىكى ياقۇپ ھاجىنىڭ قورۇسىغا چۈشتى.

ئاتۇشتا سابىت داموللا تۇنجى قېتىم خوجىنىياز بىلەن كۆرۈشتى. تۆۋەندىكى بايانلار ئابلىمىت مەخسۇتوفنىڭ «1931 - يىلدىن 1934 - يىلغىچە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى پۈتۈن تەپسىلاتلارنى ئاپتور ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. «قەشقەردىكى سابىت داموللا ۋە يۈسۈپجان قاتارلىق كىشىلەر ئاتۇشقا مەخسۇس خوجىنىياز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ھەر ئىككى تەرەپ قىزغىن بولمىدى. كۆرۈشۈش خوجىنىياز تۇرۇۋاتقان ئۆيدە بولدى. مەن گەرچە ئۇچراشقاندىكى تەپسىلاتلارغا ئىگە بولالمىسامۇ، ئۇچرىشىش ئاخىرلىشىپ خوجىنىياز سابىت داموللا قاتارلىقلارنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ھويلىدا تۇرۇپ: ‹قەشقەرگە كىرمەيمەن! دېدىمغۇ، كىرمەيمەن! مەن ئەزەلدىن تاغلىقتا جەڭ قىلىپ كەلگەن، ئاتۇش تاغلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئۇرۇشالايمەن›، دېگىنىنى ئاڭلىدىم. شۇڭلاشقا، مەن كۆرۈشۈشتە ئاساسلىقى بىزنىڭ قەشقەرگە كىرىش - كىرمەسلىكىمىزنى مۇزاكىرە قىلىنغانلىقىنى پەرەز قىلدىم. سابىت داموللا شۇ كۈنى ئاتۇشتىن ئايرىلىپ قەشقەرگە قايتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن، خوجىنىياز تۇساتتىنلا قەشقەرگە كىرىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى. سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، مەھمۇد مۇھىتى سىجاڭ بىزگە تاپىلاپ: ‹قەشقەرنىڭ ئەھۋالى تۇراقسىز ھەم مۇرەككەپ، بەزى

كىشىلەرنىڭ نىيىتى دۇرۇس ئەمەس، سىلەر ھەرقانداق جايدا پەخەس بولۇپ، قىلچە بىخۇدلۇق قىلماي ھاجى ئاكام (خوجىنىياز) نى قوغداڭلار، قەشقەرگە بارغاندا، تۇرالغۇدىن خالىغانچە ئايرىلىشقا بولمايدۇ. قول ئاستىڭلاردىكى ئەسكەرلەرنىڭ خالىغانچە سىرتقا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ھەرقانداق ۋەقەگە تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى پۇختا قىلىڭلار» دېدى⑬.

## 3. خوجىنىيازنىڭ قەشقەرگە كىرىشى

خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى تولۇق قوراللانغان 1 مىڭ 500 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، 1934 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاتۇشتىن ئاتلىنىپ، شۇ كۈنى قەشقەرگە كىردى. قەشقەر خەلقى يول بويلىرىدا قىستىلىشىپ تۇرۇپ قىزغىن قارشى ئالدى.

بۇ ۋاقىت، ھېلىقى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ بىرىنچى يىلى ئىدى، بۇ جۇمھۇرىيەت 1933 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، خوجىنىياز قەشقەرگە كىرگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قۇرۇلغىنىغا ئىككى ئايدىن كۆپرەك بولغانىدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ دۆلەت بايرىقىنىڭ بىر يۈزى ھىلال ئاي، يۇلتۇز ۋە جۇڭخۇا مىنگونىڭ «كۆك ئاسمان، ئاق كۈن» بايرىقىدىن تەركىب تاپقانىدى. ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇز بۇ بايراقنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى، كۆك رەڭ ئۇنىڭ تېگى، «كۆك ئاسمان، ئاق كۈن» بايراقنىڭ خادا قىسىم تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى⑭. ھۆكۈمەت 15 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، رەئىس جۇمھۇر (زۇڭتۇڭ)، باش ۋەكىل (زۇڭلى)، ھەربىي باش قوماندان، دىن ـ ئەدلىيە، دىپلوماتىيە، ئىچكى ئىشلار، مالىيە، مائارىپ،

سەھىيە، خەلق ئىشلىرى، يېزا ئىگىلىك، سودا، دۆلەت مۇداپىئەسى، ئارقا سەپ قاتارلىق مىنىستىرلىقلار تەسىس قىلىنغانىدى. خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئورنى بوش قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار رەئىس ۋە ھەربىي باش قوماندانلىققا سايلانغانىدى.

سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» دا ئۆزىنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن بۇ ھۆكۈمەتكە باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ، تەشكىلى چېچىلاڭغۇ، ‹رەئىس› خوجىنىياز، ‹ھەربىي باش قوماندان› مەھمۇد مۇھىتى، ‹دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى› ئورازبېك قاتارلىقلار ھېچقاچان ۋەزىپىگە ئولتۇرمىغان. ئۇلار ھەتتا بۇ ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلمىغان. قانداقتۇر ‹رەئىس›، ‹ھەربىي قوماندان›. . . لىق ۋەزىپىلىرىنىمۇ رەت قىلغان. بۇ ھۆكۈمەت ئۆزىنى پۈتۈن «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ «ھۆكۈمىتى» ئىكەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قۇرۇلغاندىن تارتىپ غۇلاپ چۈشكىچە، پۈتۈن شىنجاڭنى دېمەي تۇرايلى، ھەتتا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋەزىيىتىنىمۇ كونترول قىلالمىغان»⑮.

سابىت داموللىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلغۇدەك ئاساسى ۋە تەجرىبىسىمۇ يوق بولۇپ، ئۇنىڭ قەشقەر موسۇلمانلار شەھىرىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە زېمىندا ئېلىپ بارغان سىياسىي پائالىيىتىدە ئەكس ئەتكىنى بولسا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدلىيە، ئامانلىق تەرەپلەردە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ ئىككى ئايدىن كېيىن، قەشقەركونا شەھىرىگە كەلگەن ئابلىمىت مەخسۇتوف سابىت داموللىنىڭ قەشقەر كونا شەھىرىدىكى ئەدلىيە ۋە ئامانلىق ساقلاش ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز قەشقەر

كونا شەھىرىدىكى دوتەي يامۇلى (ھازىرقى مەمۇرىي مەھكىمە) غا ئورۇنلاشتۇق، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» مۇ مۇشۇ شەھەردە قۇرۇلغانىكەن. ئىككىنچى كۈنى (1934 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى) بىر قانچىمىز كوچا ئايلاندۇق. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ يېنىدىكى بىر كوچىدا ئىككى يەردە سەرراپخانا بار ئىكەن. سەرراپخانىدىكى تامدا ۋە يېنىدىكى تۈۋرۈكتە بېغىشىدىن كېسىۋېتىلگەن بىرقانچە قولنىڭ مىخلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. بىز ئەتراپتىكى كىشىلەردىن بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغىنىمىزدا، ئۇلار «ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولى كېسىۋېتىلىپ بۇ يەردە ئاممىغا ئىبرەت قىلىنىدۇ» دېيىشتى. شۇ كۈنى بىز كوچىدا يۈزىنى ياپمىغان ئاياللارنى ئۇچراتمىدۇق. ئاڭلىشىمىزچە، قايسى بىر ئايال سودا - سېتىق ئۈچۈن يۈزىنى ئېچىۋەتسە، كەڭ ئەنلىك تاسما قامچا تۇتقان ئاتلىق كىشى دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىنى يېپىشقا بۇيرۇيدىكەن ھەمدە نەق مەيداندا قامچىلايدىكەن»⑯.

خوجىنىيازنىڭ زور قوشۇنى باشلاپ قەشقەرگە كىرىشى قەشقەردە ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي خەۋەر بولۇپ قالدى. سابىت داموللا ئەھۋالنىڭ بۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئۈمىد قىلمايتتى. خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى باشلامچىلىقىدىكى 1 مىڭ 500 دىن كۆپرەك ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە، قوراللىرى خىل، ھەرىكىتى چاققان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجىنىيازنىڭ قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۈكسەك ئابرۇيى بولغاچقا، سابىت داموللا خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قىسىملىرىنىڭ ھەيۋەت بىلەن قەشقەر كونا شەھىرىگە كىرىشىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى.

سابىت داموللا خوجىنىياز قاتارلىقلارنى ھۆرمەتلەپ چوڭ بىلگەن بولسىمۇ، خوجىنىياز سۆز - ھەرىكەتلىرىدە ھەمىشە

ئۆزىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى ئىكەنلىكىنى كۆز - كۆز قىلىپ، سابىت داموللىنى ئىنتايىن ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدى. ئۈچىنچى كۈنى خوجىنىياز سابىت داموللىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە پىسەنت قىلماي، مەھمۇد مۇھىتىنى قىسىملىرىنى باشلاپ ئۇدۇل يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، قەشقەرنىڭ ھەربىي قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئېلىپ، قەشقەرنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىنى كونترول قىلدى. مەھمۇد مۇھىتى قوماندانلىق قىلغان قىسىم دەسلەپتە ئۇدا غەلىبە قىلىپ، شەھەر سىرتىدا مۇداپىئەدە تۇرغان ما جەنساڭنىڭ قىسىملىرىنى ئارقا - ئارقىدىن يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە ھەيدەپ كىردى ھەمدە سېپىلغا شوتا قويۇپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا نەچچە نۆۋەت ئۇرۇندى.

بۇ ۋاقىتتا، ما جەنساڭ قەشقەرگە ئاخبارات ئىگىلەشكە ئەۋەتكەن ھامۇت قاسساپ ئىسىملىك جاسۇس يېڭىشەھەرگە قايتىپ، ما جەنساڭغا كىشىنى چۆچۈتكۈدەك بىر خەۋەرنى مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ما فۇيۈەن ما جۇڭيىڭنىڭ ھاۋالىسى بىلەن 2 مىڭدىن كۆپرەك كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ياردەمچى قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە يېقىنلاپ كېلىۋېتىپتۇ⑰. ما جەنساڭغا يەتكۈزۈلگەن بۇ خەۋەر ھەرگىزمۇ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئەمەس ئىدى. بۇ خەۋەر ئوخشاشلا خوجىنىيازغىمۇ يەتكەنىدى.

ما فۇيۈەننىڭ قەشقەرگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى خوتەن تەرەپنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىدى. گەرچە ئالدىنقى يىل 9 - ئايدىن بېرى «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» ئىزچىل يېڭىسارنىڭ شەرقىدىكى كەڭ زېمىننى كونترول قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ يەنىلا زور ھەربىي ئىشلار قۇرۇلمىسى يوق ئىدى. ما فۇيۈەن قىسىملىرى قەشقەر

بوستانلىقىغا كىرگەن ۋاقىتتا، شاھ مەنسۇر ئىنىسى نۇرمۇھەممەدنى 300 دىن كۆپرەك كىشىنى باشلاپ پەيزاۋات چېگرىسىدا ما فۇيۇەن قىسىملىرىنى توسۇپ، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا خوتەن قوشۇنىنىڭ ئوبرازىنى تىكلىمەكچى بولدى[18].

پۇتكۈل ۋەزىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خوتەن قىسىملىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئۇرۇش باشلىنىشىغىلا، ما فۇيۇەن قىسىملىرى تېزلىك بىلەن ئۇدۇل خوتەن قىسىملىرىنىڭ مۇداپىئەسىگە بىر - بىرلەپ بۆسۈپ كىرىپ، ناھايىتى تېزلىكتە قەشقەرگە كىرىدىغان يولنى ئاچتى.

خوجىنىياز خوتەن قوشۇنىنىڭ پەيزىۋاتتا مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ما فۇيۇەننىڭ ئەدىپىنى ئۆزى بېرىپ قويماقچى بولۇپ، قوغدىغۇچى قىسىملىرىنى باشلاپ ما فۇيۇەننىڭ يېڭىشەھەردىن ئۆتۈشتىكى يامانىيار كەنتىگە مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇردى. ئەلۋەتتە ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ما فۇيۇەن قىسىملىرىنى خوجىنىياز چەكلىك ئەسكىرىي كۈچى بىلەن توسۇپ تۇرالمايتتى. جەڭ يېرىم كۈن داۋاملاشتى. خوجىنىياز ئامالسىز قەشقەر كوناشەھەرگە چېكىنىدى ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ، يېڭىشەھەردە ئۇرۇش قىلىۋاتقان مەھمۇد مۇھىتىغا يېڭىشەھەردىكى ئۇرۇشتىن چېكىنىپ قەشقەر كونىشەھەرگە قايتىشنى ئۇقتۇردى. مەھمۇد مۇھىتى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قىسىملىرىنى باشلاپ جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقىپ، قەشقەر كوناشەھەرگە قايتتى. بۇ ۋاقىتتا، ما فۇيۇەنمۇ يېڭىشەھەرگە كېلىپ، ما جەنساڭ بىلەن ئۇچراشتى.

ما فۇيۇەننىڭ كېلىشى بىلەن شەھەردە زور قالايمىقانچىلىق ۋە داۋالغۇش بولدى. ئابلىمىت مەخسۇتوف ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ كۈنى شەھەر قالايمىقانلىشىپ، پۇقرالار يېزىغا قېچىپ پاناھلىنىشتى. سابىت داموللا ۋە ئۇنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي

ئەمەلدارلىرى شەھەرنى تاشلاپ پىتىراپ كېتىشتى. خوجىنىياز دوتەي يامۇلىدىن ئايرىلىپ، ئاۋال يارباغ دەرۋازىسىغا كەلدى. بۇ يەردە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن قۇم دەرۋازىغا قاراپ بۇرۇلدى. ئەپسۇسكى بۇ دەرۋازا كلڭلۇپلاقلىق بولۇپ، كىمنىڭ قولۇپلاپ قويغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئاچقۇچنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلار بۇنىڭ سىرىنى بىلەلمىدى. كىمنىڭ باشچىلىق قىلغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. قالايمىقانچىلىقتا، ئۇلار قۇلۇپنى چېقىپ، ئىشىكنى بۇزۇپ چىقىشقا بۇيرۇدى. پولك كوماندىرى پولات يوغان بىر پالتىنى تېپىپ كېلىپ، قۇلۇپنى چېقىپ سىپىل دەرۋازىسىنى ئاچتى. خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قىسىملىرىنى باشلاپ بۆسۈپ چىقىپ توققۇزاق، بولاقسۇ ئارقىلىق ئۇدۇل يېڭىسارغا كەتتى⑲.

يېڭىسار بۇ ۋاقىتتا، مۇھەممەد ئىمىننىڭ 2 ـ ئىنىسى نۇر مۇھەممەدنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، نام جەھەتتىن «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ئىدى.

سابىت دامولla يېڭىسارغا قېچىپ كەلگەندە، يېڭىسارنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان نۇرمۇھەممەد سىپىل دەرۋازىسىنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ ئۇلارنى قوبۇل قىلمىدى. بىر كۈنگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىتتا، خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى قىسىملىرىنى باشلاپ يېڭىسارغا كەلدى. نۇرمۇھەممەد گەرچە خوجىنىياز، مەھمۇت مۇھىتىلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرسىمۇ، بىراق خوجىنىياز ما جۇڭيىڭغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغاچقا، ئاكىسى مۇھەممەد ئىمىننىڭ تاپىلىغىنى بويىچە يېڭىسارنى قەتئىي مۇداپىئە قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

خوجىنىياز نۇرمۇھەممەدنى ماقۇل كەلتۈرەلمەي قىسىملىرىنى باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ يەكەنگە كېلىپ، ما

جۇڭيىڭغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئىشىدا، مۇھەممەد ئىمىننىڭ چوڭ ئىنىسى شاھ مەنسۇر بىلەن ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلماقچى بولدى.

شاھ مەنسۇر سابىت داموللا ۋە «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئەزالىرىنىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ، قاياققا بېرىشىنى بىلەلمىگەنلىكىنى بىلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ قەشقەردە تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، خوتەن تەرەپتىن ياردەم سوراۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگەنىدى. بۇ ئەھۋاللار شاھ مەنسۇر خورىكىنى يوغانتىۋەتتى. خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلار يەكەنگە كەلگەن ۋاقىتتا شاھ مەنسۇر ئالاھىدە بىر خىل غەيرىي نىيەتتىكى قارشى ئېلىش مەيدانى تەشكىللىدى، «ئابدۇللا (شاھ مەنسۇرنىڭ ئەسلى ئىسمى) قولىغا كالتەك تۇتقان نەچچە مىڭ كىشىلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا ‹ئاتىمىز شاھ مەنسۇر ياشىسۇن، ياشىسۇن، تۈمەنمىڭ يىللار ياشىسۇن! ›، دەپ توۋلاتقۇزدى. بۇلارغا قوشۇپ ئاسماننى لەرزىگە سالىدىغان داقا ـ دۇمباق چالدى ۋە شۇ ئارقىلىق خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتىلارغا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆز ـ كۆز قىلدى. مەيلى ئۇلار قانداقلا جار سالمىسۇن ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورال كىشىگە تولىمۇ چۈپەيلىك ھېس قىلدۇراتتى. ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ناچارلىقى ئاشكارىلىنىپ تۇراتتى⑳.

ھال ـ ئەھۋالى ياخشى بولمايۋاتقان خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلار شاھ مەنسۇرنىڭ بۇ خىل ئەسەبىيلەرچە ھەرىكىتىنى پەقەت ئاڭلاپلا قويدى.

قارشى ئېلىش مۇراسىمى تۈگىگەندىن كېيىن، خوجىنىياز شاھ مەنسۇرغا ما جۇڭيىڭغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. شاھ مەنسۇرنىڭ بۇنداق چوڭ مەسىلىنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلالمايدىغانلىقىنى، ئاكىسى مۇھەممەد ئىمىندىن سوراپ

كۆرۈش كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، شاھ مەنسۇر خوجىنىيازنىڭ يەكەندىكى ئىجتىمائىي تەسىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما خوجانىيازنىڭ ئىش - ئىزلىرى ئاللىبۇرۇنلا يەكەندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ بولغانىدى. يەكەندىكى باي، مۆتىۋەرلەر خوجىنىياز بىلەن كۆرۈشۈشنى شەرەپ دەپ بىلسە، پۇقرالار خوجىنىيازنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى خۇشاللىنارلىق ئىش دەپ ئويلىدى. خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى، ئۇلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن خوتەن قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى كۆپ، ھەيۋىسى زور بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ يېتەرلىك قورال - ياراغلىرى يوق، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قولىغا كالتەكلا ئالغانىدى، ئۇلارنىڭ قوماندانلىرىدىن ئەسكەرلىرىگىچە ھەممىسى مۇشۇ كالتەككە تايىنىپ ھەرقانداق دۈشمەننى تىرىپىرەن قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى㉑.

خوجىنىياز يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ خوتەن تەرەپتىن قايتا ئۈمىد كۈتمىدى. خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى قايتا - قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق پەيزاۋاتتا مۇداپىئەدە تۇرۇپ، يېڭىشەھەردىكى ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىشقا جەلپ قىلىشنى مەسلىھەتلەشتى㉒. بۇ ۋاقىتتا، يېڭىشەھەرگە ما جەنساڭ، ما فۇيۈەن ۋە ما شاۋۋۇنىڭ قوشۇنلىرى توپلانغان بولۇپ، ئادەم سانى 6 مىڭغا يېقىن ئىدى.

پەيزاۋاتتا ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىغا زەربە بېرىش قارارى چىقىرىلغاندىن كېيىن، خوجىنىياز 50 نەچچە مۇھاپىزەتچى قوشۇننى باشلاپ ئالدىنئالا پەيزاۋات ناھىيىسىگە كىردى. ما فۇيۈەن خوجىنىيازنىڭ يېنىدا پەقەت ئىنتايىن ئاز ئەسكىرىي كۈچ بارلىقىنى تىڭتىڭلىغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى مەھمۇد مۇھىتى

مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان كەنتتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل پەيزاۋات ناھىيىسىگە قوغلاپ باردى. ما فۇيۈەننىڭ بۇ تەدبىرى خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۇزۇل - كېسىل قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. مەھمۇد مۇھىتى دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ پەيزاۋات ناھىيىسىگە كىرىپ خوجىنىيازنى قۇتقۇزۇپ چىقتى ھەمدە خوجىنىيازنى قوغداپ ئاتۇشقا يۆتكەپ قويدى. مەھمۇد مۇھىتى ئاساسىي كۈچىنى قاۋۇل كۆۋرۈكى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، خوجىنىيازنى قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بەرمەكچى بولدى.

قاۋۇل كۆۋرۈكى ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلغاندا، مۇداپىئەدە تۇرغان تەرەپكە جىق قۇلايلىق ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئەتراپى تۇتاش كەتكەن قەبرىستانلىق بولۇپ، قەبرە ئارىلىقىدا ئەگرى - بۈگرى يوللار بار ئىدى. مەھمۇد مۇھىتى چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قەبرە ئارقىسىغا نەچچە كىلومېتىر دائىرىدە ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردى. قەبرىستانلىقنىڭ بېشىدا، مەھمۇد مۇھىتى ئۆزى يۈزدىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ توسۇپ تۇردى. ئۇرۇش ئەمدىلا باشلىنىشىغا ما فۇيۈەن قىسىملىرى قارشى يۆنىلىشتىن كەلگەن ئوت كۈچىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئادەم ۋە ئاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يارىلىنىپ ۋە ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. چۈشتىن كېيىن بولغاندا، ما فۇيۈەن قىسىملىرى يېڭىدىن ياردەمگە ئېرىشتى ھەمدە ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر ياققىلا ھۇجۇم قىلىپ، مەھمۇد مۇھىتى ئورۇنلاشتۇرغان چوڭ يولنىڭ سول تەرىپىدىكى قەبرىستانلىققا ئورۇنلاشقان قىسمىنى ئارقا - ئارقىدىن چېكىندۈردى. ئارقىدىنلا چوڭ يولنىڭ ئوڭ قاسنىقىدىكى قەبرىستانلىقتىكى قوشۇنمۇ ئۆزلۈكىدىن جەڭدىن چېكىندى. ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىققان قوشۇن قالايمىقانلىشىپ مەھمۇد مۇھىتى تۇرغان جايغا كەلدى،

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇداپىئە سېپىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئادەملىرى بۇزۇۋەتتى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئۆمرىدە يەنە بىر قېتىم ھاياتى ساقلىنىپ قالغان ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇش ئەڭ خەتەرلىك باسقۇچقا كىرگەندە، مەھمۇد مۇھىتى مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىنىڭ ھىمايىسى بىلەن ما فۇيۈەن قىسىملىرىدىن ئارانلا قۇتۇلۇپ قالدى. بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دەرىجىسى ۋە ۋەزىپىسى ئۆستۈرۈلۈپ مۇكاپاتلاندى. ئۇلاردىن ئابلىمىت مەخسۇتوف ئىزنۇۋت كوماندىرلىقىدىن روتا كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

## 4. خوجىنىيازنىڭ سابىت داموللىنى قولغا ئېلىشى

قاۋۇل كۆۋرۈكىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن، خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. مەھمۇد مۇھىتى يېڭىسارغا چېكىندى. خوجىنىياز غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئاتۇشنىڭ ئارغۇ دېگەن يېرىدە توختىدى[24].

ما فۇيۈەن باشتىن ـ ئاخىر خوجىنىيازنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارىدى. ئۇ خوجىنىيازنىڭ ئارغۇ دېگەن جايدا توختىغانلىقىنى بىلگەندە، دەرھال ئەسكەر ئەۋەتىپ ئارغۇ كەنتىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. خوجىنىياز ئاران 70 نەچچە ئادىمىنى باشلاپ ئالدىراپ ـ تېنەپ كېتىپ قالدى. ما فۇيۈەن قىسىملىرى ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلدى. كان كەنتى، تار كەنتىدە ئىككى تەرەپ كەسكىن ئۇرۇش قىلدى. جەڭ ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن ۋاقىتتا، خوجىنىياز ئالاھىدە قارىغا ئېتىش ماھارىتى ھەمدە ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان مەرگەنلىكى بىلەن

دۈشمەننى ئىلگىرىلەۋاتقان مۇھاپىزەتچى قىسىملىرى بىلەن مۇئەييەن ئارىلىق قالدۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى㉕.

خوجىنىياز ئىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ نىشانى جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدىكى ئەركەشتام ئىدى. ئۇ ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىن ئۆتكەندە يەرلىك قىرغىز دىنىي ئاقساقال چىپاك قازى ۋە ئىسھاقبېك مونۇنوف ئىسىملىك ياش ھەربىي ئەمەلدارنىڭ كۈتۈۋېلىشى ۋە قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئىسھاقبېك مونۇنوف شۇ چاغدا ئۇلۇغچات چېگرا مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى㉖. خوجىنىياز ئۇلارنىڭ ھەمكارلىششى بىلەن ئاخىر ئەركەشتام ئېغىزىغا يېتىپ بارىدى.

خوجىنىيازنىڭ ئەركەشتامدىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە ھەر خىل بايانلار بار:

سوپاخۇن سۇۋۇروف «قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ما جۇڭيىڭ» ناملىق ماقالىسىدە، خوجا نىيازھاجىنىڭ بۇ قېتىملىق سەپىرىدە ئۈچ ئىش بارلىقىنى يازغان: «(1) سوۋېت بىلەن ئالاقىلىشىپ قورال - ياراغقا ئىگە بولۇش» . (2) ما جۇڭيىڭغا قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان شېڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش. (3) سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان» . سوۋېت ئىتتىپاق ھۆكۈمىتى ئەمەلدارى خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقىتتا، خوجىنىياز ھاجىغا مۇنداق دېگەن: « سىز شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغان، نېمىشقا ۋەدىڭىزگە ئەمەل قىلماي 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سابىت داموللا قۇرغان قانۇنسىز «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىڭىزگە ئالىسىز؟ بىز قورالنى ئالىلقاچان شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بەردۇق. سىز شېڭ شىسەيدىن ئېلىۋېلىڭ.

خوجىنىياز ھاجى چۈشەندۈرۈپ: «بۇ قانۇنسىز ھۆكۈمەتنى مەن قۇرمىغان. سابىت دامولىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكىتىگىمۇ

قاتناشمىغان. مەن بۇ ئىشنى قەتئىي ئۇقمايمەن، دېگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەت ئەمەلدارى خوجىنىياز ئېيتقان بۇ گەپلەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن: ‹ئەگەر سىز بۇ ئىشقا قاتناشمىغان بولسىڭىز، جاھانگىرلارغا سېتىلغان سابىت داموللا قاتارلىق كىشىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىسىز؟›، دېگەندە، خوجىنىياز ھاجى دەرھال: ‹مەن جاھانگىرلارغا سېتىلغان بۇ قانۇنسىز ھۆكۈمەتنى يوقىتىمەن› دېگەن»㉗.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف㉘ مۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇساھاجى سەئۇدى ئەرەبىستاندا رەتلەپ چىققان بىر كىتابنى ئوقۇغان. بۇ كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، خوجىنىياز ئەركەشتامغا بارغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇنىڭغا بىر تىزىملىكنى بېرىپ خوجىنىيازنىڭ جەمئىي 11 كىشىنى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلغان، ئۇنىڭدا سابىت داموللا ۋە ئۇنىڭ ‹ھۆكۈمىتى› نىڭ بارلىق ئەزالىرى بار ئىدى»㉙.

ئابدۇقادىر ھاجى يازغان «1933 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلغىچە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن سابىت داموللىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سىمخانا (ئەركەشتام) غا بېرىپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ، سابىت داموللىنىڭ خېتىنى بەردىم. مەن بارغان چاغدا، خوجىنىياز ھاجى ئەركەشتام يىغىنىنى ئاچماپتىكەن. ئاپارغان خەتكىمۇ جاۋاب قايتۇرمىدى. مەن بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى، خوجىنىياز مېنى ئەركەشتامدىكى سوۋېت قاراۋۇلخانىسىغا ئەۋەتتى. مەن بېرىپلا ئۇلارنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇلار ئالدى بىلەن تېلېفون بېرىۋېتىپ مېنى باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ باردى. مەن شۇ يەردە، خوجىنىياز ھاجىنىڭ خېتىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە تاپشۇرۇپ بەردىم. خەتنى بىر قىرغىز كىشى رۇس يېزىقىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، بۇ رەھبەر تاشكەنتنىڭ

كۆرسەتمىسىنى ئالغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تېلېفون ئالدى. ئارقىدىن ماڭا: « هازىر سىلەرگە قورال سېتىپ بېرەلمەيمىز. سىلەر مەلۇم مەزگىل ساقلىشىڭلار كېرەك. ئۇرۇمچى تەرەپ ئادەم ئەۋەتىپ خوجىنىيازغا ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا سىلەر ياردەمچى ئەسكەرلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشۈڭلار كېرەك. سىلەر تاشكەنتكە ئەۋەتكەن ۋەكىل پات ئارىدا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار سىلەرگە بىر قىسىم خەۋەرلەرنى يەتكۈزىدۇ. » دېدى. مەن بۇ خەۋەرنى ئېلىپ سىمخانىغا قايتتىم. 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى مۇسۇل هاجى، ئەمەت پاختا باشچىلىقىدىكى بەش كىشى سىمخانىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار خوجىنىياز هاجى بىلەن سۆهبەتلەشتى. سۆهبەتتە: خوجىنىياز سابىت داموللا باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان هۆكۈمىتى» ئەزالىرىنى قولغا ئېلىپ، ئاقسۇغا يەتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، ياردەم بېرىلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، سىلەر جىمسار ئەهدىنامىسىگە ئەمەل قىلغان بولىسىلەر»㉚ دېيىلگەنىدى.

يۇقىرىقى بايانلار مەزمۇن جەهەتتىن پەرقلەنسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىنتايىن يېقىن. سوۋېت تەرەپ خوجىنىياز هاجىدىن ئۇنىڭ سابىت داموللا بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. خوجىنىيازنىڭ سابىت داموللىنىڭ سىياسىي پائالىيىتىگە قاتناشمىغانلىقىنى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، سوۋېت تەرەپ خوجىنىيازنىڭ سابىت داموللا قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلغان.

يۇقىرىقىدەك ئورتاق تونۇش هاسىل قىلىنغاندىن كېيىن، خوجىنىياز هاجى قىرغىز دىنىي ئەرباب چىپاك قازى، ئىسهاقبېك قاتارلىقلارنىڭ قوغدىشى ئارقىسىدا، تاشكەنتتىن قايتىپ كەلگەن مۇسۇل هاجى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

ئەركەشتامدىن ئايرىلىپ، ئوپال ئارقىلىق يېڭىسارغا كېلىپ ㉛ مەھمۇد مۇھىتى بىلەن كۆرۈشتى. مەھمۇد مۇھىتى مۇشۇ چاغقىچە يېڭىسارغا قامىلىپ قالغان نۇرمۇھەممەد بىلەن ھەمكارلىشىپ، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن ئىزچىل جەڭ قىلىۋاتاتتى.

يېڭىساردىكى بۇ قېتىمقى جەڭ غەيرىي بولغانىدى. نۇرمۇھەممەد يېڭىسار سېپىلىنىڭ ئىچىگە بېكىنىۋېلىپ، سېپىل دەرۋازىسىنى ئىچ تەرەپتىن كېسەك بىلەن ئېتىۋەتكەنىدى. ما فۇيۈەن قىسىملىرى يېڭىسار سېپىلىنى تۆت ئەتراپىدىن قورشىغان، مەھمۇد مۇھىتمۇ ما فۇيۈەن قىسىملىرىنىڭ سىرتىدا ئىدى.

مەھمۇد مۇھىتى قىسىملىرى گەرچە نەچچە رەت يېڭىسار سېپىلىگە يېقىنلاشقان بولسىمۇ، نۇرمۇھەممەد سېپىلدىن چىقىشنى رەت قىلغانلىقتىن قۇتقۇزۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان. ئارقىدىن شاھ مەنسۇر قىسىملىرىنى باشلاپ يەكەندىن يېڭىسارغا كەلدى. شاھ مەنسۇر جەڭ قىلىش تېخنىكىسىنى بىلمىگەچكە، ما فۇيۈەن قىسىملىرىنىڭ توسۇقلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ يېڭىسار سېپىلىغا كەلگەن ۋاقىتتا، ئوق تېگىپ ئۆلدى. نۇرمۇھەممەد سېپىلدا ئاكىسى شاھ مەنسۇرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال سېپىلدىن چىقىشقا ما فۇيۈەن قىسىملىرى سېپىل تۈۋىدە ئۇنى ئېتىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يېڭىسارنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى، مەھمۇد مۇھىتى خوجىنىياز بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خوجىنىيازغا ئەگىشىپ شەرق تەرەپتىكى يەكەنگە باردى.

خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى يەكەندە ئىككى قېرىندىشىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كەلگەن مۇھەممەد ئىمىن بىلەن ئۇچراشتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇھەممەد ئىمىن خوجىنىيازنى داھىي دەپ قاراپ كەلگەن بولسىمۇ،

ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈشى ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ قىسىملىرىنى باشلاپ خوتەنگە بېرىپ ما جۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرىغا بىرگە قارشى تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى[32].

خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى يېڭىساردا كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نىشانى تېخىمۇ ئېنىق ھەمدە كونكرېتلاشتى. ئۇلار مۇھەممەد ئىمىن بىلەن بىرقانچە قېتىم كۆرۈشكەندىن باشقا، كۆپ قىسىم ۋاقتى ۋە زېھنىنى سابىت داموللا قاتارلىقلارنىڭ يەكەندىكى ئىش ـ ھەرىكىتىنى تىڭتىڭلاشقا سەرپ قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خوجىنىياز يەكەندە سابىت داموللا، زىرىپ قارىھاجى (ئۆزبېك، «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نىڭ دىنىي ئىشلار ـ ئەدلىيە مىنىستىرى)، سۇلتانبېك (ئۆزبېك، «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نىڭ ئارقا سەپ تەمىنات مىنىستىرى) قاتارلىقلارنى قولغا چۈشۈردى[33].

باي ئەزىز سابىت داموللىنىڭ تۇتۇلۇش جەريانى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «خوجىنىياز ھاجى ئۇلۇغچاتتىن يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، مەھمۇد مۇھىتىغا سابىت داموللا، زىرىپ قارىھاجى ۋە سۇلتانبېكلەرنى دەرھال تۇتۇشقا بۇيرۇدى. مەھمۇد مۇھىتى بۇيرۇققا بىنائەن مېنى ئۇلارنى تۇتۇشقا ئەۋەتتى» [34].

ئابدۇقادىر ھاجى مۇنداق دەيدۇ: مەھمۇد سىجاڭ 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى 200 دىن كۆپرەك ئادەم ئەۋەتىپ سابىت داموللىنى قولغا ئالدى. بۇ كىشىلەر باغ (سابىت داموللا يەكەندە تۇرۇۋاتقان جاي) نى قورشىدى. سابىت داموللىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئۆگزىگە چىقىپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋىدى، سابىت داموللا ئۇرۇشماي قورال تاپشۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئارقىدىنلا ئۇ كىيىمىنى كىيدى. مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئادەملىرى داموللىنى

ئېلىپ كەلدى. مەھمۇد مۇھىتى ئادەم چاقىرىپ ئۇ (سابىت داموللا)، زىرىپ قارىھاجى، سۇلتانبېك قاتارلىقلارغا كىشەن سېلىپ، ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ 10 مۇھاپىزەتچى بىلەن قاغىلىققا ئېلىپ ماڭدى(35).

سابىت داموللىنى قولغا ئېلىش خوجىنىياز بىلەن مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئەسلىدىلا ئانچە ياخشى بولمىغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يىرىكلەشتۈرۈۋەتتى. مۇھەممەد ئىمىن ئىككى ئىنىسىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ خوجىنىياز بىلەن خوشلاشماستىنلا خوتەنگە قايتتى. مەھمۇد مۇھىتى يېڭىسارغا بېرىپ ما فۇيۈەن بىلەن بولغان ئۇرۇشقا داۋاملىق قوماندانلىق قىلدى. خوجىنىياز خوتەنگە يېقىن بولغان قاغىلىققا چېكىندى. خوجىنىياز قاتارلىقلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ۋە سابىت داموللىمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ئىدى.

## 5. خوجىنىيازنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇشى

1933 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ، خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ دىققەت - نەزىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى جايلارغا تىكىلدى. ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ما جۇڭيىڭنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن جەنۇبقا جىددىي يۆتكىلىۋاتقان ما فۇيۈەن قىسىملىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ سىياسىي دۈشمىنى سابىت داموللا ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن، بولۇپمۇ ما جۇڭيىڭنىڭ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغانلىقىدىن تۇزۇك خەۋەردار بولالمىغانىدى. ئاقموللا ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئەسكەر قەشقەردە ما فۇيۈەن قىسمىدىن خوجىنىياز قىسمىغا قېچىپ كەلگەندىن كېيىنلا، خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى ما جۇڭيىڭنىڭ

ئۇرۇمچىدە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن تىرىپىرەن قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، قەشقەرگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئاقمۇللا خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتىغا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ «ئالتاي قوشۇنى» ۋە «تارباغاتاي قوشۇنى» دېگەن نام بىلەن ئايروپىلان، توپلارنى ئېلىپ تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرىغا قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى[36].

ئاقموللا قەشقەردىن قېچىپ چىققان ۋاقىتتا، ما جۇڭيىڭنىڭ خوجىنىيازغا ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆھبەتلىشىپ، كونا دوستلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ما جۇڭيىڭنىڭ ۋەكىل ئەۋەتىپ خوجىنىياز بىلەن سۆھبەتلىشىپ ھەمكارلىشىدىغانلىق خەۋىرى ئەمەلىيەتكە ئايلاندى[37]. ئېلاخۇن، ئوسمان ھاجى قاغىلىققا كېلىپ خوجىنىياز بىلەن كۆرۈشتى. «ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، خوجىنىياز ما جۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇ ما جۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرىگە: «مەن ھېچقانداق ئوقۇمىغان قاراتۇرك ئادەم. سىلەر موللا، ئۆلىمالار، سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، مەن ما جۇڭيىڭ بىلەن ھەمكارلاشسام بولامدۇ؟»، دېدى. ئاخىردا ۋەكىللەر كۆپچىلىكنىڭ ئوخشاشلا مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى، ئۆزئارا ئۇرۇشماسلىقى كېرەكلىكىنى تەكىتلەشتى، بىراق خوجىنىياز ما جۇڭيىڭ بىلەن ھەمكارلاشمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى»[38].

ما جۇڭيىڭنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى خوتەنگە چېكىنىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سابىت داموللىنى ئېلىپ يەكەندىن ئاقسۇغا بېرىپ ما جۇڭيىڭغا قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان شېڭ شىسەي قىسىملىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى قارار قىلدى. ئاۋاتتىكى شاقۇر

كەنتىگە كەلگەندە ئۇلار مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقان ۋاقىتتا، خوجىنىياز قاتارلىقلار سابىت داموللىنىڭ ئاللىقاچان ئىزسىزلا غايىب بولغانلىقىنى بايقىدى. خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتىلارغا بۇ بىر زور سىياسىي زىيان ئىدى. ئۇلار بۆلۈنۈپ ئىزدەش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ ئاخىر ئاقسۇنىڭ قاراتال كەنتىدە سابىت داموللا قاتارلىقلارنىڭ ئىزىنى تېپىپ، ئۇلارنى تۇتۇپ ئاۋات ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قورۇسىغا قاماپ قويۇلدى[39].

ئاقسۇدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇشىغا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى مالىكوف (تاتار) خوجىنىياز قاتارلىقلارنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئادەم ئەۋەتىپ خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتىلارنى ئاقسۇغا تەكلىپ قىلىپ كۆرۈشتى. ئۇلار ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، مالىكوف خوجىنىيازغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ شىنجاڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى ئۇقتۇردى ھەمدە خوجىنىيازنىڭ دەرھال ئۈرۈمچىگە بېرىپ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ دەرھال قىسىملىرىنى باشلاپ مارالبېشى ئالدىنقى سېپىگە ئورۇنلىشىشىنى تەلەپ قىلدى[40].

مالىكوف خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتىلارغا يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، سابىت داموللىنى ئاۋات ناھىيىسىدىن ئاقسۇغا ئاپىرىشنى، ئارقىدىنلا يەنە ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ 2 ـ تۈرمىگە قاماشنى ئۇقتۇردى[41].

خوجىنىيازنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى خوجىنىيازنىڭ

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىگە قارشى تۇردى. خوجىنىياز مارالبېشىغا بېرىپ مەھمۇد مۇھىتى بىلەن بۇ ئىشنى مەسلىھەتلىشىشنى قارار قىلدى. مەھمۇد مۇھىتى خوجىنىيازنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇشىنى قوللىدى.

1934 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خوجىنىياز سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى مالىكوفنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە باردى، ئۇلارنى ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي قاتارلىق ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار قارشى ئالدى. ئارقىدىنلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت زالىدا خوجىنىيازنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىك مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. 1934 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاممىۋى چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ئۇرۇش ئاياغلاشقانلىقىنى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىنى «شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن بىرلىككە كەلگەنلىك خاتىرە كۈنى» قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى جاكارلىدى. خوجىنىياز چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقىپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل سىياسەتلىرىنى سادىقلىق بىلەن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. شۇندىلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى خوجىنىيازنىڭ سىياسىي نىشانى ۋە سىياسىي پوزىتسىيىسىنى تونجى قېتىم ئېنىق بىلدى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھمىيەتلىك بولغىنى بۇرھان شەھىدى خوجىنىيازنىڭ بۇ قېتىمقى نۇتۇقىنى نەق مەيداندا تەرجىمە قىلدى[40].

پايدىلانمىلار

① «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3337 -، 3338 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 3341 - بەت.

③ ئەينى ۋاقىتتا يۆنىلىشى ئېنىق بولمىغان بىر تال ئوق مەھمۇد مۇھىتىنىڭ چاپىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ، قورساق تېرىسىدە توختاپ قالغان. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 38 ـ سان، 149 ـ بەت.

④ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 38 ـ سان 176 ـ بەت.

⑤ ئابدۇراخمان مامۇت دىيار: «باي سىجاڭ»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 24 ـ قىسىم، 262 ـ، 266 ـ بەت.

⑥ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 12 ـ قىسىم، 124 — 125 ـ بەت؛ «ئۆمۈر داستانى» 164 ـ بەت؛ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» نىڭ 227 ـ بېتىدە «سابىت داموللا ئاقسۇدا خوجىنىيازنىڭ ئاكتىپ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن» دېگەن.

⑦ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 12 ـ قىسىم، 124 — 125 ـ بەت.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 38 ـ سان، 151 ـ بەت.

⑨ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3400 ـ بەت.

⑩ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 38 ـ سان، 152 — 153 ـ بەت.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب 24 ـ سان، 267 ـ بەت.

⑫ سوپاخۇن سوۋۇروف: «قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ما جۇڭيىڭ ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 36 ـ سان، 10 — 11 ـ بەت.

⑬ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» 6 ـ سان، 139 ـ بەت.

⑭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 38 ـ قىسىم، 177 — 178 ـ بەت.

⑮ «ئۆمۈر داستانى» 158 ـ بەت.

⑯ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 38 ـ قىسىم، 180 — 181 ـ بەتلەر.

⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 36 ـ قىسىم، 12 ـ بەت. «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىل» 3400 — 3401 ـ بەت.

⑱ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 18 ـ قىسىم، 43 ـ بەت.

⑲ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 38 ـ قىسىم، 185 — 186 ـ بەتلەر. «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3401 ـ بەت
⑳ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 38 ـ قىسىم، 186 ـ بەت.
㉑ يۇقىرىقى كىتاب، 186 ـ، 187 ـ بەتلەر.
㉒ يۇقىرىقى كىتاب، 187 ـ بەت.
㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 190 ـ بەت.
㉔ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 12 ـ قىسىم، 127 ـ بەت. يۇقىرىقى كىتاب 38 ـ قىسىم، 190 ـ بەت.
㉕ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 6 ـ قىسىم 139 ـ بەت. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 12 ـ قىسىم، 127 ـ بەت.
㉖ ئىسھاقبېك مونونوف: 1945 ـ يىلى ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى بولغان. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تەكلىپ بىلەن تۇنجى نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا كېتىۋاتقاندا بەختكە قارشى ۋاپات بولغان.
㉗ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 38 ـ قىسىم، 20 ـ، 21 ـ بەت.
㉘ سەيدۇللا سەيپۇللايوف مەھمۇد مۇھىتنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى روتىسىنىڭ ئەسكىرى بولۇپ، 1945 ـ يىلى ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە رەھبەرلىك قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ ھەيئىتى، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، قوشۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.
㉙ 1995 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سەيدۇللا سەيپۇللايوف مۇشۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ليۇ زىشياۋ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسىگە قارالسۇن.
㉚ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ قىسىم، 45 — 46 ـ بەت.

㉛ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 12 ـ قىسىم 128 ـ بەت. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ قىسىم 46 ـ بەت.

㉜ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، (ئۇيغۇرچە) 38 ـ قىسىم، 196 ـ بەت.

㉝ يۇقىرىقى كىتاب، 36 ـ قىسىم، 21 — 22 ـ بەت. 38 ـ قىسىم، 196 ـ بەت.

㉞ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 6 ـ قىسىم، 140 ـ بەت.

㉟ يۇقىرىقى كىتاب 18 ـ قىسىم، 48 — 49 ـ بەت.

㊱ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 36 ـ قىسىم، 26 — 37 ـ بەت.

㊲ يۇقىرىقى كىتاب، 26 ـ بەت.

㊳ يۇقىرىقى كىتاب، 35 — 36 ـ بەت.

㊴ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 18 ـ سان 50 ـ بەت؛ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 12 ـ قىسىم، 129 ـ بەت.

㊵ يۇقىرىقى كىتاب، 38 ـ قىسىم، 201 ـ بەت.

㊶ يۇقىرىقى كىتاب، 199 ـ بەت.

㊷ يۇقىرىقى كىتاب، 201 ـ بەت.

# ئون بەشىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ داۋالغۇش ئىچىدىكى سىياسىي ھاياتى

## 1 ـ بۆلۈم شىڭ شىسەينىڭ يېڭى ھوقۇق مەركىزىنى قۇرۇشى

### 1. مىللىي كادىرلارنى كۆپەيتىش

1934 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشى كۆپ تەرەپلىمە سىياسىي ئاقىۋەت شەكىللەندۈردى. بىرىنچىدىن، ما جۇڭيىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل چېكىنىپ چىقتى؛ ئىككىنچىدىن، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ما جۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلىش جەريانىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر كۈچى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ئىجتىمائىي قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىردى؛ ئۈچىنچىدىن، شىڭ شىسەي ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك تىركىشىش جەريانىدا مەيلى تەسىرى جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئەمەلىي كۈچ جەھەتتىن بولسۇن ئاخىرقى ھېسابتا شىنجاڭدىكى بىرىنچى سىياسىي شەخسكە ئايلاندى.

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى سىياسىي شەخسلەر ئىچىدە ئەمەلىي كۈچى ۋە ئابرۇيى جەھەتتىن ئالغاندا شىڭ شىسەيدىن قالسىلا خوجىنىياز ئىدى.

خوجىنىياز جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇش داۋامىدا باش كۆتۈرگەن، ما جۇڭيىڭ بىلەن تىركىشىپ قۇدرەت تاپقان،

شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە تەسىرى زور شەخس ئىدى. ئۇ، شېڭ شىسەي بىلەن قارشىلىشىشتىن بىرلىشىشكە ئۆتىدۇ. ما جۇڭيىڭ بىلەن دەسلەپ بىرلىشىپ كېيىن قارشىلىشىدۇ. مۇنداق ئۆزگىرىش ۋە ئايرىلىشلار خوجىنىيازنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئوبرازىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر خىل سىياسىي كۈچلەر ئورتاق ئېتىراپ قىلغان داھىيغا ئايلاندۇرىدۇ.

تۇرپاندا باي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان مەھمۇد مۇھىتى 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ خوجىنىيازنىڭ ئىشەنچلىك ياردەمچىسىگە ئايلاندى، ئۇ مول بىلىمى ھەم سەزگۈر سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش، بولۇپمۇ مىللىي قىرغىنچىلىقنى توسۇش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. بوستان جېڭىدىن باشلاپ، خوجىنىياز باش قوماندانلىقىدىكى قۇمۇل، تۇرپان قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى ئەمەلىيەتتە مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى ۋە قوماندانلىقىدا بولدى.

1931 - يىلىدىن 1934 - يىلىغىچە شىنجاڭنى قاپلىغان ھەر خىل ئىجتىمائىي توقۇنۇشلار ھەربىر مىللەت كىشىلىرىگىچە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ يول باشلىغۇچىلىرى بىلىپ - بىلمەي بۇ توقۇنۇشلارغا قاتناشتى ھەم بارا - بارا شۇ مىللەتنىڭ ۋەكىلىگە ئايلاندى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ تەسىرى گەرچە شېڭ شىسەينىڭ يېڭىدىن تىكلىگەن ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تەۋرىتەلمىسىمۇ، لېكىن خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى ھەم باشقا ئاز سانلىق مىللەت يول باشچىلىرىنىڭ قوللىشى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنگە باراۋەر بولۇپ، بۇ نۇقتا شېڭ

شىسەيگە ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىدى.
جۇ دۇڭجياۋ شېڭ شىسەينىڭ ماسلاشتۇرۇش تەدبىرىنى مۇنداق يىغىنچاقلايدۇ: «شېڭ شىسەي ھوقۇق يۈرگۈزۈشتە يېڭى ۋەزىيەتكە لايىقلىشالايدىغان ‹سىياسىئون› ئىدى. ئۇ زېرەكلىكى بىلەن مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلەيتتى، ھىيلە - مىكرى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى ئاز بولمىغان مىللىي شەخسلەرنى تۇتۇپ تۇرالايتتى. ئۇ ئالدى بىلەن مەركەزگە خوجىنىيازنى شىنجاڭنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى. ئۇ يەنە دۇبەن نامىدىن مەھمۇد مۇھىتىنى 6 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەپ قەشقەردە تۇرۇشقا بەلگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا خوجىنىيازنى ئۆلكىدە ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازارىتى تەسىس قىلىپ، يۇ ۋېنبىن (يۇنۇس بەگ، ئۇيغۇر) نى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە نازىرلىققا تەيىنلىدى، خوجىنىيازنىڭ تۇغقىنى ئابدۇراخماننى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، مەخسۇتنى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، ئاق نىيازنى ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا، ئاق موللىنى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرىدىن تۇرغات قەبىلىسىنىڭ جەنۇبىي ئايماق باشلىقى مەنچۈكزابنى ئۆلكىلىك كومىتېت ئەزالىقىغا، قازاق زىيالىيسى بايان موللىنى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، قازاقلارنىڭ يەرلىك داھىيسى شارىپقاننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى ۋە ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا سايلىدى.
ئۇزاق ئۆتمەي، شېڭ شىسەي يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى ۋەزىپىگە قويۇشنى بىر خىل سىياسىي تەدبىر قاتارىدا كېڭەيتىپ، ھەرقايسى نازارەتلەردە مۇئاۋىن نازىر، ۋىلايەتلەردە مۇئاۋىن ۋالىي، ناھىيىلەردە مۇئاۋىن ھاكىم، ھەتتا مەكتەپلەردىمۇ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسى تەسىس قىلدى.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا، بىرىنچى باشلىق خەنزۇ بولسا، مۇئاۋىنى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولدى. بىرىنچى باشلىق ئاز سانلىق مىللەتتىن بولسا، مۇئاۋىنى خەنزۇ بولدى.

جۇ دۇڭجياۋ بۇ تەدبىرنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى مۇنداق دەپ يىغىنچاقلىغان: «پايدىلىق مەرتىۋە مىللىي زاتلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ئەمەلگە ئۇلتۇرغۇزدى، گەرچە بەزىلەرنىڭ نىيىتى باشقىچە بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ تەڭشىشى ۋە بۇيرۇقىغا بويسۇندى».

## 2. قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش ـ ئېنىقلاش

شېڭ شىسەي مىللىي رەھبەرلەرنى تەيىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئارمىيىنى تەرتىپكە سالدى ۋە ئېنىقلىدى. تۆت يىلغا (1931 — 1934 ـ يىل) سوزۇلغان ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا ئاھالىسى تۆت مىليونغا يەتمەيدىغان شىنجاڭدا قوراللىق كۈچلەر 10 نەچچە مىڭغا يەتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ، شىنجاڭ مالىيىسىگە نىسبەتەن چوڭ بىر يۈك ئىدى. ئېخىمۇ مۇھىم بولغىنى بۇ قوراللىق كۈچلەر ئۆزلىرىنى ئايرىم گورۇھ ھەتتا ھۆكۈمەت دەپ قاراپ شىنجاڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ نورماللىقىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى. شۇڭلاشقا بۇ گورۇھلارنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىش شېڭ شىسەينىڭ كۈندىلىك ئىش تەرتىپىدىكى مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى.

ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش خىزمىتى ئالدى بىلەن قەشقەردىن باشلاندى.

ما خۇسەن شېڭ شىسەينىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ خوتەنگە چېكىنگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي قەشقەرنى مەھمۇد مۇھىتى باشچىلىقىدىكى ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ مۇداپىئە

رايونى قىلىپ بېكىتتى. بۇ جايلاردىكى ما خۇسەننىڭ 36 - دىۋىزىيىسى ۋە مەھمۇد مۇھىتىننىڭ ئاتلىق 6 - دىۋىزىيىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن قوراللىق كۈچلەر تارقىتىۋېتىلدى. ئومۇمىي جەريانىدىن قارىغاندا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جايلاردا بۇ ئىش ئانچە چوڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىدى، بىراق قۇمۇلدا ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسى يولۋاس ئىدى.

ما جۇڭيىڭ داۋانچىڭدا يېڭىلىپ توقسۇنغا قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ بىلەن باشتىن - ئاخىر بىرلەشكەن يولۋاس كۈتۈلمىگەندە سوۋېت ئايروپىلانى تاشلىغان تەشۋىقات ۋەرەقىنى تېپىۋالىدۇ، تەشۋىقات ۋەرەقىدە ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەر تەسلىم بولۇشقا چاقىرىق قىلىنغان بولۇپ، تەسلىم بولسا، ئەمىلىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈش ۋەدە قىلىنغانىدى. بۇ تەشۋىقات ۋەرىقى يولۋاسنىڭ سىياسىي بۇرۇلۇش ياسىشىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ما جۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ قۇمۇلغا قايتىش قارارىغا كەلدى ھەم يېقىنلىرىدىن بىرقانچىسى بىلەن شۇ كېچىسى توقسۇندىن يولغا چىقىپ، 4 كېچە - كۈندۈزدە يەتتە كۈنلۈك يولنى تاماملاپ قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى.

يولۋاس قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەيگە تېلېگرامما يوللاپ، شېڭ شىسەينىڭ ئىشلىتىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي شېڭ شىسەي يولۋاسنى قۇمۇلنىڭ ھاكىمى دەپ ئېلان قىلدى. يولۋاس ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىدا بىرىگادا كوماندىرى بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ ۋەدىسى بويىچە بولغاندا ئۇنىڭغا دىۋىزىيە كوماندىرلىق بېرىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما يولۋاس ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن بۇ مەسىلىگە شېڭ شىسەي ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى.

قۇمۇل رايونى ما جۇڭيىڭ 2 - قېتىم شىنجاڭغا كىرگەندىن بۇيان ئاساسەن ھۆكۈمەتسىز ھالەتتە بولۇپ، جەمئىيەت

تەرتىپنى يىزا تۆرىلىرى ۋە دىنىي زاتلار قوغدايتتى. شۇڭا هاكىملىق گەرچە چوڭ ئەمەل بولمىسىمۇ، يولۋاسنى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە قىلغانىدى.

1934 ـ يىلى يازدا شىڭ شىسەي قۇمۇلنى ۋىلايەت قىلىپ (قۇمۇل ۋە باركۆل ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ليۇ يىڭلىننى ۋالىيلىققا ئەۋەتتى، ئۇزاق ئۆتمەي شۇ يۇشىڭنى قۇمۇلنىڭ گارنىزون قوماندانى قىلىپ ئەۋەتتى.

يولۋاس شىڭ شىسەينىڭ بۇ ھەرىكىتىنى، بولۇپمۇ، شۇ يۇشىڭنى گارنىزون قوماندانى قىلغانلىقىنى ئۆزىنىڭ هوقۇقىنى تارتىۋېلىشنىڭ بىر قەدىمى دەپ قاراپ، ئاۋامنى قۇترىتىپ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، شۇ يۇشىڭنىڭ قوشۇن باشلاپ قۇمۇلغا كىرىشىگە ئاشكارا توسقۇنلۇق قىلدى. ۋالىي ليۇ يىڭلىن كۇنىگە بىر قانچە قېتىم شىڭ شىسەيگە تېلېگراممىا يوللاپ، شۇ يۇشىڭنىڭ قۇمۇلغا كىرىشىنى كېچىكتۈرۈش، بۇ ئارقىلىق ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مەسلىھەتچى كودىياكزۇكنى روزى هاجى، ئابدۇراخمان مەخسۇم ۋە تۇرسۇن بابا قاتارلىق 10 نەچچە ئادەم بىلەن قۇمۇلغا بېرىپ ماجىرانى هەل قىلىشقا ئەۋەتتى.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى ليۇ يىڭلىن تەمىنلىگەن. ئۇ: «ۋەكىللەر ئۆمىكى قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، يولۋاس ئۇلارنى تۇرالغۇسىنىڭ 2 ـ قەۋىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەپ قارشى ئالمىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ، ۋەكىللەر قۇمۇلنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ، ۋاقتىنچە ئارام ئېلىپ، ئەتە ھەرقايسى ساھەدىكىلەر بىلەن ئەركىن ئۇچرىشىپ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن سۆھبەتلىشەيلى، دېدى. بىراق كودىياكزۇك بۇ گەپكە پىسەنت قىلماي، يولۋاستىن قوشۇننى تاپشۇرۇشنى خالايدىغان ياكى

خالىمايدىغانلىقىنى سورىدى. يولۋاس خۇپسەنلىك قىلىپ: مەن مۇشۇ قوشۇننى دەپ كۆپ چارچىدىم، ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئامالسىز، دۇبەننىڭ كۆرسەتمىسىمۇ يوق، ئامالنىڭ يوقلۇقىدىن ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىۋاتىمەن، مەسلىھەتچى مۇنداق سوراپ قالدىلا، مەن قوشۇننى دەرھال تاپشۇرۇشنى خالايمەن، بىراق كىمگە تاپشۇرىمەن، بۇنى دۇبەن بەلگىلىشى كېرەك دېدى. كودىياكىزۇك: دۇبەن ماڭا دېگەن، ماڭىلا تاپشۇرۇپ بېرىڭ! دېيىشىگىلا، يولۋاس بىرقانچە ئۇيغۇرنى چاقىرىپ: بۇياق پالانى پولك كوماندىرى، بۇياق پالانى باتالىئون، ئۇياق پالانى روتا كوماندىرى، سىز ئۇلارغا كۆرسەتمە بېرىڭ، مەن قوشۇننى ئۆتكۈزۈپ بەردىم، ئەمدى بۇ ئىشلارغا ئارىلاشمايمەن، دېدى ـ دە، راتسىيەخانىغا بېرىپ، شېڭ شىسەيگە تېلېگرامما يوللاپ قوشۇننى كودىياكىزۇكقا ئۆتكۈزۈپ بەردىم دەپ دوكلات قىلغاچ، كوچا دوقمۇشلىرىدىكى توساقلارنى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ، ئەلپازىنى بۇزۇپ تۇرۇپ كودىياكىزۇكقا: دۇبەن سىلەرنى ۋەقەنى تىنچلاندۇرۇپ، كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىشقا ئەۋەتكەنمۇ ياكى ئىشنى چوڭايتىشقا ئەۋەتكەنمۇ؟ سەن ئەھۋالنى تەكشۈرمەي تۇرۇپ قوشۇنۇمنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا پېتىندىڭ، سەن سوۋېت ئىتتىپاقىلىق تۇرۇپ، مېنىڭ ئىشلىرىمنى قانداقسىگە باشقۇرغۇدەكسەن؟ شېڭ شىسەينىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ بىزنىڭ شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا سېتىۋەتمەكچى، ھازىر مەن سەن كەلگەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ نەنجىڭغا بارىمەن ھەم سېنى ئىسپاتقا تارتىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىمەن، دېدى. ھايال ئۆتمەي قوراللىق مۇھاپىزەتچىلىرىنى چاقىرىپ، كودىياكىزۇكنىڭ تاپانچىسى بىلەن مىلتىقىنى تارتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئەھۋال بىراقلا جىددىيلىشىپ كەتتى».

بۇ جىددىي ئەھۋاللارنىڭ شاھىدلىرىدىن بىرى ليۇ يىڭلىن

ئىدى.

باشقىلارنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن، ئۆزگىرىشكە ماھىر يولۋاس پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق مەسلىھەتچى كودىياكىزۇكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تۆۋەندە داۋاملىق نەزىرىمىزنى ليۇ يىڭلىننىڭ ئەسلىمىسىگە ئاغدۇرۇپ باقايلى: «ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، كودىياكىزۇك يولۋاسقا تۈيۈقسىزلا: گارنىزون قوماندانى بولۇشنى خالامسىز؟ ئەگەر خالىسىڭىز بولۇڭ، دېدى. يولۋاس: دۇبەن تەيىنلىمىسە سىزنىڭ دېگىنىڭىز ھېساب بولمايدۇ، دېۋىدى، كودىياكىزۇك: بۇ ناھايىتى ئاسان، مەن دۇبەننى تەيىنلىگۈزەي، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، كودىياكىزۇك ۋەكىللەرنى (مەنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە) راتسىيىخانىغا بىرىپ شېڭ شىسەينى بىرنەرسە دېگۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. شېڭ شىسەي ئۆزى كەلمەي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مالىكوفنى سۆزلىششكە ئەۋەتتى. كودىياكىزۇك راتسىيە ئارقىلىق ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ، يولۋاسنىڭ گارنىزون قوماندانى بولۇشنى تەلەپ قىلدى. مالىكوف شېڭ شىسەيگە ۋاكالىتەن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە دۇبەن مەھكىمىسى نامىدىن تەيىنلەش بۇيرۇقى ئەۋەتتى، شۇ يۇشىڭغا قۇمۇلنى مۇداپىئە قىلىشنى يولۋاسقا تاپشۇرۇپ، قوشۇننى باشلاپ ئۈرۈمچىگە قايتىش توغرىسىدا ئايرىم بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن جىددىي ۋەزىيەت پەسكويغا چۈشتى»⑤.

قۇمۇلدا يۈز بەرگەن ئوقۇشسىزلىق شېڭ شىسەينىڭ قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش بىلەن يەرلىك كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى بىللە ئېلىپ بېرىش ئىستىكىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى.

قۇمۇلنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مالىكوفنىڭ

ئالتايغا بېرىپ شارىپقان بىلەن كۆرۈشۈپ موگخول، قازاق قىسمىنى تەرتىپكە سېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئالتايدىكى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. قوشۇن تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، ئالتاي چېگرا قاراۋۇللۇق ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ئالتاينىڭ گارنىزون قوماندانى، قوشۇمچە ۋالىيسى شارىپقاننىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. مەخسۇس «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە تەرتىپكە سېلىش - ئېنىقلاش كومىتېتى» قۇرۇلۇپ، قوشۇنلارنىڭ ئادەم سانى، قورال - ئەسلىھەلىرىنى ئېنىقلاش، قىسقارتىلغان خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

1934 - يىلىنىڭ ئاخىرى قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىش - ئېنىقلاش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى، شىنجاڭدىكى قوشۇن 12 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم چامىسىدا بولدى، بۇ، ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەردىن باشقا يەنە ئۈچ توپچى قىسىم باتالىئونى، ئىككى قۇرۇلۇش قىسىم باتالىئونى، بىر برونېۋىك ئاپتوموبىل باتالىئونى ۋە ئۈچ ئايروپىلان چوڭ ئەترىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

دۇ جۇڭيۈەننىڭ تۆۋەندىكى بايانى تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ساپاسىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى قوشۇن ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى قوشۇنغا قەتئىي ئوخشىمايتتى، ئۇلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسى يۇقىرى، زەربىدارلىقى باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ تېنى ساغلام، يېشى 20 دىن يۇقىرى، 30 ياشتىن تۆۋەن بولۇپ، ئۇلار كۈنىگە ئىككى قېتىم چېنىققاندىن سىرت، سىياسىي تەربىيە ئالاتتى ۋە قورال ئىشلىتىشنى ئۆگىنەتتى؛ ھەممە ۋىزىۋۇدتا ئېغىر تېپلىق پىلىموتتىن ئاز دېگەندە ئىككىسى بولۇپ ھەربىر ئەسكەر ئۇنى ئاتالىغاننىڭ ئۈستىگە، چۈۋۈپ

قوراشتۇرۇشنىمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا توپچى ئەسكەر ياكى باشقا ئالاھىدە ئەسكەرلەر ھەر خىل قورالنىڭ تۈزۈلۈش پرىنسىپىنى بىلەتتى، ئەسكەرلەر ھەپتىدە ئاز دېگەندە بىر قېتىم راست ئوق ئېتىش مەشىقى قىلاتتى»⑥.

## 3. ئەمەلدارلارنى پاكلاشتۇرۇش

ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىشىنى توسۇماسلىق جىن شۇرېننىڭ ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىلىدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقى ئىدى. شېڭ شىسەي ئاشۇ قايىنامدا بىرمەھەل قايىنىغاچقا بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە ئىدى، ئەمەلدارلارنى پاكلاشتۇرۇش شېڭ شىسەينىڭ يېڭى ھوقۇق مەركىزىنى بەرپا قىلىشتىكى يەنە بىر خىل تەدبىرى بولدى.

شېڭ شىسەي بۇ تەدبىرنىڭ مەنىسى ۋە يولغا قويۇش چارىسىنى مۇنداق شەرھلىگەن: «ئەمەلدارلارنى پاكلاشتۇرۇش ئەسلىدىنلا مەدەنىيەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاممىۋى ئەخلاقنى يېتىلدۈرىدۇ ۋە ئىقتىدارلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى قانۇن بويىچە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە، كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشقا ۋە ئىشلىتىشكە ئۈندەيدۇ، ھازىر ئىشلارنى تۈپتىن ياخشىلاشنىڭ چارىسى بولسا ئېھتىيات بىلەن ئادەم تاللاش ۋە ئۆستۈرۈش، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتماسلىق ۋە پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشتۇر» .⑦

1934 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شېڭ شىسەي «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ 5 ـ ماددىسى «ئەمەلدارلارنى پاكلاشتۇرۇش» ئىدى. شۇ ۋاقىتتا كىشىلەر بۇ مەزمۇن: پارىخور بۇزۇقلارنى سەگىتىپلا قالماي، 14 مىللەتكە پارىخورلارنى پاش قىلىشنى ئۆگەتتى»⑧ دېيىشكەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، شېڭ

شىسەي قول ئاستىدىكى بىر پولك كوماندىرىنــــى يوق ئادەم ھېسابىغا تەمىنات ئېلىپ يېگــەنلىكــى ئــۈچــۈن ئــېتــــپ تاشلىدى⑨ .

شۇ يىلى 6 ـ ئايدا قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ يۇقرالىرى ھاكىم شۇ ۋېنبىننىڭ پارىخورلۇق قىلغانلىقى ۋە خىزمىتىنى ئادا قىلماي يۇقراغا زىيان سالغانلىقى ئۈستىدىن ئەرز قىــلدى⑩ . شېڭ شىسەي ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يىۋۇ سوت باشلىقى، دۇبەن مەھكىمىسى ھەربىي قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ماليالڭ، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى چېڭ دۇگبەيلەر مۇئاۋىن سوت باشلىقى، ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قادىر ھاجى باش سوتچى بولغان «شــنجاڭ ئالاھىدە جىنايى ئىشلار ۋاقىتلىق سوتى» نى تەشكىــــللەپ، ئىككىنچى يىلى 2 ـ ئايدا قۇتۇبى ناھىيىســدە ئوچۇق سوت ئېچىشقا ئەۋەتتى. 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قۇتۇبى ناھىيىسىدە شۇۋېنبىنگە ئۆلۈم جازاسى بــېرىــپ نــەق مــەيــدانــدا ئــىجــرا قىلدى⑪ . بۇنىڭغا ئۇلاپلا، ئوخشاش جىنايەت، ئوخشاش تەرتىپ ۋە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن جىمسار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، كۇچا مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىقلارغا ئــۆلــۈم جــازاســى بەردى⑫ .

شېڭ شىسەي ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئــــش ـ ھەرىكىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1934 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 12 ماددىلىق «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالاش نىزامى» نى ئېلان قىلدى⑬ . ئارقىدىنلا بۇ نىزامنىڭ يولغا قويۇلۇشىنــى مەخسۇس نازارەت قىلىدىغان شىنجاڭ مالىيىسىنى نازارەت قىلىش كومىتېتىنــى قۇردى. جۇ دۇگجاۋ مالىيىنى نازارەت قىلىش كومىتېتىنىڭ رولىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: بۇ كومــتېت ئەينــى ۋاقىتتىكى ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىگە ئوخشاش ھۆكۈمەتنىڭ

ئادەتتىكى مەمۇرلىرىنى قورقۇتىدىغان ئورۇن ئىدى. ئۇ ئورگان، مەكتەپلەرنىڭ خام چوت ۋە نەق چوتلىرىنى تەكشۈرۈشكە، ئورگان، قىسىم، مەكتەپلەرنىڭ ھېسابات دەپتىرىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە ھەم ئورگان رەھبەرلىرى، دىرېكتورلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ۋە خىراجىتىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى»⑭. جاڭ داجۈن تولۇقلاپ مۇنداق دېگەن: شۇنىڭدىن كېيىن «ھەممە يەرنى مەخپىي تېلېگراممىلار قاپلاپ، بارلىق ئەمەلدارلار دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالغانىدى»⑮.

## 4. ئىشپىيونلۇق تەشكىلىنى كۆچەيتىش

شېڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلى 1934 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇرۇلدى. ئۇ ۋاقىتتا دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ رازۋېدكا ئەترىتى دېيىلىپ، پەقەت ئادەتتىكى ئاخباراتلارنى يىغىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى باۋگونىڭ (رۇسچە ئىسمى فىروخوتكا) نى شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىسى قىلىپ ئەۋەتتى. باۋگونىڭ (پروخوتكا ـ ت) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېنېرال مايور دەرىجىلىك ئالاھىدە خىزمەت خادىمى ئىدى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، دۇبەن مەھكىمىسى رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ ئاساسىدا «شىنجاڭ سىياسىي تەپتىش باشقۇرۇش ئىدارىسى» نى تەشكىللەپ، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلدى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭ سىياسىي تەپتىش باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، باۋگونىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، زېڭ يۇفۇ باش كاتىپ بولدى. بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭ سىياسىي تەپتىش باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەسلى شېڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى بولماستىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى سىياسىي تەپتىش ئورگىنى ئىدى» دەيدۇ⑯.

كېيىن، شېڭ شىسەي بىر باھانە تېپىپ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى «دۆلەت سىياسىي باشقۇرۇش ئىدارىسى» نىڭ ئىسمىغا ئوخشىشىپ قالىدىكەن دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى «شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسى» گە ئۆزگەرتتى. بۇ ئۆزگەرتىش «شىنجاڭ سىياسىي تەپتىش باشقۇرۇش ئىدارىسى» قۇرۇلۇپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، يەنى 1935 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەمەلگە ئاشتى⑰. شىنجاڭ ئامانلىقنى ساقلاش ئىدارىسىدە ئومۇمىي ئىشلار، سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مىللەت، خەلقئارا، يول ئىشلىرى قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالىي قارغا ئىبتىش مەكتىپىدە ئوقۇغان جاڭ يىۋۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىدارە باشلىقلىقىنى ۋاكالىتەن ئۆتىدى.

شېڭ شىسەي جاڭ يىۋۇنىڭ مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن جۇڭگولۇق سوۋېت كومپارتىيە ئەزالىرىنى يېنىغا تارتتى، بۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ئىشپىيونلۇق تارىخىغا ئىگە قادىر ھاجى، ياسىن، سېيىت ھاجى، ھاشىم ھاجى قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئۇيغۇر خىزمەتچىلەرنى ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇردى⑱.

1936 ـ يىلى شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسى شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقۇرۇش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى ھەم شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇنىڭ تارمىقى بولغان جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنى تەسىس قىلدى. ئومۇمىي ئادەم سانى 3 مىڭ 319، بۇنىڭ ئىچىدە ئوفىتسېر 992، ساقچى 2 مىڭ 322 بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ تۆتتىن بىرىگە يېقىنلىشىپ قالاتتى⑲. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شېڭ شىسەي ئۆزى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئىنتايىن مەخپىي تەشكىلات —

«ئالتە يۇلتۇز جەمئىيىتى» نى قۇردى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تۈزۈمى ئۆزئارا ئالاقىلىشىش مەنئى قىلىنىپ پەقەت شىڭ شىسەيگە دوكلات قىلىش ۋە شىڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىش ئىدى. جاڭ داجۇن بۇ ھەقتە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى مۇنداق دەيدۇ: «شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىدىن چۈشكەندىن كېيىن، مەن ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ تەشكىلاتنىڭ يۇقىرىدا ئۆلكىلىك كومىتېتتىن تۆۋەندە باققالغىچە، غالچىلارغىچە، ھەربىيلەر ئارىسىدا ئوفىتسېر، ئەسكەر ھەتتا ئاشپەزلەرگىچە ئەزاسىنىڭ بارلىقىنى، بولۇپمۇ ئايال كادىرلارنى ئۆزىگە تارتىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ سانى 900 دىن كۆپ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغانلىقىنى بىلدىم»⑳. بۇ ئايال جاسۇسلار خەنزۇ، ئۇيغۇر، رۇس، تۇڭگان، تاتار، قازاق قاتارلىق بىرقانچە مىللەتتىن بولۇپ، ئۈرۈمچى، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، قاراشەھەر، قۇمۇل، غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى㉑.

جۇ دۇڭجاۋ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن - پەرمانلىرى قاتتىق ئىدى، شۇڭا ھەر خىل ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايتتى. خەلق، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار، ھەربىيلەر ۋە ساقچىلارمۇ بۇ ئىشپىيونلاردىن قورقاتتى، مىنگونىڭ 26 - يىلىدىن كېيىن ئۇلار سانسىز ئىچىدە ياشاپ ھېچقانداق پائالىيەت قىلىشقا پېتىنالماس بولۇپ قالدى».

شىڭ شىسەي مىللىي كادىرلارنى كۆپەيتىش، ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئەمەلدارلارنى پاكلاشتۇرۇش، ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىنى كۈچەيتىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى مەركەز قىلغان يېڭى ھوقۇق

تۈزۈلمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى، شېڭ شىسەي بۇ ھوقۇق تۈزۈلمىسىدە ھەممىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى، قولىنى قاياققا سوزسا شۇياققا يېتىدىغان، قانداق قىلسا قىلالايدىغان بولدى.


پايدىلانمىلار

①جۇ دۇڭجاۋ: «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 28 ـ بەت؛ «شېڭ شىسەينىڭ ستالىنغا سۇنغان دوكلاتلىرى» «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دىن ئېلىندى، 3439 ـ بەت.

②«شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، 28 — 29 ـ بەت.

③ليۇ يىگۈلىن: «يولۋاسنىڭ قۇمۇل گارنىزون قوماندانلىقىنى تارتىۋېلىش جەريانى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 6 ـ سان، 165 ـ بەتكە قاراڭ.

④«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 6 ـ سان 168 — 169 ـ بەت، «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3439 — 3440 ـ بەت.

⑤«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 6 ـ سان، 169 ـ بەت.

⑥«دۇ جۇڭيۈەن»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1978 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 100 ـ بەت.

⑦شېڭ شىسەي: «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىسى» مىنگونىڭ 27 ـ يىلى 11 ـ ئاي ئۈرۈمچى نەشرى.

⑧«شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 3502 ـ بەت.

⑨جۇ دۇڭجاۋ: «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 37 ـ بەت.

⑩«قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 ـ توپلام 33 ـ بەت.

⑪يۇقىرىقى كىتاب 33 — 34 ـ بەت.

⑫«شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3501 ـ بەت.

⑬«شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 37 ـ بەت.

⑭يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑮«شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3501 ـ بەت.

⑯«شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 26 ـ بەت.

⑰يۇقىرىقى كىتاب، 32 ـ بەت.

⑱بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 268 ـ بەت؛

«شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3451 - بەت، «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 32 - بەت.

⑲ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3452 - بەت.

⑳ يۇقىرىقى كىتاب، 3454 - بەت.

㉑ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، 36 - بەت.

## 2 - بۆلۈم شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي قىياپىتىنى ئاستا - ئاستا ئاشكارىلىشى

### 1. «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» دىن «توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە» ۋە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» كىچە

1934 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يەنى «12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى» گە بىر يىل بولغاندا شېڭ شىسەي «شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەتنامە» ئېلان قىلىپ، سەككىز تۈرلۈك سىياسىي نىشان، يەنى ئاتالمىش «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» نى ئوتتۇرىغا قويدى. 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1 - قېتىملىق شىنجاڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا شېڭ شىسەي بۇ سەككىز تۈرلۈك سىياسىي نىشانغا چۈشەندۈرۈش بەردى. شۇ يىلى 11 - ئايدا سەككىز تۈرلۈك سىياسىي نىشانغا بەرگەن چۈشەندۈرۈشنى «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىسى» سەرلەۋھىسىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل يېزىقلىرىدا بېسىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقاتتى.

سەككىز ماددىلىق خىتابنامە مۇنۇلار: (1) مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ (2) دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ (3) يېزىلارغا ياردەم بېرىش؛ (4) مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش؛ (5) ئەمەلدارلارنى پاكلاشتۇرۇش؛ (6) مائارىپنى كەڭ يولغا قويۇش؛ (7)

ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى (مۇختارىيەتنى) يولغا قويۇش؛ (8) ئەدلىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاش.

بۇنى ئالدىنقى يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا ئېلان قىلىغان «ئون ماددىلىق پروگرامما» بىلەن سېلىشتۇرغاندا «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» دا «دىپلوماتىيە ئىشلىرى مەركەزنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇش، پارتىيە مەسىلىكى تەربىيىسىنى يولغا قويۇش، مالىيە مەركەز بىلەن بىردەك بولۇش» دېگەندەك مەزمۇنلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، بۇ، شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي جەھەتتىكى يېڭى تاللىشىنى ئىپادىلىگەندى.

شېڭ شىسەي «مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇش» دېگەن مەزمۇننى شەرھىلىگەندە، مىللەت ئۇقۇمىغا «مىللەت — ئىنسانلارنىڭ ئولتۇرۇشلۇق رايون ئىقتىسادىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بىر خىل ئورتاق گەۋدىسى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مىللەت — ئىنسانلارنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئاستىدا شەكىللەنگەن تىل، يوسۇن، ئادەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئورتاق گەۋدىسى، دەپ تەبىر بەرگەن. ئۇ، «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك ۋە قىرغىنچىلىق ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئىشەنمەسلىكنى جاھانگىرلارنىڭ مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە سىياستى كەلتۈرۈپ چىقارغان» شۇڭا، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، «چوقۇم جاھانگىرلار بىلەن قەتئىي رەھىمسىز جەڭ قىلىپ، جاھانگىر كۈچلەرنى قوغلاپ چىقىرىش كېرەك»(١) دەپ قارايدۇ.

«دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش» دېگەن مەزمۇننى شەرھىلىگەندە: «ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئەھۋالى بىلەن دىنىي ئېتىقاد دەرىجىسى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك» دەپ قارايدۇ» . ئۇ، «ھازىر ئىقتىساد ئارقىدا قالغان رايونلاردا دىنىي ئېتىقاد شۇنچە ئومۇملاشقان، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي ئاساسى بار. سۇبيېكتىپ قاراشقا تايىنىپ چەكلەشنى كۈچەيتىشكە

بولمايدۇ» دەيدۇ. «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش» نىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇ: «ھازىر بىزنىڭ تۆرە، ئاخۇن، بۇددا پېشۋاسى ۋە لامالارنىڭ ئورنى ھەم ھوقۇقىنى قوغدىغىنىمىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلغانلىقىمىز» دەيدۇ②.

روشەنكى، بۇ ئىككى مەزمۇن قويۇق تەشۋىقات تۈسىگە ئىگە بولۇپ، ئىپادە بىلدۈرۈش ۋە جامائەت پىكرى توپلاشتىن ئىبارەت ئىدى. 3 ـ دىن 8 ـ گىچە بولغان مەزمۇنلاردا كونكرېت تەدبىر ۋە تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. «يېزىلارغا ياردەم بېرىش» نى شەرھلىگەندە شىڭ شىسەي مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرگەن: «بىرىنچى يېڭى ھۆكۈمەت ئاۋامغا، بولۇپمۇ دېھقانلارغا پاراۋانلىق كەلتۈرىدۇ. دېھقانلارغا پاراۋانلىق كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن چوقۇم يېزىلارغا ياردەم بېرىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك؛ ئىككىنچى، پۇقراسىز دۆلەت، ئاشسىز پۇقرا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، شىنجاڭ جاھانگىرلارنىڭ قالايمىقان قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن بۇيان قاراقچىلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ يېزىلار ۋەيران بولدى، مال باھاسى ئۆرلەپ ئاشلىق قۇرۇپ كەتتى. ئاشلىقنىڭ قىس بولۇشىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، چوقۇم دېھقانلارغا ياردەم بېرىپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم؛ ئۈچىنچى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، شىنجاڭدا بولسا يېزا ئىگىلىك مۇھىم ئىقتىسادىي ئاساسنىڭ بىرى، شۇڭا، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوقۇم يېزىلارغا ياردەم بېرىش لازىم③.

«مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش» سەككىز ماددىلىق خىتابنامىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شىڭ شىسەي شىنجاڭ مالىيىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە قىيىن

شارائىتتىن قۇتۇلۇش يولى ھەققىدە كەڭ دائىرىدە تەھلىل ئېلىپ بارغانىدى. ئۇ: «1931 ـ يىلىدىن بۇيانقى ئۈچ يىل ئىچىدە شىنجاڭدا ئۈچ، تۆت سەرلىك ئۆلكە پۇلى ئىشلىتىلگەن، ئۇنىڭغا بىر دوللارلىق نەق كۈمۈش تەڭگە سېتىۋالغىلى بولاتتى. ئاستا ـ ئاستا كۇرسى چۈشۈپ ھازىرغا كەلگەندە 700 سەر ئۆلكە پۇلىغا بىر دوللارلىق نەق كۈمۈش تەڭگە سېتىۋالغىلى بولىدىغان بولدى. قەغەز پۇلنىڭ كۇرسىنىڭ مۇنداق چۈشۈپ كېتىشى ھەقىقەتەن سۆڭلۈق گەزنىڭ ئېقىن سۇدەك تېز كاساتلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەتنى مالىيىنى تەرتىپكە سالالمايدىغان ۋە پىلانلىيالمايدىغان قىلىپ قويىدى. ئىككىنچىدىن، ئېلىپ ـ سېتىش ئىپتىدائىي ھالەتتىكى مالنى ـ مالغا ئالماشتۇرۇش شەكلىگە ئۆزگەردى. كىشىلەر قەغەز پۇل ئىشلىتىشنى خالىمايدىغان، مالغا مال ئالماشتۇرۇشنى ئىستەيدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، پۇل كاپالەتلىك كۈچىنى يوقىتىپ تاۋار باھاسىنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ تۆتىنچى، كىرىم ۋە چىقىم كاپىتالىنى يوق قىلىۋەتتى. بەشىنچى، كىرىم ۋە چىقىم كاپىتالى بولمىغاچقا، سودىگەرلەر ماللىرىنى يوشۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋال يۈز بەردى.

«سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» نىڭ 5 ـ ماددىسى «ئەمەلدارلارنى پاكلاشتۇرۇش» بولۇپ، بۇ مەزمۇن شېڭ شىسەينىڭ يېڭى ھوقۇق مەركىزىنى قۇرۇپ چىقىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى، شېڭ شىسەي بۇ سىياسىي نىشاننى ئىزاھلىغاندا سالماق ۋەزىندە ئېغىر ئىبارىلەر بىلەن قىلچە يوشۇرماستىن ئۇنى يولغا قويۇش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. ئۇ: «شىنجاڭ ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېننىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدا سىياسىي جەھەتتىن چىرىپ چەككە يەتتى. ئەمەلدارلارنىڭ ئەسكىلىكى باشقا ئۆلكىلەردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ئىقتىدارسىز ئەمەلدارلارغا چەك قويۇلمىدى، جازا تەدبىرلىرى

يوق ھەم تۆزۈملەر كەمچىل بولغاچقا، يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇش، پارىخورلۇق، ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىۋېلىش، ئاۋامنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش نورمال ئەھۋال دەپ قارىلىدىغان بولغان»⑤ دېدى.

«سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئېرىشكىنى مۇشۇ تەدبىر بولدى. بولۇپمۇ شېڭ شىسەي «ئەمەلدارلارنى پاكلاشتۇرۇش» تىن پايدىلىنىپ ھوقۇق مەركىزىنى قۇرۇپ چىققان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە تەھدىدى كۆرۈنەرلىك بولدى.

مائارىپ «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» نىڭ 6 ـ ماددىسى بولۇپ شېڭ شىسەي بۇ ماددىنى ئىزاھلىغاندا تۆت تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى: ‹1› مائارىپنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش؛ ‹2› مائارىپ خىراجىتىنى كۆپەيتىش؛ ‹3› ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىش؛ ‹4› ھەربىر مىللەت ئۆز تىلى ۋە يېزىقىدا دەرس ئۆتۈش.

«سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» نىڭ 7 ـ ماددىسىنىڭ مەزمۇنى ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ بۇ نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنى ئانچە ئېنىق ئەمەس، بۇ ھەقتىكى بايان ئاساسىي جەھەتتىن ئاغزاكى ۋەدە ھەم «كەلگۈسى زامان» جۈملە شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

«سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» نىڭ ئەڭ ئاخىرقى ماددىسى ئەدلىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاش بولۇپ، شېڭ شىسەي بۇ مەزمۇننى ئىزاھلىغاندا پەقەت كەلگۈسىدە ئەدلىيىنى مۇستەقىل قىلىش ھەققىدە ۋەدە بەرگەن.

1935 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يەنى «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» نى ئېلان قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن، شېڭ شىسەي «يېڭى ئاساسىي ۋەزىپە» سەرلەۋھەسىدە ئاتالمىش «توققۇز تۈرلۈك يېڭى ۋەزىپە» نى ئوتتۇرىغا قويدى:

«جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» گېزىتى باشچىلىقىدىكى گېزىت - ژۇرناللار «توققۇز تۆرلۈك يېڭى ۋەزىپە» گە دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ ئۇنى «سەككىز ماددىلىق خىتابنامىنىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ يېڭىلىدى، ئىچكى - تاشقى سىياسىي پراگرامما ۋە جاھانگىرلىككە، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش، شىنجاڭنى مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش قاتارلىق فاڭجېنلارنى ئوتتۇرىغا قويدى» دەپ ماختىدى⑥.

بۇ باھالاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىچكى - تاشقى سىياسەت مەسىلىسى، جاھانگىرلىككە، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش، شىنجاڭ مەڭگۈ جۇڭگونىڭ زېمىنى بولۇش دېگەندەك مەسىلىلەر ھەقىقەتەنمۇ «توققۇز تۆرلۈك يېڭى ۋەزىپە» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى مەزمۇنىدى. بۇ مەزمۇنلار شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى ئومۇمىي ئەھۋالنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

«توققۇز تۆرلۈك يېڭى ۋەزىپە» مۇنۇلار: ‹1›، دىيانەتلىك، پاك بولۇش؛ ‹2›، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش؛ ‹3›، ئۇرۇشتىن ساقلىنىش، تىنچلىقنى ساقلاش؛ ‹4›، ئۆلكە بويىچە ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا سەپەرۋەر قىلىش؛ ‹5›، قاتناشنى راۋاجلاندۇرۇش؛ ‹6›، شىنجاڭنى مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى قىلىش؛ ‹7›، جاھانگىرلىككە، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە جۇڭگو - سوۋېت ئىناق ئۆتۈش سىياسىتىدە مەڭگۈ چىڭ تۇرۇش؛ ‹8›، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش؛ ‹9›، ھەر مىللەت ۋاڭ - گۇڭلىرىنىڭ، ئاخۇنلارنىڭ، لاما قاتارلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ھوقۇق - مەنپەئەتىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش.

شېڭ شىسەي «توققۇز تۆرلۈك يېڭى ۋەزىپە» نى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تەپسىلىي ئىزاھاتلارنى بەردى ۋە كونكرېت يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1935 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى مۇستەھكەملەندى ۋە كۈچەيدى. ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي پىلانى بولمىش «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» ، «توققۇز تۈرلۈك يېڭى ۋەزىپە» سى بىر ـ بىرلەپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسەن «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» ۋە «توققۇز تۈرلۈك يېڭى ۋەزىپە» ئاساسىدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«شېڭ شىسەي كەلتۈرگەن ئاپەتلەردىن خاتىرە» نىڭ مۇئەللىپى جۇ دۇڭجاۋ ئالتە بۈيۈك سىياسەتكە باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ سىياسىي بايرىقى بولغان ‹ ئالتە بۈيۈك سىياسەت› يولغا قويۇلۇپ بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشتى، جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق ئۆتۈش ئىچكى جەھەتتە ھەر مىللەت خەلقىنى يىراقتا نەزەر سېلىشقا ئۈندەپ مىللىي ئىنقىلاب ئىدىيىسىنى پەسەيتتى، تاشقى جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆزىگە تارتتى. ھېچبولمىغاندا ئۇنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ خاتىرجەم قىلدى؛ شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى شېڭ شىسەيگە مايىللاشتى، ئىچكىرىي ئۆلكىلەردىكى زىيالىي ياشلار ۋە ئىلغار كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىشىنى قوزغىدى، شىنجاڭنىڭ جۇڭگودىكى ئەڭ ئىنقىلابىي جاي ئىكەنلىكىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان بولدى ھەم شىنجاڭنىڭ جۇڭگودىكى ئىجتىمائىي ئورنى كۆتۈرۈلدى. تىنچلىق بىلەن دېموكراتىك سىياسەت خەلقنى ياشاش پۇرسىتىگە، خاتىرجەملىك ئىچىدە ۋاقىتلىق گۈللىنىشكە ئېرىشتۈرۈپلا قالماي، ھەر مىللەت خەلقىنى كۆرۈنۈشتە مەمۇرىي ئىشلارغا قاتناشتۇردى، ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ئورنى بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا كۆرۈنۈشتە ھەقىقەتەن ئۆستى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىدە ئىلگىرىلەش بولدى. پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش سىياستى ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى، پارىخورلۇقىنى بىر قېتىمدىلا تۈزەپ مەمۇرىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى چۈشكۈن ئادەتلەرنى تازىلىدى. قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بولسىمۇ شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ باقمىغان قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈپ، قول تۇتۇپ ئىشلەندى. شېڭ شىسەينىڭ كېيىنكى شەپقەتسىز سىياستى بىلەن جەمئىيەتنى تازىلاش ئىشى ‹ئالتە بۈيۈك سىياسەت›، ھەم ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلار بولمىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئالاھىدە بولغان تەقدىرىدىمۇ غەلىبە قىلالمايتتى»⑦.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش ئۈيۈشمىسىغا تايىنىلغانىدى:

1934 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شېڭ شىسەي نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە: «جەنۇبىي شىنجاڭ تىنچلاندۇرۇلدى، شىنجاڭدىكى ھەربىي ئىشلار ئاخىرلاشتى» دەپ تېلېگرامما يوللىدى. ئىككىنچى كۈنى يەنى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاممىۋى يىغىن ئېچىلدى. شېڭ شىسەي بۇ كۈننى «شىنجاڭنىڭ تىنچ بىرلىككە كەلگەن خاتىرە كۈنى» دەپ ئېلان قىلدى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۈيۈشمىسىنى قۇرۇش چوڭ يىغىنىنىڭ كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. شۇ كۈنى يەنە شىنجاڭ قوشۇنىنى «جاھانگىرلىككە قارشى قوشۇن» دەپ ئۆزگەرتتى ھەم «جاھانگىرلىككە قارشى قوشۇن مارشى» نى ئېلان قىلدى⑧.

شۇ كۈنى ئېلان قىلىنغان شىنجاڭ خەلقىنىڭ

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ پروگراممىسىدا «شىنجاڭ مەڭگۈ جۇڭگونىڭ زېمىنى» ۋە «يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش» دېگەنلەر بۇ تەشكىلات نىشانىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى قىلىندى.

جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى كومىتېت تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، شېڭ شىسەي كومىتېت باشلىقى بولدى⑨.

1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىغا كىردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شاڭخەي گۇرۇپپىسىنىڭ قورغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان يۇ شيۇسۇڭ (يەنى ۋاڭ شۇچېڭ) جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ لىشياڭ تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئۇيغۇر، سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى مەنسۇر مەدەنىيەت بۆلۈم باشلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزاسى جاڭ يىۋۇ ياشلار بۆلۈم باشلىقى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر تۈركۈم شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىمۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىغا كىرگۈزۈلدى، مەسىلەن، بۇرھان شەھىدى ئاممىۋى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى⑩. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئۆزىنىڭ ئورگان گېزىتى — «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نى نەشر قىلدى. شېڭ شىسەي شۇ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە» بىلەن ئالدىنقى يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە»، «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» گېزىتىنىڭ دەسلەپكى سانلىرىدا تەشۋىق قىلىنىدىغان مۇھىم مەزمۇنغا

ئايلاندى.

بۇرھان شەھىدى شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىياسىي ئەھۋالىغا باھا بەرگەندە مۇنداق دەيدۇ: «شۇ ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالى 1925 ـ يىلدىكى گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىشىپ كەتسە كېرەك. شۇ چاغدا شىنجاڭ جۇڭگودىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىۋاسىتە يېقىن مۇناسىۋىتى بار بىردىنبىر ئۆلكە ئىدى»⑪.

1935 ـ يىلدىن باشلاپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئۈرۈمچى، ئىلى، ئالتاي، چۆچەك ۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا 10 نەچچە شۆبە ئۇيۇشما قۇردى. 1936 ـ يىلى شېڭ شىسەي «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» بىلەن «توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە» نى «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» كە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئۆزىنىڭ ئۇنۇملۈك تەشكىلىي ۋە تەشۋىقات خىزمىتى ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇنلىغان ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي پىلانى بىلەن تەسىرلەندۈرۈپ، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۇلارنىڭ سىياسىي كۈرەش نىشانى قىلدۇردى ھەم جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى مەسىلىلەرگە بولغان كۆزقاراشلىرىنى، بولۇپمۇ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نىڭ مەزمۇنىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقاتتى.

## 2. مەھمۇد مۇھىتى قوشۇنىنى پارچىلاپ، ئۇنى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە قىستاش

1934 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىن مەلۇم بولدىكى، ئەسكىرىي كۈچى ئەڭ كۆپ بولغىنى خوتەنگە بېرىۋالغان ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى يەنى ما خۇسەن

باشچىلىقىدىكى 36 ـ دىۋىزىيە بولۇپ، ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرلىرىنى قوشقاندا ئون ئىككى مىڭ ئادەم ئىدى⑫. ئۇلار شەرقتە چىڭخەي، غەربتە پوسكامغىچە ئىگىلىگەن بولۇپ، ئادەم سانى كۆپ، تەمىناتى يېتەرلىك ئىدى.

ئەسكەر ۋە ماددىي بايلىق جەھەتتىن 36 ـ دىۋىزىيىدىن قالسا مەھمۇد مۇھىتى دىۋىزىيە كوماندىرلىقىدىكى ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيە بولۇپ، ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرى بولۇپ 1 مىڭ 500 ئادىمى بار ئىدى. بۇ قوشۇن قەشقەر بوستانلىقىغا مەركەزلەشكەن ئاساسلىق ھەربىي كۈچ ئىدى. شېڭ شىسەي ما خۇسەن قوشۇنلىرىنى ئاساسلىقى مۇشۇ قوشۇنغا تايىنىپ تىزگىنلەپ تۇراتتى.

1936 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شېڭ شىسەي ما خۇسەن بىلەن يېڭى كېلىشىم تۈزدى، كېلىشىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلار: (1) پوسكام دەرياسىنى پاسىل قىلىش، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق؛ (2) 36 ـ دىۋىزىيە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خوتەنگە مەمۇرىي خادىملارنى ئەۋەتىشىگە قوشۇلۇش، خوتەننىڭ ھەرقايسى ناھىيە ھاكىملىرى ۋە مەمۇرىي خادىملىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەيىنلەش؛ (3) 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ مۇداپىئەلىنىش دائىرىسى خوتەن رايونى بىلەنلا چەكلىنىش، ئادەم سانى 4 مىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىك، ئاشلىق ۋە يەم خەشەكنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەمىنلەش. (4) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە 36 ـ دىۋىزىيە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي مەھبۇسلارنى ئۆزئارا قويۇپ بېرىش⑬.

كېيىن شېڭ شىسەي بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى جىڭ يىجۇنى خوتەننىڭ ۋالىيلىقىغا، ما خۇسەن شتابىنىڭ باشلىقى سۇ x نى (تەشكىلدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزاسى) مۇئاۋىن ۋالىيلىققا تەيىنلىدى ھەم ئىككى نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئوقۇتقۇچىسى ۋە بىر نەپەر تەرجىماننى خوتەنگە بېرىپ، 36 ـ دىۋىزىيە ـ ئوفىتسېر

ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇشقا ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي مۇشۇنداق بىر قاتار ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ 36 - دىۋىزىيە ۋە خوتەن رايونىنى كونترول قىلالىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، شۇنىڭ بىلەن ما خۇسەننى تىزگىنلەشتە پايدىلىنىپ كەلگەن ئاتلىق 6 - دىۋىزىيە ۋە مەھمۇد مۇھىتىغا تاقابىل تۇرۇشقا يۈزلەندى.

«شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دە بۇ جەريان مۇنداق بايان قىلىنغان، شېڭ شىسەي «ئەسلىدە مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قەشقەرنىڭ گارنىزون قوماندانى بولۇشىغا قوشۇلغان قىياپەتكە كىرىۋالغان، كېيىن ئۇنى 6 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىدى. مەھمۇد مۇھىتى گەرچە بۇنىڭدىن رازى بولمىغان بولسىمۇ باشقا ئامالى يوق ئىدى. شۇ ۋاقىتتا، شېڭ شىسەينىڭ قەشقەر ئەتراپىدا ئاران ئىككى پولك يەنى، مارالبېشىدا ئاق ئورۇسلاردىن تەشكىللەنگەن بىر پولك، ئاقسۇدا بىر پولك ئەسكىرى بولۇپ، مۇشۇ كۈچكە تايىنىپ مەھمۇد مۇھىتىنى بىر تەرەپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شېڭ شىسەي سىياسىي ۋە ھىيلە - مىكىر ئىشلەتتى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن پايدىلىنىپ، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئىشلىرىنى نازارەت قىلدى، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى ۋە ئاغدۇرمىچىلىق قىلدى»⑭.

مەھمۇد مۇھىتىنى يوقىتىش مەقسەت قىلىنغان بۇ ئىشلار 1934 - يىلى 8 - ئايدا باشلانغانىدى، ئۇ ۋاقىتتا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قىرغىزلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلەك ھەربىي قوشۇنى قەشقەرگە «قېچىپ» كېلىدۇ. مەھمۇد مۇھىتى بۇ ئەھۋالنى تېلېگرامما ئارقىلىق شېڭ شىسەيگە مەلۇم قىلىدۇ. شېڭ شىسەي جاۋابەن: «مەھمۇد سىجاڭ: قىرغىز قاچقۇن ئەسكەرلەرنىڭ قوشۇنىڭىزغا تەسلىم بولغانلىقىدىن سىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئابرۇيىڭىزنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىسھاقبېك بىلەن مەۋلاننى ئەسكەر تەربىيىلەشكە قويۇپ قوراللىرىنى يىغىۋالغايسىز، ئەسكەرلىرىنى ھەرقايسى پولكلارغا تارقىتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ يەنە قېچىشىنىڭ ئالدىنى ئالغايسىز. شېڭ شىسەي، 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى»⑮ دەپ تېلېگىراممىا يوللايدۇ. كۆرۈنۈشتە شېڭ شىسەينىڭ جاۋاب تېلېگىراممىسىدا رەھبەرنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە كۆيۈنگەنلىكى، مەھمۇد مۇھىتىغا ئىشەنگەنلىكى ئىپادىلەنگەندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ «قاچقۇن» سوۋېت ئارمىيىسى 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا تەقسىم قىلىندى ھەم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغىدى. ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئىشپىيونلىرى ئىدى.

بىر ئايدىن كېيىن، يەنى 1934 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شېڭ شىسەي سوۋېت قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېرى رىبالكىننى ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيىگە ئەۋەتىپ، ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇشقا مەسئۇل قىلىدۇ. رىبالكىننىڭ ئات ماھارىتى ۋە قىلىچۋازلىق، قارىغا ئېتىش ماھارىتى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى، ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە تۈمەن دەرياسى بويىدا 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلىرىنى ئات ماھارىتى، قىلىچۋازلىق ماھارىتى بويىچە مەشىق قىلدۇرىدۇ. يەرلىك خەلقلەر ئۇلارنىڭ مەشىقىنى كۆرىدۇ. رىبالكىن ئۇزاق ئۆتمەي 6 ـ دىۋىزىيىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ۋە مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ياخشى باھاسى ھەم ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ. رىبالكىن بىر قىسىم ئوفىتسېرلارنى تاللاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىپ تەربىيىلەش تەكلىپىنى بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، مەھمۇد مۇھىتى سوۋېت قوراللىرىنىڭ سۈپىتى، قوشۇنىنىڭ ساپاسى بولۇپمۇ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئالاھىدە ئۇرۇش نەتىجىسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر

چۈشەنچىگە ئىگە بولغاچقا، شىڭ شىسەينىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن قۇربان سەئىدى، قۇربان نىياز، ئابلا قاتارلىق ئۈچ ئوفىتسېرنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاشكەنتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ.

1935 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بۇ ئۈچەيلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. مەھمۇد مۇھىتى قۇربان نىيازنى 2 ـ پولكنىڭ كوماندىرلىقىغا، ئابلانى 4 ـ پولكنىڭ كوماندىرلىقىغا، قۇربان سەئىدىنى 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ شتاب باشلىقلىقىغا ئۆستۈرىدۇ. قۇربان سەئىدى، قۇربان نىياز، ئابلا قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە تېگىشلىك ھەربىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپلا قالماي تېخىمۇ مۇھىمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاڭ فورماتسىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇزاق ئۆتمەي 6 ـ دىۋىزىيە ئورۇنلاشتۇرغان ئوفىتسېرلارنى مەشىق قىلدۇرۇش كۇرسىدا ئاستا ـ ئاستا ئاشكارىلىنىدۇ. قۇربان سەئىدى قاتارلىقلار كۇرسانتلارغا دەرس ئۆتكەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، ئىقتىسادىي نەتىجىسى ۋە ھەربىي ئەمەلىي كۈچىنى تەشۋىق قىلىدۇ. مۇشۇ چاغدا مەھمۇد مۇھىتى قۇربان سەئىدى قاتارلىقلارنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەر ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شىڭ شىسەي 6 ـ دىۋىزىيە ئوفىتسېرلىرىدىن پولك كوماندىرى سەمەت ھاجى تۆەنجاڭ قاتارلىق 10 نەچچەيلەننى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىلىم ئاشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.

سەمەت ھاجى قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقاندا شىڭ شىسەي بىرقانچە قېتىم ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە»، «توققۇز تۈرلۈك يېڭى ۋەزىپە» بولۇپمۇ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ئۆز ئاغزى بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تىنچلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە

سەمەت ھاجى قاتارلىقلار ھەربىي بولۇش سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تىنچلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغانلىقى ھەم سىياسىي نىزام بىلەن 6 ـ دىۋىزىيىدە كىشىلىك مۇناسىۋەت تۇرغۇزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەھمۇد مۇھىتى پولك كوماندىرى سەمەت ھاجى قاتارلىقلارنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىشلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيىدە كاۋاك پەيدا بولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەر جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ھاجىنىڭ سوۋېت ئالاھىدە خادىمى ئىكەنلىكىنى، قادىر ھاجىنىڭ چارلاش تورى پۈتۈن قەشقەر شەھىرىنى قاپلىغانلىقى، مەھمۇد مۇھىتى بىلەن 6 ـ دىۋىزىيە چارلاشنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئىكەنلىكىنى، 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئەھۋالىنى قادىر ھاجىغا بىۋاستە دوكلات قىلىدىغانلارنىڭ 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا تەقسىملەنگەن ئاشۇ بىر تۈركۈم «قاچقۇن» سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ[16]. بۇ ۋاقىتتا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ 6 ـ دىۋىزىيىدىكى كونترول قىلىش ھوقۇقى ۋە تەسىر كۈچى يوقىلىپلا قالماي، قەشقەر رايونىدىكى ئابرۇيىمۇ ئاستا ـ ئاستا سۇسلىشىدۇ ۋە زىيانغا ئۇچرايدۇ.

1935 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئۆلكىلىك 2 ـ قېتىملىق خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا شېڭ شىسەي قەشقەردىن كەلگەن دىنىي زات غوپۇر داموللا (ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللا) غا يۇقىرى شەرەپ بېرىپ ئالتۇن ئوردىن تەقدىم قىلىدۇ.

غوپۇر داموللا شېڭ شىسەينىڭ دوكلاتىغا ناھايىتى قايىل ئىدى. ئۇ، بۇرۇن مۇنداق دېگەن: «بۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، ئەگەر پەيغەمبەر كېلىدۇ دېيىلسە، شېڭ شىسەي دۇبەن قوشۇمچە رەئىس جانابلىرى پەيغەمبەر بولىدۇ»[17].

مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا ئېغىر ھاقارەت كەلتۈرىدىغان مۇنداق سۆزلەر غوپۇر دامولىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا زىيان سالماستىن، ئەكسىچە شېڭ شىسەينىڭ قوللىشى ۋە قوغدىشى ئارقىسىدا بارا - بارا قەشقەردىكى مۇھىم سىياسىي شەخسكە ئايلىنىدۇ.

مەھمۇد مۇھىتىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەن ۋە خاتىرجەمسىزلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشى بىلەن چىقىرىلغان «يېڭى ھايات گېزىتى» نى تۇيۇقسىزلا شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ.

«شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دە: «مەھمۇد مۇھىتى ئۇيغۇرلارنىڭ نادانلىقىنى بىلگەچكە، زور كۈچ بىلەن مەكتەپ ئېچىپ، گېزىت چىقىرىش، مىللەتپەرۋەرلىكنى تەرغىب قىلىش كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇ، قۇتلۇق ھاجىنى باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلەپ، ‹يېڭى ھايات گېزىتى› نى چىقاردى» ⑱ دېيىلگەن. قۇتلۇق ھاجى 1876 - يىلى تۇغۇلغان، 1908 - يىلى ئاتىسى بىلەن ھەجگە بارغان، كېيىن قاھىرەگە بېرىپ ئەزھەر ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. ئۇ، شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئىلمىي ئۇنۋانى ئەڭ يۇقىرى زىيالىيلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، مىللىتى ھەققىدە ئويلىنىپ، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قېلىش — ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئارقىدا قېلىشىنىڭ تۈپ يىلتىزى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. 1918 - يىلى قۇتلۇق يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى گېزىت — «ئويغىنىش» گېزىتىنى چىقىرىدۇ. بۇ گېزىت دۇنياغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەردىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە زەربىسىگە ئۇچراپ توختىتىپ قويۇلىدۇ. 1933 - يىلى 7 - ئايدا قۇتلۇق شۇ جايدىكى بىر تۈركۈم تەرەققىيپەرۋەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا «ئەركىن ھايات گېزىتى» نى نەشر قىلىدۇ.

1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ تىنچ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قۇتلۇق هاجى گېزىتىنىڭ نامىنى «يېڭى هايات گېزىتى» گە ئۆزگەرتىدۇ. مەهمۇد مۇهىتى قەشقەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، قۇتلۇق هاجىنى زور ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ. «يېڭى هايات گېزىتى» ئاساسەن «خەلقئارا خەۋەرلەر، دۆلەت ئىچى خەۋەرلىرى، ئۇيغۇر تارىخى بىلىملىرى، ئىسلام ئەقىدىلىرى، ئەرەب ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنى باساتتى. گېزىتكە بېسىلغان باشقا ماقالە ۋە ئەسەرلەردىمۇ ئاساسەن هەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىياتلارنى تونۇشتۇرۇش ۋە تەشۋىق قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىناتتى»[19]. 1935 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئەۋەتكەن جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ، ئۆمەك باشلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەزاسى مەنسۇر «يېڭى هايات گېزىتى» نى هۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋېلىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. مەهمۇد مۇهىتى قەتئىي قارشى تۇرغان بولسىمۇ، شېڭ شىسەينىڭ هۆكۈم قىلىشى بىلەن «يېڭى هايات گېزىتى» ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەهمۇد مۇهىتى شېڭ شىسەي بىلەن بولغان توقۇنۇشنىڭ ئاللىقاچان مۇقىملىشىپ قالغانلىقىنى هېس قىلىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك غوپۇر دامولla قەستلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىشتىن بۇرۇن، شېڭ شىسەي غوپۇر دامولla باشچىلىقىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى تەشكىللىگەندى، غوپۇر دامولla يولغا چىقىش ئالدىدا 6 ـ دىۋىزىيىگە كېلىپ مەهمۇد مۇهىتى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىش جەريانىدا يۇقىرىقى ۋەقە يۈز بېرىدۇ.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەهمۇد مۇهىتىنىڭ مەھرىمى ئابدۇراخمان هاجى بىلەن ئەخمەت هاجى غوپۇر دامولىنى قەستلەپ ئۆلتۈردى، دېگەن جىنايەت بىلەن، قەشقەر ئامانلىقىنى

ساقلاش قوماندانى لیۇبىڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ، ھەش - پەش دېگۈچە مەھمۇد مۇھىتى، غوپۇر داموللىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن چېتىلىپ قالىدۇ.

«شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابتا ۋەقەنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى قىسقىچە قىلىپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئارقىمۇئارقا يۈز بەرگەن ئىشلار مەھمۇد مۇھىتىنى تولىمۇ تەڭ قىسلىقتا قويدى، جەمئىيەتتە ئۆسەك سۆزلەر بىلەن ئىچكى قىسىمدا شېڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلىرى قاترايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ شىسەي تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان كادىرلار مەھمۇد مۇھىتىغا ئۆكتە قوپۇپ شېڭ شىسەينى ياقىلايتتى. بۇ ئەھۋاللار مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قوشۇنىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتاتتى. مىنگونىڭ 26 - يىلى 4 - ئاينىڭ بېشىدا مەھمۇد مۇھىتى شېڭ شىسەينىڭ ئۇنى جايلىۋەتمەكچى بولغانلىقى ھەققىدە يالغان ئاخبارات تاپشۇرۇۋالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي شىنجاڭ بويىچە 3 - قېتىملىق خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى ئېچىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، مەھمۇد مۇھىتىنى قاتنىشىشقا بۇيرۇيدۇ. 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قەشقەر ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابى ئۇنى يەنە قەشقەر يېڭىشەھەرگە مەسلىھەتكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەھمۇد مۇھىتى خەۋپنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۈرۈمچىگە بارسا قولغا ئېلىنىدۇ، بارمىسا بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. ئۇيان ئويلاپ بۇيان ئويلاپ، بىرەر تەدبىر تاپالماي، مۇھىم ئادەملىرىنى يىغىپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ. بىرقانچىسى ھازىر ھەرىكەت قىلىش بىئەپ، شېڭ شىسەيگە كۆچمىز يەتمەيدۇ، شۇڭا، چەت ئەلگە چىقىپ ۋاقىتلىق پاناھلانغىنىمىز تۈزۈك دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. مەھمۇد مۇھىتى ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىنى ھەم يولغا چىقىش تەييارلىقى قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ خەۋەر

تارقالغاندىن كېيىن قەشقەر، يەكەن، پەيزاۋات، مەكىت، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردىكى مەھمۇد مۇھىتىنى قوللىغۇچىلار ئۇنى ئۇرۇمچىگە بارماسلىققا نەسىھەت قىلىدۇ»⑳.

1937 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سەھەردە، مەھمۇد مۇھىتى 30 نەچچە ئادەمنى ئېلىپ ئاقتۇدا ئوۋ ئوۋلايمىز دېگەن باھانە بىلەن 6 - دىۋىزىيىنىڭ باش شتابىدىن شەپىسىز ئايرىلىدۇ. مەھمۇد مۇھىتى يولغا چىقىش ئالدىدا 2 - پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ياقۇپقا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان پولك كوماندىرى قۇربان نىيازنى ئېتىۋېتىش، ئاندىن ئەسكەرلەر بىلەن يېڭىساردا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق بېرىدۇ. بىراق، قۇربان نىيازنى ئۆلتۈرۈش پىلانى تولۇق ئەمەلگە ئاشماي، پەقەت پۇتى يارىلىنىپ مۇھاپىزەتچىلىرى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ. ياقۇپ ئۆزى يالغۇز يېڭىسارغا قېچىپ كېلىدۇ. يېڭىساردىكى 6 - دىۋىزىيىنىڭ 3 - پولكى مەھمۇد مۇھىتى جەمەتىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇن بولۇپ، مەھمۇد مۇھىتى 6 - دىۋىزىيە شتابىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، قىزىلنى ئەگىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل يېڭىساردىكى 3 - پولكقا كېلىدۇ ۋە 3 - پولكنىڭ كوماندىرىغا دەرھال بىر روتا ئەسكەرنى يېڭىسار بىلەن قەشقەرنىڭ پاسىلىغا ئەۋەتىپ قوغلاپ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان ئەسكەرلەرنى توسۇش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىدۇ. ئابدۇنىياز ئىسىملىك بىر روتا كوماندىرى شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە بۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا ماقۇل بولىدۇ ۋە دەرھال ئەسكەرلەرنى باشلاپ بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ روتا كوماندىرىنىڭ مۇنداق جاسارىتى ۋە ئىستىلى مەھمۇد مۇھىتى ھەم نەق مەيداندىكى بارلىق كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

مەھمۇد مۇھىتى قېچىپ چىقىشقا تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويغان بولۇپ، ئۇ، يېڭىسار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە باج ئىدارىسىدىكى مال - مۈلۈكنى ئالغاندىن كېيىن چوڭ يول بىلەن

ئۇدۇل يەكەنگە باردۇ. 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق 4 ـ تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بوسۇق نىياز مەھمۇد مۇھىتىنىڭ بۇ يەرگە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان يېقىن ئادىمى ئىدى.

مەھمۇد مۇھىتى يەكەنگە كېتىۋېتىپ بوسۇق نىيازغا ئادەم ئەۋەتىپ تۇەنجاڭ سايىمنى، بوغالتىر ئەكرەمنى ۋە ھاكىم ئەخمەتجاننى ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقى بېرىدۇ. ئۇ، يەكەنگە كەلگەندە ئۇلار ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى، مەھمۇد مۇھىتى يەكەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، باج ئىدارىسى ۋە بانكىلاردىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئېلىپ، توختىماستىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ زەرەپشان دەرياسىدىن ئۆتۈشتە ئەڭ قولايلىق جاي كاچۇڭ كەنتىگە كېلىدۇ. مەھمۇد مۇھىتى زەرەپشان دەرياسى بويىدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن بوسۇق نىياز قاتارلىق كىشىلەرگە: «سىلەر قايتىپ كېتىڭلار، شېڭ دۇبەن ئۆچ ئادەم مەن، مەن كەتكەندىن كېيىن ھەممە ئىشلار بېسىقىپ قالىدۇ»㉑، دەيدۇ.

بۇ ۋاقىتتا، قەشقەر بىلەن يېڭىسارنىڭ ئارىلىقىغا قوغلاپ كېلىدىغان ئەسكەرلەرنى توسۇشقا كەتكەن روتا كوماندىرى ئابدۇنىياز يۇقىرىدىن بۇيرۇق ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن قوشۇنىنى باشلاپ يېڭىسارغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە مەھمۇد مۇھىتىنىڭ يەكەنگە كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇ چاغدا ئابدۇنىياز مەھمۇد مۇھىتىغا ئاسىيلىق قىلغىنى ئۈچۈن قامالغان مۆيدىننى تۈرمىدىن بوشىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەھمۇد مۇھىتىنى قوغلاپ يەكەنگە باردۇ. ئابدۇنىياز بىلەن مۆيدىن يەكەنگە كەلگەندە، مەھمۇد مۇھىتى زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى كاچۇڭغا كەتكەنىدى، ئابدۇنىيازلار يەكەندە تۇرماستىن كاچۇڭغا قاراپ يول ئالىدۇ. ئۇلار زەرەپشان دەرياسى بويىغا كەلگەندە مەھمۇد مۇھىتى ئاللىقاچان دەريادىن ئۆتۈپ بولغانىدى.

مەھمۇدنى قوغلىشىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئوفىتسېر ۋە

ئەسكەرلەر يول باشلىغۇچىسىدىن ئايرىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى مۆيدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ يىغىن ئاچىدۇ ۋە يېڭىساردىن سىجالڭ سايلاش تەكلىپىنى بېرىپ ئابدۇنىيازنى دىۋىزىيە كوماندارلىقىغا كۆرسىتىدۇ. مۆيدىننىڭ تەكلىپى كۆپچىلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئابدۇنىياز روتا كوماندىرلىقىدىن بىراقلا دىۋىزىيە كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ.

شېڭ شىسەي قەشقەردە مالىيە خىزمىتىنى تەكشۈرۈۋاتقان ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى خۇشۇكاڭنى «تىنچلىق كېڭەشى» نىڭ مۇدىر ئەزالىقىغا تەيىنلەيدۇ، قۇربان نىيازنى 6 - دىۋىزىيىنىڭ مۇۋەققەت دىۋىزىيە كوماندارلىقىغا تەيىنلەيدۇ ۋە ھەربىي ئۇنۋان بېرىدۇ، ئۇلار مەھمۇد مۇھىتى كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلارنى بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، مەھمۇد مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان 17 ئادەم قاغىلىقنىڭ يىلانباغرى تاغ يولى ئارقىلىق كەشمىردىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا بارغاندىن كېيىن ياپونىيىگە كېتىدۇ. مەھمۇد 1944 - يىلى كېسەل بىلەن بېيجىڭدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## 3. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەسكەر ئارىيەتكە ئېلىپ ما خۇسەن بىلەن ئابدۇنىيازنى يوقىتىش

مەھمۇد مۇھىتى قەشقەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي خوتەننى بېسىپ ياتقان ما خۇسەننىڭ خاھىشى ۋە ھەرىكىتىگە ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يەنى مەھمۇد قەشقەردىن ئايرىلغان 4 - كۈنى ما خۇسەن شېڭ شىسەيگە تېلېگراممىا يوللاپ مەھمۇد مۇھىتىغا قەتئىي

ئەگەشمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى[23].

ما خۇسەن شېڭ شىسەيگە تېلېگرامما يوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوماندانلىق مەركىزىنى خوتەنگە قوشنا بولغان قاغىلىققا يۆتكەيدۇ. شېڭ شىسەي گەرچە ما خۇسەننىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرسىمۇ ئارىلىق يىراق قول سېلىشقا ئەپسىز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلاپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ.

6 - دىۋىزىيىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن كوماندىرى ئابدۇنىياز ماخۇسەننىڭ شېڭ شىسەيگە تېلېگرامما بەرگەنلىكى ۋە قاغىلىققا يۆتكەلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز بولۇپ، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يەكەنگە قايتىپ كەلگەندە 6 - دىۋىزىيىنىڭ يېڭىساردا تۇرۇشلۇق 3 - پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ئىسمائىلئاخۇن تۇيۇقسىز قاغىلىقتىن يەكەنگە كېلىپ ئابدۇنىيازغا ما خۇسەننىڭ شېڭ شىسەيگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

ئەسلىدە ئابدۇنىياز مۆيدىن بىللە مەھمۇد مۇھىتىنى قوغلىشىپ يېڭىساردىن ئايرىلىپ يەكەنگە كەتكەندىن كېيىن، 6 - دىۋىزىيىنىڭ يېڭىساردىكى 3 - پولكى مۇئاۋىن كوماندىر ئىسمائىلئاخۇننىڭ رەھبەرلىكىدە ئابدۇنىيازنىڭ ئىزىنى بېسىپ، يەكەنگە بارىدۇ. بىراق ئىسمائىلئاخۇن يەكەنگە يېتىپ كەلگەن ۋاقىت دەل مەھمۇد مۇھىتىنىڭ زەرەپشان دەرياسىدىن ئۆتۈپ چەت ئەلگە كېتىۋاتقان، ئابدۇنىياز مۆيدىننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن دىۋىزىيە كوماندىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ۋاقىتقا توغرا كېلەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئىسمائىلئاخۇن خەۋەرسىز قالىدۇ. ئىسمائىل ئۇششاق - چۈششەك خەۋەرلەرگە ئاساسەن، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ خوتەنگە كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوشۇننى باشلاپ قاغىلىققا جىددىي يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇنى ما خۇسەننىڭ قوشۇنلىرى قورشىۋالىدۇ.

ئىسمائىلئاخۇن قاتارلىقلار قورالسىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن ماخۇسەن ئىسمائىلئاخۇن بىلەن يالغۇز كۆرۈشىدۇ ھەم ئۇنىڭغا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى، 3 - پولكتىكى ئابدۇنىيازنىڭ كاچۇڭ كەنتىدە 6 - دىۋىزىيىنىڭ دىۋىيە كوماندىرى بولغانلىقىنى، يېقىندا قوشۇننى باشلاپ يەكەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى 36 - دىۋىزىيىنىڭ 6 - دىۋىزىيە بىلەن بىرلىكتە شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى خالايدىغانلىقىدەك مۇھىم ئىشنى ئېيتىدۇ ھەم بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئىسمائىلئاخۇننىڭ ئادەملىرىگە قوراللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى يەكەنگىچە ئۆزى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۇزىتىپ بارىدۇ.

ئابدۇنىياز شۇ كۈنى ئىسمائىلئاخۇننى ئۆزىنىڭ شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ 36 - دىۋىزىيە بىلەن بىرلىشىپ شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى ئويلىنىۋاتقانلىقىنى ما خۇسەنگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىسمائىلئاخۇننى قاغىلىققا يەنە ئەۋەتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ۋاقىتتا قەشقەر ئامانلىقىنى ساقلاش قوماندانى لىيۇبىڭ ئەۋەتكەن ئاتۇشلۇق باي كېرەم ھاجى ۋە قەشقەرلىك يەرلىك مەھسۇلات شىركىتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇكېرىم خان ئىككىسى ئابدۇنىيازغا قەشقەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن تىنچ ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىۋاتاتتى.

ئابدۇنىياز ما خۇسەنگە جاۋاب بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئابدۇقادىر ھاجى بىلەن ئابدۇللا داموللىنى ئۈچ تۈرلۈك شەرت بىلەن قەشقەرگە لىيۇبىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە ئەۋەتىدۇ. ئابدۇنىياز ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ تۈرلۈك يارىشىش شەرتلىرى مۇنۇلار: (1) ئاتلىق 6 - دىۋىزىيىنىڭ باش شتابى تۇرىدىغان ئورۇننى قەشقەردىن يەكەنگە ئۆزگەرتىش؛ (2) 6 -

دىۋىزىيىنىڭ تەمىناتىنى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى تەمىنلەش؛ (3) ئابدۇنىيازنى 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ سىجاڭى دەپ ئېتىراپ قىلىش㉔ .

ئابدۇنىيازنىڭ ۋەكىللىرى قەشقەردە ئامانلىق ساقلاش قوماندانى ۋە ئۆلكە ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى، ئەمما كونكرېت ۋەدە ئالالماي 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يەكەنگە قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇنىياز ما خۇسەن بىلەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئابدۇنىياز قاغىلىققا كېلىپ ما خۇسەن بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ ئىشقا دائىر خەۋەرلەر ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن شېڭ شىسەي 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 248 ـ قېتىملىق يىغىنىنى چاقىرىپ مۇنداق قارار قىلىدۇ: (1) تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋەن شۇەنتىڭنى ۋاڭ باۋخەننىڭ ئورنىغا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيلىقىغا تەيىنلەش؛ (2) قەشقەر ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى جياڭ يۇفېن ليۇبىڭنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ مۇۋەققەت ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانى بولۇش. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي بىر تەرەپ، ماخۇسەن بىلەن ئابدۇنىياز بىر تەرەپ بولغان سىياسىي بۆلۈنۈش ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئابدۇنىياز بىلەن مۇيدىن 1 مىڭ 500 ئادەمنى باشلاپ قەشقەرگە كىرىپ، 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ شتابى ئورۇنلاشقان يۇمىلاق شەھەرنى قورشاۋغا ئالىدۇ، 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ مۇۋەققەت شىجاڭى قۇربان نىياز شتاب مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىگە قوماندانلىق قىلىپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن، قۇربان نىياز قوشۇننى باشلاپ يېڭى

شەھەرگە چېكىنىشكە قوشۇلىدۇ ئابدۇنىياز 6 ـ دىۋىزىيە شتابىغا ئورۇنلىشىدۇ.

شۇ كۈنى يۈز بەرگەن يەنە بىر مۇھىم ۋەقە شۇكى، قەشقەر جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ھاجى تۈرمىدە قاماقلىق 300 نەچچە ئۇيغۇر ۋە قىرغىز جىنايەتچىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئاندىن بارلىق ساقچىلارنى باشلاپ يېڭىشەھەرگە چېكىنىدۇ[25].

ئابدۇنىياز 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ شتابىغا ئورۇنلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ما خۇسەنمۇ كېلىدۇ ۋە شېڭ شىسەينىڭ خىل قوشۇنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ ھەم بىر ھۇجۇم بىلەنلا ھەربىي ئايرودرومنى ئىگىلەپ، ئۇچۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بىرقانچە كۈرەشچى ئايروپىلان ۋە بىر بومباردىمانچى ئايروپىلاننى ئولجا ئالىدۇ[26]. شۇ ۋاقىتتا، ما خۇسەن قوماندانلىقىدىكى 36 ـ دىۋىزىيىدە يەتتە ئاتلىق ئەسكەرلەر برىگادىسى ۋە بىر پىيادە ئەسكەرلەر برىگادىسى بولۇپ، ئادەم سانى 40 مىڭغا يېتەتتى[27]. قەشقەرنىڭ قولدىن كېتىشى ئابدۇنىياز بىلەن ما خۇسەن بىرلەشكەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىدى. شېڭ شىسەي ئالدىراپ ـ تېنەپ ئەسكەر يۆتكەپ توققۇز ھۇجۇمچى قوشۇن تەشكىللەيدۇ. ئۇلاردىن پەقەت جياڭ يۇفېن قوماندانلىقىدىكى 1 ـ يول ھۇجۇمچى قوشۇن بىلەن قۇربان نىياز قوماندانلىقىدىكى 2 ـ يول ھۇجۇمچى قوشۇن ئۇرۇش ھالىتىدە بولۇپ يېڭىشەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، شېڭ شىسەي باشقا قوشۇنلارغا ئاقسۇغا يىغىلىش ھەم كۇچاغا دۇبەن ۋاقىتلىق قارارگاھى تەسىس قىلىپ، باشقا يول قوشۇنىنىڭ ئاقسۇغا كىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرىدۇ[28]. ئەمما شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنلىرى ئاقسۇغا يىغىلىپ بولغۇچە 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ 3 ـ ئاتلىق برىگادىسى كۇچا ئەتراپىغا يېتىپ بارىدۇ[29] ۋە ۋاڭ ئەۋلادىدىن

بولغان مەخپۇز ۋاڭنى كۇچا، شايار، بۇگۇر، توقسۇن قاتارلىق بەش ناھىيىنىڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرىدىن بىر بىرگادا تەشكىللەيدۇ. 3 - ئاتلىق بىرگاد بىلەن مەخپۇز ۋاڭنىڭ قوماندانلىق شتابى ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقىدىكى شايار ناھىيىسىگە ئورۇنلىشىپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بۇ يەردە ھەربىي پونكىت قۇرىدۇ ۋە ئاشلىق توپلايدۇ ھەم ۋاقىتلىق ھەربىي زاۋۇت قۇرۇپ گرانات، قىلىچ قاتارلىق قوراللارنى ياسايدۇ㉚. ئاقسۇ بىلەن كۇچا ئارىلىقىغا ئورۇنلاشقان بۇ قوشۇن كۇچا ئەتراپىدىكى جايلارغا پات - پات ھۇجۇم قىلىپ كۇچادىكى دۇبەن ۋاقىتلىق قارارگاھىنى ئامالسىز قالدۇرىدۇ. مائارىپ نازىرى ۋاڭ خۇڭساۋ قوماندانلىقىدىكى ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پەقەت كۇچا ئايرودرومىنى ساقلاشقا قادىر بولالايدۇ㉛. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇغا يىغىلماقچى بولغان شىڭ شىسەي قوشۇنلىرى ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلىپ كۇچا رايونىدىن ئۆتۈۋالىدۇ. 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاقسۇغا يىغىلماقچى بولغان ئەڭ ئاخىرقى قوشۇن يول ئۈستىدىكى توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئاقسۇغا يېتىپ كېلىدۇ.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىڭ شىسەي تەلىم - تەربىيە 20 - پولكىنىڭ كوماندىرى لياۋ جېڭشىننى گېنېرال مايورلۇققا ئۆستۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدۇ. 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىڭ شىسەي كۇچادىكى دۇبەن ۋاقىتلىق قارارگاھىنى ئاقسۇغا يۆتكەشنى ئېلان قىلىپ، جۇ جېڭمىيەننى قارارگاھ شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، ئۆزىگە ۋاكالىتەن ئالدىنقى سەپتىكى ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ژوكوفمۇ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئاقسۇغا يېتىپ كېلىدۇ.

شىڭ شىسەينىڭ ھەرقايسى يول قوشۇنلىرى ئاقسۇغا يىغىلىۋاتقاندا، ئابدۇنىيازنىڭ قوشۇنلىرى ھەرىكەت قىلىش

دائىرىسىنى ئاۋات ۋە ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتىدۇ شۇنداقلا ھۇجۇمچى قوشۇنى ئاقسۇ دەرياسىنى پاسىل قىلىپ شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىدۇ. ئابدۇنىيازنىڭ قوماندانلىق شتابى ئاقسۇغا 40 چاقىرىمۇ كەلمەيدىغان ئايكۆل كەنتىگە ئورۇنلاشقانىدى㉜، شاياردىن خوتەن بوستانلىقىغىچە ما خۇسەن بىلەن ئابدۇنىيازنىڭ كۈچلىرى بىرتۇتاش تېررىتورىيە شەكىللەندۈرىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنلىرى توپتوغرا 6 ـ، 7 ـ ئىككى ئاي ئاقسۇ شەھىرىگە قاپسىلىپ قالىدۇ.

جىددىي تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا شېڭ شىسەي ئاقسۇ دۇبەن قارارگاھىنىڭ شتاب باشلىقى جۇ جېڭمىيەنگە شاياردىكى ما خۇسەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ بىرىگادىسى بىلەن مەخپۇز ۋاڭنىڭ قوشۇنلىرىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئابدۇنىيازغا ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.

دەسلەپكى كۈنلەردە، ئابدۇنىيازنىڭ قوشۇنلىرى بىرونېيۇك ۋە زەمبىرەكنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئۇدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئاقسۇنىڭ غەربىدىكى ئۇچتۇرپان بىلەن ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى ئاۋاتقا چېكىنىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنلىرى ئاۋاتقا چېكىنگەن قوشۇن بىلەن كارى بولماي ئابدۇنىياز باشچىلىقىدىكى ئۇچتۇرپانغا چېكىنگەن قوشۇننى قوغلايدۇ.

ئابدۇنىياز قوماندانلىق قىلغان قوشۇن ئۇچتۇرپاندىن ئاقسۇغا، ئاندىن كەلپىنگە چېكىنىپ، كەلپىندىن ئاۋاتقا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇزاق مۇساپىلىك قوغلاپ زەربە بېرىش شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىنى چارچىتىۋېتىدۇ، ئەگرى ـ توقاي تاغ يوللىرى ئۇنىڭ قوراللىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئابدۇنىياز ئاۋاتقا قايتقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى قوغلاشنى توختىتىپ ئاقسۇ شەھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئابدۇنىياز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا يەنە بىر قېتىم ئاقسۇ

شەھەرگە 40 چاقىرىم كېلىدىغان ئايكۆل كەنتىگە كېلىپ مۇداپىئە ئىستىھكامى ياسايدۇ ھەم 1 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بار بىر قوشۇن تۇپلايدۇ. ئۈچ ئايدىن ئۇشۇق سوزۇلغان ئۇرۇش ئەھۋالىدىن مەلۇم بولدىكى، شېڭ شىسەي گەرچە ئەسكىرىي كۈچىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ ئاقسۇ رايونىدىكى تىركىشىش ۋەزىيىتىنى يەنىلا ئوڭشىيالمىغانىدى. 9 ـ ئايغا كەلگەندە، شېڭ شىسەي ئالدىنقى يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمزالىغان «ئۈچىنچى قېتىملىق سوۋېت ئىتتىپاقى ـ شىڭ شىسەي مەخپىي كېلىشىمى» گە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ پولك ئەسكىرى تويۇندىن ئۆتۈپ، ئايروپىلان ۋە تانكىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، 100 چاقىرىم كەلمەيدىغان دائىرە ئىچىدىكى مارالبېشىنى تەلۋىلەرچە توپقا تۇتىدۇ.

36 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ بىرىگادىسى مارالبېشىدا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئۆزىنى قوغداشقا ئامالسىز قالىدۇ، بىرىگادا كوماندىرى ما شېڭگۈي شېڭ شىسەيگە تېلېگرامما يوللاپ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ[33]، ئۇزاق ئۆتمەي 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 ـ بىرىگادىسى قەشقەردە شېڭ شىسەيگە تەسلىم بولىدۇ[34].

جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان ھەربىي ۋەزىيەت ئاقسۇدىكى دۇبەن قارارگاھىغا ئىلھام بېرىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاقسۇ دۇبەن قارارگاھى زەمبىرەك ۋە بروۋنېكنىڭ ياردىمىدە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئايكۆلدە مۇداپىئەلىنىۋاتقان ئابدۇنىيازغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاقسۇ دۇبەن قارارگاھى يەنە بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئايروپىلانلارنىڭ ياردىمىدە ئاۋاتقا ھۇجۇم قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم

بولغان بۇ جاينى ئىگىلەپ، ئابدۇنىيازنىڭ يەكەنگە بارىدىغان يولىنى ئۈزۈۋېتىشكە ئەۋەتىدۇ.

ئابدۇنىياز ئاۋاتنىڭ قاتتىق ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن، چېكىنىش يولىنىڭ ئۈزۈپ تاشلىنىشىدىن ئەنسىرەپ، ئايكۆلدىكى بازىسىدىن مارالبېشىغا چېكىنىدۇ. مارالبېشىنىڭ سوۋېت ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغانلىقى، 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ يەكەنگە قاراپ ماڭىدۇ. يول ئۈستىدە ئابدۇنىياز سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ يەكەنگە كىرىپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇنىياز قوشۇنىدا كۆپ قىسىم ئەسكەرلەر تارقاپ كېتىپ ياكى قوشۇندىن قېچىپ كېتىپ، پەقەتلا بىر مۇھاپىزەت ئەترىتى قالىدۇ. ئۇ، يەكەنگە بارماي يېڭىسارغا قايتىپ كېلىپ، شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇرۇشتا يارىلىنىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. كېيىنكى ئەھۋالى نامەلۇم.

بۇ ئىشلار بولۇشنىڭ ئالدىدا ماخۇسەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقارغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قەشقەردىن يەكەنگە كېلىۋالىدۇ ۋە بۇ يەردە قايتىدىن مۇداپىئە سېپى بەرپا قىلماقچى بولىدۇ. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن ئىشەنچ ۋە پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، بىر قىسىم يېقىن ئادەملىرىنى باشلاپ قاغىلىق ئارقىلىق ھىندىستانغا قېچىپ كېتىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا سوۋېت ئارمىيىسى خوتەنگە كىرىدۇ.

## 4. «جاسۇسلۇق جىنايىتى» نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ خوجىنىيازنى قولغا ئېلىش

1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شۇبھىسىزكى، شېڭ شىسەينىڭ

سىياسىي ھاياتىدا بۇرۇلۇش بولدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى خوتەنگە كىرىپ، 36 ـ دىۋىزىيىنى ئۇزۇل ـ كېسىل پاچاقلاپ تاشلىدى، شېڭ شىسەي ئاخىرى بۇ مۇنتىزىم كۈچتىن قۇتۇلدى. 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جياڭ جېيشى ئەۋەتكەن گومىنداڭنىڭ ئالاھىدە خادىمى چېن لىفۇ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شېڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىدە چوڭ زىياپەت بېرىپ، چېن لىفۇنى قارشى ئالدى. زىياپەتكە ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ۋە ئۆلكىنىڭ باشقا ھەيئەتلىرىمۇ تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ ھەمراھ بولدى، زىياپەتتە شېڭ شىسەي چېن لىفۇغا خوجىنىياز ۋە ئۆلكە ھەيئەتلىرىدىن ما شاۋۋۇ (خۇيزۇ) ، يۈ ۋېنبىن (ئۇيغۇر) ، مانچۇكزاب (موڭغۇل) قاتارلىق بىرنەچچە ئاز سانلىق مىللەت ھەيئەتلىرىنى تونۇشتۇردى.

زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خوجىنىياز قاتارلىقلار شېڭ شىسەيگە ھەمراھ بولۇپ چېن لىفۇنى مەھكىمە مېھمانخانىسىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. كۆپچىلىك شېڭ شىسەي بىلەن بىللە بىر ـ بىرلەپ خوشلىشىپ ئايرىلغان چاغدا، شېڭ شىسەي خوجىنىياز قاتارلىقلارنى ئىشخانا بىناسىغا بېرىپ ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ، خوجىنىياز قاتارلىقلار ئىشخانا بىناسىغا قەدەم قويۇشىغىلا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئەسكەرلەر دەرھال خوجىنىياز قاتارلىقلارنى قورالسىزلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، زىياپەت زالى سىرتىدا كۈتۈپ تۇرغان خوجىنىيازنىڭ 30 نەچچە مۇھاپىزەتچىلىرىنىمۇ قورالسىزلاندۇرىدۇ.

شۇ كۈنى كېچىدە، خوجىنىيازنىڭ يېقىن ۋە ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىسى ياقۇپ، ئالتۇن سۇپى، ئاقسۇپى، ئاق موللا قاتارلىقلار دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، دەرھال دۇبەن مەھكىمىسىگە يېتىپ كېلىدۇ. مەسلىھەتچى ياقۇپ، ئالتۇن سۇپى، ئاقسۇپى، ئاق موللا قاتارلىقلار دۇبەن

مەھكىمىسىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، خوجىنىياز، ما شاۋۇۋ، يۇ ۋېنبىن، مانچۇكزابلار قامالغان ئىشخانىغا باشلاپ كىردۇ. بىللە كىرگەن مەھكىمە خادىملىرى مەسلىھەتچى ياقۇپ قاتارلىقلارغا كۆرۈشكە بولىدۇكى، سۆزلىشىشكە ئىجازەت يوقلۇقىنى ئاگاھلاندۇردۇ.

مەسلىھەتچى ياقۇپ قاتارلىقلار كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالغا قاراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي داڭقىتىپ قالدى. بۇ چاغدا، بىرەيلەن مەسلىھەتچى ياقۇپ قاتارلىقلارغا دۇبەن (باشلىق) نىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئۇقتۇردۇ، مەسلىھەتچى ياقۇپ قاتارلىقلار شېڭ شىسەينىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە، شېڭ شىسەي ئۇلارغا قورال ـ ياراغ تىزىملىكىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، خوجىنىياز قاتارلىقلارنىڭ دۇبەن مەھكىمىسىدىن ئايرىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردۇ.

مەسلىھەتچى ياقۇپ قاتارلىقلار خوجىنىيازنىڭ قەسىرىگە قايتىپ بېرىپ، كېچىچە قورال ـ ياراغلارنى رەتلەپ، دەپتەرگە تىزىملاپ، مەھكىمە خادىملىرىغا بىر ـ بىرلەپ ساناپ ئۆتكۈزۈپ بېردۇ. مەسلىھەتچى ياقۇپ قاتارلىقلار بىللە كەلگەن مەھكىمە خادىملىرى بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىگە يېنىپ باردۇ. خوجىنىياز قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېتىدىغان چاغدا، مەھكىمە مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى ھېچقانداق ئىزاھات بەرمەيلا مەسلىھەتچى ياقۇپ، ئالتۇن سوپى، ئاقسوپى، ئاقموللا قاتارلىقلارنى شۇ جايدىلا قولغا ئېلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم قاماپ قويىدۇ.

ئەتىسى، خوجىنىياز ۋە باشقا ئۆلكە ھەيئەتلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ مەدەت تىلەيدۇ. شۇ چاغدا ئۇرۇمچىدىكى پۇقرالار شېڭ شىسەينىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە ئۇن ـ تۇن چىقىرالمايتتى، شەھەردىن باشقا جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام زاتلار ئۆزلىرىدىن ئەنسىرەپ تەشۋىشلەندى. جايلاردا خوجىنىياز، ما شاۋۇۋ، يۇ ۋېنبىن،

مانچۇكزاپ قاتارلىقلار مەخپىي ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقىلىپ يۈرەتتى.

شېڭ شىسەي جايلاردىكى جاسۇسلۇق ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى مەخپىي كۆزەتتى.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شېڭ شىسەي خوجىنىيازنىڭ مەھرىمى زىياۋۇدۇنغا خوجىنىيازنى يوقلاشقا ئالاھىدە رۇخسەت قىلىپ، شۇ ئارقىلىق خوجىنىيازنىڭ ھاياتلىقىنى ئىسپاتلىدى. يوقلاش مەزگىلىدە خوجىنىياز زىياۋۇدۇنغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىغا بېرىپ، باش كونسۇل ئاپرېسېفتىن شېڭ شىسەي بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىپ بېقىشنى تەلەپ قىلىش ھەققىدە بېشارەت بەردى. چۈنكى ئەينى يىلى خوجىنىياز سوۋېت باش كونسۇلى ئۇنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە كاپالەت بەرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

شۇ كۈنى زىياۋۇدۇن سوۋېت كونسۇلخانىسىغا بېرىپ ئاپرېسېفتىن خوجىنىيازنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە شېڭ شىسەي بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. ئاپرېسېف ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوقلۇقىنى ئېيتتى ۋە شېڭ شىسەيدىن تەپسىلىي سۈرۈشتۈرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. 3 ـ كۈنى زىياۋۇدۇن يەنە باش كونسۇلخانىغا بېرىپ ئاپرېسېف بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغاندا، كونسۇلخانا خادىملىرى باش كونسۇل ئاپرېسېف خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش ئۈچۈن ئالدىنقى كۈنى دۆلىتىگە قايتقانلىقىنى، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش كونسۇل زىياۋۇدۇن بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى㉟. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، ياپون جاھانگىرلىكى، تروتسكىچىلار ۋە ئۆزبېك مىللەتچىلىرىنى ئارقا تېرەك قىلىپ، ياپون ـاھانگىرلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن، شىنجاڭدا ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش

بىلەن شۇغۇللانغان، ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان، خەلقئارانىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش سېپىگە بەرگەن ياردىمىنى ئۈزۈپ قويغان خوجىنىياز باشچىلىقىدىكى سۈيىقەستچى تەشكىلاتنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا، سوۋېت ئالىي دائىرىلىرىگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، بۇ دېلونى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىپ بېرىشكە خادىم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى㊱. ئارقىدىنلا، شىنجاڭدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق خوجىنىياز قاتارلىقلارنىڭ «جىنايى پاكىتى» نى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلدى، ھەتتا خوجىنىيازنىڭ ئوغلى سەيدۇللانى ئالداپ ئاتالمىش «جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى» بولغان خوجىنىياز بىلەن ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى گېزىتكە ئېلان قىلدۇرۇپ جاكارلاتقۇزدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شېڭ شىسەي ناسىر بەگ، ئابدۇۋايىت خوجا، زايىتخان خوجا، لى فۇلىن، لى يىڭچىدىن تەركىب تاپقان مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش كومىتېتى قۇرۇپ، خوجىنىيازنىڭ كۆچمە ۋە مۇقىم مۈلۈكلىرىنى پېچەتلىدى. شۇ ئارىلىقتا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاھىدە خادىمى مەنسۇر ئالاھەتەن خوجىنىيازنىڭ قەسىرىگە كېلىپ، خوجىنىيازنىڭ خەت - چەك ساندۇقىدىن بارلىق خەت - چەكنى ئېلىپ كەتتى ㊲.

ۋۇ جۇڭشىن «شىنجاڭنى باشقۇرۇش خاتىرىسى» نىڭ مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 2 - كۈندىكى بايانىدا، خوجىنىياز قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، خوجىنىيازنىڭ ئۈرۈمچىدىكى 13 چوڭ - كىچىك ماشىنىسى، 10 نەچچە ساندۇق ماشىنا زاپچاسلىرى، 70 تۆگىسى، تۆت مىڭ قويى؛ تۇرپاندىكى بەش چوڭ - كىچىك كارىزى، بىر ماشىنىلاشقان قۇدۇقى، يىلىغا 100 دادەن ھوسۇل

بېرىلگەن ئېتىزى، 70 ئات ـ قېچىرى؛ قومۇلدىكى بەش مىڭ قويى، چوڭ ـ كىچىك بەش كارىزى، ئۈچتۇرپاندىكى بىر قورۇ ـ جايى، كۇچادىكى چوڭ باغچىسى مۇسادىرە قىلىندى دەپ خاتىرىلىگەن㊳.

خوجىنىيازنى قولغا ئېلىپ قاماپ قويۇش — شىڭ شىسەينىڭ سىياسىي سۇيىقەستىنىڭ بىر قىسمى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدىلا، ئاقسۇدىكى ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش ئوتى كۆچىيىۋاتقان چاغدا، دۇبەننى ئۆلتۈرمەكچى ۋە ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى بولغان دېگەن جىنايەت بىلەن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شىن، دۇبەن مەھكىمىسى ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى فېڭ لياڭ، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى چېن شياۋجۇ، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لەن يەنشۇلارنى قولغا ئالغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ «سۇيىقەستلىك دېلو» نىڭ چېتىلىش دائىرىسىنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ھەربىي، مەمۇرىي خىزمەتتىكى 100 نەچچە ئالاھىدە شەخسلەرنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇلارغا چاپلانغان جىنايەت «دۇبەننى ئۆلتۈرمەكچى» ۋە «ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى» دېگەن دائىرىدىن چەتنەپ كەتمىدى.

جاڭ شىن قاتارلىقلارنى خەلقئارا سىياسىي كۈچلەر بىلەن باغلاش ئىشىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاھىدە خادىمى سىيىت ھاجى، قادىر ھاجى، ھاشىم ھاجى قاتارلىقلار ئىشلىگەنىدى. شۇ چاغدا، سىيىت ھاجى ئۇرۇمچىدە ج خ ئىدارىسىدە، قادىر ھاجى قەشقەر ج خ باشقارمىسىدا، ھاشىم ھاجى قۇمۇل ج خ ئىدارىسىدە ئىشلەيتتى. ئەنگلىيىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي دائىرىسىگە كىرگەن ئالاقىدار ئاخباراتلار ئاساسلىقى قادىر ھاجىنىڭ قولىدىن، ياپونىيىدىن شەرقىي شىنجاڭغا كىرگەن ئالاقىدار ئاخباراتلار ھاشىم ھاجىنىڭ قولىدىن چىقاتتى.

هاشىم هاجى بىلەن بىر مەزگىل باردى ـ كەلدى قىلغان ھەم ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئېزىز نىيازنىڭ «ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ھاياتىم» دېگەن ماقالىسىدە هاشىم هاجىغا باھاغا بېرىپ مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇ ئەمدى 42 ياشقا كىرگەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدا تۇغۇلغان ۋە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئامانلىق ساقلاش تارماقلىرىدا ئىزچىل تۈردە تېررورلۇق بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ئاخىر بىراقلا يۇقىرى مەرتىۋىلىك مەنسەپكە ئېرىشكەنىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فەرغانە قاتارلىق جايلىرىدا نۇرغۇن بەختسىز پۇقرالارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، سانسىزلىغان ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن»㊴. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئالاھىدە خادىمى قومۇلدا باشقىچە نىقابلىنىۋالغانىدى: «ئۇ ئۇچىسىغا يېشىل ـ ئاق تىك يوللۇق تون كىيەتتى، بېشىغا هاجىلارغا خاس سۈس سېرىق سەللە ئورايتتى، پۇتىغا مەسە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇچلۇق كالاچ كىيىۋالاتتى، كىشىلەرگە ھەرقانداق نېمىگە ھەۋەس قىلمايدىغان، ئېغىر ـ بېسىق ۋە مۇلايىم كۆرۈنەتتى. مېھمانخانىسىدا نەپىس ئىشلەنگەن «قۇرئان» تىزىپ قويۇلغان، تاملىرىدا نەقىشلەنگەن «قۇرئان» سۈرىلىرى بار ئىدى. ئۇ مەسچىتكە سەھەر بېرىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيتتى ھەمدە دائىم بالدۇر بېرىپ كېيىن قايتاتتى».

ئېزىز نىياز هاشىم هاجىنىڭ مۇشۇنداق ھەرىكىتىنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق تەرىپلىگەن: «ئۇ مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى، ئەڭ مۇھىمى شۇكى، هاشىم هاجىنىڭ قومۇل جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى ئاشكارا ۋەزىپىسى گەرچە بۆلۈمچە باشلىق بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە قومۇل جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە مۇئاۋىن باشلىقلىقنى ئۆتەيتتى. ئۇ ۋەزىپىگە

تەيىنلىنىپ بىر ئاي ئىچىدىلا، قۇمۇلدىكى 12 تاغ ۋە بەش بازاردا جاسۇسلۇق تورى شەكىللەندۇرۇلگەنىدى»㊵. بۇ جاسۇسلۇق تورىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ـ خوجىنىيازنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتى ئارقىلىق ياپونىيە بىلەن تىل بىرىكتۇرگەنلىك پاكىتلىرىنى تېپىش ئىدى. ئۆلكىلىك ج خ باشقارمىسىغا خوجىنىيازنىڭ «ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۇرگەنلىكى» ھەققىدە كۆنسېرى كۆپىيىپ كېلىۋاتقان ماتېرىياللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قۇمۇلدىن كېلەتتى.

1937 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ئالاھىدە خادىم سادىقباي بىلەن نېسكىلار «خوجىنىيازنىڭ سۇيىقەست پىلانلاش دېلوسى» نى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي دائىرىلىرىنىڭ 1936 ـ يىلىدىكى پارتىيىنى تازىلاش ھەرىكىتى داۋامىدىكى كەسكىن كەيپىياتتىن قۇتۇلۇپ چىقالمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشىنى قوللىمىغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە سوۋېت كوممۇنىستلىرىنى دۈشمەن قاتارىدا كۆردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى ئاپرېسېفنى تروتسكىچى دەپ ئەيىبلىدى، ئۇنىڭغا «سادىق سوۋېت كوممۇنىستلىرىنى قانات ئاستىغا ئالغان قىياپەتتە، ئۆزىنىڭ سۇيىقەستچىلىرىنى مەسلىھەتچىلەر ئۈمىكىدىكى مۇھىم ئورۇنلارغا قويىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ھەرقايسى ئاپپاراتلارغا ئورۇنلاشتۇردى»㊶ دېيىلگەن.

ئارقىدىنلا شېڭ شىسەي دېلوغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، سوۋېت ئايروپىلانى بىلەن موسكۋاغا ئېلىپ بېرىشقا ھاۋالە قىلىپ، مولوتوف ۋە ستالىنغا تېگىدۇ دەپ يېزىپ قويىدۇ، قەتئىي مەخپىيلىكىنى بىلدۈرۈش

ئۈچۈن، پېچەت ئورنىغا شەخسىي تامغىسىنى باسىدۇ[42].

شېڭ شىسەي سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى ھەم قوشۇمچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، ئۆزىنىڭ قېيىنىنىسى ۋاڭ شۇچېڭ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىدىن شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەنسۇر، قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيسى ۋەن شيەنتىڭ، خوتەننىڭ ۋالىيسى جېڭ يىجۇن شۇنىڭدەك سوۋېت كوممۇنىستلىرى بىلەن كۆپرەك باردى ـ كەلدى قىلىشىدىغان مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى خو شۇكاڭ، تاھىربەگ، قومۇل ۋالىيسى شيۇڭ شياۋيۇەن، ئىلى ۋالىيسى چېن دېلى قاتارلىق 800 نەچچە كىشىنى قولغا ئالدى[43].

شېڭ شىسەي بىر مەزگىل، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىغا مۇۋاپىق بىر ئىزاھات بېرىشكە ئىزدىنىدۇ. 1940 ـ يىل 6 ـ ئايدا شېڭ شىسەي ستالىنغا ئەۋەتكەن دوكلاتىدا خوجىنىياز قاتارلىقلارنىڭ خاراكتېرىنى «ئەنگلىيە ـ ياپونىيە جاھانگىرلىكى ۋە جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلەتتىكى تروتسكىچى باندىتلارنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان ئومۇمىي سۇيىقەستلىك جەريانىدىكى مۇھىم بىر ھالقا» دەپ بېكىتتى. ئۇنىڭدا «بۇ، مىسلى كۆرۈلمىگەن، كەڭ ـ كۆلەملىك، خەلقئارالىق تۇنجى سۇيىقەستلىك دېلو، سوراق قىلىش نەتىجىسى ئەنگلىيە ـ ياپونىيە جاھانگىرلىكى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇل ئاپرېسىفتىن ئىبارەت تروتسكىچى باندىت ۋە جاڭ يىۋۇ، جاڭ ياشياۋ، شيۇڭ شياۋيۇەن، ۋاڭ شۇچېڭ قاتارلىقلارنىڭ پىلانلىق كۇشكۇرتۇشى ئارقىسىدا، ئەنگلىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە جاھانگىرلىكىنىڭ گۇماشتىلىرى بولغان چوڭ مىللەتچىلەر، تارىيەرلىك مىللەتچىلەر، پانئىسلامىزمچىلار، قارا نىيەتچىلەر، تەۋەككۇلچىلەر، مەسىلەن،

خوجىنىياز، جاڭ شىن، مانچۇكزاب، بۇرھان، ما شاۋۇ، بايان موللا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان» دېيىلگەن ㊹.

لېكىن خوجىنىياز تۈرمىدە 1939 - يىلىغىچە شېڭ شىسەينىڭ ئەيىبلىشىنى قەتئىي ئىنكار قىلدى. تۆۋەندە لى يىڭچى، لى فۇلىننىڭ خوجىنىيازنى سوراق قىلىش خاتىرىسىنى نەقىل كەلتۈرىمىز:

لى يىڭچى، لى فۇلىننىڭ سوئالى: «1937 - يىل 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئائىلەڭدە بىرنەچچە ئادەم مەخپىي يىغىن ئاچقان، قاتناشقانلارنى بىر - بىرلەپ دە؟

خوجىنىيازنىڭ جاۋابى: تەنھەرىكەت يىغىنىدىن ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە يىغىن ئاچمىدىم. تەنھەرىكەت يىغىنىدىن كېيىن مەن تۇرپانغا كەتتىم. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتى قوي يۇڭىغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا، مەن ئارقىلىق سودىگەرلەردىن قوي يۇڭى ئالىدىغانلىقىنى، ھەر پۇت (رۇسىيە ھېسابلاش بىرلىكى) قا 1 مىڭ 500 سەر چاي پۇلى بېرىدىغانلىقىنى دېدى. مەن ئۇلار سېتىپ بەرسىلا سىلەرگە بېرىمەن، چاي پۇلى ئالمايمەن دېدىم. شۇڭا مەن سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىدىكى دې تىڭخېنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىر نەچچە قېتىم باردىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۇڭ بار، لېكىن خوجايىن ئىچكىرىدە، سېتىش ياكى ساتماسلىقنى قارار قىلالمايمىز، دېدى. مەن سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتىگە شۇنداق دەپ جاۋاب بەردىم. شىركەت تەرەپ، ئەگەر ئۇلار ساتىمىز دېسە، ئۇلارغا پۇل بەرگەندە ئىچكىرىگە نەقلەشتۈرۈپ بەرسەك بولىدۇ، دېدى. نەتىجىدە ھەرقايسى سودا ساھەسى سېتىشقا ئۇنىماي ئىشنى بېجىرەلمىدۇق. مەن سودا شىركىتىنىڭ ئىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىرنەچچە قېتىم ئىزدەپ باردىم، كېيىن ھېچقانداق ئادەم ئۆيۈمگە كېلىپ يىغىن ئاچمىدى.

يىغىن ئېچىش ئىشى توغرىسىدا بۆلۈمچە باشلىقى ياسىن

ئالدىنقى يىل 11 ـ ئايدا مەندىن سورىغانىدى، ھەتتا 2 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يەنە سورىدى. بۇ بىرنەچچە ئايدىن بېرى، مەن دەيدىغان گەپ بولسا دېگەن بولاتتىم، ھازىرغىچە دېمەي يەنە نېمە قىلىمەن؟ سىلەر ياخشىسى سىرتتىن شۇنداق ئەھۋالنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى كۆزىتىپ بېقىڭلار، مەندىن سوراش ھاجەتسىز.

بۆلۈمچە باشلىقى ياسىن مېنى سوراق قىلغان مۇشۇ بىر نەچچە ئاي جەريانىدا مەندىن ھەممىنى سورىدى، مەن بولمىغان ئىشنى دەپ، باشقىلارغا تۆھمەت قىلمايمەن، باشقىلارنىمۇ چېتىۋالمىدىم، ئۇ، مېنىڭ تاماق خىراجىتىمنى قاتتىق قىسىۋالدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ياسىن خېلى كۆپ ھۆججەتنى ئېلىپ كېلىپ ماڭا كۆرسىتىپ: مەن ساڭا ياردەم قىلغىلى كەلدىم، ھازىر جاڭ شىن، فېڭ لياڭ، شۈليەن، ھەيئەت مۇدىرى گۇي فېن، چېن دېلى، شى باشقارما باشلىقى (شى شىچاڭنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ ھەممىسى ئىقرار قىلدى، سەنلا ئىقرار قىلمىدىڭ، جىنايەتنى سەن بىر ئادەم ئۈستۈڭگە ئالامسەن، ھازىر سەن ئىقرار قىلساڭلا ھۆكۈمەتكىمۇ پايدىسى بار، دېدى. مەن: ھۆكۈمەتكە پايدىسى بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىدىغان ئىش بولسا، مەن ھەرگىز قىلمايمەن، دېدىم.

ياسىن مۇنداق دېدى: يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى مۇشۇنداق ئىكەن، سەن شۇنداق قىلساڭ، توغرا بولىدۇ. مەن مۇنداق دېدىم: ھۆكۈمەت كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ، سەن ھاشىم ھاجى بىلەن دۇبەندىن تىلخەت ئېلىپ كەل، دۇبەن مۇشۇنداق بېجىرىشكە ئىجازەت بەرسە، ئۇ چاغدا، مەن ھۆكۈمەتكە پايدىسى بولۇش ئۈچۈن كىشىلەرگە تۆھمەت قىلاي، لېكىن بۇ ئىشنى ھاشىم ھاجى ئىككىڭ بىلسەڭلا كۇپايە قىلىدۇ، مەن ياشىنىپ قالدىم، 60 ياشتىن ئاشالمايمەن.

خوجىنىياز ئارقىدىنلا يەنە مۇنداق دېدى: ئىككىنچى كۈنى، هاشىم هاجى بىلەن لى باشقارما باشلىقى (لى يىڭچىنى دېمەكچى)، خۇكاتىپ، يەنە ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان بىر ياش كېلىپ مېنى سوراق قىلدى. مەن، باشقارما باشلىقى لى يىڭچى ۋە باشقىلارنى باشلاپ كەل دېمىدىم، سىلەرنىڭ دۇبەنگە دوكلات قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلدىم، دۇبەن مېنىڭ كىشىلەرگە ئۇۋال قىلغان - قىلمىغانلىقىمنى بىلىدۇ، دۇبەن بىلمەيدىغان، كىشىلەرگە ئۇۋال بولىدىغان ئىشنى مەن قىلمىدىم، دېدىم. نەتىجىدە باشقارما باشلىقى لى ماڭا بىر ئاز نەسىھەت قىلىپ مېنى ئاپىرىپ قويدى. كېيىن ياسىن مۇنداق دېدى: باشقىلار ھەممە ئىشنى دېدى، پەقەت سەنلا ئىقرار قىلمىدىڭ، ئۇ بەلكى كىشىلەرگە ئۇۋال بولسا، ھۆكۈمەتكە پايدىسى بولىدۇ، دېسە، هازىر، مەن كىشىلەرگە ئۇۋال قىلدىممۇ - يوق؟

لى رېنئېن مۇنداق دېدى: ئۇلار، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىقرار بولدى، سەنمۇ دېگىن، ھۆكۈمەت سېنىڭ جېنىڭنى ئالمايدۇ، دېدى، شۇڭا مەن ياسىنغا (3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ) بىر جۈملە سۆزلىگەندە، قورسىقىڭدىكى گەپ - سۆزلەرنى كۆپەيتىپ يېزىۋېلىشنى ئېيتتىم.

بەزى ۋاقىتتا، ياسىن مەن ئۇنتۇپ كەتتىم، كۆپ ياخشى سۆزلەرنى قىلدىم - دېدى، مەن توغرا سۆزلىسەم ئۇ يازدى. ئۇ ھەممە سۆزلىرىنى ماڭا دېگەندىن كېيىن، يەنە مېنىڭ سۆزلىشىمگە ئىجازەت بەردى ھەمدە ئۇ، مېنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىمنى ئۆزۈڭ قايتا ياز دەيتتى. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. ياخشىسى سەن بىر ئېغىز سۆزلە، بۇ ئازراق بولسىمۇ ماڭا پايدىسى تېگىدۇ، لېكىن يەنە سۆزلىدىم، ئەتراپلىق بولمىسا، ئۇ يېنىمدا تۇرۇپ ئېسىمگە سېلىپ قوياتتى، مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە سۆزلىدىم، لېكىن نەتىجىدە مېنىڭ

سۆزلىگەنلىرىم يەنە ئۇنىڭ كۆرسەتكىنىنىڭ 10 پىرسەنتىكىمۇ يەتمەيتتى. ياسىن بۇ سۆزلەرنى نەدىن ئىگىلىگەندۇ؟ دەپ ناھايىتى غەلىتە ھېس قىلدىم، ھازىر، مەن ھۆكۈمەتتىن ياسىن يازغان 300 نەچچە پارچە نەرسىلەرنى كۆرۈپ بېقىشنى ئۈمىد قىلاتتىم، زادى ئۇ كىم بىلەن مەسلىھەتلەشكەندۇ ياكى خەلق ئارىسىدا مۇشۇنداق گەپ ـ سۆزلەر بارمىدۇ؟ مەن ئۇ دېگەن شۇ جىنايەتچىلەر بىلەن يۈزلىشىشنى بەكمۇ خالايتتىم. يۈزلەشتۈرسە، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق ئىدى!

ياسىن سوراق قىلىش مەزگىلىدە، خەت يېزىپ بولغان بەزى نۇرغۇن قەغەزلەرنى يىرتىۋەتكەن بولسىمۇ يۆگەپ ئورام قىلىپ سومكىغا سېلىپ قوياتتى. لېكىن تاشلىۋەتمەيتتى، ئۇنىڭ مېنىڭ دېگەنلىرىمگە قارىتا يازغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىككى ئورامغا ئاساسەن كەلگەنىدى (بۇ، سۆيىقەستلىك چوڭ دېلو ياسالغان چاغدىكى ئەسلى دېلو).

مەن ھەر قېتىم سوراق قىلىنغاندىن كېيىن، دېگەنلىرىمنى ھەمراھلىرىمغا يەنە بىر قېتىم دەيتتىم، سەۋەبى مەن كەلگۈسىدە ياسىن بىلەن داۋالاشماقچىدىم. مەن ئۆلۈپ كېتىپ، لى رېنئېن ئۆلمەي چىقىپ كەتسە، ئۇۋالغا قالغانلىقىمنى ئاقلايتتى».

ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خوجىنىياز شېڭ شىسەينىڭ ئەيىبلىشىنى قەتئىي ئىنكار قىلغان، بۇ، سۆيىقەستلىك دېلونىڭ راست ـ يالغانلىقىدىكى بىر داغ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 5. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى

1934 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جۇڭخۇا سوۋېت مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى شىمالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش خىتابنامىسىنى ئېلان قىلىپ، 25

مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرنى باشلىدى، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا خەت ئەۋەتىپ، قىزىل ئارمىيىگە ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا سىچۈەن، سەنشى، سوۋېت رايونىدىن ئۆتۈپ شىنجاڭ بىلەن ئالاقىلىشىش تەكلىپىنى بەردى ھەمدە بۇنى جۇڭگو ئىنقىلابىغا نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىدى. 1935 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر قىلىۋاتقاندا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قىزىل ئارمىيە 4 - يۆنىلىش ئارمىيىسىگە بۇيرۇق بېرىپ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنى مەزكۇر يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىغا كىرگۈزدى. 1935 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىچۈەننىڭ شىمالىدىكى ئېمىيشەن تېغىدا سىياسىي بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىردى، يىغىندا ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماددىي ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، «سوۋېت چېگرىسىغىچە يۈرۈش قىلىشىمىز كېرەك، بۇ فاڭجېن نۆۋەتتىكى تۈپ فاڭجېن، بىز ئالدى بىلەن سوۋېت چېگرىسىدا بىر بازا قۇرۇپ ئاندىن شەرققە كېڭىيىمىز» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى.

1935 - يىل 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ماقۇللىغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارى» دا سەنشىدىن يولغا چىقىپ، سۈييۈەندىن ئۆتۈپ، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. قىزىل ئارمىيە بۇ قارارغا ئاساسەن ئۇزاق ئۆتمەي شەرققە يۈرۈش قىلىشنى تەشكىللىدى. لېكىن گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئۇچراپ، شەرققە يۈرۈش قىلىش سەنشىدە ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى، مەلۇم ۋاقىت تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق ج ك پ مەركىزىي

كومىتېتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن نىڭشيا رايونىنى كونكرېت ئۇرۇش رايونى قىلىپ بېكىتىپ، نىڭشيادىن ئۆتۈپ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قارار قىلدى[47].

1936 - يىل 10 - ئايدا قىزىل ئارمىيە غەربتە خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ نىڭشيادا ئۇرۇش قىلدى. لېكىن دۈشمەننىڭ كۈچى ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرغاچقا، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتكەن قىزىل ئارمىيە ئۇدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، گەنسۇغا يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، گەنسۇ تەۋەسىگە چېكىنگەن قىزىل ئارمىيىدىن غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى تەشكىللىدى، ئۇلارغا خېشى كارىدورى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ماددىي ياردىمىنى قوبۇل قىلىشنى بۇيرۇدى. 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى ھەربىي - سىياسىي كومىتېت قۇرۇپ، چېن چاڭخاۋنى بۇ كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە، شۈ شياڭچيەننى مۇئاۋىن رەئىسلىككە، لى شيەننيەن قاتارلىق توققۇز ئادەمنى كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى[48].

خېشى كارىدورى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىش كۆرۈشى مۆلچەردىكىدىن تېخىمۇ مۈشكۈل بولدى. غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى تۆت ئاي سەييارە ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ خېشى كارىدورىدىن ئۆتەلمىدى ھەمدە ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. 1937 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى ھەربىي - سىياسىي كومىتېتى يەنئەنگە جىددىي تېلېگراما ئەۋەتىپ، ھازىرقى ئەسكىرىي كۈچ ئۈچ

پولكىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. 2 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھەيئەت رىياسەتلىكى چېن چاڭخاۋ، شۇ شياڭچيەنگە تېلېگرامما يوللاپ ھازىرقى ئۈچ پولك ئەسكىرىي كۈچىنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەلىكىگە يۆتكەپ كېلىش ياكى تارقاقلىشىپ پارتىزانلارچە ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى.

3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى گەنسۇنىڭ چىلىيەنشەن تېغىدىكى شىۋۇ كەنتىدە پولك كوماندىرلىرىدىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئۇرۇنلاشتۇرۇشنى قايتىدىن تەڭشىدى ھەمدە غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ سول تارماق ئەترىتىنى قۇردى. غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ شەرققە يۆتكىلىشىگە ھەمقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چېڭ شىسەي، لى شيەننيەن، لى جورەن بۇ تارماق ئەترەتكە قوماندانلىق قىلىپ داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىپ، خېشى كارىدورىدىكى ما بۇفاڭنىڭ قىسمىنى ئىسكەنجىگە ئالدى.

لېكىن غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى ئۈنۈملۈك ھەرىكەت قوللانمىغاچقا، ئارقا ـ ئارقىدىن دۈشمەننىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىدى ۋە مۇھاسىرىدە قالدى. ئەھۋالنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشىگە قارىتا، 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈن ماۋ زېدۇڭ، جۇ دې قاتارلىقلار جۇ ئېنلەي، پېڭ دېخۇەي، رېن بىشىلارغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتۇرىدۇ ھەمدە كونكرېت تەكلىپ بېرىدۇ: A. غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن جىددىي. ئۇلارغا شەرق ۋە غەربتىن كىرىشكە ئىمكانىيەت بولماپتۇ. مەغلۇبىيەت خەۋپىگە دۇچ كېلىپتۇ. B. ما بۇفاڭلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن، ھەتتا 200 مىڭ يۈەن ۋە تېخىمۇ كۆپرەك كېتىشى مۇمكىن، ھەمدە چوقۇم خىراجەت ئاجرىتىش كېرەك.

C. بۇ ئىشنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە، ياخشىسى مۇشۇ 20 كۈن ئىچىدە بېجىرىش كېرەك. D. شەرتى: غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئۆتسۇن، ما بۇفاڭلارنىڭ يولىمىزنى توسۇماسلىقىنى ۋە غەرەزلىك زەربە بەرمەسلىكىنى سورايمىز. ئەگەر ما بۇفاڭلار غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا قوشۇلسا، غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى گەنسۇنىڭ غەربىدە توختاپ قالىدۇ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ شەرقىگە بېسىپ كىرمەيدۇ. E. ما بۇفاڭلارغا تىنچلىق پرىنسىپىنى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ، بىز بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزسە، كەلگۈسىدە چوڭ مەنپەئەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىش كېرەك ㊾. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بۇ تەكلىپىگە ما بۇفاڭ قاتارلىقلار قوشۇلماي، مۇشكۈل شارائىتتا قالغان غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنى ھەممە جايدا توسۇۋېلىپ، قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇشۇ چاغلاردا شېڭ شىسەي سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە خېشى كارىدورىغا ئادەم ئەۋەتىپ، غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ تۇرار جايىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ياردەم بەردى.

4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چېن يۈن، تېڭ دەيۈەن قاتارلىقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن، سوۋېتتىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ئىشلىرى توغرىسىدا شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇزاق ئۆتمەي شىڭشىڭشيا (ئارا يۇلتۇز) قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار قىزىل ئارمىيە غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىش تەييارلىقىنى قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چېن يۈن 50 ئاپتوموبىل ۋە كۆپلىگەن بۇيۇملارنى ئېلىپ شىڭشىڭشياغا يېتىپ كەلدى. غەربىي يۈنىلىش

ئارمىيىسىنىڭ قالغان 400 نەچچە ئادىمى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىندى، 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جەڭلەردە چېنىققان بۇ قىزىل ئارمىيە قوشۇنى ئۈرۈمچىگە كىردى.

بۇ چاغ دەل مەھمۇد مۇھىتى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن، ما خۇسەن، ئابدۇنىيازنىڭ ئەسكەرلىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي رايونلىرىدا يۈرگەن، شېڭ شىسەي ناھايىتى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بىر مەزگىل ئىدى. مول ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىنىڭ مۇداپىئە كۈچلىرىنى ۋاقىتلىق كۈچەيتتى. شېڭ شىسەي بۇ قىزىل ئارمىيە قوشۇنىنى «يېڭى گازارما» غا ئۆزگەرتتى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى چېن يۈننى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ «يېڭى گازارما» غا رەھبەرلىك قىلدى.

1937 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش سىياسىتى ئاساسىدا 2 ـ قېتىم گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلاشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى نەنجىڭ، ۋۇخەن، شىئەن، چۇڭچىڭ، تەيیۈەن، چاڭشا، گۈيلىن، لەنجۇ قاتارلىق جايلاردا 8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا 8 ـ ئارمىيە ئۈرۈمچىدىمۇ ئىش بېجىرىش ئورنى قۇردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تېڭ دەيیۈەننى 8 ـ ئارمىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى قىلىپ ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ مۇناسىۋىتى يېڭى باسقۇچقا كىردى.

1937 ـ يىل 11 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى ۋاڭ مىڭ، كاڭ شېڭ موسكۋادىن يەنئەنگە قايتىپ

كېتىۋېتىپ ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەن چاغدا ستالىننىڭ يوليورۇقى بويىچە شېڭ شىسەي بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى ۋە مەملىكەتنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى ئۈستىدە ئۇزاق سۆھبەتلەشتى، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىشتەك سىياسىي مەيداننى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى ھەتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شېڭ شىسەينىڭ بۇ ئىپادىسى بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىشنى تەلەپ قىلىشتەك سىياسىي ئارزۇسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىلىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەنئەندە شېڭ شىسەينىڭ پارتىيىگە كىرىش تەلىپىنى مۇزاكىرە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئىشقا باشقىچە قاراشتا بولغاچقا، شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىش ئىشى ئاخىر قويۇپ تۇرۇلدى⑤⓪.

شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن شىنجاڭغا كادىر ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە ھەمكارلىشىشنى ئىلتىماس قىلىپ، نازىر، مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كادىردىن تۆتنى، ۋالىي دەرىجىلىك كادىردىن توققۇزنى، ناھىيە، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىردىن 200 نى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شېڭ شىسەينىڭ كادىر ئەۋەتىش تەلىپىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى ھەمدە پارتىيە كادىرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەت فاڭجېنىنى بەلگىلىدى؛ (1) شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى، ئەنگلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشىدىن ساقلىنىش؛ (2) جياڭ جيېشىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغۇزۇش، ئەمما سوۋېت

ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يىرىكلەشتۈرمەسلىك؛ (3) جياڭ جيېشى گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىۋېلىشىغا يول قويماسلىق؛ (4) تەشكىلاتلارنى كېڭەيتمەسلىك، كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلماسلىق، پارتىيىنىڭ قىياپىتىنى ئاشكارىلىماسلىق ⑤1.

1937 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شۇ مېڭچيۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋالىنىشقا كېتىۋېتىپ ئۈرۈمچىگە چۈشكەندە شېڭ شىسەي ئۇنى ئەپقېلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋالىنىشقا كېتىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كادىرى خەن گۇاڭنى ئەپقېلىپ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئاديۇتانتلىقىغا تەيىنلىدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ مېڭچيۇ بىلەن خەن گۇاڭنىڭ شېڭ شىسەي ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى تەستىقلىدى. 1938 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شېڭ شىسەي ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۈرۈمچى ئارقىلىق داۋالىنىشقا كېتىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كادىرى ماۋزېمىننىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقى، مۇۋەققەت نازىرلىقىنى ئۆتەپ بېرىشكە، ليۇ شىپىڭنىڭ قۇمۇلنىڭ ۋالىيلىقىنى ئۆتەپ بېرىشكە تەستىقلاشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى گازارمىدىكى خۇاڭ خۇچىڭنى يۆتكەپ كېلىپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىنى، قوشۇمچە سوت قىلىش كومىتېتىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتەپ بېرىشنى، ۋاڭ شياۋچۈەننى شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى، پەن تۇڭنى خوتەننىڭ گارنىزون قوماندانلىقى قوشۇمچە ۋالىيلىقىنى، فۇچيەننى باركۆل چېگرا قاراۋۇللۇق چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتەپ

بېرىشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭگۇ كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتۈشىنى تەستىقلىدى.

1937 - يىل 4 - ئايدىن بۇيانقى چوڭ تازىلاشتا شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىقىشىنى قوللاپ «12 - ئاپرېل ۋەقەسى» نى پىلانلىغۇچىلاردىن قىپقالغان جاڭ شىن قاتارلىقلارنى يوقىتىپلا قالماي، بۇرۇن ئۆزى ئۈچۈن كەڭ ئىجتىمائىي ئاساس تىكلىگەن خوجىنىياز، مانچۇكزاب، ما شاۋۇ، يۇ ۋېنبىن قاتارلىق بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت داھىيلىرىنى يوقاتتى. ئېغىر بولغىنى شۇكى، چوڭ تازىلاشقا سانسىزلىغان ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدار چېتىلغاچقا، شېڭ شىسەينىڭ كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئاساسى زور دەرىجىدە بوشاپ كەتتى. ئۇ، كادىرلار كۈچىنىڭ كەمچىللىكىنى كۈنسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئاخىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كادىرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كادىرلار قوشۇنىنى تولۇقلاشنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

ماۋ زېمىن قاتارلىق كىشىلەر ۋەزىپە ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن شىنجاڭغا كادىر ئەۋەتىشنى داۋاملىق تەلەپ قىلدى. 1938 - يىل 3 - ئايدىن باشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كادىرلىرى يەنئەندىن ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا كىردى. بىرىنچى تۈركۈمدە لىن جىلۇ قاتارلىق ئۈچ ئادەم رېن بىشى بىلەن بىللە شىنجاڭغا كىرگەن. رېن بىشى موسكۋاغا داۋالىنىشقا كەتكەن، لىن جىلۇ شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولدى، باشقا ئىككى ئادەممۇ ئوخشاش بولمىغان رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە قويۇلدى. ئىككىنچى تۈركۈمدىكى كادىرلار 1938 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭغا كىردى، ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى كادىرلار شۇ يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭغا كىردى.

## 6. شىڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى چەتكە قېقىش نىيىتىدە بولۇشى

تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ئەزالىرىنىڭ پەيدا بولۇشى شىڭ شىسەينىڭ زور سىياسىي نىقابىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ياخشىلىدى. 1938 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ستالىنىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىڭ شىسەي ئايالى چيۇ يۈيفاڭنىڭ كۆزىنى داۋالىتىش باھانىسى بىلەن موسكۋادا زىيارەتتە بولىدۇ. شىڭ شىسەي موسكۋادىكى مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ستالىن، مولۇتوف، ۋورۇشىلوف قاتارلىقلارنىڭ بىرقانچە قېتىم قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. شىڭ شىسەي ستالىن قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشكەندە ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، سىياسىي مەيدانىنى روشەن ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: شىنجاڭ جۇڭگودىكى ئەڭ قالاق ۋە ئېچىلمىغان ئۆلكە، ئەگەر شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچى، مۇتەخەسسىس، تېخنىك خادىملىرى ھەم مۇھىم ئۈسكۈنىلىرى جەھەتتە ياردەمگە ئېرىشىپ تەرەققىي تاپسا، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىرقانچە ئۆلكىنىڭ ئېچىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، كەلگۈسىدە ھىندىستانغىمۇ زور تەسىر كۆرسىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن 450 مىليون جۇڭگولۇق ۋە 300 مىليون ھىندىستانلىقنى كوممۇنىزمنى تېخىمۇ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتۇق. مۇنداق بولغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە داھىي ستالىنىنىڭ لېنىنىنىڭ «ئاسىيادىكى قالاق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىش» دېگەن ۋەسىيىتىنىڭ سادىق ئىجراچىلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان

بولاتتى»[52].

شېڭ شىسەي تەھلىللىرىنىڭ ستالىننىڭ ياخشى باھاسى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىشتەك سىياسىي ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شېڭ شىسەي موسكۋادا كۆتكىنىگە ئېرىشىدۇ. زىيارەت ئاخىرلىشىدىغان ۋاقىتتا ستالىن شېڭ شىسەينىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلاردا ياردەمگە ئېرىشىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇپلا قالماي، سىياسىي جەھەتتىكى تەلىپىنىمۇ قاندۇرۇپ، سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىدۇ ۋە 1859511 ـ نومۇرلۇق سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزالىق كىنىشكىسى بېرىدۇ[53].

ئەتراپلىق كۆتۈش، قىزغىن كەيپىيات، بولۇپمۇ ستالىن، مولۇتوف، ۋورۇشىلوف قاتارلىقلارنىڭ كۆپ قېتىم قوبۇل قىلىشىدىن شېڭ شىسەي جۇڭگونىڭ بىر مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئۆلكىسىدە ئېرىشكەن شەرەپ ۋە ھوقۇقىنىڭ ئۆزى ئېرىشىشكە تېگىشلىك شەرەپ ۋە ھوقۇقنىڭ ھەممىسى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت مىقياسىدا تامامەن ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئوبرازىنى تىكلەپ ھەم پۈتۈنلەي يېڭى بولغان سىياسىي ئارقىلىق ئۆزىنى زىنھەتلەش قارارىغا كېلىپ، جۇڭگو مۇنازىرە ساھەسىدىكى يادرولۇق شەخس دۇ جۇڭيۈەننى تاللايدۇ.

شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى نۇرغۇنلىغان ئەربابلار ئىچىدە شەخسىي مۇناسىۋەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۇ جۇڭيۈەننىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەممىدىن قويۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلانغان دېيىشكە بولاتتى. كېيىن ئۇلار ياپونىيىدىمۇ بىللە ئوقۇدى، ئۇ چاغدا شېڭ شىسەي ھەربىي ئىلىم ئۆگەنسە دۇ

جۇڭيۈەن ساپالچىلىقنى ئۆگىنىدۇ. ئوقۇشنى تۈگىتىپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن شېڭ شىسەي ھەربىي خىزمەت ئۆتەيدۇ. دۇ جۇڭيۈەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. ئەمما ئىشلار دۇ جۇڭيۈەننىڭ ئويلىغىنىدەك چىقماي، پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپلا، ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىنىشىغا ئۇچرىغاچقا، مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلقنى ئويغاتماقچى بولىدۇ.

1937 - يىلى 10 - ئايدا دۇ جۇڭيۈەن نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن، شېڭ شىسەي بىلەن غەربىي شىمالغا تۆمۈريول ياتقۇزۇش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. دوستلار ئۇچراشقاندا ناھايىتى خۇشاللىققا چۆمىدۇ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى دۇ جۇڭيۈەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇ، شاڭخەيدە چىقىدىغان «ياپونغا قارشى ئۇرۇش» ژۇرنىلىدا «شىنجاڭغا بارايلى» سەرلەۋھىلىك 21 پارچە مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىپ، شىنجاڭدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. 1938 - يىلى 4 - ئايدا دۇ جۇڭيۈەن 21 پارچە ماقالىسىنى «شېڭ شىسەي ۋە يېڭى شىنجاڭ» دېگەن نامدا توپلام قىلىپ، شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ سىياسىي نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ.

1938 - يىلى 6 - ئايدا دۇ جۇڭيۈەن شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن شىنجاڭنى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، «شىنخۇا گېزىتى» دە ئېلان قىلغان تەسىرات ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «شىنجاڭدىكى بارلىق ئىشلار ھەر ۋاقىت تەرەققىي قىلىۋېتىپتۇ»[55].

1938 - يىلى 10 - ئايدا دۇ جۇڭيۈەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي پالاتاسىنىڭ باشلىقى كۇڭ شاڭشىنىڭ يۈزتۇرانە ھاۋالە

قىلىشى بىلەن، ئالتۇن كان ئېچىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلىشىش ئۈچۈن، 3 ـ قېتىم شىنجاڭغا كېلىدۇ.

دۇ جۇڭيۈەننىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بولغان دوستلۇقى ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلانغان بولسىمۇ، كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، دۇ جۇڭيۈەن ئۆزى ماختاپ تەشۋىق قىلىۋاتقان شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي پائالىيەت مىزانى ۋە جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتى.

شېڭ شىسەينىڭ موسكۋاغا قىلغان سەپىرى ئۇنىڭ سىياسىي قارا نىيىتىنى تېخىمۇ قۇتراتسا، 1859511 ـ نومۇرلۇق سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزالىق كىنىشكىسى شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ قارىشىچە، ئۆزى شىنجاڭدىلا تەڭداشسىز داھىيلىق ئورۇنغا ئېرىشىپ قالماي، كوممۇنىزىم بايرىقى ئاستىدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆتۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى دېڭ فا بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىدۇ.

شېڭ شىسەي ماۋ زېدۇڭ ۋە جۇدېغا توختىماي خەت يېزىپ، دېڭ فانىڭ قىلمىشلىرىنى چەكتىن ئېشىپ كەتتى دەپ ئەيىبلەپ، ئۇنى يەنئەنگە قايتۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ كېسەل كۆرستىش سەپىرىدە ئۈرۈمچىگە چۈشكەن جۇ ئېنلەيگە، دېڭ فا ماۋ زېدۇڭغا قارشى، دەپ چاقىدۇ[56].

شۇنىڭ بىلەن بىرگە شېڭ شىسەي، 1939 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان خۇاڭ خۇچىڭ، لىن جىلۇ، گاۋ دېڭفاڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم جۇڭگو كومپارتىيىسى كادىرلىرىنى شىنجاڭدىكى ھوقۇق مەركىزىدىن

يىراق بولغان ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىلدۇ[57].

شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرى تىل قىسىنچىلىقىغا ئۇچراپ، جايلاردىكى ئىجتىمائىي تەسىر كۈچى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ئەمما، خۇڭ خۇچېڭ، لىن جىلۇ، گاۋ دېڭفاڭ قاتارلىقلارنىڭ ۋەتەن، خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئۆلگىلىك ئىشلىرى شۇ جايلاردىكى ئۇيغۇرلارغا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەخلاقى ۋە سالاپىتىنى نامايان قىلىپ، ئىلغارلىق ۋە ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچىدۇ.

1939 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى چېن تەنچيۇنى دىڭ فانىڭ ئورنىغا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. چېن تەنچيۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ئاساس قىلىپ بىرلىك سەپ سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويىدۇ[58].

شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى مەقسەتلىك ئاجىزلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇ جۇڭيۈەنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى كۆتكىنىدەك جارى قىلدۇرمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا مەردانە روھقا ئىگە دۇ جۇڭيۈەن شېڭ شىسەينى ئەڭ ئالىي نەزەرىيىچىلەر ساھەسىگە كۆتۈرگەن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نىمۇ تەنقىدلەيدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي دۇ جۇڭيۈەنىڭ پائالىيەتلىرى ئىشپىيونلار تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى خىزمەتلەر توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن دۇ جۇڭيۈەن ئىززەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئېغىر دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ غەزەپلىنىدۇ ۋە 1939 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئىستىپا سورايدۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن، دۇ جۇڭيۈەنىڭ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقلىقىدىن ئىستىپا

سورىغان تەلىپى تەستىقلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن خالىغانچە ئايرىلماسلىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ.

1940 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شېڭ شىسەي رەسمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دۇ جۇڭيۈەننى قولغا ئالىدۇ. شۇ ئايدا شېڭ شىسەي قولغا ئېلىش دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ، «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» دېگەن كىتابتىكى تىزىملىكتە ئالتاينىڭ ۋالىيسى شارىپقان (قازاق)، جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قۇربان سەيدى (ئۇيغۇر)، مالىيە نازارى قۇربان نىياز (ئۇيغۇر)، قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بېكدىيوف (بېلىرۇس)، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى ھەم ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا داموللا (ئۇيغۇر)، ئەلەن چىنۋاڭ (قازاق)، بېزى بۇغدەي (قازاق)، ما لياڭچۈن ئاخۇن (خۇيزۇ)، ئاقتى ھاجى (قازاق)، جاۋدەن، گاۋ داۋ قاتارلىق 1 مىڭ 200 دىن ئارتۇق ئادەم بار[60].

كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش جەمئىيەتتە ئېغىر ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلىدۇ. كىشىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، شېڭ شىسەي دۇ جۇڭيۈەن دېلوسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلى ئودىيانكىغا چېتىپ، ئودىيانكىنى دۇ جۇڭيۈەن دېلوسىدىكى ئاساسلىق جىنايەتچى، تروتسكىچى دەپ ئەيىبلەپ، ستالىننىڭ ئادەم ئەۋەتىپ سوراقتا قاتناشتۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ[61]. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئەمەلدارى گروۋزىن بىلەن چاكروۋزىننى ئۈرۈمچىگە ئودىيانكىنى سوراق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ[62].

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئىككى تاشقى ئىشلار ئەمەلدارىغا جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قۇربان سەيدى، مالىيە نازىرى قۇربان نىياز ۋە قۇرۇلۇش نازىرى ھەم ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا داموللا

قاتارلىقلارنىڭ ئىقرارنامىسىنى بېرىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلى ئودىيانكىنىڭ بۇ دېلودىكى ئەھۋالى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دېلوغا مۇناسىۋەتلىك جىنايەتچىلەرنى تەكشۈرۈش جەريانىدا يېتەرلىك ئىسپاتقا ئېرىشمەيلا قالماي، مۇناسىۋەتلىك «جىنايەتچىلەر» نىڭ يالغان ئىقرار قىلغانلىقىنى بايقايدۇ. «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» دا شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى ئەمەلدارى 24 ئۇيغۇر «جىنايەتچى» نى سوراق قىلىدۇ، بۇ جىنايەتچىلەر بۇرۇنقى ئىقرارنامىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار ئېغىر قىيناشتىن قالغان جاراھەتلىرىنى پاكىت قىلىپ ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، ئەمما، شېڭ شىسەي «جىنايەتچىلەر» نىڭ ئاغزاكى قىلغان ئىقرارىدىن باشقا ھېچقانداق ئىسپات كۆرسىتەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن گىروزىن قاتارلىقلار شېڭ شىسەي تەيىنلىگەن جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچى، تەپتىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ بىندې قاتارلىق سوراقچىلاردىن ھۆكۈمەتنى ئالداپ دېلو تۇرغۇزغان دەپ گۇمانلىنىدۇ ۋە نۇرغۇن سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ سېپى ئۆزىدىن ساختا دېلو ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ ھەم ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى شېڭ شىسەيگە مەلۇم قىلىدۇ[63].

بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئەمەلدارلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم شېڭ شىسەي بىلەن ئۇچرىشىشى ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئەمەلدارلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەتتى، ئۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق مۇناسىۋەت توسقۇنلۇققا ئۇچراپلا قالماي شېڭ

شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي ئىستىقبالىمۇ تەسىرگە ئۇچرايتتى. شۇڭا گروزىن، چاكروژىن قاتارلىقلارنىڭ كۆز قاراشلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا يېتىپ بارغۇچە، شېڭ شىسەي 1940 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۆزىنى ئاقلاپ ستالىن، مولوتوف، ۋوروشىلوفلارغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ بولىدۇ.

شېڭ شىسەي ستالىن قاتارلىقلارغا سۇنغان دوكلاتىدا، گروزىن بىلەن چاكروژىنلارنى «پىلانلىق ھالدا ناتوغرا سۆز ـ جۈملىلەر بىلەن گۇناھكارلارنى ئىقرارىدىن تاندۇرغۇزدى[64]، سوت خىزمىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى»[65] دەپ يازىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى شېڭ شىسەينىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، نېسكى، كوبىليانوف، گولسوف قاتارلىقلارنى گروزىن ۋە چاكروژىننىڭ ئورنىغا شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ.

نېسكى قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىكتە سوراق قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ (1) رەۋەيدۇللا قارى، (2) مەخلىك، (3) ئەسىيۇللا، (4) لېتىپ يوغانباش، (5) سەيدۇللا لوزۇڭ، (6) ئابدۇقادىر ھەسىنوف، (7) قۇربان سەيدى، (8) قۇربان نىياز، (9) يارغا، (10) ياقۇپ، (11) ئابدۇۋايىتتىن ئىبارەت 11 «گۇناھكار» نى قايتا سوراق قىلىشنى قارار قىلىدۇ. نېسكى ئالتىنچى «گۇناھكار» ئابدۇقادىر ھەسىنوفنى سوراق قىلىپ بولغاندىن كېيىن گۇۋاھچى، ماددىي ئىسپاتلار تولۇق ئەمەس، دېلو تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ دەپ قاراپ، سوراق قىلىشنى توختىتىدۇ ھەم يۇقىرىقى ئالتە ئادەمنىڭ «ئىقرارنامىسى» بىلەن ئۆزىنىڭ باياناتنامىسىنى شېڭ شىسەيگە تاپشۇرىدۇ[66].

سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ئەمەلدارلارنىڭ «دۇ چۇڭيۈەن دېلوسى» نى ئىككى قېتىم ئىنكار قىلىشى شېڭ شىسەينى قاتتىق بىئارام قىلىدۇ. شېڭ شىسەي سوۋېت دائىرىلىرى بىلەن

ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن موسكۋاغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزى تەستىقلىغان: (1) ھەمدۇللا قارى قاتارلىقلارنىڭ ئاغزاكى ئىقرارىدىن 53 پارچە؛ (2) گىروۋژىن قاتارلىقلارنىڭ گۇناھكارلارنى ئىقرارنامىنى ئىنكار قىلىشقا باشلامچىلىق قىلغانلىقىغا ئائىت ماتېرىيالدىن بىر پارچە؛ (3) نېسكىننىڭ باياناتنامىسىدىن بىر پارچە، باياناتنامىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيالدىن بىر پارچە بولۇپ، جەمئىي 56 پارچە ماتېرىيالنى ستالىنغا ئەۋەتىپ بېرىش بىلەن بىرگە ھەمدۇللا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ 53 پارچە ئىقرارنامىسىنى كۆپەيتىپ مولوتوف بىلەن ۋورۇشىلوفقا ئەۋەتىپ بەردى[67].

1941 ـ يىلى شېڭ شىسەي تۇتقۇن قىلىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئۆزىنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرىدىن: ئىلىنىڭ ۋالىيسى ياۋ شيۇڭ، قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى نيۇ جېنخەن، چۆچەكنىڭ ۋالىيسى جاۋ جيەنفېڭ، خوتەننىڭ ۋالىيسى لۇ مىڭبىن، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى جاڭ زوجۇ، مائارىپ نازىرى لى يىئوۋ، مالىيە نازىرى جاڭ خۇڭيۇ قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي قولغا ئېلىش دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ھەر خىل مەشىق سىنىپلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ قولغا ئېلىش دائىرىسىگە كىرگۈزدى. جۇ دۇڭجياۋ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاھالىسى 70 مىڭغا يەتمەيدىغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە سىياسىي جىنايەتچىلەر تۈرمىسىدىن چوڭ ـ كىچىك ئالتىسى بولۇپ، دائىم سولاقتا تۇرىدىغان «جىنايەتچىلەر» 3 مىڭدىن ئازلىمايتتى، باشقا ناھىيىلەردىكى تۈرمىلەرمۇ دائىم ئادەم بىلەن توشۇپ كېتەتتى. تۇرپاندىكى قارا خوجا كىچىككىنە بىر بازار بولسىمۇ مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (يەنى 1940 ـ يىلى) ئۇ يەردىكى ساقچىخانىنىڭ تۈرمىسىدە 200 ئۆپچۆرىسىدە ئادەم دائىم سولاقلىق تۇراتتى. ج

خ باشقارمىسىنىڭ مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (يەنى 1941 ـ يىل) دىكى ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا پۈتۈن شىنجاڭدا 12 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تۈرمىگە سولانغانىدى»⑱.

## 7. چېن تەنچيۇ ۋە ماۋ زېمىننىڭ قۇربان بولۇشى

1941 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا شېڭ شىسەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ خوجىنىياز قاتارلىق 108 ئادەمنى 2 ـ تۈرمىدە مەخپىي ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ئالاھىدە خادىم قادىر ھاجىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن 108 ئادەمنىڭ ئىچىدە خوجىنىيازدىن باشقا يەنە يۈنۇس بەگ (يۇۋېنبىن)، ھۇسەنباي، تۇرسۇنباي ھەم سابىق مائارىپ نازىرى جاڭ شېڭ، ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ سابىق باشلىقى پىڭ لياڭ قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ 108 ئادەم ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئىشپىيونى، تروتسكىچى دەپ ئەيىبلەندى. بۇ قېتىملىق ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ــ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش ئۈچۈن ئىدى. 1942 ـ يىلى ئەتىيازدا، گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئۇدۇل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىغا بېسىپ كىرىپ، لېنىنگراد، ستالىنگراد قاتارلىق مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جايلارنى بىۋاسىتە توپقا تۇتتى.

سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىنى ئىنچىل كۆزىتىپ كېلىۋاتقان شېڭ شىسەي ئۇرۇشنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىسىز بولغان ۋاقتىدىن باشلاپ، سىياسىي مۇددىئاسىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا بولغان چەكلەشنى كۈچەيتتى.

1942 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنجاڭ قۇرۇلتۇق

ئارمىيىسى ماشىنىلاشقان برىگادىسىنىڭ كوماندىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان شېڭ شىسەينىڭ 4 - ئىنىسى شېڭ شىچى ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

شېڭ شىسەينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، سوراقچىلار مالىيە نازىرى زاڭ گۇفېڭ باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى باكۇلىن، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار باش مەسلىھەتچىسى راتوف قاتارلىقلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش دېلوسىنى توقۇپ چىقىدۇ.

شېڭ شىسەي پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئاتالمىش توپىلاڭ دېلوسى ھەققىدە موسكۋا ۋە چۇڭچىڭغا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مەزمۇندا دوكلات سۇنىدۇ. ئۇ، موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا زاڭ گۇفېڭ قاتارلىقلار شىنجاڭدا سوۋېتقا قارشى ھۆكۈمەت قۇرماقچى دېسە، چۇڭچىڭغا قىلغان دوكلاتىدا زاڭ گۇفېڭ قاتارلىقلار شىنجاڭدا جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىققان مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇش سۇيىقەستىدە بولغان دەيدۇ.

موسكۋا تەرەپ شېڭ شىسەينىڭ دوكلاتىغا ئانچە پەرۋا قىلمايدۇ. ئەمما، چۇڭچىڭ تەرەپ شېڭ شىسەينىڭ بۇ ھەرىكىتىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي ئۆزى دۈچ كېلىۋاتقان سىياسىي ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغان ئاساستا شۇ يىلى 4 - ئاي بىلەن 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارالغان 500 نەچچە گۇناھكارنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ. ئۇلار ئىچىدە قۇمۇل قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان، كېيىن ئاقسۇغا ۋالىي بولغان سالى دورغا، ج خ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قۇربان سەيدى، ئالتاينىڭ ۋالىيسى شارىقان، قازاق بەيسى باقىت، ئىلىنىڭ ۋالىيسى ياۋ شيۇڭ قاتارلىقلار بار ئىدى[70].

1942 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چېن تەنچيۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا شىڭ شىسەي سىياسىي مەيداننى ئۆزگەرتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، ئاكتىپلارنى كۆپلەپ قولغا ئېلىۋاتىدۇ[71]، دەپ دوكلات يوللىدى.

مۇشۇ ۋاقىتتا شىڭ شىسەي تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ باخۇلياڭ قاتارلىق جايلارغا يىغىپ نازارەت قىلىدۇ.

چېن تەنچيۇ جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان ئەھۋالغا ئاساسەن 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەركىزىي كومىتېتقا تېلېگرامما يوللاپ ئەھۋالنى تېزدىن ياخشىلاش توغرۇلۇق مۇنداق تەكلىپ بېرىدۇ: «مېنىڭچە ئايروپىلان ئەترىتى، مال دوختۇرلۇق سىنىپىدىكى يولداشلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋاملىق ئوقۇشقا ئەۋەتسەك، ئادەتتىكى يولداشلارنىڭ سالامەتلىكى ياخشىلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پولات زاۋۇتىغا ئورۇنلاشتۇرساق (ئىمكانىيەت بولسا)، بىرقەدەر مۇھىم كادىرلار ۋە مېيىپ، كېسەل ئاياللارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا دەم ئېلىش، ئوقۇش ۋە خىزمەتكە ئەۋەتسەك (تاشقى موڭغۇل ياكى شەرقىي شىمالدا خىزمەت قىلسىمۇ بولىدۇ)، يەنە بىر قىسىم ئانچە مۇھىم بولمىغان كىشىلەرنى ھەق بېرىپ تارقىتىۋەتسەك. بۇ مېنىڭ شەخسىي قارىشىم، مەركەز قانداق قارايدىكىن، تېزدىن كۆرسەتمە بېرىشىنى كۈتىمەن»[72].

1942 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىڭ شىسەي تېلېفون ئارقىلىق چېن تەنچيۇغا ما ۋزېمىننى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرلىقىدىن قالدۇرغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن يەنى 1941 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ماۋ زېمىن مالىيە نازىرلىقىدىن خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرلىقىغا يۆتكىۋېتىلگەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي شىڭ

شىسەي جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگراممىا بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ شىنجاڭدا توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ تۆھمەت چاپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پات ئاردا ئېلىپ بارىدىغان شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش ئىشلىرىغا تەشۋىقات جەھەتتىكى مۇھىم تەييارلىقلارنى قىلىپ قويىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چېن تەنچيۇغا تېلېگراممىا يوللاپ شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا بوھتان چاپلىغانلىقىنى ئۇقتۇردۇ. تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق : «دۇبەننىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدۇق، ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىزنىڭ يولداشلىرىمىزغا توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاۋاتىدۇ، دەپ بوھتان چاپلاپتۇ. بىز سىلەرنى قايتۇرۇپ كېلىش قارارىغا كەلدۇق، سىز ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئورنىغا يىغىپ تۇرسىڭىز بولىدۇ. لەنجۇ، شىئەنلەر ئارقىلىق قايتىش بىئەپ بولغاچقا، يىراقتىكىلەر (سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرىنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىش ھەققىدە سۆزلىشىۋاتىمىز، يولغا چىقىش بۇيرۇقىنى كۈتكەيسىلەر»[73].

1942 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سۇڭ مېيلىڭ جاڭ جيېشىغا ۋاكالىتەن ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ جاڭ جيېشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. سۇڭ مېيلىڭ شېڭ شىسەيگە ئېنىق قىلىپ مۇنۇلارنى ئۇقتۇرىدۇ: (1) مەركەز گەنسۇدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنى لەنجۇدىن ئەنشى، يۈمىنگە يۆتكەپ قۇمۇلدىكى رۇس ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئالىدۇ؛ (2) مەركەز شىنجاڭغا تاشقى ئىشلار ئالاھىدە خادىمى ئەۋەتىدۇ، شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىشلار ھوقۇقى مەركەزگە تەۋە بولىدۇ؛ (3) شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى تېزدىن تازىلاش كېرەك؛ (4) رۇس

قوشۇنلىرىنى شىنجاڭدىن چىقىرىۋېتىش لازىم⑭.

1942 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى رېن بىيشى چېن تەنچيۇغا تېلېگراممىا بېرىپ: سوۋېت ئىتتىپاقى 55 نەپەر جۇڭگو كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ سوۋېت چېگرىسىدىن كىرىشىگە قوشۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى چەكلىك ساندا قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسى شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇرۇمچىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا چېكىنىشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشىغا ۋاقىت يېتىشمەيدۇ.

1942 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چېن تەنچيۇ رېن بىيشىغا تېلېگراممىا يوللاپ، شىنجاڭدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دوكلات قىلدى: «(1) يىراقتىكىلەر قوشۇلغان 55 ئادەم زادى قانداق ئۆلچەمنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. تەييارلىق قىلىشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈن ئېنىق جاۋابى بېرىلگەن بولسا، قالغان ئادەملەرنى قانداق قىلىمىز؛ (2) دۇبەنىنىڭ تېلېفوندا دېيىشىچە، شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىشلار ھوقۇقىنى مەركەزگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ، چۇڭچىڭ ئۇرۇمچىدە پىرقە قۇرماقچى ئىكەن، شۇڭا بىز ھېچ جايغا بارالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمىز، ھەتتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىمىز مۇمكىن. مەركەزنىڭ بۇ ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ تېزدىن ھەل قىلىشىنى سورايمىز؛ (3) يېقىندا دۇبەن بىزنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئاسان بولىدۇ، گومىنداڭنىڭ سىزىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ شەھەر سىرتىدىكى بىر جايغا يىغدى.

ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلمەك تەس، يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتىنى دىمتىروفقا تېلېگراممىدا يەتكۈزدۈم؛ (4) ھازىر چۇڭچىڭ نۇرغۇن ئادەم ئەۋەتىپ جەنۇبىي شىنجاڭ، ئۈرۈمچى ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا خىزمەتكە قويىدى ھەمدە راتسىيە قۇردى. شېڭ شىسەي يەنىلا شىنجاڭدا، باشقا ھەرىكەتلىرى ئېنىق ئەمەس»⑮.

كېيىنكى ۋاقىتلار شېڭ شىسەي بىلەن چېن تەنچيۇغا نىسبەتەن ئۇزاق ۋە كۆڭۈلسىز تۇيۇلدى. ئۇلار يەنئەن ياكى موسكۋانىڭ جاۋاب قايتۇرۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئەمما بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، يەنئەن ۋە موسكۋا چېن تەنچيۇ 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى يوللىغان تېلېگراممىغا جاۋاب قايتۇرمايدۇ، بۇ ئەھۋال شېڭ شىسەي ئۈچۈن مۇھىم ئۇچۇر ھېسابلىناتتى، ئەمدى مەيلى موسكۋا، مەيلى يەنئەن بولسۇن چېن تەنچيۇ باشچىلىقىدىكى بۇ بىر تۈركۈم جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز ئىدى.

1942 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شېڭ شىسەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، ما مىڭفاڭ، فاڭ جىچۈەن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 123 ئادەمنى ئايرىم ـ ئايرىم بەش ئورۇندا تەقىب ئاستىغا ئالىدۇ.

شېڭ شىسەي 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىغا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە يازغان مۇنداق بايانناممىنى تاپشۇرىدۇ: «سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ تاشقى ئىشلار ئەمەلدارىغىلا ئۈرۈمچىدە تۇرۇش ئەركىنلىكى بېرىلىدۇ، باشقا ھەرقانداق ئادىمى يەنى ھەربىي مەسلىھەتچىلەر، تېخنىك ـ مۇتەخەسسىسلەر، ئىنژېنېرلار، دوختۇرلار، قىزىل ئارمىيىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 8 ـ پولكى، ئالتاي ۋە ئىلىدىكى قەلەي كان خادىملىرى ھەمدە تەكشۈرۈش، ئۆلچەش خادىملىرىنىڭ ھەممىسى چوقۇم ئۈچ ئاي ئىچىدە

شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن چىكىنىپ چىقىشى كېرەك»[76].

1942 ـ يىلى قىشتا، شېڭ شىسەي چۇڭچىڭغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىگە سوۋېت مېيلىك تاپشۇرغان ئىشلارنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىدۇ.

شېڭ شىسەي 1942 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شېڭ شىچىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن توقۇپ چىققان ئاتالمىش «توپىلاڭ كۆتۈرۈش دېلوسى» نى «كوممۇنىستلارنىڭ 12 ـ ئاپرېل توپىلاڭ دېلوسى» غا ئۆزگەرتىدۇ.

گومىنداڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا شېڭ شىسەينىڭ ئەل بولۇشى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. چۈنكى شېڭ شىسەي گومىنداڭغا پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان زېمىنىنى بەرگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جياڭ جيېشى بۇ زېمىننى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغان ئالدىنقى سەپ، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرىدىغان بازا قىلماقچى ئىدى. گومىنداڭنى تېخىمۇ خۇش قىلغىنى، شېڭ شىسەي ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىدە ھېچقانداق ماددىي ئېھتىياج ۋە ھوقۇق تەمەسىنى دېمىگەن بولۇپ، پەقەت مۇنۇ تەلەپلەرنىلا ئېيتقان: (1) شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش. (2) شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ دېلوسىنى گومىنداڭ بىر تەرەپ قىلىش.

شېڭ شىسەينىڭ بۇ ئىككى تەلىپى ناھايىتى تېزلا قانائەتلەندۈرۈلىدۇ. 1943 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى گومىنداڭ شىنجاڭدا ئۆلكىلىك پىرقە تەسىس قىلىپ، شېڭ شىسەينى پىرقە ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىقىغا، چۇڭچىڭدىن كەلگەن خۇاڭ دۇجىننى شۇجىجاڭلىققا تەيىنلەيدۇ. بۇ خەۋەر ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي دەرھال مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپىلاپ، ئەسلىدىكى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشخانىلىرىنى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى

پىرقىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئۆزگەرتىدۇ. شېڭ شىسەي يېڭىدىن ۋەزىپىگە قويۇلغاندىن كېيىن كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتە بۇرۇلۇش ياسىشىدا ئىشەنچلىك يۆلەنچۈككە ئېرىشكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1943 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى رەسمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇزۇن مۇددەت رېجىم ئاستىدا تۇرۇپ كەلگەن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق 60 نەچچە جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزاسىنى ئۈرۈمچىدىكى 1 - 2 - ۋە 4 - تۈرمىگە قامايدۇ. ئاياللار، بالىلار ۋە كېسەللەرنى سايباغدىكى موڭغۇل - قازاق - قىرغىز مەكتىپىگە يىغىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ دېلوسىنى گومىنداڭ بىر تەرەپ قىلىپ بەرسۇن دېگەن تەلىپىمۇ قانائەتلەندۈرۈلىدۇ. 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى گومىنداڭ ۋاڭ دېفۇ، جۇ شۇشېڭ، لى يۈەنبو قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ سوت ئۆمىكى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ، دېڭ دالۇن بۇ ئۆمەككە ھەمراھ بولىدۇ. «شىنجاڭ سوت ئۆمىكى» يولغا چىقىش ئالدىدا جاڭ جيېشى ئۆمەك ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىپ، «كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇھىم ئادەملىرىگە ئەڭ يۇقىرى جازا ھۆكۈم قىلىش، قالغانلىرىغىمۇ ئېغىر جازا بېرىش» ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىدۇ.

شىنجاڭ سوت ئۆمىكى جاڭ جيېشىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئالغاندىن كېيىن، ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، 1943 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئالدى بىلەن لىن جىلۇنى سوراق قىلىپ ئاتالمىش «كومپارتىيە 12 - ئاپرېل توپىلاڭ دېلوسى» نى سۈرۈشتۈرىدۇ. لىن جىلۇ دەھشەتلىك قىيىن - قىستاقتا ئېلىنغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا چاپلانغان بوھتانغا مەردانىلارچە

رەددىيە بېرىدۇ(78).

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ، سوت ئۆمىكى چېن تەنچيۇ ۋە ماۋ زېمىنلارنى ئايرىم ـ ئايرىم سوتقا ئېلىپ چىقىدۇ. چېن تەنچيۇ ئەڭ ياۋۇز ۋە قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن سوراق قىلىنغان بولسىمۇ، قەتئىي ھالدا «سوراقنى قوبۇل قىلمايمەن، شىنجاڭدا ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەت قىلمىدىم»(79) دەيدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سوت ئۆمىكى ماۋ زېمىندىن يەنە بىر قېتىم «كومپارتىيە 12 ـ ئاپرېل توپىلاڭ دېلوسى» نى سۈرۈشتە قىلىدۇ. شۇ كۈندىكى سوراق خاتىرىسى تۆۋەندىكىچە:

سوئال: توپىلاڭ پىلانلىدىڭلارمۇ؟

ماۋ زېمىن: ئۇنداق ئىش يوق.

سوئال: ئەگەر بولسىچۇ؟

جاۋاب: ئۇنداق ئىش يوق، كومپارتىيە بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. شۇنداق قىلغانلار ئەكسىلئىنقىلابچى، مىللەتنىڭ دۈشمىنى، ۋەتەن خائىنى، پەقەت ۋەتەن خائىنلىرى، مىللەتنىڭ دۈشمەنلىرىلا ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇ. مەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئەزالىرىنىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن»(80).

سوت ئۆمىكى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى خىزمىتىنى تۈگىتىدۇ، 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى دىڭ دالۈن يالغاندىن تۈزۈپ چىققان مىنگونىڭ ئامانلىقىغا تەھدىت سالغان دېلوسىدىكى سوراق قىلىنغان جىنايەتچىلەر تىزىملىكى» گە سوراق قىلىنغان 79 «جىنايەتچى» نىڭ ئىسمى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ 15 ى جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزاسى ئىدى. بۇ سانلىق مەلۇمات ئاتالمىش «كومپارتىيە 12 ـ ئاپرېل توپىلاڭ دېلوسى» نى شېڭ شىسەينىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سوت ئۆمىكى 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۇڭچىڭغا قايتىپ كېلىپ «سوراق قىلىنغان ماتېرىياللارنى ھەم شېڭ شىسەينىڭ

جاڭ جيېشىغا ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنى تاپشۇرىدۇ. شىڭ شىسەي خېتىدە چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جاڭ جيېشى شىڭ شىسەيگە جاۋاب تېلېگرامما يوللاپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىقلار 2 ـ تۈرمىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى. شۇ كۈنى كېچىدە شىڭ شىچىنىڭ ئايالى چېن شيۇيىڭ، مالىيە نازىرى زاڭ گۇفېڭ قاتارلىقلارمۇ مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن يەنى شۇ يىلى يازدا، دۇ جۇڭيۈەنمۇ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

چېن تەنچيۇ — 1896 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خۇبېينىڭ خۇاڭگاڭ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، 1920 ـ يىلى دۇڭ بىۋۇ قاتارلىقلار بىلەن بىللە خۇبېي كوممۇنىزم گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، 1921 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسى 1 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى. 1923 ـ يىلى «7 ـ فېۋرال چوڭ ئىش تاشلاش» قا قاتناشقان ۋە رەھبەرلىك قىلغان، 1924 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋۇخەن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى بولغان، 1926 ـ يىلىدىن كېيىن خۇبېي ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، جياڭشى ئۆلكىلىك پارتكوم سېكرېتارى بولغان، 1930 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسى مانجۇرىيە ئۆلكىلىك پارتكوم سېكرېتارى بولغان ۋاقىتتا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ياتقان، 1932 ـ پارتىيە تەشكىللى تۈرمىدىن ئېلىپ چىققان، 1933 ـ يىلى فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتكوم سېكرېتارى بولغان. قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرىدىن كېيىن سوۋېت رايونلۇق مەركىزىي كومىتېت شۆبە بيۇروسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1935 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يولداش چېن يۈن قاتارلىقلار

بىلەن بىللە موسكۋاغا بېرىپ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ 7 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، قۇرۇلتاي تۈگىگەندىن كېيىن ئىنتېرناتسىئونالنىڭ جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىدە خىزمەت قىلغان. 1939 - يىلى ۋەتەنگە قايتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىكىگە ۋە سەككىزىنچى ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلەنگەن㊷.

ماۋ زېمىن 1896 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خۇنەن ئۆلكىسى شياڭتەن ناھىيىسىنىڭ شاۋشەن يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1921 - يىلى ئاكىسى ماۋ زېدۇڭغا ئەگىشىپ چاڭشاغا كەلگەن ۋە ماۋ زېدۇڭ ئاچقان خۇنەن بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1925 - يىلى 9 - ئايدا گۇاڭجۇغا كېلىپ، پېڭ بەي رىياسەتچىلىكىدىكى 5 - قارار دېھقانلار ھەرىكىتىگە ئائىت لېكسىيە كۇرسىدا ئوقۇغان، شۇ يىلى يىل ئاخىرىسىدا شاڭخەيگە كېلىپ جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى نەشر بۇيۇملىرى تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى بولغان؛ 1927 - يىلى ۋۇخەندە چىقىدىغان «مىنگو گېزىتى» نىڭ باش دىرېكتورى بولغان، 1931 - يىلى جۇڭخۇا سوۋېت رايونلۇق دۆلەت بانكىسىنىڭ باشلىقى بولغان. قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپىرى جەريانىدا پۈتۈن ئارمىيىنىڭ پۇل ۋە ئاشلىق غەملەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. ئۇزۇن سەپەر غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئىشچى - دېھقانلار دېموكراتىك ھۆكۈمىتى خەلق ئىگىلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولغان. 1938 - يىلى ئەتىيازدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ داۋالىنىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنىپ، شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ۋە مۇۋەققەت نازىرى بولغان. 1941 - يىلى 7 - ئايدا خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت

نازىرلىقىغا يۆتكەلگەن.

لىن جىلۇ 1916 - يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گۇاڭدۇڭنىڭ تەيشەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1932 - يىلى شاڭخەيگە ئوقۇشقا كېلىپ، جۇڭگو سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى ۋە سول قانات ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان، 1933 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، 1934 - يىلى ياپونىيىگە بېرىپ مېگجى ئۇنىۋېرسىتېتىغا سىياسىي ئىقتىساد ئۆگەنگەن، 1935 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىزمچى سولچىلار پارتىيىسىنىڭ سېكرېتارى جۇ ياڭنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، توكيودا جۇڭگو مەدەنىيەتتى ياچېيكىسىنى (يەنى جۇڭگو كومپارتىيىسى توكيو ياچېيكىسى) قۇرغان ۋە سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1937 - يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن جۇ ياڭ تەرىپىدىن جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان. شۇ يىلى جۇ ياڭ ۋە ئەي سىچى بىلەن يەنئەنگە كېلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1938 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن، شۇ يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولغان، ئىككىنچى يىلى 1 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن، 5 - ئايدا كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان، 1941 - يىلى شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كەلگەن، 1942 - يىلى 1 - ئايدا ئۈچتۇرپان ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن[83].

## 8. شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىن غىپپىدە كېتىشى

شېڭ شىسەينىڭ ۋاستە تاللىماي، نومۇسسىزلارچە ئەمەل قوغلاشقان سىياسىي ھاياتىدا 1943 - يىل مۇھىم ئورۇن

تۇتىدۇ. شۇ يىلدىن باشلاپ شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي ئاساسى ئۆزلۈكىدىن ئاجىزلاپ، ئىناۋەت ۋە ھوقۇق جەھەتتىن كۆپ نەرسىلەرنى يوقىتىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزى زوراۋانلىق بىلەن 10 يىلدىن ئۇزۇنراق ھۆكۈمرانلىق قىلغان شىنجاڭدىن ئۇن – تىنسىز ئايرىلىدۇ. 1942 – يىلى 12 – ئاينىڭ 28 – كۈنى شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشىدىكى باشلىنىش نۇقتىسى بولىدۇ.

1942 – يىلى قىشتا، شېڭ شىسەي تۇغقىنى فېڭ جىيۇەننى چۇڭچىڭغا گومىنداڭغا ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ، شۇ يىلى 12 – ئاينىڭ 28 – كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېت ئىجرائىيە كومىتېتى 217 – قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنى تەسىس قىلىپ، شېڭ شىسەينى ھەيئەت مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش، خۇاڭ رۇجىننى ئۆلكىلىك پىرقە شۇجىجاڭى قىلىپ تەيىنلەشنى قارار قىلىدۇ. 1943 – يىل 1 – ئاينىڭ 9 – كۈنى خۇاڭ رۇجىن ۋە شىنجاڭنىڭ پارتىيە ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشقا ئەۋەتىلگەن گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لياڭ خەنساۋ، 8 – ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ قاتارلىقلار بىر ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ.

چۇڭچىڭ دائىرىلىرى گومىنداڭ كۈچلىرى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ساھەسىنىلا ئىگىلەپ قالماي چوقۇم ئارمىيىنىڭ سىياسىي خاھىشىغىمۇ بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىش كېرەك دەپ قاراپ، 1943 – يىل 1 – ئاينىڭ 13 – كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېت ئىجرائىيە كومىتېتى شېڭ شىسەينى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى ئالاھىدە پىرقىسىنىڭ ئالاھىدە ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەپ، ئارمىيە ئىچىدە گومىنداڭ تەشكىلىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەندىزىسىنى شىنجاڭ رايونىغا

رەسمىي كىرگۈزىدۇ.

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى گومىنداڭ شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسى ئالاھىدە پىرقىسىمۇ قۇرۇلدى.

گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلۇپلا شېڭ شىسەينىڭ ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تەشكىللەش خىزمىتىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. 1943 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەزاسى 2 مىڭ 407 گە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭلىق گومىنداڭ ئەزاسى 1 مىڭ 142 بولۇپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى ئۇيغۇرلاردىن ئەزا كۆپەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئۇيغۇر گومىنداڭ ئەزاسىدىن 437 سى بار ئىدى[84].

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، قاتناش قولايسىز ۋە تىل پەرقى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلۇپ، تۈگۈنلۈك جايلاردا گومىنداڭنىڭ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي خىزمىتى قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ. شۇ يىلى 9 - ئايدا ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە 35 پىرقە قۇرۇلدى[85].

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى پىرقىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشكىلىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەشۋىقات خىزمىتىنى زور كۆلەمدە چىڭ تۇتتى ھەمدە پارتىيىگە ئائىت كىتابلارنى بېسىش، خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش، ژۇرنال چىقىرىش، ئويۇن تەييارلاش، كىتاب - ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش ۋە مەدەنىي ھەرىكەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدى.

1943 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى زۇڭلىنى خاتىرىلەش ھەپتىلىكى

ئۈتكۈزگەندىن كېيىن، ھەرقايسى ۋىلايەت ـ ناھىيىلەردە پىرقە قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ بۇ پائالىيەت تەدرىجىي جەنۇبىي ۋە شىمالىغا ئاستا ـ ئاستا تارقىلىدۇ.

قەرەللىك ئۆتكۈزۈلىدىغان خاتىرە پائالىيىتى، بولۇپمۇ زۇڭلىنىڭ ۋەسىيىتىنى قايتا ـ قايتا يادلاش ئۇيغۇرلار رايونىدا گومىنداڭنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىدۇ. ھەتتا چەرچەن، خوتەنگە ئوخشاش چەت جايلاردىمۇ زۇڭلىنى خاتىرىلەش ھەپتىلىكى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ گومىنداڭنىڭ ئىدىيىۋى ۋە سىياسىي كەيپىياتى جانلاندۇرۇلىدۇ.

گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ خىزمىتى شېڭ شىسەيىنىڭ تەدرىجىي جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى تەسىر كۈچىنى روشەن ھالدا ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ ئىپادىسى بولسا، ئۇ، شىنجاڭ دائىرىسى ئىچىدە دۇنيادىكى ئالتە ئۇلۇغ ئادەم قاتارىدىن چۈشۈپ قالدى㊻، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭ خەلقى شېڭ شىسەيىنى «ئۇلۇغ داھى» دەپ ئاتىمايدىغان بولدى.

شېڭ شىسەيىنىڭ ھەممىدىن بەك زىتىغا تەگكىنى، ئۇنىڭ كۈچلۈك تايانچىسى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ قېلىشى بولدى.

يېرىم يىل سۆزلىشىش ئارقىلىق 1943 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پۇشكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىن ئەسكەر ۋە تېخنىك خادىملىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىش قارارىنى ھەم باياناتنامىسىنى شېڭ شىسەيگە تاپشۇرىدۇ㊼. «باياناتنامە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «1938 ـ يىل 1 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى دۇبەن جانابلىرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، قۇمۇل رايونىنىڭ ئەنسىزلىكى ھەم جۇڭگوغا توشۇلىدىغان قىممەت باھالىق ماللارنىڭ بىخەتەرلىكىنىڭ كاپالەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر پولك ئاتلىق

ئەسكەر ۋە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ بىر ئەترىتىنى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل رايونىدا تۇرۇشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتا دۇبەن جانابلىرى بۇ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە جۇڭگوغا ياردەم بېرىشتىكى تەدبىر دەپ ھېسابلىغانىدى ۋە بۇ قاراشنى سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە بىلدۈرگەنىدى. ھازىر جانابلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ۋاروشلوفقا سوۋېت ئارمىيىسى ئەگەر داۋاملىق تۇرۇۋەرسە ئۆزىگە بىسىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 8 ـ پولكنى شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كېلىشنى قارار قىلدى، مۇناسىۋەتلىك بۇيرۇقلار مەزكۇر پولكنىڭ پولك شتابىغا چۈشۈرۈلدى» ⑱.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئاتلىق 8 ـ پولكىدا تەخمىنەن 1 مىڭ 500 دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، برونېۋىك، ئېغىر تىپلىق زەمبىرەك ھەم خېلى كۆپ قىرغۇچى ئايروپىلان ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلانمۇ بار ئىدى. بۇ، قوشۇن 1938 ـ يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنى قوغداپ، شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈۋاتاتتى.

1943 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بىرىنچى تۈركۈمدە قۇمۇلدىن چېكىنگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئۈرۈمچىدىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچى ـ ئىلى يولىنى بويلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتتى. ئەسكەرلەرنى چېكىندۈرۈش خىزمىتى شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى، 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى 8 ـ پولكىنىڭ ئاساسلىق قىسمى قۇمۇلدىن ئايرىلدى، ئۇلار 115 ئاپتوموبىلغا ئەسكەر ۋە ئۈسكۈنىلەرنى قاچىلاپ ماڭدى، ھەر خىل ئايروپىلاندىن 17 سى ماشىنىلار ماڭغان يۆنىلىشنى بويلاپ ئۇچۇپ يول ئۈستىدىكى

ھەرقايسى جايلاردا ناھايىتى زور داغدۇغا پەيدا قىلىدۇ.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى كەتكەندىن كېيىن قالغان بوشلۇقنى ناھايىتى تېزلا گومىنداڭ مەركىزىي ئارمىيىسى تولدۇرىدۇ.

قۇمۇلغا ئەڭ ئاۋۋال كىرگىنى 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ 18 - ئارىلاشما بىرىگادىسى بولۇپ، بۇ ئارىلاشما بىرىگادا 1943 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قۇمۇلغا كىرگەندە، ناھايىتى ئاز ساندىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلار قارشى ئېلىشقا چىققاندىن باشقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئىشىكلىرىنى ھەم ئېتىپ سىرتقا چىقمايدۇ.

قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ تەشۋىشكە سالغىنى، قىزىل ئارمىيە 8 - پولكىنىڭ تېخى چېكىنىپ بولالمىغان ئەسكەرلىرىنىڭ گازارما ئەتراپىغا ئىستىھكام ياسىشى ۋە سوۋېت ئارمىيىسى ئايروپىلانلىرىنىڭ قۇمۇل ئاسمىنىدا چۆرگىلەپ يۈرۈشى بولىدۇ.

قۇمۇل ۋەزىيىتى دەماللىققا جىددىيلىشىپ كېتىدۇ، شىڭ شىسەي سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن 18 - ئارىلاشما بىرىگادىغا گازارمىسىدىن خالىغانچە ئايرىلماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

قۇمۇل ۋەزىيىتى ئوخشاشلا چۇڭچىڭ دائىرىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ، ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي ۋۇۋېيدا 29 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق باش شتابىنى قۇرۇپ، مەركەز ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشكە مەسئۇل قىلىدۇ.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى 8 - پولكى بىراقلا چېكىنىپ بولمىغاچقا 1943 - يىلى چۇڭچىڭ تەرەپ شىنجاڭدا تۇرىدىغان قوشۇننى ئەۋەتىش ئىشى توغرىسىدا ئالاھىدە تەدبىر قوللانمايدۇ. قىزىل ئارمىيە 8 - پولكى قۇمۇلدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى 2 - يىلى (يەنى 1944 - يىلى) 3 - ئايدا

29 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيە تارمىقىدىكى 45 ـ دىۋىزىيە قاتناش ساقچى باش ئەترىتىنىڭ بىر شۆبە ئەترىتى نامىدا قۇمۇل، بارىكۆل، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا كىرىدۇ. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە شىنجاڭغا كىرىپ ئۈرۈمچى ۋە ئىلىغا ئورۇنلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن قوشۇنى 3 دىۋىزىيە يەنى 48 ـ دىۋىزىيە (ئەسلىدىكى 18 ـ ئارىلاشما برىگادا)، 45 ـ دىۋىزىيە (بۇرۇن قاتناش چارلاش باش ئەترىتىنىڭ شۆبە ئەترىتى دېيىلگەن) ۋە زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە بولۇپ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى تەخمىنەن 10 مىڭغا يېتىدۇ.

1944 ـ يىلى گومىنداڭ ھەربىي كۈچلىرىنى شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپلا قالماي سىياسىي تەسىرىنى تەگرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا كېڭەيتىدۇ. «سىياسىي جەھەتتە، تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىش، پارتىيە خادىملىرىنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرۇش، مەدەنىيەت خادىملىرىنى گېزىتخانا، مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ»(91).

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى شېڭ شىسەينى 1 ـ قېتىم شەخسىي ھوقۇقىنىڭ پارچىلانغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. تەپتىش مەھكىمىسى خېلى ئۇزاققىچە خىزمەتلەرنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسىنى تەشۋىقات خىزمىتىگە قارىتىدۇ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشنىڭ شەكلى ۋە دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنىڭ شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىدىن شەك قالمايدۇ.

ئۆتۈپ كەتكەن 10 نەچچە يىل ئىچىدە، شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ روناق تېپىشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا ئانچە ئېرەن

قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ سىياسىي خاھىشى تامامەن ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشنىلا مەقسەت قىلغانىدى. 1943 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شېڭ شىسەي چۇڭچىڭغا بېرىپ، گومىنداڭ 5 ـ نۆۋەتلىك 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىپ گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئەھۋالىنى چۈشىنىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى جۇ دۇڭجياۋ شېڭ شىسەينىڭ چۇڭچىڭغا قىلغان سەپىرى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ چۇڭچىڭغا بارغاندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ سىياسىي جەھەتتە چىرىكلەشكەنلىكىنى، ھاكىمىيەت ئاساسىنىڭ تەۋرەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئامال قىلىپ مەركەزگە كېلىپ ۋە مەركەزنى ئەخمەق قىلىش ۋە ئالداشقا بەل باغلايدۇ»[92].

جۇ دۇڭجياۋ شېڭ شىسەينىڭ شۇ ۋاقىتتىكى كەيپىياتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «شېڭ شىسەي مەركەزنىڭ ھەيۋىسىگە تايىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئەركىن ـ ئازادە ھوقۇق يۈرگۈزدى، بىراق ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق دېگەندەك مەركەز ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن ئاۋام ئارىسىدىكى ئابرۇيى خۇنۇكلىشىپ كەتتى؛ ھەتتا مۇنتىزىم دۆلەت ئارمىيىسى ھەممە جايغا ئىچكىرىلەپ كىردى. شېڭ شىسەي ئۆز پايدا ـ زىيىنىنىڭلا غېمىدە يۈرىدىغان بىرنېمە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرى شىنجاڭدىكى ۋاقىتتا ئۆزىنى دۇنيادىكى ئالتە ئۇلۇغ ئادەمنىڭ بىرى دەۋالغانىدى. ھازىرقى ۋاقىتتا باشقىلارغا باش ئېگىپ مەنپەئەتنىڭ بىر تەرىپىدە قېلىۋاتاتتى. شېڭ شىسەي يەنە بىر قېتىم كاززاپلىق قىلىش ئۈچۈن؛ ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش ھۈنىرىنى قايتا كۆرسىتىپ يېڭى سۇيىقەستلىك دېلونى توقۇپ چىقتى»[93].

1944 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شېڭ شىسەي بۇيرۇق

چۇشۇرۇپ، چۇڭچىڭدىن كەلگەن مۇھىم ئەمەلدار، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ شياۋلى، مائارىپ نازىرى چېڭ دۇڭبەي، دۇبەن مەھكىمىسى ئالاھىدە پىرقىسىنىڭ باشلىقى خې گېڭگۇاڭ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇل ھەيئىتى لىتىپ ئابدۇراخمان، مۇئاۋىن مەسئۇل ھەيئىتى ئابدۇللا ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى نەزەر قازى[94] قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارغا «جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزاسى جۇ ئېنلەينىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تاشقى ئىشلار خادىملىرى بىلەن ئالاقە قىلدى ۋە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ كوممۇنىزم ھاكىمىيىتى قۇرماقچى بولدى» دېگەن جىنايەتنى ئارتتى. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى، پروفېسسور ھەم ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ 300 نەچچە ئادەمنى قولغا ئالدى[95]. ئۇلار ئىچىدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىسى رېشىت، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئوقۇغۇچىسى ئابدۇخەمىت، 4 - مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى ئەخمەت رېھىم، ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئەزىز قاتارلىق ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى[96].

بۇ دەل لوياڭ قولدىن كەتكەن، تۇڭگۇەن خەۋپ ئاستىدا قالغان، چاڭشىيا مۇداپىئەسىز قالغان، گۇيلىن خەۋپتە قالغان، گومىنداڭ ئۇدا مەغلۇپ بولۇپ، چۇڭچىڭ تەرەپ ئۆز ھالى بىلەن قالغان پەيت بولغاچقا، مۇشۇ 7 - ئاي ئىچىدە مەيلى شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنى بولسۇن ياكى چۇڭچىڭ تەرەپ بولسۇن، شېڭ شىسەينىڭ مۇنداق چېكىتىن ئاشقان قىلمىشىغا ئىنكاس قايتۇرمىدى.

شۇبھىسىزكى، بۇ ئىش شېڭ شىسەيگە يېڭىچە ئىلھام بەردى. 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شېڭ شىسەي جياڭ جيېشى

ئەۋەتكەن گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ رۇجىننى، يەنە چۇڭچىڭدىن كەلگەن قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى لىن جىيۇڭ قاتارلىق مۇھىم خادىملارنى قولغا ئالدى.

جۇ دۇڭجياۋ: «لىن جىيۇڭ، خۇاڭ رۇجىنلارنى دەھشەتلىك قىيناپ، ئۇلارنى جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزاسى، شىنجاڭدا توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى دەپ ئىقرار قىلدۇردى. شېڭ شىسەي دەسلەپتە قوللانغان ۋاستە ئەڭ قەبىھ بولۇپ، قولغا ئالغان ئادەممۇ ئەڭ كۆپ ئىدى. ئۆلكىلىك ئورگانلارنىڭ باشلىقلىرى، باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرى ۋە ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىدىنمۇ خېلى كۆپ ساندىكىلىرى قولغا ئېلىندى، قولغا ئېلىنغان ئادەم 1 مىڭ 500 دىن ئېشىپ كەتتى»[97] دەيدۇ.

خۇاڭ رۇجىن، لىن جىيۇڭ قولغا ئېلىنىپ 2 - كۈنى يەنى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شېڭ شىسەي ستالىن ۋە جياڭ جيېشىغا ئايرىم - ئايرىم تېلېگرامما بېرىپ، دېلو ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىدۇ، ئۇ يەنە كونا ھىيلە - نەيرىڭىنى ئىشلىتىپ، ستالىنغا يوللىغان مەلۇماتىدا خۇاڭ رۇجىن، لىن جىيۇڭ قاتارلىقلارنى «ياپونىيىنىڭ جاسۇسى» دېگەن بولسا، جياڭ جيېشىغا يوللىغان مەلۇماتىدا ئۇلارنى «كوممۇنىستلار» دەيدۇ.

ستالىن پوزىتسىيىسىنى بىراقلا ئۆزگەرتىپ، شېڭ شىسەينىڭ مەلۇماتىنى ئۆز پېتى بويىچە جياڭ جيېشىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسى ئۆز ھۆكۈمىتىگە «شىنجاڭدا سىياسىي ئۆزگىرىش بولىدۇ» دەپ مەخپىي تېلېگرامما يوللايدۇ، ئامېرىكا دائىرىلىرى تېلېگرامما مەزمۇنىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا گومىنداڭ دائىرىلىرىگە مەلۇم قىلىپ قويىدۇ.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جياڭ جيېشى چۇڭچىڭدا ۋۇ جۇڭشىننى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا شېڭ شىسەينىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك

قىلىشنى ئېيتىدۇ. 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جياڭ جيېشى جۇ شاۋلياڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ، شىڭ شىسەيگە مۇنۇلارنى ئۇقتۇرۇشنى ئېيتىدۇ: (1) مەركەز ۋۇ جۇڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇشنى قارار قىلدى. (2) شېڭ شىسەي مەركەزگە يۆتكەپ كېلىنىپ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى جۇ شاۋلياڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن شېڭ شىسەيگە يۇقىرىقى قارارنى ئۇقتۇردۇ. بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، جياڭ جيېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىتائەت قىلماقتىن باشقا چارە قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، خىزمەتتىن ئىستېپا سورايدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، چۇڭچىڭدىكى ھەرقايسى گېزىتلەر شىنجاڭ مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك «گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇقى» نى ئېلان قىلدى: (1) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە رەئىس، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەينىڭ ئۆز ۋەزىپىسى قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىدىن ئىستېپا سوراپ سەمىمىيلىك بىلەن يازغان ئىلتىماسى تەستىقلاندى. (2) شىنجاڭ ئۆلكىلىك چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. (3) دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىستىرى شىن خۇڭلېي باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان بولغاچقا خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىدۇ. (4) شېڭ شىسەي دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەندى. (5) ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. (6) ۋۇ جۇڭشىن قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى؛ (7) ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى

ئۆتكۆزۈۋېلىشتىن بۇرۇن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى جۇ شاۋلياڭ ۋاقتىنچە ۋاكالىتەن ئۆتەپ تۇرىدۇ(98).

8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جۇ شاۋلياڭ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ۋاكالىتەن ئۆتكۈزۈۋالدى. 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شېڭ شىسەي ئايرۇپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۆزى 11 يىلدىن ئارتۇق مۇستەبىت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن شىنجاڭدىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ قالدۇرغىنى خەلقنىڭ تىل ـ ئاھانىتى ۋە 錯 قايىتا ـ قايىتا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار ئىشلار بولدى.

## پايدىلانمىلار

① شېڭ شىسەي: «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىسى» مىنگونىڭ 27 ـ يىلى ئۈرۈمچى نەشرى، 2 ـ 4 ـ بەتكىچە.

② يۇقىرىقى كىتاب، 4 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 4 ـ 5 ـ بەتلەر.

④ يۇقىرىقى كىتاب.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب 5 ـ 6 ـ بەتلەر.

⑥ «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» 4 ـ توم 1 ـ سان: «7 يىلدىن بۇيانقى سىياسىي تەسەۋۋۇر».

⑦ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 46 ـ 47 ـ بەتلەر.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 44 ـ 45 ـ بەتلەر.

⑨ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 3 ـ جىلد، 212 ـ بەت.

⑩ بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» 233 ـ بەت.

⑪ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

⑫ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 ـ جىلد، 245 — بەت.

⑬ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، 74 ـ بەت «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3672 ـ بەت.

⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 3656 ـ بەت.

⑮ «مىنگونىڭ 23 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى دۇبەن مەھكىمىسى مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ مەخمۇتقا قىرغىز قاچاق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدا بەرگەن تېلېگراممىسى» غا

قاراڭ، «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3656 ـ بەت.
⑯ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3656 ـ بەت.
⑰ ئابدۇقادىر ھاجى: «1933 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ سان، 53 ـ بەت.
⑱ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3657 ـ بەت.
⑲ نۇرمۇھەممەت زامان تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى. ھازىرقى زامان قىسمى» (ئۇيغۇرچە)؛ شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشرى 95 ـ، 98 ـ بەتلەر.
⑳ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3660 ـ بەت.
㉑ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ سان، 55 ـ بەت.
㉒ يۇقىرىقى كىتاب 55 ـ بەت.
㉓ «مىنگونىڭ 26 ـ يىلى ما خۇسەننىڭ شىڭ دۇبەنگە يوللىغان تېلېگراممىلىرىنىڭ توپلىمى 1 ـ نومۇرغا قاراڭ». «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3776 ـ بەت.
㉔ «1933 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ سان، 59 ـ بەتكە قاراڭ.
㉕ يۇقىرىقى كىتاب، «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 75 ـ بەت؛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3673 ـ بەت؛ لىيۇ خېدى: «ماخۇسەن، مەخمۇتلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى توپىلىڭىنىڭ جەريانى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 6 ـ سان، 155 ـ بەت.
㉖ «ماجۇڭيىڭ شىنجاڭدا»، 197 ـ بەت.
㉗ يۇقىرىقى كىتاب 195 ـ بەت.
㉘ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3677 ـ بەت.
㉙ «ماجۇڭيىڭ شىنجاڭدا» 207 ـ بەت.
㉚ يۇقىرىقى كىتاب، 215 ـ بەت.
㉛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3677 ـ بەت؛ «شىنجاڭدىكى 10 يىل» 75 ـ بەت.
㉜ «1933 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇدا

يۈز بەرگەن ۋەقەلەر» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 18 ـ سان، 64 ـ بەتكە قاراڭ.

㉝ «ماجۇڭيىڭ شىنجاڭدا» 216 ـ بەت.

㉞ يۇقىرىقى كىتاب 216 ـ بەت.

㉟ خېۋىر تۆمۈر: «خوجىنىياز ھاجىنى ئەسلەپ» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 12 ـ سان 31 ـ 32 ـ بەتلەر.

㊱ «شىنجاڭدىكى 10 يىل» 80 ـ بەت.

㊲ «ھەمدۇللا قۇربانوف: «خوجىنىياز ھاجىنى ئەسلەيمەن» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 15 ـ سان، 32 ـ بەت.

㊳ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 ـ جىلد 297 ـ بەت.

㊴ ئېزىز نىياز: «ئازادلىقنىڭ ئالدى ـ كەينىدە باشتىن كەچۈرگەنلىرىم» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 27 ـ سان 83 ـ بەتكە قاراڭ

㊵ يۇقىرىقى كىتاب 84 ـ بەت.

㊶ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3727 ـ بەت.

㊷ يۇقىرىقى كىتاب 3723 ـ بەت.

㊸ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 80 ـ بەت؛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3712 ـ بەت؛ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 ـ جىلد، 295 ـ بەت.

㊹ جاڭ داجۈن «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» نىڭ 3716 ـ بەتتىكى 2 ـ ئەسكەرتىشتە شېڭ شىسەينىڭ ستالىنغا يازغان دوكلاتىنىڭ رۇسچە ئەسلى نۇسخىسىنى «يازغۇچى شېڭ شىسەينىڭ ئارخىپىدىن بايقىغان» دەيدۇ. بۇ ئابزاس مەزكۇر دوكلاتنىڭ 300 ـ، 301 ـ بەتلىرىدە.

㊺ جۇ دۇڭجاۋ: «شېڭ شىسەينىڭ يېڭى ھالاكىتى» I ـ.

㊻ «كۆزنەك» ژۇرنىلى 1986 ـ يىلى 25 ـ سان.

㊼ شۇ شياڭچەن: «تارىخىي ئەسلىمە» دىكى «جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يول ئارمىيىسىنىڭ سول قانات ئەترىتى شىنجاڭدا» غا قاراڭ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى پارتىيە تارىخى كومىتېتى بىلەن ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى پارتىيە تارىخى كومىتېتى بىرلىكتە تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1991 ـ يىل نەشرى، 33 بەت.
㊽ يۇقىرىقى كىتاب؛ 34 ـ بەت.
㊾ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھاۋا ئارمىيىسى «پارتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش خىزمىتىدىن ئۇچۇر» كۆپەيتىلگەن 8 ـ سان 17 ـ بەت. «جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يول ئارمىيىسىنىڭ سول قانات ئەترىتى».
㊿ «يولداش دېڭ فانىڭ شىنجاڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈشتىن خاتىرە» 1943 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى. «شېڭ شىسەينىڭ ئەسلىمىسى» 197 ـ 199 ـ بەتلەر.
㊿① «يولداش دېڭ فاڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈشتىن خاتىرە»، «شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابى تارىخى» 66 ـ بەت.
㊿② شېڭ شىسەي، خونتېر (ئامېرىكا) بىرلىشىپ يازغان: «شىنجاڭ: پىچىكمۇ ياكى تۇگۇنمۇ» 199 ـ 202 ـ بەت.
㊿③ يۇقىرىقى كىتاب، 204 — 207 ـ بەتلەر.
㊿④ ماۋ زېدۇڭ: «دۇ چۇڭيۈەن ناھەق دېلوسى توغرىسىدا» «سەنئەت پەسلى» 3 ـ توم 5 ـ سان 1946 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشرى.
㊿⑤ «شىنخۇا گېزىتى» 1938 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.
㊿⑥ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 4016 ـ بەت.
㊿⑦ «ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە كوممۇنىستلار ئاقسۇدا» ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى پارتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى 1987 ـ يىل نەشرى، 155 ـ، 159 ـ، 160 ـ بەتلەر.
㊿⑧ «شىنجاڭ: پىچىكمۇ ياكى تۇگۇنمۇ» 231 —، 323 ـ بەتلەر.
㊿⑨ جۇ دۇڭجياۋ: «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 89 ـ بەت.
⑥⓪ يۇقىرىقى كىتاب، 89 ـ، 90 ـ بەتلەر.
⑥① يۇقىرىقى كىتاب، 93 ـ بەت.
⑥② «شېڭ شىسەينىڭ ستالىنغا يازغان دوكلاتى. مەخپىي نۇسخا» 1 ـ، 6 ـ بەتلەر. «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 4252 ـ بەتتىن ئېلىندى.
⑥③ جۇ دۇڭجاۋ «شىنجاڭدىكى 10 يىل» 90 ـ بەت.
⑥④ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 4248 ـ بەت.

⑥⑤ يۇقىرىقى كىتاب 4251 ـ بەت.
⑥⑥ «شىڭ شىسەيىنىڭ ستالىنغا يازغان دوكلاتى. مەخپىي نۇسخا» 202 ـ، 210 ـ بەتلەر «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 4293 ـ 4294 ـ بەتلەر.
⑥⑦ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 4263 ـ بەت.
⑥⑧ جۇ دۇڭجياۋ: «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 99 ـ 100 ـ بەتلەر.
⑥⑨ شى يۈەنپۇ: «شىنجاڭدىكى مەخپىي كومىتېتلار ئۈستىدە ئانالىز» «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 ـ سان 63 ـ بەت.
⑦⓪ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 119 ـ 120 ـ بەتلەر.
⑦① «چېن تەنچيۇنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان بۇلتۇر يازدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلاتى» «8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى» 51 ـ بەت.
⑦② «8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى» 54 ـ، 55 ـ بەتلەر.
⑦③ «شىنجاڭدىكى ناھەق دېلولار» جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى، 139 ـ بەت.
⑦④ «زۇڭتۇڭ جياڭ جيېشىنىڭ مەخپىي خاتىرىلىرى» 4 ـ جىلد 320 — 321 ـ بەتلەر، جۇ پېيمىنىنىڭ: «شىنجاڭ ئىنقىلابى تارىخى» 162 ـ بەتكە قاراڭ.
⑦⑤ «8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى» 60 ـ بەت.
⑦⑥ «شىنجاڭ: پىچكىمۇ ياكى تۇگۈنمۇ» 255 ـ 260 ـ بەتلەر.
⑦⑦ «جىڭ دالۇن تاپشۇرغان ماتېرىياللار» «شىنجاڭدىكى ناھەق دېلولار» 159 — بەتكە قاراڭ.
⑦⑧ «شىنجاڭدىكى ناھەق دېلولار» 225 ـ بەت.
⑦⑨ يۇقىرىقى كىتاب، 183 ـ بەت.
⑧⓪ يۇقىرىقى كىتاب، 201 ـ بەت.
⑧① «شىنجاڭدىكى 10 يىل» 124 ـ بەت.
⑧② «شىنجاڭدىكى ناھەق دېلولار» 172 ـ بەت.
⑧③ يۇقىرىقى كىتاب، 208 ـ بەت.
⑧④ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 4969 ـ، 4973 ـ بەتلەر.

(85) يۇقىرىقى كىتاب 4951 ـ بەت.

(86) «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» نىڭ 166 ـ بېتىدىكى 14 ـ ئىزاھاتتا: «مىنگونىڭ 20 ـ يىلىدىن باشلاپ شېڭ شىسەي ئۆزىنى دۇنيادىكى ئالتە بۈيۈك شەخس قاتارىغا كىرگۈزدى. ئالتە بۈيۈك شەخس لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭ، جۇدې، جياڭ جېيشى، شېڭ شىسەيدىن ئىبارەت».

(87) «شىنجاڭ: پىچىكمۇ ياكى تۇگۇنمۇ» 260 ـ، 267 ـ بەتلەر.

(88) سۇن فۇكۇن: «روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى» 1957 ـ يىل 3 ـ ئاي (تەيۋەن) مەركىزىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تەمىنلەش كوپراتىپى نەشرى، 78 — 79 ـ بەتلەر.

(89) «جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى تارىخي» 2 ـ توم، 1962 ـ يىل (تەيۋەن) جېڭشىن ئاخبارات گېزىتى تەييارلىغان 4 ـ، 35 ـ بەتلەر.

(90) «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 1528 ـ بەت.

(91) «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 136 ـ بەت.

(92) «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 136 ـ بەت؛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 5952 ـ بەت.

(93) «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 137 ـ بەت.

(94) «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 5967؛ 5969؛ 1973 ـ بەتلەر.

(95) «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، 137 ـ بەت.

(96) «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 5774 ـ، 5977 ـ بەتلەر.

(97) «شىجاڭنىڭ 10 يىلى»، 137 ـ بەت.

(98) «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 6008 ـ بەت.

# ئون ئالتىنچى باب قىيىنچىلىق ئىچىدە قايتىدىن باش كۆتۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتى

## 1 ـ بۆلۈم قىيىنچىلىق ئىچىدە راۋاجلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى زامان ئىگىلىكى

### 1. يېزا ئىگىلىكىنى قايتىدىن قۇرۇش

1) تېرىلغۇ يەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

1933 ـ يىلى شىنجاڭدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 11 مىليون 434 مىڭ 567 مو 8 پۇڭ 3 لى ئىدى. ئەمما 1934 ـ يىلى ئازىيىپ 4 مىليون 600 نەچچە مىڭ موغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇرۇش تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ زور دەرىجىدە ئازىيىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىدى. ئۇرۇش ئوتلىرى يامرىغان قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمى 90% ئەتراپىدا كېمىيىپ كەتتى.

1934 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇرۇش ئوتى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي، جەنۇبىي ئېتىكىگە يامرىدى. ئۇرۇش قىلىشۋاتقان ئىككىلا تەرەپ بىر ـ بىرى بىلەن تىركىشىپ قالغاچقا، بۇ ئۇرۇش پەيدىنپەي مۇقىم رايون دائىرىسى، ۋاقىت چېكى بولمىغان پارتىزانلىق ئۇرۇشقا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ئۇرۇشنى خۇددى

كەلكۈندەك ھەرقايسى بوستانلىقلارغا كېڭەيتىپ، شەھەر ـ يېزىلاردىكى پۇقرالارنىڭ سەرسان بولۇشىنى، ئىگىلىكنىڭ خارابلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىك پەسىل ۋە ۋاقىتتىن مەھرۇم قالدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئۇرۇش قىلىنىۋاتقان ئىككى تەرەپ جايلاردىكى دېھقانلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھەر ۋاقىت كېمىيىۋاتقان ئەسكىرىي كۈچىنى تولۇقلاشقا مەجبۇر بولغانلىقتىن، يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى.

1934 ـ يىلى شېڭ شىسەي سەككىز ماددىلىق خىتابنامىنى ئېلان قىلغان ۋاقىتتا، «يېزىلارغا ياردەم بېرىش» نى 3 ـ ماددا قىلغان بولۇپ، بۇ يېزا ئىگىلىكىنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىدا سىياسەت جەھەتتىن تايانچقا ئىگە قىلدى. «يېزىلارغا ياردەم بېرىش » نىڭ ماھىيىتى ھۆكۈمەت يېزىلارغا ئۆتنۈمى، سالمىقى بولغان مەبلەغ سېلىش ئىدى. 1934 ـ يىلى ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلارغا سالغان مەبلىغى: قەرز پۇل 480 مىڭ يۈەن، قەرزگە بېرىلگەن ئۇرۇق 40مىڭ دادەن، قەرزگە بېرىلگەن تېرىقچىلىق كالىسى 1400 تۇياق، قەرزگە بېرىلگەن تېرىقچىلىق ئېتى 2 مىڭ بولدى؛ 1935 ـ يىلى قەرز پۇل 744 مىڭ يۈەن، قەرزگە بېرىلگەن ئۇرۇق 42 مىڭ دادەن، قەرزگە بېرىلگەن تېرىقچىلىق كالىسى 600 تۇياق، قەرزگە بېرىلگەن تېرىقچىلىق ئېتى 900 بولدى؛ 1936 ـ يىلى قەرز پۇل 800 مىڭ يۈەن، قەرزگە بېرىلگەن ئۇرۇق 30 مىڭ دادەن، قەرزگە بېرىلگەن تېرىقچىلىق كالىسى 200 تۇياق، قەرزگە بېرىلگەن تېرىقچىلىق ئېتى 100 باش بولدى①.

1936 ـ يىلى 7 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ 1 ـ ئۈچ يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئىقتىسادشۇناس سىۋانىس بۇ خىزمەتكە

رىياسەتچىلىك قىلدى.

1 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلان شىڭ شىسەينىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان مۇددىئاسىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش بۇ پىلاننىڭ مۇھىم قىسمى ئىدى. تېرىلغۇ يەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش بولسا يېزا ئىگىلىك تەدبىرلىرىنىڭ مۇھىم نىشانلىرىدىن بىرى ئىدى. 1937 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلغىچە يولغا قويۇلغان ماۋ زېمىن تۈزۈپ چىققان 2 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلاننىڭ يېزا ئىگىلىك توغرىسىدىكى قارار تەدبىرلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغىنى يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئايرىۋاشلىنىشى ئىدى.

1940 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئىچىدە، ئۇرۇقا بېرىلگەن قەرز پۇل 50 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل 100 مىڭ يۈەن، سۇچىلىققا بېرىلگەن قەرز پۇل 150 مىڭ يۈەن، ئالاھىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، جەمئىي 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 1941 ـ يىلى، ئۇرۇقا بېرىلگەن قەرز پۇل 600 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل 150 مىڭ يۈەن، سۇچىلىققا بېرىلگەن قەرز پۇل 200 مىڭ يۈەن، ئالاھىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل 150 مىڭ يۈەن بولۇپ، جەمئىي 1 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 1942 ـ يىلى، ئۇرۇقا بېرىلگەن قەرز پۇل 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل 200 مىڭ يۈەن، سۇچىلىققا بېرىلگەن قەرز پۇل 250 مىڭ يۈەن، ئالاھىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، جەمئىي 2 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى②.

«يېزىلارغا ياردەم بېرىش» سىياسىتى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرۇش، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. بۇ نەتىجىلەر تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈنۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە گەۋدىلەندى.

ئۇيغۇرلار رايونىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر كۆلىمىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنىڭ ئالامەتلىرى 1936 ـ يىلىدىن باشلاپ دەسلەپكى قەدەمدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. شۇ يىلى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمى 26 مىڭ مو ئاشتى، 1937 ـ يىلى 420 مىڭ مو ئاشتى، 1942 ـ يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمى 14 مىليون موغا يېتىپ، 1933 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 2 مىليون 500 مىڭ مودىن كۆپرەك ئاشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە قومۇل ۋىلايىتىدىكى ئۈچ ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 610 مىڭ مودىن، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئون ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3 مىليون 380 مىڭ مودىن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى توققۇز ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2 مىليون 270 مىڭ مودىن، يەكەن ۋىلايىتىدىكى بەش ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2 مىليون مودىن، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئالتە ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2 مىليون مودىن كۆپرەك ئىدى[3].

1937 ـ يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭدا 1 ـ ئۈچ يىللىق پىلان يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كېۋەز تېرىش تېرىقچىلىقنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. 2 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلان تاماملىنىش مەزگىلىدە، كېۋەزچىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا پەيدىنپەي راۋاجلاندى. شۇ سەۋەبتىن، 1940 ـ يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان 2 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلاندا، كېۋەزچىلىك كۆلىمىنى كېڭەيتىش يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن بىرى بولۇپ

قالدى. ئەينى ۋاقىتتا كېۋەز تېرىش ئاساسەن خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا مەركەزلەشكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلىدا كېۋەز تېرىپ سىناق قىلىش يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكتىن، كېۋەزچىلىك ئىلىدىمۇ بارا - بارا مۇئەييەن كۆلەمنى شەكىللەندۈردى.

تېرىقچىلىق شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، بولۇپمۇ ئەلا سۈپەتلىك كېۋەزنىڭ كېڭەيتىلىشى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى كېۋەزچىلىك تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرىگە ئايلاندى، 1940 - يىلى شىنجاڭنىڭ پاختا مەھسۇلاتى 5% ئاشتى. 1941 - يىلى 10% ئاشتى. 1942 - يىلى 15% ئېشىپ شۇ يىلدىكى پاختا ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 28 مىليون جىڭغا يېتىپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 75 جىڭ بولدى، ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرپاننىڭ پاختا مەھسۇلات مىقدارى 4 مىليون جىڭدىن، پىچاننىڭ 2 مىليون جىڭدىن، يەكەننىڭ 6 مىليون جىڭدىن، ئاقسۇنىڭ بىر مىليون جىڭدىن كۆپرەك ئىدى، پاختا مەھسۇلاتى زور مىقداردا ئاشقانلىقتىن، 1941 - يىلىغا كەلگەندە پاختا بىلەن تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كېتىپ، پاختا باھاسىنىڭ بىردىنلا چۈشۈپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈلدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بۇ مەزگىلدىكى جوش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان كېۋەزچىلىك ئۇيغۇرلار رايونىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر كۆلىمىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ۋە كېڭىيىشىگە نىسبەتەن ئوينىغان رولى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولدى.

### 2. سۇ ئىنشائاتىنى ياخشىلاش

شىنجاڭدا سۇچىلىق يېزا ئىگىلىك كۆلىمى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب شىنجاڭنىڭ ھۆل - يېغىنىنىڭ ئازلىقى، ھاۋاسىنىڭ قۇرغاقلىقى بولۇپ، بۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ پۈتۈنلەي سۇ ئىنشائاتىغا تايىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. 30 - يىللارنىڭ

دەسلەپىدىكى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ خارابىلىشىشى ئەڭ ئاۋۋال سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرىنىڭ رېمونتسىز قېلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىن باشلاندى، شېڭ شىسەي ئوتتۇرىغا قويغان «يېزىلارغا ياردەم بېرىش» تەدبىرى سۇچىلىق بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ چوڭقۇر مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە مۇكەممەل سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرى بولمىسا، شىنجاڭدا تېرىقچىلىق قىلغىلى بولمايتتى.

1934 ـ يىلىدىن 1936 ـ يىلىغىچە بولغان شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ جانلىنىش مەزگىلىدىكى سۇچىلىق ئىشلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەرلەر كۆلىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا ئوينىغان ئۇنۇملۇك رولى، كىشىلەرگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلدى. شۇ سەۋەبتىن 1 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلان يولغا قويۇلغاندا، سۇ ئىنشائاتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇش تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا كۈچەيدى ۋە ئۆستى.

1 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلاندىكى سۇ ئىنشائات ئىشلىرى ئۈچ تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار ئەسلىدە بار بولغان ئېرىق ئۆستەڭلەرنى راۋانلاشتۇرۇش، يېڭىدىن ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى قېزىش ۋە سۇ يىغىش ئىنشائاتلىرىنى ياساش ئىدى.

1939 ـ يىلى 12 ـ ئايدا 1 ـ ئۈچ يىللىق پىلان تاماملانغان ۋاقىتتا، چىڭخەيدىكى «جېڭۋېن تەھرىراتى شىنجاڭنىڭ سۇ ئىنشائات پىلانىنىڭ تاماملىنىش ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ، غول ئېقىنلارنىڭ 944 كە، تارماق ئېقىنلارنىڭ 2343 كە، سۇغىرىلغان ئېتىزلارنىڭ 11 مىليون 189 مىڭ 420 موغا يەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە غول ئېقىنلارنىڭ سانى 1 ـ ئورۇندا تۇرىدىغىنى پەيزاۋات ناهىيىسى بولۇپ، جەمئىي 69 غا، 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغىنى پىچان ناهىيىسى بولۇپ 46 گە، 3 ـ ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئۈرۈمچى ناهىيىسى بولۇپ 44كە،

ئۆنىڭدىن كېيىن تەرتىپ بويىچە كۆچا ناھىيىسىنىڭ 40 قا، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 39 غا، خوتەن ناھىيىسىنىڭ 38 گە، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ 36 گە يەتكەندى، تارماق ئېقىنلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغىنى يېڭىشەھەر ناھىيىسى بولۇپ، جەمئىي 206 گە، 2 ـ ئورۇندىكىسى يەكەن ناھىيىسى بولۇپ 164 كە، ئۆنىڭدىن كېيىن تەرتىپ بويىچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 161 گە، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 123 گە، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ 117 گە يەتكەندى.

سۇغىرىش كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغىنى پەيزاۋات ناھىيىسى بولۇپ، 1 مىليون 21 مىڭ 500 مو ئىدى، 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغىنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بولۇپ، 990 مىڭ 454 مو ئىدى. 3 ـ ئورۇندىكىسى ئۈچتۇرپان ناھىيىسى بولۇپ، 919 مىڭ 475 مو ئىدى. ئۆنىڭدىن كېيىن تەرتىپ بويىچە يەكەن ناھىيىسىنىڭ 844 مىڭ 106 مو، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ 662 مىڭ 334 مو بولۇپ، لوپ ناھىيىسىنىڭ 646 مىڭ 133 مو، شايار ناھىيىسىنىڭ 644 مىڭ 106 مو ئىدى.④

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇ ئىنشائاتىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغىنى تۇرپاندىكى داخىيەن ئۆستىڭى بولدى. بۇ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئاساسىي يەر ئۈستى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ئىدى. داخىيەن تەگرىتېغىدىن تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ ـ چىقىشتىكى يەنە بىر يول ئېغىزى بولغانلىقتىن، 30 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە بىر مەھەل ئۇرۇش ئەڭ كۆپ بولغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغاندى. داخىيەن ئۆستىڭىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت داۋاملىشىپ ئاخىر پۈتتى. بۇ يەر ئۈستى سۇغىرىش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق تەگرىتېغىدىن تۇرپان ئويمانلىقىغا سۇ باشلاپ كېلىنىپ، ئەتراپىتىكى تۆت مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر سۇ بىلەن تەمىن

ئېتىلدى⑤.

1939 ـ يىلى، 1 ـ ئۈچ يىللىق پىلان تاماملانغان ۋاقىتتا، شايار ناھىيىسىدىكى خانناماز سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى يار باش سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، مەكىت ناھىيىسىدىكى خانناماز سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە ئاقسۇ ناھىيىسىدىكى كۆكباش سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ غەلىبىلىك پۈتتى. بولۇپمۇ ئاقسۇ ناھىيىسىدىكى كۆكباش سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى كۆلىمى ۋە ئۈنۈمى جەھەتتە ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولدى. بۇ غول ئېقىننىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 124 چاقىرىم، چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى ئوخشاشلا ئالتە چى ئىدى.

1 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلان يولغا قويۇلغان مەزگىلدىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر، خەلق ئاممىسىنىڭ سۇچىلىق ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش قىزغىنلىقىنى قوزغاپلا قالماي، ئەلۋەتتە يەنە ھۆكۈمەتنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى جەھەتتە داۋاملىق يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. 1938 ـ يىلى ھۆكۈمەت سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆپەيتتى. شۇ يىلى سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 491 مىڭ 718 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 241 مىڭ 718 يۈەن، بانكا قەرز پۇلى 250 مىڭ يۈەندى. 1940 ـ يىلى سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 578 مىڭ 875 يۈەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت مەبلىغى 272 مىڭ 875 يۈەن، بانكا قەرز پۇلى 300 مىڭ يۈەن ئىدى.

بەزى كۆلەم ۋە ئۈنۈم جەھەتتە پىلانغا كىرمەيدىغان كىچىك سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى تۈرلىرىگە خەلق ئاممىسى مەبلەغ توپلىدى، ھۆكۈمەت تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى.

2 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلاندىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قىلىنىدىغان نۇقتىلىق رايونلار ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، ئىلى، قۇمۇل، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، قاراشەھەر قاتارلىق 9 ۋىلايەت ئىدى.

ئىلى ۋىلايىتىدە پىلانغا ئاساسەن، «قاش دەرياسىنى ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ، ھەرقايسى ئۆستەڭلەرگە توما ئورنىتىلدى ھەمدە بۇ ئارقىلىق كۆرە ئۆستىڭىگە سۇ باشلاپ كېلىندى. ئۆزگەرتىپ ياسالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 كىلومېتىر، يېڭىدىن ياسالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 31 كىلومېتىر بولۇپ، ئۆستەڭ ئېغىزلىرى ئۆزگەرتىپ ياسالغاندىن كېيىن، ھەر سېكۇنتىغا 25 كۇپ مېتىر سۇ چىقىدىغان بولدى»، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلىغى 35 مىڭ يۈەن، بانكا قەرز پۇلى 50 مىڭ 375 يۈەن بولدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدە پىلانغا ئاساسەن «باغداش، يالغۇز تېرەك كەنتى ۋە باشقا جايلاردا 12 ئېقىن ـ ئۆستەڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەم كېڭەيتىلدى»، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قۇرۇلۇشقا سالغام مەبلىغى 8000 يۈەن، بانكا قەرز پۇلى 13 مىڭ يۈەن بولدى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پىلاندىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى كېرىيە، چىرا، لوپ، خوتەن قاراقاش، گۇما، قاغىلىق قاتارلىق يەتتە ناھىيىگە تارالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۈلگە قىلىپ، چىرا، گۇما، قاغىلىق ناھىيىلىرىدە سىناق تەرىقىسىدە كارىز قېزىش قارار قىلىندى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ چىرا ناھىيىسىدە سىناق تەرىقىسىدە كارىز قېزىشقا سالغان مەبلىغى 3 مىڭ 500 يۈەن، بانكا قەرز پۇلى 4 مىڭ يۈەن، گۇما ناھىيىسىدە سىناق تەرىقىسىدە كارىز قېزىشقا سالغان مەبلىغى 3 مىڭ 500 يۈەن، بانكا قەرز پۇلى 4 مىڭ يۈەن، قاغىلىق ناھىيىسىدىمۇ ئوخشاشلا

سىناق تەرتىقسىدە كارىز قېزىشقا سالغان مەبلىغى 3 مىڭ 500 يۈەن، بانكا قەرز پۇلى 4 مىڭ يۈەن بولدى.

ئومۇمەن، 2 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلان يولغا قويۇلغان مەزگىلدىكى ھۆكۈمەتنىڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 38 مىڭ يۈەن، بانكا قەرز پۇلى 34 مىڭ 500 يۈەن بولدى⑥.

2 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلاندىكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى يەكەن، مەكىت، يېڭىسار، يېڭىشەھەر، پەيزاۋات، مارالبېشى قاتارلىق ئالتە ناھىيىگە تارالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە يەكەن ناھىيىسىدىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى: (1) زەرەپشان دەرياسىدىن بىر يېڭى ئۆستەڭ قېزىش. (2) سوقىچاق كۆلىگە سۇ ئامبىرى ياساش. (3) بارلىق ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە سۇ چىقىرىش قۇرۇلمىلىرىنى ياساش ئارقىلىق شورلۇق يەرلەر ۋە لاتقا يەرلەرنى ياخشىلاش بولدى. مەكىت ناھىيىسىدىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى: (1) بەشچام ئۆستىڭىنىڭ قوشنا ناھىيىلەردىن ئۆتىدىغان قىسمىنى كېڭەيتىش ھەمدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىزناپ دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىش ئارقىلىق يېڭىدىن ئېچىلغان 50 مىڭ تېرىلغۇ يەرنى سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەش. (2) زەرەپشان دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىش. (3) شېڭ شىسەي ئىسىم قويۇپ بەرگەن «جىنيۈڭ ئۆستىڭى»نى پۈتتۈرۈش بولدى. بۇ ئۆستەڭ زەرەپشان دەرياسىنى مەنبە قىلغان بولۇپ 1940 ـ يىلى پۈتتى. 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ، 105 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر سۇغىرىلدى⑦. قەشقەر ۋىلايىتىدە، قۇرۇلۇش كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغىنى مارالبېشى ناھىيىسىدىكى خۇڭخەيشۇ سۇ ئامبىرى بولۇپ، 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ، 330 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر سۇغىرىلدى⑧.

3. يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنۇمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئېشىشى ۋە كېڭەيتىلىشىگە تايىناتتى. شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتىكى تەدبىرى: (1) دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش؛ (2) دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سورتلىرىنى ئەلالاشتۇرۇش؛ (3) تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى ياخشىلاش؛ (4) زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى تۈگىتىش قاتارلىق تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلانغانىدى.

ئەمما سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللار تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، 1934 ـ يىلىدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە پەقەتلا تەشۋىق قىلىش ۋە نامايان قىلىش سەۋىيىسىدە توختاپ قالدى.

1 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلىگە كەلگەندىلا، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاندىن ھەقىقىي كۈنتەرتىپكە قويۇلدى.

1 ـ مەزگىلىك ئۈچ يىللىق پىلاندا، دېھقانچىلىق ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش، دېھقانچىلىق تېخنىكا كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىقلار دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنىڭ كاپالەت سىستېمىسى قىلىپ بەلگىلەندى.

1 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلاندا تەسىس قىلىنىدىغان دېھقانچىلىق ئاپپاراتلىرى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئاپپاراتلار، ئۈلگە كۆرسىتىش ئاپپاراتلىرى ۋە ياردەمچى ئاپپاراتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كونكرېت مەزمۇنى: (1) قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ قارمىقىدا دېھقانچىلىق ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئاپپارات قىلىش، دېھقانچىلىق ئىدارىسى ئۇرۇق سورتلىرىنى ئەلالاشتۇرۇش، تۇپراقنى ياخشىلاش،

دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى تونۇشتۇرۇش، ھەرقايسى ناھىيىلەردە دېھقانچىلىق ئۆيۈشمىسىنى قۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە مەسئۇل بولۇش؛ (2) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى تەجرىبە مەيدانلىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ھەم دېھقانچىلىق تېخنىكىسىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش ئىدى.

1 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلان تاماملانغان ۋاقىتتا، ھەر خىل دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، تەجرىبە مەيدانلىرىدىن جەمئىي 27 سى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدە تۆتى، ئىلى ۋىلايىتىدە تۆتى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە تۆتى، ئالتاي ۋىلايىتىدە ئۈچى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىككىسى، قاراشەھەر ۋىلايىتىدە بەشى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئىككىسى، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىككىسى، خوتەن ۋىلايىتىدە بىرى بار ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپاندا يەنە ئۈجمە كۆچەتلىكى، پىلە يېتىشتۈرۈش ئورنى، كېۋەز تەجرىبە مەيدانى قۇرۇلدى، غۇلجىدا مېۋىلىك دەرەخلەر كۆچەتزارلىقى قۇرۇلدى. يەنە ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، تۇرپان، كورلا قاتارلىق جايلاردا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلىدىغان ھاۋا رايى پونكىتلىرى قۇرۇلدى.

2 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلاندا، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە رولىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ئاپپاراتلىرىنى كېڭەيتىپ تەشكىللەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىمۇ ئاشۇرۇلدى.

2 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، تەجرىبە مەيدانلىرىدىن 17 سى كۆپەيتىپ قۇرۇلۇپ، 1 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلان جەريانىدا قۇرۇلغان 25 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى،

تەجرىبە مەيدانى بىلەن قوشۇلۇپ، جەمئىي 42 گە يەتتى، ھۆكۈمەت جەمئىي 632 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. ھاۋا رايى پونكىتلىرى 2 - مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئەسلىدىكى يەتتىدىن كۆپىيىپ 15 كە يەتتى، ھۆكۈمەت 5 مىڭ 50 يۈەن مەبلەغ سالدى.

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا، سانائەت ۋە تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش ئاللىقاچان ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگودا، بولۇپمۇ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان شىنجاڭدا تېخى بىخ ھالىتىدە ئىدى.

ئالتاي رايونى بۇ جەھەتتە باشلامچى بولدى. 1934 - يىلى ئالتاي ۋالىيسى شارىپقاننىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئالتاي شەھىرى ئەتراپىدا ئۈچ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ، تېرىلغۇ يەر 300 گېكتار (بىر گېكتار 15 موغا تەڭ) غا يەتتى. ئەسلىدىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس قوشۇنىنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى رۇسىيىدىكى ۋاقتىدا دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى ئىشلىتىپ باققانىدى. مۇشۇنداق شارائىت بولغانلىقتىن، دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان شۇ يىلى شارىپقان ئۆزى شەخسەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن لېنىنگرادتا ئىشلەنگەن 2 دانە «LTZ — 20 تىپلىق» 20 ئات كۈچىگە ئىگە تراكتور، ئىككى دانە ئۈچ چىشلىق ساپان، بىر دانە ماشىنىغا چېتىلىدىغان ئۇرۇق چېچىش ماشىنىسى، 2 دانە ئات بىلەن سۆرىتىلىدىغان دان ئايرىش ماشىنىسى، بىر دانە ئادەم كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان چاقپەلەك، بىر دانە ئات بىلەن سۆرىتىدىغان ئورۇش ماشىنىسى، 25 سىيالكا سېتىۋېلىپ

ئەكەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقلىق تېخنىك ئابدىكشېڧ (روس)، توسۇپقان (قازاق) نى تەكلىپ قىلىپ بۇ دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىغا مەسئۇل قىلدى ھەمدە سۇلايمان ئىسمىلىك بىر ئۇيغۇر يىگىتنى سوۋېت ئىتتىپاقى تېخنىكلىرىغا شاگىرتلىققا بەردى.

1935 - يىلىدىن باشلاپ، چۆچەك، غۇلجا، ئۈرۈمچىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، تەجرىبە مەيدانلىرى شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان بايلارمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تراكتورنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ قۇراشتۇرۇپ تېرىقچىلىققا ئىشلەتتى ياكى سىناق قىلدى. بولۇپمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى چۆچەككە سېتىۋېلىپ ئەكېلىنگەن 1932 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خاركوفتا ئىشلەپچىقىرىلغان تۆت دانە «HTZ — 37 تىپلىق» 37 ئات كۈچىگە ئىگە يېڭى تىپتىكى تراكتور ئىدى.

1937 - يىلى چۆچەكلىك ئۇيغۇر باي ئىگەمبەردى نەزەروف سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر دانە «HTZ — 37 تىپلىق» تراكتورنى سېتىۋېلىپ تاتار تېخنىك مېڭخانى شوپۇر قىلىپ ياللىدى. بۇ تراكتور ئىگەمبەردى نەزەروفنىڭ بېغىدا مەشغۇلات قىلغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر كۆرگىلى كەلدى. تراكتورغا سۆرىتىلگەن بەش چىشلىق ساپان ئاغدۇرغان تەكشى كەڭلىك ھەم چوڭقۇرلۇقتىكى يەرلەر كىشىلەرنى بۇ «تۆمۈر كالا» نىڭ كارامىتىگە ھەيران قالدۇردى ھەم قايىل قىلدى⑨.

چۆچەكلىك ئۇيغۇر باي تراكتور سېتىۋالغان يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان شىبە ياش تۇڭ رۇڭچاڭ ئالمۇتادىمۇ بىر دانە «HTZ — 37 تىپلىق» تراكتورنى سېتىۋېلىپ ئۇنى ئۆزى ھەيدەپ دۆلەتكە قايتىپ كەلدى. كېيىنچە، تېخنىكلىق كاشىلىلار، زاپچاسلارنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن بۇ تراكتور تېرىقچىلىققا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمىغان بولسىمۇ،

ئەمما قانداقلا بولمىسۇن تراكتورنى پەقەت گېزىتلەردىنلا كۆرۈپ بىلگەن ئىلىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى بۇ سىرلىق دېھقانچىلىق ماشىنىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

بۇ شىبە ياشتىن ئىلھاملىنىپ، 1938 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دادامتۇ يېزىسىدىكى ئۇيغۇر باي سالىجانبايمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تراكتور سېتىۋېلىپ، تېرىقچىلىققا ئىشلەتتى⑩.

شىنجاڭدا ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا سالغان مەبلىغى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. 1936 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى 2 مىڭ 500 دىن كۆپرەك بولغان بولسا، 1938 - يىلى 23 مىڭ 675 كە يەتتى. بۇ دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ چوڭى تراكتور كىچىكلىرى مېخانىك چاق ئىدى.

2 - مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلىدە، دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش قەدىمى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەندى ھەمدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. 1941 - يىلى شىنجاڭ دائىرىلىرى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىدىن 1 مىڭ ئۈچنى، تۈرلۈك زاپچاسلاردىن 140 خىلدىن كۆپرەكىنى زاكاز قىلدى. بۇ زاكاز قىلىنغان ماللار 1942 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق شىنجاڭغا توشۇپ كېلىندى، ئۇنىڭ ئىچىدە سانى ئەڭ كۆپ بولغىنى ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۆرۈش ماشىنىسى، ئۇنىڭدىن قالسا 12 قۇرلۇق ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇرۇق چېچىش ماشىنىسى ئىدى. «5 - نومۇرلۇق چاقپەلەك» دەپ ئاتالغان ئادەم كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان دان ئايرىش ماشىنىسى بىرلا ۋاقىتتا ئاشلىقنى تۆت خىل دەرىجىگە ئايرىپ دېھقانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

1942 ـ يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ سانى كۆپىيىپ 105 مىڭغا يەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت سېتىۋالغان ياكى ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن قەرز پۇلغا سېتىۋېلىنغانلىرى بىرقەدەر زور سالماقنى ئىگىلىگەنىدى. پەقەت 2 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلىدىلا، ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئاجراتقان مەبلىغى 160 مىڭ يۈەنگە، تەمىنلىگەن قەرز پۇلى 571 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئىككىسىنى قوشقاندا جەمئىي 731 مىڭ يۈەن بولدى⑪.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى قايتىدىن قۇرۇشنى نىشان قىلىپ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك لايىھىلەش، پىلانلاش كومىتېتى» قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت ئەر ـ ئايال ئەللىك نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان، قارمىقىدا خەلق ئىشلىرى گۇرۇپپىسى، ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلار گۇرۇپپىسى، سودا ـ سانائەت گۇرۇپپىسى، مائارىپ گۇرۇپپىسى، قاتناش گۇرۇپپىسى، سودا ـ سانائەت گۇرۇپپىسى، ئەدلىيە گۇرۇپپىسى قاتارلىق يەتتە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ ھەممە ئىختىساسلىقلىرىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى⑫. ئەمما بۇ ئىختىساسلىقلارنىڭ بىلىم دائىرىسى تولىمۇ چەكلىك بولغانلىقتىن، بۇ خىل ئەھۋال زور تۈركۈمدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا ئارىلىششىدىكى ئاساسلىق سەۋەبكە ئايلىنىپ قالدى.

ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجى كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىملىرىغا بولغان ئېھتىياج ئەڭ گەۋدىلىك ئىدى.

يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىملىرىغا بولغان ئېھتىياج ئەڭ ئاۋۋال دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېششىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانلىرىدىكى ئىشچىلار جىددىي كۆپىيىۋاتقان دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي ناتونۇش، مەشغۇلات قىلىش، رېمونت قىلىشتىن خەۋەرسىز ئىدى.

قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، 1 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلان جەريانىدا 730 نەچچە كىشى دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى ئىشلىتىشنىڭ ئاساسىي تېخنىكىلىرىنى ئىگىلىۋالدى. 1941 ـ يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭ دائىرىسىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش، دورا چېچىش شۇنداقلا ئاددىي رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تېخنىكا خادىملىرى 4 مىڭ 294 كە يەتتى⑬ ھەمدە 90 نەچچە ئوقۇغۇچى ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە يېزا ئىگىلىك تېخنىكوملىرىنى پۈتتۈردى.

## 2. سانائەتنى بەرپا قىلىش

### 1. ئالتۇن قېزىشقا ئەھمىيەت بېرىش

ئىگىلىكنى قايتا قۇرۇش جەريانىدىكى مەبلەغ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالتۇن قېزىش ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى قىلىندى. كۆلەملەشكەن ئالتۇن قېزىش ئىشلىرىنى ئاساسەن ھۆكۈمەت تەرەپ يولغا قويدى.

ئالتاي ئالتۇن كېنى ئىدارىسى ئەڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ كانچىلىق ئاپپاراتى بولۇپ، 1935 ـ يىلى 5 ـ ئايدا

قۇرۇلغانىدى. 1936 ـ يىلى ئالتاي ئالتۇن كېنى ئىدارىسى خوتەن، يەكەن، يېڭىسار، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئالتۇن قېزىش ئىشچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئالتاينىڭ ھەرقايسى كان نۇقتىلىرىدا ئالتۇن قازغۇزدى. 1937 ـ يىلى ئالتاي ئالتۇن كېنى ئىدارىسىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقارغان ئالتۇنى 1 مىڭ 500 سەردىن كۆپرەككە يەتتى⑭. كېيىنچە، سوۋېت ئىتتىپاقى تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىلى، تارباغاتاي، خوتەن، كېرىيە، چەرچەن قاتارلىق جايلاردىمۇ كەڭ دائىرىدە ئالتۇن كان تېپىش قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئەمەلىي نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئالتۇن زاپاس بايلىقى ئەڭ مول ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئىلى ئالتۇن كېنى ئىدارىسى 1937 ـ يىلى رەسمىي قۇرۇلدى. جايلاردىكى ھۆكۈمەت تارماقلىرى پەيدىنپەي ئالتۇن قېزىشنىڭ ئۈنۈمى ۋە قىممىتىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، بەس ـ بەستە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن يەرلىكتە ئالتۇن قېزىشقا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مۇشۇ ئالتۇن قېزىش قىزغىنلىقى جەريانىدا، بارىكۆل، گۇچۇڭ، تۇرپان، قاراشەھەر، يەكەنلەرمۇ بۇ جەھەتتە ئۆز كارامىتىنى نامايان قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ۋە كېرىيىدىكى ئالتۇن قېزىش ئىشلىرى ئەڭ راۋاجلاندى. 1936 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئالتۇن قېزىش ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ ئاساسلىق پاراڭ تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تۈرتكىسىدە، ئالتۇن قېزىش بارا ـ بارا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ كونتروللۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ، خۇسۇسىي ئالتۇن قازغۇچىلارمۇ بەس ـ بەستە بۇ كەسىپكە تۇتۇش قىلدى. دەسلەپتە، خۇسۇسىي ئالتۇن قازغۇچىلار تەمىنلىگەن زور مىقداردىكى باج سوممىسى ۋە

يېتەرلىك مەھسۇلات مىقدارى بىرمەھەل ھۆكۈمەتنى ئىنتايىن خۇشاللاندۇردى. ئەمما ھۆكۈمەت ناھايىتى تېزلا بۇنىڭدىن پەيدا بولغان ھەر خىل سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى كۆرۈپ يەتتى: خۇسۇسىي ئالتۇن قازغۇچىلار ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى زور مىقداردا بازارغا سالغاندىن كېيىن، ئالتۇن باھاسىنىڭ قالايمىقانلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇسۇسىي ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ كان مەنبەلىرىنى تالىشىشىدىن كېلىپ چىققان جېدەل - ماجىرالار پەقەت بېسىقمىدى. ئالدىنقىسى ئىقتىسادىي تەسىر پەيدا قىلسا، كېيىنكىسى ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلدى.

مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا، ھۆكۈمەت بىر قاتار بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلىپ، كان ئېچىشنى تىزىمغا ئېلىش، گۇۋاھنامە بويىچە تىجارەت قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇپ، خۇسۇسىي ئالتۇن قېزىشنى تېخىمۇ ئۆلچەملەشتۈردى. 1936 - يىلى ئالتۇن قېزىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن خۇسۇسىي ئالتۇن قازغۇچىلار 40 قا يەتتى، 1937 - يىلى كۆپىيىپ 102 گە يەتتى. دەل مۇشۇنداق ئاساس بولغانلىقتىن ، 2 - ئۈچ يىللىق پىلان يولغا قويۇلغان ۋاقىتتا، ئالتۇن قېزىش رەسمىي ھالدا پىلاننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى قىلىنىپ، «خەلق ئاممىسىنى ئالتۇن كېنى ئېچىشقا كەڭ دائىرىدە قوزغاش ھەمدە ياردەم بېرىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئالتۇن قېزىش خىزمىتىنى تەشكىللەش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ماشىنا - ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ، قانۇنلۇق چايقاش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش ھەمدە سىستېمىلىق كان ئىزدەش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش» بەلگىلەندى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ بەلگىلىمە بىرنەچچە يىللىق مەشغۇلات ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالتۇن قېزىشقا دائىر سىياسەت - ئەندىزىلەرنى تەرتىپكە سېلىشنى قارار قىلغانلىقىنى، خۇسۇسىي ئالتۇن قېزىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ

بەرگەنىدى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئالتۇن قېزىشقا كەتكەن غايەت زور سەرپىياتنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بىر چوڭ يۈكىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى بولۇپ، خۇسۇسىي ئالتۇن قېزىشنى كېڭەيتىش، شۈبھىسىزكى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ يۈكتىن خالاس بولۇشىدىكى بىر قەدىمى ئىدى.

ئەمما ئالتۇن تەڭداشسىز ئىقتىسادىي قىممەتكە ھەم ۋاقىت تەسىرچانلىقىغا ئىگە بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەت تەبىئىيكى بۇنىڭغا پۈتۈنلەي پەرۋاسىز قارىيالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «ھۆكۈمەتنىڭ ئالتۇن قېزىش خىزمىتىنى تەشكىللەش» روشەن كۆرسەتمىلىككە ئىگە بولدى.

ئالتاي ئالتۇن كېنى ئىدارىسىنىڭ ئالتۇن مەھسۇلات مىقدارى 2 ـ ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلىدە ھۆكۈمەت باشقۇرغان ئالتۇن قېزىش كەسپىدە داۋاملىق ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. مۇشۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، 1939 ـ يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ئالتاي ئالتۇن كېنى ئىدارىسىگە سالغان مەبلىغى بىر مىليون 280 مىڭ 867 يۈەنگە يېتىپ، مەزكۇر ئىدارىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ، ئىشچىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 3 مىڭدىن ئاشتى⑯.

ئىلى ئالتۇن كېنى ئىدارىسى ئەڭ دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى ئىزچىل ھالدا كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىدى. شۇ سەۋەبتىن ھۆكۈمەت ئىلى رايونىدا مەقسەتلىك ھالدا خۇسۇسىي ئالتۇن قېزىشقا بولغان چەكلىمىنى كەڭ قويۇۋەتكەچكە، بۇ رايوندىكى خۇسۇسىي ئالتۇن قېزىش پائالىيىتى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئالتۇن قېزىش كۆلىمىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

مەھسۇلات مىقدارىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خوتەن رايونى بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ئەمما قاتناشنىڭ

قۇلايسىزلىقى، بولۇپمۇ مەبلەغ ئاجرىتىشنىڭ چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن، ھۆكۈمەت باشتىن ـ ئاخىر خوتەن رايونىدا ئالتۇن قېزىشتا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش ئاپپاراتى تەشكىللىيەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ھۆكۈمەت يەنىلا يەرلىك خۇسۇسىي ئالتۇن قازغۇچىلاردىن ئالتۇنغا ئىگە بولدى. پەقەت 1937 ـ يىلى ۋە 1938 ـ يىلى ئىككى يىل ئىچىدىلا، ھۆكۈمەتنىڭ خوتەن رايونىدىكى خۇسۇسىي ئالتۇن قازغۇچىلاردىن يىغقان بېجى تەخمىنەن 3 مىڭ 750 سەردىن كۆپرەك كېسەك ئالتۇنغا يەتتى⑰.

1942 ـ يىلى، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ئالتۇن قېزىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ يىللىق ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئون يىل ئىلگىرى 100% ئىدى، ئون يىل جەريانىدا ئېشىپ تۆت قاتلاندى، مىنگونىڭ 31 ـ يىلىغا كەلگەندە ئېشىپ بەش قاتلاندى»⑱.

شېڭ شىسەي ئون يىل ئىچىدىكى شىنجاڭنىڭ ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ كونكرېت سانىنى يوشۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئېيتقان «بەش قاتلاندى» دېگەن بۇ سانلىق مەلۇمات ئەينى ۋاقىتتىكى ئالتۇن قېزىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاشقا نىسبەتەن يەنىلا زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىدى.

1943 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ئالتۇن كانلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئالتۇن كېنى ئىدارىسى ۋە ئالتۇن كېنى ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنى تەشكىللەش نىزامى» نى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئالتۇن كانلىرىنى چارلاش ۋە ئېچىش ھوقۇقىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى ھەمدە خۇسۇسىي ئالتۇن قېزىشقا روشەن چەكلىمە قويدى، مەسىلەن، «ئالتۇن كانلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» دە: «⋯⋯ (6) كان ئېچىشنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار ئىش باشلاشتىن ئاۋۋال

ئىلتىماسنامە تەييارلىشى كېرەك؛ (7) ئالتۇن كېنى ئىدارىسى ۋە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى ئىلتىماسنامىدە كۆرسىتىلگەن كان رايونى ۋە كۆلىمىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئىلتىماس قىلغۇچىغا جاۋاب بېرىدۇ؛ (8) كان مەيدانىنى ئۆلچەش ھەققى ئۈچۈن ھەر كۋادرات مېتىرغا بەش پۇڭ شىنجاڭ پۇلى ئېلىنىدۇ؛ (9) كان مەيدانىنىڭ ئىگىسى ئۆلچەش ھەققىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئالتۇن كېنى ئىدارىسى ياكى ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى كان ئېچىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىپ، كان ئېچىشقا رۇخسەت قىلىدۇ؛ (10) كان ئىگىسى گۇۋاھنامە ئالغاندىن كېيىن، دەرھال كان ئېچىشى كېرەك. ئەگەر گۇۋاھنامە ئېلىپ ئۈچ ئاي ئىچىدە كان ئاچمىغۇچىلار بولسا، ئالتۇن كېنى ئىدارىسى ۋە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ، ئېلىنغان ئۆلچەش ھەققى قايتۇرۇلمايدۇ؛ (11) كان ئىگىسى كان رايونىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ؛ (12) كان ئېچىش مۇددىتى ۋاقتىنچە ئۈچ يىل قىلىپ بەلگىلىنىدۇ، مۇددەت توشقاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق كان ئېچىشنى خالىغۇچىلار كان ئېچىش گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەنىدى.

يېڭى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شۇ يىلى 6 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايىتىدە ئالتۇن كېنى ئىش بېجىرىش ئورنى 1 مىڭ 800 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى، ئۇلار ئۇيغۇر ئالتۇن قازغۇچى ئىشچىلارنى قوبۇل قىلىپ يېڭى كان تېپىپ، ئالتۇن قېزىشنى تەشكىللىدى. كۆپ ساندىكى ئاشكارا ئالتۇن كانلىرى خۇسۇسىيلار تەرىپىدىن ئېچىپ بولۇنغانلىقتىن، خوتەن ئالتۇن كېنى ئىش بېجىرىش ئورنى كېيىنچە ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېڭى ئالتۇن كان تېپىش تەرىپىگە يۆتكىدى. بۇ ئىش بېجىرىش ئورنى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي تەسىر كۈچىگە ۋە ئىجتىمائىي تەسىر كۈچىگە تايىنىپ، ئاممىنى كان نۇقتىلىرىنى

مەلۇم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، مەلۇم قىلغۇچىلارنى ئالدى بىلەن كان ئېچىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىشقا ۋەدە بەردى. ئارقىدىنلا يەنە كان ئىزدىگۈچىلەرنى قاتناش قوراللىرى ۋە ئەسۋابلار بىلەن تەمىنلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت بۇ خىزمەتنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئالتۇن قېزىش ئىشلىرىدا يېڭى مۇھىت، يېڭى مەنبە يارىتىشقا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئىدى⑲.

شۇ مەزگىلدە، ئالتۇن كان تېپىش خىزمىتى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ئېتىكىدىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. زەرەپشان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئالتۇن بايقالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر بىرمەھەل ھۆكۈمەتنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە دىققىتىنى قوزغىدى. مالىيە نازارىتى ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار ۋە تېخنىك خادىملار زەرەپشان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بويلاپ تەكشۈرۈپ تەھقىقلىگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەكەن ئالتۇن كېنى ئىش بېجىرىش ئورنىنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى ھەمدە خوتەن، قەشقەرلەردىن خىزمەتچى خادىملارنى تاللاپ يەكەنگە ئەۋەتىپ ئاپپارات تەشكىللەشنى بۇيرۇدى⑳. ئەمما، مەبلەغ جايىغا يېتىپ بارالمىغانلىقتىن، يەكەن ئالتۇن كېنى ئىش بېجىرىش ئورنى ئاقىۋەت خوتەنگە ئوخشاش زور ئادەم كۈچى بىلەنمۇ بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرالمىدى.

2. ئېلېكتر سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش

1933 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان ۋاقىتتا، سانائەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئەڭ ئاجىز ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، سانائەتتىن سۆز ئېچىشقا توغرا كەلسە، پەقەتلا ئۈرۈمچىدىكى شىمگوغا جايلاشقان، يېرىمى ئىشتىن توختىغان «شىنجاڭ

ماشىنىسازلىق ئىدارىسى» ۋە ما جۇڭيىڭ ۋەيران قىلىۋەتكەن ئۈرۈمچىدىكى «شىنجاڭ فۇشىن توقۇمىچىلىق شىركىتى شۇنداقلا ئۆلكە مەركىزىدىكى ھەرقايسى ئورگانلارنىلا توك بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كۆرسىتىشكە بولاتتى، بۇ مەزگىلدە، ئۆزىنى ئۆزى قامداپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىۋاتقىنى پەقەتلا ئۇيغۇر كارخانىچى ھۇسەيىنبايىنىڭ ئىككى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى ئىدى. چۈنكى ئىلى بەختكە يارىشا بىر مەھەل شىنجاڭنىڭ باشقا ھەرقايسى جايلىرىنى قاپلىغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرىدىن خالىي قالغانىدى.

سانائەتنى بەرپا قىلىش قەدىمى مۇنۇ نۇقتىدىن باشلاندى.

سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇسكە ئىگە ئېلېكتر سانائىتى دەسلەپتە راۋاجلاندۇرۇلدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئۈرۈمچىگە شىددەت بىلەن قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە دۇبەن مەھكىمىسىدىكى كىچىك گېنېراتور تەمىنلىگەن يورۇقلۇق شەھەرنى قاتتىق ساقلاۋاتقان ئارمىيە ۋە خەلققە زور تەسەللى بولدى، چۈنكى بۇ يورۇقلۇق شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەم ئۇنىڭ داۋاملىق ئىش بېجىرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قايتا قۇرۇشقا ناھايىتى زور ئېتىبار بەردى. ئۇنىڭ دەۋەت قىلىشى ئارقىسىدا، «شىنگۇاڭ» ئېلېكتر لامپىسى شىركىتىنىڭ مەبلەغ سېلىپ مەسئۇل بولۇشى بىلەن، 40 مىليون يۈەن پاي قوشۇلغان بىر ئېلېكتر ئىستانسىسى 1937 - يىلى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توك تارقىتىش مىقدارى 250 كىلوۋات بولۇپ، 8 مىڭ ئېلېكتر لامپىسىنى يورۇتالايتتى. ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە كوچىلاردىكى بېزەكلىك

دەرۋازىلارنى يورۇتۇش شۇنداقلا ھەر خىل كىچىلىك يىغىن مەيدانلىرىنى يورۇتۇشنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توكى بىلەن بولاتتى.

روشەنكى، ئېلېكتر سانائىتى دەپ ئاتالغان بۇ تارماقنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا يارانقان ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئىگە بولغان ئىقتىسادىي ئەھمىيىتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەسلىدە ئېنېرگىيە پەيدا قىلىدىغان ئېلېكتر سانائىتى نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى دەپ تونۇلدى.

بۇ خىل ئەھمىيەتنى تونۇپ يەتكەن تۇرپانلىق بىر تۈركۈم ئىلغار ئۇيغۇر بايلىرى بۇ خىل مەدەنىيەتنى تۇرپاندىمۇ يىلتىز تارتقۇزۇش نىيىتىگە كەلدى. ئۈرۈمچى «شىنگۇاڭ» ئېلېكتر لامپىسى شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ياڭ يۈەنفۇنىڭ ھەمكارلىششى ئارقىسىدا تۇرپانلىق بايلار مەبلەغ توپلاپ «دىيۈەن» شىركىتىنىڭ ئوت كۈچى گېنېراتورىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۇرپاندا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇردى، گەرچە بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى تەمىنلىگەن توكنىڭ يورۇتۇش دائىرىسى ئىنتايىن چەكلىك بولسىمۇ، ئەمما تۇرپاندىكى ئۇيغۇر ئاممىسى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا يورۇقلۇق چىقىرالايدىغان سىرلىق شەيئىنى بىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

تۇرپان بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىلىدىكى ئۇيغۇر ئاممىسى ئېلېكتر بىلەن خېلى بۇرۇنلا تونۇشلۇق ئىدى. ھۈسەيىنباي جەمەتى قۇرغان ئىلى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى ئەڭ بۇرۇن ئىلىدىكى ئۇيغۇر ئاممىسىغا ئېلېكترنىڭ تۆرلۈك ھەيران قالارلىق رولىنى نامايان قىلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئىلى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ گېنېراتورى بار ئىدى.

ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تىنچ بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت ئىلىدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، رۇس ۋە

باشقا مىللەت بايلىرىدا ئېلېكتر كۆچى بىلەن يورۇتۇشتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئارزۇسىنى پەيدا قىلدى. ئۇلار بىرلىكتە ئىلى 1 ـ سودا پاي چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر دانە 25 كىلوۋاتلىق كىچىك گېنېراتور سېتىۋېلىپ، 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، چەكلىك دائىرىدە توك بىلەن تەمىنلىدى.

ئۇچتۇرپاندا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشنىڭ سەۋەبى ۋە جەريانى ئۇيغۇر رايونىدا ئېلېكتر سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يەنە بىر خىل ئۈلگىسى بولۇپ قالدى.

ئۇچتۇرپاندا بۇ ئىشنى باشلامچىلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرگىنى دائىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ سودا قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىدى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلېكتر توكىغا كۆنۈپ قالغاچقا، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ئۇچتۇرپاندا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ توكتىن پايدىلىنىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى. بىرنەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر ھەمكارلاشقان كېلىشىم تۈزۈپ چىقىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر دانە كىچىك ئوت كۈچى گېنېراتورى سېتىۋېلىنىپ، 1938 ـ يىلى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە مەبلەغ توپلىغان ھەر مىللەت بايلىرىنى توك بىلەن تەمىنلىدى.

شۇ مەزگىلدە، قەشقەردىمۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ توك تارقىتىلدى. شۇ جايدىكى ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ ئېلېكتر ھەققىدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى، مۇئەييەن مەنىدىن ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى باشقا جايلاردىن خېلىلا بۇرۇن ئىدى. رۇسىيە (سوۋېت ئىتتىپاقى) كونسۇلخانىسى ۋە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئەڭ بۇرۇن ئېلېكترنىڭ كارامىتىنى يەرلىك خەلققە نامايان قىلغانىدى. شۇ جايدىكى كۆپ قىسىم ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ نەزەرىدە، ئېلېكتر پەقەت يورۇقلۇق چىقىرىپلا

قالماي، يەنە ئادەم سۈرىتىنىمۇ يارىتالايتتى (كىنونى كۆرسىتىدۇ).

ئۆرۈش مالىمانچىلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي قەشقەردە ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئەڭ مەركەزلەشكەن بۇ بوستانلىقتىكى ئوبرازىنى تىكلەشنىڭ بىر ۋاستىسى قىلىپ، قەشقەر مەمۇرىي دائىرىلىرىگە بۇ ئىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشنى بۇيرۇدى. يەرلىكتىكى كۆپ قىسىم ئۇيغۇر بايلىرى قوللىغانلىقتىن، ناھايىتى تېزلا زور مىقداردا پاي توپلىنىپ ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇلۇپ، 1937 ـ يىلىدىن باشلاپ قۇرۇش پىلانلىنىپ، 2 ـ يىلى گېنېراتور قۇراشتۇرۇلۇپ توك تارقىتىلدى. ئۇنىڭ توك تارقىتىش مىقدارى 250 كىلوۋات بولۇپ، شىنجاڭدىكى توك تارقىتىش مىقدارى ئەڭ چوڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى㉑.

ئۇنىڭدىن قالسا، ئېلېكتېر سانائىتىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇشقا ئاساسلىق ئىككى ئامىل سەۋەب بولغاندى، بۇنىڭ بىرى، شەھەرلەردىكى باي ئاھالىلەر ئېلېكتىر لامپىسىنى بايلىق ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ بەلگىسى دەپ قارىغانلىقتىن، بار كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا ئىنتىلىش كەيپىياتى، يەنە بىرى، مۇقىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ئاساس قىلىدىغان سانائەت تارماقلىرىنىڭ ئېلېكتىر كۈچىگە نىسبەتەن ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجى ئىدى. مۇشۇ ئىككى سەۋەب بولغانلىقتىن، ئېلېكتىر تارماقلىرى ئاسانلا جەمئىيەتتىكى زور مىقداردىكى كۆچمە مەبلەغكە ئېرىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتتى. 2 ـ ئۈچ يىللىق پىلان تاماملانغان ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى ئۆزگىرىشچان توك ھاسىل قىلىدىغان گېنېراتورلارنىڭ سانى 21 گە يېتىپ، توك تارقىتىش مىقدارى 1 مىڭ 543 كىلوۋاتقا يەتتى، تۇراقلىق توك ھاسىل قىلىدىغان گېنېراتورلارنىڭ سانى

سەككىزگە يېتىپ، توك تارقىتىش مىقدارى 182 كىلوۋاتقا يەتتى، ئىككىسىنى قوشقاندا 1 مىڭ 725 كىلوۋاتقا يېتىپ يۇرۇتۇشقا ۋە سانائەتكە ئىشلىتىلدى. ئاربالاشتۇرۇپ ئىشلىتىش نەتىجىسىدە، يورۇتۇشقا ئىشلىتىلگەن توك 1 مىڭ 525 كىلوۋات، سانائەتكە ئىشلىتىلگەن توك 1 مىڭ 118 كىلوۋات بولدى㉒.

1944 - يىلى ھۆكۈمەت پىلانلىغىلى ئۇزۇن بولغان ئۈرۈمچى خوتيەنچى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش پىلانى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى خوتيەنچى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇشنى باشلىدى، ئۇنىڭ پىلانلانغان توك تارقىتىش مىقدارى 750 مىڭ كىلوۋات ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىمگودا مىتال تاۋلاش زاۋۇتى ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشنى باشلىدى. ئەمما، تۈرلۈك نۇقسانلار ۋە چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن، بۇ ئىككى تۈرلۈك قۇرۇلۇش ۋاقتىدا پۈتمىدى.

3. مەتبەئە ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش

شىڭ شىسەي ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈرمۇشقا ناھايىتى زور دەرىجىدە سىياسىينى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قارىغان ۋە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مەتبەئەچىلىك شىڭ شىسەينىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى.

تەرتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەتبەئەچىلىك گېزىت - ژۇرناللارغا تايىنىپ تەرەققىي قىلغانىدى. شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىلا، ئاۋۋال چۆچەكتىكى ئۇيغۇرچە گېزىت «چۆچەك ئاۋازى» نى ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ گېزىت نىياز ساقى ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر زىيالىينىڭ باشچىلىقىدا چىقىرىلغان

بولۇپ، جەمئىي تۆت بەت ئىدى. ئۇ گېزىت 1910 ـ يىلى رۇسىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان، دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى بېسىشقا ئىشلىتىلىدىغان تاش مەتبەئە بىلەن بېسىلغان بولۇپ، ئالتاي رايونلىرىغا تارقىلاتتى. 1934 ـ يىلى بۇ گېزىت يەرلىك هۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن، نامى «تارباغاتاي شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى㉓. شىنجاڭنىڭ مەتبەئەچىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ هۆكۈمەت مەبلەغ سالغان تۇنجى باسما زاۋۇت هېسابلىناتتى. زور كۆلەمدىكى ئۇل قۇرۇلۇشىدىن باشقا، هۆكۈمەت يەنە مەبلەغ سېلىپ ئامېرىكىدا ياسالغان مەتبەئە ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، قوغۇشۇن هەرپ قېلىپى هەمدە تۇپلەش ماشىنىسى قاتارلىق ئەسلىهەلەرنى سەپلىدى㉔.

«ئىلى گېزىتى» 1934 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، ئۇل سېلىشتىن ئەسلىهەلەرنى سەپلەشكىچە باشتىن ـ ئاخىر هۆكۈمەت مەبلەغ سالدى. بۇ گېزىت ئۇيغۇرچە هەم قازاقچە بېسىپ تارقىتىلىدىغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن هەبىب يۇنىچى، ئەنۋەر ناسىرى قاتارلىقلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى㉕. ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن پۈتۈن يۇرۇش مەتبەئە ماشىنىسى، تۇپلەش ماشىنىسى هەمدە هەرپ قېلىپى قاتارلىق ئەسلىهەلەر سەپلەنگەن بولۇپ، قويۇلغان ئۇيغۇرچە هەم قازاقچە هەرپلەر رەتلىك، بېسىلىشى ئوچۇق ئىدى㉖.

هۆكۈمەت شۇ يىلى يەنە قۇتلۇق شەۋقى قەشقەردە چىقىرىۋاتقان كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە گېزىت «ئويغىنىش گېزىتى» نى ئۆتكۈزۈۋالدى㉗. بۇ گېزىت شىۋېتسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرى بىلەن بېسىپ تارقىتىلغاچقا، بېسىلىش سۈپىتىنى شىنجاڭ بويىچە 1 ـ ئورۇندا دېيىشكە بولاتتى. 1934 ـ يىلى شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى شىۋېتسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى

تاقىۋەتكەندىن كېيىن، كونسۇلخانىنىڭ مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك «يېڭى ھايات گېزىتى»، يەنى ئەسلىدىكى «ئۇيغىنىش گېزىتى» گە بەردى[28].

بۇ مەزگىلدىكى مەتبەئە ئىشلىرى ئاساسلىق ئۈرۈمچىگە مەركەزلەشكەندى. 1934 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يەنى شېڭ شىسەي «شىنجاڭنىڭ تىنچ بىرلىككە كەلگەن كۈنى» دەپ جاكارلىغان كۈنى، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى شاپىگرافتا تۇنجى نۇسخا ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» نى بېسىپ چىقىرىپ[29]، ئۇيغۇر ئاممىسىغا شۇ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ ئاممىۋى يىغىننىڭ ئەھۋالىنى ھەمدە شېڭ شىسەي، خوجانىياز ھاجى قاتارلىقلارنىڭ سۆزلىرىنى خەۋەر قىلدى، ئۇيغۇر ئاممىسى تۇنجى قېتىم شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ بىلدى. كېيىنكى يىلى، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» نى چىقاردى، ئۇزۇن ئۆتمەي «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى»، «تەڭرىتاغ گېزىتى» بىلەن بىرلىشىپ «شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى، ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ ئۈرۈمچىدە 1 - باسما زاۋۇتىنى قۇرۇپ، مەخسۇس «شىنجاڭ گېزىتى» نى بېسىشقا مەسئۇل قىلدى، بۇ زاۋۇت مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ھەمدە بېسىش، تۈپلەش، كېسىش ئەسلىھەلىرى ۋە 4 مىڭ 300 كىلوگراملىق قوغۇشۇن ھەرپكە ئىگە ئىدى[30].

1935 - يىلىدىن كېيىن، تەشۋىقات پائالىيەتلىرى كۈنسېرى ئەۋج ئېلىپ، قوللىنىلىدىغان تىللارمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ ئۈرۈمچىدە 2 - باسما زاۋۇتىنى قۇردى، بۇ باسما زاۋۇت مەخسۇس جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىق ماتېرىياللىرىنى بېسىشقا مەسئۇل بولدى. 2 - باسما زاۋۇت يېڭى

ئۈمىدلەر بىلەن قۇرۇلغاچقا، قۇرۇلۇش كۆلىمى، ئۈسكۈنە ـ ئەسلىھە جەھەتتە 1 ـ باسما زاۋۇتتىن ئۈستۈن بولۇپ، قوغۇشۇن ھەرپىنىڭ مىقدارىلا 1 ـ باسما زاۋۇتىنىڭكىدىن 2 مىڭ 500 كىلوگرام ئارتۇق ئىدى[31].

2 ـ ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلىدە، مەتبەئەچىلىك يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابتا بۇ مەزگىلدىكى مەتبەئەچىلىكنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ «مىنگونىڭ 22 ـ يىلىدىن كېيىن، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەرقايسى تارماقلارنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېڭىچە مەتبەئە سانائىتى بارلىققا كېلىپلا قالماي، بەلكى پۈتۈنلەي زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى»[32] دېيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە، شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك يېڭى مەتبەئە ماشىنىلىرىنىڭ سانى 30 غا يەتكەن، ھەر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدىن بىرىككەن ئېلېكتر قۇۋۋىتى 70 كىلوۋات بولغانىدى، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەجمى سائىتىگە 56 مىڭ كۋادرات مېتىردىن 85 مىڭ كۋادرات مېتىرغىچە بولۇپ، مەتبەئە سانائىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس تېخنىك ئىشچىلار 600 دىن كۆپرەككە يەتكەنىدى.

يەنە بىر سانلىق مەلۇمات شۇكى 1940 ـ يىلىدىكى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» جەمئىي 997 مىڭ 357 پارچە بېسىلغان بولۇپ، چۆچەكتە 450 مىڭ 67 پارچە، قەشقەردە 43 مىڭ 352 پارچە، خوتەندە 11 مىڭ 950 پارچە بېسىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەتبەئەچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ ئۆز قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىدىن باشقا يەنە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ

بىر قىسمى مەتبەئەچىلىكتىن ئىبارەت مۇشۇ بۆشۈكتە ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى سانائىتىنىڭ يەنە بىر قىسمى ماشىنا رېمونتچىلىقى، يىپەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ياغاچچىلىق كۆن خۇرۇمچىلىق، توقۇمىچىلىق قاتارلىقلار ئىدى. مۇساباييېفلار جەمەتىنىڭ تىجارىتى ئۇنۇملۇك بولغانلىقتىن، ئىلى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى مەيلى ماشىنىلىشىش دەرىجىسى جەھەتتە بولسۇن، ياكى تىجارەت كۆلىمى جەھەتتە بولسۇن كەسپداشلىرى ئىچىدە باشلامچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى. ھۈسەيىن مۇسابايوف ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىنىسى باھاۋۇدۇن مۇسابايوف پۈتكۈل زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلكىگە ئالغانىدى. ھۈسەيىن مۇسابايوف ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سابىت بۇ زاۋۇتنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولدى.

قەشقەردە ھەربى كىيىم ـ كېچەك ۋە ھەربىيلەرگە لازىملىق خۇرۇم بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ھۆكۈمەتنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان قادىربەگ ھاجى بۇ دەۋردىكى ھەممىنى بېسىپ چۈشكەن ئۇيغۇر كارخانىچىغا ئايلانغانىدى. قادىربەگ ھاجى 1868 ـ يىلى قەشقەردە بىر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇشۇ مەزگىلدە قادىربەگ ھاجىنىڭ قەشقەر يار باغدا 3 مىڭ 3 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر زاۋۇتى بار بولۇپ، ئۇ تىككۈچىلىك، بۇلغارچىلىق (كۆنچىلىك)، پىرىيومچىلىق، باپكارلىق، ئېگەر ـ جابدۇق ياساش، قەنت ـ گېزەكچىلىك قاتارلىق سېخلارغا بۆلۈنگەنىدى.

قادىربەگ ھاجىنىڭ زاۋۇتىدا ھەر يىلى يازدا مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى ئىشلەيتتى. قىشتا ئىشلەيدىغانلارمۇ ئالتە ـ يەتتە يۈزدىن ئاشاتتى.

تىككۈچىلىك سېخى بۇ زاۋۇتنىڭ ئەڭ چوڭ ئورۇن بولۇپ، ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەنىدى. بىرىنچى بۆلەكتە ئېسىل كىيىملەر تىكىلەتتى. بۇ يەردە تىكىلگەن كىيىملەر قەشقەردىكى بايلار ۋە يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بەسلىشىپ سېتىۋېلىپ، ئۆز سالاھىيىتىنى نامايان قىلىدىغان مەھسۇلاتقا ئايلانغانىدى. ئىككىنچى بۆلەكتە ئاددىي خەلققە لايىق كىيىملەر تىكىلەتتى. رەختى ۋە تىكىلىشى جايىدا، باھاسى مۇۋاپىق بولۇپ، شۇ يەردىكى ئاددىي خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنىدى. ئۈچىنچى بۆلەكتە مەخسۇس ئاياللار كىيىملىرى تىكىلىدىغان بولۇپ، كىيىملەرنىڭ ماتېرىياللىرى ياخشى، ئىشلىنىشى نەپىس، ئېسىل بولۇپ، قادىربەگ ھاجىنىڭ زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلىرىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالغان.

قادىربەگ ھاجى زاۋۇتىنىڭ تىككۈچىلىكى ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغاچقا، 1936 ـ يىلى ھۆكۈمەت مەزكۇر زاۋۇتقا ھەربىيلەر ئۈچۈن لازىملىق بولغان كىيىم ـ كېچەك ۋە تېرە ماتېرىياللىرىنى زاكاز قىلىشقا باشلىغان. زاكاز قىلىنغان ماللار ئارقىلىق قادىربەگ ھاجى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپلا قالماستىن يەنە جەمئىيەتتە شۆھرەت قازانغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ھۆكۈمەتنىڭ مال زاكاز قىلىشى ئۈزۈلۈپ قالمىغان، ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان جۇۋا، ئۆتۈك، ئېگەر ـ جابدۇق قاتارلىقلاردىن تارتىپ تېرە پەلەي، تېرە پايپاق ۋە قولاقچا قاتارلىقلار توختىماستىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ياقلىرىدىكى ھەرقايسى ھەربىي گازارمىلارغا توشۇلۇپ تۇرغان.

قادىربەگ ھاجى ياخشى تەربىيە كۆرگەن بولۇپ، ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبمۇ دەل ئۇنىڭ تەجرىبىسىنىڭ موللىقى ۋە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىدى. شۇڭا، قادىربەگ ھاجى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشى بىلەن بىرگە شۇ يەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ

تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ زور دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە قوللىغان، ئۇ ھەر يىلى ئۆگىنىشتە ئىلغار بولغان ئوقۇغۇچىلارغا زور مىقداردا قەلەم، سىياھ، قەغەز دېگەندەك ماتېرىياللارنى سوۋغا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرغان. ئۇ ئىلگىرى ئابدۇرېشىت ئىمىن ئىسىملىك ئەلاچى ئوقۇغۇچىغا ئېگەر ـ توقۇملىرى تولۇق ئېسىل ئاتتىن بىرنى سوۋغا قىلغان.

قادىربەگ ھاجى كۆپلىگەن يېتىملارنى زاۋۇتىغا قوبۇل قىلىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرگەن ۋە تۈرلۈك ھۈنەرلەرنى ئۆگەتكەن. بۇ خىلدىكى خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى قادىربەگ ھاجىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئابرۇيىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگەن.

«غۇلجا ھەمكارلىق شىركىتى» مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى تۇنجى ھەسسىدارلىق شىركىتى ئىدى. سېتىۋالدى باي، ئەلا ھاجى، باقى ھاجى، ئېزىز ھېكىم باي، توختى قارى، مەھمۇد قارى قاتارلىق ئالتە كىشى شىركەتنىڭ ئاساسلىق پايچىكلىرى بولغانلىقتىن، بۇ شىركەت يەنە «ئالتە كىشى شىركىتى» دەپمۇ ئاتالغان.

ھەمكارلىق شىركىتى ياغاچچىلىق، ئۇن تارتىش، يۇڭ ئايرىش ھەمدە كۆن ـ خۇرۇمچىلىق تىجارەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، سانائەت بىلەن سودا بىرلەشكەن سودا ـ سانائەت شىركىتى ئىدى. شىركەت مۇدىرىيىتى ئومۇمىي پايدىنىڭ 50 پىرسەنتىنى مائارىپ ئىشلىرى ھەمدە خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ دەپ بەلگىلىگەچكە، مەيلى شۇ ۋاقىتلاردا بولسۇن ياكى كېيىنكى چاغلاردا بولسۇن ھەمكارلىق شىركىتىنىڭ تىجارەت مەزمۇنى، تىجارەت دائىرىسى قاتارلىقلار جەمئىيەتنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىغان. كىشىلەر ھەمكارلىق شىركىتىنى تىلغا ئالغاندا دائىم، مەزكۇر شىركەتنىڭ غۇلجىدىكى 10 تۈرلۈك ئىجتىمائىي خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنى

ماختىشاتتى ۋە باربكاللا ئوقۇيتتى. بۇ ئىشنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى بۇ شىركەت 1936 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قۇرغان «ياردەم مەكتەپ» ئىدى. مەكتەپ ياتاقلىــــرى ۋە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ياردەم مەكتەپ» شۇ دەۋردە غۇلجىدىكى ئەڭ ياخشى مەكتەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇنىرە خانىم (تاتار)، داموللا رازىيوف، تۇرسۇن تاھىر قاتارلىــق داڭلىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بۇ مەكتەپكە مۇدىر بولغاچقا، مەكتەپنىڭ شۆھرىتــى تېخىــمۇ ئاشقانىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەمكارلىق شىركىتى يەنە دارىلئېتام ۋە يېتىم باللار ئۈچۈن ياتاقلىق مەكتەپ سالغان. ماتېرىياللارغا قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتىكى غۇلجا شەھەر ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى قاتناش تۈگۈنلىرىدىكى چوڭ كۆۋرۈكلەرنىــمۇ ھەمكارلىــق شىركىتى ئىقتىساد ئاجرىتىپ ياساتقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە باياندای كۆۋرۈكى ئەڭ ئۇزۇن ئىشلىتىلگەنىدى.

## 3. قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش

بىرىنچى يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق، تەڭرىتېغىنىــڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىــرىدا ياخشىلىنىش كۆرۈلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل ئىقتىــسادىي تۇرمۇشىدا تەدرىجىي ياخشىلىنىش بولدى. ھۆكۈمەتمۇ ئۈزىگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، 2 ـ ئۈچ يىللىق پىلاننى تۈزگەندە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سالمىقىغا قارىتا مۇھىم نىشاننى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنى، پۈتۈن ئۆلكىدىكى دانلىق زىرائەتلەرنىــڭ مەھسۇلات مىــقدارىنــى 23%، پاختا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى 42%، يىپەك ئىشلەپچىقــىرىش مىقدارىنى 50% ئاشۇرۇش، ئۈجمە دەرىخىنى 18 مىليون تۈپكە

يەتكۈزۈش، چارۋىلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى 18 مىليون تۇياقتىن ئاشۇرۇشنى بېكىتتى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى يېڭى ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلدى.

ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باپكارچىلىقى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. بىردىنلا ئاشقان ھەربىي ئېھتىياج ئۇيغۇرلارنىڭ باپكارچىلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ما جۇڭيىڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىرىشىدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ كۆلىمى تەدرىجىي ھالدا كېڭەيدى ۋە ھەربىي ئېھتىياج ئاشتى. بۇ بىر مەزگىل مەيلى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ياكى خوجانىياز قوشۇنلىرى ۋە ياكى شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى بولسۇن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار زاۋۇتتا توقۇلغان رەختتىن ھەربىي كىيىم كىيگەندىن باشقا، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇ يەردە توقۇلغان پاختا رەختتە كىيىم كىيگەنىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زاۋۇتتا توقۇلغان رەختتىن تىكىلگەن ھەربىي كىيىملەر، ھەربىي قورال - ياراغلارغا ئوخشاشلا ئەمەلدارلارنىڭ دەرىجىسىنى ئىپادىلەش مەنىسىگە ئىگە ئىدى. خوجانىياز ھاجى شېڭ شىسەي بىلەن فۇكاڭ ناھىيىسىدە ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىغا بىرلىشىپ زەربە بېرىشكە كېلىشكەندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ خوجانىياز ھاجىغا قىلغان سوۋغاتلىرى ئىچىدە سوۋېتتا ئىشلەنگەن بەش يۈرۈش ھەربىي كىيىممۇ بار ئىدى.

كېيىنچە ھەر خىل قوشۇنلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلاپ كەتكەن چاغلاردا، مەيلى شېڭ شىسەي بولسۇن ياكى باشقا قوشۇنلارنىڭ ئەمەلدارلىرى بولسۇن ئۆزلىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقان قوشۇنلىرىنىڭ كىيىنىش ئېھتىياجىنى زاۋۇتتا توقۇلغان رەختلەر بىلەن قاندۇرالمايدىغان

بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپ ساندىكى قوشۇنلاردا ھەربىي دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى ئەمەلدارلار زاۋۇتتا توقۇلغان رەختتە كىيىم كىيگەندىن باشقا تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئەسكەرلەر بىلەن ئوخشاشلا قولدا توقۇلغان رەختتىن كىيىم كىيەتتى، ھەتتا «ئۆمۈر داستانلىرى» دا بايان قىلىنغىنىدەك، ئەسكەرلەرگە پەقەت بېشىنى باغلايدىغان قىزىل پارچە رەختتىن باشقا رەختمۇ تەگمەيتتى.

ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى دەسلەپكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە، ئەسكەرلەر ۋە ساقچىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى يەنىلا يەرلىك مەھسۇلات بولغان پاختا رەختتىن تىكىلدى. ئەمما رەختنىڭ پارقىراقلىقى، رەڭگى، قېلىنلىقى قاتارلىقلارغا يېڭىچە تەلەپ قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن پاختىغا بولغان ئېھتىياج ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا داۋاملىق ئاشتى. مانا مۇشۇنداق سەۋەب تۈپەيلى، دېھقانچىلىق ئەسلىگە كەلگەن مەزگىلدە، كېۋەزچىلىكمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، 2 ـ ئۈچ يىللىق پىلاندىكى پاختىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى 42% ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

مۇشۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇرلارنىڭ باپكارچىلىقى قەشقەر يېڭىشەھەر، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئاساسلىق بازا قىلغانىدى. «قەشقەر يېڭىشەھەردە توقۇلغان رەختلەر ئېسىل بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 70 تۈمەن توپتىن ئاشاتتى».

تېرىچىلىك شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئىچىدىكى گۈللەنگەن تۈرلەرنىڭ بىرى ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سودا كومىتېتىنىڭ ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1942 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلغان ئۆچكە تېرىسى 3 مىليون 740 مىڭ 692 پارچە، قوزا تېرىسى 145 مىڭ پارچە، كۆرپە 9 مىڭ پارچە،

قوي تېرىسى 30 مىڭ 902 پارچە بولۇپ، جەمئىي 3 مىليون 925 مىڭ 594 پارچىگە يەتكەنىدى㊹.

دىڭ سۇنىڭ «شىنجاڭ ھەققىدە بايان» دېگەن ئەسىرىدە 1942 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى قويلارنىڭ قوتان قالدۇقى 12 مىليون 725 مىڭ 868 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن قاتارلىق تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قويلارنىڭ قوتان قالدۇقى 6 مىليون 930 مىڭ 989 تۇياق ئىدى㊺.

بۇ ئىككى سانلىق مەلۇمات ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا: (1) چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى بولغان قوي تېرىسى شىنجاڭنىڭ سوۋېتقا بولغان سودىسىدا ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى؛ (2) قوي ئاساسەن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇكى، چارۋىلارنى قوتاندا بېقىش، شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ بىر تەرىپىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، قوتاندا چارۋا بېقىش يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق شەكىللىرىنىڭ بىرى ئىدى.

ئوخشاش مەزگىلدە، كالا تېرىسى، ئات تېرىسى، ئېشەك تېرىسى قاتارلىقلار قوي تېرىسىدىن قالسىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان چارۋا مەھسۇلاتلىرى بولۇپ قالغانىدى.

ھەربىي كىيىملەرگە بولغان ئېھتىياج تۈپەيلى، 30 ـ يىللاردا خۇرۇم كىيىملەر مودىغا ئايلاندى. ئالدى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ ئۆزى خۇرۇم كىيىملەرنى ناھايىتى ئەتىۋارلايتتى. ئۇنىڭ نۇرغۇن رەسىملىرىدە كىيگەن كىيىملىرى ئاساسەن قوش تۈگمىلىك خۇرۇم پەلتو، ئېگىز قونچلۇق خۇرۇم ئۆتۈك ئىدى. ئۇنى دوراپ، ھەربىي قوشۇندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارمۇ ئوخشاش ياسىناتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، بايلارمۇ ياكى مودا قوغلىشىدىغانلارمۇ ئوخشاشلا خۇرۇم كىيىملەر بىلەن

ئۆزىنى جابدۇيتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆتۈكى بىلەن مەسىسى (ئاساسەن دىنىي زاتلار ۋە ياشانغانلار كىيىدىغان) نىڭ تېرە مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجى ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى تەشكىل قىلغۇچى يەنە بىر مۇھىم تەرەپ ئىدى.

قوش ئېھتىياجنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى تېرىچىلىكتە مىسلىسىز تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. مۇسابايوف جەمەتى ئىگىلىكىدىكى داڭلىق ئىلى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىدىن باشقا يەنە، ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى ھەمدە قەشقەردىكى قادىربەگ ھاجىنىڭ خۇسۇسىي كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى، ھەسسىدارلىق ئىگىلىكىدىكى تىنچلىق كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىمۇ ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇردى. 1940 - يىلى شىنجاڭنىڭ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتلىرىنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلات مىقدارى 2 مىڭ 833 پارچىغا، 1942 - يىلى 3 مىڭ 750 پارچىغا يەتكەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا ئىدى، بۇ زاۋۇتنىڭ كۈنلۈك كۆن - خۇرۇم مەھسۇلات مىقدارى 2750 پارچە بولۇپ، قاتتىق چەم 150 پارچە (ئۆكۈز تېرىسىدە ئىشلىگەن)، يۇمشاق چەم 300 پارچە (ئىنەك تېرىسىدە ئىشلىگەن)، خۇرۇم 1 مىڭ 500 پارچە (موزاي تېرىسى بىلەن قوي تېرىسىدە ئىشلىگەن)، كۆن 100 پارچە (قوي تېرىسىدە ئىشلىگەن)، بىشو ياكى شاررۇن 700 پارچە (ئۆچكە تېرىسىدە ئىشلىگەن) ئىدى.

ستاتىستىكا دائىرىسى ۋە ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار مەزكۇر تېمىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، زور بىر تۈركۈم يەككە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ستاتىستىكىسىغا

كىرگۈزۈلمەيتتى. بۇ خىل يەككە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىگىلىكى مەھسۇلات دائىرىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، پەقەت ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىدا ئىپادىلىنەتتى. بۇ خىل يەككە كۆنچىلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى ئۇيغۇر تىلىدا كۆنچى مەھەللىسى دەپ ئاتايتتى. قەشقەردىكى كۆنچى مەھەللىسىدە غوپۇر داموللا قەستكە ئۇچراش ۋەقەسى يۈز بەرگەچكە، بۇ جاي بىر مەزگىل كىشىلەر ئېھتىيات قىلىدىغان جايغا ئايلىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆنچى مەھەللىلىرى خوتەن، يەكەن، يېڭىسار، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىمۇ بار ئىدى. ھەتتا بەزى چوڭراق كەنتلەردىمۇ كۆنچى مەھەللىسى دەپ ئاتىلىدىغان جايلار بار ئىدى.

سۆز مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۆنچى مەھەللىسى تولىمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى گەۋدىلەندۈرەتتى. كۆنچى مەھەللىسى تېرە ئاشلىغۇچىلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنى كۆرسىتەتتى. بۇ يەككە كۆنچىلەر ئىشلەتكەن ئۇسۇل ۋە ماتېرىيال ئوخشايتتى. پەقەت كونكرېت مەشغۇلاتتا ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بولۇپ، مەھسۇلات سۈپىتىدىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى.

كۆنچى مەھەللىسىنىڭ ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيىسىنى ھەقىقىي ئىپادىلەپ بېرىدىغىنى تېرە ئاشلاش تېخنىكىسى ئىدى. بۇ ھۈنەر خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە ھەرقايسى جايلاردىكى كۆنچى مەھەللىلىرىدە قوللىنىلغان. قوزا تېرىسى كۆپ ئۇچرايدىغان پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان تېرە مەھسۇلاتى ئىدى. گەرچە كۇچادىكى كۆنچى ئۇستىلار بۇ ساھەدە يۇقىرى ئورۇن ۋە ئابرۇيغا ئىگە بولسىمۇ ئەمما، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، غۇلجا، قۇمۇل، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنىڭ قوزا تېرىسى پىششىقلاش ھۈنىرىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى

قوزغىغان ھەمدە ماختىشىغا ئېرىشكەنىدى(49). بولۇپمۇ قۇمۇل رايونىدا، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى ئىگىدارچىلىقىدىكى تېرە ئاشلاش تېخنىكىسى ۋاڭ جەمەتىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەنلا جەمئىيەتكە تارقالغان، شۇڭا قۇمۇلدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۈلكە تېرىسى، ئاق سۆسەر تېرىسى، توشقان تېرىسى قاتارلىقلار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان تېرە مەھسۇلاتلىرى ئىدى. بۇنداق ئالىي سۈپەتلىك تېرىلەر كۆپىنچە كىيىملەرنىڭ ياقىسى، پەلەي، يېپىنچا، قۇلاقچا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىپ ئىگىلىرىنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئورنىنى ئىپادىلەيتتى، شۇ سەۋەبلىك ئاممىۋى سورۇنلاردا ئالاھىدە ئالقىشقا ۋە ھۆرمەتلەشكە ئېرىشەتتى. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىگە دائىم ئىشلەنگەن جايى ياكى ئىشلىگەن ئۇستىنىڭ نامى بىلەن ھۆكۈم قىلىناتتى.

چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا تايانغان ئۇيغۇر گىلەمچىلىكى ئورۇش مالىمانچىلىقىدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە يېڭىچە تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

گىلەمچىلىك ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىكى ئىقتىسادىي قىممىتى ۋە تېخنىكا مىقدارى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان تۈردۇر. تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىۋاتقان جەمئىيەت ئېھتىياجى، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ گىلەمچىلىكىنى ئۇنۇملۈك ئىلگىرى سۈردى. يېڭى ئىجتىمائىي ئېھتىياج مۇنداق ئىككى جەھەتتىن ئىپادىلەندى: بىرى تاشقى سودا، يەنى 1934 ـ يىلى ھىندىستانغا چىقىرىلغان گىلەمنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 46 مىڭ 714 رۇبلى ئىدى، 1935 ـ يىلى 79 مىڭ 462 رۇبلىغا يەتكەن(50)، 1938 ـ يىلى پەقەت خوتەن رايونىنىڭلا يىللىق ئىشلەپچىقارغان گىلەم سانى 17 مىڭ پارچىغا يېتىپ تۆت ـ بەش مىڭ پارچىسى ھىندىستان ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا سېتىلغان(51)؛ ئىككىنچىسى ئۆلكە ئىچىدىكى بازار ئېھتىياجى، ئۇزۇندىن بۇيان گىلەم ئۇيغۇرلاردا سوغۇقتىن، نەملىكتىن ساقلايدىغان بۇيۇم بولۇپ

كەلگەن. گىلەمچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، گىلەم بىلەن بايلىق ئۆزئارا باغلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا گىلەم ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ياخشى - يامانلىق دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىگە ئايلىنىپ قالغان. جىن شۇرېننىڭ گىلەمگە نىسبەتەن كۈچلۈك ھەۋىسى بار ئىدى. راھىب قانداق بولسا، مۇخلىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ دېگەندەك، گىلەم ئەمەلدارلار سوۋغىتى قاتارىدا ئۆزئارا تەقدىم قىلىنىدىغان بولغان. شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر گىلەمنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشخانىلىرى شۇنداقلا قوماندانلىق شتابلىرىنىڭ زۆرۈر بېزىكىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەيۋىتىنى نامايان قىلىدىغان بولدى، شۇڭا گىلەمچىلىك بازىرى كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىپ، ئىلگىرى ئانچە كۆزگە چېلىقمىغان ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق رايونلاردىمۇ زور بىر تۈركۈم گىلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بارلىققا كەلگەن.

ئەمما، شۇ مەزگىلدە گىلەمچىلىكتە ئەڭ يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشكىنى يەنىلا خوتەن، ئۇنىڭدىن قالسا يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلار ئىدى. ئىلى، ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ نامى ئانچە تونۇلمىغانىدى. گىلەمچىلىك ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئالدى بىلەن زور تۈركۈمدە ياللانما ئىشچى ئىشلىتىلگەن ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۆلەملەشتۈرۈلگەن ساھەدۇر. 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، خوتەندىكى مەخسۇس گىلەمچىلىك ئىگىلىرىنىڭ مۇقىم دۇكانلىرى ھەم جاھازلىرى بولۇپ، كۆپ بولغاندا ئوندىن ئارتۇق جاھازىسى بار ئىدى. ھەربىر جاھازىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى ئىشچى ئىشلەيتتى. نۇرغۇن گىلەمچىلىك ئىگىلىرى ئىلغار تېخنىكىغا ئىگە بولسىمۇ ئەمما، ئۇلار كۆپىنچە باشقۇرۇش ۋە مەھسۇلاتلارنى سېتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى.

3 - ئۈچ يىللىق پىلانغا تەييارلىق كۆرۈش ۋاقتىدا، خام

يىپەكنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىنى 50% ئۆستۈرۈش پىلانلانغان بولۇپ، بۇ ئومۇمىي پىلاندىكى ئۆسۈش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان تۈر بولۇپ قالغانىدى. ئۇچمە دەرىخىنى 1 مىليون 50 مىڭ تۈپكە يەتكۈزۈش بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مىقدارىمۇ خېلى زور ئىدى.

خام يىپەكنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۇنۇمى يۇقىرىقى لايىھىنىڭ ئاساسى بولۇپ، 1933 - يىلى ھىندىستانغا چىقىرىلغان خام يىپەكنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 314 مىڭ 740 رۇبلى بولۇپ، 1934 - يىلى 383 مىڭ 401 رۇبلىغا يېتىپ⑫ مىقدارى ۋە ياراتقان قىممىتى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندىكى تاۋارغا ئايلانغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن، خام يىپەكنىڭ ئاساسلىق قىسمى يەنىلا ئېكسپورت قىلىنغان. قالغان قىسمى ئۆلكە ئىچىدىكى بازارلاردا ئىستېمال قىلىنغان. ئۆلكە ئىچىدىكى خام يىپەك ئاساسلىقى «ئەتلەس» توقۇشقا ئىشلىتىلگەن.

ئەتلەس ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى مەھسۇلات، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارزۇلايدىغان يازلىق رەخت. گەرچە شۇ دەۋرلەردە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبى ياقلىرىدىكى كۆپلىگەن رايونلاردا ئەتلەس ئىشلەپچىقىرىلغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ھاللاردا، سودىگەرلەر ئۆزىدىكى ئەتلەسلەرنى «خوتەن ئەتلىسى» دەپ ئاتاپ، تاۋارنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغان. بۇ خوتەن ئەتلىسىنىڭ خېلى يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەزچىلىكى كەينىدە قالغان. قەغەز ئۇچمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقىنى ماتېرىيال قىلىدىغان بولۇپ، ئاساسلىقى خوتەن بوستانلىقىدا ئىشلەپچىقىرىلاتتى. شۇڭا كۆپىنچە خوتەن قەغىزى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

خوتەن قەغىزى بىرقەدەر ياخشى ئېلاستىكلىققا ئىگە. ئۇ

يۇيۇپ كىراخماللاش سەنئىتى ئارقىلىق يۇز تەرىپى سىلىقلىنىلغان ھەمدە پارقىراقلىقتا ئىگە قىلىنغان بولۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك پۇتۇك قەغىزى ئىدى. خوتەن قەغىزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئورنىنى زاۋۇت قەغىزى تەۋرىتىپ قويدى. 30 ـ يىللاردا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا باش كۆتۈرگەن مەتبەئەچىلىك ئۇيغۇرلارغا يېڭى كۆلەم ۋە تېز سۈرئەتتە تۇرلۇك سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىش بىلەن بىرگە زاۋۇت قەغىزى ھېچقانداق توسالغۇسىزلا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىردى. ھەتتا دېھقانلار تاماكا يۆگەشكە ئىشلىتىدىغان قەغەزمۇ زاۋۇت قەغىزىگە ئۆزگىرىپ، تۇرلۇك گېزىتلەر دېھقانلارنىڭ تاماكا يۆگەيدىغان قەغىزىگە ئايلىنىپ قالدى.

30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، خوتەن قەغىزى ئىنتايىن كىچىك دائىرىدىكى بازارلارنىلا ساقلاپ قالالىغان. پەقەت بۇ قەغەزنى ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن يىراق رايونلاردىكى كىشىلەرلا بۇ قەغەزگە تۇرلۇك توختام ۋە گۇۋاھلىق ھۆججەتلىرىنى يازاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار موي قەلەم بىلەن خەتتاتلىق مەشىقى قىلىش ئۇچۇن ئىشلىتەتتى. چۇنكى بۇ قەغەز بەك سۇزۇك بولغاچقا دوراپ يېزىشقا ئەپلىك ئىدى. كېيىن كىشىلەر بۇ قەغەزنىڭ مېۋىلەرنى يېڭى پېتى ساقلاش رولىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ، ئۇنى نەشپۈت، ئالما قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ قىشتىن ئۆتۈشىدىكى ئوراش قەغىزى قىلىپ ئىشلەتكەن.

زاۋۇت قەغىزىنىڭ بارغانسېرى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، 40 ـ يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى قول ھۇنەرۋەنچىلىكى تەدرىجىي ئاجىزلاشقان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىن چېكىنىپ چىققان. بىرقانچە يىللاردىن كېيىن، خوتەن قەغىزى تارىخىي ۋەسىقىلەرنىڭ بىر تۇرلۇك ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ قەغەزگە يېزىلغان

ھۆججەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى تارىخىي مەزمۇن ۋە تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.

«شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دا بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەھۋالى بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ دېڭىز ئېغىزلىرى قامال قىلىنغان، تۇرمۇشتىكى ماددىي نەرسىلەر كەمچىل بولۇۋاتقان مەزگىلدە، قول ھۈنەرۋەنچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. 10 يىلدىن بۇيان دېھقان - چارۋىچىلار ئامما ـــــــ ئىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا بەرگەن ياردەمنىڭ نەتىجىسى. مەسىلەن: خوتەننىڭ گىلەمچىلىكىدە، ئىلگىرى يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 130 مىڭ كۋادرات چىدىن ئاشمايتتى، مىنگونىڭ 31 - يىلى يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 411 مىڭ 800 كۋادرات چىغا يەتكەن. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ رەختى ئىلگىرى پەقەت جەنۇبىي شىنجاڭنىڭلا ئېھتىياجىنى قاندۇراتتى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن بولسا، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئون يىلدىن ئىلگىرىكىدىن بەش ھەسسە ئېشىپ يىللىق ئېكسپورت مىقدارى 750 مىڭ توپتىن ئارتۇق بولغان⑬ .

## 4 . زامانىۋى قاتناش - ترانسپورتنى راۋاجلاندۇرۇش

شىنجاڭنىڭ تاشيول ئىشلىرى 1914 - يىلىدىن باشلانغان. شۇ يىلى ياڭ زېڭشىن بۇرھاننى تاشيول ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەپ، مەخسۇس تاشيول قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل قىلغانىدى. بىراق، بۇ ئىشنى تاماملاشقا يېتەرلىك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بولمىغاچقا، يەنىلا قۇرۇق گەپ بولۇپ قالغان. 1917 - يىلى

ياڭ زېڭشىن بۇرھان شەھىدىنى يەنە تاشيول ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەپ، بۇ قۇرۇلۇشنى قايتا باشلاشقا نىيەت قىلغان. ئەمما بۇ قېتىمدا مەبلەغ ۋە قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى يېتەرسىز بولۇش بىلەن توختاپ قالغان. 1921 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى شەمەيدىن ئىلىمىزنىڭ چۆچەك رايونىدىكى باقتۇ چېگرا قاراۋۇلخانىسىغىچە تاشيول ياسىغاندىن كېيىنلا، ياڭ زېڭشىن قايتىدىن غەيرەتلىنىپ، 1926 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تاشيولى بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچى - چۆچەك تاشيولى قۇرۇلۇشىنى باشلىغانىدى. بۇرھان شەھىدى ئۈچىنچى قېتىم بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەنگەن ھەمدە تاشيول ياساشقا نازارەتچىلىك قىلغان. ياڭ زېڭشىن قەستكە ئۇچرىغان 1928 - يىلى، ئۈرۈمچىدىن چۆچەككىچە بولغان 691 كىلومېتىرلىق ئادەتتىكى تاش يولدا ئاخىرقى ھېسابتا ماشىنا قاتنىغان. گەرچە بۇ ئىنتايىن كىچىك نەتىجە بولسىمۇ بىراق شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلارغا زور ئىلھام بولغان.

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، 1931 - يىلى ئۈرۈمچىدىن گۇچۇڭغىچە بولغان 198 كىلومېتىرلىق تاشيول ياسالدى. بەختكە قارشى، بۇ يوللار ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بىراق مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى ئايىغى ئۈزۈلمىگەن بۇ ئۇرۇشلار تاشيولنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ قوماندانلىرىدىن تارتىپ ئەسكەرلىرىگىچە ھەممىسى تەكشى يولنىڭ سۈرئەتنى تېزلىتىشتىكى رولىنى تولۇق ھېس قىلىشقانىدى. شۇڭا ئۇلار مۇنتىزىم تاشيوللارنى بۇزۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتلىق يول لىنىيىسىنى ئويلىشىشقا

مەجبۇر بولغانىدى.

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، 1934 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى تېخنىك خادىملىرىنى ئۈرۈمچىدىن قورغاس ئېغىزىغىچە بولغان 655 كىلومېتىر يولنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەشكە ھەمدە چىڭسىخوزىدىن غۇلجىغىچە بولغان 65 كىلومېتىرلىق تاشيولنى لايىھىلەشكە تەكلىپ قىلغانىدى⑭.

شۇ يىلى 12 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي پالاتاسى شىنجاڭ قۇرۇلۇش كومىتېتىنى قۇردى. بۇ كومىتېت «شىنجاڭ قۇرۇلۇش پىلانى پروگراممىا لايىھىسى» نى تۈزۈشكە مەسئۇل بولۇپ، شىنجاڭنىڭ قاتناش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پىلاننىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ بېكىتتى⑮. بۇ پىلان: بىرىنچى قەدەمدە ئۈرۈمچى ـ لەنجۇ تاشيولىنى تۈتاشتۇرۇش؛ ئىككىنچى قەدەمدە ئۈرۈمچى ـ لەنجۇ تاشيولىنى بويلاپ ئاددىي تۆمۈريول ياساش؛ ئۈچىنچى قەدەمدە ئۈرۈمچىدىن لەنجۇغىچە مۇنتىزىم تۆمۈريول ياساشتىن ئىبارەت بولدى.

روشەنكى، بۇ پىلان بەك كېلەڭسىز بولۇپ، نۇرغۇن ئىنچىكە ھالقىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، پروگراممىا لايىھىسىدىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ قاتنىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ۋە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەبلەغ ۋە تېخنىكا جەھەتتە ئۆزىنىڭ پىلانىنى قوللاپ كېتەلمىدى، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، شىنجاڭ ئۆز ئالدىغا پىلان تۈزۈپ، تاشيول قۇرۇلۇشىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال دائىرىسىدىلا چەكلىگەن. 1 ـ ئۈچ يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈلگەن تۈرلەر ئىچىدە: (1) ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغىچە بولغان تاشيولنى رېمونت قىلىپ تۈتاشتۇرۇش؛ (2) ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغىچە بولغان تاش

يولنى تۈتاشتۇرۇش؛ (3) ئۈرۈمچىدىن چۆچەككىچە بولغان تاشيولنى تۈتاشتۇرۇش؛ (4) ئۈرۈمچىدىن قاراشەھەرگىچە بولغان تاشيولنى تۈتاشتۇرۇش؛ يۇقىرىدىكى تۆت تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2 مىڭ 662 كىلومېتىر بولۇش؛ (5) قاراشەھەردىن قەشقەرگىچە بولغان تاشيولنى ئۆلچەش؛ (6) ئۈرۈمچىدىن ئالتايغىچە بولغان تاشيولنى ئۆلچەش پىلانى بار ئىدى. يۇقىرىدىكى قۇرۇلۇشقا كېتىدىغان خىراجەت ئۆلكە پۇلىدا 427 مىڭ 607 سەر 3 مىسقال دەپ پىلانلانغانىدى.

شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ مالىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىر زور يۈك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇيغۇر پۇقرالىرى تاشيول ياساشقا زور قىزغىنلىق بىلەن قاتناشتى. ئۇلار ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن ئىئانە توپلاپ، ئىشچى چىقىرىپ، قۇرۇلۇشتىكى ئىقتىساد يېتىشمەسلىكنى ئازايتتى. 1936 ـ يىلى شىخو ناھىيىسى ئالتە چوڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنى، 27 كىچىك كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، پۈتۈن قۇرۇلۇشنىڭ چىقىمى، ئىشچىلارنىڭ ئاشلىقلىرىغىچە يەرلىك پۇقرالار ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. شۇ يىلى ئىلى ۋىلايىتىدىكى پۇقرالار يىگى پۇلدىن 23 مىليون سەر ئىئانە توپلىغان. ئۈرۈمچى ـ غۇلجا تاشيول قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ جاپالىق بولغان جىڭ ناھىيىسىدە تاش توشۇيدىغان ئات هارۋىلىرى كۆنىگە مىڭدىن ئاشقانىدى56.

1937 ـ يىلى ئۈرۈمچى ـ قۇمۇل تاشيولىدا ئىش باشلانغان ھامان تۇرپان، پىچان ئىككى ناھىيىدىكى پۇقرالار مەبلەغ ياكى ئادەم كۈچى چىقاردى، پىچان پۇقرالىرى توپلىغان ئىئانە پۇل بىر تۈمەن سەر شىنجاڭ پۇلىغا يەتكەن بولۇپ، پەقەت 20 كۈن ئىچىدىلا بەلگىلەنگەن ئومۇمىي مۇساپىنى تاماملاپ بولغانىدى57.

غۇلجا ـ ئۈرۈمچى ـ قۇمۇل تاشيولىدا 1937 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي ماشىنا قاتنىغان، بۇنىڭغا ئىككى

يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت كەتتى، 6 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىردىن ئارتۇق توپا قېزىلىپ، چوڭ ـ كىچىك كۆۋرۈكلەردىن ئىككى مىڭى ياسالغان، تاشيول بېكەتلىرى جەمئىي 91، سېلىنغان ئۆي 1650 يۈرۈش، يولنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 1 مىڭ 850 كىلومېتىرغا يەتكەنىدى(58).

شىنجاڭنىڭ شىمالىنى كېسىپ ئۆتكەن غەرب ـ شەرق يۆنىلىشىدىكى بۇ تاشيولدا ماشىنا قاتناپ ئالتە كۈندىن كېيىنلا، ياپون جاھانگىرلىكى لۇگوچياۋ ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى باشلىۋەتتى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «جۇڭگو ـ سوۋېت ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا 150 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشكە ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچى ئەۋەتىش، ھاۋا ئارمىيە ۋە تانكا پىدائىي ئەسكىرى ئەۋەتىش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ جيې باشچىلىقىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ھەربىي قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىش ئۆمىكى تەشكىللىدى. بۇ ئۆمەك سېتىۋېلىش ۋە توشۇش پىلانىنى بېكىتكەن ۋاقىتتا، ئالمۇتا، غۇلجا، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، لەنجۇ لىنىيىسىنى ئەڭ ياخشى توشۇش لىنىيىسى قىلىپ بېكىتكەنىدى. 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سېتىۋېلىش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شېڭ شىسەيگە توشۇش پىلانىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان. بۇ مەزگىل، دەل شېڭ شىسەينىڭ ما خۇسەن، ئابدۇنىيازلار بىلەن ئاقسۇ ئەتراپىدا ئېلىشىۋاتقان مەزگىلى بولۇپ، ئۇنىڭ كۈچىنى زورايتىدىغان ھەرقانداق شەكىل ياكى مەزمۇن، ئاسانلا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قوبۇل قىلىناتتى. شۇڭا، شېڭ شىسەي شۇ

ھامانلا ياڭ جىغا ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا كىرەكلىك ماددى ئەشيالارنىڭ شىنجاڭ ئىچىدە بىخەتەر ئۆتۈشىگە كاپالەت بەرگەنىدى.

جۇڭگو سىتسۇيىلىش ئۆمىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا جۇڭگونىڭ ئالمۇتا - لەنجۇ قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، سوۋېت دائىرىلىرى جۇڭگو تەرەپنىڭ تونۇش پىلانىغا قوشۇلدى.

يېڭى ئۆزگىرىشكە ئاساسەن، كېيىنكى كۈنلەردە، شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى غەربتە چىڭسىخوزىدىن قورغاسقا تۇتىشىدىغان تاشيول قۇرۇلۇشىنى، شەرقتە قۇمۇل - شىڭشىڭشىيا تاشيول قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشيولىنىڭ قورغاستا شىنجاڭ بىلەن تۇتىشىشىنى، گەنسۇ تاشيولىنىڭ شىڭشىڭشىيادا شىنجاڭ بىلەن تۇتاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇ يىلى 10 - ئايدا، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بەرگەن ماددىي ئەشيالىرىنىڭ شىنجاڭدىن ئۆتۈشى ماددىي ياردەم بېرىشىدىكى شىنجاڭ چېگرىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ئوخشاش بىر مەقسەت ئۈچۈن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئاتلىق ئەسكەرلەر 8 - پولكنى قۇمۇلدا تۇرغۇزۇپ، بۇ يولنىڭ شىنجاڭ ئىچىدىكى شەرقى بۆلىكىنى بىۋاسىتە قوغدىدى.

1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بەرگۈچى تۇنجى تۈركۈمدىكى يىراق مۇساپىلىك بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى ئالمۇتادىن ئۇچۇپ، غۇلجا، ئۈرۈمچى، قۇمۇل ھاۋا لىنىيىسىنى بويلاپ لەنجۇغا قوندى. شۇ يىلى قىشتا، ئالمۇتادىن باشلانغان قۇرۇقلۇق ترانسپورتىمۇ ياردەمچى ئورۇنغا ئۆتۈپ، شىنجاڭنىڭ تاشيول ترانسپورتىنى بىر مەھەل ئاۋاتلاشتۇرۇۋەتتى، پۇختا نىقابلانغان سوۋېت قارا

ماشىنىلىرى سازلىق، چاتقاللىق دېمەي قورغاس ئارقىلىق چېگرىغاكىرىپ شەرقىقە قاراپ يۈرۈپ، شىخشىخشىيادىن ئۆتۈپ لەنجۇغا باردى. 1939 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگوغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرى 985 ئايروپىلان، 82 تانكا، 1 مىڭ 300 دىن كۆپرەك زەمبىرەك 14 مىڭدىن كۆپرەك پىلىموت، 6 مىڭ توننىدىن كۆپرەك بېنزىن، ماشىنا سايمانلىرى ۋە دورىلار بولدى[59].

شىنخەي ئىنقىلابىدىن بۇيان، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭ گەرچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر بېشىدىن كەچۈرگەن مىلىتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشلىرىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، بىراق مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى شىنجاڭ شۇنىڭدىن باشلاپ ئېغىر بېكىنىش ھالىتىدە قالغان. 20 يىلدىن كېيىن، ئاپتومات بىلەن بىرونېۋىك يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇرلار كۆرگەن ئەڭ يېڭىچە نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندى. ئەپسۇس، بۇ يېڭىچە نەرسىلەر ئىنتايىن تېزلا شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن جەنۇبتا خوتەن بوستانلىقلىرىغىچە بولغان بىپايان زېمىندا مىسلىسىز بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا، ئۇيغۇر پۇقرالىرى نەزىرىدە، ھەربىي قوراللار بىلەن بالايىئاپەت بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەنىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇچقۇنلىرى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپلا قالماستىن بەلكى ئايىغى ئۈزۈلمەستىن شەرققە توشۇلۇۋاتقان، قىرغىنچىلىق كۈچى تېخىمۇ زور بولغان تۈرلۈك قوراللارغا بولغان تونۇشىنىمۇ ئۆزگەرتتى. گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى توشۇغۇچى خادىملارنى پۇقراچە كىيىندۈرگەن، ھەمدە يەرلىك خەلقلەر بىلەن ھەرقانداق مۇناسىۋەت قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئاخىرىقى ھېسابتا يەنىلا بۇ قوراللارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە

ئىشلىتىلىشىنى تونۇپ يېتىپ، يول بويى توشۇش ئەترىتىنى قىزغىن قارشى ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ماشىنىلىرى مەيلى چۆل - جەزىرە ياكى قۇملۇقتا بولسۇن، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان كەنتلەردىن ئۆتكەندە، ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئۆزلۈكىدىن قورال - سايمانلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، يۈك توشۇغۇچى ماشىنىلارنىڭ راۋان يۈرۈشىگە ياردەم بەرگەنىدى⑥⓪.

قورغاس، ئۈرۈمچى، شىڭشىڭشىيا تاشيولىنى تۈتاشتۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىن، شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى ئۈرۈمچى — قەشقەر، قەشقەر - كېرىيە تاشيولىنى ياساش قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى.

1939 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك تاشيول يىغىنى ئېچىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى قۇرۇلۇشى تاماملانغان ھەم يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان تاشيوللار ئومۇميۈزلۈك تۈرلەرگە ئايرىلغان. دۆلەت مۇداپىئە ئەھمىيىتىگە ئىگە، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى مۇناسىۋەتلەرنى تۈتاشتۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە لىنىيىلەر بىرىنچى تۈر دەپ ئايرىلدى. مەسىلەن، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان لىنىيە شەرق - غەرب ئىككى چوڭ لىنىيە دەپ ئايرىلغان. ئۈرۈمچى بىلەن باشقا رايونلارنى تۈتاشتۇرىدىغان، ئۆلكىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە لىنىيىلەر ئىككىنچى تۈر دەپ ئايرىدى؛ ناھىيە بىلەن ناھىيە، ناھىيە بىلەن يېزىلارنى تۈتاشتۇرىدىغان، شۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە لىنىيىلەرنى بولسا ئۈچىنچى تۈر دەپ ئايرىلىپ، قۇرۇلۇش دائىرىسى، مەبلەغ بۆلۈنمىلىرىگە نىسبەتەن ئېنىق ئۆلچەم بېكىتىلدى.

رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يىغىن ھەرقايىسى مەمۇرىي رايونلاردا يول - قۇرۇلۇش كومىتېتى قۇرۇپ، مەمۇرىي باشلىقلار كومىتېت باشلىقلىقىنى ئۈستىگە

ئالغان، «جايلاردىكى نوپۇزلۇق مىللىي ئەربابلار بىلەن يەرلىك قانۇن ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل كىشىلەر مۇئاۋىن باشلىق ۋە ھەيئەت بولغان، ناھىيىدىن تۆۋەن يېزا، كەنتلەر يېزا - كەنت يولى قۇرۇلۇش ۋەكىللىرىنى ئەۋەتكەن» ، شۇ ئارقىلىق مۇكەممەل بولغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى تەشكىللەنگەن[61] .

ئۆلكىلىك تاشيول يىغىنىدىكى تۇرگە ئايرىش بويىچە، ئۈرۈمچى - قەشقەر، قەشقەر - كېرىيە لىنىيىسى ئىككىنچى تۇردىكى تاشيول بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەمەلىي قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بۇ دائىرىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمال، غەرب ۋە جەنۇبىي ياقلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئۈرۈمچى - قەشقەر، قەشقەر - كېرىيە تاشيولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2 مىڭ 285 كىلومېتىر بولۇپ، چۆل - جەزىرە، قۇملۇق ۋە تاغ - داللارنى كېسىپ ئۆتەتتى. بۇ مەزگىلدە، ئىچىدىغان سۇ بىلەن قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئاساسىي قىيىنچىلىق بولغانىدى[62] .

ئۆلكىلىك تاشيول يىغىنىدىن كېيىن، توقسۇن بىلەن قاراشەھەر ئىككى ناھىيە باشلامچى بولۇپ تاشيول قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، ئارقىدىنلا ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق مەمۇرىي رايونلاردىمۇ كەينى - كەينىدىن ئىش باشلاندى. 1944 - يىلىغا كەلگەندە بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ ئۈرۈمچى — قەشقەر، قەشقەر — كېرىيە تاشيول قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب، غەرب ۋە شىمالىي ياقلىرىدا بىرىنچى تاشيول تورى ھاسىل قىلىندى.

سوۋېتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇزۇن تاشيول لىنىيىسىدە خېلى زور يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغانىدى. بىراق، يول بويلىرىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ كۆرسەتكەن جاپالىق ئەمگەكلىرى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ كەڭ

كەتكەن چۆل - جەزىرىلەردە، قۇملۇقلاردا جاپاغا چىداپ، تومۇز ئىسسىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئادەم كۈچى، ئۇلاغ كۈچى، مەبلەغ چىقىرىپ تاشيول ياسىغانلىق ئىش - ئىزلىرىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خەۋەر قىلغان. بايدىن ئاقسۇ كوناشەھەرگىچە بولغان تاشيول قۇرۇلۇشىدا، ئىككى ناھىيە 4500 دىن ئارتۇق ئادەم ئاجرىتىپ، پەقەت ئالتە كۈن ئىچىدىلا 20 كىلومېتىر يولنى ياساپ بولغان. مارالبېشىدىن قەشقەرگىچە بولغان يول قۇرۇلۇشىدا بولسا كۈنىگە تەخمىنەن 12000 ئىشچى ئىشلىگەن[63].

ئۈرۈمچى - قەشقەر، قەشقەر - كېرىيە تاشيول قۇرۇلۇشىدىكى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى جاپالىق ھەم ئېغىر قۇرۇلۇش ئىدى. قاراشەھەر دەرياسى كۆۋرۈكى، بايدىكى ياقئېرىق دەرياسى كۆۋرۈكى، كۈچادىكى ياقا دەرياسى كۆۋرۈكى، ئاقسۇدىكى ئاقسۇ دەرياسى كۆۋرۈكى، يەكەندىكى زەرەپشان دەرياسى كۆۋرۈكى، خوتەندىكى يۇرۇڭقاش كۆۋرۈكى قاتارلىق كۆۋرۈكلەر ئىچىدە يەكەندىكى زەرەپشان دەرياسى كۆۋرۈكى قۇرۇلۇشى ئەڭ جاپالىق بولغانىدى. زەرەپشان دەرياسى كۆۋرۈكى 1942 - يىلى تاماملانغان. كۆۋرۈك ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 632.8 مېتىر، 78 سۆڭگۈچى بار بولۇپ، تۆت كىچىك كۆۋرۈكتىن تەركىب تاپقان، «كەڭلىكى يەتتە مېتىر، ئېگىزلىكى 5.5 مېتىر، پىيادىلەر يولى يوق ئىدى. ئۈستى تەرىپىگە ياغاچتىن قاتمۇقات تىرەك قويۇلغان، ئاستىغا ئىككى رەت ياغاچ تۈۋرۈك قويۇلغان بولۇپ، ئۈچ مېتىردىن بەش مېتىرغىچە چوڭقۇرلۇقتا يەرگە كىرگۈزۈلگەن. يۇقىرى ئېقىنىدىكى سۇ ئايرىش بوغۇزىدىكى ئۈچ بۆلۈك جازا ئىچىگە قاتمۇقات شېغىل تاش كۆمۈلگەن. تۆت كىچىك كۆۋرۈك بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە ئەمەس ئىدى. كۆۋرۈك بىلەن كۆۋرۈك ئارىلىقىدىكى كۆتۈرمە يول ئۇلىغا شېغىل كۆمۈلگەن بولۇپ

توسمىنى قوغداش رولىنى ئوينايتتى، توسمىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 181.6 مېتىر، 471.8 مېتىر ۋە 86 مېتىر ئىدى»(64).

كۇچادىكى ياقا دەرياسى كۆۋرۈكى 1940 - يىلى پۈتكەن بولۇپ، بۇ تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ئەڭ بالدۇر پۈتكەن تاشيول كۆۋرۈكلىرىنىڭ بىرى ئىدى. كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى كومپارتىيە ئەزاسى لىن جىلۇ بۇ قۇرۇلۇشنىڭ لايىھىلىنىشىدىن تارتىپ پۈتكىچە بولغان پۈتكۈل جەريانغا قاتناشقان ۋە باشچىلىق قىلغانلىقتىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بىر نامايەندىسى بولۇپ قالغانىدى.

1942 - يىلى خەلقئارا ۋەزىيەتتە بۇرۇلۇش بولۇپ، شېڭ شىسەي بىرمەھەل ئۆزىنىڭ سىياسىي يۆلەنچۈكى دەپ قاراپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يىراقلىشىپ، جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىنلىشىشقا باشلىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تېزدىن تەرتىپكە سالماقچى بولدى. گەنسۇدىكى ئەنشىدىن باشلىنىپ دۇنخۇاڭ ئارقىلىق كورلىغا بارىدىغان ئادەتتىكى يولنى تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان يېڭى يولنى ئاچماقچى بولغانىدى. بۇ قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1 مىڭ 344 كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭدىكى كورلىدىن چاقىلىققىچە بولغان ئومۇمىي مۇساپە 479 كىلومېتىر ئىدى. بۇ يولنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئەھمىيىتى بولغاچقا، پۈتكۈل خىراجەتنى يەنى 13 مىليون 50 مىڭ يۈەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىۋاسىتە ئاجراتقانىدى.

1942 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بۇ قۇرۇلۇش قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەشكىللىشىدە ئىش باشلاپ،

يول بويىدىكى 9 مىڭ 700 دىن ئارتۇق ئىشچى شۇ كۈنىلا ئىشقا قاتناشقان. كېيىنچە يەنە ئالتە پىيادىلەر باتالىيونى، بىر ئاتلىق پولك بۇيرۇققا بىنائەن قۇرۇلۇشقا قاتناشقان. قۇرۇلۇش ئەڭ جىددىي ۋاقىتلاردا ھەر كۈنى تەخمىنەن بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئىشچى بىلەن ئەسكەر 497 كىلومېتىر ئارىلىقتا ئەمگەك قىلغان. كورلا ـ چاقىلىق تاشيولىنىڭ ئۇل قۇرۇلۇشى 1943 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، يول يۈزى قۇرۇلۇشى 6 ـ ئايدا، كۆۋرۈك ۋە كېچىك قۇرۇلۇشى 9 ـ ئايدا تاماملانغان(65).

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھاياتىدىكى ئاپتوموبىل قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ باشلامچىسى ئىلىدىكى سېيىت باي ئىدى. سېيىت شۇ يەرنىڭ مۇفتىسى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەت قىلىپ سېيىت مۇفتى دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ۋاقىتلار دەل ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى ھارپىسى ئىدى. سېيىتنىڭ ئىگىلىكىدىكى پولشادىن سېتىۋېلىنغان ئىككى قارا ماشىنا ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي كۈرە بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدا قاتنايتتى، ئومۇمىي مۇساپىسى 30 كىلومېتىر بولۇپ، كۈنىگە 10 نەچچە قېتىم بېرىپ كېلەتتى(61). بۇ ماشىنىلار ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىگە قاراشلىق يۈڭ شىركىتى بىلەن سېيىتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى.

يول سۈپىتى ياخشى بولمىغاچقا، ماشىنىنىڭ بالونى ۋە باشقا زاپچاسلىرى ئېغىر دەرىجىدە كونىراپ، قىش پەسلىگە كەلگەندە سېيىتنىڭ كۈرە بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدىكى قىسقا مۇساپىلىك ئاپتوموبىل قاتناش ترانسپورت تىجارىتى توختاپ قالغان.

ياڭ زېڭشىن سېيىتنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى ئەسلەپ: «ئىلىدا ئاپتوموبىل قاتنىشى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۇن نەچچە تۈمەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ، ئاخىرىدا يەنىلا يېرىم يولدا توختاپ قالغان» دېگەنىدى(67).

سېيىتنىڭ ئىشلىرىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىشلىرىنى توپتوغرا 17 يىل توختىتىپ قويغان، پەقەت 1927 - يىلىغا كەلگەندىلا ئۇيغۇرلار قايتىدىن ئاپتوموبىلدا يۈك توشۇش ۋەزىيىتىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. شۇ يىلى قىشتا، تيەنجىندىن سېتىۋېلىنغان ئامېرىكىدا ياسالغان داۋچى ماركىلىق 15 ئاپتوموبىل سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ، ئەڭ دەسلەپتە ئۈرۈمچى — گۇچۇڭ ئاپتوموبىل ترانسپورتىنى باشلىۋەتكەن، «بېلەت باھاسى بېكەت ئارىلىقىنى ئۆلچەم قىلىپ، ھەربىر بېكەتكە بىر ئادەمدىن سەككىز تىيىن (كۆمۈش پۇل) ئېلىناتتى. ئۈرۈمچىدىن گۇچۇڭغىچە جەمئىي ئالتە بېكەت بولۇپ، ھەربىر يولۇچىدىن 8.4سەر، يۈك ۋە ماللار بىر باغلام بويىچە ھېسابلىنىپ، بىر باغلىمىغا يولۇچى ھەققىنىڭ يېرىمى ئېلىناتتى»(68).

1935 - يىلى دۆبەن مەھكىمىسىنىڭ قاتناش ترانسپورت باشقارمىسى ئۆلكىلىك تاشيول باش ئىدارىسى بولۇپ قۇرۇلۇپ، ئىككىنچى يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي يوسۇندا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چوڭ شەھەر بازارلاردا قەرەللىك ھالدا ماشىنا قاتنىدى(69).

خۇسۇسىي ئاپتوموبىللارمۇ تېز سۈرئەتتە قاتناش ساھەسىگە كىردى. 1934 - يىلىدىن كېيىن، چۆچەكتە خۇسۇسىي ئاپتوموبىللاردىن 110 ى بولۇپ، 16 سودىگەرگە قارايتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىكى ئۇيغۇر سودىگەر ھاشىم باي ئىدى. ھاشىم باينىڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىشلىرى شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ترانسپورتى بىلەن تەڭ دېگۈدەكلا باشلانغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىمۇ ئۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر بايلىرى ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىشلىرىنى باشلىغانىدى(70).

كېسىپ ئېيتقاندا، كەڭ كۆلەمدىكى ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىشلىرىنى يەنىلا ھۆكۈمەت باشقۇراتتى. مەسىلەن، يۇشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ قەشقەردە 11 تارماق شىركىتى بولۇپ، بۇ 11 شىركەتنىڭ جەمئىي 240 ئاپتوموبىلى بار ئىدى. بۇ ئاپتوموبىللار شىركەتنىڭ سوۋېتقا مال ئېكسپورت ـ ئىمپورت قىلىشىغا مەسئۇل بولغاندىن سىرت يەنە باشقا بۆلۈملەر ياكى شەخسلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا مال توشۇش ۋە ئەكىرىش ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى(71).

ئاپتوموبىل ترانسپورتى گەرچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ زامانىۋىلاشقانلىقىدىن ئىبارەت بىر خىل يۈزلىنىشكە ۋەكىللىك قىلالىسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قاتناش ترانسپورت ئىشلىرىغا بولغان پۈتكۈل ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى.

بۇ ئېھتىياجلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۇزۇن مۇساپىلىك تۆگە ئەترىتى ۋە ئات ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. يەنە بىر قىسمىنى ئۇلاغ ھارۋىلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى.

ئىلىدىكى ئۇيغۇرباي ھاشىم ئەكبەر بىلەن ئىنىسى موختەر ئەكبەر ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئۇزۇن مۇساپىلىك تۆگە قاتنىشىنى يولغا قويغان ۋەكىللىك شەخسلەردۇر. ئاكا ـ ئۇكا ئەكبەرلەر 1921 ـ يىلى ئۆزلىرىنىڭ سودا تورىنى ئەتراپلىرىغىچە كېڭەيتىپ، زور تۆگە كارۋىنى بىلەن شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى كۆكخوت قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ سېتىپ ئاندىن كۆكخوت بېيجىڭلارنىڭ ئەتراپلىرىدىن تېيەنجىن ماللىرىنى شىنجاڭغا ئەكېلىپ ساتقان. تۆگە كارۋىنى ئاساسەن يول بويلىرىدىكى مول سۇ، ئوتلاقلارغا تايانغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، تاشقى موڭغۇل مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، قاتناش ئۈزۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئاكا ـ ئۇكا ئەكبەرلەرنىڭ تۆگە قاتناش ترانسپورت ئىشلىرىمۇ ئاخىرلاشقان.

گەنسۇ ئۇتلاقلىرىنى ئۇتتۇرا لىنىيە قىلغان يېڭى تۆگە كارۋىنى بۇ ئىشقا ئىشتىياق باغلىغان يەنە بىر قىسىم كىشىلەرگە پۇرسەت ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار ئاساسەن گۇچۇڭ ئەتراپلىرىغا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، گۇچۇڭلۇق ئۇيغۇر، خەنزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇلاردىن چىققان تۆگە ترانسپورتى خوجايىنلىرى تەدرىجىي بۇ ساھەدە ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتكەن. گۇچۇڭدىن سۇيىيۇەنگە بېرىپ ـ كېلىش ئۈچۈن ئۈچ ئاي ۋاقىت كېتەتتى. ھېساب كىتابقا ئۇستىلىرى بولسا ھەر يىلى ئۆز تۆگىلىرىنى ئىككى قېتىم قاتنىتاتتى. ھەربىر تۆگە 130Kg مال توشۇسا، توشۇش ھەققى ئۈچۈن 80 يۈەن ئېلىناتتى.

گەرچە بۇ مەزگىل ئاپتوموبىل ترانسپورتــى راۋاجلانغان چاغلار بولسىمۇ، تۆگە ترانسپورتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىــسادىي ھاياتىدا داۋاملىق ئۆز ئورنى ۋە رولىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇنىڭ مىسالى شۇكى يۈشىن يەرلىك مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىــڭ قەشقەردىكى 11 تارماق شىركىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسىدا 1275 تۆگىدىن تەركىــب تاپقان زور تۆگە ئەترىتى بولۇپ، بۇ ئەترەت سوۋېت ئىتتىپاقىــغا يەرلىــك مەھسۇلاتلاردىن تېرە، خام ـ يىپەك، گىلەم، پاختا شۇنداقلا ھەر خىل گۈلە قاقلارنى توشۇغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاساسلىقى رەخت، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى شۇنداقلا يەنە قورال، ئوق ـ دورىلارنى ئېلىپ كېلەتتى⑫.

1944 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 800 نەچچە ئات، 160 تىن ئارتۇق ئات باقاردىن تەشكىل قىلغان ئات كارۋىنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونىــڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم قىلغان مىڭدىن ئارتۇق ئاپتوموبىــل بالونىنى ئېلىپ لاداقتىدىكى لېۋ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب باغرىدىكى قاغىلىقتا قاراپ يۈرۈش قىلغان. ئۇلار قاراقۇرۇم تاغلىق رايونلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 675

كىلومېتىر يول يۇرۇپ، شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى
قاغىلىقتا يېتىپ بارغان. بۇ مۇساپىنى تاماملاشتا رەھبەرلىك
قىلغان ليۇ زوڭگېڭ: «ئات كارۋىنى كۈنىگە 8 سائەتتىن
تەخمىنەن 30 كىلومېتىردىن يول ماڭدى. باش - ئاخىر
بېكەتلەردىن باشقا، ئارىلىقتىكى 22 بېكەتتە چۈشكۈن قىلدى،
ھەرقايسى بېكەتلەر ئات كارۋىنىنىڭ تۇرالغۇسى ئىدى، يەر
شەكلى بىرقەدەر تەكشى بولۇپ، قار - مۇزنىڭ، سۇ ئېقىنلارنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىمىدى. سۇ بولسا سۇنى، سۇ بولمىغاندا قارنى
ئېرىتىپ ئىشلەتكەن. يول بويى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا −5℃
ئىدى، يىل بويى قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان جايلاردا
بولسا تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ −30℃ قا چۈشۈپ قالاتتى.
سەپەردىكى تۇرلۇك تەبىئىي قىيىنچىلىقلارنى تەسۋىرلەش
ھەقىقەتەن تەس ئىدى. يولدا ئاتباقاردىن بىرى ئۆلدى، ئاتلارنىڭ
ئۆلۈش نىسبىتى 18 پىرسەنتكە يەتتى، ئاتلارنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك جاراھەتلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنى بوغۇزلاش مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. تىك قىيالاردا، تاغ ئېغىزلىرىدا ئاتنىڭ
ئۇستىخانلىرى قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان بولۇپ، كىشىلەر بۇنى
يولدىن ئېزىپ قالماسلىقنىڭ بەلگىسى قىلاتتى»، دەپ
خاتىرىلەنگەن.

يول ئۈستىدە ئەڭ جاپالىق بولغىنى دېڭىز يۈزىدىن
ئېگىزلىكى 5 مىڭ 575 مېتىر كېلىدىغان قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن
ئۆتۈش ئىدى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ قېتىمقى ئات بىلەن
يۈك توشۇش ئەينى ۋاقىتتىكى تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يەنە بىر
خىل ترانسپورت ئۇسۇلىنى نامايان قىلغان. بۇنداق توشۇش
ئۇسۇلى شەك - شۈبھىسىزكى قاراقۇرۇم تىزمىلىرىدەك جاپالىق
مۇھىت ئۈستىدە غەلىبە قىلغانىدى.

ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن
زىچ باغلانغىنى يەنىلا ئۇلاغ ھارۋىلىرى ئىدى. «شىنجاڭنىڭ

تاشيول قاتناش تارىخى» دېگەن كىتابتا بۇ مەزگىلدىكى ئۇلاغ ـ ھارۋىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، ئىشلىتىلىشى، توشۇش كۈچى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي بايان قىلغان. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يوللارنىڭ كۆپىنچىسى قۇم ـ توپىلىق يوللار ئىدى يەرلىك ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى چوڭ بولۇپ، دىئامېتىرى 1.5 مېتىردىن 2 مېتىرغىچە، ھارۋا ئوقى بىرقەدەر ئۇزۇن، قۇرۇلمىسى ئاددىي ئىدى. كۆپ بولغاندا 400 كىلوگرام يۈك بېسىلاتتى. ئادەتتە ھەربىر ھارۋىغا بىر ئات قېتىلغان، ھارۋا ئاساسەن ياغاچتىن ياسالغان، شۇڭا، يول يۈرگەندە ياغاچلارنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى؛ ئۇيغۇر پۇقرالىرى بۇ ئاۋازغا تەقلىد قىلىپ بۇ خىل ھارۋىلارنى «يار ـ يار» ھارۋا دەپ ئاتاشقان.

تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىمۇ قۇرۇلمىسى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئاتلىق ھارۋىلار بولۇپ بىر قەدەر مۇستەھكەم ئىدى. چاق مىقلىرى تۆمۈردىن، چاقنىڭ سىرت ئايلانمىسى ياپىلاق تۆمۈردىن ياسالغان ئوق بېشىغا تۆمۈر قالپاق ۋە تۆمۈر قۇلاق بېكىتىلگەن بولۇپ، چاق دىئامېتىرى 1.5 مېتىر ئوق ئۇزۇنلۇقى 1.2 مېتىر ئەتراپىدا ئىدى. ھەربىر ھارۋىنىڭ ئەڭ كۆپ يۈك كۆتۈرۈش مىقدارى 700Kg بولغان، ناۋادا بىر ھارۋىغا 2 ـ 3 ئات قېتىلسا، ئۇنىڭ يۈك كۆتۈرۈش مىقدارىنى مىڭ ۋە 1 مىڭ 500 كىلوگرامغا يەتكۈزگىلى بولاتتى. بۇمۇ ئۇزۇن مۇساپىلىك ترانسپورت ھېسابلىناتتى.

كۆپ ساندىكى ھارۋىلار ئىچىدە رۇسىيىدىن كىرگۈزۈلگەن تۆت ئاتلىق ھارۋا مەيلى قۇرۇلما جەھەتتىن بولسۇن ياكى توشۇش كۈچى، سۈرئىتى جەھەتلەردىن بولسۇن روشەن ئارتۇقچىلىققا ئىگە ئىدى. بۇ تۆت ئاتلىق ھارۋا يەنە «پەشتاقلىق ھارۋا»، «بېكەت ھارۋا» ياكى «ئوقۇر ھارۋا» دەپ ئاتىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا كۆپرەك ئىشلىتىلەتتى. بۇ تۆت ئاتلىق ھارۋىغا تۆمۈر ئوق ئورنىتىلغان، ھارۋا چاقى تۆمۈردە

قاپلانغان بولۇپ، ياغاچتىن ياسالغان پەيتۇن بىلەن ھازىسىنى ئايرىغىلى بولاتتى، ئوق ئارىلىقى بولسا ئالدى - كەينىگە سوزۇلاتتى، ئالدى چاقى پاكارراق، ئارقا چاقى بىرئاز ئېگىز ئىدى. ئالدى ئوقى بىلەن پەيتۇن تۇتىشىدىغان ئورۇنغا بۇرۇلۇش ئايلانما ئوق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئايلانما ئوق ئاستى - ئۈستى ئۆزئارا سۈركىلىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ يۇمىلاق تەخسە بىلەن ئالدى ئوقتىن پەيتۇنغا تۇتىشىدىغان بىر تال تۆمۈر تاياقچىدىن تەركىب تاپقان. بىر تال يۇمىلاق ياغاچ كالتەك ئالدى ئوقتىكى ئايلانما تەخسىسىگە تۇتاشقان، يۇمىلاق ياغاچ كالتەكنىڭ ئالدى ئۇچىنىڭ ئىككى تەرىپى ئىچ ئاتنى ئوراپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇرۇلۇشقا ناھايىتى ئەپلىك ئىدى. ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا بىر ھارۋىغا ئىككى ئات قېتىلىپ، 1 مىڭ 110 كىلوگرام يۈك ئارتىلاتتى، ئادەمدىن سەككىز كىشى ئولتۇرالايتتى، كۈنىگە 70 كىلومېتىر يول يۈرەلەيتتى. ھارۋا ھازىسى سوزۇلۇشچان بولغاچقا، ئۇنىڭغا يەنە ئۇزۇن جىسىملارنىمۇ مەسىلەن، ياغاچ، پولات ماتېرىياللىرىنى توشۇغىلى بولاتتى.

شەھەر بازارلاردىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى «تاختا ھارۋا» دەپ ئاتىلىدىغان تۆت چاقلىق ئات ھارۋىسى بولۇپ، ھارۋىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسەن «ئوقۇر ھارۋا» غا ئوخشىشىپ كېتەتتى، پەقەت ھارۋا گەۋدىسى، ھارۋا ئوقى، ھازىسى قاتارلىقلارلا ئوقۇر ھارۋىدىن سەل - پەل كىچىك بولۇپ، يۈك كۆتۈرۈش مىقدارىمۇ ئاز. پەيتۇنى يوق ئىدى. ئادەتتە ئالتە يۇمىلاق تاختا ھازىغا تۇز ياتقۇزۇلاتتى (شۇڭا تاختىلىق ھارۋا دېيىلەتتى)، ھارۋا ھازىسىنىڭ ئالدى تەرىپى ئىككى ياغاچ شوتا ئارقىلىق ئالدى ئوقنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۇتىشاتتى، ئىچ ئات ئىككى شوتا ئارىسىغا قېتىلاتتى. ئەگەر ئادەم سالماقچى بولسا ھازىغا تۇز ياقتۇزۇلغان تاختا ئۈستىگە كىلەم سېلىناتتى، سائەتتىكە ئەڭ تېز سۈرئەتتە 10 كىلومېتىر يول يۈرەتتى.

ئەمەلدارلار بىلەن بايلار ئىشلىتىدىغان «پوۋسكا»، «خادىك» قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ هارۋىلار ئېسىل بېزەلگەندىن سىرت، يەنە سىلكىنىشتىن ساقلىنىش ئەسلىهەلىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، يۈرۈشى ئىنتايىن سىلىق هەم ئازادە ئىدى. «پوۋسكا» بىلەن «خادىك» لارنىڭ هەممىسى ئاساسەن تۆت چاقلىق ئات هارۋىلىرى ئىدى[75].

خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگەرگەنلىكى سەۋەبىدىن 2 - ئۈچ يىللىق پىلاندا، پوچتا ئىشلىرى دۆلەتنىڭ جان تومۇرى شۇنداقلا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش بىلەن زىچ باغلىنىپ، ئۇنىڭ ئەهمىيىتى ۋە رولى زور دەرىجىدە ئاشتى.

ئۈچ يىللىق پىلان جەريانىدا، ئۈرۈمچى - قەشقەر تېز پوچتا لىنىيىسى تولۇق ئېچىلدى. ئومۇمىي مۇساپىسى 2 مىڭ 510 كىلومېتىر، هەرقايسى لىنىيىلەردە ئاتلىق پوچتىكەشلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ، 15 كۈندە مەنزىلگە يېتەتتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا قەشقەر - خوتەن، قەشقەر - ئەركەشتام، قەشقەر — تاشقورغاندىن ئىبارەت ئۈچ مۇهىم يول پوچتىخانىسى ياسالدى.

قەشقەر — خوتەن لىنىيىسى قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن باشلىنىپ يېڭىسار، يەكەندىن ئۆتۈپ خوتەنگىچە باراتتى. ئومۇمىي مۇساپىسى 500 كىلومېتىر بولۇپ، ئىككى كۈندە بىر قېتىم، ئاتلىق پوچتىكەشلەر مېڭىپ بەش كۈندە مەنزىلگە يېتىپ باراتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەردىن يەكەنگىچە بولغان بۆلەككە قەشقەر پوچتا ئىدارىسى مەسئۇل بولغان بولۇپ، پوچتىكەشلەر باشلىقى بار، پوچتىكەشلەر 10 ئىدى. بۇ لىنىيە خوتەندىن شەرققە داۋاملىشىپ، كېرىيە لىنىيىسى بىلەن تۇتىشاتتى، كېرىيىدىن چەرچەنگە ئاندىن چاقىلىققا بېرىپ، كورلا لىنىيىسى بىلەن تۇتىشىپ، ئەڭ ئاخىر ئۈرۈمچى — قەشقەر لىنىيىسىگە

توتىشاتتى.

قەشقەر — ئەركەشتەم لىنىيىسى قەشقەردىن غەربكە قاراپ جۇڭگو — سوۋېت چېگرىسىغا باراتتى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 290 كىلومېتىر بولۇپ، ھەر ئالتە كۈندە بىر قېتىم قاتناپ، سەككىز كۈندە مەنزىلگە يېتەتتى، پوچتىكەشتىن ئالتىسى بار ئىدى. بۇ لىنىيىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن پوچتا ئالماشتۇرۇش ئىدى.

قەشقەر ـ تاشقورغان لىنىيىسى قەشقەردىن جەنۇبقا قاراپ، يېڭىساردىن ئۆتۈپ تاشقورغانغا باراتتى، ئومۇمىي مۇساپە 392 كىلومېتىر بولۇپ، كۈنىگە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا بىر ئادەم قاتنايتتى. بۇ لىنىيىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن پوچتا ئالماشتۇرۇش ئىدى.

1942 ـ يىلى، قەشقەر پوچتا ئىدارىسى تەۋەلىكىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۇلۇغچات، ئاتۇش، خانئېرىق، يوپۇرغا، پەيزاۋات، يېڭىسار قاتارلىق پوچتا ۋاكالەتخانىلىرىنى تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەر پوچتا ئىدارىسى پۇل پېرېۋوت قىلىش، دۆلەت ئىچىدە پوسۇلكا ئەۋەتىش، ئۇمۇر سۇغۇرتىسى، خەلقئارا پوچتا يەتكۈزۈش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر تەسىس قىلىنغانىدى.

پايدىلانمىلار

① «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 3818 ـ بەت. ئەمما، چېن جىيىڭنىڭ «شىنجاڭغا نەزەر» (جيەنجۇڭ نەشرىياتى) ۋە جۇ دۇڭجياۋنىڭ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» دېگەن كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلار يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئازراق پەرقلىنىدۇ.

② «شىنجاڭنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانى»، 17 ـ بەت.

③ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 4542 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 3878 —، 3879 ـ بەتلەر.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 1831 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 4629 — 4631 ـ بەتلەر.
⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 4647 ـ بەت.
⑧ يۇقىرىقى كىتاب، 4649 ـ بەت.
⑨ «شىنجاڭدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىش ئەھۋالى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 36 ـ سان، 113 ـ بەت.
⑩ بۇلاش ئىشنايوف: «دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە ئىشلىتىلىشى»، «غۇلجا تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 1 ـ سان، 74 — 75 ـ بەتلەر.
⑪ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3855 ـ، 4257 ـ بەت؛ جۇ دۇڭجياۋنىڭ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، 104 ـ بەت.
⑫ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 3498 ـ بەت.
⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 4533 ـ بەت.
⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 3891 ـ بەت.
⑮ يۇقىرىقى كىتاب، 4663 ـ بەت.
⑯ يۇقىرىقى كىتاب، 4674 ـ بەت.
⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 4675 ـ بەت.
⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 4645 ـ بەت.
⑲ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 33 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈندىكى، 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈندىكى، 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىكى سانلىرى.
⑳ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 33 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى سانى.
㉑ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3886— 3887 ـ بەت.
㉒ لى فۇلىن: «10 يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى»، «يېڭى شىنجاڭ» 1 ـ توپلام، 1 ـ سان.
㉓ ئىسمائىل ئەسقەرى: «ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرناللار ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 23 ـ سان، 147 — 148 ـ بەت.
㉔ يۇقىرىقى كىتاب، 152 ـ بەت.

㉕ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 3887 ـ بەت.

㉖ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

㉗ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 32 ـ سان، 165 ـ بەت.

㉘ دىڭ گوڭشەن: «ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قەشقەر گېزىتى»، «قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 ـ سان، 71 — 72 ـ بەت.

㉙ غوپۇر توختى: «جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرى ۋە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاخبارات ئىشلىرى»، «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ ‹شىنجاڭ گېزىتى› دىكى پائالىيەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل نەشرى، 87 ـ بەت.

㉚ يۇقىرىقى كىتاب، 82 ـ بەت.

㉛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 3887 ـ بەت.

㉜ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

㉝ يۇقىرىقى كىتاب، 4688 — 4689 ـ بەت.

㉞ يۇقىرىقى كىتاب، 4690 ـ بەت.

㉟ بەي شەن: «بىر يىلدىن بۇيانقى مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى»، «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك سەپ» 1941 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى نەشرىگە قاراڭ.

㊱ شېرىپ خۇشتار: «داڭلىق كارخانىچى قادىربەگ ھاجى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 28 ـ سان، 248 — 252 ـ بەتلەر.

㊲ قۇربان خالىم: «‹ھەمكارلىق شىركىتى› ۋە ئۇنىڭ 10 ياخشى ئىشى»، «غۇلجا شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى»

(ئۇيغۇرچە) 1 ـ سان، 100 — 106 ـ بەت.

(38) «شىنجاڭنىڭ 2 ـ ئۈچ يىللىق پىلانى»، 22 —، 24 ـ بەت.

(39) مىنگونىڭ 33 ـ يىلىدىكى «گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يىلنامىسى».

(40) سوپاخۇن سوۋۇروف: «قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە ما جۇڭيىڭ ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 42 ـ سان، 107 ـ بەت.

(41) «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 28 ـ سان، 249 ـ بەت.

(42) «ئۆمۈر داستانى» 118 —، 119 ـ بەتلەر.

(43) «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3843 ـ بەت.

(44) يۇقىرىقى كىتاب، 4602 ـ بەت.

(45) دىڭ سۇ: «شىنجاڭ ھەققىدە بايان»، مىنگونىڭ 36 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئەنجىڭ مۇستەقىللىق نەشرىياتى 47 — 48 ـ بەت.

(46) «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 4738 ـ بەت.

(47) يۇقىرىقى كىتاب، 4694 ـ بەت.

(48) يۇقىرىقى كىتاب، 4693 — 4694 ـ بەت.

(49) يۇقىرىقى كىتاب، 3884 ـ بەت.

(50) يۇقىرىقى كىتاب، 3837 ـ بەت.

(51) يۇقىرىقى كىتاب، 3883 ـ بەت.

(52) «قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ئىگىلىۋالغان تاۋارلىرى توغرىسىدا دوكلات»، «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 3837 ـ بەت.

(53) «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 4695 ـ

بەت.

(54) «شىنجاڭنىڭ تاشيول قاتنىشى تارىخى»، بىرىنچى قىسىم، خەلق قاتناش نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 31 ـ بەت.

(55) «شىنجاڭنىڭ تاشيول قاتنىشى تارىخى» 30 ـ بەتتىن ئېلىنغان.

(56) «شىنجاڭنىڭ تاشيول قاتنىشى تارىخى» 39 — 40 ـ بەت.

(57) مىنگونىڭ 24 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۆلكىلىك تاشيول ئىدارىسىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىبات باشقارمىسىغا ئەۋەتىلگەن تېلېگرامما.

(58) سۈن لىڭ، چېن يەنچى، جاڭ تىئەن، خۇ زۇيۈەن قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئىقتىساد، تېخنىكا تەرەققىياتى» شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 185 ـ بەت.

(59) دوبرېن: «2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى» دېگەن كىتابنىڭ «ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ياردىمى ۋە شىنجاڭ» دىن ئېلىنغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 37 ـ بەت.

(60) بى. گ. مىڭكا: «شەرەپلىك ۋەزىپە» دېگەن كىتابنىڭ «ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ياردىمى ۋە شىنجاڭ» دىن ئېلىنغان، 149 — 152 ـ بەتلەر.

(61) «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 4719 ـ بەت.

(62) «شىنجاڭنىڭ تاشيول قاتنىشى تارىخى»، 49 ـ بەت.

(63) يۇقىرىقى كىتاب، 51 — 52 ـ بەت.

(64) «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 31 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى سانى.

(65) «مىنگونىڭ 32 ـ يىلىدىكى شىنجاڭ تاشيول

ئىدارىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، «شىنجاڭنىڭ تاشيول قاتنىشى
تارىخى» دىن ئېلىنغان، 66 - بەت.

(66) يۇقىرىقى كىتاب، 157 - بەت.

(67) «ئىستىخبار ھۆججىرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەر»، 1 -
جىلد.

(68) «شىنجاڭنىڭ تاشيول قاتنىشى تارىخى»، 172 —
160 - بەت؛ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 3 - سان،
163 — 116 - بەت.

(69) «شىنجاڭنىڭ تاشيول قاتنىشى تارىخى»، 164 -
بەت.

(70) يۇقىرىقى كىتاب، 169 - بەت.

(71) مىرجان رەتلەپ چىققان، ۋېيرۇڭ تەرجىمە قىلغان:
«30 - يىللاردىن 40 - يىللارنىڭ دەسلەپكىچە بولغان
مەزگىلدىكى قەشقەرنىڭ تاشقى سودىسى»، «قەشقەر تارىخ
ماتېرىياللىرى»، 1 - سان، 95 - بەت.

(72) «قەشقەر ۋىلايىتى ئارخىپى»، 94 - توم، «قەشقەر
تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 - سان، 95 — 96 - بەت.

(73) ليۇ زوڭتاڭ: «لېۇ شەھىرى — قاغىلىق خالقئارا
يولىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە بۇ يولدا سىناق تەرىقىسىدە قاتناش
باشلاشنىڭ ئەمەلىي خاتىرىسى»، «ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ
ياردىمى ۋە شىنجاڭ» غا قاراڭ، 236 - بەت.

(74) ما جياجۇ: «قاغىلىقتىن ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ
ياردەم بۇيۇملىرىنى توشۇشنىڭ جەريانى»، «ئىتتىپاقداش
ئارمىيىنىڭ ياردىمى ۋە شىنجاڭ» 247 - بەت.

(75) «شىنجاڭنىڭ تاشيول قاتنىشى تارىخى»، 153 —
154 - بەت.

(76) جاڭ يۇزى: «قەشقەرنىڭ پوچتا تارىخىدىن ئوچېركلار»،
«قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى»، 2 - سان، 73 — 74 - بەت.

# 2 ـ بۆلۈم جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى

## 1. يېڭىچە ئىجتىمائىي تەشكىلات — ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

1934 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىڭ شىسەي «12 ـ ئاپرېل ۋەقەسى» نىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسى ۋە ئىجتىمائىي نىشانى يەنى «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» نى ئۇنۇمى جەھەتتىن بايان قىلغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ يەنە «يېڭى ئاساسىي ۋەزىپە» نى تېما «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» نىڭ مەزمۇنىنى ئاساس قىلغان ھالدا «توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە» نى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەيلى سەككىز ماددىلىق خىتابنامە ياكى توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە بولسۇن ھەممىسى مەدەنىي مائارىپ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەنىسى ۋە ئۇقۇم دائىرىسى كونكرېت بايان قىلىنغانىدى.

مانا مۇشۇنداق سىياسىي كەيپىيات ۋە ئېھتىياج ئاساسىدا 1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى دېيىلىدۇ) قۇرۇلدى، ئۇ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نامى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلغان، ئابدۇللا داموللا ئۇيۇشمىنىڭ تۇنجى رەئىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن مەنسۇر مۇئاۋىن رەئىس بولغانىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆزىنىڭ زور ئىجتىمائىي رولىنى نامايان قىلىپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدىلا شاۋدۇن زۇنۇن، قادىر ھاجى، ھەيدەر قاتارلىقلارنىڭ تەھرىرلىكىدە ئۇيغۇرچە «يېڭى شىنجاڭ» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى نەشردىن چىقاردى. پۈتكۈل تەھرىر بۆلۈمىدە 23 خىزمەتچى خادىم بولۇپ، شۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى بىرقەدەر چوڭ رېداكسىيىلەرنىڭ بىرى بولغانىدى①. «يېڭى شىنجاڭ» ئۇيغۇر خەلقىگە ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان مۇھىم ۋاستىگە ئايلانغانىدى.

شېڭ شىسەي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ھۆكۈمەت خاراكتېرىنى بايان قىلىپ ھەم ئۇنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدا مۇنداق شەرھلەپ ئۆتكەن: «يېڭى ھۆكۈمەت ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىشى ‹بىرلىشىش ئۈچۈن ئايرىپ تۇرۇش› مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بولۇپ، يېتەرلىك شارائىت ھازىرلاپ كەلگۈسىدە مىللىي نىزا ۋە مەدەنىيەت چەكلىمىسى بولمىغان ئورتاق مەدەنىيەت بەرپا قىلىش»②، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى شىنجاڭدىكى 10 ۋىلايەت 54 ناھىيىدە شۆبە ئۇيۇشمىسىنى قۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتى گەۋدىلىك بولۇپ، خ. سۇزۇك ھاجىنىڭ خۇسۇسەن ئېيتىشىچە، قەشقەر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا ئابدۇكېرىم مەخسۇم، ئابدۇراخمان ھاجى، كېرىمخان ئەيساجارى، قۇتلۇق ھاجى، ئوبۇلھەسەن ھاجى مۇسا بايوف قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن، ئابدۇراخمان ھاجى رەئىسلىككە، كېرىمخان ئەيساجارى باش كاتىپلىققا سايلانغان. ئۆمەر باينىڭ چايخانىسى قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىش

بېجىرىش ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئۇيۇشمىدا رەئىس، كاتىبات ئىشخانىسى، مالىيە، دىنىي مۈلۈك باشقۇرۇش، تەپتىش، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، تەشۋىقات ۋە نەشرىيات بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنغانىدى.

كاتىبات ئىشخانىسى ئىشخانىلارغا ھەم ھەر دەرىجىلىك ناھىيە، رايونلاردىكى شۆبە ئۇيۇشمىلارغا ھۆكۈمەت ۋە مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئەتلىرىنىڭ بۇيرۇق، قارار، كۆرسەتمىلىرىنى يەتكۈزۈش ۋە بېجىرىشكە مەسئۇل ئىدى. دىنىي يەر باشقۇرۇش بۆلۈمى مەخسۇس «ۋەخپە» قاتارلىق دىنىي مۈلۈكنى باشقۇرۇش، ۋە «ئۆشرە - زاكات» قاتارلىق دىنىي سېلىقلارنى يىغىشقا مەسئۇل ئىدى. مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يۇقىرىقىدەك مۇقىم مۈلۈك ۋە دىنىي باج - سېلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن يەنە دائىم ھەر خىل ياردەملەرگە ئېرىشىپ تۇراتتى. پۈتۈن ئۇيۇشما تەۋەلىكىدىكى ئىقتىسادىي كىرىم ۋە ئۇيۇشما خىزمەتچىلىرى ھەم ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى (بەزى چاغلاردا بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ قاتارلىقلار ئىش ھەققى ھېسابىدا چىقىم قىلىنغان) مالىيە بۆلۈمى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. مالىيە بۆلۈمى يەنە ئۇيۇشما ھەيئىتىنىڭ مەكتەپ رېمونت قىلىش، ئامبارلارنى ياساش قاتارلىق ئىشلارنىڭ خام چوتىغا مەسئۇل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا يەنە ئورۇنسىز چىقىملارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مالىيە مۇپەتتىش تەسىس قىلىنغانىدى.

تەپتىش بۆلۈمى ھەيئەت تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ ھەيئەتلەرنى ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئۇيۇشما رەئىسى بېكىتەتتى، شۇنداقلا يۇقىرىسى ئۇيۇشما رەئىسىدىن تارتىپ تۆۋەندە بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە نازارەتچىلىك قىلاتتى.

مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش، مەكتەپ

مۇدىرى، ئىلمىي مۇدىر قاتارلىقلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە مەسئۇل ئىدى.

تەشۋىقات بۆلۈمى قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكى خىزمەت دائىرىسى ئەڭ كەڭ ئورگان بولۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» «توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە» نى تەشۋىق قىلاتتى. كېيىنچە يەنە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى تەشۋىق قىلغانىدى.

ئەدەبىي - سەنئەت بۆلۈمىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمەتلىرىنى تەشكىللەش ئىدى. قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سەنئەت ئۆمىكى ئەدەبىي سەنئەت بۆلۈمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان بولۇپ ئابلىز هاجى، بۇرداق مەخسۇم، مەمەت شەيتان تاشپولات ياكى بارات قاتارلىق ئاساسلىق ئارتىسلاردىن تەركىب تاپقانىدى.

نەشرىيات بۆلۈمى مەمەتئاخۇن خەلپەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاددىي بىر باسما زاۋۇتى قۇرغان بولۇپ، سىرتنىڭ ھېسابات دەپتىرى، تالونلىرىنى شۇنداقلا بەزى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى باساتتى ③.

جايلاردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى قەشقەردىكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ يەرلىكتىكى دىنىي باج ۋە دىنىي ئاپپاراتلارنىڭ «ۋەخپە» قاتارلىق مۇقىم مۇلكىدىن كەلگەن كىرىمىنىڭ ھەممىسى ئۇيۇشما تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىپ تەقسىم قىلىناتتى. جايلاردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلغا ھۆكۈمەت سۈكۈت قىلغان ھەتتا قوللىغانىدى④.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۇزۇنغا قالمايلا ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە مۇھىم بولغان ئىجتىمائىي رولىنى ئوينىغان. شۇ سەۋەبتىن 1 - ئۈچ يىللىق پىلاندا «شەكلى مىللىي، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى مەزمۇن قىلىش» تىن ئىبارەت مەدەنىيەت سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى⑤.

شەكلى مىللىي، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى مەزمۇن قىلغان مەدەنىيەت سىياسىتىنىڭ باشچىلىقىدا ھەر دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەكتەپ مائارىپىنى كېڭەيتىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى ئاساسىي تېما قىلغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بەرپا قىلىشتا، ھازىرقى زامان تىل ـ يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى ئىجتىمائىي رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭقۇر چۈكۈپ كونكرېت ئەمەلىي خىزمەتلەرنى قىلغان ھەم مىسلىسىز رولىنى جارى قىلدۇرغانىدى.

## 2. جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان مەكتەپ مائارىپى

مەكتەپ مائارىپى مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، بۇ ياڭ زېڭشىنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى ۋە جىن شۇرېننىڭ مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى.

«سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» ۋە «توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە» نىڭ ئوتتۇرغا قويۇلۇشى ھەم شەرھلىنىشى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى يېڭىچە سىياسىي مەزمۇن ۋە سىياسىي تۈسكە ئىگە قىلغان، ھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان مەكتەپ مائارىپىنىڭ گۈللىنىشىگە بىۋاسىتە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولغانىدى. 1934 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپلا دىنىي مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە جەمئىيەتتىكى بىرقەدەر بىلىملىك ياشلارنى يىغىپ، قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى تەشكىللەپ، مەكتەپ مائارىپى

ئېھتىياجلىق بولغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلىدى. ئارقىدىنلا قەشقەر شەھىرىنىڭ نو بېشى، ئەنجان، پاخال، قوناق بازار قاتارلىق كوچا رەستىلىرىدە بەش مەكتەپ قۇرۇلدى، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە شۇ جايدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پاراڭ تېمىسىغا ئايلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ساۋابلىق ئىش دەپ قارالغانىدى.

بۇ خىل ئىجتىمائىي كەيپىياتتىن مەدەتكە كەلگەن قەشقەر شەھىرى ئەتراپى قىزىل دۆۋە كەنتىدىكى باي توختىھاجى قاتارلىقلار باشلامچى بولۇپ مەبلەغ توپلاپ كەنتتە بەش سىنىپلىق مەكتەپ قۇرغانىدى. ئۆمەر داموللام، يونۇس قازى قاتارلىقلار ئۇلارنى ئۈلگە قىلىپ مەبلەغ توپلاپ ئوپال يېزىسىدا يەتتە سىنىپلىق، ئەمەت بەگ ھاجى بەشكېرەم يېزىسىدا 10 سىنىپلىق مەكتەپ قۇردى. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە قەشقەر، قەشقەر يېڭى شەھەر، يەكەن، پوسكام، مەكىت، مارالبېشى، پەيزاۋات، يوپۇرغا، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەكتەپلەر قۇرۇلدى. مەكتەپ قۇرۇش ۋاقتىنچە قىيىنراق جايلاردا دىنىي مەكتەپلەر ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇپ شۇ جايدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ھەرىكەت كەڭ ـ كۆلەمدە قوللاشقا ئېرىشكەن ھەم ھىمايە قىلىنغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى جايلارغا قىسقا مۇددەتلىك كۇرسنى تاماملىغان مۇئەللىملەرنى ئەۋەتتى. بۇ ئوقۇتقۇچىلار تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى تەشۋىق قىلىپ ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ ئەسلىدىن لاۋۇلداپ تۇرغان مەكتەپ ئېچىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن بولۇپ، ھەتتا ئوقۇش يېشىدىن ئېشىپ كەتكەن ئوغۇل ـ قىزلارمۇ بەس ـ بەس بىلەن ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرغان. جايلاردىكى ئۇيغۇر خەلقى ئاكتىپ ھالدا مەبلەغ توپلاپ ئۆز كەنتلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلارغا ياتاق سېلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئاشلىق، سۇ ھەم قىشلىق يېقىلغۇسىنى

ھەل قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق كۇرسىنى تاماملىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ كۈچلۈك كەسپچانلىق روھىنى نامايان قىلدى. ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن ئەبەيدۇللا تاشقورغانغا ئەۋەتىلگەندە ئۇ تۆگە بىلەن ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ تاشقورغانغا كېلىپلا شۇ جايدىكى تۇنجى پەننى مەكتەپنى قۇرۇشنى پىلانلىغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەبەيدۇللا تاشقورغاندا ئون نەچچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ تاجىك خەلقىگە تۇنجى تۈركۈمدىكى زىيالىيلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەردى⑥.

سەيپىدىن ئەزىزى ئۆز ئەسلىمىسىدە ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى سەرگۈزەشتىسى شۇ چاغلاردا ئاتۇشتىكى 20 كەنتتە 24 مەكتەپ قۇرۇش بىلەن باشلانغان بولۇپ بۇ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغانىدى. ئاتۇشتىكى ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش سىنىپى ئازاق كەنتىدىكى بىر دىنىي مەكتەپتە قۇرۇلغان بولۇپ مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) يېتەكچىلىك قىلغانىدى. سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزىنىڭ بايانىدا: «مەمتىلى بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار ۋە باي ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى توپلاپ ئۇلاردىن مەكتەپ ھەيئىتى تەسىس قىلغان، مەن بىلەن بىرقانچە سىرداش دوستلارمۇ مەھەللىمۇ مەھەللە، ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ ئوقۇغۇچى يىغقان، پەقەت ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا بىزنىڭ ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش سىنىپىمىز دەرس باشلىغانىدى» دېگەنىدى.

بۇ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسنىڭ جەمئىي 60 ئوقۇغۇچىسى بىرلۇپ ئۇلارنىڭ تاماق - ياتىقى مەكتەپتە ئىدى. يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقا خىراجەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بايلار تەمىنلىگەنىدى. سەيپىدىن ئەزىزنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئالتە ئاي ئوقۇغان. سەيپىدىن ئەزىزى ئۆز بايانىدا 1934 - يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا بىز پەقەت 3 - 4

كۆن ۋاقىت سەرپ قىلىپلا ئۆزىمىزنىڭ مائارىپ تەشۋىقات ئەترىتىمىزنى تەشكىللىدۇق. بىز رەتلىك تىزىلىپ ناخشا ئېيتىپ ماڭاتتۇق. ئالدىمىزدىكى مۇزىكا ئەترىتى بىزگە يول ئاچاتتى. بىز ھەربىر مەھەللىلەردىكى ئۆيلەرگە بېرىپ، تەشۋىق قىلاتتۇق، ھەم بۇ قېتىمقى كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇراتتۇق، بىزنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرىمىزنى مەتبەلى ئەپەندى (تەۋپىق) يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى.

بىز مۇئەللىم يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.
تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم ـ ئېرىپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق،
خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ، كۆپ ناچار بولدۇق.
بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.
ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بىسىلغان ئۇلى.
يورۇق تاڭغا تەلپۈندى ۋىلايىتىمىز.
ئىلىم بىلەن تىكلىنەر ئىناۋىتىمىز.
مەنبەئە بولدى ئېرىپانغا يۇرتىمىز ئاتۇش،
ئېرىپان بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز.

مەن تېجەن كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا ھەم ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغانىدىم. تۆكۈل يېزىلىق ئابدۇبارى ۋە ئابدۇرېشىتلارمۇ مۇشۇ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغانىدى. بىز رەتلىك تىزىلىپ ناخشا ئېيتىپ مەكتەپ دەرۋازىسىغا كەلگەندە پۈتكۈل مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ قىزغىن

قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنىدۇق» دېگەنىدى⑦.

جايلاردىكى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ نەتىجىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىشقا ۋە ياخشى باھاغا ئېرىشكەنىدى. بۇنىڭدىن مەدەت ئالغان قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۇزاق ئۆتمەي ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ ئايلىق ۋە پۈتۈن يىللىققا ئۆزگەرتكەن ھەم قەشقەردىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر زىيالىيلاردىن ھېسامىدىن، نەجمىدىن، تۇرسۇن، قۇتلۇق ھاجى، سالاھىدىن، ئابدۇقادىر، سەيدى قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ، كۇرسنىڭ سىنىپ مەسئۇلى قىلغان، كۇرستىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق - تاماق خىراجىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەمىنلىگەنىدى.

1935 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كۇرسنى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قىلىپ كېڭەيتىپ ئوردا ئىشىك كوچىسىدا 10 سىنىپلىق مەكتەپنى قۇردى ھەم ئەنجان كوچىسىدىكى ئابدۇللا باينىڭ ھويلىسىدا بەش سىنىپلىق قىزلار دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قورۇپ چىققان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپە يېتىپ ئوقۇيدىغان، سىرتتىن كېلىپ ئوقۇيدىغان دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغانىدى. مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق - تاماق خىراجىتىنى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە ئالغان شۇنداقلا ئۇلارنى زۆرۈر تۇرمۇش خىراجەتلىرى بىلەن تەمىنلىگەنىدى. سىرتتىن كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا پەقەت ھەر خىل دەرسلىك قوراللىرىنى تارقىتىپ بەرگەنىدى ⑧.

كۇچا بوستانلىقىدىكى مەكتەپ مائارىپ ئىشلىرى ئابدۇلھېمىت مەخسۇم، ھامۇتھاجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئەسلىگە كەلگەن بولۇپ، مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەتلىرى يەنى كۇچادىكى داڭلىق دىنىي ئەرباب ساقساق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى موسايوف

داموللىنىڭ قولىلىشىغا ئېرىشكەنىدى.

كۇچا بوستانلىقى ئۇيغۇر مائارىپ ئىشلىرى بىرقەدەر بۇرۇن قانات يايغان جايلارنىڭ بىرى ئىدى، شۇڭا ئوقۇتقۇچى تەربىيلەش خىزمىتى ناھايىتى تېزلا مەكتەپ مۇددىئاسىدىكى مۇھىم خىزمەتلەرگە ئايلانغانىدى، 1934 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كۇچادا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇرۇلدى. ئابدۇلھېمىت مەخسۇم مەكتەپ مۇدىرلىقىغا، مەۋلانجان، ھامۇت راشىدىن، ئابدۇللاسەمەر قاتارلىق شۇ جايدىكى زور تەسىرگە ئىگە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى.

كۇچا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدىلا كۇچانىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە 35 ئورۇندا باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرغان بولۇپ، 105 سىنىپ ئېچىلدى، كۇچا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارارلىق ۋە ئىككىنچى قارارلىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپنىڭ تايانچلىق مۇئەللىمىگە ئايلانغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۇچانىڭ ھەرقايسى يېزىللىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن مەكتەپلەر قۇرۇلغان، ئوقۇتقۇچىلار سانى 210 گە يېتىپ، تىزىمغا ئالدۇرغان ئوقۇغۇچىلار 4 مىڭ 600 دىن ئاشقان⑨.

1934 ـ يىلى 11ـ ئايدا شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇنجى تۈركۈمدىكى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان 106 ئوقۇغۇچىنى ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە رازىيوف، ئىسمايىل روزىيوف قاتارلىقلار بار ئىدى، ئىككىنچى يىلى 10 ـ ئايدا يەنە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇراخمان مۆيدىن، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئابلىمىت ھاجىيوف، ئابلىمىت مەخسۇت، قاسىم پەرسايوف، ئابدۇراخمان توختايوف (قىرغىز) قاتارلىق 101

كىشىدىن تەركىب تاپقانىدى.

ئابلىمىت ھاجىيوف شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئەۋەتكەن ئەھۋاللارنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: «ئۆزىنى ماركسىزمچى دەپ ئاتىۋالغان شېڭ شىسەي ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۆزىنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتا بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملارغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىشنى بىر خىل مۇۋاپىق تاللاش قىلغان»⑩.

3 ـ تۈركۈمدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار 1936 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېتىپ بارغان بولۇپ، خەلپەت، سۇزۇك ھاجىيوف، ئابدۇللا زاكىروف، ھەمدۇللا قۇربانوف قاتارلىق 100 كىشى ئىدى، شۇنىڭغىچىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار 307 گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار140 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 46 پىرسەنتىنى، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار 130 بولۇپ، 30 پىرسەنتىنى، قازاق، قىرغىز ئوقۇغۇچىلار 50 بولۇپ، 10 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. قالغىنى ئۆزبېك، تاتار، موڭغۇل، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار ئىدى⑪.

ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتتىق تەرتىپ ۋە ئۆلچىمى بار ئىدى. ئىمتىھان ھەيئىتى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى، مالىيە نازارىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىدىن تاشقىرى يەنە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالى تاللاشنىڭ مۇھىم شەرتلىرى قىلىنغان.

2 ـ تۈركۈمدە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇغان قىرغىز

ئوقۇغۇچى ئابدۇقادىر توختاروف تاللىنىش ھەققىدىكى كەچۈرمىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: « 1935 ـ يىلى مەن يۇرتۇم ئۇلۇغچات يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم. ئاكام ئاتىشبەك ئۆزى ماڭا ۋاكالىتەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇشقا تىزىملاتقانلىقى، شۇڭا مېنىڭ تېزدىن قەشقەرگە كېلىشىم توغرىسىدا خەت يېزىپتۇ، مەن قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن مېنى ئېلىپ ئىسھاقبەگ بىلەن كۆرۈشتۈردى. مۇشۇ جايدا مەن زاكىر ئىسىملىك قىرغىز ئوقۇغۇچىنىڭمۇ مەن بىلەن بىرگە ئوقۇشقا بارىدىغانلىقىنى بىلدىم. شۇ كۈنى كەچتە ئاكام مېنى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە دەرس تەكرار قىلىشقا ئاپاردى. بىز كەلگەن چاغدا ئۇ يەرگە 18 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغان 30 دىن ئارتۇق ئادەم يىغىلغان بولۇپ، زاكىر ئىسىملىك قىرغىز ياشمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە بار ئىكەن. مەمتىلى ئەپەندى يارباغ كوچىسىدىكى ئۆمەر باينىڭ مېھمان سارىيىدا تۇراتتى، بۇ جايغا تەكرار قىلغىلى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقانلار ياكى ئۆلكىدە قېلىپ داۋاملىق ئىلىم تەھسىل قىلماقچى بولغانلار ئىدى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىزگە سۆزلەپ بەرگەنلىرى ئاساسەن شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ھالىتى يەنى سەككىز ماددىلىق خىتابنامە، توققۇز تۇرلۇك ۋەزىپە ۋە جۇڭگو تارىخىدىن ساۋاتلار ئىدى. كۆپرەك بولغىنى يەنىلا ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش توغرىسىدىكى ساۋاقلار ئىدى ، قىسقىغىنا تەكرار قىلىش ئارقىلىق بىز ئىمتىھانغا قاتناشتۇق، زاكىر چۈشۈپ قالغان بولۇپ، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابلىمىت مەخسۇتوف، سەيدۇللا سەيپۇللايوف ۋە مەن قاتارلىق 11 كىشى تاللانغان ئىدۇق»⑫.

شۇ چاغلاردا شىنجاڭدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك دۆلەت مائارىپى تېخى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلانمىغاچقا 1 ـ ۋە 2 ـ تۇركۇمدىكى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن سوۋېتكە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ

مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەقىقىي ئۇتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇش تارىخى بولمىسىمۇ ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش روھى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن بېكىتكەن دەرسلىرىنى، تاماملاپ دۆلىتىمىز ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرگەن.

يەنە بىر قىسىم ئائىلە ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشى بىرقەدەر ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە نۇسرەت شەھىدۇللا، شادىيە شەھىدۇۋا (شەھىدۇللا)، ئۇيغۇر سايرانى، ئەنۋەرخان بابا، ئەسھەد ئىساقوپ، مەھپۇزە مىرزايېۋا قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇش شەكلى بىلەن ئۇدۇل موسكۋاغا بېرىپ ئوقۇپ، تېخىمۇ سىستېمىلىق بىلىملەرنى ئۆگەنگەنىدى⑬.

ئۇچقاندەك راۋاجلىنىۋاتقان مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى بىلەن كۇنسېرى كۈچىيىۋاتقان بۇ خىل ئېھتىياجنى پەسەيتىش ئۈچۈن، 1935 ـ يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ئوقۇتقۇچىلىرى بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى تەسىس قىلىنغانىدى.

خوتەن بوستانلىقى، ئىلى دەريا ۋادىلىرى، ئالتاي تاغلىرىدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ئۆلكە مەركىزىگە كېلىپ بىلىم ئالالىشى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىلغارلىقى بولۇش بىلەن بىرگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى پارلاق مەزگىللەر بولدى. ھەر مىللەت ياشلىرى سەپەر جەريانىدا جاپا ـ مۇشەققەت، خېيىمخەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇلار يەنە سەپەر جەريانىدا ئىلگىرى كۆرمىگەن مەنزىرىلەردىن بەھرىمەن بولغانىدى. تېخىمۇ مۇھىمى بولغىنى، سەپەر جەريانىدا جايلاردىكى ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىشى ھەر مىللەت

ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ شەرەپ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتكەن بولۇپ، ئۇلار كېيىنكى ئوقۇشلىرىدا ھەممىسى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنىدى.

1935 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەھرىر - تەرجىمە ھەيئىتى قۇرۇپ مىللى تىل - يېزىقتىكى ھەر خىل ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ ئۆلچەملەشكەن دەرسلىك سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان، سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن تاشكەنت، ئالمۇتالاردا مەخسۇس ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىپ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئىشلىتىدىغان ئەرەب ئېلىپبەلىك يېزىقتىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن تۈرلۈك تەبىئي پەن كىتابلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سېتىۋېلىپ جايلاردىكى مەكتەپلەرگە تارقىتىش ئۈچۈن تەمىنلەپ بەرگەنىدى، بۇ مەزگىلدە ھۆكۈمەت مىللىي مائارىپنى يولغا قويۇشتا يەنە ئىلى، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەردە مائارىپ ئىدارىسىنى تەشكىللەش تەدبىرىنى قوللانغان بولۇپ، ئۇنى يەرلىكنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بىۋاسىتە مەسئۇل قىلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت مائارىپ ئىدارىلىرى ئۆز ئۇنىغا قالمايلا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇرۇشنى ئومۇملاشتۇرغان بولۇپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ راسخوتىنى ھۆكۈمەت تەمىنلەش، ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر ئۆزلۈكسىز ئۆيۈشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپكە ئايرىلغانىدى. ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئايرىغاندا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ بىلەن ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ پەرقى ئىش ھەققىگە نەق پۇل چىقىم قىلىنغان، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردە بولسا

ئاشلىق چىقىم قىلىنغانىدى⑭.

تۆۋەندىكى سانلار مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، 1934 - يىلى شىنجاڭدا قۇرۇلغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر 129 غا، ئوقۇغۇچى 10 مىڭ 843 غا، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ مىڭغا، ئوقۇغۇچى 19 مىڭ 991 گە يەتكەن. 1935 - يىلى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىكى مەكتەپلەر 135 كە، ئوقۇغۇچى 15 مىڭ 464 كە كۆپەيگەن، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر 1045 كە يېتىپ ئوقۇغۇچى 39 مىڭ 966 گە كۆپەيگەن⑮.

ھۆكۈمەتنىڭ قاتنىششى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنى ئالغا سىلجىتتى. 1936 - يىلى يەكەندىكى مەكتەپلەرنىڭ سانى ئېشىپ 199 غا، ئوقۇغۇچى 22 مىڭدىن ئاشتى⑯.

جاپپار ئەمەت شۇ چاغلاردىكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەنىدى: 1938 - يىلدىن 1941 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەكتەپ مائارىپى گۈللەنگەن مەزگىل بولدى. گەرچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭكىدەك يۇقىرى بولمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئىناۋىتى تولىمۇ يۇقىرى ئىدى. مۇتلەق كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچىلار مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەنلىكتىن كۈچلۈك ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇلار خىزمىتىدىن تولىمۇ رازى ئىدى. پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ ئىشلەپ ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئورۇندايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەكتەپلەردە قاتتىق ئىنتىزام تەرتىپلەر قاتتىق ئىجرا قىلىنىدىغان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەدەنىي - مائارىپ بۆلۈمى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەكتەپ بۆلۈمىدە 2 — 3 كىچە نازارەتچى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار مەكتەپ مۇدىرىنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسى ۋە ئىش قالدۇرۇش

توغرىسىدا ھەر ۋاقىت ئايرىم ھالدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەكتەپ بۆلۈمىگە يەتكۈزۈپ مۇكاپاتلاش - جازالاش ھەققىدە پىكىر بېرەتتى»[17].

1938 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، شۇ يىلى ھۆكۈمەت مەبلەغ چىقىرىپ نەزەر باغ (ھازىرقى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى) دا 10 ئېغىزلىق ئۆلچەملىك سىنىپ سالغان بولۇپ، ھەر سىنىپقا 50 ئوقۇغۇچى سىغاتتى. شۇ يىلى 500 ئوقۇغۇچى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 500 ئادەم سىغىدىغان زال، 25 ئېغىزلىق ياتاق سالغانىدى، قورۇلۇشىنىڭ ئۆگزىسىگە قاڭالتىر ياتقۇزۇلۇپ يېشىل سىر بىلەن سىرلانغان بولۇپ، يامغۇر ئۆتمەيتتى. كۆركەم ھەيۋەتلىكى بىلەن قەشقەر شەھىرىدىكى كۆركەم ئىمارەت بولغانىدى[18].

1- ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلىدە مائارىپ سېپىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، 2 - ئۈچ يىللىق پىلاندىكى مائارىپنىڭ مەزمۇنى ۋە سۈرئىتىنى بېكىتىشتە ماددىي ئاساس سالغانىدى.

2 - ئۈچ يىللىق پىلاندا بېكىتىلگەن مائارىپ قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ باشلانغۇچ مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كەسپىي مائارىپنى كۈچەيتىش، ئالىي مائارىپنى كېڭەيتىش، خەلق ئىچىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىپ، پىلانلىق ھالدا ئاياللار مائارىپ خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ ساغلام بولغان مائارىپ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى تۇرغۇزۇش ئىدى[19].

بۇ پىلاننىڭ ئەمەلىيلىشىش نەتىجىسى ئايرىم رايونلاردا ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ ئېشىشىدا قىسمەن ئەكس ئەتتى. «جۇڭخۇا

مىنگو يىلنامىسى» نىڭ 1942 - يىللىق ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا پۈتكۈل شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 36 مىڭ 308 كە، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار 102 مىڭ 677 گە يەتكەن. شۇ مەزگىلدە بىر دەك ئىزچىللاشقان ھەم كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن، يەنە بىر تۈرلۈك خىزمەت خەلق ئاممىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بولۇپ، 1941 - يىلىغىچە جەمئىي 144658 نەپەر ئۇيغۇر ئوغۇل - قىز ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىپ ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغان[20].

## 3. ئۇيغۇرلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاساسىي تېما قىلىنغان ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئىتى

1934 - يىل 2 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچتە ئۈرۈمچىنىڭ سەنشىخاڭ كوچىسىدىكى ۋاڭ فامىلىلىك خەنزۇ دۇكان خوجايىنىنىڭ ئىگىلىكىدىكى مېھمانسارىيىنىڭ زالىدا ئون نەچچە نەپەر ئۇيغۇر ياش ياغاچ تاختايدىن ياسالغان ئالتە مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان ئورۇندا فېئوداللىق ئېزىلىش، زۇلۇم ۋە قائىدە - تۈزۈملەرگە قارشى تۇرۇپ، مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ھېكايە قىلىنغان «باتۇر ئوغلان» تېمىسىدىكى بىر پەردىلىك درامىنى ئويناپ چىقتى. بۇ درامىنى مۆمىن ئىسىملىك تۇرپانلىق ياش يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇ بىر شوپۇر ئىدى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي مۇھىتتا شوپۇرلۇق ھەممە ئادەم كۆز تىكىدىغان كەسىپ ئىدى، مۆمىننىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسى كۆپ بولۇپ قالماستىن، كۆپلىگەن ناخشا - غەزەللىرى ۋە خەلق ھېكايىلىرىگە ئۇستا بولۇپ، بۇلار ئۇنىڭغا دوستلىرىنى

دەۋەت قىلىش، ئۇيۇشتۇرۇش شارائىتىنى ھازىرلاپ قالماستىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ئۇيغۇر دراماتورگ بولۇشقا ئاساس بولدى.

2 ـ ئاي ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ سوغۇق پەسىللەرنىڭ بىرى ۋاڭ خوجايىن كۆپ ھاللاردا بوش تۇرىدىغان مېھمانسارىيىنىڭ زالىنى ئىسسىنىشقا يېتەرلىك يېقىلغۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان، بۇ كىچىككىنە مېھمانساراي ئاۋۇالقىدەكلا ئاۋات بولىسمۇ، شۇ قېتىمقى ئويۇن ئاخىرلاشقۇچە ھېچقانچىلىك ئادەم كىرىپ قويمىدى، ئېنىقكى ۋاڭ فامىلىلىكنىڭ دىققىتىدە ئوينالغان بۇ بىر مەيدان ئويۇننىڭ ئەھمىيىتىگە كىشىلەر ھەقىقەتەن سەل قارىغانىدى. خېلى يىللاردىن كېيىن تارىخ بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان دراماچىلىقىنىڭ ھەقىقىي باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

شۇ قېتىم مېھمانسارايدا ئويۇن قويغانلاردىن ماشىنا شوپۇرى بولغان دراماتورگ مۆمىندىن باشقا يەنە ئابدۇگۇل، رېھىم نىيازقارى، راھىدىن قارى، ئابدۇپەتتار، چوڭئاخۇن، ئابدۇۋايىت، ئابدۇكېرىم رىزاق ۋە مۆمىننىڭ ئايالى نۇرخانىمۇ بار ئىدى㉑.

ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن مۆمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى «12 ـ ئاپرېل» نى خاتىرىلەپ ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئويۇن قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇنىڭدىن غەيرەتكە كەلگەن مۆمىن شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ ھويلىسىدا «باتۇر ئوغلان» نى يەنە بىر قېتىم سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. ئويۇننىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مۆمىننىڭ ئايالى نۇرخانىم دوستلىرىدىن ھەر خىل كىيىملەر ۋە زۆرۈر لازىمەتلىكلەرنى سوراپ ئەكەلگەنىدى، كۈندۈزى مۆمىن قاتارلىقلارنىڭ كوچىدا ئوينىغان ئويۇنىنى كۆرگەن كىشىلەر شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى مۆمىننىڭ تۇرالغۇسىغا «باتۇر ئوغلان» نى كۆرۈشكە كەلدى.

بۇ قېتىمقى ئويۇن كۈتمىگەن ئۈنۈم هاسىل قىلىپ، ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىنمۇ هويلىغا يىغىلىۋالغان تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىش سادالىرى بېسىقمىدى. پەقەت بىرنەچچە كۈن ۋاقىت ئىچىدىلا مۆمىن قاتارلىق كىشىلەر شۇ جايدىكى پاراڭ تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرنىڭ ئەيىبلىشىگىمۇ ئۇچرىدى. بولۇپمۇ مۆمىننىڭ ئايالى نۇرخانىم ئۇلارنىڭ زەھەرخەندىلەرچە ئەيىبلىشى ۋە مەسخىرىسىگە دۇچ كەلدى، بىراق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلگەنلىكتىن بۇ جەھەتتە مۆمىن قاتارلىق كىشىلەرگە پايدىلىق ئىجتىمائىي شارائىت بەرپا قىلىنىپ، بىرمەھەل ئەيىبلەش، قارشى تۇرۇش سادالىرى بېسىقىپ قالدى.

شۇ يىلى كۈزدە ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىيازھاجى تەكلىپكە بىنائەن «باتۇر ئوغلان» دىرامىسىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن مۆمىن قاتارلىق كىشىلەرنى ھىمايە قىلىدىغانلارنىڭ ئۆلكە مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ «باتۇر ئوغلان» دىرامىسىنى كۆرگەنلىكى ھەققىدىكى پاراڭلىرى ھەرياققا تارقالدى، خوجىنىيازھاجىنىڭ ئۆلكە مۇئاۋىن رەئىسلىك سالاھىيىتى بىلەن «باتۇر ئوغلان» دىرامىسىنى كۆرۈشى گەرچە تۇرلۇك بېسىمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ بىخلىنىۋاتقان هازىرقى زامان دراماتورگىيە ئىشلىرىغا مەدەت ۋە ئىلهام بولغانىدى.

1934 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، مۆمىن قاتارلىقلار ئىختىيارىي تەشكىللىگەن بۇ ۋاقىتلىق ئويۇن قويۇش كوللېكتىپى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا تەۋە بولدى ھەمدە ئۇلارنى تايانچ قىلغان ئاساستا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئانسامبىلى قۇرۇلدى . ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى هازىرقى زامان

ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.
1935 ـ يىلىغا كەلگەندە 36 ـ دىۋىزىيە مۇھاپىزەت رايونى بولغان خوتەن ۋىلايىتىدىن باشقا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ناھىيىلىرىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. جايلاردىكى ھەر خىل كۆلەمدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەركىبىگە ئايلاندى.
بۇ مەزگىلدە جايلاردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرى دەسلەپكى تۇركۇمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىپ قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ ماكانىغا ئايلاندى، قاسىمجان قەمبىرى، قەمبەرخان، ئابدۇللائاخۇن ھەم ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى سەمەت، تالىپلار، نامانخان ھەم ئوغلى مۇھەممەت ئىمىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىلى، قەشقەر، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا تەۋە سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلىدى. ئۇلار باشلامچىلىق بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئالقىشقا ئېرىشكەن «ئارشىن مال ئالان»، «پەرھات ـ شېرىن» قاتارلىق ئوپېرالارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇيغۇرچىلاشتۇردى ۋە ئۇيغۇر 12 مۇقامى بىلەن كىرىشتۈرۈپ ئورۇنداپ جايلاردا زىلزىلە قوزغىدى.
1936 ـ يىلى ھېمىت ھەكىم (خەنزۇچە ئىسمى 伊美德) چۆچەك ناھىيىسىدىن يۆتكىلىپ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ باش تەرجىمانلىقىغا تەيىنلىنىپ شېڭ شىسەينىڭ ھەر خىل سورۇنلاردا سۆزلىگەن نۇتقىنى نەق مەيداندا تەرجىمە قىلىشقا مەسئۇل بولدى، بۇ خىزمەتتە دائىم شېڭ شىسەي بىلەن بىرگە بولۇشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، ھېمىت ھەكىم ناھايىتى تېزلا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ساھەسىدىكى كاتتا ئەربابلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئابدۇللا داموللا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قامالغاندىن كېيىن ھېمىت ھەكىم دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ باش تەرجىمانلىق

سالاھىيتى بىلەن قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتىدى.

ھېمىت ھەكىم ئەسلى تۇرپانلىق بولۇپ، 1920 - يىلى ئاكىسى ئەزىزنىڭ ياردىمى بىلەن، ئۈرۈمچىگە كېلىپ خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغانىدى، كېيىن ئاكىسى خىزمەت ئىزدەپ چۆچەككە كەلگەندە بىللە كېلىپ شۇ جايدىكى ئۇيغۇر مەكتەپتە ئوقۇغانىدى، ئۇ خەنزۇ تىلىغا كامىل بولغان ئاساستا يەنە ئۇيغۇر تىلىنىمۇ پۇختا ئۆگىنىۋالغان بولۇپ كېيىنچە رۇسچىنىمۇ ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇ كۆپ خىل تىل بىلگەچكە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن چۆچەك ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەرجىمانلىقىغا قوبۇل قىلىنغانىدى، ھېمىت ھەكىم ئوقۇغۇچى چاغلىرىدىلا ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى — مۇزىكا ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان بولۇپ، ساز چېلىشقا، ناخشا ئېيتىشقا ماھىر بولغاچقا چۆچەك ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شۇ جايدىكى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۇيۇشمىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىدە قوشۇمچە خىزمەت قىلغان.

1934 - يىلى مۆمىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ «باتۇر ئوغلان» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىغانلىق خەۋىرى چۆچەككە يېتىپ كەلگەندە ھېمىت ھەكىم چۆچەكتىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا تەۋە ئەدەبىي - سەنئەت پائالىيەت مەركىزىنى رەسمىي ئۆمەككە ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇ يىلى يازدا چۆچەكلىك باي مىر ئابتىباي ھېمىت ھەكىمنىڭ ئۆزىنىڭ بېغىغا سەھنە قۇرۇپ ئويۇن قويۇشقا قوشۇلدى. مىر ئابتىباينىڭ بېغىدىكى ئويۇننى باشلىنىش نوقتىسى قىلىپ سەنئەت ئۆمەكلىرى بارلىققا كەلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا تىياتىر ئىنستىتۇتىنىڭ دىرىژورلۇق كەسپىنى ئوقۇپ كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئەخمەت سەيپۇلنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەبەيدۇللا باسىت يازغان سەھنە ئەسىرى «ئانارخان» نى ئويناپ چىقتى.

شۇ چاغلاردا گەرچە جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كۈچلەر ئاياللارنىڭ سەھنىگە چىقىشىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، بىراق ھېيىت ھەكىمنىڭ ئايالى پەرىدە كۆكرەك كېرىپ سەھنىگە چىقىپ ئايال پېرسوناژ ئانارخاننىڭ رولىنى ئالدى.

ھېيىت ھەكىم شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن يېڭىچە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. قوللاش نەتىجىسىدە ئاخىر ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىپ كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن مەلۇم مىقداردىكى ماددىي ياردەمگىمۇ ئىگە بولدى، 1937 ـ يىلى مۇسابايوف جەمەتىدىن ئابلىز ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچى جەنۇبىي قوۋۇق ئەتراپىدىكى قورۇسىنى ئۆلكىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا ئىئانە قىلدى، ئارقىدىنلا روزى ھاجى قاتارلىق كىشىلەر مەبلەغ توپلاپ قورۇنى «مەدەنىيەت كۇلۇبى» نامىدىكى ئويۇن قويۇش ئورنىغا ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ چىقتى. ھېيىت ھەكىم بۇ قۇرۇلۇشنىڭ لايىھىلىنىشىدىن ئىش باشلىغىچە بولغان پۈتكۈل خىزمەتلەرگە قاتناشتى.

1937 ـ يىلى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىشى بىلەن، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقى بىۋاسىتە كۆرسىتىش شەكلى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاممىسىغا ياپونغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى. ئەلى ئەزىز ئۆزىنىڭ ئاقسۇدىكى كەچۈرمىشى ئۈستىدە توختىلىپ: «ھەرقايسى ئىدارە ـ ئورگان، مەكتەپلەردە تەشكىللەنگەن ئويۇن قويۇش ئۆمەكلىرى، خەلق ئارىسىدىكى سەنئەتكارلار، دارۋاز، سىرك ئارتىسلىرى ھەمدە مەكتەپ تەشۋىقات ئەترەتلىرى مەيلى بايرام، تەبرىكلەش مۇراسىمى، توي ـ تۆكۈنلەردە ھەتتا كوچىلاردىمۇ ياپونغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلدى. بولۇپمۇ

دەۋرىمىزنىڭ بىر تۈركۈم تالانتلىق ئاۋانگارتلىرى بولغان ياش دراماتورگلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئوينالغاندىن كېيىن ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس ۋە سادا پەيدا قىلدى» دېگەنىدى㉒.

ئەلى ئەزىز يەنە شۈكۈر يالقىن (ئۆزبېك) ئۇيغۇرچە يازغان دراما «شاڭخەي كېچىسى»㉓، لۇتپۇللا مۇتەللىپ يازغان ئوپېرا «كۈرەش قىزى»، «يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپ»، مۆيدىن خوجا لىن جىلۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسىگە ئاساسەن يازغان «پارتىزان قىز» دراممىسى، بۇنىڭدىن باشقا خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان «18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»، «كۈرەش» قاتارلىق خەلق ئىچىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان ئەسەرلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى.

شۈكۈر يالقىن 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاماملىغان خەنزۇلار ئاساسىي پېرسوناژ قىلىنغان «شاڭخەي كېچىسى» ناملىق دراما چۆچەكتە تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئوينالغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى دەرھال بۇ بىر پەردىلىك سەھنە ئەسىرىنىڭ شاپىگراف باسمىسىنى تۇپلەپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تارماق ئۇيۇشمىلارنىڭ قويۇشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى. «شاڭخەي كېچىسى» نىڭ سەھنىدە ئوينىلىشى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ياپون فاشىستلىرىنىڭ قەبىھلىكىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ جان تىكىپ كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى تۇنجى قېتىم ئوبرازلىق ھالدا چۈشىنىۋالدى㉔.

تۆۋەندە مەتىمىن نورۇزنىڭ «شاڭخەي كېچىسى» نىڭ ۋەقەلىكى ۋە بىر قىسىم سەھنە سۆزى توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى نەقىل كەلتۈردى. «ئەسەردە ياپونلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىكى شاڭخەيدە بىر كاپىتالىستىنىڭ ئۆزىنىڭ زاۋۇتىنى ھۆكۈمەتكە ئىئانە قىلغان سەۋەبتىن بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ئوغۇل ـ قىز بىلەن ياپون گېنېرالى ۋىتاكوئا ( WITAKS قىسقارتىلىپ W

دېيىلىدۇ) ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقە مەزمۇن قىلىنغان، ياپون گېنېرالى ۋىتاكوئا (W) يامان نىيەت بىلەن گۈيلەننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپلا ئۆزىنىڭ كىيىملىرى بىلەن تاپانچىسىنى كارىۋاتقا تاشلايدۇ. بۇ چاغدا ئالدىبۇرۇنلا ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان گۈيلەننىڭ ئىككىنچى ئاكىسى جىن گوپىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، تاپانچىسىنى ياپون گېنېرالى W غا توغرىلايدۇ. (W ھودۇققان ھالدا) مەن . . . مەن، مىنىڭ كىيىملىرىم قېنى؟

جىن گوپىڭ (تاپانچىسىنى W غا دېۋەيلەپ تۇرۇپ)، سىنىڭ كىيىملىرىڭنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ، چۈنكى بۇ يەردە سەندىن باشقا ئوغرى يوق.

W: سەن نېمە دېمەكچى؟ مەن ئوغرى ئەمەس.

جىن گۈيلەن: ياق سەن ئوغرى، سەن چوڭ ئوغرى. كىم سېنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى؟

W: دوستۇم، ھۆرمەتلىك جىن گوجىن ئەپەندى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن.

جىن گوپىڭ: ئۇنداقتا سەن دوستۇڭغا نېمىلەرنى قىلدىڭ؟ سىلەر شائخەيگە ھالاكەت، ئاپەت ئېلىپ كەلدىڭلار، شائخەينى بۇلاپ ـ تالاپ دەپسەندە قىلدىڭلار. سەن دەۋاتقان دوستلۇق ئەجەبا مۇشۇمۇ؟

(ئۇ بورۇلۇپ گۈيلەنگە دەيدۇ): سىڭلىم سەن گېنېرالنىڭ تاپانچىسىنى ئېلىپ ئىشىككە قاراپ تۇرغىن.

گۈيلەن: كىچىك ئاكا خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ گېنېرال ئەپەندىنىڭ تاپانچىسىنى ئاللىقاچان ئېلىۋالغان. (ئۇ سۆزلىگەچ كىيىمىنىڭ پېشىدىن W نىڭ تاپانچىسىنى چىقىرىپ جىن گوپىڭغا كۆرسىتىدۇ) جىن گوپىڭ (W غا قاراپ): گېنېرال سەن ئورتاق گۈللەندۈرىمىز دەۋاتقان شائخەيگە قاراپ باق. تېخى تۈنۈگۈنلا ھەممە يەردە چىراغلار چاقناپ تۇرغان ئاۋات قايناق شائخەي بۈگۈن قېنى؟ بۇنداق قاراڭغۇ تۈنلەردە شەپەرەڭ كەبى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان مەھبۇس ماشىنىلىرى ئىچىدىكى يۈت ـ

قولىغا كىشەن سېلىنىپ تۈرمىلەرگە ئېلىپ كېتىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ شاڭخەينىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوغۇل - قىزلىرى ئىدىغۇ؟ ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرگەن ئالىي بىلىم يۇرتلىرىمۇ بۈگۈنكى كۈندە قان خۇمار ھەربىي - ساقچىلارنىڭ ماكانىغا ئايلاندى. سېنىڭ قول ئاستىڭدىكىلەرمۇ ھەممە يەردە قاتىراپ بارلىق مەدەنىيەت - ئىستىراھەت سورۇنلىرىنى جىنايەت مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ شاڭخەيگە ئېلىپ كەلگەن دوستلۇقىڭلار ئەجەبا مۇشۇمۇ؟ گېنېرال جانابلىرى؟

جىن گۈيلەن: گوپىڭ ئاكا، چوڭ ئاكام كەلگەندەك قىلىدۇ.

جىڭ گوپىڭ: ئۇ كىرسۇن ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ. (دەپ بولۇپلا W نى جوزىنىڭ يېنىغا قىستاپ كېلىدۇ، جوزا ئۈستىدىكى ھاراقنى گېنېرالغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ) گېنېرال جانابلىرى. قېنى ئىستاكاندىكى ھاراقنى، ياق جۇڭگولۇقلارنىڭ قېنىنى ئىچىۋەت. سەن قان ئىچەر ئەبلەخ قانچىلىغان جۇڭگولۇقنىڭ قېنىنى ئىچكەن بولساڭمۇ يەنىلا تويمىدىڭ. شۇنداقكەن، قېنى يەنە بىر رومكا ئىچكىن!

W : (قورققان ھالدا) چوقۇم ئىچىشىم كېرەكمۇ؟

جىن گوپىڭ: شۇنداق چوقۇم ئىچىشىڭ كېرەك.

W : (رومكىنى كۆتۈرۈپ) سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن...

جىن گوپىڭ: مېنىڭ سالامەتلىكىم سېنىڭ ھالاكىتىڭدۇر. (سۆزلىگەچ ئوق چىقىرىپ ئۆزىنىڭ چوڭ ئاكىسىنى ئېتىۋېتىدۇ. ئاندىن ياپون گېنېرالىنى ئاتىدۇ) شاڭخەي چوقۇم قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ، سىڭلىم ماڭايلى. (ئاكا - سىڭىل قول تۇتۇشۇپ سەھنىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدۇ)[25].

شۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇر شائىرى ئەخمەت زىيائىمۇ ئۆزىنىڭ كۆپ پەردىلىك دراممىسى «ۋاڭ جىڭۋېي» نى تاماملىغانىدى. مۇبادا «شاڭخەي كېچىسى» ئۇيغۇر خەلقىگە پۈتۈن مەملىكەت

خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى قەھرىمانلىق جاسارىتىنى كۆرسەتكەن بولسا، «ۋاڭ جىڭۋېي» ئۇيغۇر خەلقىگە ۋەتەن ساتقۇچىلارنىڭ ئىپلاس ھەرىكىتى ۋە ئەپت - بەشىرىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەندى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش تېما قىلىنغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئىجاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭ 939 - يىلىدىن 1941 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تاماملىغان «كۈرەش قىزى»، «يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق ئوپېرالىرى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى ئاساسىي تېما قىلغان، بۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى پۈتۈنلەي يېڭى بىر مەزگىلگە باشلاپ كىرگەندى،

«كۈرەش قىزى»دا دېھقان قىزى يۈلەننىڭ ئاددىي بىر سەھرا قىزىدىن ياپونغا قارشى پارتىزان بولۇپ يېتىلگىنىگە قەدەر جەريان يەڭگىل رىتىم، ئېنىق ھېسسىيات ۋە ئۆتكۈر قەلەم بىلەن بايان قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ۋەقەلىكتە يۈلەننىڭ باتۇرلارچە كۈرەش قىلغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا يەنە بىر قىسىم ۋەقەلىكتە يۈلەننىڭ ئانىسىنىڭ يۈلەننىڭ تۇرار جايىنى ئېيتىشنى رەت قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئېتىپ تاشلانغانلىقى، يەتتە ياشلىق سىڭلىسىنىڭمۇ ياپونلار تەرىپىدىن نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنىش ئارقىلىق ياپون ئارمىيىسىنىڭ قەبىھ ياۋۇزلۇقى ئىپادىلەنگەن.[26]

ياپونغا قارشى تۇرۇشنى مەزمۇن قىلغان تىياتىرلار ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئىئانىسى ھەرىكىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ھەقتە ئەلى ئەزىز مۇنداق دېگەن: «بۇ ئەسەرلەر 1937 - يىلىدىن 1945 - يىلى ياپون تەسلىم بولغىچە شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك سەھنىدە ئوينالدى. قىلىنغان كىرىمنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى

قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەنىدى. شۇ چاغدىكى تەشۋىقات سەپەرۋەرلىك خىزمىتى شۇ قەدەر چوڭقۇر بولغانكى، شىنجاڭدىكى يېزا - بازارلاردىن سىرت ھەتتا ئائىلىلەرگىچە كېڭەيگەن. ھەر قېتىم ئويۇن قويۇلۇشتىن ئىلگىرى 15 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدىكى دۇنيا خەرىتىسى كۆرگەزمە قىلىناتتى. خەرىتىدىكى گۆش رەڭدە بويالغان قىسىم ئارقىلىق جۇڭگو زېمىنى، بىلەن ياپونىيە زېمىنى، جۇڭگو نوپۇسى (450 مىليون) بىلەن ياپونىيە نوپۇسى (40 مىليون) نى ئىپادىلەپ تاماشىبىنلارغا كۆرسەتمىلىك تەشۋىقات نۇتۇقى سۆزلىنەتتى. بۇ ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، كۆپچىلىكنى پۇتۇن كۈچى بىلەن ئالدىنقى سەپتە قان كېچىپ كۈرەش قىلىۋاتقان قەھرىمانلارنى قوللاشقا چاقىرىق قىلاتتۇق. ئارقىدىن بىز كۆپچىلىككە (7 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان قىز - ئوغۇل، قېرى - ياش) «قوزغال» مارشى ناخشىسىنى ئۆگىتەتتۇق. ھەر قېتىم ئويۇن ئاخىرلاشقاندا كۆپچىلىك ھاياجانلىنىپ غەزەپ - نەپرىتى ئېشىپ نەق مەيداندىلا ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرگە ئالتۇن - كۈمۈش، ئات، كالا، قويلارنى ئىئانە قىلاتتى، ئاياللارنىڭ ئىئانە قىلىدىغىنى ئاساسەن ئالتۇن - كۈمۈش ئىدى. بايدا ئويۇن قويغان چاغدا باي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىبراھىم ھاجىنىڭ ئايالى ھەمراخان ئىككى سەر ئېغىرلىقتىكى ئالتۇن بىلەزۈكنى نەق مەيداندا ئىئانە قىلغان. رابىيەخان نەق مەيداندىلا 5 سەر ئالتۇن، يەنە بىر ئايال 100 تەڭگە، مۇھەممەت زەرگەرنىڭ ئايالى بىر ئالتۇن ئۈزۈك، ئەخمەت قازىنىڭ ئايالى 2 ئالتۇن تۇگمە، باشقىلارغا سۇ توشۇپ بېرىپ جان باقىدىغان ھامۇتنىڭ ئايالى ئايتۇلۇنخانمۇ باشقىلارنىڭ كىيىمىنى يۇيۇپ تاپقان ئىككى سەر ئالتۇننى ئىئانە قىلىۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن»[27].

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى تېما قىلغان بەش داستان

شۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ بەلگىسىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە: لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «يېڭى جۇڭگوغا بېغىشلاپ»، ئەھمەد زىيائىينىڭ «تاڭ قەسىدىسى»، ئابلىز نازىرىنىڭ «شانلىق قۇربان» «ئىمىن قۇرباننىڭ «قەتلىئام ۋە قۇتۇلۇش»㉘.

شۇ مەزگىلدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى تېما قىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن يەنە نىمشېھىت، زۇنۇن قادىرى، سەيپىدىن ئەزىزى، خېلىل ساتتار، ئايۇپ مەنسۇر، ئىبراھىم نورۇز، قاسىمجان قەمبىرى، ئىبراھىم تۇردى قاتارلىقلار بار ئىدى㉙.

## 4. ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ يەنىمۇ قېلىپلىشىشى

1934 - يىلى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىدا مەكتەپ قۇرۇشى «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» نىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولدى ㉚. بۇ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلاردىن كېيىنكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تولۇق ئېتىراپ قىلىشى ئىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا ھۆكۈمەت ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى خەنزۇلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ھۆكۈمەت ئىش پائالىيىتىدە باراۋەر قاتارغا قويۇپ ئىشلەتتى. ھەرقايسى مەسئۇل ئاپپاراتلاردا مەخسۇس تەرجىمە ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھۆكۈمەتتىكى ھەرقايسى مەسئۇل ئەمەلدارلارغا تەرجىمانلار سەپلەپ بېرىلگەنىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ مەزگىل ئىچىدە پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىدىكى سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە شېڭ شىسەينىڭ سۆزلىگەن سۆزى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە، موڭغۇلچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ تۇردى㉛.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىدىكى

# ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى

| هەرپ تەرتىپى | هەرپ نامى | تاق ئۇلىنىشى | ئارقا ئۇلىنىشى | ئالدى - ئارقا ئۇلىنىشى | ئالدى ئۇلىنىشى | ترانسكرىپسىيسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | elip | ا | — | — | ـا | a,ɛ |
| 2 | bə | ب | بـ | ـبـ | ـب | b |
| 3 | Pə | پ | پـ | ـپـ | ـپ | p |
| 4 | tə | ت | تـ | ـتـ | ـت | t |
| 5 | sə | ث | ثـ | ـثـ | ـث | s |
| 6 | jim | ج | جـ | ـجـ | ـج | dʒ |
| 7 | qim | چ | چـ | ـچـ | ـچ | tʃ |
| 8 | ə | ح | حـ | ـحـ | ـح | h |
| 9 | hə | خ | — | ـخـ | ـخ | x |
| 10 | dal | د | — | — | ـد | d |
| 11 | zal | ذ | — | — | ـذ | z |
| 12 | rə | ر | — | — | ـر | r |
| 13 | Zə | ز | — | — | ـز | z |
| 14 | ʐə | ژ | - | — | ـژ | ʐ |
| 15 | sin | س | سـ | ـسـ | ـس | s |
| 16 | xin | ش | شـ | ـشـ | ـش | ʃ |

## ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى

| ترانسكرىپسىيىسى | ئالدى ئۇلىنىشى | ئالدى ـ ئارقا ئۇلىنىشى | ئارقا ئۇلىنىشى | تاق ئۇلىنىشى | ھەرپ نامى | ھەرپ تەرتىپى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| s | ـص | ـصـ | صـ | ص | sat | 17 |
| z | ـض | ـضـ | ضـ | ض | zat | 18 |
| t | ـط | ـطـ | طـ | ط | itki | 19 |
| z | ـظ | ـظـ | ظـ | ظ | izζi | 20 |
|  | ـع | ـعـ | عـ | ع | əyin | 21 |
| ʁ | ـغ | ـغـ | غـ | غ | ζəyin | 22 |
| f | ـف | ـفـ | فـ | ف | fə | 23 |
| q | ـق | ـقـ | قـ | ق | ķap | 24 |
| k | ـك | ـكـ | كـ | ك | kap | 25 |
| g | ـگ | ـگـ | گـ | گ | gap | 26 |
| l | ـل | ـلـ | لـ | ل | lam | 27 |
| m | ـم | ـمـ | مـ | م | mim | 28 |
| n | ـن | ـنـ | نـ | ن | nun | 29 |
| v,o,u,Φ,y | ـو | — | — | و | ꞵ a | 30 |
| h | ـه | ـهـ | هـ | ه | waw | 31 |
| j,i,e | ـى | ـيـ | يـ | ى | ya | 32 |

ئورنىنىڭ كۈچىيىشى ئۇنى تېخىمۇ كەڭرى ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنى يېڭى بىر رىقابەتكە يۈزلەندۈردى. بۇ رىقابەتتە ئۇيغۇر تىلى چوقۇم ئۆزىدىكى سۆزلۈكلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئىستىقبالىنى ھەر تەرەپتىن نامايان قىلىش كېرەك ئىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ مول ۋە رەڭگارەڭ فونېتىكىسى، مۇۋاپىق، جانلىق بولغان گرامماتىكىسىغا ئاساسلانغان ھالدا قارىقويۇق قوبۇل قىلىپ ئىشلىتەلەيدىغان تەبىئىتىنى ئۇزلۇكسىز ئىپادىلىدى ھەم چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنى كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىپ ئۆزىدىكى سۆزلۈكنى ئاشۇردى. بۇ ئەسىردە ئېيتىلغان مەزگىلدىكى قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا خەنزۇچىدىن كىرگەنلىرى بولۇپ، ئادەتتە، كۆپ ئۇچرايدىغىنى «جۇڭخۇا مىنگو» （中华民国） «ۋېيىۈەنجاڭ» （委员长）، «فەن دىخۇي» （反帝会）، «خۇيلى» （会立）، «شيەنلى» （县立） قاتارلىقلار ئىدى، بۇلارنىڭ كۆپ ئىشلىتىلگىنى يەنىلا «دۇبەن جيەن جۇشى» （督办兼主席） دېگەن سۆز ئىدى.

شۇ مەزگىلدە رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدارى خەنزۇ تىلىدىن كېيىنلا بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلار بولۇپمۇ ھەر خىل دەرسلىكلەر رۇس تىلىدىكى «ماركسىزم»، «لېنىنىزم»، «مېتافىزىكا» «تەبىئىي ئىقتىساد»، «پويىز»، «پاراخوت» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىرىشىدىكى مۇھىم ۋاستە ئىدى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشى مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر تىل تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىك ھەم نەتىجە بولدى. ئۇيغۇر

تىلىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تاكامۇللىشىشىغا ئالدى بىلەن مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى تۈرتكە بولغانىدى. ئەدەبىيات دەرسى جايلاردا تەسىس قىلىنغان مەكتەپلەر ۋە ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىدىكى مۇھىم دەرسلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭدا سۆزلىنىدىغان مەزمۇن ساۋات چىقىرىش ۋە خەت مەشقى بولغاچقا قېلىپلاشقان ئېلىپبە جەدۋىلى تۈزۈش يېڭى ئىجتىمائىي ئېھتىياجغا ئايلانغانىدى㉜.

1935 - يىلى ئۆلكىلىك تەھرىر - تەرجىمە ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، ئەلى ئەپەندى، مەھمۇتجان ئىلھامجانوف (伊宝德)، ئابلىمىت مەخسۇتوف، ئىبراھىم مۇتئى قاتارلىق كىشىلەر مەرۇپ سەيدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يېڭى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى تۈزۈشكە قاتناشتى. ئۇلار ئەسلىدىكى 30 ئەرەبچە ھەرپنىڭ ئىچىدىن ئۇيغۇر تىلى تاۋۇش ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيدىغان 10 ھەرپنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇيغۇر تىل تاۋۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن 12 ھەرپنى قوشۇش ئارقىلىق 32 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىنى تۈزۈپ چىقتى㉝. بىراق، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇيغۇر يېڭى ئېلىپبەسى ئۇزۇل - كېسىل ئومۇملىشالمىدى㉞. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ «كونا ئېلىپبەنى ئىسلاھ قىلىپ، ھەرپلەرنى ئىجادىي تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە شۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرى يېزىق ئىسلاھاتى جەھەتتە تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقانىدى㉟. (كېيىنكى بەتتە يېڭى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى قوشۇمچە بېرىلدى) ㊱.

ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى تۈزۈش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىمۇ ئۆزگەرتىلدى. بۇ خىزمەتنىڭ باشلامچىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تىلشۇناسى قادىر ھەسەنوف بىلەن ئايشەم شەمئىيۋا ئىدى. كېيىنچە ئايشەم شەمئىيۋا تۈزگەن «ئۇيغۇرتىلى گىراماتىكا دەرسلىكى» مەملىكىتىمىزدىن سابىق سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق دەرسلىكى بولدى، قادىر ھەسەنوف بىلەن ئايشەم شەمئىيېۋا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشىنىڭ نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش، سان، شەخس تەۋەلىكى، پېئىلنىڭ مەيىل ۋە زامان شەكلىنى بېكىتىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئاساسىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تىلشۇناسى ئىمساخان جېلىلوۋا مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكا دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىقتى. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ئىبراھىم مۇتئى مەملىكىتىمىز ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسىدىكى ئەھۋاللارنى مىسال قىلغان ھالدا يېڭىدىن «ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ تەتقىقات نەتىجىلەر دۆلىتىمىزدىكى قەدىمكى تىللارنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى يېڭىچە دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە دەۋر مەزمۇنىغا ئىگە قىلدى.

## 5. تەۋرىنىپ تۇرغان ئىسلام دىنى

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ئورنىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن يەنە بىر ئۆزگىرىش بولدى. شېڭ شىسەي ئوتتۇرىغا قويغان «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» دە «جۇڭخۇا مىنگونىڭ پۇقراسىلا بولىدىكەن، قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىشىدىن قەتئىينەزەر مۇتلەق باراۋەردۇر، ھەر مىللەتنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى قىلچە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ ھەم كاپالەتكە ئىگە

قىلىنىدۇ.»[37] دەپ ۋەدە قىلدى. ئۇلاپلا «توققۇز تۇرلۇك ۋەزىپە» نى ئوتتۇرىغا قويغاندا «بەگ ـ تۆرە، ئاخۇن ـ لامالارنىڭ ئورنى مۇتلەق قوغدىلىدۇ» غانلىقىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىدى.

دەسلەپكى بىرقانچە يىلدا بۇ ۋەدە ـ قەسەملەرگە ئەمەل قىلىپ، ئۇيغۇر بەگ ـ ئاخۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى قوغداپ ۋە مۇقىملاشتۇرۇپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە مىللىي ۋەكىل سۈپىتىدە ئالاھىدە سىياسىي ئىمتىياز بەردى. بۇلاردىن قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ئۇرۇمچىدىكى ئاتاقلىق دىنىي ئەرباب ئابدۇللا داموللا، «شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش» ئالتۇن ئوردىنىغا ئېرىشكەن قەشقەرلىك ئەرباب ئابدۇغوپۇر داموللا قاتارلىقلار ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم خادىملىرىغا ئايلانغانىدى.

ئابدۇللا داموللا رىياسەتچىلىكىدىكى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۇيغۇرلارغا شىڭ شىسەينىڭ سىياسىي غايىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋاستىگە ئايلانغان بولۇپ، بۇ بىر قىسىم دىنىي ئەربابلار شىڭ شىسەيگە نۇرغۇن مەنپەئەتلەرنى يەتكۈزگەنىدى. بولۇپمۇ «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە»، «توققۇز تۇرلۇك ۋەزىپە»، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى تەشۋىق قىلىشتا، ئويلاپ باقمىغان ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. چەت ـ ياقا رايونلاردىكى بىر قىسىم دىنىي ئەربابلار ھەتتا «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە»، «توققۇز تۇرلۇك ۋەزىپە»، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى «قۇرئان» «ھەدىس» لەر بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇپ ئۇلارنىڭ ھەقىقەتلىكىنى تەكىتلىگەنىدى. بۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىش قارىماققا كۈلكىلىك بولسىمۇ، ئەمما تەقۋادار ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا نىسبەتەن تەڭداشسىز

تەسىر كۆچكە ئىگە ئىدى. ئابدۇغوپۇر داموللام شۇ چاغلاردا «بۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. ئەگەر كەلدى دېيىلسە، ئۇ بولسىمۇ شېڭ شىسەي جانابلىرىدىن ئىبارەتتۇر» دېگەندەك كىشىلەرنى ساراسىمىگە سالىدىغان پاراڭلارنى قىلغانىدى. بۇ گەرچە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسىگە پۈتۈنلەي مۇخالىپ بولسىمۇ، لېكىن بۇ داموللام يەرلىكتە يۇكسەك دىنىي ئابرۇيغا ئىگە بولغاچقا، كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى بۇنداق ئاساسسىز سەپسەتىلەرنى تەبىئىي هالدا قوبۇل قىلدى.

دىنىي ئېتىقادنى قوغداش هەرگىزمۇ شېڭ شىسەينىڭ ئاخىرقى سىياسىي مەقسىتى ئەمەس، «توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە» دە شېڭ شىسەي ئاشكارا هالدا دىن بىلەن فېئودال كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قارىتا «ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشقا دەخلى قىلماسلىق» شەرتى ئاستىدا ئۇلارنىڭ هوقۇقىنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەردى.

مۇشۇنداق سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئورنى ئومۇمىي جەهەتتىن يەكلىنىش هالىتىدە تۇردى. 1934 ـ يىلىدىن باشلاپ زور تۈركۈمدىكى ئىسلام دىنىي مۆتىۋەرلىرى هۆكۈمەتتىكى هەر خىل خىزمەتلەرگە قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە هۆكۈمەتكە خىزمەت قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىي مۆتىۋەرلىرىنىڭ «ئىمام»، «خاتىپ»، «مۇپتى» دېگەندەك دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشكە بولمايدىغانلىقى [39] پەقەت ئادەتتىكى مۇسۇلمان سالاھىيىتى بىلەن نورمال بولغان دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششقا بولىدىغانلىقى هەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. هۆكۈمەت خىزمىتىگە نائىل بولغانلارنىڭ هەممىسى دېگۈدەك جايلاردىكى ئابرۇيلۇق ئىسلام مۆتىۋەرلىرى بولغاچقا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چەكلىمىلەر ئىسلام دىنىنىڭ يەرلىكنىڭ ئىجتىمائىي

تۇرمۇشىدىكى كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاتتى.

جۇش ئۇرۇپ بارلىققا كېلىۋاتقان مەكتەپ ئېچىش پائالىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى ئورنىنىڭ تېخىمۇ تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بولۇپمۇ جايلاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ سۈكۈت قىلىشى بىلەن يەرلىكتىكى دىنىي ئاپپاراتلارنىڭ قولىدىن «ۋەخپە» ، «ئۆشرە ـ زاكات» نى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغاچقا، ئىسلام دىنى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى زور كۆلەمدە ئازلاپ كەتتى.

مەيلى قايسى مەنىدىن ئېيتايلى بۇ تۈرلۈك تەدبىر ئىسلام دىنى مۆتىۋەرلىرىنى ئەندىشىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ھۆكۈمەتنىڭ قول تىقىشى بىلەن يەرلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنى مەلۇم دەرىجىدە تەڭشەپ تۇرغانىدى.

يەكەندە قوللىنىلغان ئۇسۇل «ئۆشرە ـ زاكات» لارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان چارىلەرنىڭ بىرى بولۇپ «ئۆشرە ـ زاكات بېجىنىڭ يېرىمى، قۇربان ھېيتتا مۇسۇلمانلار ئىئانە قىلغان قوي تېرىسىنىڭ يېرىمى يەرلىكتىكى ئىمام ـ مەزىنلەرگە قالدۇرۇلۇپ، قالغان يېرىمى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىغا يىغىۋېلىنىپ باشقۇرۇلاتتى» «ۋەخپە قاتارلىق مۇقىم مۈلۈكنىڭ 3% ~ 5% شەيخلەرگە قالدۇرۇلۇپ قالغان قىسمى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلەتتى. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەر يىللىق ‹ئۆشرە ـ زاكات›، كىرىمى بۇغداي، قوناق، شال (گۈرۈچ) بولۇپ تەخمىنەن 25 مىڭ چارەك (بىر چارەك 16 جىڭ)؛ ‹ۋەخپە› يەر ئىجارە كىرىمى 35 مىڭ چارەك، ‹ۋەخپە› دۇكان، ئۆي، سودا قاتارلىقلاردىن كىرىم قىلىنغان نەق پۇل ئىككى مىليون يۈەن ئەتراپىدا، ‹قۇربان ھېيت›، تا ئىئانە قىلىنغان قوي

تېرىسى 20 مىڭ داندىن 25 مىڭ دانىگىچە بولغانىدى»㊵.

قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى باشقىچە ئۇسۇل قوللانغان. «قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالتە شۆبە ئۇيۇشمىسى ھەر يىلى ئېرىشكەن ‹ئۆشرە ـ زاكات› ئاشلىقى تەخمىنەن 4 مىليون جىڭ، تېرە يۈزمىڭ پارچىدىن ئاشقان. بۇنىڭدىن باشقا ئاپاق خوجا مازىرى 16 مىڭ مو، خاپان بازار مەسچىتىنىڭ 5 مىڭ مو، ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ 3 مىڭ مو ‹ۋەخپە› تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، بۇلارنىڭ يەر ئىجارە ھەققى ۋە دۇكان ئىجارە ھەققى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىپ باشقۇرۇلغان، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يەنە، دىنىي ئەسلىھەلەر، ئاخۇن، شەيخ قاتارلىقلارنى نازارەت قىلىدىغان ھەم ئۆشرە ـ زاكاتلارنى مەسئۇل بولۇپ يىغىدىغان خادىملارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىش ھەققى بىلەن تەمىنلىگەن. شۇ چاغلاردا قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئاچقان مەكتەپلەردىكى سىنىپ 2 مىڭ 500 دىن ئاشقان بولۇپ، 3 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مائاشى 200 — 600 جىڭ بۇغداي بولۇپ، دىنىي ئاپپاراتلاردىن كەلگەن كىرىم دەل ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىگە ئىشلىتىلگەن»㊶.

مانا مۇشۇنداق داۋالغۇپ تۇرغان ئەھۋال ئوخشاش بىر مەزگىلدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان ھالىتىنى نامايان قىلغانىدى.

## پايدىلانمىلار

① نىزامىدىن ھۇسيىن: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 35 ـ سان، 106 ـ بەت.

② شېڭ شىسەي: «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى توغرىسىدا» 1941 ـ يىلى شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش

ئۆيۆشمىسى نەشر قىلغان.

③ خ. سۇزۇك ھاجىيوف: «ئۇيۇشما ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ دېموكراتىيە ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 27 ـ سان، 250 ـ، 256 ـ بەتلەر.

④ جۇنەيىد بەكرى: «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 6 ـ سان، 192 ـ، 193ـ بەت.

⑤ «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى توغرىسىدا».

⑥ ئۆمەر ئەمەت: «ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قەشقەر مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 20 ـ سان، 4 ـ، 7 ـ بەتلەر.

⑦ «ئۆمۈر داستانى»، 217 — 219 ـ بەتلەر.

⑧ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىيالىرى»، (ئۇيغۇرچە)، 20 ـ سان، 5 ـ، 18 ـ بەتلەر.

⑨ ئىمىن مۇھەممەت، ئابلىمىت نىياز: «كۇچا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 20 ـ سان، 84 — 87 ـ بەتلەر.

⑩ ئابلىمىت ھاجىيوف: «30 ـ يىللاردا ھۆكۈمەت تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىرىلغان ئوقۇغۇچىلار»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 27 ـ سان، 151 ـ بەت.

⑪ يۇقىرىدىكى كىتاب، 155 ـ بەت.

⑫ ئابدۇقادىر توختايوف: «سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇش»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 27 ـ سان، 170 — 171 ـ بەتلەر.

⑬ يۇقىرىدىكى كىتاب، 155 ـ بەت.

⑭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 20 ـ سان، 168 ـ بەت.

⑮ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 3523 ـ بەت.

⑯ ئابدۇرېشىت يۈسۈپ: «يەكەن ناھىيىسىدە مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى ۋە تەرەققىياتى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 20 ـ سان، 64ـ بەت.

⑰ جاپپار ئەمەت: «ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ

مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 20 ـ سان، 48 ـ بەت.

⑱ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 20 ـ سان 18 ـ بەت.

⑲ «شىنجاڭنىڭ 2 ـ ئۈچ يىللىق پىلانى».

⑳ ئېرۋىن: «قىشلىق ئوقۇش ھەرىكىتىنى كېڭەيتەيلى»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 31 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى سانى.

㉑ ئەلى ئېزىز: «ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇلى ۋە دىرامىسىدىن ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 24 ـ سان، 190 — 191 ـ بەتلەر.

㉒ ئەلى ئېزىز: «ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىرامىسى ۋە ئىنانە توپلاش پائالىيىتى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 28 ـ سان، 55 — 56 ـ بەت.

㉓ جاپپار ئەمەت: «ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 7 ـ سانى، 109 ـ بەت.

㉔ مەمتىمىن نورۇز: «ياپون مىلىتارىزمىغا قارشى تۇرۇش ئاممۋى ھەرىكىتى ۋە ‹شاڭخەي كېچىسى›»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 28 ـ سان، 37 ـ بەت.

㉕ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 28 ـ سان، 38 — 40 ـ بەتلەر.

㉖ «تارىم» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىللىق 7 ـ سان، 110 ـ بەت.

㉗ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 28 ـ سان، 58 —، 59 ـ بەتلەر.

㉘ «تارىم» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىللىق 7 ـ سان، 114 —، 115 ـ بەتلەر.

㉙ ئىمىنجان ئەخمىدى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى»، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 7 ـ سانى، 123 ـ بەت.

㉚ شېڭ شىسەي: «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى توغرىسىدا».

㉛ جاڭ باۋيۇ، ياڭ مېيجۇن، گۇەن جىلىيەنلەر تۈزگەن: «دۇ جۇڭيۇەن» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى، 103 ـ بەت.

㉜ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە، 22 ـ سان، 22 ـ بەت.

㉝ ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ 1995 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەزكۇر كىتاب ئاپتورى ليۇ زىشياۋ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ خاتىرىسى.

㉞ 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا ئەسلىدىكى «ئۇيغۇر ئېلىپبەسى» ئىشلىتىلگەن.

㉟ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) ، 20 ـ سان، 23 ـ بەت.

㊱ بۇ ئېلىپبەنى پروفېسسور مىرسۇلتان تەمىنلىگەن.

㊲ «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» ، 2 ـ ماددا.

㊳ «توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە» ، 9 ـ تۈرنىڭ مەزمۇنى.

㊴ «ئىمام» كۈندىلىك نامازغا ئىمامەتچىلىك قىلىدۇ؛ «خاتىپ» جۈمە نامىزىدا خۇتبە ئوقۇيدۇ.

㊵ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) ، 20 ـ سان؛ 72 — 73، 9 — 10 ـ بەتلەر.

㊶ يۇقىرىقى كىتاب، 5 ـ سان، 192 — 193 ـ بەت.

# ئون يەتتىنچى باب ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى

## 1- بۆلۈم ئۆلاستايدا ياڭرىغان ئوق ئاۋازى

### 1. ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى

1937 ـ يىلىدىن باشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇلار ئەلنىڭ غېمىنى يەپ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

1942 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شېڭ شىسەي چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى «قوغداش»، «باشقىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەش» دېگەن نام بىلەن قاماپ، ئۆزىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلدى.

ئارقىدىنلا شېڭ شىسەي يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى داۋامىدىكى ئەڭ قىيىنچىلىق پەيتىنى تاللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭدىكى ھەربىي، تېخنىك ۋە زاۋۇت ئەسلىھەلىرىنى يۆتكەپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ تۇرۇپ، ما جۇڭيىڭنى يەڭگەن، خوجىنىياز ھاجىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرگەن، مەخمۇت مۇھىتىنى قىسماققا ئالغان، ما

خۇسەننى يوقاتقاندى ھەمدە شۇ ئارقىلىق جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىستىكىنى ئارقا - ئارقىدىن يوققا چىقارغاندى.

مەيلى ئىدېئولوگىيە ئۆلچىمى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ھەربىي مەنپەئەت جەھەتتىن بولسۇن، شېڭ شىسەينىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى زادىلا قوبۇل قىلالمايتتى. 1943 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىغا ئۆتكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى ئۆزبېكىستان كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى ئوسمان يۇسۇپوف شىنجاڭدا تەشۋىقات پائالىيىتى تەشكىللەشكە تەيىنلەندى. شۇ يىلى يازدا تاشكەنتتە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا «شەرق ھەقىقىتى»، «يېڭى ھايات» ژۇرناللىرى نەشر قىلىندى. بۇ ژۇرناللار دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا قازانغان غەلىبىسىنى ۋە ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيەتلىرىنىلا تەشۋىق قىلاتتى، كېيىنچە شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەزمۇنلارنى كۆپەيتىپ، تېزدىنلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر ئىچىدە توغرا ھەم چۈشىنىشلىك، نازۇك ھەم ئىنچىكە ئەسەرلەرمۇ خېلى كۆپ ئىدى، بىراق شىنجاڭ تارىخى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، خالىغانچە ئۆزگەرتىلگەن، مىللىي رىقابەت ۋە مىللىي ئۆچمەنلىك تەرغىب قىلىنغان مەزمۇنلارمۇ پات - پات ئۇچراپ تۇراتتى①.

شىنجاڭدا بەزى كىشىلەر شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلاشقانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتنى باشقا جەھەتتىن ھېس قىلغانىدى. چېگرا بازار — جىمنەي ناھىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسى توختىغاندىن كېيىن، كىشىلەر سەرەڭگىنىڭ قىسلىقىدىن

چاقماقتاش ئىشلىتىدىغان، كىرسىنىنىڭ قىسلىقىدىن پەنەرنىڭ ئورنىغا قايتىلەتىن جىنچىراغ ياقىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

جىمىنەي ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى موللا ئىسلام ئىسمائىلوف شاڭزۇڭ بۇ ئەھۋاللارغا قەتئىي نارازى ئىدى. موللا ئىسلام ئىسمائىلوف ئەسلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بۇيامەت يېزىسىدىن بولۇپ، چوڭ بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا تىجارەت قىلغان. ئۇ مەبلىغىنىڭ كۆپىيىشى، ئىناۋىتىنىڭ زورىيىشى بىلەن، ئاخىر شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي مەركىزى ئۈرۈمچىگە ماكانلىشىپ، ئۇيغۇر سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتىگەنىدى. شۇ چاغلاردا شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتاتتى. موللا ئىسلام ئىسمائىلوف شاڭزۇڭلۇق سالاھىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، 1925 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، موسكۋا يەرمەنكىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مەزگىللىرىدە سودا بىلەن مەشغۇل بولۇپلا قالماي، يەنە لېنىنگرادقا بېرىپ، تاتارلاردىن چىققان ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىما مۇساجارۇللانى زىيارەت قىلدى ھەم ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سوۋغا قىلدى. قايتىشىدا بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردىن ئۆتتى. بۇ سەپەر موللا ئىسلامنى زور ئىقتىسادىي پايدىغا ئېرىشتۈرۈپلا قالماي، ئۇنىڭ سىياسىي نەزىرىنىمۇ زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندە، ياڭ زېڭشىن قەستكە ئۇچراپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتاتتى. موللا ئىسلام جىن شۇرېن بىلەن ھېچقانداق باردى ـ كەلدى قىلىپ باقمىغاچقا، ئۈرۈمچىدىن يىراقراق جىمىنەي ناھىيىسىدە پاناھلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەخسۇس يۇڭ ـ تېرە سودىسى قىلدى.

1937 ـ يىلى جىمىنەي ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى

قورۇلغاندا موللا ئىسلام ئىسمائىلوف شاگىرۇك رەئىسلىككە سايلاندى. ئۇ رەئىسلىك قىلغان مەزگىللەردە ئاساسلىقى بىر مەكتەپ سىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلدى، بىر سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللىدى، ئۆشرە ـ زاكاتتىن پايدىلىنىپ، بىر دارىلئىيتام سالدۇردى. موللا ئىسلام ئىسمائىلوفنىڭ ئۇ يەردە ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيى بولغاچقا، ئۇنىڭ شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يىرىكلەشتۈرۈشكە بەرگەن زەربىسى يەرلىكتىكى ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. يەرلىك ساقچى دائىرىلىرى موللا ئىسلام ئىسمائىلوفنى تۇتۇشقا تەمشەلگەندە، ئۇ تىجارەت جەريانىدا ماڭغان تاغ يوللىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى. موللا ئىسلام ئىسمائىلوف سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكەندىن كېيىن، چېگرا ئەتراپلىرىدا يۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا توشۇلغان يۇڭ ـ تېرە ۋە باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى داۋاملىق سېتىۋالدى. 1943 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تاسادىپى پۇرسەت تۇپەيلىدىن 60 نەچچە مىلتىق سېتىۋالدى. بۇ قورال ـ ياراغلارنى قوبۇقساردا تۇرۇشلۇق شىڭ شىسەي قوشۇنلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچقاندا ئېلىۋالغانىدى. موللا ئىسلام ئىسمائىلوف مۇشۇ قورال ـ ياراغلاردىن پايدىلىنىپ، ئالتاي يايلاقلىرىدا شىڭ شىسەي قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدىغان قازاق پارتىزانلار ئەترىتىگە تەقلىد قىلغان ئاساستا، بىر ئۇيغۇر پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇ تەشكىللىگەن پارتىزانلار ئەترىتى جىمىنەي ناھىيە بازىرىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان سارئۆلان دېگەن جايدا شۇ يەردىكى قوشۇنغا ھۇجۇم قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىنىشى جەھەتتە چوڭ پەرق بولغاچقا، موللا ئىسلام ئىسمائىلوف ۋە ئۇنىڭ پارتىزانلار ئەترىتى چېكىندۈرۈلۈپ، چېگرىدىن چىقىرىلدى. بۇ ئۇرۇشتىن كەلگەن مۇھىم غەنىيمەت شۇ

بولدىكى، پارتىزانلار جىمىنەيدىن ئالدىنقى يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «شەرق ھەقىقىتى» قاتارلىق ژۇرناللاردىن بىرنەچچىنى قولغا چۈشۈردى. بۇ ژۇرناللار سوۋېت ئىتتىپاقىدا قاتتىق چەكلىنەتتى. جۈملىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇۋاتقان موللا ئىسلام ئىسمائىلوفمۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ ژۇرناللارنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

موللا ئىسلام ئىسمائىلوف مۇشۇ ژۇرناللاردىكى مەزمۇنلاردىن ئىلھام ئېلىپ، مۇقىم تەشكىلات قۇرۇپ، شىنجاڭ شىسەيگە قارشى قوراللىق كۆرەشنى ئۇيۇشمىلۇق قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. 1944 - يىلى ئەتىيازدا «ئازادلىق تەشكىلاتى» دېگەن نام بىلەن بۇ تەشكىلات قۇرۇلدى ھەمدە كۆرەش قىلىشنىڭ قەدەم - باسقۇچى ۋە ئۇسۇللىرى بېكىتىلدى. 1 - باسقۇچ: جايلارغا تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىپ، كىشىلەرنى كۆرەش قىلىشقا چاقىرىش؛ 2 - باسقۇچ: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ 3 - باسقۇچ: كەڭ كۆلەمدە پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىش②.

موللا ئىسلام ئىسمائىلوف بىلەن ئەھۋالى ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر سىياسىي مەيدان ۋە ئىدىيىۋى كەيپىيات جەھەتتە شىڭ شىسەي بىلەن قارشىلىش يولىغا ماڭدى. ئۇلار 30 - يىللاردىكى پەۋقۇلئاددە سىياسىي مۇھىتتا ماركسىزملىق ئۇقتىسىنەزەر بىلەن ئۇچراشتى ھەم ئۇنى قوبۇل قىلدى، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىلغار ئىش - ئىزلىرى ئۇلارغا كوممۇنىزمچىلارنىڭ شانلىق ئوبرازىنى يورۇتۇپ بەردى. شۇڭا ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇشتەك سىياسىي مەيدانىغا تۈپتىن قارشى ئىدى. ئۇلار ماركسىزملىق ئىدىيىنى يەنىمۇ كۆچەيتىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە يوشۇرۇن ھالدا ماركسىزمنى

ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇردى، ئۇلاردىن غۇلجىدا قۇرۇلغان ماركسىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى مەخپىي ھەم پائالىيەتچان ئىدى. بۇ گۇرۇپپىنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۇيۇشتۇرغان ھەم ئۆزى مەسئۇل بولغانىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف (1921 — 1949) ئاتۇشتىن، ئۇيغۇر. ئۇنىڭ دادىسى ھاشىم ھاجى تىجارەتچى بولۇپ، دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چېگرا شەھەر قاراقول (ھازىرقى قىرغىزىستاندا) غا بېرىپ ماكانلاشقان، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە كۆچۈپ كېلىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال - ياراغ سېتىۋېلىش ئىشلىرىغا قاتناشقان.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تىجارەت قىلىدىغان ھاشىم ھاجى ھەمىشە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئۆيدىكىلەرگە سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ جايلارنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، مۇھىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتىدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆزى كۆرگەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللارنىمۇ سۆزلەپ بېرەتتى، بۇلار ئابدۇكېرىمنىڭ ئاقارتىش تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئابدۇكېرىم باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرەي دېگەندە ئائىلىسى غۇلجىغا كۆچتى، ئابدۇكېرىم ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. ئۇ باشتا مۇئاۋىن رەئىس خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە رۇسچە مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. بىر مەۋسۇم ئاياغلاشقاندا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ خەنزۇچە ئوقۇدى.

ئۇ مۇشۇ مەكتەپتە تۇنجى قېتىم كوممۇنىستلار بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنكى 1 - ھەپتىدە بەك ئېھتىياتچان بولدۇم، ئادەتتە دەرستىن چۈشكەندىن

كېيىن، دەرسخانىدا يالغۇز قالاتتىم، ئەتراپتىكى خەنزۇ ساۋاقداشلارنى چۈشىنىپ كەتمىگەچكە، ئۇلار مېنى بوزەك قىلارمىكىن دەپ، مۇمكىنقەدەر ئۇلاردىن ئۆزۈمنى چەتكىرەك تارتىپ يۈرەتتىم. ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپتە ياتاتتى. مەن دادامنىڭ بىر دوستىنىڭ ئۆيىدە ياتاتتىم، بۇ ئۆيدىن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىككى يېرىم كىلومېتىر يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. مەن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنكى 2 - ھەپتىنىڭ 1 - دەرسىگە كېچىكىپ قالدىم، ئۇ كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ كۈز پەسلىدە بولۇپ تۇرىدىغان بوران - يامغۇرلۇق كۈن ئىدى. مەن ئىككى يېرىم كىلومېتىرلىق يولنى پىيادە بېسىپ مەكتەپكە كەلگەندە قوڭغۇراق ئاللىقاچان چېلىنىپ بوپتۇ. بۇ ۋاقىتتا كىيىملىرىم ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. مەن دەككە - دۈككە ئىچىدە سىنىپ ئالدىغا كېلىپ، كىرەيمۇ - كىرمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، دەرسخانىدىكى مۇئەللىم لىيۇ زىپىڭنىڭ: «ساۋاقداش ئابدۇكېرىم، كىرىڭ!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بىرئاز خىجالەتچىلىك بىلەن سىنىپقا كىردىم - يۇ، ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، تەن جازاسىنى كۈتۈپ، ئىككى قولۇمنى ساڭگىلىتىپ تۇردۇم. لىيۇ زىپىڭ مۇئەللىم پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۇستىۋېشىمغا باشتىن - ئاياغ قاراۋېتىپ، تەسىرلەنگەن ھالدا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا: «بۇ ئۇيغۇر ساۋاقداش مۇشۇنداق بوران - يامغۇردىمۇ مەكتەپكە كەپتۇ، بۇ خىل روھ ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ» دېدى. مەن ئۇ چاغدا خەنزۇچىنى ئانچە بىلمىگەچكە، مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ، مۇئەللىم بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىش - چۈشەنمەسلىكىگە قارىماي، ئۇيغۇرچە: «مەن قەستەن كېچىكىپ كەلمىدىم» دېدىم. سۆز ئوقۇشماسلىق سەۋەبىدىن مۇئەللىم ۋە ئوقۇغۇچىلار مېنىڭ نېمە دېگەنلىكىمنى چۈشەنمەي قالدى، ھېلىمۇ ياخشى سىنىپتا

ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان ئىلىملىق بىر خەنزۇ ئوقۇغۇچى بار ئىكەن، ئۇ ئالدى بىلەن مېنىڭ سۆزۈمنى مۇئەللىم بىلەن ساۋاقداشلارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىپ، ئاندىن مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ماڭا تەرجىمە قىلىپ بەردى. مەن چۈشەنگەندىن كېيىن، ھاياجانلىنىپ ئالغا بىر قەدەم چامداپ، ئىككى قولۇمنى مەيدەمگە قويۇپ، ليۇ زىپىڭ مۇئەللىمگە تەزىم قىلدىم، كەينىمگە بۇرۇلۇپ، ساۋاقداشلارغا تەزىم قىلدىم ھەم جىددىي كەيپىيات بىلەن: ‹بۈگۈندىن كېيىن، ئاسماندىن پىچاق ياغسىمۇ، مەكتەپكە ۋاقتىدا كېلىمەن› دېدىم. ھېلىقى ئىلىملىق ساۋاقداش مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، سىنىپتىكى ساۋاقداشلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: ‹يارايسەن ئوغۇل بالا› دېدى»[4].

ئابدۇكېرىم ئۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىنىڭ ئاخىرىدا، بىر كۈنى يېقىن بىر ساۋاقدىشىم قۇلىقىمغا: ‹ليۇ زىپىڭ مۇئەللىم كوممۇنىست ئىكەن!›، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مۇدىر لى يۈنياڭمۇ كوممۇنىست ئوخشايدۇ»، دېدى.

بۇ ئىش ئابدۇكېرىمدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، ئابدۇكېرىم سەيپىدىن ئەزىزىگە كوممۇنىست ليۇ زىپىڭ مۇئەللىم توغرىسىدىكى تەسىراتىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن مەكتەپكە كېچىكىپ قالغان ھېلىقى بوران ـ يامغۇرلۇق كۈندىن كېيىن، ليۇ زىپىڭ مۇئەللىم مېنىڭ چوقۇنىدىغان ئادىمىم بولۇپ قالغانىدى، ئۇ مەرد، مېھرىبان ئادەم ئىدى. كىشىلەرگە بەكمۇ يېقىملىق مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ بىلىملىك باي ئىدى، تېنىمۇ بەك ساغلام ئىدى، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا دائىم ياردەم قىلاتتى، مۇئەللىمنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئويلاپ، ئەگەر

بۇ مۇئەللىمگە ئوخشاش كىشىلەر كوممۇنىست بولىدىغان بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ ئوخشاشلا بىر تۈركۈم كارامەت ئادەملەردىن تەركىب تاپقان پارتىيە بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. كېيىنچە، كوممۇنىستلارنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم، بۇ مېنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقىتتا قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ مۇھىم سىياسىي نەتىجەم»⑤.

ئابدۇكېرىم ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز قىسمىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا قىسمىغا كىرىدۇ. بۇ چاغدا لىن جىلۇ شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئىدى. لىن جىلۇ ئابدۇكېرىمدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بولۇپ، تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەھەتتە ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئۈلگىسى ئىدى.

1939 ـ يىلى ئابدۇكېرىم تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈشى بىلەنلا «خائىنلار» ئەۋلادى سۈپىتىدە ساۋەنگە سۈرگۈن قىلىنىپ، قۇرۇق نامىلا بار بىر مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. ئۇ بۇ مەكتەپتە ئالدىنقى يىلنىڭ ئاخىرىدا سۈرگۈن قىلىنغان ئۇيغۇر سايرانى بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. ئابدۇكېرىمدىن سەل چوڭ بۇ ئۇيغۇر ياشنىڭ دادىسى شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ ھازىرقى زامان مائارىپىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى — ھەيدەر ئەپەندى ئىدى.

ئۇيغۇر سايرانى بۇرھان شەھىدىنىڭ ئوغلى نۇسرەت، قىزى شادىيە ھەمدە ئۆزبېك باي تۇرسۇن خانبابانىڭ ئوغلى ئەنۋەر خانبابا، تاتار باي تۆمۈر ئەلىنىڭ ئوغلى ئەسئەت ئىسھاقوفلار بىلەن بىللە موسكۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى مىللىي مائارىپى بويىچە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملىغانىدى. شۇڭا ئۇيغۇر سايرانى ئابدۇكېرىمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋىدى.

ساۋەن ناھىيىسى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە ھەم چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان مۇھىم ئۆتكەلدە بولغاچقا، رۇس تىللىق ئاھالىلەر خېلىلا كۆپ ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «ھەقىقەت گېزىتى» گە ئوخشاش گېزىت - ژۇرناللارمۇ رۇس تىللىق ئاھالىلەرگە كەڭ تارقىلاتتى. بۇ دەل سوۋېت ئىتتىپاقىدا «سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار پارتىيىسى) نىڭ قىسقىچە تارىخى» نەشر قىلىنىپ، ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ كىتابنى ھەدەپ تەشۋىق قىلىۋاتقان چاغ ئىدى. ئابدۇكېرىم ئۇيغۇر سايرانىغا «ھەقىقەت گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان، بۇ كىتابنىڭ پەلسەپىلىكى شەرھلەنگەن ماقالىلەرنى رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېرىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. كېيىنچە بۇ ئىش كونكرېت مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان «سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلار پارتىيىسى) نىڭ قىسقىچە تارىخى» نى ھەر ساندا ئۇلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئابدۇكېرىممۇ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش توغرىسىدا»، «يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرلىرىنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىدۇ⑥.

ئابدۇكېرىم ساۋەندىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن، 1942 - يىلى رۇخسەت بىلەن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ئىلى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ خەنزۇچىغا پىششىق، خىزمەتتە ئەستايىدىل بولغاچقا، مەكتەپنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىگە قوشۇمچە تەرجىمانلىققا قوبۇل قىلىنىدۇ⑦. بۇ يېڭى ۋەزىپە ئابدۇكېرىمنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپلا قالماي، مۇھىمى ئۇنىڭ شۇ يەردىكى ئىجتىمائىي ئابرۇيىنى

ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ ماركسىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇشىغا زۆرۈر شەرت هازىرلاپ بېرىدۇ.

غۇلجىدىكى ماركسىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەزاسى ياڭ فېڭيى ئىدى.

ياڭ فېڭيى غۇلجىدىكى خەنزۇ مۆتىۋەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ دادىسى ياڭ سۇلىڭ ئىلى خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. ياڭ فېڭيى مۇشۇ ئائىلىدە يالغۇز قىز ئىدى. 1943 - يىلى ئۇ ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ دەۋردىكى كۆپ سانلىق ياشلارغا خاس سىياسىي ئارزۇ ۋە قىزغىنلىق بىلەن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ئىلى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ئابدۇكېرىم ئاشۇ مەكتەپتە ياڭ فېڭيى بىلەن تونۇشىدۇ، بۇ ئىككىيلەن ئىدىيە، كۆزقاراشتا ئوخشاش بولغاچقا مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ ئاخىر سەپداش ۋە ئاشىق - مەشۇق بولۇپ قالىدۇ⑧.

ماركسىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدا يەنە ۋېن بېيرەن ۋە ئابدۇللا زاكىروفلار بار ئىدى⑨. ئابدۇكېرىم، ياڭ فېڭيىنىڭ تىرىشچانلىقىدا، شۇ يەردىكى ھەر مىللەت ياش ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ماركسىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەسىرى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىدۇ. ئۇلار ئاممىۋى زىيابەت ۋە سەيلە - ساياھەت پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرىدىن ئالغان تەسىراتىنى سۆزلىشىش ئارقىلىق، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتكە زەربە بېرىپ، مەملىكەت ۋەزىيىتىگە دائىر خەۋەرلەرنى ئۆزئارا يەتكۈزۈشىدۇ. بۇ گۇرۇپپىنىڭ پائالىيىتى ئاخىر يەرلىك ئامانلىق ساقلاش دائىرىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئابدۇكېرىم قاتارلىقلار پەقەت ياڭ فېڭيىنىڭ ياردىمىدىلا بىرنەچچە قېتىملىق خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، شۇ مەزگىللەردە يەنە

بىر قىسىم كىشىلەر پانتۈركىزىم ۋە پانئىسلامىزىم شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» قۇرۇشنى پىلانلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ باشچىسى ئېلىخان تۆرە ئىدى.

ئېلىخان تۆرە 1885 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توقماق شەھىرىدە بىر دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. چوڭ بولغاندىن كېيىن بۇخارادا، كېيىنچە تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئوقۇغان، ئۇ سوپىزمدىن باشقا تېبابەتچىلىكنىمۇ ئۆگەنگەن. ئېلىخان تۆرە 32 ياشقا كىرگەندە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلايدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ دىنىي پائالىيىتىنى تاشلاپ تاشكەنت، فرونزى (ھازىرقى بىشكەك)، ئالمۇتالاردا تېبابەتچىلىك قىلىدۇ. مۇشۇ جەرياندا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پانتۈركىست ۋە پانئىسلامىزمچىلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىدۇ ھەم ئۆزىمۇ پانتۈركىزمنى ۋە پانئىسلامىزمنى تەرغىب قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. ئۇ مانا مۇشۇنداق سىياسىي خاھىشقا ئىگە بولغاچقا، 1939 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك تارماقلىرىغا تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كۇچالاردا تېبابەتچىلىك قىلىدۇ. ئۇ تېبابەتچىلىككە ئۇستا بولغاچقا، ئۇنىڭ كىرىمىمۇ كۆپىيىدۇ.

ئېلىخان تۆرە جۇڭگو تەۋەسىدە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرگەن بولسىمۇ، 1940 - يىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، شېڭ شىسەي دائىرىلىرى ئۇنى ئۆزبېك مىللەتچى دېگەن نام بىلەن قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. بىراق ئېلىخان تۆرىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى جىنايىتىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا مۇمكىن بولمىغاچقا، 1941 - يىلى قويۇۋېتىلىدۇ. ئېلىخان تۆرە شۇ يىلى غۇلجىغا بېرىپ ماكانلىشىدۇ.

ئېلىخان تۆرە غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، دەسلەپتە داۋاملىق تېبابەتچىلىك قىلىدۇ، كېيىنچە ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنى

فىقھىشۇناسلىقى جەھەتتىكى بىلىمى بىلەن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. 1943 ـ يىلى ئېلىخان تۆرە غۇلجىدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت — بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلىنىدۇ⑨. دەل شۇ چاغلاردا شىڭ شىسەينىڭ سىياسىتىدە بۇرۇلۇش بولىدۇ. ئېلىخان تۆرە دائىم دىنىي مۇراسىملاردىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈزۈلمىسىنى سۆكىدۇ، شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تايانچ ئۇنسۇر دەپ خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ. بىراق ئاز سانلىق مىللەتلەردىن چىققان ئىلغار زىيالىيلار ئېلىخان تۆرىنىڭ ئىدىيىسىنىڭ تۇغۇنى پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ۋاستىسىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىكنى تەرغىب قىلىش، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىش ئىكەنلىكىنى بايقىغان ھەمدە ئېلىخان تۆرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ شىڭ شىسەينىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش كەيپىياتىنى تۈيۈق يولغا باشلاپ قويىدىغان- لىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى⑩.

ۋاقىت تەرتىپى جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىڭ شىسەينىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئەڭ ئاۋۋال قوراللىق ئاغدۇرۇۋېتىش قارارىغا كەلگەن تەشكىلات — «ئالتاي قازاق مىللىي گۇللەندۇرۇش ھەيئىتى»⑪ بىلەن «تاشقورغان ئازادلىق تەشكىلاتى» ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى شىنجاڭنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى ئالتاي يايلىقىدا، يەنە بىرى شىنجاڭنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى پامىر ئېگىزلىكىدە ئىدى.

«ئالتاي قازاق مىللىي گۇللەندۇرۇش ھەيئىتى» 1943 ـ يىل 7 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىقى ئوسمان ئىسلام ئىدى.

ئوسمان ئىسلام، قازاق، 1889 ـ يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ ئۆندۆر قارا كەنتىدە بىر چارۋىچى ئائىلىسىدە

تۇغۇلغان، كېرەي قەبىلىسىنىڭ ئايتۇغان ئۇرۇقىدىن. ئۇ 51 ياشقا كىرگۈچە يىراق جايلارغا بېرىپ باقمىغان، پەقەت كۆكتوقاي ناھىيىسىدىلا يايلاقتىن قىشلاققا، قىشلاقتىن يايلاققا كۆچۈپ، چارۋىچىلىق قىلىپ كەلگەن. 1940 - يىلى ئوسماننىڭ ھاياتىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، شۇ يىلى ئۇ ئاقتىبېك، ئايىمقان تەيجىلەر باشچىلىقىدىكى شىڭ شىسەينىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن كۆكتوقاي قوزغىلىڭىغا قاتنىشىدۇ.

ئوسمان كۈچتۈڭگۈر ھەم ئۇستا مەرگەن بولغاچقا، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى بارا - بارا ئۇنى ئەتىۋارلايدۇ، ھەمراھلىرىمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ. 1 - قېتىملىق كۆكتوقاي قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوسمان بىر قىسىم شېرىكلىرى بىلەن يايلاقتا قوراللىق پىتىراپ يۈرىدۇ. 1941 - يىل 10 - ئايدا 2 - قېتىملىق كۆكتوقاي قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، ئوسمان ئاللىبۇرۇن بىر قوشۇن تەشكىللەپ بولغانىدى. ئوسمان قوشۇنى بىلەن قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، مەيلى ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى قورال كۈچى جەھەتتىن بولسۇن، قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا مۇھىم شەخس قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئاخىر كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلغان رەھبەر بولۇپ قالىدۇ. 1943 - يىلى 7 - ئايدا قامۇش ئىسىملىك بىر قازاق كىشى موڭغۇلىيە دائىرىلىرىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن، ئوسماننىڭ يېنىغا كېلىپ، موڭغۇلىيە دائىرىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەش نىشانىنى گومىنداڭغىلا قارىتىش، بۇلاڭ - تالاڭ ۋە ئوغرىلىق قىلماسلىق توغرىسىدا ئوسمانغا بەرگەن تەكلىپىنى يەتكۈزدى. قامۇش ئوسمانغا ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەر ئوسمان بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلسا، موڭغۇلىيە ئۇنى لازىمەتلىك ياردەملەر بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئوسمان موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى

ھەمدە قاباس، تىركەشنى قامۇش بىلەن بىللە موڭغۇلىيىگە ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى يەتكۈزدى. 1943 ـ يىل 9 ـ ئايدا موڭغۇلىيە ئەۋەتكەن قارقاباي، قۇرمانغان قاتارلىق ئالتە كىشىلىك مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى ئوسماننىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ كونكرېت تەييارلىق كۆرۈشى ئارقىلىق، ئۇزاق ئۆتمەي «ئالتاي قازاق مىللىي گۈللەندۈرۈش ھەيئىتى» قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى⑫.

1943 ـ يىل 11 ـ ئايدا دەلىلقان سۇگۇربايوف بىلەن تۆمۈرقان باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى ئوسماننىڭ قېشىغا كەلدى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ كېلىشى بىلەن، ئالتاي قازاق مىللىي گۈللەندۈرۈش ھەيئىتى يەنىمۇ چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە بولدى.

دەلىلقان سۇگۇربايوف قازاق، 1906 ـ يىلى 4 ـ ئايدا موڭغۇلىيىدىكى بايانئوغايدا تۇغۇلغان.

دەلىلقان پەۋقۇلئاددە تىل مۇھىتىدا ياشىغاچقا، بالىلىق چاغلىرىدىلا موڭغۇلچىنى، ئۇزاق ئۆتمەيلا رۇسچىنى ئۆگىنىۋالغان. 1930 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئالتايغا قايتىپ كەلگەن. 1933 ـ يىلى ئۇ شارىپقان باشچىلىقىدىكى ما جۇڭيىڭغا قارشى كۈرەشكە قاتنىشىپ، شارىپقاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن ھەم 1939 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك موڭغۇل، قازاق، قىرغىز قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دەلىلقان ئالتاي ۋايىلىقىدا مۇئەييەن ئابرۇي تاپقان، 1940 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئالتاي ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا سايلانغان، 1941 ـ يىلى شىڭ شىسەينىڭ ئۇرۇمچىدە شارىپقاننى تۇتماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەلىلقان شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى ئۇنى ئالمۇتاغا ئوقۇشقا

ئەۋەتكەن⑬.

قايتىدىن ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەن دەلىلقان سۇگۇربايوف ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆگەنگەن سىياسىي، ھەربىي كۈرەش تونۇرسىدىكى بىلىملىرىنى ئالتاي قازاق مىللىي گۇللەندۇرۇش ھەيئىتىگە ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى پارتىزانلار ئەترىتىگە ئاتا قىلدى.

ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى موڭغۇلىيە مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى ۋە دەلىلقان سۇگۇربايوفنىڭ تەرتىپكە سېلىشى نەتىجىسىدە، پەيدىنپەي داغدۇغا ھەم تەسىرگە ئىگە بولدى.

پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغان ئازادلىق تەشكىلاتىنى ئىسھاقبېك مونونوف 1943 ـ يىلى تەشكىللىگەن. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى ئۇبۇلقاسىم مادايوف، مۇھەممەد ئەيسا، شېرىنبېكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، 120 چە ئەزاسى بار ئىدى⑭.

ئىسھاقبېك مونونوف، قىرغىز، 1902 ـ يىلى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جىغىن يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئىسھاقبېكنىڭ ئائىلىسى ئانچە باياشات بولمىسىمۇ، ئۇ ئوقۇش يېشىغا توشقاندا، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئامال قىلىپ كەنتتىكى دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بەرگەن. شۇڭا شۇ يەردىكى كىشىلەر ئىسھاقبېكنى خېلى بىر مەزگىلگىچە موللا ئىسھاق دەپ ئاتىغان.

موللا ئىسھاق كەنتتىدىكى بىرنەچچە ساۋاتلىق كىشىلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، 15 ياشقا كىرگەندە كۆپچىلىك ئۇنى كەنت بېگى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى ئىسھاقبېك دەپ ئاتايدىغان بولغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە ئەنسىزلىك بولۇۋاتقان يىللاردا، ئىسھاقبېكنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە ھاكىم، پولك

كوماندىرى، برىگادا كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1940 - يىلى ئىلى قازاق - قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولىدۇ.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كومپارتىيىگە ئاشكارا قارشى تۇرغاندىن كېيىن، ئىسھاقبېك 1943 - يىل يازدا باللىرىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچىدۇ. ئىسھاقبېك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۇ يەرگە ئاۋۋال قېچىپ بارغان قىرغىز، تاجىك ياشلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تاشقورغاننى نىشانلاپ قوراللىق كۆرەش قىلىشنى قارار قىلىدۇ⑮.

ئۇزاق ئۆتمەي ئىسھاقبېك تاشقورغاندىكى ئوبۇل ئىسلام بىلەن ئالاقىلىشىپ، تاشقورغان ئازادلىق تەشكىلاتىنى قۇردى. شۇ يىلى كۈزدە ئىسھاقبېك سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەشكىللىگەن ئىككى پارتىزانلار ئەترىتىنى قەشقەر چېگرىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. مەۋلانوف قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى قەشقەرنى، پالىنوف قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى تاشقورغاننى ئالىدىغان بولدى ھەمدە ئىسھاقبېكنىڭ ئىلگىرىكى قىسمىنى، يەنى ئىلگىرى ئۇلۇغچاتقا تارقىلىپ كەتكەن سابىق 35 - پولكنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنى ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. ھەممە تەييارلىق پۈتكەندە، بىرەيلەننىڭ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشى بىلەن، گومىنداڭنىڭ قەشقەردىكى يەرلىك دائىرىلىرى ئۇلۇغچاتتىن سابىق 35 - پولكنىڭ 300 نەچچە ئوفىتسېر - ئەسكىرىنى تۇتۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئىسھاقبېكنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەت يېرىم يولدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى⑯.

مەۋلانوف بىلەن پالىنوف ئىككىلىسى ئىلگىرى شىنجاڭدا ۋەزىپە ئۆتىگەنىدى. مەۋلانوف سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىك

دەرىجىلىك قوماندانى بولۇپ، شېڭ شىسەينىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنى باشلاپ، ئۆلۈغچات ئارقىلىق چېگرىدىن كىرىپ، ما خۇسەن، ئابدۇنىياز بىلەن ئۇرۇش قىلغان. خوتەندە يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىقلار مەۋلانوف بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي، مەۋلانوف خوتەن چېگرا قاراۋۇللۇق ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان. شېڭ شىسەينىڭ سىياسىتىدە بۇرۇلۇش بولغاندىن كېيىن، بۇيرۇق بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كېتىلگەن.

پالىنوف 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ئىمپېرىيە ئارمىيىسىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن ھەم ۋوزۋود كوماندىرى بولغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭغا قېچىپ كىرىپ، جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. ئاق ئورۇسلارنىڭ باشلىقى باپپېنگورت ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلاپ قولغا ئېلىنغاندا، پالىنوف ئىلىدا چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇ ئىشقا چېتىلىپ قالمىغان. شۇنداق بولۇشقا قارىماي، شېڭ شىسەي ئۇنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە بەلگىلەپ، ئۇنىڭغا گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانىنى بەرگەن ھەم ئۇنى شىنجاڭدىكى ئاق ئورۇس سودا جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. 1938 - يىلى پالىنوف شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن قولغا ئېلىنغان، ئۇزاق ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن⑰.

ئالتاي قازاق مىللىي گۇللەندۇرۇش ھەيئىتىنىڭ جانلىنىشى، تاشقورغان ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى كىشىلەرگە تەشكىللىك ھالدا قوراللىق كۆرەش قىلىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۇ مەزگىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «شەرق ھەقىقىتى»، «يېڭى ھايات» ژۇرناللىرىمۇ تەشكىللىك

هالدا قوراللىق كۆرەش قىلىش جەھەتتە تەشۋىقاتىنى كۈچەيتتى⑱.
1944 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى غۇلجىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ تۈرتكىسىدە «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتتا ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشچىلىقىدىكى ماركسىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلار ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي، سىياسىي كۈچلەر بار ئىدى. ئاساسلىق ئەزالىرى: (1) ئېلىخان تۆرە (ئۆزبېك)، (2) سالجانباي باباجان (ئۆزبېك)، (3) مۇھەممەدجان مەخسۇم (4) قاسىمجان قەمبىرى، (5) ئابدۇكېرىم ئابباسوف، (6) جانى يولداشېف، (7) مۇھىددىن ئەھمىدى، (8) نۇردىنبېك رەخىموف، (9) رەھىمجان سابىر ھاجى، (10) ئۆمەرجان پىرمۇھەممىدى، (11) زۇنۇن تېيىپوف، (12) ئابدۇرەئوپ مەخسۇم ئىبراھىمـدىن ئىبارەت 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان⑲.
گومىنداڭنىڭ ئىلى ئامانلىق ساقلاش دائىرىلىرى ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتىنى تېزلا بايقىۋېلىپ، تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىنى ھەدەپ تۇتقۇن قىلدى، نەتىجىدە غۇلجىنىڭ ۋەزىيىتى بىراقلا جىددىيلىشىپ كەتتى. ئېلىخان تۆرە ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىدىن پائالىيەتنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرىلەر كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۇنجى قېتىم پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلدى.

## 2. ۋۇ جۇڭشىننىڭ جىددىي پەيتتە بۇيرۇق تاپشۇرۇۋېلىشى

1944 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شېڭ شىسەي

گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ رۇجىن باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ 100 نەچچە ئەمەلدار ۋە ئەزاسىنى قولغا ئالدى. 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يەنە كونا ھىيلە ـ نەيرىڭىنى ئىشقا سېلىپ، جياڭ جيېشى ۋە ستالىنغا تېلېگرامما يوللىدى، تېلېگراممىدا خۇاڭ رۇجىن قاتارلىقلارنى جياڭ جيېشىغا «كوممۇنىست» دەپ، ستالىنغا «ياپونىيە جاسۇسى» دەپ مەلۇم قىلدى.

شېڭ شىسەيگە بولغان ئىشەنچىسى ئاللىبۇرۇن يوقالغان ستالىن شېڭ شىسەينىڭ تېلېگراممىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جۇڭگو ئەلچىخانىسى ئارقىلىق بىۋاسىتە جياڭ جيېشىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جياڭ جيېشى چۇڭچىڭدىكى خۇاڭشەن سارىيىدا ۋۇ جۇڭشىننى قوبۇل قىلغاندا، ۋۇ جۇڭشىنغا: شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن يۆتكەلمەكچى، سىز ئۇنىڭ ئورنىدا شىنجاڭنى ئىدارە قىلىڭ، دېدى.

ۋۇ جۇڭشىن 1884 ـ يىلى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ياشلىقىدا جياڭنەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، باتالىئون كوماندىرى، شتاب ئوفىتسېرى بولغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، جياڭسۇ ـ جېجياڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولغان. ھەربىيلىك سالاھىيىتىدىكى ۋۇ جۇڭشىن يەنە پايتەخت (نەنجىڭ) ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، شاڭخەي ساقچى نازارىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتىگەن.

ۋۇ جۇڭشىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن سىرت، يەنە 2 ـ قېتىملىق ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ياپونىيىگە بېرىپ، توكيو سىياسىي مەكتىپىدە ئوقۇغان. مۆلكى ئەمەلدار سالاھىيىتىدىكى ۋۇ

جۇڭشىن جياڭسۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ھەيئىتى، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. جياڭ جيېشى ئۇنى قوبۇل قىلغان مەزگىلدە، ئۇ موڭغۇل، تىبەت ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. ۋۇ جۇڭشىن مىللىي رايونلار ۋە مىللىي مەسىلىلەرگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، 1939 - يىلى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن شىزاڭغا بېرىپ، دالاي لامانىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلغانىدى. كېيىنچە چىڭخەي، نىڭشيالارغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلدى. شۇڭا ئۇ: «قوشۇن باشلاپ يۈرگىنىم بىلەن مىلىتارىست بولمىدىم، سىياسىيغا ئارىلاشقىنىم بىلەن سىياسەتپەرەس بولمىدىم، نەچچە 10 يىللىق كونا پارتىيە ئەزاسى بولغىنىم بىلەن پارتىيىنىڭ گۇماشتىسى بولمىدىم»⑳ دەپ ماختىناتتى.

ۋۇ جۇڭشىننىڭ قابىلىيەتلىك ھەم پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى تولۇق نامايان بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ يۇقىرى قابىلىيىتى ۋە گۈزەل پەزىلىتى بىلەن شىنجاڭدا دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايتتى.

ۋۇ جۇڭشىن دۇچ كەلگەن ئەڭ روشەن سىياسىي مەسىلە — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقى ئىدى.

1943 - يىل 7 - ئايدىن بۇرۇن، سوۋېت ئىتتىپاقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئالتايدىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ يەرلىك دائىرىلەر بىلەن قىلغان كۈرىشىگە ئارىلاشقانىدى. ئالتاي قازاق مىللىي گۈللەندۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇلغاندا، موڭغۇلىيە تەبرىك سوۋغىسى سۈپىتىدە ئوسمانغا 200 مىلتىق، 40 پىلىموت، 50 ساندۇق ئوق سوۋغا قىلغانىدى㉑.

شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى شارائىتىدا بۇ قورال - ياراغلار،

بولۇپمۇ بۇنچە كۆپ پىلىموت بىلەن بىرەر باتالىيون ھەتتا بىرەر پولك ئەسكەرنى قوراللاندۇرغىلى بولاتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشىدا ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەش بولۇشى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى مەملىكىتىمىزنىڭ ئالتاي يايلىقىدىكى ئىشلىرىغا بارغانسېرى ئوچۇق ـ ئاشكارا قول تىقتى. 1943 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى ئاشكارا ھالدا ئوسماننىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى ئاق چېدىردا تۇرغاچقا، شۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇلارنى «ئاق چېدىرلىقلار» دەپ ئاتىدى؛ موڭغۇلىيە مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى كۆك چېدىردا تۇرغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى «كۆك چېدىرلىقلار» دەپ ئاتىدى.

1944 ـ يىلى يازدا ئىسھاقبېك سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ھېلىقى قوراللىق كىشىلەرنى يىغىپ، قىرغىزىستان ئارقىلىق قازاقىستانغا كېلىپ، ئىلى چېگرىسىغا يېقىن جايدا پۇرسەت كۈتۈپ تۇردى㉓. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە بولۇۋاتقاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرىنىڭ بۇ ھەرىكەتلەرنى قوللاۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان پوزىتسىيىسىنىڭ قورقۇشتىن پىسەنت قىلماسلىققا ئۆزگىرىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىدىكى يەنە بىر ئامىل بولۇپ قالدى. «غۇلجا ۋەقەسىدىن خاتىرە» نىڭ ئاپتورى چېن لى مۇنداق دەيدۇ: «مەركەز شىنجاڭنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا، شېڭ شىسەينىڭ قاتتىق قوللۇق ھۆكۈمرانلىقى، دەھشەتلىك تېررورلۇقىدىن بىزار بولغان كىشىلەر مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن چەكسىز ئۈمىد كۈتۈپ،

بۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم ياشايدىغان بولدۇق دەپ قارىغانىدى. ئەمما مەركەز ئۇ چاغلاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، شىنجاڭ خەلقىنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن، كۆپلەپ ئادەم ۋە ماددىي كۈچ يۆتكەپ كېلەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى نەچچە يىلدىن بىرى شىنجاڭ دائىرىلىرى قامال قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزگەچكە، ئىچكىرىدىكىلەر شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قالدى. شىنجاڭغا كەلگەنلەر شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگەچكە، مىڭ يىللارنىڭ ئالدىدىكى خەن، تاڭ سۇلالىلىرى تارىخىي كىتابلىرىدا يېزىلغان قەھرىمانلارنىڭ ھېكايىلىرىنىلا ئاڭلاپ كەتتى، ياكى ئىچكىرىدىن يېقىنقى نەچچە 10 يىلدىن بۇيان ئەۋج ئالغان يېڭى بيۇروكراتلىق ئىستىلىنى ئالغاچ كەلدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كونا قائىدىلەرنى تەكىتلەپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئىستىكىدە بولمىدى؛ بەزىلەر خىيانەتچىلىك قىلىپ، ئۆسۈش، مال - دۇنيا توپلاش بىلەنلا بولۇپ كەتتى، ھاكىمىيەت قابىلىيەتسىزلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، خەلق قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى»㊷.

مۇشۇنداق ئىجتىمائىي شارائىتتا بەزى كىشىلەر غەزىپىنى باسالماي ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىش يولىغا ماڭدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كەيپى ئۇچقانلىقتىن قولىغا تاياق - كالتەك ئېلىپ كۆتۈرۈلۈپ ياكى توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئېغىر ئىجتىمائىي كەيپىيات پەيدا قىلدى. نۇرغۇن كىشىلەر ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقانلىقتىن، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقى، قائىدە - نىزاملىرى ھەتتا ۋەھىمىسى ۋە جازا چارىلىرىمۇ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى ھەم ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭ ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ھەم سەزگۈر مەمۇرىي ئۈنۈمى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلغانىدى. دەسلەپتە، سىياسىنىڭ ئىلھامى ھەل قىلغۇچ رول

ئۆيىندى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى مىللەتنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت يېقىن مەزگىللىك نىشان ھەم كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت كەلگۈسى ئارزۇ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ھۆكۈمەتنى بۈيۈك ئوبرازغا ئىگە قىلدى. بۇ ئوبراز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىلھام، ئۈمىد، ئىشەنچ بەخش ئەتتى. ھۆكۈمەتنىڭ تۈرتكىسىدە، «جەمئىيەت ئەمىن تېپىپ، پەيدىنپەي گۈللەندى، مائارىپتا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تېخنىكوم كەسىپلىرىگىچە بار بولدى، ساۋاتسىزلار كۆنسېرى ئازايدى» ، «مائارىپى يوق ھەم ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش پۇرسىتى بولمىغان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھازىر كۆپلەپ مەكتىپى بار بولدى، ئۇلار ئۆز تىلىدا دەرس ئاڭلىدى. مۇئاۋىن ھاكىمۇ ئادەت بويىچە يەرلىك كىشىلەردىن بولدى، ھەر دەرىجىلىك ئورگانلاردا ھەر مىللەت خىزمەتچىلەر بار. بىرنەچچە قېتىملىق شىنجاڭ ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن، كىشىلەر پىكىر قويۇش ھەم پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، مۇتەئەسسىپ، قالاق كىشىلەر ئىلگىرى ئىلاھىمۇ تىل تەگكۈزەلمەيدۇ دەپ قارايدىغان ئالاھىدە سىنىپ، ئەمدى يوقالدى» [25] .

ئەمما، بۇ سىياسىي كەيپىياتنى ئەڭ ئاخىرىدا شېڭ شىسەينىڭ بىر قاتار «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» بۇزۇۋەتتى، شېڭ شىسەي جايلاردىكى ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىدىن پايدىلىنىپ، سىياسىي زورلۇق بىلەن، ئۈنۈمدارلىقى گەۋدىلەندۈرۈلىدىغان ھۆكۈمەت پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. شېڭ شىسەي كۆپىنچە پاسسىپ، پارىخور دېگەن نام بىلەن ھۆكۈمەت خادىملىرىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان بولغاچقا، كۆپ ساندىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى رازىمەنلىك بىلەن

خىزمەت ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش يوللىرى ئارقىلىق زىيانكەشلىكتىن قۇتۇلماقچى بولاتتى. مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، سىياسىي زورلۇق مۇئەييەن دەرىجىدە ھۆكۈمەتنىڭ ئىلگىرىكى ئوبرازىنى ساقلاپ قالدى. شىڭ شىسەي خىزمىتىدىن يۆتكەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ بىر دەۋرگە خاتىمە بېرىلىپ، قاتتىق بوغۇلۇپ قالغان شىنجاڭ جەمئىيىتىدە روشەن سىياسىي ئازادىلىك بولدى. بۇ سىياسىي ئازادىلىك يەنە بىر جەھەتتىن، چېكىدىن ئاشقان تېررورلۇقتا سۈكۈتتە ياشاۋاتقان ھۆكۈمەت خادىملىرىنى تېررورلۇقتىن بىراقلا خالاس قىلدى، شۇڭا ئۇلار مۇقەررەر ھالدا ئىلگىرى ئىشلىگەن بارلىق خىزمىتىگە تامامەن ئىنكار قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى. خىزمەت تەرتىپى، دەم ئېلىش تۈزۈمى، ئورگانلار ئىنتىزامى دېگەنلەرنى ئېتىبارغا ئالمىدى. شۇنىڭ بىلەن خىزمەت ئۈنۈمىمۇ يوققا چىقتى، شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ئەمەلدارلاردا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ناچار ئادەتلەر زىيادە سىقىلىشتىن كېلىپ چىققان بىزارلىق كەيپىياتىغا ئارىلىشىپ، ساختا نەرسىلەر ھەقىقىي قىلىپ كۆرسىتىلدى، ناچار قىلمىشلار ھەدەپ ئەۋج ئالدى ھەم پات - پاتلا كۆرۈلۈپ تۇردى. چېن لى غۇلجىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق خاتىرىلىگەن: (1944 - يىلى) «10 - ئۆكتەبىر بايرىمى» نىڭ ئالدى - كەينىدە، جاھاننى پىتنە - ئىغۋا قاپلاپ كەتتى، گاۋۋېي (تۇڭگان) رايونلۇق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇۋەققەت ۋالى، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قوماندانى بولدى، ئۇ تېخى 20 نەچچە ياشلاردا ئىدى، پاھىشىۋازلىق ۋە قىمار ئويناشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئەخلاقسىز ئىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىڭدېنى غۇلجىنى قوغداشقا ئەۋەتتى، ئۇمۇ شەكىل ئۇچۇنلا

ئىشلەپ، كۆندە گاۋ ۋېي بىلەن بىرلىكتە ئەيش - ئىشرەت قىلدى»㉖.

ۋۇ جۇڭشىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۇچ كەلگەن يەنە بىر چوڭ مەسىلە — مالىيە قىيىنچىلىقى ئىدى.

شىنجاڭنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى ئالتاي ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن باشلانغان بولۇپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت ئورنىدىن چۈشكەندىن باشلاپ تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.

ئالتاي ۋەقەسىدىن كېيىن، قىسىملار تۈركۈملەپ قوزغىتىلغاچقا، ھەربىي خىراجەت بىراقلا ئاشتى، نەتىجىدە مالىيە شىنجاڭدا 3 - ئۈچ يىللىق پىلان يولغا قويۇلۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يېڭىدىن يەر بېجى نىزامى، زېمىن بېجى نىزامى، ئىمپورت - ئېكسپورت چېگرا بېجى ئېلىش چارىسى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پۇل كىرىم - چىقىم قىلىش تەرتىپى قاتارلىق بىر تۈركۈم قانۇن - نىزام ۋە چارىلەر ئېلان قىلىندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مالىيە مەنبەسىنى ئېچىش، كىرىم - چىقىمنى تەڭشەش - تىزگىنلەش، مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىدى.

بىراق ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي مېخانىزمى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولغاچقا، شىنجاڭ مالىيىسىنى ئوڭشاش پىلانىنىڭ نىشانغا يېتىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. 1943 - يىل 10 - ئايدىن 1944 - يىل 9 - ئايغىچە شىنجاڭ مالىيىسىنىڭ كىرىم - چىقىم جەھەتتىكى ماكرولۇق ئەھۋالى مۇنداق: يېڭى پۇل بويىچە كىرىم 282 مىليون 414 مىڭ 219.46 يۈەن، چىقىم 1 مىليارد 159 مىليون 331 مىڭ 220.19 يۈەن، كىرىم چىقىم پەرقى 876 مىليون 117 مىڭ يۈەن㉗ بولۇپ، پەرق كىرىمنىڭ 4 ھەسسىسىگە يېقىنلاشقان.

مالىيىدىكى مۇنچە كۆپ زىيان پۈتۈنلەي يېڭى قەغەز پۇل

تارقىتىش ئارقىلىق تولدۇرۇۋېلىندى، ئاقىۋەتتە پۇل تۈزۈمى بۇزۇلۇپ، مال باھاسى شىددەت بىلەن ئۆسۈپ كەتتى. «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» دېگەن كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: «مال باھاسى ھەمىشە بىر كېچىدىلا نەچچە ھەسسە، ھەتتا نەچچە 10 ھەسسە ئۆسۈپ كېتەتتى، بولۇپمۇ گۈرۈچ بىلەن ئۇننىڭ باھاسى ئۇشتۇمتۇتلا ئۆسۈپ كېتەتتى㉘. 1943 - يىل 1 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك گۈرۈچنىڭ ھەر جىڭنىڭ باھاسى 3 يۈەن 7 مو 5 پۇڭدىن 3 يۈەن 7 مو 8 پۇڭغىچە ئىدى، 12 - ئايدا ھەر جىڭى 6 يۈەن 5 مو 5 پۇڭغا ئۆستى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇننىڭ ھەر جىڭى 1 - ئايدا 3 يۈەن 8 مو 5 پۇڭ ئىدى، 12 - ئايدا 6 يۈەن 8 موغا ئۆستى؛ قىچا يېغىنىڭ ھەر جىڭى 1 - ئايدا 10 يۈەن 4 مو 5 پۇڭ ئىدى، 12 - ئايدا 23 يۈەن 4 مو 3 پۇڭغا ئۆستى»㉙. «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى جاڭ جىيى 1943 - يىلىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك گۈرۈچ بىلەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇننىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈش دەرىجىسىنى سېلىشتۇرغاندىن كېيىن مۇنداق يەكۈن چىقارغان: «مىنگونىڭ 32 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ باھا شىددەت بىلەن ئۆستى، يېرىم يىلدىلا ئوتتۇرا دەرىجىلىك گۈرۈچنىڭ باھاسى 15 پىرسەنت، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇننىڭ باھاسى 97 پىرسەنت ئۆستى»㉚.

شىڭ شىسەينىڭ تەختتىن چۈشۈشى بىلەن، شىنجاڭدا باھا يەنە بىر قېتىم بىراقلا ئۆستى. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى سانىدا مۇنداق خەۋەر قىلىنغان: «ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ھەر 100 جىڭ ئۇن (دەرىجىگە ئايرىلمىغان) نىڭ باھاسى يېڭى پۇل بويىچە 2 مىڭ 300، 2 مىڭ 400 يۈەندىن 2 مىڭ 500، 2 مىڭ 600 يۈەنگە ئۆستى، گۈرۈچنىڭ ھەر شىڭى يېڭى پۇل بويىچە 100 يۈەنگە ئۆستى. ھەربىر كىشىنىڭ كۈندىلىك تاماق

خىراجىتى يېڭى پۇل بويىچە 20 يۈەن ئەتراپىدا بولدى، بەزىدە تېخى ئۇن، گۈرۈچ ئالالمىدى، مەمۇرىي خادىملار ئىش ھەققى بىلەن يېرىم ئايلىق يېمەك - ئىچمىكىنى قامدىيالمىدى. باھانىڭ شىددەتلىك ئۆسۈشى ئىلى ۋىلايىتىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. ئىلىنىڭ يېرى مۇنبەت، ھاۋاسى ساپ، دېھقانچىلىق سۇغىرىش سىستېمىسى مۇكەممەل بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق ماكانى دېيىلەتتى، ئەمما ئىلى ۋىلايىتىدىمۇ ئاشلىقنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، ھەر مىللەت پۇقرالىرى چىدىيالمىغۇدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1943 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە قوي گۆشى، ئۇن، كۆمۈر باھاسىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى تەخمىنەن يەتتە يېرىم ھەسسىدىن ئاشتى»㉛.

1944 - يىلى شىنجاڭدا 64 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇن بار ئىدى㉜. شىنجاڭدا يېقىنقى 100 يىلدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ياقۇپبەگنى يوقىتىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قىلغان شۇ ھەربىي ھەرىكىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇنچە كۆپ ھۆكۈمەت قوشۇنى ناھايىتى ئاز تۇرغۇزۇلغانىدى. بۇ قوشۇننىڭ شىنجاڭنىڭ چەكلىك مالىيىسىگە ئېلىپ كېلىدىغان قاتلاممۇ قاتلام ئاۋارىچىلىقنى دېمەيلا قويايلى، پەقەت مۇشۇ 60 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ، قالايمىقان ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزىلا ۋۇ جۇڭشىن ئۈچۈن يەنە بىر چوڭ ئاۋارىچىلىق ئىدى.

شىنجاڭدىكى ھەربىي قىسىم ئاساسلىقى 1943 - يىلىدىن كېيىن ئۈزلۈكسىز شىنجاڭغا كىرگەن 29 - گورۇپپىۋوي ئارمىيە بىلەن ئەسلىدىكى شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىن تەشكىللەنگەنىدى. 29 - گورۇپپىۋوي ئارمىيىدە يېڭى 46 - دىۋىزىيە، يېڭى 45 - دىۋىزىيە ۋە زاپاس 7 - دىۋىزىيە بار ئىدى.

يېڭى 46 - دىۋىزىيە 1943 - يىلى قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ 18 - ئارىلاشما برىگادىسىدىن كېڭەيتىپ

تەشكىللەنگەن بولۇپ، دەسلەپتە قۇمۇلدا تۇرغان، كېيىن گۇچۇڭغا يۆتكەلگەن. يېڭى 45 ـ دىۋىزىيە 1944 ـ يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭغا كىرىپ، قۇمۇل، باركۆل، تۇرپانلاردا بۆلۈنۈپ تۇرغان، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە 1944 ـ يىل 5 ـ ئايدا شىنجاڭغا كىرگەن ھەم ئاساسلىقى ئۈرۈمچىنى قوغدىغان. 29 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىنىڭ بۇ ئۈچ دىۋىزىيىسىدە 30 مىڭچە ئادەم بار ئىدى.

شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەنلىرى 128 ـ دىۋىزىيە، ۋاقىتلىق 3 ـ دىۋىزىيە، ئاتلىق ئەسكەرلەر 11 ـ، 12 ـ دىۋىزىيىلىرى، ئاتلىق ئەسكەرلەر 1ـ، 2 ـ دىۋىزىيىلىرى، شۇنداقلا تۆت ئامانلىق ساقلاش ئاتلىق پولكى، بىر توپچىلار پولكى، بىر تانكا ئەترىتى، بىر ئىشپىيونلۇق پولكىدىن ئىبارەت.

128 ـ دىۋىزىيە شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئەترىتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەنىدى. ئۇنىڭ 8 مىڭچە ئادىمى بولۇپ، ئالتاينىڭ شەرقىدىكى جايلارنى قوغدايتتى؛ ۋاقىتلىق 3 ـ دىۋىزىيە ئەسلىدىكى مەشىق باشقارمىسىنىڭ تۆت پولكىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەنىدى، ئۇنىڭمۇ 8 چە ئادىمى بولۇپ، ئالتاينىڭ غەربىدىكى جايلارنى قوغدايتتى؛ ئاتلىق ئەسكەرلەر 11 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 3 مىڭچە ئادىمى بولۇپ، گۇچۇڭنى قوغدايتتى؛ ئاتلىق ئەسكەرلەر 12 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 3 مىڭچە ئادىمى بولۇپ، قەشقەر، خوتەننى مۇداپىئە قىلاتتى؛ ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 3 مىڭچە ئادىمى بار ئىدى، دىۋىزىيە شتابى شىخودا ئىدى، بۇ دىۋىزىيىنىڭ بىر پولكى غۇلجىدا، يەنە بىر پولكى چۆچەكتە، 3 ـ پولكى ئالتايدا تۇراتتى؛ ئاتلىق ئەسكەرلەر 2 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 3 مىڭچە ئادىمى بولۇپ، كۇچادا تۇراتتى؛ تۆت ئامانلىق ساقلاش ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ 2 مىڭچە ئادىمى بار ئىدى، 4 ـ پولكى غۇلجىدا

تۇراتتى. توپچىلار پولكىنىڭ مىڭچە ئادىمى بولۇپ، ئۈرۈمچىدىلا تۇراتتى؛ تانكا ئەترىتىنىڭ 300 چە ئادىمى بولۇپ، ئۈرۈمچىدىلا تۇراتتى؛ ئىشپىيونلۇق پولكى دۆبەن مەھكىمىسىگە قارايتتى، ئۇنىڭ 1 مىڭ 500 دەك ئادىمى بولۇپ، ئۈرۈمچىدىلا تۇراتتى.

شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن يۇقىرىقى ئالتە دىۋىزىيىدە جەمئىي 34 مىڭدەك ئادەم بار ئىدى. ئىككى قوشۇننى قوشقاندا شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى 64 مىڭ بولاتتى[33].

مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قوشۇنلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، 29 - گورۇپپىۋۇي ئارمىيە، يەنى ئاتالمىش مەركەز ئارمىيىسى شىنجاڭدىن گەنسۇغا بارىدىغان قۇرۇقلۇقتىكى قاتناش ئالاقىسىگە كاپالەتلىك قىلىشى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئاساسەن ئۈرۈمچى ۋە ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەمما شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىن تەشكىللەنگەن 128 - دىۋىزىيە، ۋاقىتلىق 3 - دىۋىزىيە، ئاتلىق ئەسكەرلەر 11 - دىۋىزىيىسى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 - دىۋىزىيىسىنىڭ بىر پولكىدىكى 20 نەچچە مىڭ ئادەم ئالتاي يايلىقىغا باغلىنىپ قالغاچقا، ئۇ يەردە شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۆزلۈكسىز خوراپ كېتىۋاتاتتى.

شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچلەرنىڭ مۇداپىئەگە قويۇلۇش ئەھۋالىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، شىنجاڭنىڭ غەربىي دەرۋازىسى ھېسابلىنىدىغان ئىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەسكىرىي كۈچ ئىنتايىن ئاز بولغان. مۇشۇ مەزگىلدە ئىلىدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ئەسكەر 2000 غا يەتمەيتتى، ئۇلار 128 - دىۋىزىيىسىنىڭ بىر باتالىيونىدىكى 420 ئادەم، زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ بىر باتالىيونىدىكى 793 ئادەم، ئامانلىق ساقلاش ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 - پولكى ۋە چېگرا قاراۋۇللۇق

ئەترىتىدىكى ئەسكەرلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇلاردىن ئامانلىق ساقلاش ئاتلىق ئەسكەرلەر 4 ـ پولكى قورغاس، موڭغۇلكۈرەلەر-گە، چېگرا قاراۋۇللۇق ئەترىتىدىكىلەر چېگرىدىكى ھەرقايسى قاراۋۇلخانىلارغا تارقالغانىدى.

بۇ قوشۇن قوراللىنىشى جەھەتتە ئادەمگە ھېلىقى «2000 غا يەتمەيتتى» دېگەن سۆزدىن بەتتەر تەسىرات بېرەتتى. 128 ـ دېۋىزىيىدىن ئەۋەتىلگەن ھېلىقى بىر باتالىئون قوشۇنىنىڭ قورال ـ يارىغى ئازراق تولۇق بولغاندىن سىرت، زاپاس 7 ـ دېۋىزىيىدىن ئەۋەتىلگەن سەپلەنمە ئەسكەرلەر 1 ـ باتالىئونىدىكى 793 ئەسكەر قۇرۇق قول بولۇپ، ئۇلارنى قوراللاندۇرغان دېيىشكە بولاتتى. «ئەسلىدىكى ئامانلىق ساقلاش ئاتلىق ئەسكەرلەر — ئەسكەرنىڭ قوراللىرىمۇ ئىنتايىن ناچار ئىدى، ئۇلاردا ئاران 120 تال كارابىن مىلتىق، 400 تال قوغۇشۇن ئوقلۇق كونىچە تاق ئاتار ماۋزېر، 17 دانە «ئالتۇن يۇلتۇز» ماركىلىق تاپانچا، 464 قىلىچ بار ئىدى، ئاتلىرى بولغان بىلەن ئىگەرسىز ئىدى، ماۋزېرلىرىنىڭ ئوقى 50 مېتىرغىمۇ بارمايتتى㉞.

چېن لى شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى ھەربىي ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرى تاشلىنىپ قالدى، يەرلىك قىسىملار ئاجىزلىشىپ كەتتى، يېقىندا شىنجاڭغا كىرگەن مەركەز ئارمىيىسى بىلەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن شېڭ شىسەي قوشۇنى روھى جەھەتتە ۋە قوماندانلىق جەھەتتە بىرلىككە كېلەلمىدى. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى ئالتاي ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي قىسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئالتاي يايلىقىغا باغلىنىپ قالدى. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى كۈزدە شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندە، ئۇنىڭ قىسىملىرىمۇ ئۆز ئالدىغا يول تۇتتى. مەركەز ئارمىيىسى ئۇرۇمچىنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇلارنى

ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋاقىت يېتىشمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت، كەيپىياتى دېگەنلەرنى بىلمەيتتى، سوغۇق جايدا ئۇرۇش قىلىشقا ئادەتلەنمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ مىراسلىرىنى تالان - تاراج قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، مۇشۇنداق بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرى پارچىلىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى»㉟.

ۋۇ جۇڭشىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزمەكچى بولۇۋاتقان جاي سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتلەردە ئەنە شۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان شىنجاڭ ئىدى.

1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن ھەمراھلىرى بىلەن چۇڭچىڭدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا مېڭىپ، شۇ كۈنى لەنجۇغا كەلدى. لەنجۇدا ئازراق ئىش بىلەن دەم ئالدى، ئەتىسى ئايروپىلان بىلەن شىنىڭغا بېرىپ، ما بۇفاڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە ما بۇفاڭدىن شىنجاڭغا ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 - كورپۇسىنى ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىش تاسادىپىي بولۇپ قالغاچقا، ما بۇفاڭ جىياڭ جيېشىغا دوكلات يېزىپ، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن بېرىمە دېمەكچى بولدى. ۋۇ جۇڭشىن 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى لەنجۇغا قايتىپ كەلدى ۋە شۇ كۈنىلا غەربكە قاراپ داۋاملىق ئۇچۇپ جيايۈگۈەنگە كەلدى، جيايۈگۈەننى سەيلە قىلىش داۋامىدا، ھەمراھلىرىغا ئۆزىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا قوللانماقچى بولغان «ئىلاھىي مىزان، دۆلەت قانۇنى، ئادەمگەرچىلىك» تىن ئىبارەت ئۈچ سۆزلۈك فاڭجېنىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەمراھلىرىغا يەنە كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ۋە ئىش بېجىرىشتە «ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، يوقىلاڭ ئىشقا ئارىلاشماسلىق، قورقۇنچاقلىق قىلماسلىق» نى تەلەپ قىلدى.

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋۇ جۇڭشىن قاتارلىقلار جىيايۈگۈەندىن ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىپ، شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئەتىسى يەنى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە، ۋۇ جۇڭشىن ئىلگىرىكى دۇبەن مەھكىمىسىدىكى غەربىي بىناغا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق تارماقلىرىدىكى مۇھىم خادىملارنى يىغىپ نۇتۇق سۆزلىدى. نۇتۇقىدا ئۆزىنىڭ جىيايۈگۈەندە ئوتتۇرىغا قويغان «ئىلاھىي مىزان، دۆلەت قانۇنى، ئادەمگەرچىلىك» تىن ئىبارەت شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى فاڭجېننى ۋە «ئۆزئارا ئەپۇ قىلىش، ئۆزئارا يول قويۇش، ئۆزئارا ياردەم قىلىش» تىن ئىبارەت كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى پرىنسىپىنى سىستېمىلىق شەرھلىدى㊱.

ئەمما، ۋۇ جۇڭشىن ئۆزىنىڭ سىياسىي ئارزۇسى ۋە جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىنى سۆزلەپ بولۇپ بەش كۈن ئۆتكەندە، يەنى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 800 كىلومېتىر نېرىدىكى نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي دېگەن يېرىدە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئوق ئاۋازى ياڭرىدى.

## 3. ئۇلاستايدا ياڭرىغان ئوق ئاۋازى

1943 - يىل 3 - ئايدا شېڭ شىسەي پۇقرالارغا 10 مىڭ ھەربىي ئات سېلىقى سېلىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جايلاردا ئات تەقدىم قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى، بۇ ھەيئەتلەر خەلقنى قىستاۋەرگەچكە، تېزلىكتىلا خەلقنىڭ غەزىپى كېلىپ، جاھاننى نارازىلىق قاپلاپ كەتتى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى شىنجاڭنىڭ ئاتچىلىق بازىسى بولغاچقا، ئات سېلىقى تەبىئىي ھالدا بۇ جايلاردىكى چارۋىچىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. نىلقا ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان

ئۇلاستاي كەنتىدىكى چارۋىچى ئەكبەر خېلى قول ئىلىكىدە بار كىشى بولىسمۇ، بۇنداق تۇيۇقسىز كەلگەن زىيادە سېلىققا پەقەت چىدىيالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەكبەر ئىنىسى سىيىت بىلەن سېلىققا ئاشكارا قارشى چىقتى. نەتىجىدە ئۇلار قولغا ئېلىنىپ، ئىلقا تۈرمىسىگە قامالدى㊲.

1944 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئەكبەر ئىنىسى سىيىت بىلەن تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ، كىچىك ئىنىسى ناۋاننى تاپتى. ئۇلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە ئامال بولمىغاچقا، قولىغا قورال ئېلىپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىگە قارشى چىقىشنى قارار قىلدى. 8 - ئاينىڭ بېشىدا ئەكبەر، سىيىت، ناۋان ئۈچى قورغاس ئارقىلىق خۇپىيانە ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىيىنتالغا بارىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلار بۇنىڭدىن بۇرۇن قېچىپ كەلگەن فاتىخ مۇسلىموف بىلەن ئۇچرىشىدۇ. فاتىخ مۇسلىموف تاتار بولۇپ، ئىلگىرى ئىلقا ناھىيىلىك يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولغان. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن، ئىلقىدا ھەر مىللەتتىن نۇرغۇن دوست تۇتقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە فاتىخ مۇسلىموف زېرەك، قابىل، ياخشى تەربىيە كۆرگەن بولۇپ، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا خېلى ئابرۇيى بار ئىدى. 1943 - يىلى يازدا ئىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى فاتىخ مۇسلىموفنىڭ مەخپىي تەشكىلات قۇرغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنى قولغا ئالماقچى بولغاندا، فاتىخ مۇسلىموف تاغ يولى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىيىنتالغا قېچىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەكبەر، سىيىت، ناۋانلار فاتىخ مۇسلىموف بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىغان بولىسمۇ، بىر - بىرىنىڭ نامىنى ئاڭلىغانىدى، بولۇپمۇ ئۇلار بىر - بىرىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنى بىلىشكەندىن كېيىن، ئىجىل - ئىناق بولۇپ كېتىدۇ.

فاتىخ مۇسلىموف ئەكبەر، سىيىت، ناۋانغا ئىنىسى خەمىت

ۋە ھەمراھلىرى بايچۇرىن (تاتار)، نۇرى، ھوشۇر، ئوسمانلارنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇلار 1943 - يىلى ئىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلگەنلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 1943 - يىلى 3 - ئايدا يورۇنۇشقا كەلگەن سەيدۇللا سەيپۇللايوفمۇ بار ئىدى. 1944 - يىلى يازدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالاقىدار تارماقلار فاتىخ مۇسلىموف، سەيدۇللا سەيپۇللايوفلارنى ئالمۇتىغا يىغىپ تەربىيىلەيدۇ. سەيدۇللا سەيپۇللايوف تاشكەنتتە ئوقۇغان، ئوقۇشقا بېرىشتىن ئىلگىرى ئىلى ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئالاھىدە ئەتىۋارلانغان. تەلىم - تەربىيە ئاياغلىشىشقا ئاز قالغاندا، ھەربىي مەشىق قىلىنىۋېتىپ ئۇنىڭ پۇتى يارىلانغان. شۇڭا فاتىخ مۇسلىموف ئىيىنتالدا ئەكبەرلەرگە ھەمراھلىرىنى تونۇشتۇرۇۋاتقاندا، سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئالمۇتىدا داۋالانغاچ دەم ئېلىۋاتاتتى㊳.

ئەكبەر فاتىخ مۇسلىموفقا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قوراللىق قارشى تۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەندە، فاتىخ مۇسلىموف ئەكبەرگە جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى گىرىبىنكو دېگەن بىر رۇسنى تونۇشتۇرىدۇ. گىرىبىنكو بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن غۇلجا سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولغان. شېڭ شىسەي قولغا ئالماقچى بولغاندا فاتىخ مۇسلىموفلار بىلەن بىللە يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېلىپ، ئىيىنتالدا قورال - ياراغ سودىسى قىلىۋاتاتتى.

ئەكبەر گىرىبىنكو ئارقىلىق ساتارمەن بىلەن بىر ئاتقا بىر مىلتىق، 100 پاي ئوق تېگىشىشكە پۈتۈشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەكبەر، سىيىت، ناۋان ئۈچى دەرھال نىلقىغا قايتىپ، ئاتنىڭ غېمىنى قىلىدۇ. ئۇلار 10 ئات ئېلىپ ئىيىنتالغا كەلگەندە، فاتىخ مۇسلىموف قاتارلىقلار بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئاۋۋال يەنى 9 ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۆزلىرى تېگىشكەن قورال - ياراغلارنى

ئېلىپ ئىينىتالدىن يولغا چىقىپ كەتكەندى. بۇ دەل شىڭ شىسەي خىزمىتىدىن يۆتكىلىپ، شىنجاڭدىن كەتكەن كۈن ئىدى[40].

ئەكبەر، سىيىت، ناۋانلار گىربىنكو ئارقىلىق 14 ئاتقا بەش گېرمانكا مىلتىق، بىر ماۋزېر، 6 ساندۇق ئوق تىگىشىپ، ئۇلاستايىدىكى ئاققىساڭ دېگەن يەردە ئولتۇرۇشلۇق مولدا جاننىڭ چېدىرىغا چۈشىدۇ، بۇ ئۆيدە تاسادىپىي يالغۇز كەلگەن فاتىخ مۇسلىموف بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ ۋە مۇسلىموفنىڭ 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خەمىت، بايچۇرىن، نۇرى، هوشۇر، ئوسمانلار بىلەن 30 مىلتىق، ئىككى پىلىموتنى ئېلىپ يولغا چىققانلىقىنى، قورغاس تەۋەسىگە كىرگەندە گومىنداڭنىڭ قاراۋۇلخانىسىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانلىقىنى، ئۇرۇشتا خەمىت، بايچۇرىن، نۇرى، هوشۇر، ئوسمانلارنىڭ چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى، فاتىخ مۇسلىموفنىڭ يالغۇز قېلىپ، ساربۇلاق تېغىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، قورال - ياراغ ئارتىلغان ئاتنىڭ غۇلاپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەردار بولىدۇ[41].

ئەكبەر فاتىخ مۇسلىموفنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئىينىتالغا يەنە بېرىپ قورال - ياراغ ئېلىپ كەلمەكچى ۋە بايچۇرىن قاتارلىقلارنى تېپىپ، ئۇلارنى ئۇلاستايغا ئېلىپ كەلمەكچى بولىدۇ.

بۇ ئىش سىيىت بىلەن مولداجانغا تاپشۇرۇلىدۇ. سىيىت بىلەن مولداجان بىرمۇنچە ئات ئېلىپ، ئىينىتالغا بېرىپ، يەنە شۇ گىربىنكو ئارقىلىق يەتتە مىلتىق، 10 تاپانچا، 10مىڭ تال ئوق ئېلىپ ھەمدە بايچۇرىن، نۇر، ئوسمانلارنى تېپىپ، ئۇلاستايغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ناۋان غۇلجا شەھىرىدىن خەمىتنى تېپىپ كېلىدۇ. بۇ چاغلاردا، غېنى ئۇرۇمچى تۈرمىسىدىن غۇلجىغا قېچىپ كەپتۇ دېگەن گەپ تارقىلىدۇ. غېنى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ قاراباغ كەنتىدىن بولۇپ،

كۇچتۇگۇر، باتۇر، كۆپىنچە مىجەزى غەلىتە ئىدى. 1943 ـ يىلى ئوغرىلىق بىلەن قولغا ئېلىنىپ، كېيىن ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆتكەلگەن.

ئەكبەر بىلەن فاتىخ مۇسلىموف غېنىنى سېپىگە قوشۇۋالماقچى بولۇپ، ناۋاننى غۇلجىغا بېرىپ غېنىنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ، ناۋان غېنىنى تاپىدۇ. غېنى، ئەكبەر، فاتىخ مۇسلىموفلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلاب قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سېپىغا قوشۇلۇشقا دەرھال ماقۇل بولىدۇ ھەم ناۋان بىلەن ئۇلاستايغا كېلىدۇ.

فاتىخ مۇسلىموف، ئەكبەرلەرنىڭ ئۇلاستاي جىلغىسىغا جەم بولغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، ئەتراپتىكى كەنتلەردىن سىبانبەك، ساتقىنباي، مازاق، نۇرغالى قاتارلىق قول ئىلكىدە بار كىشىلەر كەينى ـ كەينىدىن ئۇلاستايغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ. سەپكە قوشۇلغانلارنىڭ ھەرىكىتى فاتىخ مۇسلىموف، ئەكبەرلەرنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش بىلەن بىرگە، نىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي نىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ئىۋاننىڭ بىر تۈركۈم ئاق ئورۇسنى باشلاپ ئۇلاستايغا كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. نىلقا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى بىر تەرەپتىن ئىلىدىن ياردەم سورىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئۇلاستايغا يىغىلغانلارنى قورشاپ يوقىتىشنى پىلانلايدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ساقچى ئىدارىسى ئۇلاستاينىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ماناپقان ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. سوراقتا ماناپقان ساقچى ئىدارىسىنىڭ يۈرۈش يولى ۋە ئۇلارنىڭ قوراللىنىش ئەھۋالىنى ئىقرار قىلىدۇ. شۇ كۈنى كەچتە فاتىخ مۇسلىموف، ئەكبەرلەر جىددىي يىغىلىش قىلىپ، ئۇلاستاي جىلغىسى ئېغىزىدىن كىرىدىغان ئەسكەرلەرگە ئاۋۋال ھۇجۇم

قىلىشنى قارار قىلىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سەھەردە 1 ـ يول بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغان ئەسكەرلەر جىلغا ئاغزىغا كەلگەندە يوشۇرۇنغان پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. ئۇ كۈنى قۇربان ھېيتنىڭ 1 ـ كۈنى بولغاچقا، ھېيت نامىزىغا توپلانغان چارۋىچىلار ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاتلىرىغا مىنىپ، چۇقان سېلىپ ياردەمگە كېلىدۇ، جەڭ تېزلا ئاياغلىشىدۇ. 13 مىلتىق، بىرمۇنچە ئوق غەنىيمەت ئېلىنىدۇ㊷. ئەمەلىيەتتە، ئۇلاستاي جىلغىسىدىكى بۇ ئۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى بۇ غەنىيمەتلەر بىلەنلا ئىپادىلىگىلى بولمايتتى. ئۇلاستاي جىلغىسىدا ياڭرىغان ئوق ئاۋازى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىش سىگنالى بولدى، مۇشۇ كۈندىن باشلاپ، ئىلىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى زىممىسىگە ئالغان تۇنجى پارتىزانلار ئەترىتى — نىلقا پارتىزانلار ئەترىتى بارلىققا كەلدى.

10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ليۇ بىندې ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىغا: «نىلقىغا ھۇجۇم قىلغان باندىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن تېگىشىپ كەلگەن سەككىز پىلىموت، 200 مىلتىق بار»㊸ دەپ تېلېگراممىا يوللىدى.

ليۇ بىندې بۇ تېلېگراممىسىدا فاتىخ مۇسلىموف، غېنى، ئىۋان (تېلېگراممىدا ئالېكساندېر دېيىلگەن) لارنىڭ ئىسمىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

ئۇلاستاي ئۇرۇشىدىن كېيىن، قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، فاتىخ مۇسلىموف باش قوماندان، ئەكبەر، خەمىت مۇئاۋىن باش قوماندان بولدى. قوماندانلىق شتابى پات ئارىدا نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئېلىشنى قارار قىلدى، نىلقا بازىرىنى ئېلىشتىن ئاۋۋال، غۇلجا ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدىغان مازار كەنتىدىكى ساقچىخانىنى ئېلىش، غۇلجىغا بارىدىغان تېلېفون سىمىنى ئۈزۈپ تاشلاش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي

شىمالىدىكى تاغ ئارىسىدىكى ئۆتكەلگە جايلاشقان ئاچال كەنتىنى ئىگىلەپ، جىڭ ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدىن ئۆتۈپ ياردەمگە كېلىشىنى توسۇش كېرەك ئىدى.

شۇ كۈنى يەنە سىيانبەك باشچىلىقىدىكى 20 ئادەم ئىيىنتالغا قورال ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلدى.

ئەتىسى ئەكبەر بىر پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ مازار كەنتىگە 2 كىلومېتىرچە كېلىدىغان سۇفتاي كەنتىگە كەلدى. مازار كەنتىنىڭ غەربىدە غۇلجىغا بارغىلى بولىدىغان بىرلا جىلغا ئېغىزى بار ئىدى، شەرقىدە كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك بولۇپ، سۇفتايغا تۇتىشاتتى، بۇ كەنت نىلقا ناھىيىسى بويىچە ئەڭ چوڭ دېھقانچىلىق كەنتى ئىدى.

مازار كەنتىدىكى ساقچىخانا ناھايىتى ئاددىي مۇداپىئە ئورنى بولسىمۇ، ئەكبەر باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئۇچۇن، تۈنجى قېتىم مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلغانغا باراۋەر ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئاۋۋال دۈشمەننى ھەيۋە بىلەن قورقۇتۇپ، ئاندىن قوراللىق يوقاتماقچى بولدى.

ئەكبەر قوشۇننى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۆزى ۋە سىيىت باشلىق بىر تارماقنى مازارغا كىرىپ ساقچىخانىغا بىۋاسىتە ھۇجۇم قىلىشقا، غېنى، ناۋان باشچىلىقىدىكى يەنە بىر تارماقنى مازار كەنتىنى ئايلىنىپ، غەربىي تەرەپتىكى جىلغا ئېغىزىغا بېرىپ، دۈشمەننىڭ غەربكە چېكىنىش يولىنى ۋە شەرق تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەمنى توسۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. غېنى قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن يەرگە بېرىپ تاڭ سەھەردە مىلتىق ئېتىپ بەلگە بېرىدىغان بولدى. لېكىن غېنىلار ئايلىنىپ ماڭغاچقا، تاڭ ئاتقىچە بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ بارالمىدى. بۇ چاغدا ساقچىخانىدىكى نۆۋەتچى ساقچىلار نەچچە ئاتنى يېتىلەپ دەرياغا سۇغارغىلى چىقىپ، ئەكبەرلەرنى كۆرۈپ قالدى. ئەكبەر

ئامالسىزلىقتىن ئېتىشنى بۇيرۇق قىلدى. 1 - ئېتىشتا 3 ئات يىقىلدى، دۈشمەن ئاتلىرىنى تاشلاپ ساقچىخانىغا كىرىۋالدى(44).

بۇ ئۇرۇش بىر كۈن داۋام قىلدى، ئاخىرىدا دۈشمەن 15 - 16 ئۆلۈكنى تاشلاپ، غۇلجا تەرەپكە قاچتى. بۇ چاغدا زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ 19 - پولكىدىن بىر باتالىيون ئەسكەر يەتتە ماشىنا بىلەن غۇلجىدىن مازار ساقچىخانىسىغا ياردەمگە كېلىۋاتاتتى. ئۇلار مازار كەنتىدىكى جىلغا ئېغىزىغا كەلگەندە ماشىنىدىن چۈشۈپ جەڭگە كىرىشتى، ئۇلار زىچ ئوت كۈچى بىلەن پارتىزانلارنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ مازار كەنتىدىن ئۆتۈپ، نىلقا بازىرىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. كەچتە بۇ قىسىم چوڭ قاراسۇ كەنتىدىكى ئىككى باينىڭ ئۆيىگە چۈشتى. كېچىدە ئەكبەر پارتىزانلارغا قوماندانلىق قىلىپ، ئىككى قورۇدىكى بېسىپ قويۇلغان بېدىگە ئوت قويۇۋەتتى. پارتىزانلار ئوت كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قورۇنىڭ تۆت تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئەتراپتىكى خەلق ئاممىسى چۇقان سالدى. قورۇدىكى دۈشمەنلەر نېمە ئىش بولۇپ كەتكىنىنى بىلەلمەي، پاتپاراق بولۇشۇپ، مازار كەنتكە چېكىندى، ئاندىن غۇلجىغا چېكىنىپ كەتتى.

پارتىزانلار مازار ۋە چوڭ قاراسۇ كەنتىدىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئەكبەر قورال - ياراغنىڭ قىسلىقىنى، جۈملىدىن ھەقىقىي ئۇرۇش قىلالايدىغانلارنىڭ تېخىمۇ ئازلىقىنى ھېس قىلىپ، فاتىخ مۇسلىموفقا ئازراق ئادەمنى مازار كەنتىنى قوغداشقا قالدۇرۇپ، قالغان پارتىزانلارنى ئۇلاستايدا تەربىيىلەشنى تەكلىپ قىلدى. فاتىخ مۇسلىموف بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆردى، ئەكبەر كۆپچىلىك پارتىزاننى باشلاپ ئۇلاستايغا قايتتى. 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئېيىنتالغا قورال ئېلىشقا كەتكەن سىبانبەك باشلىق 20 ئادەم 10 مىلتىق، 10 مىڭ تال

ئۇق ئېلىپ ئۇلاستايغا قايتىپ كەلدى(45).

سىبانبەكلەر قورال - ياراغلار ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى فاتىخ مۇسلىموف، ئەكبەرلەرگە ئىشەنچ ئېلىپ كەلگەنىدى، چۈنكى سىبانبەك بىلەن قورال - ياراغ ئېلىشقا كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەردىكى داڭلىق ئۇۋچىلار ئىدى. فاتىخ مۇسلىموف ۋە ئەكبەر بۇلارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئەتىسلا يەنى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى.

نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئېلىش ئۇرۇشى توغرىسىدا بۇ ئۇرۇشقا باشتىن - ئاخىر قاتناشقان قۇربان ئېلى ئوسمانوف مۇنداق دەيدۇ: «10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېچىسى 500 چە پارتىزان تەرەپ - تەرەپتىن يولغا چىقىپ، نىلقا ناھىيە بازىرىغا يېقىنلاشتى، 500 - 600 دىن كۆپرەك خەلق ئاممىسى قوشۇنىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، چۇقان - سۈرەن سېلىپ پارتىزانلارغا ماسلىششقا تەييارلاندى. 21 - كۈنى سەھەردە پارتىزانلار تەرەپ - تەرەپتىن ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ يەردىكى ئەسكەر - ساقچىلار ئانچە كۈچلۈك بولمىسىمۇ، بىرقەدەر مۇستەھكەم ئىستىھكاملىرىغا تايىنىپ كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇرۇش بىر سوتكىغا يېقىن داۋام قىلدى، پارتىزانلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى ئىشغال قىلدى، ھاكىم بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە كىرىۋالدى. پارتىزانلار ئەكبەر بىلەن خەمىتنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ قورۇ تاملىرى بەش مېتىرچە ئېگىز بولۇپ، يەنە 15 مېتىرچە ئېگىزلىكتە ئىككى پوتەي قۇرۇۋالغانىكەن. ئۇلار بۇ پوتەيلەردىن ئۇزۇلدۇرمەي ئوق ياغدۇرۇپ بوي بەرمىدى. بۇنداق جىددىي شارائىتتا خەمىت بىر نەچچە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى پوتەي تۈۋىگە ئۆمىلەپ بېرىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىغا كىرىشنى

چېچىپ ئوت قويدى. لېكىن دەرۋازا ئىچى تەرەپتىن قۇم خالتىلىرى بىلەن ئېتىۋېتىلگەنلىكتىن ئوت ئانچە ئۇلغىيالمىدى. بۇ چاغدا دۈشمەن پوتەيدىن ئۈچ گرانات تاشلىدى. خەمىت ئىككى تال گراناتنى قايتۇرۇپ ساقچى ئىدارىسى قورۇسىغا تاشلىدى، بىراق 3 - قېتىم چۈشكەن گرانات خەمىتنىڭ يېنىدا پارتلاپ كېتىپ، خەمىت ئېغىر يارىلاندى، يولداشلىرى ئۇنى قورۇننىڭ كەينى بىلەن شتابىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالغا ئەكبەر ۋە باشقا سەبداشلىرى قاتتىق ئېچىندى ۋە ئۇنى بىرنەچچە كىشى بىلەن ئۇلاستايغا يولغا سالدى. خەمىت 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋاپات بولدى.

بازار ئىچىدە جەڭ قىلىۋاتقان ئەكبەر، سىيىت، غېنى، ئىۋانلار كۆپچىلىكنى باشلاپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئەتراپىدىكى قورۇلارنىڭ تاملىرىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ساقچى ئىدارىسى بىلەن تۇتاشقان كۇلۇبقا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. كۇلۇبتىكى دۈشمەنلەر بەرداشلىق بېرەلمەي ساقچى ئىدارىسىگە چېكىندى، غەيرەتكە كەلگەن پارتىزانلار بىر ھۇجۇم بىلەنلا ساقچى ئىدارىسىنى ئالدى ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ كوچا تەرەپتىكى پوتىيىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. يەنە بىر پوتەيدىكى دۈشمەنلەر شۇ ھامان ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولدى»㊻.

پارتىزانلار ئىلى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ جۇڭمىڭ، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئامانلىق ساقلاش 4 - پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى شى خەيشەن ۋە پارتىزانلار بىلەن قارشىلاشقان قاناتبېكنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلىدى. قازاق مۆتىۋەرلىرىدىن ئۇبۇلخەيرى تۆرە، نۇسۇپقان كۈنبىيلارنى تۇرمىدىن قويۇۋەتتى㊼.

نىلقا ناھىيە بازىرى پارتىزانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، فاتىخ مۇسلىموف بىلەن ئەكبەر ئۆزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان پارتىزانلارنى ئۈچ ئەترەتكە ئايرىدى. ئەكبەر 1 -

ئەترەتكە باشلىق، ئىنىسى سىيىت مۇئاۋىن باشلىق، غېنى 2 ـ ئەترەتكە، ئىۋان 3 ـ ئەترەتكە باشلىق بولدى، پارتىزانلار تەخمىنەن 800 گە يەتتى ⑱.

10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە 19 ـ پولكىنىڭ 2 ـ باتالىئونى بۆيرۈق بويىچە نىلقا ناھىيە بازىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ماڭدى. بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، فاتىخ مۇسلىموف بىلەن ئەكبەر پارتىزانلارنى مازارنىڭ شەرقىنى بويلاپ ئىككى سەپ قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى، يەنە بىر مۇنچە پارتىزانلارنى ئاچالغا ئەۋەتىپ، دۈشمەننىڭ جىلغ تەرەپتىن كېلىدىغان ياردىمىنى توستى.

ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، مازارنىڭ شەرقىگە جايلاشقان غېنى، ئىۋانلار بىرنەچچە قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، تاغ ئارىسىغا چېكىندى. ئاچالنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان ئەكبەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۇلاستاينى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن قايتىپ كېتىۋېتىپ ئېغىر يارىلاندى. زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىنىڭ 19 ـ پولك 2 ـ باتالىئونى شۇ كۈنى نىلقا ناھىيە بازىرىغا كىردى.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پارتىزانلار قوماندان ئەكبەرنىڭ جاراھىتىنى داۋالاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقاندا، غۇلجىدىكى ئازادلىق تەشكىلاتى ئادەم ئەۋەتىپ، فاتىخ مۇسلىموف، ئەكبەرلەردىن غۇلجىنى بىرلىكتە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. فاتىخ مۇسلىموف بۇ خەۋەرنى سىيىت، غېنى، بايچۇرىن، ئىۋان، ناۋان، سىبانبەكلەرگە يەتكۈزدى. كۆپچىلىك غۇلجىغا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشقا بىردەك ماقۇل بولدى ھەم بۇ خەۋەرنى خەلق ئاممىسىغا ھەدەپ تەشۋىق قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەھەردە بىر تۈركۈم پارتىزانلار بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، قاراسۇدىكى دۈشمەنلەرگە ئۆۋەتلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئورنىدىن قوزغىلىشقا

ئىمكانىيەت بەرمىدى. كۆپ ساندىكى پارتىزانلار شۇ كېچىسى ئۇن ـ تىنىسىز غۇلجىغا يۆتكەلدى ھەم 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى غۇلجىغا ھۇجۇم باشلىدى ㊾.

## 4. «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» ㊿ نىڭ قۇرۇلۇشى

فاتىخ مۇسلىموف، ئەكبەرلەرنىڭ ئۇلاستاي جىلغىسىدىكى تۇنجى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، تېزلا غۇلجىغا يەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، زور تۈركۈمدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋە ساقچىلار ئاپتوموبىل بىلەن ئىلىقىغا بېرىپ ئۇرۇش قىلىپ، ئاپتوموبىللىرىنى جەسەت ۋە يارىدارغا لىق توشقۇزۇپ، مەغلۇبىيەت بىلەن غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. بۇلار فاتىخ مۇسلىموف، ئەكبەرلەر قىلغان قوزغىلاڭنىڭ غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەرنى يەنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈردى.

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى جۇ شاۋلياڭ زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىنىڭ شتاب باشلىقى ساۋرىلىگىنى تولۇق ھوقۇق بىلەن غۇلجىدىكى ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. ساۋرىلىڭ ھەربىي قائىدە بويىچە ئىلقا قوزغىلاڭچىلىرىنى قورشاپ يوقىتىش پىلانىنى تۈزدى. بىراق ئۇ بۇ پىلانىنى دەگسەپ بولغۇچە، 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئىلقا پارتىزانلىرى ئىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن غۇلجىنىڭ شەرقىدىكى ناھىيىلەر كەينى ـ كەينىدىن پاراكەندىچىلىككە چۆمدى.

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ۋۇ جوڭشىن ھاپىلا ـ شاپىلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە مالىيە نازىرى دىڭ خەيشياڭ باشچىلىقىدا، شىبەلەردىن چىققان ئوقۇمۇشلۇق زات

گۇاڭ لۇ، ئۇجالا ساراچۇن قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن «غۇلجا ھال سورىغۇچىلار ئۆمىكى» تەشكىللەپ، غۇلجىغا ئەۋەتتى. دېڭ خەيشياڭ قاتارلىقلار غۇلجىدا توققۇز كۈن تۇردى، بۇ دەل غۇلجىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشنىڭ ئالدىنقى كۈنلىرى ئىدى. دېڭ خەيشياڭ غۇلجىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئەتىسى غۇلجىدىكى ھەر مىللەت ئاقساقاللىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يىغىلىپ، پېقىرنى كۈتۈۋالدى، ئۇلار پولۇ تارتتى، شۇ چاغدا غۇلجا ھەربىي قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى ساۋرىلىنىڭ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 2 پولكىنىڭ باشلىقى پېڭ xx، جياڭ xx ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋۋېي، ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىندې، غۇلجىدىكى شىبە ئاقساقىلى گۇاڭ لۇ ئەپەندى (ھازىر قانۇن تۇرغۇزۇش ئەزاسى) قاتارلىقلار تەكلىپ بويىچە كېلىپ ماڭا ھەمراھ بولدى. زىياپەت داۋامىدا مەن سەمىمىيلىك بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ چېگرا رايون ئاھالىلىرىگە بولغان غەمخورلۇقىنى، قوماندان جۇ شاۋلياڭ بىلەن رەئىس ۋۇ جۇڭشىننىڭ مەركەزنىڭ قوشنا ئەللەر بىلەن ئەپ ئۆتۈپ، چېگرىنى تىنىچلاندۇرۇش سىياسىتى توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقىنى جاكارلىدىم ھەمدە ئۈچ مەسلىكنى ئىزاھلاپ ئۆتتۈم، يەنە شۇ يەردىكى ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا قاراپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇشى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بولۇشىنى تەكىتلىدىم. يىغىنغا قاتناشقان ئامما قىزغىن ئالقىشلىدى، ئالقىشتىن تام - تورۇسلار تىترەپ كەتتى. تاماقتىن كېيىن مەشرەپ بولدى. ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بويىچە، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلىنى كۆردۈم، بىز كەچ سائەت 10 دا تارقىدۇق. ئەتىسى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ھەر مىللەت ۋەكىللىرىگە زىياپەت بەردىم، ئۇلاردىن خەلقنىڭ ئازاب چېكىش ئەھۋالىنى سورىدىم، زىياپەت داۋامىدا ۋەكىللەر 10

نەچچە يىلدىن بۇيان زوراۋان ھۆكۈمەتنىڭ دەستىدىن چەككەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن كۈتكەن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى، ئۇلار مېنىڭ يۇمشاق - تاتلىق سۆزلىرىمدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. غۇلجىغا كەلگەن 5 - كۈنۈمدە مەمۇرىي مەھكىمىدە ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىنى، ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى يىغىپ، مەمۇرىي يىغىن ئاچتىم. ھاكىملار ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي دوكلات قىلدى. ئىلقىنى باندىتلار بېسىۋالغانىنى، ئۇ يەرنى دۆلەت ئارمىيىسى قورشاۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ناھىيىلەر تىپتىنچ بولۇپ، ھېچقانداق مالىمانچىلىق ئالامىتى يوق ئىكەن. مەن غۇلجىدا توققۇز كۈن تۇردۇم، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋۋېي ۋە ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىندې بىلەن ھەر كۈنى مەمۇرىي مەھكىمىدە بىر قېتىم باش قوشتۇق، ئۇلار ھەر قېتىمدا، كىشىلەر خاتىرجەم يۇرۇشمەكتە، جەمئىيەت تىنچ، ئاشلىق باھاسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە چۈشۈۋاتقانلىقى بۇلارنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، دېيىشتى. شەخسەن ئۆزۈممۇ ھەر كۈنى بىر قېتىم بازارلارنى ئارىلاپ، تىجارەتچىلەرنىڭ ئادەتتىكىدەكلا كېلىپ - كېتىپ يۈرگىنىنى كۆردۈم. بەزىدە يېرىم كېچىدە كاتىپىم بىلەن كوچا - كويلارنى ئايلاندىم، يەنىلا جىمجىت، ھېچقانداق ۋەھىمە يوق ئىدى. 8 - كۈنىگە كەلگەندە گاۋۋېي مەھكىمىگە كېلىپ: «ئاشلىق ئەسلى باھاسىغا چۈشتى، جايلارنىڭ تەرتىپىدىمۇ چاتاق يوق» دېدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئەتىسى ئۆلكىگە قايتىشنى قارار قىلدىم. ماڭار چاغدا شتاب باشلىقى ساۋرىلىڭ كېلىپ: «بۇيرۇق بويىچە ئىلقىغا بېرىپ باندىتلارنى يوقىتىشقا ھازىرلا ئاتلىنىمەن. باندىتلار 500 دىن ئاشمايدىكەن، ئۇلارغا دەھشەتلىك زەربە بېرىپ، نەچچە كۈن

ئىچىدىلا تازىلاپ بولىمەن، قوماندان جۇ شاۋلياڭ خاتىرجەم بولسۇن، ماڭا ۋاكالىتەن دوكلات قىلىپ قويۇڭ،» دېدى[51].

ساۋرىلىك شەرققە يۈرۈش قىلىپ ئىلقىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشتا ئانچە - مۇنچە غەلىبە قىلدى، بىراق غۇلجا قوزغىلىڭىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان كىشىلەر بۇ ئىشتىن غۇلجىدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ شەرققە يۆتكەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بىلىۋالدى. دېڭ خەيشياڭ غۇلجىدىن ئايرىلىپ 2 - كۈنى، يەنى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى غۇلجىدىكى چوڭ - چوڭ كوچىلاردا تۈيۈقسىز تەشۋىقات ۋەرەقلىرى پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭدىكى تەشۋىقات سۆزلىرى ئىنتايىن كەسكىن ھەم ئاشكارا بولۇپ، خەنزۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىل بولايلى، مۇسۇلمانلار بىرلىشەيلى دېگەندەك مەزمۇنلار مانامەن دەپلا تۇراتتى [52].

مۇناسىۋەتلىك ئاخباراتلار ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىۋاتقان مەزگىللەردە، جىمىنەي، بۇرچىن، ئالتاي قاتارلىق جايلار ئارقا - ئارقىدىن پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ھەتتا ئۈرۈمچىگە ئانچە يىراق بولمىغان فۇكاڭنىمۇ ۋەھىمە قاپلاپ كەتتى. «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» نىڭ ئاپتورى جۇ دۇڭجياۋ يەكۈنلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ كۈچى چەكلىك، ئەمدى ئىلى ۋىلايىتىگە ياردەم بېرىدىغانغا ئارتۇق كۈچ يوق» [53].

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىغا : «غۇلجىدا قوزغىلاڭ پارتلاش ئالدىدا تۇرماقتا، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان قورال - ياراغ شەھەرگە يۆتكەپ بولۇندى»[54] دەپ جىددىي تېلېگرامما يوللىدى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سەھەردە ئىلقا پارتىزانلىرى بەلگىلەنگەن ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى، ئۇلار غۇلجا شەھىرىگە شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشنى

كېلىشىۋالغانىدى. ئۇرۇش باشلانغاندا نىلقا پارتىزانلىرى غۇلجىغا غەرب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدىغان سۇيدۇڭ، قورغاس پارتىزانلىرىنىڭ يېتىپ كېلەلمىگەنلىكىنى بايقىدى. نەتىجىدە نىلقا پارتىزانلىرى ئېغىر قارشىلىقتا دۇچ كەلدى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۈزلۈكسىز قايتۇرما زەربە بېرىش بىلەن بىرگە، ئايروپىلان بىلەن پارتىزانلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئوققا تۇتتى ۋە بومباردىمان قىلدى. سىيىت پارتىزانلارنى چېكىنىپ، ئەتراپتىكى كەنتلەرگە تارقىلىپ يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇدى. نىلقا پارتىزانلىرى چېكىنىشكە تەييارلىنىۋاتقاندا غېنى پارتىزانلىرى بىلەن قارادۆڭ ساقچىخانىسىغا (رايونلۇق شۆبە ئىدارىسىگە) بېسىپ كىرىپ، فاتىخ مۇسلىموفنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى قۇتقۇزۇپ چىقتى[55]. بۇ ئويلىمىغان يەردىن گومىنداڭ ئارمىيىسى ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان تۇنجى جاي بولۇپ قالدى.

سىيىت باشچىلىقىدىكى نىلقا پارتىزانلىرى كۈتكەن قورغاس، سۇيدۇڭ پارتىزانلىرى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يېرىم كېچىدە ئاران غۇلجىنىڭ غەربىگە يېتىپ كەلدى. قورغاس، سۇيدۇڭ پارتىزانلىرى دېيىلگەنلەر ئابدۇكېرىم ئابباسوف سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشلاپ كەلگەنلەر يەنى ئىلگىرى ئىلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن 60تەك ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ياشلىرى ئىدى [56]. ئۇلارنىڭ قوراللىرى خىل ئىدى. ئۇلار بىللە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئەمەلدارى پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندىروفمۇ كەلگەنىدى [57].

ئابدۇكېرىم ئابباسوف شۇ يىلى 10 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشچىلىقىدىكى بۇ قوشۇن غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن، غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى قوماندانلىق شتابىمۇ غەربىي شاخىزىدىن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىلىدىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىسمائىل مۇسابايوفنىڭ

قورۇسغا كۆچۈرۈلدى. 8 ـ كۈنى ئەتىگەندە ئابدۇكېرىم ئاباسوف باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى ئەتراپىغا مۆكۈپ تۇردى. ليۇ بىنديې پىكاپى بىلەن كېلىۋاتقاندا پارتىزانلار ئۇنى ئېتىۋەتتى. مۇشۇ سىگنال بىلەنلا ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە ج خ ئىدارىسى ئەتراپىدا مۆكۈنۈپ تۇرغان پارتىزانلار ئاشۇ ئىككى ئورۇننى نىشانلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى.

نىلقا پارتىزانلىرى ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ غۇلجىغا كىرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قايتىدىن جەم بولۇپ، 8 ـ چىسلا شەرق تەرەپتىن غۇلجىغا كىرىپ، قوماندانلىق شتاب، مەمۇرىي مەھكىمە، سودا شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئايدىڭلاشتى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى مۇداپىئە قىلىۋاتقان جايلار كەينى ـ كەينىدىن پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى، گومىنداڭنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى ۋە ساقچىلىرى غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى ھاۋا ئارمىيە تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتى، ئايرودروم ۋە لياڭشياڭ بۇتخانىسىغا تىقىلىپ قالدى.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى يىغىن ئېچىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى تۆۋەندىكى 14 كىشىدىن تەركىب تاپتى: (1) ئېلىخان تۆرە، (2) ھاكىمبەگ خوجا، (3) ئۇبۇلخەير تۆرە، (4) ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىم (5) پۇجې (موڭغۇل)، (6) كېرىم ھاجى داۋۇزوف (خۇيزۇ)، (7) چاڭ باقشى (يەنى چاڭ سەي، شىبە)، (8) ۋەققاس ھاجى مىرشانوف (تاتار)، (9) رەھىمجان سابىرھاجى، (10) مۇھەممەتجان مەخسۇم، (11) سالجانباي باباخان (ئۆزبېك)، (12) ھەبىب يۇنىچى (تاتار)، (13) ئەنۋەر مۇسابايوف، (14) ماسكاليوۋىچ

(رۇس)؛ ئېلىخان تۆرە رەئىسلىككە، ھاكىمبەگە خوجا 1 ـ مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئۆبۇلخەير تۆرە 2 ـ مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىم باش كاتىپلىققا سايلاندى (58).

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت شۇ كۈنى 1 ـ نومۇرلۇق قارار ماقۇللىدى: (1) ئىلگىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تەئەللۇق بولغان مال ـ مۈلۈكلەرنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىسىز ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ (2) پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ كېيىمنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەستىقلىغاندىن كېيىن، باش شتاب تارقىتىدۇ. (3) ھەبىب يۇنىچى مائارىپ نازارىتىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ (5) ئۆبۇلخەير تۆرە چارۋىچىلىق نازارىتىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ (6) سالجانباي باباخان دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ـ سۇچىلىق نازارىتىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ (7) ئابدۇلمۇتالى خەلپىتىم دىنىي ئۆلىمالاردىن دىنىي ئىشلار نازارىتى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ (8) مۇھەممەتجان مەخسۇم ئالىي سوت تەشكىللەشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ (9) ترانسپورت بېجى، ئۆي بېجى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بېجى يېڭى چارە بويىچە ئېلىنىدۇ، باشقا باجلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ چارىلىرى بويىچە ئېلىنىدۇ؛ (10) جۇڭگو ھۆكۈمىتى مۇسادىرە قىلىنىۋالغان شەخسىي ئۆي ـ جايلار ۋە مال ـ مۈلۈكلەر ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ (59).

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئورگان گېزىتى — «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتخانىسى قۇرۇلۇپ، شۇ كۈنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە ۋە خەنزۇچە (خەنزۇچىسى ئەركىن شەرقىي تۈركىستان دېيىلگەن) تۇنجى سان چىقىرىلدى، ھەبىب يۇنىچى گېزىتخانا باشلىقلىقىغا قويۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتى قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، ھەبىب يۇنىچىنى

نازىرلىقى، سەيپىدىن ئەزىزىنى مۇئاۋىن نازىرلىققا تەيىنلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئىلىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ يېڭى كۆلەمگە ئىگە بولدى. شۇ كۈنى، يەنى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پارتىزانلار ئۈرۈمچى ـ غۇلجا تاشيولىدىكى ئۆتكەل — تەلكە داۋىنىنى قولغا ئېلىۋالدى، ئارقىدىنلا غۇلجىنىڭ غەربىدىكى قورغاس، سۈيدۈڭ، كۈرەلەرنى قورشىۋالدى.

سۈيدۈڭ شەھىرىنى ئېلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ياسىن خۇدا بەردى مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ھەربىي قورال ـ ياراغلىرىمىز گەرچە ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، قىلىچ، نەيزە، كالتەك ـ چوماقلار بىلەن قوراللانغان پارتىزانلىرىمىزنىڭ سانى بىرقانچە مىڭغا يېتەتتى. شەھەر ئىچىدىكى ھەربىيلەر ۋە ساقچىلار 100 گىمۇ يەتمەيتتى. شۇڭا شەھەرنى بىرلا ھۇررا بىلەن بىر سائەت ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىۋېتىشكە بولاتتى. لېكىن بىز شەھەر ئىچىدە خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ كۆپلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ (6000 دەك خەنزۇ ئاھالىسى بار ئىدى)، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە شەھەرنى سوقۇشماستىن تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشقا چارە ـ تەدبىر ئىزدىدۇق. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى سۆھبەتلىشىشكە كۆپ قېتىملاپ دەۋەت قىلدۇق، شەھەر ئىچىگە ئارقا ـ ئارقىدىن تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقاتتۇق. گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى قوماندانلىق شتابىغا خەت يازدۇق ھەم ئۈچ نۆۋەت ۋەكىل ئەۋەتتۇق. بىرىنچى قېتىم ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر ئىچىدە لوسىگۈللۈق يۈتەيشاڭ ئىسىملىك بىر خەنزۇ، سۈيدۈڭدىن شاياخۇن، سايىت شاڭزۇڭ قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى بار ئىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋەكىللىرىمىزنى شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرگۈزمىدى، تېخى سېپىل ئۈستىدىن ۋەكىللىرىمىزگە ئوق چىقاردى. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەسۇم شاڭيو بىلەن ئىككى نەپەر خەنزۇنى ۋەكىل

قىلىپ ئەۋەتتۇق، ۋەكىللىرىمىز شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىشىغىلا ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، شەھەر ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى (شەھەر ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، گومىنداڭچىلار مەسئۇم شاڭيۇنى ۋەھشىيلەرچە قىيناپ، تۈرمىدىكى 35 مەھبۇس بىلەن بىللە تامغا باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى مەلۇم بولدى). بىز يەنىلا گومىنداڭچىلارنىڭ سۆھبەتكە كېلىشىنى كۈتتۇق، خەت يازدۇق. ئەڭ ئاخىرىدا 3 ـ قېتىم بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتۇق. بۇلار قورغاسلىق خەنزۇ جاڭ جىنشەن، ليۇ جىخې، لى خۇيجاڭ ۋە يەنە بىر شىبەدىن تەشكىللەنگەنىدى. بۇ قېتىم ۋەكىللىرىمىزنى شەھەرگە كىرگۈزگەن بولسىمۇ، سۆھبەتلىشىش تەكلىپىنى قوپاللىق بىلەن رەت قىپتۇ. خەۋەر يەتكۈزۈشكە ۋەكىللىرىمىزدىن بىرىنىلا قويۇۋېتىپ قالغانلىرىنى قاماپ، ۋەھشىيلەرچە قىيناپتۇ. ھېلىمۇ گومىنداڭ سۇيدۇڭ ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گۇ مېڭلىڭ ۋە باشقا ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئۆيىدە يېقىپتۇ، شەھەر ئازاد قىلىنغىچە ئۇلار ۋەكىللىرىمىزگە ئوبدان غەمخورلۇق قىلىپ تۇرۇپتۇ» ⑥⓪.

شەھەرنى تىنچ يول بىلەن ئېلىش ئۇستىدە كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پارتىزانلار 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شەھەر سېپىلىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغا يېقىن بىر بۆلىكىنى پارتلاتقۇچ دورا بىلەن پارتلىتىپ، سۇيدۇڭ شەھىرىنى بىراقلا ئالدى. 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كۇرەدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پارتىزانلارغا تەسلىم بولدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، يەنى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پارتىزانلار قورغاس شەھىرىنى ئېلىپ بولغانىدى.

غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى مەمۇرىي دائىرىلەر ۋە ھەربىي قوماندانلىق مەركىزى جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ياردەمنى تېزدىن كۆپەيتىشنى قارار قىلدى ھەم تۆۋەندىكى تۆت

يۈنىلىش بويىچە غۇلجىغا يۈرۈش قىلماقچى بولدى: (1) ئۈرۈمچى — غۇلجا تاشيولى ئارقىلىق ئۇدۇل غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىگە بېرىش؛ (2) جىڭ ناھىيىسىدىن ئاچال دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبقا مېڭىپ، نىلقا ناھىيىسىدىكى ئاچال داۋىنىغا بېرىپ غەربكە بۇرۇلۇپ، غۇلجا شەھىرىگە شەرقتىن كىرىش؛ (3) قاراشەھەردىن چىقىپ، تەڭرىتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ، كۈنەس ناھىيىسىدىكى نارات داۋىنىغا كېلىپ، شەرقتىن غەربكە يۈرۈپ، غۇلجا شەھىرىگە شەرق تەرەپتىن كىرىش؛ (4) ئاقسۇدىن چىقىپ مۇزارت داۋىنى ئارقىلىق موڭغۇلكۈرەدىن ئۆتۈپ غەربكە بۇرۇلۇپ غۇلجا شەھىرىگە شەرق تەرەپتىن كىرىش.

بىراق بۇ پىلان يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئاقسۇ ۋە قاراشەھەردىن كېلىدىغان قوشۇن قار - شىۋىرغاننىڭ توسالغۇسىدا، ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ۋاز كەچتى. ئۈرۈمچى - غۇلجا تاشيولىدىن كەلگەن قوشۇن 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تەلكە داۋىنىغا كەلگەندە قاتتىق توساققا دۇچ كەلدى. پارتىزانلار تاغ ئارىسىدىكى بۇ بىردىنبىر تاشيولغا ئۇرغۇن شاخ - شۇمبىلارنى دۆۋىلەپ، ئۇنىڭغا سۇ چېچىپ مۇز توڭلىتىپ، مۇز توساق ھاسىل قىلغانىدى (61).

ئەھۋال مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكتىن، ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ نەزىرىدە غۇلجىدىكى گومىنداڭنىڭ قالدۇق ھەربىي، ساقچىلىرىنىڭ بىر مەھەللىك قارشىلىق كۆرسىتىشى پۈتۈنلەي ئۇرۇنسىز ئىدى. 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 4 - قېتىملىق ھەيئەتى توققۇز ماددىلىق «ھۆكۈمەت خىتابنامىسى» نى ماقۇللىدى: (1) شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا جۇڭگونىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش؛ (2) شەرقىي تۈركىستاندا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەرلىكى ئاساسىدا ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئىگە مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇش؛ (3) شەرقىي

تۇركىستان ئىقتىسادىنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاۋۋال سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە خۇسۇسىي سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛ (4) شەرقىي تۇركىستان خەلقىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، ئىسلام دىنىنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باشقا دىنلارنىمۇ ئىختىيارىغا قويۇۋېتىش ۋە قوغداش؛ (5) مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە ساقلىقنى ساقلاش ـ سەھىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ (6) دۇنيادىكى دېموكراتىك ئەللەر بىلەن، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ (7) شەرقىي تۇركىستاننىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىدىن كۈچلۈك بىر قوشۇن تەشكىللەش؛ (8) بانكا، پوچتا، تېلېفون، ئورمان ھەم بارلىق يەر ئاستى بايلىقى دۆلەتكە مەنسۇپ بولۇش؛ (9) دۆلەت خىزمەتچىلىرىدىكى شەخسىيەتچىلىك، بيۇروكراتلىق، مىللەتچىلىك، خىيانەتچىلىك ۋە چىرىكلىكتىن ئىبارەت ناچار ئىستىللارنى تۈگىتىش؛

بۇ ھۆججەتنىڭ لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغىچە قايتا ـ قايتا كېڭەشلىگەن. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قېتىمقى كۈرەشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىلغان ھەم ئوخشىمايدىغان پىكىرلەر ماسلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى، بۇ قېتىمقى كۈرەشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ۋەتەن دائىرىسىدە سىياسىي دېموكراتىيىنى، مىللىي باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، دەپ قارىغان؛ يەنە بىر قىسمى بۇ قېتىمقى كۈرەش ئارقىلىق چوقۇم جۇڭگودىن مۇستەقىل بولغان ھەم ئىسلام شەرىئىتى يولغا قويۇلغان ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقىشتا چىڭ تۇرغان. ئېلىخان تۆرە

قاتارلىقلار ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈۋالغاچقا، ئۇنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ۋەتەننى پارچىلاش ئىرادىسى يەنىلا بۇ خىتابنامىدە نامايان قىلىنغان.

1945 - يىل 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ھەربىي ۋەقە ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىغا ئۆزىنىڭ تېخى خەۋپتىن تەلتۆكۈس خالاس بولالمىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى 45 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى شيې يىفېڭ باشچىلىقىدىكى بىر پولك جىڭ ناھىيىسىدىكى ئاچال دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبقا مېڭىپ، تاغ يولى ئارقىلىق تۇيۇقسىزلا غۇلجا ناھىيىسىنىڭ پەنجىم كەنتى ئەتراپىدىكى پىلچى كېنىدا پەيدا بولۇپ، ئايرودرومنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ ھەربىي، ساقچىلىرى بىلەن بىرلەشمەكچى بولدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي، مەمۇرىي داھىيلىرى ئۇلارنى توسۇشقا جىددىي قوشۇن يۆتكىدى. ھاۋانىڭ قاتتىق سوغۇق بولۇشى، يەنە كېلىپ يول بويىدىكى پۇقرالارنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، گومىنداڭنىڭ ياردەمگە كەلگەن بۇ قوشۇنى غۇلجا شەھىرىگە 10 كىلومېتىر كەلمەيدىغان جايدا زەربە يەپ، كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ كەتتى ㊷.

ئايرودروم قاتارلىق جايلارنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، شىمال تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇن بىلەن بىرلەشمەكچى بولغاندا، ياردەمگە كەلگەن قوشۇن زەربە يەپ قايتىپ كەتكەنىدى، نەتىجىدە قورشاۋنى بۆسۈپ چىققان بۇ قوشۇننى پارتىزانلار سۈر - توقاي قىلىپ، ئاخىر ئومۇميۈزلۈك يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى گومىنداڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇق كۈچىمۇ تەلتۆكۈس تازىلاندى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەسلىدىكى ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدە ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى.

## پايدىلانمىلار

①تەھرىر بۆلۈم ئىلاۋىسى: «قانلىق بەدەل» ئالمۇتادا چىقىدىغان «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 1994 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى سانىنىڭ 3 ـ بېتىگە قاراڭ.

② ئابدۇكېرىم ماخمۇتوف: «موللا ئىسلام ئىسمائىلوف»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 27 ـ سان، 182 —، 186 ـ بەتلەر؛ جۇ دۇڭجياۋ: «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 183 ـ بەت؛ «دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ تارىخى»، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمى» 5 ـ سانىنىڭ 49 — 50 ـ بەتلىرىگە قاراڭ؛ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن.

③ مۇھەممەد قۇربان ئەزىزيارى: «جىمىنەيدە بولۇپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 26 ـ سان، 100 ـ بەت.

④ سەيپىدىن ئەزىزى: «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» لى جىچېڭ تەرجىمىسى، جۇڭخۇا تارىخ نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى، 14 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 18 —، 20 ـ بەتلەر.

⑥ 1995 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى ئۇيغۇر سايرانى بىلەن مۇشۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ليۇ جىشاۋنىڭ سۆھبەت خاتىرىسىگە قاراڭ.

⑦ «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» 41 ـ بەت.

⑧ «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» 41 ـ، 85 — 86 ـ بەتلەر.

⑨ سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (خەنزۇچە) جۇڭگو خۇاشيا نەشرىياتى 1993 ـ يىل نەشرى 296 ـ بەت؛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 6532 ـ بەت؛ «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» 47 ـ بەت؛

⑩ «ئۆمۈر داستانى» خەنزۇچە 269 ـ بەت.

⑪ «شىنجاڭدىكى 10 يىل» دېگەن كىتابتا «ئالتاي قازاق مىللىي گۈللەندۈرۈش ھەيئىتى» دېيىلگەن؛ پاتىخان سۇگۇربايوف «شىڭ شىسەيگە قارشى خەلق تەشكىلاتى» دېگەن؛ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 25 ـ سان، 175 ـ بەت؛ سەۋلەش دەلىلقان قىزى «شىڭ شىسەيگە قارشى خەلق گۇرۇھى» دېگەن، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 26 ـ سان، 147 ـ بەت.

⑫پاتىخان سۇگۇربايوف: «ئوسمان ئىسلام»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 29 ـ سان، 1 ـ، 14 ـ بەتلەر.
⑬سەۋلەش دەلىلقان قىزى: «ئاتام دەلىلقان سۇگۇربايوف توغرىسىدا» «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 26 ـ سان، 129 ـ، 131 ـ بەتلەر.
⑭ھاكىم شېرىپ: «تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابى توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 23 ـ سان، 50 ـ بەت؛ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 3 ـ سان، 25 ـ بەت.
⑮ئابدۇقادىر توختاروف: «گېنېرال ئىسھاقبەگ توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 23 ـ سان، 263 ـ، 279 ـ بەتلەر.
⑯«تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابى توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 23 ـ سان، 3 — 53 ـ بەتلەر.
⑰ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 6532 ـ بەت.
⑱ «ئۇمۇر داستانى» (خەنزۇچە) 294 ـ بەت.
⑲ ئابدۇرەئوپ مەخسۇم ئىبراھىم: «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىدىن ئەسلىمىلەر»، «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 1995 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى سانى.
⑳ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 6161 ـ بەت.
㉑ «ئوسمان ئىسلام»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 29 ـ سان، 15 ـ بەت.
㉒ يۇقىرىقى كىتاب، 17 ـ بەت.
㉓ «تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابى توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 23 ـ سان، 50 ـ بەت.
㉔ چىن لى: «غۇلجا ۋەقەسىدىن خاتىرە» 1948 ـ يىلى شاڭخەي گەيزاۋ (ئىسلاھات) نەشرىياتى نەشرى، 8 ـ بەت.
㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 8 —، 10 ـ بەتلەر.
㉖ يۇقىرىقى كىتاب، 9 ـ بەت.
㉗ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 5457 ـ بەت.
㉘ يۇقىرىقى كىتاب، 6448 ـ بەت.

㉙ يۇقىرىقى كىتاب، 5529 ـ، 5530 ـ بەتلەر.

㉚ جاڭ جيې: «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى» شاڭخەي جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى مىنگونىڭ 34 ـ يىلى نەشرى، 47 ـ، 48 ـ بەتلەر؛ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 5553 ـ بەت.

㉛ «غۇلجا ۋەقەسىدىن خاتىرە» 12 ـ بەت.

㉜ يۇقىرىقى كىتاب، 15 ـ بەت.

㉝ يۇقىرىقى كىتاب، 14 ـ، 15 ـ، 16 ـ بەتلەر.

㉞ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 6260 ـ بەت.

㉟ «غۇلجا ۋەقەسىدىن خاتىرە» 16 ـ بەت.

㊱ «ۋۇ جۇڭشىننىڭ نۇتقى» مىنگونىڭ 33 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى «شىنجاڭ گېزىتى» گە قاراڭ.

㊲ قۇربان ئېلى ئوسمانوف: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 16 ـ سان، 260 ـ بەت.

㊳ سەيدۇللا سەيپۇللايوف بىلەن ئاپتور ليۇ جىشياۋنىڭ 1995 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈندىكى سۆھبەت خاتىرىسىگە قاراڭ.

㊴ «غۇلجا ۋەقەسىدىن خاتىرە» 24 ـ بەت.

㊵ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە ئەسلىمە» «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 16 ـ سان، 262 ـ بەت.

㊶ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 6258 ـ بەت.

㊷ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 16 ـ سان، 267 ـ بەت. «شىنجاڭدىكى 10 يىل» 187 ـ بەت.

㊸ «شىنجاڭدىكى 10 يىل» 187 ـ بەت.

㊹ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 6261 ـ بەت، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىش ھەققىدە ئەسلىمە» 268 ـ بەت.

㊺ يۇقىرىقى كىتاب، 269 ـ، 271 ـ بەتلەر.

㊻ يۇقىرىقى كىتاب، 273 ـ، 275 ـ بەتلەر؛ نىلقا ناھىيە بازىرىنىڭ ئېلىنغان ۋاقتى توغرىسىدا ھەر خىل قاراش بار. (خەنزۇچە) «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» نىڭ 23 ـ بېتىدە 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى؛ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى»

نىڭ 6262 - بېتىدە 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى؛ «غۇلجا ۋەقەسىدىن خاتىرە» نىڭ 17 - بېتىدە 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى؛ ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 16 - سانىنىڭ 73 - بېتىدە 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى؛ خەنزۇچە «ئۆمۈر داستانى» نىڭ 300 - بېتىدە 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دېيىلگەن. قۇربان ئېلى ئوسمانوف نىلقا قوزغىلىڭىغا باشتىن - ئاخىر قاتناشقان، ئىنقىلاب باشلانغان يىلى ئۇ ئۇلاستاي باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتىلگەن. ئىنقىلاب بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1945 - يىل 10 - ئايدا مۇخبىرلىق سالاھىيىتى بىلەن شۇ ئىش توغرۇلۇق فاتىخ موسلىمۇفنى زىيارەت قىلغان. شۇڭا بۇ كىتابتا قۇربان ئېلى ئوسمانوفنىڭ خاتىرىسىنى ئاساس قىلىپ، نىلقا ناھىيە بازىرىنىڭ ئېلىنغان ۋاقتىنى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قىلىپ بېكىتتۇق.

㊼ «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 6262 - بەت.

㊽ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (خەنزۇچە) 25 - بەت.

㊾ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە ئەسلىمە». 283 - بەت.

㊿ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (خەنزۇچە) نىڭ 35 - بېتىدە ئېلىنغان تەرجىمىسى ئاساس قىلىندى.

(51) مۇشۇ كىتابنىڭ 52 - بېتىدىكى ئىزاھاتىغا قاراڭ.

(52) «شىنجاڭدىكى 10 يىل» 190 - بەت.

(53) يۇقىرىقى كىتاب، 189 - بەت.

(54) يۇقىرىقى كىتاب، 190 - بەت.

(55) «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە ئەسلىمە» 284 - بەت.

(56) «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىدىن ئەسلىمىلەر»

(57) «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (خەنزۇچە) 31 - بەت.

(58) «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىدىن ئەسلىمىلەر».

(59) «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (خەنزۇچە) 39 - بەت.

(60) ياسىن خۇدا بەردى: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە» «شىنجاڭ

تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 16 ـ سان، 34 ـ، 36 ـ بەتلەر.

⑥①ساۋدانوف زاھىر: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت ئەھۋاللار ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 16 ـ سان، 77 ـ بەت.

⑥② ساۋدانوف زاھىر: «5 ـ كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى» (خەنزۇچە) جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى نەشرىياتى 1989 ـ يىل نەشرى، 15 ـ بەت.

# 2 ـ بۆلۈم ماناس دەرياسى بويىدا

## 1. شىمالىي يۆنىلىش ئۇرۇشى

قوزغىلاڭچىلار 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە بولغان قىسقىغىنە ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىلا ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى مۇھىم جايلارنى ئىگىلەپ بولدى. غەلىبە مېۋىسىدىن ئىلھاملانغان قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملىق سىلجىتىشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەربىي ئىشلار تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. 1945 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مىللىي ئارمىيە قۇرۇشنى قارار قىلىپ، ئەسلىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى قوماندانلىق شتابىنى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىغا ئۆزگەرتتى، باش شتاب قارمىقىدا ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى، سىياسىي بۆلۈم، ھەربىي سوت مەھكىمىسى، ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا پالىنوف (رۇس) مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، زۇنۇن تېيىپوف مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا، ماژاروف (رۇس) شتاب باشلىقلىقىغا، پەخىردىن خوجا رەسۇلوف ھەربىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئابدۇغوپۇر سابىر ھاجى ھەربىي

تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشلىكىگە، رازىيوف داموللا ئارمىيە ئىچىدىكى دىنىي ئىشلار مەسئۇللۇقىغا، ئەخمەتجان قاسىمى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەندى.

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى باغچىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ۋە قىسىملارغا بايراق تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مىللىي ئارمىيە يەتتە پولك، بەش باتالىئوندىن تەشكىللەندى، يەنى ئىلى پىيادىلەر 2 ـ پولكى، ئىلى زاپاس 4 ـ پولكى، تىكەس ئاتلىق 1 ـ پولكى، تىكەس ئاتلىق 2 ـ پولكى، سۈيدۈڭ پىيادىلەر 1 ـ پولكى، كەڭساي ئاتلىق 3 ـ پولكى، كۈنەس ئاتلىق پولكى، خۇيزۇ دىۋىزىيونى، شىبە دىۋىزىئونى، مۇستەقىل موڭغۇل دىۋىزىئونى، زەمبىرەكچىلەر باتالىئونى، مۇھاپىزەتچىلەر باتالىئونىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلاردا 15 مىڭغا يېقىن ئوفىتسىر ـ ئەسكەر بار ئىدى①.

1945 ـ يىل 6 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش شتابى شىمالىي، ئوتتۇرا، جەنۇبىي يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزدى.

شىمالىي يۆنىلىش ئۇرۇشىدا تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئېلىش نىشانلاندى، ئۇنىڭغا كەڭساي ئاتلىق 3 ـ پولكى قاتناشتى؛ ئوتتۇرا يۆنىلىش ئۇرۇشىدا جىڭ، شىخو، ماناس، ئۈرۈمچىنى ئېلىش نىشانلاندى، ئۇنىڭغا ئىلى پىيادىلەر 2 ـ پولكى، تىكەس ئاتلىق 1 ـ پولكى، ئىلى زاپاس پولكى، سۈيدۈڭ پىيادىلەر 1 ـ پولكى، خۇيزۇ مۇستەقىل دىۋىزىئونى، زەمبىرەكچىلەر باتالىئونى، شىبە دىۋىزىئونى قاتناشتى، ئېنىقكى بۇ يۆنىلىشكە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاساسلىق كۈچى ئاتلاندى. جەنۇبىي يۆنىلىش ئۇرۇشىدا ئاقسۇنى ئېلىش نىشانلاندى، ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئاز ئەسكەر قاتناشتى، چۈنكى جەنۇب يۆنىلىش

ئۇرۇشىدا ئاقسۇنىڭ جەنۇبىدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ شىمالغا يۆتكىلىشىنى توسۇش نىشانلانغانىدى.

تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئېلىش نىشانلانغان شىمالىي يۆنىلىش ئۇرۇشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي ئاساس ھازىرلانغانىدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 1943 - يىلىلا تەشكىللىك ھالدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش باشلىنىپ كەتكەنىدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا موللا ئىسلام «ئازادلىق تەشكىلاتى» نى تەشكىللەپ ئىنىسى قاسىمئاخۇن ئىسمائىلوف ئارقىلىق ئابلىمىت ھاجىيوف، ئابلا رامزانوفلار بىلەن خۇپىيانە تەشكىللىنىپ، چۆچەك شەھىرىدىكى كوچىلارغا تەشۋىقات ۋەرەقى تارقىتىپ، كىشىلەرنى قوزغىلىپ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە چاقىرىدۇ. قازاق ياشلىرى جاغدا بابالىكوف، دۆبېك قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن تەشكىلات چاغانتوقاي تاغلىرىدا پارتىزانلىق ئەترىتى قۇرىدۇ. بۇلاردىن باشقا مەتنىياز قارى، ئابلىز راخمانوف باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار ياشلىرى چۆچەك ئوتتۇرا مەكتىپىنى بازا قىلغان ھالدا مەخپىي قوراللىق تەشكىلات قۇرۇشقا ھازىرلىنىدۇ.

1944 - يىل 7 - ئايدا موللا ئىسلامنىڭ تەكلىپى بىلەن، چۆچەكتىكى تارقاق تەشكىلاتلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، «چۆچەك ياشلىرىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تەشكىلاتى» قۇرۇلدى، بۇ تەشكىلاتقا ئابلىمىت ھاجىيوف، مەتنىياز قارىلار مەسئۇل بولدى.

1945 - يىل 7 - ئايىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى شىمالىي يۆنىلىش ئۇرۇش پىلانىنى يولغا قويدى. ئەردە باشچىلىقىدىكى بۆرتالا موڭغۇل دىۋىزىيونى ئەڭ ئاۋۋال قىزىلتۇزدىن تولى ناھىيىسىگە كىردى. موڭغۇل دىۋىزىيونى شۇ يەردىكى پارتىزانلارنىڭ ماسلىششى بىلەن، 7 -

ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مۇھىم ئۆتكەل بولغان مېرگۈنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئالدى ②. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىمالىي يۆنىلىش ئۇرۇشىغا ئاتلانغان ئاساسىي قوشۇن — كەڭساي ئاتلىق 3 ـ پولك كوماندىرى لېسكىننىڭ باشچىلىقىدا 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بۆرتالادىن تولى ناھىيىسىگە كىردى ھەم 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تولى ناھىيە بازىرىنى ئالدى، 26 ـ كۈنى يەنە دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىن تولى ناھىيىسىگە ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يوقاتتى. شۇ كۈنى پارتىزانلار مېرگۇ ئەتراپىدا مۆكۈپ تۇرۇپ، ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن تولى ناھىيىسىگە ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭنىڭ يەنە بىر قوشۇنىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن، چۆچەك بىلەن بولغان قاتناش ئالاقە پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچى دۆربىلجىن ناھىيىسىگە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دۆربىلجىن ناھىيە بازىرىنى تولۇق مۇھاسىرىگە ئالدى③.

7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى جىمىنەي پارتىزانلىرىغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇلارنى دۆربىلجىن ناھىيىسىگە بېرىپ، مىللىي ئارمىيىگە ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جىمىنەي پارتىزانلىرى دۆربىلجىن تەۋەسىگە كىردى ھەم شۇ ھامان ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى ④.

1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى دۆربىلجىن ناھىيە بازىرى ئازاد بولدى، چۆچەك ناھىيىسى ھەر تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىندى. شۇ چاغدا چۆچەكتە گومىنداڭنىڭ بىر پولك ئەسكىرى ۋە بىر قىسىم ساقچىلىرىدىن باشقا كۈچى يوق ئىدى. سىرتتىن كېلىدىغان ياردەم ئۈزۈلگەن ۋە چېكىنىش يولىمۇ قالمىغانىدى. ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالمىغان گومىنداڭ دائىرىلىرى چۆچەكتىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن

سۆزلىشىپ، ئۆز ھاياتىغا سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن پاناھلىق بېرىلىشنى تەلەپ قىلدى. سوۋېت كونسۇلخانىسى ئۇلارنىڭ چېگرىدىن قورال تاپشۇرۇپ ئۆتۈشىنى شەرت قىلىپ، ماقۇل بولىدۇ. 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كېچىسى چۆچەك ناھىيە بازىرىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى، ۋالىي مەھكىمىسى، گومىنداڭ چۆچەك ناھىيىلىك پىرقىسى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرى، ساقچى ۋە بانكا خادىملىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بولۇپ، 4000 غا يېقىن ئادەم⑤، بارلىق ماشىنا، ھارۋا، ئات - ئۇلاغلار بىلەن چېگرىغا قاراپ مېڭىپ، 31 - چېسلا ئەتىگەندە سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئۇراۋا، ماقانچە، ئاياگۇزگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ⑥. 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى پالىنوف، مۇئاۋىن باش قوماندانى زۇنۇن تېيىپوفلار چۆچەككە يېتىپ كېلىپ، چۆچەك ۋىلايىتىدە جەڭ قىلغان مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزانلارنى مۇستەقىل ئاتلىق 2 - بىرگادا قىلىپ تەشكىللەپ، كەڭسىي ئاتلىق 3 - پولكىنىڭ كوماندىرى لېسكىننى بىرگادا كوماندىرى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ بىرگادىغا يەنىلا كەڭسىي ئاتلىق 3 - پولكى، مائىل پارتىزان ئەترىتى ئاساسىدا كېڭەيتىپ قۇرۇلغان دۆربىلجىن ئاتلىق 4 - پولكى بىلەن چۆچەك ئاتلىق 4 - پولكى ۋە جېمىنەي پارتىزان ئەترىتى ئاساسىدا كېڭەيتىپ قۇرۇلغان مۇستەقىل ئاتلىق پولكىدىن ئىبارەت تۆت ئاتلىق پولك قارىدى ⑦.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت شىمالىي يۆنىلىش ئۇرۇشى باشلانغاندىلا مۇھەممەتجان مەخسۇم رەئىس، سەيپىدىن ئەزىزى باش كاتىپ بولغان تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋاقىتلىق مەمۇرىي ئاپپارات تەشكىللەپ، ئۇنى ھەربىي قىسىم بىلەن بىللە تارباغاتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئۇرۇش مەزگىلىدىكى خەلق ئىشلىرى،

ئامانلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ۋە ناھىيىلەردە ھۆكۈمەت تەشكىللەشكە ئەۋەتكەنىدى.

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار چۆچەككە كېلىپ، مۇھەممەتجان مەخسۇم، سەيپىدىن ئەزىزىلەرنىڭ خىزمىتى ئاساسىدا تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، شۇ يەردىكى قازاقلارنىڭ كاتتا بېيى باسباينى ۋالىيلىققا، قاسىمئاخۇن ئىسمائىلوف، مەنسۇر روزىيوف (بۇ كىشى ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدا تۇرۇپ چۆچەكتىكى مەخپىي تەشكىلاتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئابلا رامزانوف دېگەن ئىسمنى قوللانغان) لارنى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا، ئابلىمىت ھاجىيوفنى باش كاتىپلىققا تەيىنلىدى ⑧.

1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە 20 كۈندەك كەسكىن جەڭ قىلىپ، قۇبۇقسار ناھىيە بازىرىنى ئالدى، بۇ تارباغاتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى جەڭ بولدى، 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق 2 ـ بىرىگادا قارىمىقىدىكى كەڭسايى ئاتلىق 3 ـ پولكى، دۆربىلجىن ئاتلىق 4 ـ پولكى ۋە مۇستەقىل ئاتلىق پولكتىن ئىبارەت ئۈچ پولك قۇبۇقسار ناھىيىسىدىن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ جىمىنەي ناھىيىسى چېگرىسىغا كىرىپ، شىمالىي يۈنىلىش ئۇرۇشىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇشنى باشلاپ، ئالتاي ۋىلايىتىنى ئالدى ⑨.

1944 ـ يىل 10 ـ ئايلاردا، يەنى ئىلىقا ناھىيىسىدىكى ئۇلاستايدا ئوق ئاۋازى ياڭراپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئالتاي قوزغىلاڭچىلىرى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بۇلغۇن تاغلىق رايونىدا «ئالتاي خەلق ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمىتى» نى قۇرۇپ، ئوسماننى ھۆكۈمەت باشلىقى، دەلىلقان سۇگۇربايوفنى مۇئاۋىن باشلىق ۋە قوشۇمچە پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى.

«ئالتاي خەلق ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمىتى» 12 كىشىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار: (1) ئوسمان ئىسلام، (2) دەلىلقان سۈگۈر بايوف، (3) لاتىپ، (4) كېلەس، (5) كۆكسەگىن بى، (6) ۋانقان، (7) ئەدىلقان، (8) كارىب، (9) موجىنباي، (10) ئەسەت ماڭكەي، رامازان، (12) موللا ئىسلام [10].

ئالتاي خەلق ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمىتى قارىمىقىدا توققۇز پارتىزانلار ئەترىتى بولۇپ، 2200 ئادىمى بار ئىدى. ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئۇلار بۇرۇنقى قولىدا بار قوراللاردىن سىرت موڭغۇلىيىدىن 500 قورال كەلتۈرىدۇ، بۇلار 100 ئاپتومات، 20 ئېغىر پىلىموت، 30 يېنىك پىلىموت، ئالتە مىناميوت، ئىككى تانكا ئاتار، 350 بەشئاتاردىن ئىبارەت بولۇپ، يەنە 100 ساندۇق گرانات، 500 ساندۇق ئوقمۇ بار ئىدى[11].

1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئالتاي پارتىزانلىرى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ كۆمۈشنىڭ قويغانى دېگەن يېرىدىكى ھەربىي ئىستىھكامىنى قورشىۋالىدۇ. كۆمۈشنىڭ قويغانى ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا بولۇپ، گۇچۇڭدىن چىڭگىل ناھىيە بازىرى، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، ئالتاي، بۇرچىن ناھىيىلىرىگە بارىدىغان مۇھىم ئۆتكەل ئىدى. بۇ يەردە 500 ئۆپچۆرىسىدە گومىنداڭ ئەسكىرى بار ئىدى، ئۇلار ئۇزۇق - تۈلۈكسىز ۋە تەمىناتسىز قېلىپ، ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنى بويلاپ كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى سارتوقاي ئىستىھكامىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ، يولدا توختىماستىن پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ، پارتىزانلار 300 دەك قورال، 100 نەچچە ساندۇق ئوقنى قولغا چۈشۈرىدۇ[12].

بۇ غەنىيمەتلەردىنمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى، پارتىزانلار بۇ ئۇرۇش ئارقىلىق چىڭگىل ناھىيىسىنى تامامەن ئىشغال قىلىدۇ

ھەمدە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى قاتناشنى ئوڭشۇشلۇق ئۈزۈپ تاشلاپ، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە مۇھاسىرىگە ئالىدۇ.

بۇ چاغلاردا ئىلى قوزغىلىڭى پۈتكۈل ئىلى ۋادىسىغا يامراپ، ئۈرۈمچى — غۇلجا تاشيولى بويىدىكى جىڭ، شىخو، ماناس قاتارلىق جايلاردىكى مۇداپىئە كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي دائىرىلىرى گۈچۈڭدىن ئالتايغا بارىدىغان قۇرۇقلۇق قاتنىشىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا قارىماي، 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدە تۇرۇۋاتقان قىسىملىرىنى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، جەنۇبتىكى گۈچۈڭغا يىغىلىپ ئۈرۈمچى — غۇلجا تاشيولى بويىدىكى شەھەرلەرنى مۇداپىئە قىلىشنى كۈچەيتىشكە بۇيرۇدى⑬. بۇيرۇق بويىچە، گومىنداڭنىڭ 3000 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر — ئەسكىرى قار - شىۋىرغانغا تەۋەككۈل قىلىپ، نۆلدىن تۆۋەن 30 نەچچە گرادۇس قاتتىق سوغۇقتا يۈرۈپ، پارتىزانلار تەرىپىدىن بۆلۈپ - بۆلۈپ ئۇجۇقتۇرۇلىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرەر رۇتا، ئەترىتىمۇ بەلگىلەنگەن جايغا مۇكەممەل يېتىپ بارالمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئالتاي پارتىزانلىرى چىڭگىل، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازارلىرىنى بىراقلا ئالىدۇ.

مۇشۇنداق شارائىتتا، پارتىزانلار ئەترىتى 1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئالتاي ناھىيە بازىرىغا تۇنجى قېتىم بىۋاسىتە ھۇجۇم قوزغايدۇ، بىراق گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، پارتىزانلار ناھىيە بازىرىنى ئالالمايدۇ⑭.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئالتاي ناھىيە بازىرى قوبۇقسارغا بارىدىغان شەرقىي لىنىيە قاتنىشىدىن، ھەتتا كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىگە بارىدىغان شەرقىي لىنىيە

قاتنىشىدىن مەھرۇم بولۇپ، تەنھا قالغانىدى، شۇڭا تۇتۇش قىلغان ھامان تارتىۋالغىلى بولىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قالغانىدى.

دەللىقان سۇگۇر بايېف ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتىگە باشلامچىلىق قىلىپ، 2 ئايغا يېقىن تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئالتايغا قايتا ھۇجۇم قوزغىدى.

بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان پاتىخان سۇگۇر بايېف مۇنداق دەيدۇ: «8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 1500 ئادەمدىن تەشكىللەنگەن ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتى دەللىقان سۇگۇر بايوفنىڭ قوماندانلىقىدا ئالتاي شەھىرىگە 2 ـ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئەترەت 25 ـ كۈنى شەھەر ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى ۋە دەرھال كونكرېت پىلان تۈزۈشكە كىرىشتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، دەللىقان سۇگۇر بايوفنىڭ ئالتايدىن يولغا چىقىش ئالدىدا جىمىنەيدىكى پارتىزانلارغا بېرىلگەن ئالتاي شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتىلگەن توقتار قاتارلىق ئۈچ ئادىمى قايتىپ كېلىپ: ئىلىدىن چىققان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ قوبۇقسارنى ئازاد قىلغان بىر پولكى ئەمدى بۇرچىننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، ناھىيە بازىرىغا يېقىن كۆكسىن تېغىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، دەللىقان سۇگۇر بايوف ئۇرۇش پىلانىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇردى: (1) جىمىنەي پارتىزانلىرى دەرھال مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن رەسمىي مۇناسىۋەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ھەر تەرەپلىمە خەۋەر ئېلىپ، ھاجەتلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش، ئاندىن ئۇلار بىلەن ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، بۇرچىنغا بىللە ھۇجۇم قىلىش؛ قابا پارتىزانلىرى بۇرچىنغا قىلىنىدىغان ھۇجۇمنى كۈتۈپ تۇرماستىن، قابا ناھىيىسىگە ھۇجۇمنى دەرھال باشلىۋېتىش، شۇنداق قىلىپ دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ توپلىنىشىۋېلىشىغا پۇرسەت

بەرمەي، يەككە ـ يەككە تارمار قىلىشقا قولايلىق ۋەزىيەت يارىتىش. (2) ئالتاي ناھىيە بازىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان پارتىزانلار ئەترىتى يەككە ـ يېگانە كۆچەپ ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈش. بۇ مەزگىلدە ئالتاي شەھىرىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۆلۈنگۈر دەرياسى ئارقىلىق سارتوقاي ياكى قوبى قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ ئۇرۇمچىگە قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالتاي شەھىرىنى شەرقىي شىمال ۋە جەنۇب تەرەپتىن قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىش» ⑮.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزانلار بۇرچىن ناھىيە بازىرىنى ئالدى. بۇنىڭدىن نەچچە كۈن بۇرۇن، يەنى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قابا ناھىيە بازىرىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى شۇ يەردىكى پارتىزانلارغا تەسلىم بولغانىدى.

مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئاتلىق بىرىگادىسى قارىمىقىدىكى كەڭساي ئاتلىق 3 ـ پولكى بۇرچىن ناھىيە بازىرىنى ئېلىش ئۇرۇشىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، دەرھال ئالتاي ناھىيىسى چېگرىسىغا يۈتكىلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئالتاي شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئابتەنگە كەلدى. مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزانلار ئەترىتى ئالتاي شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن، دەللىقان سۈگۈربايوف ئالتاي ناھىيە بازىرىدىكى ئالتاينىڭ ۋالىيسى گاۋبويۇ بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلەر 11 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى ۋەن لىڭيۈنگە ئىككى كۈن ئىچىدە تەسلىم بولۇشنى قارار قىلىش تەلەپ قىلىنغان تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلىش خېتى يېزىپ، ئىلگىرى گومىنداڭغا خىزمەت قىلغان شامسىي مامىيېختىن كىرگۈزدى. 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەھەردە ئالتاي ناھىيە بازىرىدىكى 2500 ئوفىتسېر ـ ئەسكەر، مانات، بۇرىجاپ باشچىلىقىدىكى ئىككى ئاماننىق ساقلاش ئەترىتى ۋە 400 دەك خەنزۇ پۇقراسى بولۇپ، 3000 دەك ئادەم

شەھەرنىڭ شەرقىدىكى ئالتاي تېغىغا چېكىندى. ئۇلار جۇڭگو ــ موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى ئورمىگات قاراۋۇلخانىسىغا بېرىپ، موڭغۇلىيىگە كىرىپ پاناھلىق تىلەشنى تەلەپ قىلغاندا موڭغۇلىيە تەرەپتىن رەت قىلىندى. 9 ــ ئاينىڭ 10 ــ كۈنى گاۋبويۇ، ۋەن لىگيۇنلەرنىڭ قول ئاستىدىكى 3000 دەك ئادەمنىڭ ھەممىسى ئالتاي پارتىزانلىرى بىلەن مىللىي ئارمىيىگە ئەسىرگە چۈشتى، ئۇلار 1500 مىلتىق، 150 ماۋزېر، ناگان، 50 پىلىموت، سەككىز مىناميوت تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىدىكى گومىنداڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەربىي كۈچى تەلتۆكۈس يوقىتىلدى⑯.

1945 ــ يىلى 9 ــ ئاينىڭ 22 ــ كۈنى ئېلىخان تۆرە ئالتاي ناھىيە بازىرىدا ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمە قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ھەم ئوسماننى ۋالىيلىققا، دەلىلقان سۇگۇر بايوف، شەمسى مامىيېن، ماربايلارنى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي يۆنىلىشتىكى ئۇرۇش ۋەزىپىسى تامامەن ئاياغلاشتى.

## 2. ئوتتۇرا يۆنىلىش ئۇرۇشى

1945 ــ يىلى ياز كىرىش ئالدىدا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا ھەربىي ۋەزىيەت شەكىللىنىپ بولغانىدى. مىللىي ئارمىيە ئۆزىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى ئىمكانقەدەر غۇلجىدىن يىراق جايلارغا يۆتكىگەنىدى. غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى ئارشاڭ، بورتالا قاتارلىق جايلاردا مۇستەقىل موڭغۇل دىۋىزىئونى گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن ھەربىي ئىستىھكاملارنى تالىشىش ئۇرۇشلىرىنى قىلدى. مىللىي ئارمىيە ئۇرۇمچى — غۇلجا تاشيولىنى بويلاپ، جىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى داخېيەنزە، يۇنجىخۇ، باجاخۇ قاتارلىق مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلارغا خىل ئەسكەرلەرنى

ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا مەشھۇر كەتكەن داۋىنى بار بولۇپ، بۇ يەردە مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جايلارغا تايىنىپ مۇداپىئەدا تۇرۇۋاتقان مىللىي ئارمىيىنىڭ خىل قىسىملىرى تۇرۇۋاتقاچقا، داخيەنزە، يۈنجىخۇ، باجاخۇلاردىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ناھايىتى ياخشى ھەرىكەتچانلىقتا ئىگە بولغانىدى، يەنى ئۇلار ئىلگىرىلەۋەرسە ئۇدۇل جىڭ ناھىيە بازىرىنى ئالالايتتى، چېكىنسە بۇ يەرگە يوشۇرۇنۇپ، بۇ يەردىكى ئارمىيىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيتتى.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كۇنەس، موڭغۇلكۇرە قاتارلىق قوشنا جايلاردىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ تېكەس ئاتلىق 2 - پولكى بىلەن يەرلىك قىسىملار قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان مۇھىم تاغ يوللىرىغا جايلىشىپ، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ تاغ ئارىلاپ ئۇدۇل ئىلى ۋادىسىغا كېلىشىنى توستى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە گومىنداڭمۇ ھەربىي كۈچىنى جىددىي تەڭشىدى، يەنى يېڭى 2 - كورپۇسنىڭ شتابىنى ئۈرۈمچىدىن شىخو ناھىيە بازىرىغا، شىخۇ ناھىيىسىدىكى يېڭى 45 - دىۋىزىيىنىڭ 1 - پولكىنى جىڭ ناھىيە بازىرىغا، ئاتلىق 1 - دىۋىزىيىنىڭ بىر پولكىنى چېپەيزى، گەنجاخۇ، ۋۇگېچۈەنزى قاتارلىق جايلارغا يۆتكىدى. يۇقىرىقى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن كېيىن يەنە ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن 2 - دىۋىزىيىنىڭ 2 - پولكىنى مايتاغ، گۇرتۇ، چىگشورلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلار ئارقىلىق شىخو بىلەن جىڭ ئارىلىقىدا 2 - مۇداپىئە لىنىيىسىنى شەكىللەندۈردى. 1945 - يىل 5 - ئايدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي دائىرىلىرى يەنە يېڭى 45 - دىۋىزىيىنىڭ شتابىنى جىڭ ناھىيە بازىرىغا يۆتكەپ، دىۋىزىيە كوماندىرى گوچىنى تولۇق ھوقۇق بىلەن جىڭ ناھىيىسىنى مۇداپىئە قىلىشقا مەسئۇل قىلدى. بۇ چاغدا جىڭ تەۋەسىدە گومىنداڭنىڭ 5000

كىشىلىك قوشۇنى توپلاندى⑰.

گومىنداڭ ئارمىيىسى جىڭ ئەتراپىدا ناھايىتى تېزلا مۇستەھكەم ھەربىي قورغان ھاسىل قىلدى. جىڭ ناھىيىسىدىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بۇيرۇق بويىچە چېكىندى. ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلارغا پوتەي ئاكوپلارنى ياسىدى، پوتەينى توسۇۋالىدىغان، ئوققا توسالغۇ بولىدىغان قۇرۇلۇش ـ ئىمارەتلەرنى تۈزلىۋەتتى، دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىۋەتتى. خەنزۇ ئاھالىلەرنى شىخوغا كۆچۈردى، ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرى تاغلارغا ۋە يىراق قىرلارغا بېرىپ پاناھلاندى. غۇلجا قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ۋۇ جۇڭشىن ئىلى ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن زو شۇپېڭمۇ يېڭى 45 ـ دىۋىزىيە بىلەن بىللە جىڭ ناھىيە بازىرىغا كىرىپ، مەھكىمە قۇرۇپ ئىش بېجىردى، ئۇ جىڭ ئەتراپىدا پارتىزانلىق قىلىۋاتقان تارقاق ئەسكەرلەرنى يىغىپ، «تەڭرىتاغ پارتىزانلار ئەترىتى» قۇردى، بۇ ئەترەتكە ئۆزى قوماندان بولۇپ جىڭ بىلەن شىخو ئارىلىقىدا پارتىزانلىق قىلىپ، تاغ ئارىلاپ كېلىدىغان ئىلى پارتىزانلىرىنى توسۇماقچى بولدى.

گومىنداڭ شىنجاڭ ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ ئۈرۈمچى — غۇلجا تاشيولى بويىغا ئەسكىرىي كۈچ توپلىشى، بىر ـ بىرلەپ ھەربىي مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇشى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ دائىرىسىدە ھۇجۇم قىلىشتىن مۇداپىئەلىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

1945 ـ يىل 6 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە شىمالىي، ئوتتۇرا، جەنۇبىي ئۈچ يۆنىلىش ئۇرۇشى پىلانىنى تۈزگەندىن كېيىن، دەرھال ئىلقا قاتارلىق جايلاردىكى پارتىزانلارنى تاغدىن ئۆتۈپ، جىڭ، شىخو ئارىلىقىدىكى دۈشمەننىڭ تېلېفون سىمىنى ئۈزۈۋېتىشكە، دۈشمەننىڭ ئاندا ـ ساندا قاتناۋاتقان يۈك ئاپتوموبىللىرىغا خۇپىيانە زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. ئەمەلىيەتتە

ئۇلار ئوتتۇرا يۈنىلىشتىكى ئۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىۋەتكەنىدى.

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جىڭدىكى ئالدىنقى سەپتە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۈنجى بولۇپ ھەرىكەتلەندى، يەنى ئۇلار مىللىي ئارمىيە تۇرۇۋاتقان داخېيەنزىگە ھۇجۇم قىلدى ھەم ئايروپىلان بىلەن بومباردىمان قىلدى، ئىككى تەرەپ بىر نەچچە سائەت كەسكىن جەڭ قىلدى. گومىنداڭ قوشۇنى داخېيەنزىنى باشتا تارتىۋېلىپ يەنە تارتقۇزۇپ قويدى، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ مۇداپىئە رايونىغا قايتتى.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئىسھاقبېك مونونوفنى جىڭدىكى ئالدىنقى سەپ ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. ئارقىدىنلا جىڭدىكى ئالدىنقى سەپكە ئىلى پىيادىلەر 2 ـ پولكى، تېكەس ئاتلىق 1 ـ پولكى، ئىلى زاپاس 4 ـ پولكى، مۇستەقىل خۇيزۇ دىۋىزىيونى ۋە مۇستەقىل شىبە دىۋىزىيونى بولۇپ 4000 دىن ئارتۇق ئادەمنى يۆتكىدى⑱.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىسھاقبېك مونونوف جىڭ ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى ئىستىھكاملارنى ئېلىشنى بۇيرۇدى. 3 ـ كۈنى سەھەر سائەت بەشتە مىللىي ئارمىيە ئاۋۋال يۇنجىخۇدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. چۈشتىن كېيىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى باجاخۇ ئىستىھكامىغا قاچتى. باجاخۇ ئىستىھكامى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جىڭ ناھىيە بازىرى ئەتراپىغا قۇرغان مۇھىم ئىستىھكامى ئىدى. بۇ ئىستىھكامنىڭ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولغاندىن سىرت، ئەسكەرلەرنىڭ قورال ـ ياراغلىرى خىل، ئوق ـ دورىلىرى ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكمۇ يېتەرلىك ئىدى. شۇڭا مىللىي ئارمىيە بۇ ئىستىھكامنى ئۇزاققىچە ئالالمىدى، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلۈش، يارىلىنىش ئېغىر بولدى، 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ

كۆنىمۇ گومنداڭ ئەسكەرلىرى يەنىلا مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

دەل مۇشۇ چاغلاردا جىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە 160 كىلومېتىر كېلىدىغان شىخو ناھىيە بازىرىدا ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى، بۇ ئۇرۇش جىڭنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان گومنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرەتتى. مىللىي ئارمىيە جىڭ ناھىيىسىدىكى ئالدىنقى سەپكە جەم بولۇۋاتقان ۋاقىتلاردا چۆچەكتە قۇرۇلغان مۇستەقىل ئاتلىق بىرىگادا قارىمىقىدىكى چۆچەك ئاتلىق 6 ـ پولكى بىلەن مۇستەقىل موڭغۇل دىۋىزىيونى بۇيرۇق بويىچە جەنۇبقا ئاتلىنىپ، تولى ناھىيىسىدىكى ئۇزۇنبۇلاق دۈشمەن ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇش ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز داۋاملاشتى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شىخو ناھىيىسىدىكى چېپەيزى ئىستىھكامىغا چېكىندۈرۈلدى. 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۆچەك ئاتلىق 6 ـ پولكى بىلەن مۇستەقىل موڭغۇل دىۋىزىيونى ئۇلارنى قوغلاپ، 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چېپەيزە ئىستىھكامىنى ئۈچ تەرەپتىن قورشىۋالدى، پەقەت جەنۇب تەرەپنى ئوچۇق قويدى. بىراق دۈشمەن ئىستراتېگىيىلىك جايلارنى تاللاپ مۇداپىئەدە تۇرۇپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، قايسى تەرەپنىڭ يېڭىش ـ يېڭىلىشىنى بىلگىلى بولمىدى.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سوۋېت پىيادىلەر 1 ـ پولكى بۇيرۇق بويىچە جىڭنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چېپەيزى ئۇرۇشىغا قاتناشتى. مىللىي ئارمىيە يېڭى كۈچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئۇرۇش يېرىم كېچىگىچە سوزۇلدى، گومنداڭ ئەسكەرلىرى چېپەيزى كۆۋرۈكنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، شىخو ناھىيە بازىرى تەرەپكە چېكىندى.

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى پالىنوف قۇبۇقساردىن شىخودىكى ئالدىنقى سەپكە كېلىپ، شىخو

ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى تەشكىللىدى. شىخونى ئېلىش ئۇرۇشىغا سۇيدۇڭ پىيادىلەر 1 - پولكى، چۆچەك ئاتلىق 6 - پولكى، مۇھاپىزەتچىلەر باتالىئونى، مۇستەقىل موڭغۇل دىۋىزىئونى قاتنىشىدىغان بولدى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مىللىي ئارمىيە شىخوناھىيە بازىرىغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مىللىي ئارمىيە گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 1 - مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتتى. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى پالىنوف ئۇرۇش تەرتىپىنى تەڭشەپ، پىيادە ئەسكەرلەرنى ئالدىغا ئۇرۇنلاشتۇرۇپ، 2 - قېتىملىق ھۇجۇمنى يولغا قويدى. مىللىي ئارمىيە شۇ كۈنلا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 2 - مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتتى. مىللىي ئارمىيە مۇھاسىرە چەمبىرىكىنىڭ يەنىمۇ تارايغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، زەمبىرەكلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۈشمەننىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جايلىرىنى توپقا تۇتۇپ، دۈشمەننى ئېغىر چىقىمدار قىلدى. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سەھەردە مىللىي ئارمىيە ئاخىر شىخو ناھىيە بازىرىنى ئالدى. گومىنداڭ يېڭى 2 - كورپۇسىنىڭ كوماندىرى شيې يىفېڭ بىلەن شىخودا مۇداپىئەدە تۇرغان ئەسكەرلەر مەغلۇپ بولۇپ ئۈرۈمچى — غۇلجا تاشيولىنى بويلاپ، ماناس ناھىيە بازىرىغا چېكىندى. مىللىي ئارمىيە ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، كۈيتۈن، مايتاغ قاتارلىق جايلارنى بىراقلا ئازاد قىلدى، 1000 دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئەسىر ئالدى ⑲. يەنە شۇ كۈنى، يەنى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى گومىنداڭنىڭ ئالتايدىكى مۇھىم ھەربىي، مەمۇرىي خادىملىرى جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگراسىدا مىللىي ئارمىيە بىلەن پارتىزانلار ئەترىتىگە قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى.

شىخو ئۇرۇشىغا دائىر خەۋەرلەر جىڭدىكى ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان گوچى قاتارلىقلارنى قاتتىق

سارىسىمىگە سالغانىدى، شىخو ناھىيە بازىرىنىڭ قولدىن كەتكەنلىك خەۋىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى تامامەن بوشاشتۇرۇۋەتتى. 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جىڭنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ئەسكەرلەر ئۇرۇش قىلمايلا ئۈرۈمچى - غۇلجا تاشيولىنى بويلاپ شەرققە قاچتى. مىللىي ئارمىيە ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بەردى. گومىنداڭنىڭ جىڭدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان 3000 دىن ئارتۇق ئادىمى ئوق - دورىلىرى ۋە ئوزۇق - تۈلۈكى ئۈزۈلۈپ، ھايات قېلىش ئىمكانىيىتى قالمىغان ئەھۋالدا كەينى - كەينىدىن مىللىي ئارمىيىگە تەسلىم بولدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي دائىرىلىرى مىڭبىر جاپادا قۇرغان ئۈرۈمچى - غۇلجا مۇداپىئە لىنىيىسى تەلتۆكۈس بىتچىت قىلىندى. ئىسھاقبېك مونونوف قوماندانلىقىدىكى قىسىم شەرققە يۈرۈش قىلىپ پالىنوف قىسىملىرى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى[20] ساۋەن ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلدى، گومىنداڭ ئارمىيىسى مىللىي ئارمىيە كىرىشتىن ئاۋۋال ماناس ناھىيە بازىرىغا چېكىندى ۋە چېكىنگەچ ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى.

ماناس ناھىيە بازىرى شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي مەركىزى — ئۈرۈمچىگە ئاران 130 نەچچە كىلومېتىرلا كېلەتتى. «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» نىڭ ئاپتورى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى ۋېي گۋاڭخۇا بىلەن بىر قىسىم شتاب ئوفىتسېرلىرىنى باشلاپ، 1 - سەپكە مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا باردىم، ئۇ چاغدا ماناس ناھىيە بازىرى خارابىگە ئايلىنىپ قاپتۇ، ئۇ يەر - بۇ يەرلەردىن ئىس - تۈتەك چىقىپ تۇراتتى، ئىتلار كېچە - كېچىلەپ تىنماي

قاۋاپ، ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالىغا قايغۇرۇۋاتقاندەك، پىترىپ كەتكەن ئىگىلىرى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىۋاتقاندەك قىلاتتى» ㉑.

«غۇلجا ۋەقەسىدىن خاتىرە» نىڭ ئاپتورى چېن لى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ماناسقا چېكىنگەندىن كېيىنكى ئۇرۇمچىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق مۇنداق يازىدۇ: «شەھەر دەرۋازىسىنى تاقىۋېتەيلى دېگۈچىلەرمۇ، ئېچىۋېتەيلى دېگۈچىلەرمۇ بولدى، ئۇرۇمچىدىن شەرققە ماڭغان ئاپتوموبىللارغا كۆچمەنلەر ۋە ياردار ئەسكەرلەر لىق بېسىلغانىدى. مەكتەپلەردە دەرس توختىغان، بازارلار قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى، ئات بازىرى ئەتراپلىرىدا يايمىنىڭ كۆپلۈكىدىن قىلمۇ سىغمايتتى، شەھەرگە كىرىش پاسپورتىنىڭ ھەربىرى نەچچە 100 مىڭ يۈەنگە سېتىلدى» ㉒.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۈتتۈرا يۆنىلىش ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى، گومىنداڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئالتاي، تارباغاتاي؛ ئىلىدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىدىن مەھرۇم بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گومىنداڭنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى غەربىي شىمالدىكى ھەرقانداق ئىش ھەرىكەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىدىكى بىر سىياسىي، ھەربىي كۈچىنىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىنىۋېلىشىغا باشتىن ـ ئاخىر سەل قاراپ تۇرالمىدى، بۇ ئەھۋال 1949 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئازادلىق ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قازانغىچە داۋاملاشتى.

### 3. جەنۇبىي يۆنىلىش ئۇرۇشى

جەنۇبىي يۆنىلىش ئۇرۇشى — مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق

شتابى 1945 ـ يىل 6 ـ ئايدا تۈزگەن ئۈچ يۆنىلىش ئۇرۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى. شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئېلىخان تۆرىنىڭ ئوغلى ئارسلانخان باشچىلىقىدىكى بىر قوشۇن سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى ناسىروف مىرزىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، زەمبىرەككىچە بولغان ئېغىر ـ يېنىك قورالالارنى ئېلىپ، كۆنەس ناھىيىسىدىن تەڭرىتېغىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، كۇچا ناھىيىسى تەۋەسىگە كىردى. ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال خەۋەر تارقاپ كەتكەچكە، ئۇلار كۇچا ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرگەن ھامان دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچرىدى. پارتىزانلار باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ ئاران دېگەندە ئانچە ـ مۇنچە ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، ئاخىر ئىلىغا قايتىپ كەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى سوپاخۇن سۇۋۇروف كوماندىر، ئابدۇكېرىم ئابباسوف سىياسىي كومىسسار بولغان جەنۇبىي يۆنىلىش ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىللەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇغا ئۇرۇشقا ئەۋەتتى.

ئىلى قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ۋۇ جۇڭشىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئۇلگە نۇقتا قىلىۋالغان بولۇپ، بۇ يەردە ئۇ پارتىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى ياخشىلاش، ئۆي ـ ماكانىسىزلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باج تۈزۈمىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەلەرنىڭ شېڭ شىسەينىڭ زوراۋان سىياسىتىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن بىردەملىك ئارام ئېلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىلى قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىشتىن ساقلاندى.

جەنۇبىي يۆنىلىش ئۇرۇشىنىڭ مەقسىتىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئاشۇ يۈزەكى تىنچلىقنى بۇزۇش ئىدى، شۇڭا بۇ

يۈنىلىشتىكى قوشۇن دەسلەپتە ئاران 150 ئادىمى بار ئىدى. بىراق خادىملارنىڭ ساپاسى جەھەتتە ئاممىۋى خىزمەت رەھبەرلىك يادروسى كۆچەيتىلگەن بولۇپ، شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە ئالاھىدە ئابرۇيغا ئىگە قاسىمجان قەمبىرىمۇ مەخسۇس ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئامما ئارىسىدا تەسىر پەيدا قىلىشقا مەسئۇل قىلىنىپ ئالاھىدە ئەۋەتىلدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى جەنۇبىي يۈنىلىش پارتىزانلار ئەترىتى يولغا چىققاندا، ئاۋۋال داغدۇغا پەيدا قىلىپ قارشى تەرەپنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋېتىش، دەبدەبىلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزنىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى جەنۇبىي يۈنىلىش پارتىزانلار ئەترىتىگە بەلگىلەپ بەرگەن ھەربىي يۈرۈش لىنىيىسى تېكەس ناھىيىسى تەۋەسىدىن تاغ يولى ئارقىلىق چىقىپ كۆچانى ئېلىش، ئاندىن غەربكە بۇرۇلۇپ، يول بويىدىكى باي، ئاقسۇ كوناشەھەرنى ئېلىش، ئەڭ ئاخىرىدا ئاقسۇ ناھىيە بازىرىنى ئېلىش، شۇ ئارقىلىق تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلاپ، قەشقەر تەۋەسىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىمالغا يۆتكىلىشىنى توسۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا ۋە شىمالىي يۈنىلىش ئۇرۇشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى.

سوپاخۇن سوۋۇروف بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ تاغ ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن، ئەسلىدە بېكىتىلگەن لىنىيىنىڭ قاردا توسۇلۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ، يولنى ئۆزگەرتىش قارارىغا كېلىپ، قىيپاش غەربكە قاراپ يۈرۈپ، كۆچانىڭ غەربىدىكى باي ناھىيىسى تەۋەسىگە كىردى. 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۇلار باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى گومىنداڭنىڭ قېيىر ئىستىھكامىنى بىر ھۇجۇم

بىلەنلا ئالدى. باي ناھىيىسىدىكى دۈشمەن ئەس ـ ھوشىنى تېپىپ بولغۇچە، پارتىزانلار داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىپ، 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى باي ناھىيە بازىرىغا بىۋاستە ھۇجۇم قىلدى ھەم شۇ كۈنىلا ناھىيە بازىرىنى ئالدى.

باي ناھىيە بازىرى ئۈرۈمچى — قەشقەر تاشيولىنىڭ مۇھىم بۆلىكىدە، يەنى كۇچا بىلەن ئاقسۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. باي ناھىيە بازىرىدىكى ئۇرۇش كۇچا ۋە ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنى بىردىنلا ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

سەيپىدىن ئەزىزى مۇنداق خاتىرىلەيدۇ: «باي ناھىيە بازىرىدىكى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئامما كوچىلارغا چىقىپ، غەلىبىنى تەبرىكلىدى ۋە مىللىي ئارمىيىنى قارشى ئالدى. مىللىي ئارمىيە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بىرنەچچە كۈرۈشۈپ بۆلۈنۈپ، تەشۋىقات ئېلىپ باردى ۋە تېزلىكتە جەمئىيەت تەرتىپىنى ئوڭشىدى، بىر قىسىم يۇرت كاتتىلىرى ۋە زىيالىيلار ئابدۇكېرىم ئاببasوف ۋە قاسىمجان قەمبىرىلەر تۇرغان يەرگە كېلىپ، مىللىي ئارمىيىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ۋە ھەر قانداق ياردەمگە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى» ㉓.

پارتىزانلار ئەترىتى باي ناھىيىسىدە قوشۇننى دەم ئالدۇرۇپ ۋە تولۇقلاپ ئازىراق تۇرغاندىن كېيىن، داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىپ، باي بىلەن ئاقسۇ كوناشەھەر ئوتتۇرىسىدىكى قورغان ئىستىھكامىنى قورشىدى. بۇ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى بۇ يەرگە ناھايىتى مۇستەھكەم قورغان ياسىغان. ئەمدىلىكتە بۇ قورغاندا گومىنداڭ ئارمىيىسى تۇرماقتا ئىدى. قورغان ئىستىھكامىنى ئېلىش — مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش شتابى بېكىتكەن جەنۇبىي يۆنىلىش ئۇرۇشىدىكى مۇھىم ئۇرۇشلارنىڭ بىرى ئىدى.

قورغان ئىستىھكامى مۇزارت دەرياسىنىڭ تاغدىن چىقىش

ئېغىزىدا، يەنى ئىلىدىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا بارىدىغان مۇھىم تاغ يولىدا ئىدى. بۇ يولنى قولغا كەلتۈرگەندە، جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى پارتىزانلارنى ئىلى تەۋەسىدىكى موڭغۇلكۈرە ئارقىلىق ھەر خىل ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئاقسۇ شەھىرىنى ئېلىشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگىلى بولاتتى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سوپاخۇن سوۋۇروف پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ قۇرغان ئىستىھكامىغا يېتىپ كەلدى ھەم شۇ كۈنى كېچىدە ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەن مۇكەممەل مۇداپىئە ئەسلىھەسىگە تايىنىپ، كۈچلۈك ئوت ئېچىپ، پارتىزانلارنىڭ ئىستىھكامغا يېقىنلىشىشىنى توسۇدى. بۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدىكى ئاتلىق 2 - پولكى قۇرغان ئىستىھكامغا ياردەمگە كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. سوپاخۇن سوۋۇروف بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىستىھكامنى قورشاپ تۇرۇپ، ئاۋۋال ياردەمگە كەلگەن دۈشمەننى يوقىتىش ئارقىلىق قۇرغان ئىستىھكامدىكى دۈشمەننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشچىلىقىدا بىر قىسىم پارتىزانلار ۋە پارتىزانلار بىللە كەلگەن ئامما ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى تۈز ئاۋات كەنتىگە كېلىپ يوشۇرۇنۇپ تۇردى. گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنى بۇ كەنتكە كەلگەندە پارتىزانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئۇرۇش ئۇزاق داۋاملاشمايلا، دۈشمەن ئالاقزادە بولۇپ كەينىگە ياندى [24].

ئاقسۇدىن قورغان ئىستىھكامىغا ياردەمچى قوشۇن ماڭدۇرۇلغان چاغدا يەنى، 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كۇچادىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى باي ناھىيە بازىرىنى قايتىدىن بېسىۋالدى ھەم باي ناھىيىسى تەۋەسىدىن ئىلى تەرەپكە بارىدىغان بارلىق تاغ ئېغىزلىرىنى قامال قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتكەن مىللىي ئارمىيە پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ چېكىنىش يولىنى

ئۈزۈۋېتىشكە ئۇرۇندى. دەل مۇشۇ پەيتتە جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى پارتىزانلار ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قورغان ئىستىھكامىنى تېزدىن ئېلىپ، ئىلى تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىدىغان يېڭى تاغ يولىنى ئېچىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا پارتىزانلار 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن باشلاپ قورغان ئىستىھكامىغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلدى. 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاقسۇدىن ياردەمگە يەنە قوشۇن كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى، بۇنىڭ بىلەن پارتىزانلارنىڭ غەزىپى تېشىپ، ئاقسۇدىن چىققان ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن قورغاننى ئېلىپ بولۇشقا بەل باغلىدى. پارتىزانلارنىڭ پارتلىتىش گورۇپپىسى زىچ ئوت كۈچىنىڭ ھىمايىسىدە ئىز بېسىپ ئىلگىرىلەپ، ئۇدا پارتلىتىش ئارقىلىق ئاخىر قورغان ئىستىھكامىنى ئالدى، 17 ئېغىر - يېنىك پىلىموت، 170 مىلتىق، 20 تاپانچا، 100 مىڭ تالدىن ئارتۇق ئوق غەنىيمەت ئېلىندى ㉕.

قورغان ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، پارتىزانلار بىر نەچچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، مۇزارت دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرىغا مېڭىپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى يوقىتىپ، ئىلىغا بارىدىغان قاتناش يولىنى ئاچتى.

پارتىزانلارنىڭ قورغان ئىستىھكامىدىكى غەلىبىسىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئەھمىيىتىدىن باشقا، ئىنتايىن زور تەشۋىقىي ئۈنۈمى بولدى. كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئەسلىدىكى 150 كىشىدىن تەشكىللەنگەن بۇ پارتىزانلار ئەترىتىگە يەنە 100 جەڭچى قوشۇلۇپ، 250 كىشى بولدى. سوپاخۇن سوۋۇروف بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف پۈتۈن ئەترەتنى ئۈچ ئاتلىق روتا، بىر پىلىموتچىلار روتىسى قىلىپ تەشكىللەپ، جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى پارتىزانلار ئەترىتىنى تامامەن يېڭى كۆلەمگە ئىگە قىلدى. بۇ ئەترەتنىڭ كېيىنكى نىشانى ئاقسۇ شەھىرىنى ئېلىشتىن ئىبارەت

بولدى.

مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى سوپاخۇن سوۋۇروف بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ بار كۈچى بىــــلەن ئۇرۇشقا ئاتلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، 8 - ئاينىــــڭ ئاخىرىدا ئىككى ئاتلىق روتىنى ئۇلارغا ياردەمگە ئەۋەتتى. بۇ ئىككى روتىنى سوپاخۇن سوۋۇروف بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار ماڭغان يول بىلەن مېڭىپ، ئۇدۇل باي ناھىيە بازىرىنى ئېلىپ، ئاقسۇ بىلەن كۇچادىكى گومىنداڭ ئارمىــــيەســــىنى ئۈچراشتۇرغۇزماسلىققا بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تېكەس ئاتلىق 2 - پولكــى بۇيرۇق بويىــــچە كۇچا، قاراشەھەرگە تۇتىشىدىغان تاغ ئارىلىرىغا كىرىپ، دۈشمەننى كەڭ دائىرىدە تۇتۇپ تۇردى.

يوقىرىقى ئورۇنلاشتۇرۇشلاردىن كېيىن، جەنۇبىي يۆنىلىش پارتىزانلار ئەترىتى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاقسۇ شەھىرىگە 10 كىلومېتىرمۇ كەلمەيدىغان ئاقسۇ كونا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ناھىيە بازىرىنى تېزلا ئالدى. «ئابدۇكېرىم ئابباسوف ناھىيىدىكى خەلققە نۇتۇق سۆزلەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىــڭ ھەر مىللەت خەلقىنى ئەزگەن جىنايىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى، پارتىزانلار دۈشمەن بۇلاپ كەتكەن ئاشلىقلارنى ئاممىغا تەقسىم قىلىپ بەردى، ئاشلىــققا ئىــگە بولغان ھــەر مــــىللــەت ئــامــمــســى داپ - دۇمباق چېلىشىپ، خۇشاللــــىقتىــــن دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى، ‹شەپقەتچىمىز پارتىــزانلارغا ھەشقالللا!›، دېگەن شوئار پەلەككە ياڭرىدى» ㉖.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سوپاخۇن سوۋۇروف بىــــلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف پارتىزانلارنى باشلاپ ئاقسۇ شەھىرىنــى قورشىدى، نەچچە مىڭ ئاما ئۇلارغا ئەگىشىپ چۇقان سېلىپ، دەھشەتلىك ھەيۋە پەيدا قىلدى. دەل مۇشۇ چاغلاردا مىللىي ئارمىيە ئالتاي، جىڭ، شىخولاردا ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە

قىلىۋاتاتتى.

ئاقسۇ شەھىرىنى گومىنداڭنىڭ ئاتلىق 5 ـ دىۋىزىيە 5 ـ پولكىدىكى 600 چە ئادەم، ئامانلىق قوغداش ئەترىتىدىكى 100 نەچچە ئادەم، ساقچى ۋە ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن قولاق كەستىلەر گورۇھىدىكى 300 چە ئادەم ئىستراتېگىيىلىك جايلارغا بېكىنىۋېلىپ مۇھاپىزەت قىلىۋاتاتتى. ئاقسۇ شەھىرىدە مۇستەھكەم مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بولغاچقا، پارتىزانلار دەسلەپتە قانداق تېگىشنى بىلەلمەي قالدى.

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شەھەردىن چىقىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتتى. پارتىزانلار ئۇلار بىلەن يەتتە سائەت جەڭ قىلغاندىن كېيىن، كوناشەھەرگە قايتتى، گومىنداڭ ئارمىيىسى پارتىزانلارنى قوغلىدى، پارتىزانلار ھۇجۇمدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئەتراپتىكى يېزا ـ كەنتلەرگە چېكىنىپ دەم ئالغاچ ئەترەتنى تولۇقلىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە ئىلىدىن ياردەمگە كەلگەن ئىككى ئاتلىق روتا بايدىن كوناشەھەرگە كېلىپ، سوپاخۇن سوۋۇروف بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف قوماندانلىقىدىكى بۇ پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلدى.

پارتىزانلار ئەترىتى يېڭى كۈچلۈك قوشۇن بىلەن ئۆزىنى تولۇقلاپ بولۇپ، 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاقسۇ شەھىرىنى قايتىدىن قورشىدى. 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پارتىزانلار نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ چوقان سېلىپ مەدەت بېرىشى بىلەن، ئاقسۇ شەھەر سېپىلىگە قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلدى. 26 ـ كۈنى پارتىزانلار سېپىلغا يېقىنلىشىپ، شوتا قويۇپ ئۆلۈمدىن قورقماي سېپىلغا چىقتى، بىراق ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ جەڭ قىلماي تىركىشىپ تۇردى.

10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گومىنداڭ ئارمىيىسى شەھەردىن چىقىپ، پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، پارتىزانلار بىر ـ بىرلەپ

قورشاۋنى بوشىتىپ چېكىندى. شۇ كۈنى گومىنداڭ ئارمىيىسى كوناشەھەرگە قايتىدىن كىردى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە، كۇچادىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى باينى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇ قاتناش ئۆتكىلىنى يېڭىۋاشتىن تىزگىنلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى پارتىزانلار ئەترىتى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ: «ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزمەكچى، پارتىزانلار ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئىلىغا قايتىپ كەلسۇن، دېگەن بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. پارتىزانلار ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇيرۇق بويىچە ئىلىغا قايتتى، ㉗ جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى ئۇرۇشمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

جەنۇبىي يۆنىلىش پارتىزانلار ئەترىتى ئاقسۇ شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ تالانتلىق ۋەتەنپەرۋەر شائىر شۇ چاغدا ئاران 23 ياشتا ئىدى. بىراق ئۇ 60 نەچچە پارچە شېئىر، دراما ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىچىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەزمۇن ئاساسىي تېما قىلىنغان ئەسەرلەرنى يېزىشتا باشلامچىغا ئايلانغانىدى. ئۇ «كۆرەش قىزى» ، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» دېگەن درامىلىرىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان قەھرىمانلارنى تولۇپ تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتقان. «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» درامىسىدا قەلىمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى خۇراپىيلىقنى دادىل سۆكۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى مەدەنىيەت

ھەرىكىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن.
لوتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەنلەردىن يەنە مۇنىرىدىن خوجا (ئۆزبېك)، بىلال ئەزىزى، ئابدۇللا داۋۇت، سىيىت ئابباس (ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئىنىسى)، ئۆمەرجان تۇردى، ئابدۇللا روزى قاتارلىق ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلار بار ئىدى ㉘.

## 4. تاشقورغان رايونىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشى

1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، يەنى ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىغان كۈنى ئەتىگەن سائەت يەتتىلەردە مەملىكىتىمىزنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغان ناھىيە بازىرى ۋە ناھىيە بازىرىدىن قەشقەرگە بارىدىغان يول بويىدىكى تاغارما، سۇبېشى، بۇلۇڭكۆل قاتارلىق قاتناش تۈگۈنلىرىگە جايلاشقان گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىستىھكاملىرى پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى ھەم شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا بۇ ئىستىھكاملاردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كەينى ـ كەينىدىن تارمار بولدى. پامىر ئېگىزلىكىدە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ھەربىي ھەرىكەت تارباغاتاي، ئالتاي، جەنۇبىي قاتارلىق جايلاردىكى جەڭ بىلەن مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغان گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي دائىرىلىرىنى تېخىمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى.
1945 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىلى پارتىزانلار ئەترىتى قوماندانلىق شتابى ئەھمەد بىلەن قوچقارنى پامىر ئېگىزلىكىگە پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى تەشكىللەشكە ئەۋەتتى. ئەھمەد قىرغىز بولۇپ، ئۆزۈنغىچە ئىسھاقبېك مۇنونوفنىڭ مەھرىمى بولغان مايور ئىدى، پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاجىك ۋە قىرغىزلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ناھايىتى زور ئىدى.
ئەھمەد بىلەن قوچقار پائالىيىتىنى يەكەن، ئۇلۇغچات،

تاشقورغان، قاغىلىق، ئاقتۇ، مارالبېشى، قەشقەر، ئاتۇشلارغىچە ھەتتا قەشقەردىكى گومىنداڭنىڭ ئاتلىق 32 ـ پولكىغىچە كېڭەيتتى㉙. بىراق گومىنداڭنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى ھەممە يەرگە چازا قورۇپ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى باشلاشقا پۇرسەت بەرمەيۋاتاتتى.

1945 ـ يىل 6 ـ ئايدا كارۋانشا (تاجىك)، ئوبۇلقاسىم (قىرغىز)، مەمەت ئەيسا (قىرغىز)، ئەمەت (قىرغىز)، تاشتۆمۈر (قىرغىز) قاتارلىق بەش كىشى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ ئۇلاردىن ياردەم سورىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار گومىنداڭنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە چىدىماي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن قىرغىز ۋە تاجىك ئاممىسىدىن پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللىدى㉚. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار تاشقورغانغا چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلدى.

رازۋېدكا قىلىشتىن مەلۇم بولدىكى، كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان تاشقورغان ناھىيىسىدە گومىنداڭنىڭ ئاران 400 نەچچە قوراللىق كۈچى بولۇپ، ئۇلار تارقاق، ئارىلىقى يىراق توققۇز ئىستىھكامغا جايلاشقانىكەن. ئەسكەر ئەڭ كۆپ بولغىنى سۇ بېشى بولۇپ، 50 ئەسكەر ۋە 15 ساقچى بار ئىكەن، ئەڭ ئاز بولغىنىدا 16 ئەسكەر بار ئىكەن㉛.

1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاجىكىستاندا بەش ئەترەت بولۇپ تەشكىللىنىپ، ھەربىر ئەترەتنىڭ ھۇجۇم قىلىش يۆنىلىشى بەلگىلەندى.

1 ـ ئەترەت لەشكەر: (تاجىك)، مادايوف (تاجىك) لار باشچىلىقىدىكى 60 كىشى تاشقورغان ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم

قىلىشقا مەسئۇل بولدى؛ 2 ـ ئەترەت: ئابدۇمالىك باشچىلىقىدىكى 30 كىشى تاشقورغان ناھىيە بازىرىدىن قەشقەرگە بېرىشتا ئۆتمىسە بولمايدىغان سۇبېشى ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولدى؛ 3 ـ ئەترەت: تاشتۆمۈر، تاھىر، ئوسمانلار باشچىلىقىدىكى 60 كىشى سۇبېشىنىڭ شىمالىدىكى بۇلۇڭكۆلگە ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولدى؛ 4 ـ ئەترەت: كارۋانشا، ئىنايەت (تاجىك) لەر باشچىلىقىدىكى 40 كىشى تاشقورغاننىڭ شىمالىدىكى تاغارمىغا ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولدى؛ 5 ـ ئەترەت: ئوبۇلقاسىم باشچىلىقىدىكى 20 كىشى يېڭىسار ناھىيىسىگە بېرىپ، گومىنداڭنىڭ يېڭىسار تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇنىنى توسۇشقا مەسئۇل بولدى ㉜.

بۇ بەش ئەترەت 8 ـ ئاينىڭ 15 كۈنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ھۇجۇم قىلىش نىشانىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. 17 ـ كۈنى تاشقورغان ناھىيە بازىرىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قاچتى، باشقا ئىستىھكاملاردىكى ئەسكەرلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قەشقەر ۋە يېڭىسارغا چېكىندى. 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ تاشقورغاندىكى ھەربىي كۈچى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تاشقورغان ناھىيە بازىرىدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىلىپ، تاشقورغان ۋاقىتلىق مىللىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى قوماندانلىق شتابى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

ۋاقىتلىق مىللىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋالىيسى: ئاقيولبېك (تاجىك)، مۇئاۋىن ۋالىيسى: غوجامكەلدى (قىرغىز)؛ باش كاتىپى: شەمسىدىن سەخى (تاجىك)؛ باش مەسلىھەتچى: سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن غۇلام (ئۆزبېك) بولدى. ۋاقىتلىق مىللىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتتە يەنە خەلق ئىشلىرى، مالىيە، باج، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق تارماقلار قۇرۇلدى.

پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى: كارۋانشا (تاجىك)، مۇئاۋىن قوماندانى: مەمەت ئەيسا؛ قوماندانلىق شتابىنىڭ باش كاتىپى: قاۋۇل مۇرزەك (قىرغىز) بولدى. پارتىزانلار ئەترىتى قوماندانلىق شتابىغا ئىككى ئاتلىق برىگادا قارىدى.

تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى قوماندانلىق شتابى شۇنىڭدىن كېيىن بىر يۇرۇش ئۇرۇش پىلانىنى تۈزدى، ئۇنىڭ مۇھىم ئاقلىرى مۇنداق: پامىر ئېگىزلىكىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، سول تەرەپتىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى تاشمىلىق، ئوپال كەنتلىرىنى ئېلىپ، غەربىي جەنۇبىي تەرەپتىن قەشقەرنى؛ ئوڭ تەرەپتىن ئاقتۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئاقتالا تۈزلەڭلىكى ئارقىلىق مېڭىپ، يېڭىسارنى ئېلىش، ئاندىن بۇ ئىككى قوشۇن شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش؛ 3 ـ ئەترەت ئەڭ يېقىن يەردىن پوسكام ناھيە بازىرىنى ئېلىپ، يەكەن بىلەن قاغىلىقنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش، قەشقەر قولغا ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن قاغىلىقنى ئېلىش.

بۇ پىلان گومىنداڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي بويلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئەسكىرىي كۈچىگە قاراپ تۈزۈلگەنىدى. شۇ چاغدا يۇقىرىقى جايلاردىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەنگە مەركەزلەشكەنىدى. قەشقەردە گومىنداڭنىڭ ئاتلىق 12 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ شتابى ۋە بۇ دىۋىزىيىنىڭ 4 ـ پولكىدىكى 500 چە ئادەم، ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىدىكى 200 چە ئادەم تۇراتتى؛ يەكەندە گومىنداڭنىڭ ئاتلىق 12 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 36 ـ پولكىدىكى 540 ئادەم تۇراتتى؛ خوتەندە گومىنداڭ ئاتلىق 12 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 35 ـ پولكىدىكى 500 چە ئادەم، ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىدىكى 160 ئادەم تۇراتتى. «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» دا يۇقىرىقى رايونلاردىكى ئۇرۇش ھازىرلىقى ئۈستىدە توختىلىپ:

«ناھىيىلەردە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقچىلار قوغداۋاتىدۇ، ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي»㉝ دەپ يېزىلغان.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، يەنى جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى پارتىزانلار ئاقسۇ شەھىرىدە جىددىي جەڭ قىلىۋاتقاندا، تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتتى. يېڭىسار ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىدىغان پارتىزانلار يېڭىساردىكى ئېگىز ياردا ئىككى كۈن جەڭ قىلىپ، شۇ يەردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، يېڭىسار ناھىيە بازىرىغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان ئايرودرومغىچە ئىلگىرىلەپ باردى ㉞.

قەشقەرنى ئالىدىغان پارتىزانلارمۇ 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئوپالنى ئالغاندىن كېيىن، 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تاشمىلىقنى ئالدى ㉟.

پوسكامنى ئالىدىغان پارتىزانلار ھۇجۇمدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. بۇ چاغدا گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلىۋاتاتتى، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى تاشقورغان پارتىزانلىرىغا ھەربىي پائالىيەتنى ۋاقتىنچە توختىتىشنى بۇيرۇق قىلدى ㊱.

## 5. ماناس دەرياسى بويىدا

1945 - يىل 9 - ئايدا مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ، ئۇزۇنلۇقى 60 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 كىلومېتىرلىق دائىرىدە مۇداپىئە سىستېمىسى بەرپا قىلدى. ماناس دەرياسى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىلەن گومىنداڭ شىنجاڭ ھەربىي دائىرىلىرى تىركىشىپ تۇرىدىغان پاسىل بولۇپ قالدى.

مىللىي ئارمىيە مۇداپىئە سىستېمىسىنىڭ قوماندانلىقىنى ئوتتۇرا يۆنىلىش قوماندانى ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پالىنوف، سىياسىي كومىسسارلىقىنى داۋۇتوف ئۈستىگە ئالدى. پالىنوف بىلەن داۋۇتوفنىڭ قوماندانلىقىدىكى پىيادە ئەسكەرلەر 1 ـ بىرىگاداسى (بىرىگادا كوماندىرى موگۇنتوف، سىياسىي كومىسسارى مەرغۇپ ئىسھاقوف) ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا تۇردى؛ پىيادە ئەسكەرلەر 2 ـ بىرىگادىسى (بىرىگادا كوماندىرى پىدايوف، سىياسىي كومىسسارى موللاخۇن) ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا تۇردى؛ مۇستەقىل زەمبىرەكچىلەر باتالىيونى (باتالىيون كوماندىرى ئوقلاۋ، سىياسىي كومىسسارى ئاتباچىس) ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا تۇردى؛ چۆچەك ئاتلىق 6 ـ پولكى (پولك كوماندىرى يۇسۇپوف مۇھەممەدجان، سىياسىي كومىسسارى ئابدۇللا جۇمە) شىخەنزىدە تۇردى؛ توققۇزتارا ئاتلىق 5 ـ پولكى (پولك كوماندىرى يۇسۇپخان كۈنباي، سىياسىي كومىسسارى نۇرى سادىروف) چاۋكەندە تۇردى؛ ئاتلىق 7 ـ پولك (پولك كوماندىرى قازىقان مانامايوف، سىياسىي كومىسسارى ئەبشوف) چاۋكەندە تۇردى. بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 15 مىڭچە ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللىي ئارمىيە موڭغۇلكۈرەدە جەنۇبىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى قۇردى، ئىسھاقبېك مونونوف جەنۇبىي يۆنىلىش شتابىنىڭ قوماندانى بولدى. ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق 1 ـ بىرىگادا (بىرىگادا كوماندىرى ئىسھاقبېك مونونوف، سىياسىي كومىسسارى مىڭ جىلقىيوف) موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىدا تۇردى؛ ئاتلىق 2 ـ بىرىگادا (بىرىگادا كوماندىرى نۇربايوف، سىياسىي كومىسسارى ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوف) كۈنەس ناھىيە بازىرىدا تۇردى؛ ئاتلىق 1 ـ پولك (پولك كوماندىرى مەۋلانوف، سىياسىي كومىسسارى ئۆمەر زاكىروف) مۇزارت داۋىنىدا تۇردى؛ ئاتلىق 3 ـ پولك (پولك

كوماندىرى بايچۇرىن رەپىق) شوتىدا تۇردى؛ ئاتلىق 12 - پولك (پولك كوماندىرى سىدىقھاجى) موڭغۇلكۈرەدە تۇردى ㊳.

10 - ئاينىڭ باشلىرىدا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى مۇستەقىل ئاتلىق برىگادىنى كۆپەيتىپ، ئۇلارنى ماناس دەرياسى بويىغا يۆتكىدى.

مۇستەقىل ئاتلىق برىگادا كوماندىرى لېسكىن، سىياسىي كومىسسارى مولداغالى بولدى، برىگادا شتابى ساۋەن ناھىيە بازىرىدا تۇردى؛ ئۇنىڭ قارمىقىدىكى دۆربىلجىن ئاتلىق 4 - پولكى (پولك كوماندىرى ئايتقان، سىياسىي كومىسسارى يۈسۈپ) ماناس دەرياسىنىڭ غەربىدە تۇردى؛ كەڭساي ئاتلىق 3 - پولكى (پولك كوماندىرى دېنسوف) ماناس دەرياسىنىڭ غەربىدە تۇردى؛ خۇيزۇ ئاتلىق پولكى (پولك كوماندىرى مەنسۇر لومىيوف) شىخەنزىدە تۇردى؛ موڭغۇل ئاتلىق پولكى (پولك كوماندىرى ئەردە) ساۋەن ناھىيە بازىرىدا تۇردى؛ پىيادە ئەسكەرلەر 4 - پولكى (پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ خوجا، سىياسىي كومىسسارى خېلىلوف) يەنسخەيدە تۇردى.

«شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى مىللىي ئارمىيە 30 مىڭ كىشى ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلاردا 20 مىڭدىن ئارتۇق مىلتىق، بىر مىڭ نەچچە يۈز پىلىموت، 70 نەچچە زەمبىرەك، 4 بروۋنېۋىك، ئۈچ تانكا، تۆت ئايروپىلان بىلغان ㊴.

## پايدىلانمىلار

① ساۋدانوف زاھىر: «5 - كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى» (خەنزۇچە) 24 - بەت، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى 72 - بەت.

② «شىنجاڭنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 6335 - بەت.

③ ئابلىمىت ھاجىيوف: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى تارباغاتاي» «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 26 ـ سان، 29 ـ، 30 ـ، 33 ـ، بەتلەر؛ «5 ـ كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى» (خەنزۇچە) 30 ـ بەت.

④ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (خەنزۇچە) نىڭ 88 ـ بېتىدە 1400 دىن ئارتۇق ئادەم دېيىلگەن؛ «شىنجاڭدىكى 10 يىل» نىڭ 208 ـ بېتىدىمۇ 1400 دىن ئارتۇق ئادەم دېيىلگەن.

⑤ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى تارباغاتاي» «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 26 ـ سان، 33 ـ، 34 ـ بەتلەر.

⑥ «5 ـ كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى» (خەنزۇچە) 31 ـ بەت.

⑦ «ئۆمۈر داستانى» (خەنزۇچە) 324 ـ، 325 ـ بەتلەر.

⑧ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى تارباغاتاي»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 26 ـ سان 34 ـ، 35 ـ بەتلەر؛ «ئۆمۈر داستانى» (خەنزۇچە) 325 ـ، 326 ـ بەتلەر.

⑨ «5 ـ كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىنلابىي مۇساپىسى» (خەنزۇچە) 31 ـ، 32 ـ بەتلەر؛ پاتىخان سۇگۇرباييوف: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئالتاي ئىنقىلابى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 25 ـ سان، 252 ـ بەت.

⑮ يۇقىرىقى كىتاب، 252 ـ، 253 ـ بەتلەر.

⑯ يۇقىرىقى كىتاب 256 ـ، 257 ـ، 260 ـ، 265 ـ بەتلەر؛ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (خەنزۇچە) 103ـ بەت؛ «ئۆمۈر داستانى» (خەنزۇچە) 329 ـ بەت؛ «5 ـ كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى» (خەنزۇچە) 34 ـ بەت؛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 6361 ـ، 6366 ـ بەتلەر.

⑰ «5 ـ كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى» (خەنزۇچە) 41 ـ بەت.

⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 38 ـ بەت؛ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، (خەنزۇچە) 89 ـ، 90 ـ بەتلەر.

⑲ «غۇلجا ۋەقەسىدىن خاتىرە» 32 ـ بەت؛ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (خەنزۇچە) 102 ـ بەت؛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 6371 ـ بەت؛ «5 ـ كورپۇسنىڭ بىسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى» (خەنزۇچە) 37 ـ بەت.

⑳ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 6564 ـ بەت.

㉑ يۇقىرىقى كىتاب 6379 ـ، 6380 ـ بەتلەر.

㉒ «غۇلجا ۋەقەسىدىن خاتىرە» 33 ـ بەت.

㉓ «ئۆمۈر داستانى» (خەنزۇچە) 342 ـ بەت.

㉔ «شىنجاڭدىكى 10 يىل» 219 ـ بەت.

㉕ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 16 ـ سان، 101 ـ بەت؛ «غۇلجا ۋەقەسىدىن خاتىرە» 36 ـ بەت؛ «شىنجاڭدىكى 10 يىل» 219 ـ بەت.

㉖ «5 ـ كورپۇسنىڭ بىسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى» (خەنزۇچە) 48 —، 49 ـ بەت.

㉗ يۇقىرىقى كىتاب، 52 ـ بەت.

㉘ «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى (ئۇيغۇرچە)، 11 ـ بەت؛ «ئۆمۈر داستانى» (خەنزۇچە) 220 ـ بەت.

㉙ «ئۆمۈر داستانى (خەنزۇچە) 346 —، 347 ـ بەتلەر.

مەدەلىخان، رەمانقۇل: «تاشقورغان ئىنقىلابى توغرىسىدا» «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 23 ـ سان، 6 —، 7 ـ بەتلەر.

㉛ يۇقىرىقى كىتاب، 9 ـ، 10 ـ بەتلەر.

㉜ يۇقىرىقى كىتاب، 11 ـ بەت.

㉝ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، 222 ـ بەت.

㉞ «غۇلجا ۋەقەسىدىن خاتىرە» 37 ـ، 38 ـ بەتلەر.

㉟ «تاشقورغان ئىنقىلابى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 23 ـ سان 19 ـ، 27 ـ بەتلەر؛

«شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 221 ـ، 223 ـ بەتلەر.

㊱ «ئۆمۈر داستانى» (خەنزۇچە) 325 ـ بەت؛ ھاكىم شىرىپ: «تاشقورغان ئىنقىلابى ھەققىدە ئەسلىمە» ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە) 23 ـ سان، 85 ـ، 86 ـ بەتلەر.

㊲ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (خەنزۇچە) 116 ـ بەت؛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى» 6589 ـ بەت.

㊳ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (خەنزۇچە) 114 ـ 115 ـ بەتلەر؛ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 16 ـ سان 303 ـ بەت.

㊴ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» 233 ـ بەت.

# ئون سەككىزىنچى باب شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت

## 1 ـ بۆلۈم شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى

### 1. «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ ئىمزالىنىشى

1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى گومىنداڭ مەركىزىي دائىمىي كومىتېتى بىلەن ئالىي دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ ۋاقىتلىق بىرلەشمە يىغىنىدا سۆز قىلىپ، ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ پارتلاش سەۋەبىدىن شىنجاڭ مەسىلىسىگە قارىتا مۇنداق دېدى: «ھازىر خەلقئارادا تار مىللەتچىلىك غەلىبىگە ئېرىشتى. بىز ھازىر دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتچىلىكنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ سىياسىتىمىز: دۆلەت ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى بولمىغانلىرىغا ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ھازىرلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. چېگرا جايلاردا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان مىللەتلەر ئۆزلىرىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندا، ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىغا يول قويۇشىمىز كېرەك»①.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، يەنى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جياڭ جيېشى مىللىي ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭنى چاقىرتتى. جاڭ جىجۇڭ شۇ كۈنى جياڭ جيېشى بىلەن قىلغان سۆھبەتنىڭ مۇھىم

مەزمۇننى مۇنداق خاتىرىلىگەن: «ئۇنىــــڭ ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىسى قوشۇننى روھلاندۇرۇپ، كىشىلەرنــى خاتــــرجەم قىلىش، بۇ قېتىم يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن دوكلات يېزىش ئىدى»②.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئالتاي، جىڭ، شىخولار ئارقا ـ ئارقىدىن قولدىن كېتىۋاتاتتى. جياڭ جيېشى 5 ـ ئۇرۇش رايونىدا راكېتەن ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىپ ياپون ئارمىيىسىگە زەربە بېرىۋاتقان گو جىچياۋنى 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇۋەققەت قوماندانلىقىغا، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەم شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنى تولۇق ھوقۇق بىلەن بارلىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا، زۆرۈر بولغاندا ئۆزىنىڭ (جياڭ جيېشىنىڭ) نامىدا تېلېگىرامما يوللاشقا بۇيرۇدى»③.

گو جىچياۋ 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. شۇ كۈنى چىڭخەيدىن يۆتكەلگەن ئاتلىق 5 ـ كورپۇسنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىمى قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى، گو جىچياۋ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، دەرھال ھەربىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى، 46 ـ دىۋىزىيىنى ماناس ئالدىنقى سېپىگە جىددىي يۆتكەپ، مىللىي ئارمىيىگە قارشى ھەربىي كۈچنى ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدىكى غەيرىي ئۇرۇش ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خادىملىـــرىنـــى تارقاقلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىگە سېپىل سوقۇپ مۇداپىئە ئىشلىرىنى كۈچەيتتى④.

گو جىچياۋ ئۈرۈمچىگە كېلىپ 4 ـ كۈنى جاڭ جىجوڭ ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. جاڭ جىجوڭ لەنجۇغا كەلگەندە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ دائىمىــــي ھەيئەت ئەزاســـى مەسئۇد، قانۇن

تۇرغۇزۇش ھەيئىتى ئەيسا، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەپتىش ھەيئىتىنىڭ نامزاتى مۇھەممەد ئىمىن قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى. مەسئۇد قاتارلىقلار جاڭ جىجۇڭغا «زۇڭلى شىنجاڭغا بەرگەن يۇكسەك ئاپتونومىيە» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان 14 ماددىلىق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاڭ جىجۇڭ مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ 14 ماددىلىق تەكلىپىنى ئېلىپ، مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە مېڭىشقا تەكلىپ قىلدى. 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن جاڭ جىجۇڭ، ۋۇ جۇڭشىن، جۇ شاۋلياڭ، گو جىچياۋ قاتارلىق گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇلار شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پرىنسىپلىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ مەسىلىسى ھازىر پەقەت سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش باسقۇچىغا بېرىپ يەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق دەپ قاراشتى. كۆپچىلىكنىڭ بۇ خىل قارىشى ئاساسىدا جاڭ جىجۇڭ 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلى يىۋسىيېفنى زىيارەت قىلىپ ئۇنىڭ ئىلى، ئالتاي، چۆچەك ئۈچ ۋىلايەت قوزغىلىڭىغا بولغان قارىشىنى سورىدى. تۆۋەندىكىلەر جاڭ جىجۇڭنىڭ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى. «ئۇ (يىۋسىيېف): بۇ جوڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى جوڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشسا مۇۋاپىق بولمايدۇ. بۇ ئىشنى ئەڭ ياخشىسى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەك، دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم ھەمدە ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن

ئۇنىڭدىن تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش يولىدىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىشكە، ئالدى بىلەن ئىلى تەرەپنىڭ ھەربىي ھەرىكەتلەرنى توختىتىشقا كۈچ چىقىرىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سورىدىم، ئۇ مېنىڭ پىكرىمنى موسكۋاغا يەتكۈزۈشكە ماقۇل بولدى ھەمدە ئۆزىنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى»⑤.

جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭغا سەپەر قىلىش پىلانىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى ئۆلكە بىلەن ئىلىنىڭ مۇناسىۋىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەدىسىنى ئېلىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلىنىڭ ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن، 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن كېيىن چۇڭچىڭغا قايتتى. ھەمدە شۇ كۈنى جياڭ جيېشىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلى يەتكۈزگەن خەۋەرنى دوكلات قىلدى. 2 - كۈنى، يەنى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروۋسكى مىللىي ھۆكۈمەت تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىقىغا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ نوتىسىنى تاپشۇرۇپ مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى: «يېقىندا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋەكىلى دەپ، غۇلجىدىكى كونسۇلخانىمىزغا كېلىپ روسىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزلىرى بىلەن جۇڭگو دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇپ قويۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئاستىرتىن بىلدۈردى. ھەمدە قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ئەسلىدىلا جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتىش نىيىتى يوق. ئۇلارنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلار كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن شىنجاڭدا ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت. پېتروۋسكى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش رايونلىرىنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرتىپىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى خالىسا

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەزىيەتنى توختىتىش ئۈچۈن تەيىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى»⑥.

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى جياڭ جيېشىدىن يولىيورۇق ئالغاندىن كېيىن دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا مۇنداق ئىنكاس قايتۇردى: 1. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار (ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ) قوزغىلىڭى توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمكارلىشىشنى خالىسا ھۆكۈمىتىمىز بۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. 2. چېگرا جايلاردىكى خەلقلەرگە بولغان مۇئامىلىنى ياخشىلاش توغرىسىدا رەئىس جياڭ جيېشى ئاللىقاچان، ھۆكۈمىتىمىز شىنجاڭ خەلقىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ جاكارلىدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمىتىمىز مىنىستىر جاڭ جىجۇڭنى بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. مانا بۇ مۇئامىلىنى ياخشىلاشنىڭ بەلگىسى. 3. ھۆكۈمىتىمىز مۇشۇ ۋەقەنى قوزغىغانلارنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، مىنىستىر جاڭ جىجۇڭغا پىكرىنى بايان قىلىشنى، مەسىلىنى كېڭىشىپ ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە سىياسىي جەھەتتە ئىچكى جايلاردىكى خەلقلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. 4. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ھەمكارلىشىشنى خالىسا، مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى مۇھاكىمە قىلىشقا، قارشى تەرەپنىڭ ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، مىنىستىر جاڭ جىجۇڭنىڭ ھۇزۇرىدا بولۇشنى خەۋەر قىلىپ قويۇشۇڭلارنى ۋە ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ۋەكىللەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن كاپالەتلىك قىلىمىز»⑦.

بۇ ئىشنىڭ غۇلجىغا بولغان تەسىرى مۇنداق بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى گېنېرال كوسلوف ئېلىخان تۆرىگە ئۇقتۇرۇش قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىز گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىگە يوللىغان مەخپىي تېلېگراممىنى قولغا چۈشۈردۇق، ئۇنىڭدا ئەگەر ئىلى ئىنقىلابچىلىرى قوشۇلسا ئۇرۇشنى توختىتىشقا بولىدۇ، تالاش - تارتىش مەسىلىسىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىمىز ھەمدە بۇ ئىشنى سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلى بىلەن يۈزلىشىمىز، ئەگەر ئۇلار قارشى تۇرمىسا، ئۇلاردىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلىمىز». بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ ئىشتا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئېلىخان تۆرە گېنېرال كوسلوفقا: «ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلسا قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ دېگەندە، گېنېرال قەتئىيلىك بىلەن: ‹سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماقۇل بولۇشىمىز كېرەك› دېگەن. ئېلىخان تۆرىنىڭ ئۇنىڭ بۇ خىل تەشەببۇسىغا قارشى تۇرۇشى تەبىئىي ئىدى. بىراق، ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ئالدىن سەزگەن بولغاچقا ئۇندىمىدى»⑧. 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئېلىخان تۆرە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ، 100 - نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ رەھىمجان سابىر ھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئۈرۈمچىگە بېرىپ جاڭ جىجوڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 103 - نومۇرلۇق ھۆججەت ماقۇللاپ ئەخمەتجان قاسىمىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلىدى.

1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىلى تەرەپ ئەۋەتكەن

سۆھبەت ۋەكىللىرى رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئىلى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنىڭ ئەمەلىيەتتە مۇقەددىمىسى باشلاندى. جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى، جياڭ جيېشىغا ئۆزىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى تونۇشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: (1) شىنجاڭ مەسىلىسى — مىللى مەسىلە، شۇڭلاشقا مىللەتلەر باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە بولۇپمۇ، ئالدى بىلەن سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىنى بېرىش كېرەك. (2) شىنجاڭ مەسىلىسى يەنە تاشقى ئىشلار مەسىلىسى، شۇڭلاشقا، شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سىياسىي ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئەكسىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

جياڭ جيېشى جاڭ جىجۇڭنىڭ قاراشلىرىنى توغرا كۆردى، ھەمدە جاڭ جىجۇڭغا تاپىلاپ: «سىز شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا پۈتۈنلەي ھوقۇقلۇق، قانداق مەسىلە كۆرۈلسە، ماڭا تېلېگراما يوللىسىڭىز بولىدۇ» دېدى ⑨. 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچراشتى.

جاڭ جىجۇڭ مۇنداق دېدى: «جۇڭخۇا مىنگو — خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان، زاڭزۇدىن ئىبارەت بەش چوڭ مىللەت ۋە بىرقانچە ئۇششاق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان بىر دۆلەت. بۇ مىللەتلەر ناھايىتى سۆيۈملۈك، خۇددى ئاكا ـ ئۇكا

قېرىنداشلارغا ئوخشاش يېقىن ۋە باپباراۋەر بولۇپ كەلمەكتە. بىراق، بىز شۇنىمۇ ئىنكار قىلمايمىزكى، بىر ئائىلىدە ئۆتۈۋاتقان قېرىنداشلارنىڭمۇ بەزى مەسىلىلەرگە نىسبەتەن پىكرى ئوخشاش بولماي قالىدۇ. ھەتتاكى، شۇ ۋەجىدىن جېدەل - ماجىرالاردىن خالىي بولۇشىمۇ تەس، لېكىن جېدەل - ماجىرا دېگەن جېدەل - ماجىرا، ئۇ قېرىنداشلارنىڭ ئىناقلىقىنى بۇزۇۋېتەلمەيدۇ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىتتىپاقىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ»⑩.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى سۆز قىلغاندا، خەلقنىڭ كۈرەش قىلىش سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىز ياخشى بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىدۇق، كەچلىك تاماقنىمۇ خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇپ يېيىشەتتۇق. بىراق، كېيىن ئاتىنى ياكى بالىنى، ياكى بولمىسا ئاتا - بالا ئىككىلىمىزنى ھۆكۈمەت چاقىرتىپ ئېلىپ كېتىدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئاتا بىلەن بالا كۆرۈشەلمەيدۇ. مال - مۈلكىمىزنىمۇ ئاپئاشكارا بۇلاپ كېتىشىدۇ. ئىللىق ئائىلىمىزدىن ئېلىپ كېتىلىمىز، قىزلىرىمىز، باللىرىمىز قانداق جان باقىدۇ؟ ھۆكۈمەت تېخى يەنە ئۇلارنى باشقا جايلارغا ئايرىۋەتتى، قانچىلىغان ئائىلە ۋەيران بولدى سىزدىن سوراپ باقايلى، بۇنداق ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشقا چىداپ بولامدۇ؟».

بىرىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىش گەرچە قويۇق مۇراسىم تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككى تەرەپ نەتىجىلىك پىكىر ئالماشتۇرالمايدۇ. 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن «مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ئۆزگىرىشنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پوزىتسىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك بايان

قىلدى، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنداق: (1) شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە تەكشى تەرەققىياتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن يار - يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنى ئىچكى جايلاردىكى خەلقلەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىگە ئېرىشتۈرۈش؛ (2) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، ھەرقايسى دىنلارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداش؛ (3) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەزەلدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، تىل - يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىش؛ (4) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جىسمانىي، مال - مۈلكى، سۆز - ھەرىكىتى، ئۆي - جايى، مەتبۇئات، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكىنى قانۇنىي جەھەتتىن قوغداش؛ (5) ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئۇنىڭ چارىسى مۇنداق: ئا. ھازىر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ناھىيىلەردە تەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە، يېزا - بازارلارنىڭ باشلىقلىرىنى سايلاشنى تاماملاش، ئالتە ئاي ئىچىدە، ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ سايلىمىنى تۈگىتىش، دېموكراتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇش. ب. ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يەرلىك خەلقنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى بويىچە ھەرقايسى ماددىلارغا قارىتا تەكلىپ سۇنۇش ھوقۇقى بولىدۇ؛ يەرلىك مەمۇرىي خادىملارنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن پاش قىلىش ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. س. ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن، يەرلىك خەلقتىن ئىناۋەتلىك، بىلىملىك بولغان ئىككى ئادەمنى سايلاش، ھۆكۈمەت ئۇلاردىن بىرىنى تاللاپ ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا قويۇش. د. ھاكىمنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىشىغا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت مۇئاۋىن ھاكىم

تەيىنلەيدۇ. ئې. ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۆرسىتىدۇ. مەركەز ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. ھەمدە يەرلىك زاتلارنى تاللاپ ئىشلىتىدۇ. باشقا مەمۇرىي خادىملارنى ئىشقا قويغاندا، كۆپىنچىسىنى يەرلىك زاتلاردىن تاللاپ ئىشلىتىشنى پرىنسىپ قىلىدۇ؛ (6) بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت باج ـ سېلىقنى يېنىكلىتىش ھەققىدە ھەقىقىي تۈردە ئويلىنىشى كېرەك. ئالۋان ـ ياساقنى كۆپەيتىشنى قەتئىي چەكلەش لازىم، ھەمدە ئۇلارنىڭ يېزا ـ ئىگىلىكى، سودا ـ سانائەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پائال يار ـ يۆلەكتە بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم؛ (7) ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ، ئىجتىمائىي تەلىم ـ تەربىيىنى كېڭەيتىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەر مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىقى قوللىنىلىدۇ. (8) قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن رايونلاردىكى بارلىق ھەربىي ھەرىكەتلەر دەرھال توختىتىلىدۇ. بىر ئايغىچە ۋەقە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىدىكى ھالەت ۋە تەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ھەمدە ۋەقە يۈز بەرگەن مەزگىل ئىچىدىكى بارلىق قانۇنسىز تەشكىلاتلار بىكار قىلىنىدۇ. (9) ئۆزگىرىشكە قاتناشقان قوراللىق تەشكىلاتلار مۇۋاپىق راسخوت بىلەن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلۇپ خاتىرجەم ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. (10) ئۆزگىرىشكە قاتناشقان شەخسلەر بىردەك سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ ھاياتى، ئولتۇراق جايىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. (11) ئۆزگىرىشكە قاتنىشىش تۈپەيلىدىن تۇتۇپ تۇرۇلغان، قاماقتا ئېلىنغانلار ئىككىلا تەرەپتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىۋېلىنغان بولسا، ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. (12) قانۇنسىز تەشكىلاتلارغا قاتناشقان خادىملاردىن ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى

خالىغۇچىلار بىردەك راسخوت بىلەن قايتۇرۇلىدۇ. قالغانلىرىنى ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ ئايرىم - ئايرىم ئىشقا قويۇپ، ئۇلارغا دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پۇرسىتى بېرىلىدۇ»㉑.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ كۆرسەتمە لايىھەنى جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا ئەۋەتىپ بەردى. 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن «كۆرسەتمە لايىھە» گە قانداق پىكرى بارلىقىنى سورىدى. ئۇلار بۇ «كۆرسەتمە لايىھە» گە غۇلجىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن، 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ماناس ئارقىلىق غۇلجىغا قايتتى.

ھەر خىل ئالامەتلەردىن مەلۇمكى، گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ سۆھبىتى كۈسلوفنىڭ ئېلىخان تۆرىگە ئېيتىپ بەرگەن ئاشۇ چەكلىك ئۇچۇرىدىن باشقا، ئېلىخان تۆرە بۇ قېتىملىق سۆھبەتلىشىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدا باشقا ھېچقانداق ئىشتىن خەۋەر تاپالمىغان. شۇڭلاشقا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي كېمىسىدىن تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى پەقەت ئۆز تۇيغۇسىغا تايىنىپلا ھېس قىلىشقان.

بىر جىددىي تەدبىر قوللىنىش ئۈچۈن، 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، يەنى جاڭ جىجۇڭ چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنى ئېلىخان تۆرە غۇلجىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىپ، ئىسھاقبېك مونونوفقا گېنېرال لېيتېنانت ھەربىي ئۇنۋانى بەردى. بۇ ھەرىكەت ئېلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ بىر خىل ئۆز ھوقۇقىنى نامايان قىلىش ئۇسۇلى ئىدى. ئېلىخان تۆرە ئارقىدىنلا رەھىمجان سابىر ھاجى،

ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملارنى تاللاپ 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئالدىراپ - تېنەپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يىغىنى ئېچىپ 114 - نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللىدى: (1) ئېلىخان تۆرىگە مارشال ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلدى؛ (2) ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدا ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇلدى؛ (3) بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ھەربىي ھەرىكەت ھەمدە ئالاقىدار ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا دوكلات قىلىنىپ تەستىقلانغاندىن كېيىن يولغا قويۇلىدىغان بولدى.

ئېلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى قولدىن كېتىدىغانلىقى كۈنسېرى روشەنلەشمەكتە ئىدى. بۇ چاغدا، دۆلەت زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي كۈچىنىڭ قايتىدىن تەشكىللىنىشىگە باغلىق بولۇپ قالدى. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى رەھىمجان سابىر ھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئىككىنچى قېتىم غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇلار غۇلجا تەرەپنىڭ مەركەزنىڭ كۆرسەتمە لايىھىسىگە قارىتا پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئالغاچ كەلگەنىدى. بۇ ھۆججەت بەزى مەسىلىلەردە جاڭ جىجۇڭنىڭ «كۆرسەتمە لايىھىسى» بىلەن يېقىنلاشسىمۇ، ئەمما دۆلەت زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش مەسىلىسىدە پوزىتسىيىلەر ئېنىق ۋە روشەن ئىدى.

«غۇلجا تەرەپنىڭ مەركەزنىڭ كۆرسەتمە لايىھىسىگە قارىتا پىكىر - تەلەپلىرى» جەمئىي 11 ماددىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلار:

(1) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يوكسەك ئاپتونومىيە (بىۋاسىتە تەرجىمە قىلغاندا تولۇق ئاپتونومىيە بولىدۇ) دائىرىسى

ئىچىدە مۇسۇلمانلارغا ھەر ئىككى تەرەپ ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىقىغا سايلاشقا سايلام ھوقۇقى بېرىلسۇن. قوراللىق توقۇنۇش ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاپ بولۇش كېرەك؛ (2) دىنىي كەمسىتىشلەر بىكار قىلىنسۇن ھەمدە تولۇق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىلسۇن؛ (3) دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەت ماتېرىياللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز يېزىقى بىلەن يېزىلسۇن؛ (4) باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز تىل - يېزىقى بىلەن دەرس ئۆتۈلسۇن، خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرى كەڭ - كۆلەمدە راۋاجلاندۇرۇلسۇن؛ (5) مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئەركىن راۋاج تېپىشى كاپالەتلەندۈرۈلسۇن؛ (6) مەتبۇئات (نەشرىيات)، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، سۆز ئەركىنلىكى بېرىلسۇن؛ (7) ھەر بىر مىللەتنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن ھەم ئۇنىڭ كۈچىگە قاراپ باج نىسبىتى بەلگىلەنسۇن؛ (8) سودىگەرلەرگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا سودا قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلسۇن؛ (9) ھەرقايسى رايونلاردا مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىشقا رۇخسەت قىلىنسۇن. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئارمىيە گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىشى شەرت، ئارمىيىدىكى كەم سان مۇسۇلمان خەلق ئارىسىدىن تولۇقلىنىشى، ئارمىيىدىكى تەلىم - تەربىيە مەشقى ۋە بۇيرۇق ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئىككى خىل تىل - يېزىقتا ئېلىپ بېرىلسۇن (10) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللىگەندە، مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇس سانىغا ئاساسەن، مۇسۇلمان ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنسۇن؛ (11) ئەركىنلىك ئىزدەپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان

مۇسۇلمان زاتلار بىردەك سۈرۈشتە قىلىنمىسۇن ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ھەرقانداق باھانە - سەۋەب بىلەن زىيانكەشلىك قىلماسلىقتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنسۇن. قوراللىق توقۇنۇش ۋەقەسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن ئۈچ كۈن ئىچىدە ئەركىنلىك ئىزدەپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان سەۋەبلىك قولغا ئېلىنغان كىشىلەر تامامەن قويۇپ بېرىلسۇن⑫.

جۇدۇڭجياۋ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» ناملىق كىتابتا ئىككى تەرەپنىڭ ھۆججىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز قارىشىنى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان: (1) جاڭ جىجۇڭنىڭ لايىھەسىنىڭ يەرلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى قارىشى، كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئالتە ئايدىن كېيىن ناھىيىلىك كېڭەش سايلاشنى تاماملاش، بىر يىلدىن كېيىن ناھىيە ھاكىملىرىنى سايلاپ بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان ھەمدە ئۆز پىكرىنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. ئىلى تەرەپنىڭ لايىھەسىدە بولسا كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان كۈندىن باشلاپ، ئىككى ئايدىن كېيىن يەرلىك ئەمەلدارلارنى سايلاشنى تەشەببۇس قىلغان؛ (2) مىللىي تىل - يېزىقنىڭ رولى توغرىسىدا، جاڭ جىجۇڭنىڭ لايىھەسىدە باشلانغۇچ مەكتەپتە بىردەك ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش تەشەببۇس قىلىنغان. ئىلى تەرەپنىڭ لايىھەسىدە بولسا، ھۆكۈمەت خەت - ئالاقىلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە بىردەك ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقى قوللىنىش تەلەپ قىلىنغان؛ (3) ھەربىي قىسىم مەسىلىسىدە، جاڭ جىجۇڭنىڭ لايىھەسىدە قوزغىلاڭغا قاتناشقان قوراللىق تەشكىلاتلارنى مۇۋاپىق راسخوت بىلەن ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان. ئىلى تەرەپنىڭ لايىھەسىدە بولسا بۇ قوشۇننى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە ھەرقايسى

جايلاردا مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىش تەلەپ قىلىنغان [14].

ئىلى تەرەپنىڭ لايىھىسىدە سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئاكتىپ ئامىللار يوشۇرۇنغانىدى. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ مۇۋاپىق دەرىجىدىكى قوشۇلۇش نۇقتىسى ۋە كۆڭۈلدىكىدەك يولنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ رەھىمجان سابىرھاجى، ئۇبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان لايىھىگە يازما جاۋاب بەردى. بۇ ھۆججەت جەمئىي 12 ماددا بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ناھىيە ھاكىملىرىنى خەلق ئۆزى سايلاش، ئەمما مۇئاۋىن ھاكىمنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەيىنلەش. (2) ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەت ئالاقىلىرىدا خەنزۇ يېزىقى بىلەن مىللىي يېزىق تەڭ قوللىنىلىش، خەلق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا سۇنغان ھۆججەتلەرنى ساپ مىللىي يېزىقتا يېزىش؛ (3) باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مىللىي تىل - يېزىق قوللىنىش، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرسلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈش، ئالىي مەكتەپلەردە خەنزۇچە، مۇسۇلمانچە تىل - يېزىق تەڭ قوللىنىلىش؛ (4) مىللىي ئارمىيىنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىك قوشۇنغا ئۆزگەرتىلىدۇ، قالغانلىرى دۆلەت ئارمىيىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ، پولك ئەڭ چوڭ بىرلىك قىلىنىدۇ. دۆلەت ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ھەر ۋاقىت يۆتكىلىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ[15].

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ 18 ـ كۈنلىرى ئىككى تەرەپ ئىككى كۈن داۋاملىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىككى تەرەپنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرى بارغانچە يېقىنلاشماقتا ئىدى. 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئىككى تەرەپ ھاسىل قىلغان يېڭى يارىشىش كېلىشىمىنى ئېلىپ غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ ئەڭ

ئاخىرقى كېڭەشتىن ئۆتكۈزدى. 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە قاتارلىقلار ئۈچىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ، جاڭ جىجۇڭ بىلەن يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

جاڭ جىجۇڭ ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «29 ـ كۈنى سۆھبەتنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللەش بىلەن قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشتىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاندى. كۆپ قېتىم تەكرار كېڭىشىش، تەتقىق قىلىش، مۇرەسسە ـ مادارا قىلىش ئارقىلىق بۇ 11 ماددىلىق رەسمىي ھۆججەت دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللەش ۋە قوشۇنلارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش توغرىسىدىكى ئىككى قوشۇمچە ھۆججەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى رەسمىي ھۆججەت بىلەن 1 ـ قوشۇمچە ھۆججەتكە ئىمزا قويۇلدى. 2 ـ قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى يەنە داۋاملىق سۆھبەتلىشىشكە قالدۇرۇلدى⑯.

1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن ئىمزالىغان پۈتۈن ھۆججەتنىڭ نامى: «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونلىرىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم» دەپ ئاتالدى. بىتىمنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

1. ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ. بۇ ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تەرتىپلەر بەلگىلەندى:

ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە، ھەرقايسى ناھىيىلەردە كېڭەش ئەزالىرى سايلاپ چىقىلىپ ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلىدۇ. ناھىيىلىك كېڭەش ھاكىمنى سايلاپ چىقىدۇ، مۇئاۋىن ھاكىم ھەمدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى خادىملارنى ھاكىم تەيىنلەيدۇ.

سايلام يولغا قويۇلغىچە، ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلاردا ۋىلايەت ناھىيىلەردىكى ھازىرقى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ تۇرىدۇ.

ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى بىلەن مۇئاۋىن ۋالىيسىنى شۇ يەردىكى خەلق كۆرسىتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ.

ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خادىملىرىنى ۋالىي تەيىنلەيدۇ.

ھەرقايسى ناھىيىلەردە ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى سايلىنىپ ئۆلكىلىك كېڭەش قۇرۇلىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ھۆكۈمەت ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ.

ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغىچە ۋە ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بېرىلغىچە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش چارىسى 9 ـ ماددىدىكىدەك بولىدۇ.

2. ھۆكۈمەت دىنىي كەمسىتىشلەرنى بىكار قىلىدۇ ھەمدە خەلققە تولۇق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىدۇ.

3. دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرىدە دۆلەت تىلى بىلەن مۇسۇلمان تىللىرى تەڭ قوللىنىلىدۇ. خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە سۇنغان ئەرز ـ ئىلتىماسلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىدا يېزىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

4. باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا بولىدۇ. لېكىن، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت تىلى ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرس قىلىپ كىرگۈزۈلىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش زۆرۈرىيىتىگە قاراپ، دەرس ئۆتۈشتە دۆلەت تىلى بىلەن مۇسۇلمان تىلى تەڭ قوللىنىلىدۇ.

5. ھۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت بىلەن سەنئەتنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

6. ھۆكۈمەت مەتبۇئاتتا، مەجلىسلەردە (يىغىلىـــشلاردا) نۇتۇقلاردا ئەركىنلىكنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

7. ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ باج نىسبىتىنى بەلگىـــلەيدۇ. خەلق ھۆكۈمەت ئالدىدا ئىقتىـــسادىي جەھەتتە ئۆتەشكە تېگىـــشلىـــك مەجبۇرىيىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، سېلىقنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ. ئەمما بۇ خىل مەجبۇرىيەتنىڭ مىقدارى خەلقنىڭ تۇرمۇشــى ۋە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىـــكــى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

8. ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى - تاشقى سودا ئەركىنلىكى بېرىدۇ. ئەمما چەت ئەللەر بىلەن سودا قىلغۇچــى سودىگەرلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سودا شەرتنامىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

9. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىنـــى مەركەز تولۇقلايدۇ. ئۇنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ سانى 25 نەپەر بولىدۇ. 25 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسىنىڭ 10 نىنى مەركەز بىۋاستە تەيىنلەيدۇ. قالغان 15 نى ھەرقايســى ۋىلايەتلەردىكـــى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، مەركەز تەيىنلەيدۇ.

مەركەز بىۋاستە بەلگىلەيدىغان 10 ھەيئەت ئەزا — رەئىس، باش كاتىپ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، قۇرۇلۇش (تەمىرات) نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئىككى مەخسۇس تەيىنلەنگەن ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ، مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 ھەيئەت ئەزا— ئىككى مۇئاۋىن رەئىس، ئىككى مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بەش نەپەر مەخسۇس تەيىنلەنگەن ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قالغانلىرى ھەققىدە 1 - قوشۇمچە ھۆججەتكە قارالسۇن.

10. مىللىي قوشۇن تەشكىللەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئۇنى مۇسۇلمانلاردىن تولۇقلاش پرىنسىپ قىلىنىشى شەرت. بۇ قوشۇن بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىشكە قاتناشقان ئارمىيە ئاساسىدا، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، يېڭىۋاشتىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ قوشۇننىڭ ئادەم سانى ۋە تۇرار جايى ئايرىم مۇزاكىرە قىلىنىپ، 2 - قوشۇمچە ھۆججەت ئىمزالانغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ قوشۇننىڭ مەشىق بۇيرۇقلىرىدا ئۇيغۇر، قازاق تىل - يېزىقلىرىنى تەڭ قوللىنىش پرىنسىپ قىلىنىدۇ. بۇ ئارمىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار بۇرۇنقى مەنسىپىنى ساقلاپ قېلىش ئۇسۇلى بىلەن مۇددەت بويىچە ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئەۋەتىلىپ، ئوفىتسېرلىق بىلىمىنى

تولۇقلايدۇ. بۇ ئارمىيىگە ھۆكۈمەت تەلىم ـ تەربىيە خادىملىرىنى ئەۋەتىپ مەشىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرىدۇ. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەركەز ئارمىيىسى بۇ ئارمىيە بىلەن بىر يەردە تۇرمايدۇ ھەمدە ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلايدۇ. بىر ـ بىرى بىلەن ئۆچەكىشىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. قالغانلىرى ھەققىدە 2 ـ قوشۇمچە ھۆججەتكە قارالسۇن.

11. ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىككى تەرەپ قولغا ئالغان زاتلار، ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى 10 كۈن ئىچىدە قويۇپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەب بىلەن كەمسىتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ

رەھىمجان سابىر ھاجى

خەلق ۋەكىللىرى: ئوبۇلخەيرى تۆرە

ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۈرۈمچى

**1 ـ قوشۇمچە ھۆججەت**

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئىمزالىغان «قورال ئىلىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم»، نىڭ 9 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى توغرىسىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ماقۇللىشى بىلەن تۆۋەندىكىچە قوشۇمچە بەلگىلىمە تۈزۈلدى.

1. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ، مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت

ئەزاسىنىڭ ئالتىسىنى ئۆزگىرىش بولغان ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتسە بولىدۇ.

2. يۇقىرىدىكى ئالتە ھەيئەت ئەزا بىر مۇئاۋىن رەئىس، بىر مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ياكى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ياكى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ياكى ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بىر مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. قالغان يەتتە ۋىلايەت توققۇز ھەيئەت ئەزانى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر مۇئاۋىن رەئىسنى، شۇنىڭدەك مەركەز بىۋاسىتە بەلگىلەيدىغان ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ ۋىلايەت كۆرسىتىدىغانلىرىدىن باشقا، بىردىن نازىر، باشقارما باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن باش كاتىپ، مۇئاۋىن نازىرنى شۇنىڭدەك تۆت مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ

رەھىمجان سابىر ھاجى
خەلق ۋەكىللىرى: ئوبۇلخەيرى تۆرە
ئەخمەتجان قاسىمى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچى

## 2. ئىلىخان تۆرىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن ئايرىلىشى

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە

قارشى ئېلىپ بارغان بىر مەيدان قوراللىق كۈرەشى بولۇپ» ھېسابلىنىدۇ. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە سوۋېت لېنىيىسى ئىجرا قىلىنغان تۈرلۈك دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، «بىلىق تۇتۇش ھېيلىسىنى قوللانغان بىر قىسىم ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار بىر قىسىم رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋېلىپ، ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلىپ ئىنقىلابنى زىيانغا ئۇچراتتى» ⑰. ئۇنىڭدىكى ۋەكىللىك شەخس ئېلىخان تۆرە ئىدى.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتى ئېلىخان تۆرىنىڭ سىياسىي غايىسىنىڭ بەربات بولۇشىدىكى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالغان. شۇ كۈندىن باشلاپ، جاڭ جىجۇڭ بىلەن رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىقلارنىڭ ھۆججەت ـ ئالاقىلىرىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جۇڭگونىڭ سىرتىدىكى بىر مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئورنى ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇق ئەمەلدىن قالدى. ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار كېيىنكى كۈنلەردە شەكىللىنىۋاتقان سىياسىي ۋەزىيەت يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، زور تىرىشچانلىقلار كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىدە ئېلىخان تۆرە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسھاقبېك مونونوف، دەلىلقان سۈگۈربايېوف يادرولۇقىدىكى سىياسىي دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىنى نىشان قىلغان تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ تەسىرى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھوقۇق مەركىزىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ، ئەخمەتجان قاسىمى

ئاستا ـ ئاستا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئېتىراپ قىلىدىغان رەھبەرگە ئايلاندى.

ئەخمەتجان قاسىمى 1914 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى غۇلجىدا تۇغۇلغان. ئۇ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى، بۇ ئائىلىدە بىر قىز بار بولۇپ، ئۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەدىسى جەننەتبۇۋى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى نادىر مەھمۇد، ئاپىسىنىڭ ئىسمى شەرۋانەم ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ دادىسى بىر پىشقان موزدۇز بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇستا سازەندە، غەزەلخان بولۇپ، يىراق ـ يېقىنغا تونۇلغان كىشى ئىدى. 1926 ـ يىلى يازدا، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ دادىسى نادىر تەكلىپ بىلەن سۇيدۇڭدىكى بىر مەشرەپكە قاتنىشۋاتقاندا، بىر يامان نىيەتلىك قاتىل نادىرغا پىچاق سېلىپ ئېغىر يارىلاندۇرىدۇ. نادىر ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. دادىسىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى ئەخمەتجان قاسىمى ئائىلىسىنىڭ تىرىكچىلىك يولىنى ئۈزۈپ قويۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن بۇ گۆدەك بالىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر جاراھەت قالدۇرىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئاپىسى تۇل قالىدۇ، ئۇ تۇرمۇشتا قىينىلىپ، قورغاس ناھىيىسىنىڭ چوڭ مازار يېزىسىدىكى تۇغقىنىنىڭ قېشىغا كۆچۈپ بېرىپ، تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا تايىنىدۇ. بۇ يەردىكى تۇرمۇشمۇ ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتتە ئۆتىسمۇ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئاپىسى ھېچنېمىگە قارىماي، ئۇنى نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە ئاپىرىپ ئوقۇتىدۇ. بەختىگە يارىشا ئۇنىڭ بىلەن تەقدىرداش بىر قازاق يىگىت، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ـ كېلىپ ئوقۇيتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنتتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تاغىسى ئۆمەرجان ھەدىسىنىڭ يولدىشىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، قورغاس چوڭ مازار يېزىسىغا

كېلىپ، ئەخمەتجان قاسىمىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى پانپىلوف (ھازىرقى قازاقىستاندىكى يەركەت) دىكى بىر ياتاقلىق يېتىملار مەكتىپىدە ئوقۇتىدۇ. مەكتەپكە تىزىملاتقاندا، بوۋىسىنىڭ ئىسمى «قاسىمى» نى فامىلە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى دېگەن بۇ نام بارلىققا كېلىدۇ. پانپىلوفتىكى ئوقۇش جەريانىدا ئۇ كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسى ئايشەم شەمىيېۋا بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى پانپىلوفتا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن تاغىسى بىلەن تاشكەنتكە بارىدۇ. بەختكە قارشى تاغىسى ئۆمەرجان شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچى «ئوبيېكتى» غا ئايلىنىپ قېلىپ سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ. تاغىسىنىڭ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قېلىشى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى خىزمەت تېپىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى ئامالسىز ئۇ يەر ـ بۇ يەردە قارا ئىش قىلىپ جان باقىدۇ. 1936 ـ يىل ئەخمەتجان قاسىمى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ قانۇنشۇناسلىق كەسپىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. 1939 ـ يىلى ئەخمەتجان قاسىمى بۇ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، موسكۋا ئىشچى ـ دېھقانلار كوممۇنىزم ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ. 1941 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئۇ بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇشنى تاماملاپ ۋەتىنىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن چۆچەكتىكى باقتۇ ئېغىزى ئارقىلىق ئايرىلغىلى ئۇزۇن يىللار بولغان يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ.

بۇ دەل شېڭ شىسەي سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمدەك سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە كىشىلەر تەبىئىي ھالدا شېڭ شىسەي ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ كۆزىتىش ئوبيېكتى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى چۆچەكتە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ تاغىسى ناسىرنىڭ ئائىلىسىدە تۇرىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ

بەلگىلىمىسى بويىچە، ئەخمەتجان قاسىمى يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە بېرىپ ئۆزىنىڭ جۇڭگو مۇھاجىرلىق پاسپورتىنى كۆرسىتىپ بارلىق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىدۇ. ئەمما، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى ھېچقانداق چۈشەندۈرۈشلەرسىزلا يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ بېرىلىپ نەزەربەندكە ئېلىنىدۇ⑱. 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى جۇ شاۋلياڭ سىياسىي جىنايەتچىلەرنى ئازاد قىلىش جەريانىدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ. غۇلجا قوزغىلىڭىدىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ مەسئۇلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەھىمجان سابىر ھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ۋەكىللەرنى جاڭ جىجۇڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى سىياسىي سالاھىيەتكە ئىگە بولىدۇ⑲. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇلۇپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت يەنە بىر كۈچ توپلايدىغان مەيدانغا ئايلىنىدۇ. تەشكىلات رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى، تەشكىلاتقا كىرىش تەرتىپىنى، تەشكىلات تۈرمۇشىنى، ئىنتىزام تەرتىپلىرىنى ھەمدە تەشكىلات ئەزالىق قەسىمىنى بەلگىلەيدۇ⑳.

ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتى 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار: (1) ئابدۇكېرىم ئابباسوف؛ (2) سەيدۇللا سەيپۇللايوف؛ (3) ئابدۇئالىم ئابدۇللايوف؛ (4) بۇخارا؛ (5) پوپوف؛ (6) ئېركەچ

يۈچوف؛ (7) ئەنۋەر خانبابا؛ (8) ئاسىلقان؛ (9) نەبىجان؛ (10) سەيپىدىن ئەزىزى؛ (11) خەسەن ئەپەندى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسلىكىگە، سەيدۇللا سەيپۇللايوف مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلىنىدۇ. ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى يادرولۇقىدىكى خادىملار ئوخشاش بولغان سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىدى. ئۇلار ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىلىم ئاشۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى ئالغان، ياكى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئارمانلىرى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. شۇڭلاشقا، ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى قويۇق سىياسىي تۈس ئالغانىدى.

ئېلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىمۇ ئوخشاش ۋاستە ۋە ئوخشاش كۈچ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئورنىنى مۇستەھكەملەۋاتاتتى. ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ بىر ئايدىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ نامىنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» گە ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو زېمىنىنى پارچىلاش ئىشىنى پەيدا قىلدى.

لېكىن، ۋاقىت بىلەن بوشلۇقنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا ئېلىخان تۆرىگە ئۇنىڭ سىياسىي ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتى ۋە مۇھىتىنى بەرمىدى. ئالدى بىلەن، 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە قاتارلىقلار ئۈچىنچى قېتىم ئورۇمچىگە بېرىپ «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ ئۆزگەرتىلگەن لايىھىسىنى پرىنسىپ جەھەتتىن قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن «شەرقىي تۈركىستان

جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» نىڭ بۇ دەۋردىكى غەيرىي ھامىيلىسى قانۇنىي ئاساستىن مەھرۇم قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ دۆلەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى موسكۋادىكى يىغىندا ئېلان قىلغان «جۇڭگو مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇچۇق دوكلات» تا: «گومىنداڭ ھۆكۈمىتى رەھبەرلىكى ئاستىدا جۇڭگونىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك، كەڭ كۆلەمدە دېموكراتىك زاتلارنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىغا قوبۇل قىلىش ھەمدە ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش كېرەك» دەپ جاكارلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تېخىمۇ كەسكىن ھالدا: «جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق سىياسىتى» ㉑ نى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق ئۈچ دۆلەتنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتى تەبىئىي ھالدا جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىمۇ قاپلىغان، شۇڭا، جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان ئېلىخان تۆرىگە باشقا تەرەپتىن زەربە بەردى.

1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخايرى تۆرە قاتارلىقلار بىلەن «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ قوشۇمچە 2 - نۇسخىسىنى ئىمزالىدى.

«تىنچلىق بىتىمى» 2 - قوشۇمچە ھۆججىتىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

«مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلارنىڭ خەلق ۋەكىللىرى، بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىمزا قويغان «قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل

قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم» نىڭ 10 ـ ماددىسىغا ئاساسەن ئۆزگىرىش بولغان رايونلاردىكى قوشۇنلارنى يېڭىۋاشتىن ئۆزگەرتىپ تۈزۈش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىككى تەرەپ كېڭىشىش ئارقىلىق، تۆۋەندىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىلەر تۈزۈپ چىقىلدى:

1. ۋەقەگە قاتناشقان مىللىي قىسىملار دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈلۈشى بويىچە، ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى، ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر پولكى قىلىپ تەشكىللىنىدۇ. ئومۇمىي ئادەم سانى 11 مىڭدىن 12 مىڭغىچە بولىدۇ. بۇ ئالتە پولكنىڭ ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى بىلەن بىر پىيادە ئەسكەرلەر پولكى دۆلەت ئارمىيىسى بولىدۇ. ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر پولكى بىلەن بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قىسمى بولىدۇ.

2. ھۆكۈمەت ئىلى تەرەپنىڭ شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەمنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى قىسىملارنىڭ قوماندانى قىلىپ كۆرسىتىشكە رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالتە پولكقا قوماندانلىق قىلىدۇ. بۇ قوماندان غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن شتات بويىچە قوماندانلىق شتابىنى تەشكىللەيدۇ، بۇ قوماندان شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزوننىڭ باش قوماندانى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش گارنىزونى قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇ، ھەمدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

3. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالتە پولك ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىلا تۇرىدۇ، ھۆكۈمەت بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئىشىنى قوماندانىنىڭ قارىمىقىدىكى ئالتە پولكقىلا تاپشۇرىدۇ. دۆلەت چېگرىسىنى ساقلاشتا مەركەز تەيىنلىگەن چېگرا

مۇداپىئە قىسىملىرى مەسئۇل بولىدۇ. بۇنىڭ چارىسى ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرىكى چارە بويىچە بولىدۇ.

4. بۇ قوماندان تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۇنى ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش قوشۇنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشقا ئەۋەتىدۇ، بۇنىڭ قوشۇمچە چارىسىنى شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار تولۇقلايدۇ.

5. بۇ ئالتە پولكقا بولىدىغان مۇئامىلە، ئۇنىڭ تەمىناتى ۋە كەلگۈسىدىكى قورال - جابدۇقلىرىغا كەلسەك، ئۇنىڭ دۆلەت ئارمىيىسى بولغان ئۈچ پولكنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ قائىدە - نىزامى ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە مەركەز تەمىنلەيدۇ؛ ئامانلىقنى ساقلايدىغان ئۈچ پولكنى ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قىسىملىرىنىڭ قائىدە - نىزامى ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ تەمىنلىشىگە تاپشۇرىدۇ.

6. ۋەقەگە قاتناشقان مىللىي قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئىشىنى شۇ قوماندان ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋابكار بولغان ھالدا ئىشلەيدۇ، بۇ قىسىملار ئالتە پولك قىلىپ تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرار جايى شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزونى باش قوماندانلىق شتابى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە مەلۇم قىلىنىدۇ. بۇ ئالتە پولكنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قورال - جابدۇقلىرىنىڭ نەق سانى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى ۋە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش گارنىزونىنىڭ قوماندانىغا مەلۇم قىلىنىپ ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ

رەھىمجان سابىرھاجى
خەلق ۋەكىللىرى: ئوبۇلخەيرى تۆرە
ئەخمەتجان قاسىمى

## جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۈرۈمچى

«تىنچلىق بىتىمى» نىڭ 2 ـ قوشۇمچە ھۆججىتىنىڭ ئىمزالىنىشى، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش جەريانىدىكى قىسمەن قوراللىق توقۇنۇشلارنىڭ ئاخىرقى توسقۇنلۇقلىرىنى تۈگەتتى. «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ 9 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن 1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مىللىي ھۆكۈمەت پەرمان چىقىرىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى ھەمدە ئۇنىڭدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغانلارنىڭ ئىسىملىكى:

ئۆلكە رەئىسى: جاڭ جىجۇڭ

ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس: ئەخمەتجان قاسىمى

ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس: بۇرھان

ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە باش كاتىپ: ليۇ مېڭچۈن

مۇئاۋىن باش كاتىپ: ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سالىس (قازاق)

ھەيئەت ئەزاسى: قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: لۇ يۇۋېن

مۇئاۋىن نازىرى: ما تىڭشياڭ (خۇيزۇ)

ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازىرى: ۋاڭ زېڭشيەن (خۇيزۇ)

مۇئاۋىن نازىر: رەھىمجان سابىر ھاجى

هەيئەت ئەزاسى: قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى: مۇھەممەد ئىمىن

مۇئاۋىن نازىر: گو چيەنجى

هەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى: سەيپىدىن ئەزىزى

مۇئاۋىن نازىر: سەي زۇڭشيەن

هەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە جەمئىيەت ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: جاۋ جيەنفېڭ

مۇئاۋىن باشقارما باشلىق: ئېردەنى

هەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: دەلىلقان

هەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى: چۇ ۋۇ

هەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى: ئېلىخان تۆرە

هەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى: ئوسمان (قازاق)

هەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى: ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم

هەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ئىسھاقبېك (قىرغىز)

هەيئەت ئەزاسى: ئەيسا، جۇڭ دېخۋا (شىبە)، گۇەن زېلياڭ (بۇ كىشى تېخى كەلمىگەن)

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق ئېلان قىلغان تۈنجى كۈنى، ئېلىخان تۆرە ھەمدە ئەخمەت ھاجى، ھۇسەن قارى قاتارلىقلار غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلىپ، ئېلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»

ئۇزۇل ـ كېسەل ئاياغلاشتى، ئېلىخان تۆرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسلىك ۋە مارشاللىق سىياسىي تۇرمۇشىمۇ ئاياغلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھەر ئەتراپىدىكى شاپقا تاۋۇر كەنتىدە تۇردى. ئۇ بۇ يەردە تاكى 1976 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياشىدى.

## 3. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى

1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شۇ يەر ۋاقتى سائەت 9 دا، ئۈرۈمچىدىكى سابىق دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي بىناسىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۇ يۇرېن قەسەم بېرىش مۇراسىمىغا نازارەتچىلىك قىلدى. قەسەم سۆزى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا ئوقۇلدى. خەنزۇچە قەسەم تېكىستىنى جاڭ جىجوڭ، ئۇيغۇرچە قەسەم تېكىستىنى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان شەھىدى ئوقۇدى. قەسەم تېكىستى مۇنداق:

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدۇ. دېموكراتىك سىياسەت يۈرگۈزىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدۇ، ھەمدە خىيانەتچىلىكنى ھەقىقىي تۈردە قەتئىي چەكلەيدۇ، زەھەرلىك چېكىملىكنى قەتئىي مەنئىي قىلىدۇ، قىمار ئويناشنى قەتئىي چەكلەيدۇ. پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۈچ مەسىلەك ئاستىدا يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە

تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنى تىنچ، ئەركىن، پاراۋان، شاد - بەختىيار تۇرمۇشتىن مەڭگۈ بەھرىمەن قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەچچە مىڭلىغان ئۈرۈمچى ئاھالىسى دۇبەن مەھكىمىسى ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىلىپ، ۋەزىپىگە تەيىنلەش مۇراسىمىدىن كېيىنكى تىنچلىق قۇرۇلتىيىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى كۈتمەكتە ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا غەربىي بىنادىكى ۋەزىپىگە تەيىنلەش مۇراسىمى ئاياغلاشتى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى غەربىي بىنادىن چۈشۈپ، رەتلىك ھالدا مەيداندىكى رەئىس سەھنىسىگە چىقتى. مەيداندا ئالقىش سادالار ياڭراپ تۇراتتى.

شىنجاڭنىڭ تەپتىشى مەسئۇد ئاۋۋال سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «دۇنيادا ئۆزگىرىش كۆپ بولۇۋاتىدۇ، ئىلگىرى بىزنىڭ جۇڭگومۇ نۇرغۇن ئىنقىلابىي ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ھازىر شىنجاڭمۇ مۇشۇنداق ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، بىزنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئۆتمۈشى بەك ئۇزاق، بۇ جەرياندا ئۇلۇغ ئىنقىلابچىلار يېتىشىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ بىرى بۈگۈن شىنجاڭغا كېلىپ بىزنىڭ تەبرىكلەش پائالىيىتىمىزگە قاتنىشىۋاتىدۇ. بۇ ئۇلۇغ ئىنقىلابچى كىم؟ ئۇ دەل ئىنقىلابىمىزنىڭ تۆھپىكار پېشۋاسى يۇ يۇەنجاڭ جانابلىرى، (يۇ يۇرېننى دېمەكچى — ت) مەن ئىشىنىمەنكى، بۈگۈن يېتىپ كەلگەن تىنچلىق خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا، مەركەزنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن. خەلق بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ تىنچلىق چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ دەيدىغان ئارزۇسى بار ئىدى. ھازىر ئىچكى جايلار ۋە مەركەز تىنچلىققا ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن، شىنجاڭمۇ تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ، خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرىمۇ تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق

كۆرسەتتى، بۇ ئۇلارنىڭمۇ تىنچلىقنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەركەز، يەرلىك ۋە قوشنا ئەللەرنىڭ بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، تىنچلىقنىڭ ئاساسى ھازىرلىنىپ بولدى. ھازىر تىنچلىق شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تىنچلىقنى تەلەپ قىلىش كەيپىياتىدىن قارىغاندا، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ تىنچلىق مەنپەئەتىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالالايمىز»㉓.

ئارقىدىنلا يۇ يۈرېن ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا تىنچلىقنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىدىن خۇشال بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ مۇنداق دېدى: «رەئىس، ھەرقايسى ئاقساقاللار، ئاكا ـ ئۇكا، ھەدە ـ سىڭىللار سىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك تىنچلىققا ئېرىشكەنلىكىڭلارنى تەبرىكلەيمەن، بۈگۈن سىلەرنىڭ دېموكراتىك سىياسىتىڭلار ئەمەلگە ئاشتى. ھەممىڭلار بەكمۇ خۇشال، مەنمۇ خۇشال، سىلەرنىڭ شۇنداق ياخشى ھۆكۈمىتىڭلار بار بولدى. باياتىن ئېلان قىلدى، مەن سىلەرگە كاپالەت بېرەلەيمەنكى، بۈگۈنكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، دېموكراتىك ھۆكۈمەت، شىنجاڭ مەڭگۈ تىنچ بولىدۇ، مەن مۇئەللەققە بىرنەچچە كاپالەت سۆزى يېزىپ پۈتۈن پۇقرالارغا كۆرسىتىمەن، تەڭرىنى قەدەم تەشرىپ قىلدۇرىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەلۋەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىمۇ ئۇنى قوغدىشى كېرەك. كۆپچىلىككە مەلۇم، بۇ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاسانغا چۈشمىدى. مەن شىنجاڭغا كېلىدىغان چاغدا، رەئىس جياڭ جيېشى قايتا ـ قايتا ھالدا بۇ قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈشتىن باشقا يەنە بىزنىڭ شىنجاڭدىكى كۆپ يىل جاپا چەككەن قېرىنداشلاردىن كۆپرەك ھال سورىشىمىزنى تاپىلىغان، مەن ئۆزۈممۇ شىنجاڭغا كېلىپ جاپا چەككەن قېرىنداشلاردىن ھال سورىغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشال»㉔.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىمىز جاپا - مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلاردىن، قۇللۇق تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئىسسىق قان ئاققۇزۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقىي تىنچلىققا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن كېيىن، بىز داۋاملىق تىرىشىشىمىز، سىياسىي ھەقىقىي دېموكراتىك بولغان شىنجاڭ، ئەركىن، باراۋەر ۋە بەختلىك شىنجاڭ ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىشىمىز كېرەك»㉕.

تىنچلىقنى تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ باش رىياسەتچىسى جاڭ جىجوڭ «پۈتۈن شىنجاڭدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ «جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ ئىناقلىقىنى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، دېموكراتىك سىياسەت يۈرگۈزۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش» تىن ئىبارەت سىياسىي نەزەرىيە ھەمدە ئەپيۇننى چەكلەش قاتارلىق ئۈچ چوڭ «چەكلەش» نى يەنە ئالاھىدە تەكىتلىدى.

نۇتۇق سۆزلەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، داغدۇغىلىق تەبرىكلەش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەت تىللىرىدا نەشر قىلىنىدىغان ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ قېتىمقى تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ ئەھۋالى ۋە ھەرقايسى رەھبەرلەرنىڭ نۇتۇقلىرىنى خەۋەر قىلدى. خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى سانىدا مۇنداق خەۋەر بېسىلغان «تۈنۈگۈن مەزكۇر ئۆلكىنىڭ يېڭى رەئىسى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش نۇتقى سۆزلىدى، ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەيدانىدا تىنچلىقنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى، ئۆلكىدىكى قېرى - ياش، ھەر مىللەت كىشىلىرى كوچىلارغا چىقىپ تەبرىكلەشتى. بۇنداق كەيپىيات ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان. مۇخبىرنىڭ قەلىمى تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ.

ئۆي ـ ئۆيلەردىن، كوچا ـ كويلاردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان سادالار مۇخبىرنىڭ كۆز ئالدىدا بىر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە كۆرۈنۈشنى نامايان قىلدى. بىر يىل سەككىز ئاي ئىلگىرىكى جىمجىتلىق بىلەن تاقەتسىزلىك، ھەقىقىي چەكسىز خۇشاللىق، تۈگىمەس ھېسسىياتنى ئەسلەتتى»㉖.

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي 2 ـ قوشۇمچە ھۆججەتكە ئىمزا قويۇلغان 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىققا ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئۈرۈمچىدىكى نەچچە مىڭلىغان ئامما 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تىنچلىقنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. باشقا جايلاردىمۇ تىنچلىقنى تەبرىكلەش يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاي شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە جانلىنىش بولغان چاغ بولدى. پۈتۈن جەمئىيەت گەرچە قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن بولسىمۇ، يەنىلا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيتتى. 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 2 ـ قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنىدا «سىياسىي پروگرامما» نى ماقۇللاپ، تىنچ جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر مۇقەددىمىسىنى باستى. «سىياسىي پروگرامما» ماقۇللانغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ مۇنبەرگە چىقىپ مۇنداق دېدى:

«بۇ سىياسىي پروگرامما، ئىنتايىن ئەستايىدىل تەرتىپلەردىن ئۆتۈپ ماقۇللاندى. ھەربىر سۆز ھەربىر جۈملىگىچە كۆپچىلىك تەپسىلىي ئويلاندى ۋە قىزغىن مۇزاكىرىلەر ئېلىپ باردى. بۇنى شىنجاڭدا دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي خاراكتېرلىك ھۆججەت دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ 25 نەپەر ھەيئىتى بۇنىڭدىن كېيىن، بۇنى سەمىمىي ساداقەتلىك بىلەن يۈرگۈزۈشى، سۆز ـ ھەرىكەتتە بۇ پروگراممىغا خىلاپلىق قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى بىز بۇ ھۆججەتنى ئۆلكە دائىرىسىدىلا

ئېلان قىلىپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتكە ئېلان قىلىمىز، ھەمدە پۈتۈن دۇنيادىكى ئەربابلار بۇنىڭدىن خەۋەر تاپىدۇ. مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، مەملىكەت بويىچە ئاساسىي قانۇن سىياسىتى يولغا قويۇلماي تۇرۇپ، بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر سىياسىي پروگراممىغا ئىگە بولۇشىمىز، ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئۈچۈن ئۈلگە يارىتىپ بەردى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ ھۆججەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بىز يالغۇز پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ئالدىدىلا جاۋابكار بولۇپ قالماستىن بەلكى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى زاتلار ئالدىدىمۇ جاۋابكار بولىمىز. شۇڭا، كەلگۈسىدە مەيلى قانداق قىيىنچىلىقلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى يۈزدە - يۈز ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. بىز شىنجاڭ خەلقىنى قۇرۇق سۆز بىلەن ئالدىساق بولمايدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى زاتلارنى ئالدىساق بولمايدۇ»[27].

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمىمۇ مۇنبەرگە چىقىپ مۇنداق دېدى: «سىياسىي پروگراممىنى ئىجرا قىلىش — تىنچلىق بىتىمىنى ئەمەلدە ئىجرا قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭدىكى مەقسەت: ئۆلكىمىزنى باغۇ - بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئۇلۇغ ئىنقىلاب - يەنى مەدەنىيەت ئىنقىلابى، مائارىپ ئىنقىلابى، ئىلىم - پەن ياكى تېخنىكا ئىنقىلابى تۇرۇپتۇ. بۇ ئىنقىلابلار ھەرقانداق جاي ۋە ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئىنقىلابلاردىن قىيىن. چۈنكى، ئۆلكىمىز ئوتتۇرا ئەسىردىن يېڭى باسقۇچ دەۋرىگە بولغان جەرياننى بېسىپ ئۆتمەكتە. بىزنىڭ ئورتاق، تىنچ ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەدەنىيەت ئىنقىلابىمىز دەل بىز ماقۇللىغان سىياسىي پروگراممىدىن ئىبارەت. شۇڭا مەن ھەرقايسى ۋەكىللەردىن سىياسىي پروگراممىنى ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن، بۇ مېنىڭ ئۈمىدىم»[28].

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدى سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: مېنىڭچە بۇ پروگرامما ھەقىقەتەنمۇ تارىختىن بۇيان، شىنجاڭغا چاپلاشقان كېسەلگە بېرىلگەن دورا، يېڭى تەقدىر، يېڭى بەخت مانا كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن، بۇ ۋەزىپە ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك، بەكمۇ ئېغىر بولۇپ، تامامەن ئامىمىنىڭ كۈچ ـ پاراستىگە، بىر دىل، بىر مەقسەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈشىگە باغلىق، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن نەچچە ئون يىللىق قاراڭغۇ زۇلمەتلىك سىياسەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، يېڭىلىق يارىتىپ، دېموكراتىيە ۋە بەخت ـ سائادەت داغدام يولىغا كىرەلەيمىز[29].

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوف مۇنداق دېدى: «بۈگۈن سىياسىي پروگرامما يولغا قويۇلغاندىن كېيىن مەن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، ئىنتايىن روھلىنىپ كەتتىم. بىز قانداق ھەيئەتلەردىن بولۇشىمىز كېرەك! مەن ئويلايمەنكى، بىز چوقۇم بىر دېموكراتىك ھەيئەت بولۇشىمىز لازىم. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا رەئىس جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان، بۇرھان شەھىدىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالايمىز، بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يېڭى دۇنيانىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالايمىز»[30].

شىنجاڭنىڭ تىنچلىق قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى كۈندىن كۈنگە تېزلىمەكتە ئىدى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 8 ـ قېتىملىق يىغىنى «ئۆلكە، ناھىيىلەردە سايلامغا قاتنىشىدىغانلارنى تاللاش چارىسى»نى ماقۇللاپ، ئۆلكىلىك سايلام كومىتېتى، مۇدىر: ۋاڭ زېڭشىيەن، مۇئاۋىن مۇدىر: رەھىمجان سابىر ھاجى، ھەيئەت ئەزا لىيۇ مىڭچۈن، ئابباسوف، سالىس، ئېردەنى، جۇڭ دىخۇا قاتارلىقلاردىن تەشكىللەندى.

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بىر خىل يېپىيىگى جەمئىيەت كەيپىياتىدا جاڭ جىجۇڭ ئىلىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى. ئۇنىڭغا يەنە مەسئۇد، تاۋ سىيۆ، رەھىمجان سابىر ھاجى، چۇ ۋۇ قاتارلىقلار ھەمراھ بولدى، ئەخمەتجان قاسىمى ئاۋۋال يولغا چىقىپ غۇلجىدا جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلارنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا جاڭ جىجۇڭ بارغانلىكى جايلاردا قىزغىن قارشى ئېلىندى، غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي بېغىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىندا بەزىلەرنىڭ جاڭ جىجۇڭ قاتارلىق كىشىلەرگە پاسكىنا نەرسىلەرنى ئېتىشىدەك ناچار قىلىقلىرى ئەتراپتىكى ئىناق كەيپىياتنى بۇزۇپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك نارازىلىقى ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى.

مۇشۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پائالىيەتلىرى ئۆلكە، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاشنى مەركەز قىلغان ھالدا تېزلىكتە ئېلىپ بېرىلدى. «ئۆلكە، ناھىيىلەردىكى كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاش چارىسى» گە ئاساسەن پۈتۈن شىنجاڭ ئون سايلام رايونىغا ھەمدە سايلام رايونى بويىچە ئاساسلىق سايلام نورمىسى ۋە ئارتۇق سايلام نورمىسىغا بۆلۈندى.

بىرىنچى سايلام رايونى ئۈرۈمچى بولۇپ، جەمئىي بىر شەھەر 12 ناھىيە، ئاساسلىق سايلام نورمىسى 13 ئادەم، ئارتۇق سايلام نورمىسى ئىككى ئادەم بولۇپ، 15 ئادەم سايلىنىدۇ. سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى چۇۋۇ؛ ئىككىنچى سايلام رايون ئىلى بولۇپ، جەمئىي 10 ناھىيە بىر ئىدارە، ئاساسلىق سايلام نورمىسى 12 ئادەم ئىككى ئادەم ئارتۇق، 14 ئادەم سايلىنىدۇ. سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ليۇ مىڭچۈن؛ ئۈچىنچى سايلام رايونى قەشقەر بولۇپ جەمئىي توققۇز ناھىيە، ئاساسلىق سايلام نورمىسى

توققۇز ئادەم، ئارتۇق سايلام نورمىسى 11 ئادەم، جەمئىي 20 ئادەم سايلىنىدۇ. سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى؛ 4 ـ سايلام رايونى ئاقسۇ، جەمئىي 10 ناھىيە، ئاساسلىق سايلام نورمىسى 10 ئادەم، ئارتۇق سايلام نورمىسى يەتتە ئادەم، 17 ئادەم سايلىنىدۇ. سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ئابدۇرېھىم ئەيسا؛ 5 ـ سايلام رايونى تارباغاتاي، جەمئىي بەش ناھىيە بىر ئىدارە، ئاساسلىق سايلام نورمىسى ئالتە ئادەم، ئارتۇق سايلام نورمىسى بىر ئادەم، يەتتە ئادەم سايلىنىدۇ، سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى جۇڭ دىخۇا؛ 6 ـ سايلام رايونى ئالتاي، جەمئىي يەتتە ناھىيە، ئاساسلىق سايلام نورمىسى يەتتە ئادەم، ئارتۇق سايلام نورمىسى يوق، سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى جانىمقان (قازاق) ؛ 7 ـ سايلام رايونى خوتەن، جەمئىي يەتتە ناھىيە، ئاساسلىق سايلام نورمىسى يەتتە ئادەم، ئارتۇق سايلام نورمىسى توققۇز ئادەم، 16 ئادەم سايلىنىدۇ، سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ليۇ شيالى؛ 8 ـ سايلام رايونى قارا شەھەر، جەمئىي سەككىز ناھىيە، ئاساسلىق سايلام نورمىسى ئالتە ئادەم، سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئېردەنى (موڭغۇل) ؛ 9 ـ سايلام رايونى قۇمۇل، جەمئىي ئۈچ ناھىيە، ئاساسلىق سايلام نورمىسى ئۈچ ئادەم، ئۈچ ئادەم سايلىنىدۇ. سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئۇيغۇر سايرانى، 10 ـ سايلام رايونى يەكەن، جەمئىي تۆت ناھىيە، ئاساسلىق سايلام نورمىسى تۆت ئادەم ئارتۇق سايلام نورمىسى تۆت ئادەم، 10 ئادەم سايلىنىدۇ. سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بۇرھان شەھىدى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە سايلامغا قاتنىشىدىغانلار جەمئىي 115 ئادەم[31].

1946 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ھەرقايسى جايلاردىكى سايلامغا

نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرى ئۆز ئورنىغا تەق بولۇپ، سايلام خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى سايلام خىزمىتى تاماملىنىپ، 131 ئادەم سايلاپ چىقىلدى. ئەسلىدە بېكىتىلگەن ساندىن 16 ئادەم ئارتۇق سايلاندى، بارلىق سايلام ئەزالىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلار 75 نەپەر، خەنزۇلار 11 نەپەر، خۇيزۇلار توققۇز نەپەر، موڭغۇل ئالتە نەپەر، قىرغىز بەش نەپەر، ئۆزبېك ئىككى نەپەر، تاتار، تاجىك، ئۆزلەشكەن رۇس، شىبە، مانجۇ، سولۇن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەرقايسىسىدىن بىر نەپەردىن ㉜.

مۇشۇنداق چوڭ كۆلەملىك دېموكراتىك سايلام ھەرىكىتى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى، شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ھەتتا، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىمۇ بۇنداق كەڭ كۆلەملىك دېموكراتىك سايلام بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇيغۇرلار دېموكراتىك سىياسەتنىڭ ئۆزىنى مۇشۇنىڭدىن كۆرۈپ يەتتى. شۇڭلاشقا، مەيلى شەھەر بازارلاردا بولسۇن ياكى يېزا كەنتلەردە بولسۇن كىشىلەر ئۆلكە، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىغا زور دەرىجىدە قىزغىن بولدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، زور كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر سايلىغۇچىلار ئۇلار ئېرىشكەن بۇ خىل دېموكراتىك سىياسىنى ئۇلارغا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئېلىپ كەلگەن دەپ قارىدى، شۇڭلاشقا ئۇلار بۇ ھوقۇقنى يولغا قويغان چاغدا، سايلام بېلىتىنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلارغا ياكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىگە تاشلىدى. بۇ خىل ئەھۋال شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئوخشاش بىر دەۋردە گومىنداڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى رايونلارنى

ئۆزىگە غەيرىي كۈچ دەپ تونۇغان. بۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەبىئىي ھالدا گومىنداڭ تەرىپىدىن ياتلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

خوتەن، يەكەن، كۇچا، قاتارلىق جايلاردىكى سايلامدا يۈز بەرگەن خەلق رايى توقۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن ئىلى، تارباغاتاي ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشتا كېلىپ چىققان. مەيلى خوتەن، يەكەن، كۇچا، ياكى باشقا سايلام رايونلىرىدا بولسۇن، گومىنداڭ يەرلىك دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرغۇچى سايلىغۇچىلارنى قوللىدى. ھەتتا، مەمۇرىي ۋاستە ياكى قورال كۈچى بىلەن سايلام پائالىيىتىگە بىۋاستە ئارىلىشىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ رايىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇندى㉝. جاڭ جىجۇڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن جايلاردىكى يەرلىك دائىرىلەر سايلامغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئىشلار ئۆز ۋاقتىدا بېسىقتۇرۇلدى. شۇنداق بولغاچقا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرغۇچىلار ۋە ئۇنى قوللىغۇچىلار ئارىسىدا كېلىپ چىققان جەمئىيەت توقۇنۇشى بۇنىڭ بىلەن بىر قاتار ئىجتىمائىي توقۇنۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. قوراللىق توقۇنۇش ئاخىرىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يىمىرىلىش سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## 4. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەكىللىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشى

1946 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى

نەنجىڭدا شىنجاڭنىڭ مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئالاھىدە رايون ۋەكىللىرى، كەسپىي ۋەكىللەر، ئالاھىدە ۋەكىللەر ۋە گومىنداڭ ۋەكىللىرى قاتارلىق تۆت چوڭ ساھەگە ئايرىدى.

ئالاھىدە رايون ۋەكىللىرى 12 نەپەر بولۇپ، ئۇلار: ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، خەمىت سۇلتان، ئەنۋەر سالىجان، ئەيسا، خادىۋاڭ، مادانبېك، با گوبى، ئۆمەر داموللا، جاڭ فېڭجيۇ، جاۋ جيەنفېڭ، موچىڭئا قاتارلىقلار.

كەسپىي ۋەكىللەر ئالتە نەپەر بولۇپ، ئۇلار: زىيا سەمىدى، ئابدۇئەخەت مەخسۇم، مەي خۇەنشىن، مەخسۇت ئاخۇن، ئامىنە (ئايال)، كېرىم ھاجى قاتارلىقلار.

ئالاھىدە ۋەكىللەر ئۈچ نەپەر بولۇپ، ئۇلار: ۋۇ جىڭلىن (ئايال)، چياۋجياپۇ، نادۇرابۇد.

گومىنداڭ ۋەكىللىرى ئۈچ نەپەر، ئۇلار: جاڭ جىجۇڭ، مەسئۇد، يولۋاس قاتارلىقلار.

جاڭ جىجۇڭ يىغىنغا قاتنىشالمىدى، شۇڭلاشقا ئەمەلىيەتتە ئەخمەتجان قاسىمى مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ باردى.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ نەنجىڭگە كەلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەمدە باشقا دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھتىكىلەر مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىششنى رەت قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئۆلكىدىن كەلگەن 13 مىللەت ۋەكىلىدىن تەشكىل تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى شەكسىز ھالدا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ قالدى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچىدىكى ۋەزىيىتى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى ئەخمەتجان قاسىمى تېخىمۇ ئالاھىدە دىققەتنى تارتتى. 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جياڭ جيېشى ئەخمەتجان

قاسىمنى قوبۇل قىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدى. ئارقىدىنلا لى زۇڭرېن، بەي چۇڭشى، سۇن كې، چېن لىفۇ، يۇرېن، شاۋلىزى، جياڭ جىڭگو قاتارلىق گومىنداڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى ئايرىم - ئايرىم كېلىپ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشتى. 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مىللىي قۇرۇلتاي ئېچىلغاندا، ئەخمەتجان قاسىمى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسەتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. يىغىن مەزگىلىدە، جياڭ جيېشى يەنە ئىككى قېتىم ئەخمەتجان قاسىمنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئوغلى جياڭ جىڭگونى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇپ شاڭخەي، چىڭداۋ، تيەنجىن، بېيجىڭ قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدۇردى. جايلاردىكى زىيارەت ئاياغلىشىپ نەنجىڭگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1946 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ، دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش ئارزۇسى بارلىقىنى يەتكۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماۋ زېدۇڭغا، جۇدېغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ، شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتقا ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇردى. دۇڭ بىۋۇ بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ كېچىلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىگە تېلېگرامما يوللىدى، تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «شىنجاڭنىڭ مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوف شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئىلگىرىكى ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ باشچىلىرىدىن بىرى. ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشتى،

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شىنجاڭدا بىر كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى بار بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئازاد رايونلاردا ئاشكارا، ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردا تېخى مەخپىي ئىكەن. ھازىر 15 مىڭ ئادىمى، 11 رەھبىرى بار ئىكەن، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدىكەن.

ئۇ يەنە مۇنۇلارنى تەلەپ قىلىدىكەن: (1) پارتىيىمىز شىنجاڭدىكى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا رەھبەرلىك قىلىشنى ئۈستىگە ئالىدۇ، بۇ ئىتتىپاق مەركەزگە بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ (يەنە بىر پارچىسى شۇ)؛ (2) ئىتتىپاق رەھبەرلىرىدىن بولغان 11 كىشى پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ (3) سىياسىي، مالىيە ۋە ھەربىي ئىشلار خىزمىتىگە ئادەم ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ (4) مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ (5) پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئۇچۇق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك جاۋاب بەردىم: (1) مەركەزدىن يولىيورۇق سوراش كېرەك، (2) مەن ئادەم چىقىرىپ بېرەلمەيمەن، (3) بىرلىشىش ئۇسۇلىنى كېلىشىشكە ۋە ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

ئۇ ۋە يولداشلىرى قۇرۇلتاي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دەرھال شىنجاڭغا قايتىدىكەن ۋە نەنجىڭدە ئۈچ ھەپتىدەك تۇرىدىكەن. مەن كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقە ئورناتساق، بۇنىڭ پارتىيىمىزگە ھېچقانداق زىيىنى يوق دەپ ئويلايمەن. ئىتتىپاق رەھبەرلىرىنىڭ پارتىيىگە ئەزا بولۇشى مەسىلىسىگە، پارتىيىمىزنىڭ نىزامى بويىچە پارتىيىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ۋاقتىنى بېكىتىشنى سورايمەن. ھازىر ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تونۇپ، ئالاقە قىلساق مۇۋاپىق بولامدۇ ـ يوق، مەركەز يولىيورۇق بەرسە، ئابدۇكېرىم يولداش لىن جىلۇنىڭ

ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، شىنجاڭغا بارغان يولداشلار ئىچىدە ئۇنى بىلىدىغانلار بار ئىكەن».

12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يەنى ئىككىنچى كۈنى جۇ ئېنلەي ئۆز قەلىمى بىلەن جاۋاب خەت يېزىپ، ليۇ شاۋچىنىڭ ئىمزاسى بىلەن دۇڭ بىۋۇغا تېلېگراممىا يوللىدى:

«شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى ئىككى پارچە تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. (A) يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوفتىن مۇنۇلارنى ئېنىق سوراپ باقسىڭىز: (1) شىنجاڭنىڭ پۈتۈن سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىيە قاتارلىق ئەھۋاللىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى. (2) شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ كونكرېت تەشەببۇسلىرى. (3) يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف خىزمەتچى ئېلىپ شىنجاڭغا قايتسا ھەمدە يەنئەن بىلەن تېلېگراف ئالاقىسى ئورناتسا بولامدۇ ـ يوق. (B) ئەگەر مۇمكىن بولسا، سىز قابىلىيەتلىك ئەمما قىزىللاشمىغان بىر يولداشنى ئالاقىلەشكۈچى ۋەكىل قىلىپ، ئۇنىڭغا مەخپىي ئالاقە خادىمىدىن ئىككىنى قوشۇپ، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئېنىق ئېيتىسىڭىز: (1) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى بىلەن بىرىنچى قەدەمدە دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدۇ. (2) ئەۋەتىلگەن ۋەكىلنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى ئالاقىلىشىش ۋە كۆزىتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. (3) شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىدىن جەمئىي 11 كىشىنىڭ پارتىيىگە كىرىشىنى پرىنسىپ جەھەتتىن قارشى ئالىمىز، لېكىن كونكرېت ھەل قىلىشقا كەلسەك، ئۇنى ئالاقىلەشكۈچى ۋەكىل يېتىپ بارغاندىن كېيىن، تېلېگراممىا ئارقىلىق قارار قىلىمىز. (4) شىنجاڭ خىزمىتىدە شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنى رەھبەرلىك مەركىزى قىلىش كېرەك. (5) خىزمەتچى خادىم ئەۋەتىشنى

شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي ئەھۋالى ۋە قانتاش شارائىتىغا قاراپ بەلگىلەيمىز. (C) ئەگەر يولداش ئابدۇكېرىم ئاباسوف ئادەمنى ئېلىپ كېتەلمىسە، ئۇنىڭ بىلەن سىمسىز رادىئو ئارقىلىق ئالاقىلىشىش چارىسى ۋە مەخپىي سىفىر ھەققىدە كېلىشىشىڭىز بولىدۇ. ئالدى بىلەن، تېلېگرامما ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈڭ ھەمدە يەنئەننىڭ خەنزۇچە، ئىنگلىزچە رادىئو ئاڭلىتىش ۋاقتىنى، رادىئو چاستوتىسىنى، چاقىرىش بەلگىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىڭ. (D) مەيلى ئادەم بارسۇن ياكى بارمىسۇن، ماۋجۇشى ئەسەرلىرى، پارتىيە نىزامنامىسى، ليۇ شياۋچىنىڭ دوكلاتى ۋە بېسىپ تارقىتىلغان باشقا ھۆججەتلەرنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويۇڭ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۇيغۇرچە، قازاقچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. (E) ئالاغىلەشكۈچى ۋەكىلنى سىرتقا ئاشكارىلاشمىغان پارتىيە ئەزالىرىدىن تاللاشنى ئۈمىد قىلىمىز، مەسىلەن، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى تەشكىلاتىدا ئەنە شۇنداق ئادەملەر بار.»

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كەچتە ئابدۇكېرىم ئاباسوف ئىككى قېتىم مېيىۋەن كوچىسىغا بېرىپ، دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشتى. دۇڭ بىۋۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تېلېگرامما ئارقىلىق بەرگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىگە جاۋاب بەردى، ھەمدە پېڭ چاڭگۇينىڭ بىر تېلېگرامما ئاپپاراتىنى ئېلىپ ئابدۇكېرىم ئاباسوف بىلەن بىرگە شىنجاڭغا بېرىشنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭدىكى ئىلغار تەشكىلاتلار بىرلىشەلەيدىغانلا بولسا، كېڭىشىش ئارقىلىق بىرلىشىش كېرەكلىكى، بۇنداق قىلىشنىڭ كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇشقا، تېخىمۇ ياخشى كۈرەش قىلىشقا پايدىلىق

ئىكەنلىكىنى، لېكىن تەشكىلاتنىڭ ئىسمى مەسىلىسىدە، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، ئاممىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتقاندا كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم تۇغىنى تولىمۇ بالدۇر كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ئېيتتى.

1947 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ھەمدە پېڭ چاڭگۈينى ئېلىپ نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتتى. بۇ قېتىملىق مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىقلارنىڭ تۇنجى قېتىم گومىنداڭنىڭ مەمۇرىي مەركىزى نەنجىڭگە بېرىشى ئىدى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، ئۇلار نەنجىڭنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىك، بازاردىكى كاساتچىلىق، پۇقرالاردىكى يوقسۇزلۇق ئەھۋاللىرىنى كۆردى. گومىنداڭنىڭ چىرىكلىك دەرىجىسى ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدىكىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى شۇ بولدىكى، جۇڭگودا شۇ چاغدىكى ئىككىنچى چوڭ پارتىيە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مىللىي قۇرۇلتايغا قاتناشمىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا مەملىكەتنىڭ سىياسىي ئەھۋالى ھەمدە پات ئارىدا شەكىللىنىدىغان سىياسىي ۋەزىيەتكە بولغان تونۇشىدا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىش بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پات ئارىدا پۈتۈن مەملىكەتكە رەھبەرلىك قىلىشى» غا ئىشىنىشنى قارار قىلدى.

شىنجاڭدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى پۈرسەتنى قولدىن بەرمىگەن ھالدا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما خەلق يەنىلا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بىۋاستە تەسىراتى ۋە بايانىنى ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلاتتى.

1947 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى

ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش (ئاقارتىش) جەمئىيىتىنىڭ زالىدا نۇتۇق سۆزلەپ، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى ئەسلىدى، ئۆزىنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىغا بولغان قارىشىنى بايان قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«بىز مىللىي قۇرۇلتايدا شىنجاڭدا مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، لېكىن بۇ مۇستەقىل بولۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. بىزنىڭ موھتاج بولۇۋاتقىنىمىز مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى، بۇ ھەرگىزمۇ بىر مىللەت بىلەن چەكلەنمەيدۇ ......... ئۇ يەنىلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشى ئاساسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭدىن دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش مەقسىتىگە يېتىش كۆزدە تۇتۇلغان. ئومۇمەن، مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى پەقەت بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىل، ئەركىن بولۇشى ئۈچۈن دەپ قارىلىدىكەن، بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى بەك خاتا بولغان بولىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، مىللىتىمىزنىڭ دۈشمىنى خەنزۇلار ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى مۇستەبىت تۈزۈم شارائىتىدىكى خەنزۇ چىرىك ئەمەلدارلار.

ئەخمەتجان قاسىمى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەريانى توغرىسىدا توختىلىپ يەنە مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ بۇ قېتىمقى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز قايسى بىر مىللەتكە قارىتىلغان ھەرىكەت ئەمەس، بۇ قېتىمقى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئۆلكىمىزدە ھەقىقىي مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ھەرىكەت، مۇستەبىت ھاكىمىيەت بىلەن چېتىشلىق بولمىغان خەنزۇلار كۈتمىگەن

يەردىن، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە زەربىگە ئۇچرىدى. گەرچە بۇ بەزىبىر ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قىلمىشى بولسىمۇ، لېكىن بىز بۇنداق ئىشنىڭ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز ...... بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خەنزۇلار ئەمەس، بەلكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ھىمايىچىلىرى ۋە خەلق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغان جاھىللار ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىرى.

ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى توغرىسىدا توختىلىپ يەنە مۇنداق دېدى: «خەلقىمىز شۇنى چۈشىنىشى لازىمكى، بۈگۈنكى كۈندە بىز خەنزۇلارغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرۇۋاتقىنىمىز يوق، ئەگەر بەزىلەر خەنزۇلارغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرىدىكەن، ئۇ ھالدا ‹تىنچلىق بىتىم› غا ۋە ‹ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى› غا قارشى تۇرغان بولىدۇ، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەس» [35].

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نۇتقىغا قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ، ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ باشلىقى ئابدۇئەخەت مەخسۇم رىياسەتچىلىكىدە چاقىرىلغان «ئەركىنلىك يىغىنى» دا ئېلىپ بارغان كوللېكتىپ مۇزاكىرىسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قاراشلىرىدىن بەك يىراقلاپ كەتتى، يىغىن ئاياغلاشماي تۇرۇپلا، يىغىنغا قاتنىشىشقا كەلگەن 500 دىن كۆپرەك ئادەم قايتىپ كەتتى، ئۇلار يول ئۈستىدە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «مەركەزنىڭ ئارمىيىسى شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن! »، «خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرايلى! » دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىغىچە باردى.

شۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى بىر كۈن بۇرۇن يەنى 1 -

ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەتكەنىدى. جاڭ جىجۇڭ بولسا 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىلا نەنجىڭگە خىزمىتىدىن مەلۇمات بېرىشكە كېتىپ تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇ مېڭچۇنگە نامايىشچىلارنى كۈتىۋالدى. نامايىشچىلار ليۇ مېڭچۇنگا 30 نەچچە ماددىلىق تەلەپنامە سۇندى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تېخى بۇ 30 نەچچە ماددىلىق تەلەپنىڭ مەزمۇنىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلماي تۇرۇپلا، ئىككىنچى كۈنى، يەنى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تەخمىنەن 5 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى نامايىشچىلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىغا كېلىپ كۈتىۋېلىشقا چىققان باش كاتىپ ليۇ مېڭچۇنگە 50 ماددىلىق تەلەپنامە سۇندى ھەمدە 72 سائەت ئىچىدە بۇ تەلەپلەرگە جاۋاب قايتۇرۇشنى بەلگىلىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: «تىنچلىق بېتىمى» نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ قانۇنسىز قولغا ئېلىشىنى چەكلەش، خەلق رايىغا قارشى ھەرىكەت قىلغان خوتەن ۋالىيسى نۇرىبەك (ئۇيغۇر، خەنزۇچە ئىسمى 郝登榜)، يەكەن ۋالىيسى جۇفاڭگاڭ، قۇمۇل ۋالىيسى يولۋاس، ئۈرۈمچى ۋالىيسى خادىۋاڭ (قازاق) نىڭ ۋەزىپىسىنى بىكار قىلىش، سايلام خىزمىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى سالىس (قازاق) نى ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلاش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىمقان (قازاق) نى ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلاش، دىنىي ئۆرگان قۇرۇش، «خەنزۇچە» «شىنجاڭ گېزىتى» نى توختىتىش، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا مىللىي ئارمىيە قۇرۇش، دېھقانلارغا 10 ئايلىق قەرز پۇل بېرىش، زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى، ئات، كالا، دېھقانچىلىق

سايمانلىرىنى ئۆتنە بېرىش، قول ھۈنەرۋەنلەرگە ئۈچ يىللىق مۇددەتتە قەرز پۇل بېرىش، سودىگەرلەرگە ئالتە ئايلىق قەرز پۇل بېرىش، ئىشسىزلارنى قۇتۇلدۇرۇپ، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كونترول قىلىش قاتارلىق تەلەپلەر ئىدى.

ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوف تۇرپاندا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمىغا تېلېفون ئارقىلىق ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى كېيىن، بۇ ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن نامايىش تەرتىپلىك، چوڭ كۆلەملىك بىر نامايىش بولۇپ، خەلقنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ھۆكۈمەتكە سۇنغان تەكلىپلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇۋاپىق تەكلىپلەر ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ سۆز ئىشلىتىش تەرىپىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلىرىدە بەك ئالدىراقسانلىق قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ خاتالىقى شۇكى، ئۇلار ھۆكۈمەتتىن 72 سائەت ئىچىدە ھەممە تەلەپلەرگە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەن پىچان ناھىيىسىدە تېلېفون ئارقىلىق نامايىشچىلارنىڭ مۇشۇنداق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بەك خاپا بولدۇم. مەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئەپەندىگە: مېنىڭ نامىمدا جاۋاب بېرىڭ، نامايىشچىلار دەرھال تارقىلىپ كەتسۇن، بۇنىڭ سەۋەبىنى مەن كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن» 37.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇزىنى قوغداشنى چىقىش قىلىپ، مۇددەت بەلگىلەش ئۇسۇلى بىلەن ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلەتكەنلىكىگە قارشى تۇردى ھەمدە بۇنداق ھەرىكەتنىڭ تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇش غەرىزىدە يۈرۈۋاتقان كىشىلەرنى پېقىچە باھانە بىلەن تەمىنلىدى.

## پايدىلانمىلار

① «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 98 ـ بەت.

② جاڭ جىجوڭ: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 21 ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى، 2 ـ 3 ـ بەت.

③ 1970 ـ يىل 4 ـ ئاي جۇ كۇنتيەن: «گېنېرال گوجىچياۋ بىلەن قىلغان مەخسۇس زىيارەت خاتىرىسى»، «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 6562 ـ بەت.

④«شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى».

⑤ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغىچە»، 3 ـ بەت.

⑥«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 110 ـ بەت؛ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، 241 ـ بەت؛ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغىچە»، 4 ـ بەت.

⑦ «تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى شىنجاڭ ئالاھىدە خادىملار مەھكىمىسىنىڭ شىنجاڭ ـ سوۋېت تاشقى ئىشلار ئارخىپى (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئىلى تەرەپنىڭ سۆھبەت خاتىرىسى) 15 ـ نومۇرلۇق ئارخىپ»، «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 6805 ـ بەت؛ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغىچە»، 5 ـ بەت.

⑧ «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى ئەسلىمىلىرىدىن پارچىلار».

⑨ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغىچە» 6 ـ، 7 ـ بەت.

⑩ يۇقىرىقى كىتاب، 8 ـ بەت.

⑪ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، 242 ـ بەت.

⑫ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغىچە» 11 ـ، 12 ـ بەت.

⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 16 ـ، 17 ـ بەت.

⑭ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، 247 ـ بەت.

⑮ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغىچە»، 19 ـ بەت.

⑯ يۇقىرىقى كىتاب، 22 ـ، 23 ـ بەت.

⑰ سەيپىدىن ئەزىزى: «نۇرلۇق ئەتە ئۈچۈن»، «خەلق گېزىتى»، 1994 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى 5 ـ سان.

⑱ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ خانىمى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ماھىنۇر قاسىم بىلەن ئاپتور ليۇ زىشياۋنىڭ 1996 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىكى سۆھبەت خاتىرىسى.

⑲ «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 2 ـ بەت.

⑳ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ماتېرىياللىرى مەجمۇئەسى» نىڭ 5 ـ قىسمى، 57 ـ بەت.

㉑ «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 135 ـ بەت.

㉒ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 6920 ـ بەت؛ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، 266 ـ بەت.

㉓ مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى «شىنجاڭ گېزىتى»؛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 6923 ـ بەت.

㉔ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى سانى.

㉕ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

㉖ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

㉗ «قوشۇمچە ئۆلكە رەئىسى جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 2 ـ قېتىملىق يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى»، مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى «شىنجاڭ گېزىتى» گە قارالسۇن؛ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغىچە»، 68 ـ بەت.

㉘ «مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 2 ـ قېتىملىق يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى»، مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى «شىنجاڭ گېزىتى» گە قارالسۇن؛ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغىچە»، 69 ـ بەت.

㉙ «مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 2 ـ قېتىملىق يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى»، مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» گە قارالسۇن؛ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغىچە»، 69 ـ بەت.

㉚ يۇقىرىقى كىتاب، 151 ـ بەت.

㉛ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 7132 ـ، 7141 ـ بەت.

㉜ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، 295 ـ بەت.

㉝ ماھىنۇر قاسىمى: «بوران ـ چاپقۇنلۇق يىللاردىكى ئەخمەتجان قاسىمى» (قولىيازما، ئۇيغۇرچە)، 39 ـ بەت.

㉞ «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 209 ـ بەت.

㉟ يۇقىرىقى كىتاب، 214 ـ، 215 ـ بەت.

㊱ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، 280 ـ، 281 ـ بەت.

㊲ «بوران ـ چاپقۇنلۇق يىللاردىكى ئەخمەتجان قاسىمى» (قولىيازما، ئۇيغۇرچە)، 48 ـ 49 ـ بەت.

## 2 ـ بۆلۈم شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلىنىشى

### 1. «25 ـ فېۋرال ۋەقەسى» ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى «تەلەپنامە سۇنغۇچىلارغا تەلەپنامە بىلەن قارشى تۇرىمىز، نامايىش قىلغۇچىلارغا نامايىش بىلەن قارشى چىقىمىز» دېگەن فاكجىبىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە شۇ كۈنلا تەخمىنەن 5 مىڭ كىشىلىك قازاق چارۋىچىنى تەشكىللەپ شەھەرگە ئاتلىق كىرىپ نامايىش قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا خۇيزۇ پۇقرالار ماڭدى. نامايىشچىلار قوشۇنى يول بويى «شىنجاڭ 14 مىللەتنىڭ

شىنجاڭى» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە 21 ماددىلىق تەلەپنى قويدى. تىغ ئۇچى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئەسلىدىكى سىياسىي پائالىيەت مانا ئەمدى روشەن ھالدا رايون ۋە مىللەت تۈسىنى ئالغانىدى.

بۇ چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى كونتروللۇقىنى يوقاتقانىدى. كىشىلەر خالىغانچە توپلىشىپ مالىمان چىقىرىشاتتى. 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق خەنزۇ پۇقرا توپلىشىپ نامايىش قىلغان. جۇ دۇڭجياۋ بۇ ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: «25 ـ كۈنى ئەتىگەندە خەنزۇلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن خەنزۇ پۇقرالار يىغىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەتتە تەس كۈنگە قالغانلاردىن نەچچىسى بار ئىدى. سائەت 10 لار بولغاندا ئۇلارنىڭ سانى 7 ـ 8 مىڭغا يەتتى. ئۇلارمۇ سەپ تۈزۈپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ تەلەپنامە سۇندى، ئۆزلىرىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان يىغىلىپ قالغان دەردلىرى ۋە ئىچ ـ باغرىنى تۆكتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىلى تەرەپ ئىدى. ئەمما، ئاز دېگەندە $\frac{1}{3}$ قىسمى ھۆكۈمەتكە قارىتىلغان. ئۇلار ھۆكۈمەتنى بەك ئىقتىدارسىز، ئەمەلدارلىرى چىرىك دەپ قارايدىكەن. بۇ كىشىلەر توپى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يېتىپ كەلگەندە 10 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار تىنچلىق بىتىمىنى قەتئىي يولغا قويۇشنى، يەرلىك قورۇقچىلىقنى بىكار قىلىشنى ھەمدە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆزى چىقىپ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلىشتى. ئەخمەتجان قاسىمى ھۆكۈمەت بىناسىدىن چىقىۋاتقاندا ئاما چاۋاك چېلىپ، يول بېرىپ قارشى ئالدى. دەل مۇشۇ

چاغدا، ئامما ئىچىدىن بىرەيلەن مۇئاۋىن رەئىس بۇرھاننىڭ ماشىنىسىغا چىقىۋالدى. شوپۇر ئاممىنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئۇنى ئۇردى. ئامما ئارىسىدا «ئۇر!» دېگەن سادا كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭ شوپۇر خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە قېچىپ كىرىۋېلىپ ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئەمما كىشىلەر بۇنىڭدىن قورقۇپ قالمىدى. ئۇ ئاخىرى ئامما ئارىسىغا قېچىپ كىرىۋالدى. قالايمىقانچىلىق ئىچىدە بىرسى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە گرانات ئاتتى. پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. نەتىجىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ ھەر ئىككى مىللەت ئارىسىدىن ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلار بولدى①. مۇئاۋىن رەئىس بۇرھاننىڭ شوپۇرى نەق مەيداندا ئۆلدى. شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى پىلانلىغان « تەلەپنامە سۇنغۇچىلارغا تەلەپنامە بىلەن، نامايىش قىلغۇچىلارغا، نامايىش قىلىش بىلەن قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئۈرۈمچى رايونىدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ نەچچە كۈنگىچە پۈتۈن شەھەردە ۋەقە كۆپىيىپ، كىشىلەر ئەندىشىگە چۈشۈپ، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ، ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى ئاخىر بۇ ئىشنى پىلانلىغان كىشىلەرمۇ كونترول قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جياڭ جيېشىنىڭ تەستىقى بىلەن ئۈرۈمچىدە جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە تۇنجى قېتىم ئېغىر دەرىجىدىكى جىمىپ كېتىش كۆرۈلدى.

گەرچە ھۆكۈمەت تەرەپ «25 ـ فېۋرال ۋەقەسى» نى قاتتىق مەخپىي تۇتقان بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ۋاستىلەر بۇ ۋەقەگە ئالاقىدار خەۋەرلەرنى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىتىۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش قاتلىمىنىڭ زېھنىي كۈچى بۇ قېتىم يۈز بەرگەن

ئىجتىمائىي توقۇنۇشقا مەركەزلەشتى. «تىنچلىق بىتىمى» دىكى دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار مەزمۇنلار بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بازاردا مال باھاسى ئۆرلەپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر سۇسلاشتى، ئىشسىزلار جىددىي كۆپەيدى، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار چىرىكلەشتى. ئورگان كادىرلىرى ئىش تاشلاپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتى ئېغىر ھالدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي يۈكنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلدى. 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جاڭ جىجوڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، جاڭ جىجوڭ «25 ـ فېۋرال ۋەقەسى» دىن بۇرۇنقى سىياسىي ۋەزىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىستىكىدە ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشتى. جاڭ جىجوڭنىڭ تىرىشچانلىقى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ھەيئەتلىرى «25 ـ فېۋرال ۋەقەسى» توغرىسىدا پۈتۈن خەلققە مۇراجىئەت ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا: «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە تىنچلىقنى قوغداش يولىدا پائال تىرىشىش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئورنىتىش يولىدا تىرىشىش»② مۇراجىئەت قىلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جاڭ جىجوڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 22 ـ قېتىملىق يىغىنى چاقىرىلىپ، «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت» بىلەن «تىنچلىقنى بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋەقەلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ كونكرېت چارىسى» مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى.

«پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت» جەمئىي 10 ماددا بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلقنىڭ «تىنچلىق بىتىمى» گە ئاساسەن قۇرۇلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى داۋاملىق قوللىشى

تەلەپ قىلىنغان، «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى تەسىرگە ئۇچرىغان چاغدا، مالىيە، ئادەم كۈچى قاتارلىق ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئىككىلىنىپ قېلىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈردى. ھەممە سايلام خىزمىتىدىكى قالايمىقانچىلىق ۋە كەمچىلىكلەر تەكشۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەتنامە» دە ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىلدى: «دېموكراتىيىنى بۇرمىلاشقا بولمايدۇ، ئەركىنلىكنىڭ چېكى بولىدۇ، نۆۋەتتىكى ناھىيىلىك كېڭەش يىغىنى بۇ يىل 5 ـ ئايدا چاقىرىلىدۇ. كىشىلەر چوقۇم ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىشى كېرەك. باشقا ھەرقانداق ھەرىكەتلەر بىلەن دېموكراتىيىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ئەركىنلىكىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىكى كېرەك، خەلقمۇ دۆلەتكە قارشى چىقىپ، تىنچلىقنى بۇزۇپ، مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇپ، باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ، بۇنى ئەركىنلىك ئۈچۈن دېسە بولمايدۇ»③.

ئەگەر «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت» نىڭ مەزمۇنى ھەقىقەتنى نامايان قىلىش، ھېسسىياتنى ئۇرغۇتۇش، پۇقرالارنىڭ گېپىنى قىلىش دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋەقەلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ كونكرېت چارىسى» نىڭ مەزمۇنى ھەر خىل ئىجتىمائىي توقۇنۇشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى بېكىتىشنىڭ قانۇنىي ئاساسى بولالايدۇ.

يەنە بىر پارچە ھۆججەت مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدى، باش كاتىپ ليۇ مىڭچۈن، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئارقىلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ 22 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى، ئۇنىڭ

مەزمۇنى جەمئىي يەتتە ماددا بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك:

1 ـ ماددا، تىنچلىقتا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، ئىسيان كۆتۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغانلار ئىچكى توپىلاڭ كۆتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن دەپ قارىلىپ ئەڭ قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ.

2 ـ ماددا، تۆۋەندىكى جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلەر تىنچلىقتا بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولىدۇ:

A . ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنى ئۆلتۈرگەنلەر؛

B . ئادەم توپلاپ باشقىلارغا ياكى ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىگە زورلۇق بىلەن تەھدىت سېلىپ دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلار، جامائەت تەرتىپىنى بۇزغانلار؛

C . جامائەت تەرتىپىنى پاراكەندە قىلىش مەقسىتىدە تېررورلۇق ۋاستىلىرىنى قوللانغانلار؛

D . پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ مىللىي ھېسسىياتنى قۇتراتقانلار؛ باشقىلارنى جەمئىيەت تەرتىپىنى پاراكەندە قىلىشقا كۇشكۇرتكەنلەر؛

E . ئادەم توپلاپ قورallىق بۇلاڭچىلىق قىلغان ياكى باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە، كىشىلىك ئەركىنلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلار؛

3 ـ ماددا، يۇقىرىقى ماددىلاردىكى جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلانغان ياكى شۇنداق قىلىشنى مەخپىي پىلانلىغانلار جازالىنىدۇ.

4 ـ ماددا، بۇ چارىنىڭ 2 ـ ماددىسىدىكى جىنايەتلەرنى ئۈزلۈكسىز سادىر قىلغانلارغا ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

5 ـ ماددا، بۇ چارىنىڭ 2 ـ ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن جىنايەتنى سادىر قىلغانلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق ئەھۋالنى مەلۇم قىلمىغانلار، ئەھۋالغا قاراپ بىللە سۈيىقەست

پىلانلىغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

6 ـ ماددا، بۇ چارىگە بىنائەن ھۆكۈم چىقارغاندا، ئۇچۇق سوت قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

7 ـ ماددا، بۇ چارە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كومىتېتى ماقۇللىغاندىن كېيىن، ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلىدۇ ھەمدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ④.

1947 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەيلى جاڭ جىجۇڭ ئۆزى بولسۇن ياكى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى بولسۇن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ئەڭ چوڭ مەسىلىلەرنىڭ بىرى دەپ قارىدى.

جاڭ جىجۇڭنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئورنىتىلغان «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ كۈچتىن قېلىشى ئىدى. نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن، يەنى جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ ئۆلكىنىڭ داۋالغۇش ئىچىدە قېلىپ ئىسكەنجىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن، جاڭ جىجۇڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى رايونلارغا بېرىپ شۇ جايلارنىڭ ئۆزىدىلا مالىمانچىلىق بولۇشقا سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىللارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنى قارار قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 16ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن ئاقسۇغا كەلدى، ئۇنىڭ بىللە ئەخمەتجان قاسىمى، مەسئۇد، ۋاڭ زېڭشىەن، ئەيسا، چۇۋۇ قاتارلىقلارمۇ باردى. ئاخبارات ۋاستىلىرى: جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنى «جەنۇبىي شىنجاڭلىق قېرىنداشلاردىن ھال سورىغاندىن باشقا، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە پايدىلىنىش ئۈچۈن خەلق ئارىسىغا چۆكۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. جايلاردا يېرىم ئايدەك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆلكىگە قايتتى» دەپ خەۋەر بېرىشتى.

4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن قەشقەرگە باردى. 22 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جاڭ جىجۇڭ شۇ جايدىكى ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى چاقىرتىپ سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا كۆتمىگەن يەردىن قاتتىق تالاش ـ تارتىش بولدى. بەزىلەر نەق مەيداندىلا: «مەركەز ئارمىيىنى قايتۇرۇپ كەتسۇن» ، «قەشقەردە مىللىي ئارمىيە قۇرۇلسۇن» ، «جەنۇبىي شىنجاڭدىن باج يىغمىسۇن» دېگەندەك تەلەپلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

جاڭ جىجۇڭ «19 ـ فېۋرال ۋەقەسى» ، «22 ـ فېۋرال ۋەقەسى» ، «25 ـ فېۋرال ۋەقەسى» قاتارلىق ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولغاچقا، بۇنداق مەيداندا ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى خۇشخۇيلۇقىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇ «يولسىز تەلەپلەرنى قاتتىق سۆكتى». شۇنىڭ بىلەن يىغىن تارقىلىپ كەتتى. جاڭ جىجۇڭ شۇ كۈنى قەشقەردىن ئايرىلىپ يەكەنگە باردى.

يەكەننىڭ سىياسىي ئەھۋالى ھەرھالدا ياخشى ئىدى. جاڭ جىجۇڭ يەكەندە 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە تۇرۇپ ئاندىن يەنە قەشقەرگە قايتتى. بۇ جەرياندا، جاڭ جىجۇڭ ئۆزىنىڭ ئالدىنقى قېتىم قاراملىق بىلەن ئىش قىلغانلىقىدەك خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى. شۇڭا، ئۇ شۇ كۈنى يەنە بىر قېتىم ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا سۆزلىدى، سۆھبەت يىغىنى تىنچ ھالەتتە تارقالدى.

5 ـ 6 مىڭ ئادەم توپۇقسىز جاڭ جىجۇڭ تۇرۇۋاتقان مەمۇرىي مەھكىمە بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ مەھكىمىدىن چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ جار سېلىشتى. ئەخمەتجان قاسىمى چىقىپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىنلا، نامايىشچىلار قوشۇنى ئاندىن ئاستا ـ ئاستا تارقالدى.

بۇ ۋەقە، جاڭ جىجۇڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى ھەمدە

ئۇنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپىدىكى مەيداندا ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېچكىم بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جياڭ جيېشىغا تېلېگراممىا يوللاپ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سورىدى. جاڭ جىجۇڭ ئۆزىنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشىدىكى سەۋەبنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قوشۇمچە ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىكىم ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش، ھەممە كەلگۈلۈكنى ماڭا ئەكېلىپ بېرىپ، ھەممە ئادەم ئالدىدا مېنى تەڭلىكتە قويدى. بەزىدە رادىكاللار مېنى كونسېرۋاتىپلارغا يان باستى دەپ ئەيىبلىسە، يەنە بەزىدە كونسېرۋاتىپلار رادىكاللارغا يان باستى دەپ يامانلىدى. بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ تەشەببۇسى خۇددى ئوت بىلەن سۇدەك بىر - بىرىگە يېقىن كەلمىگۇدەك دەرىجىدە ئۆزئارا زىتلىشىپ تۇرىدۇ. مەن بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە گەرچە نۇرغۇن چۈشەنچە بېرىش، سۆز بىلەن قايىل قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇلارنى ياراشتۇرۇش ئاسانغا چۈشمىدى. خۇددى مەن جەنۇبىي شىنجاڭنى زىيارەت قىلغان ۋاقىتىمدا كۆرگىنىمگە ئوخشاش، بولۇپمۇ قەشقەردىكىدەك ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ كەسكىنلىكى مەندە چەكسىز ھەسرەت قوزغىدى. مېنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماجىرالارغا چات كىرىۋېلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟ يەنە كېلىپ ھەرقانچە ئادىل پوزىتسىيە قوللانساممۇ، ھەر ئىككىلا تەرەپتىلا مەن قوللايدىغان ۋە قوللىمايدىغان ئاملار بار، نەتىجىدە ئىككىلا تەرەپنىڭ نارازىلىقى پەيدا بولىدىكەن؛ بۇنىڭدىن كۆرە قوشۇمچە رەئىسلىك ئورنۇمدىن چېكىنىپ چىققىنىم تۈزۈك. بۇنىڭدىن كېيىن، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەسىلىلەرگە چەتتە تۇرۇپ كۆڭۈل بۆلۈپ قويسام، بۇ ماڭا بىر ئارام

بولامدۇ، ئاسانراق بولامدۇ؟

جاڭ جىجۇڭ جاڭ جېيشىغا شىنجاڭنىڭ قوشۇمچە رەئىسلىكىدىن ئىستېپا سوراش بىللەن بىللە، مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە كۆرسەتتى. جاڭ جىجۇڭ بۇ بىر بۆلۈك تارىخ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەسئۇد شۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئابرۇيلۇق كىشى ئىدى. شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئىچكىرىگە قېچىپ بېرىپ مەركەزدە ئون يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسى، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەپتىش ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ دائىم مەركەزنىڭ يىغىنلىرىدا دادىل، ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلەپ، شېڭ شىسەينى سۆكەتتى، ھەممىدە كۈچىنىڭ بارىچە شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن دەرد تۆكۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋاكالىتەن سۆزلەيتتى. ھەممە كىشى ئۇنى شىنجاڭنىڭ رەھبىرى بولالايدىغان زات دەپ قارىشاتتى. شۇ يىلىنىڭ بېشىدا مەن نەنجىڭدە جياڭ جېيشىغا شىنجاڭ مەسىلىسىنى دوكلات قىلغان ۋاقتىمدا، جياڭ جېيشى ئۇنى ئېغىزغا ئالغان ھەمدە مەندىن: شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىنى ئۇنىڭغا بەرسەك قانداق بولار؟ دەپ سورىغانىدى. مېنىڭچە، ئەگەر ئۇنى رەئىسلىككە كۆرسىتىدىغان بولساق مەركەزنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئوڭايلا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى غۇلجىدا بولۇپ، ئىلى تەرەپتىن تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتناشقان ئۈچ ۋەكىلنىڭ بىرسى بولغان رەھىمجان سابىرھاجى ئۇنىڭ جيەن ئىنىسى بولىدۇ. غۇلجىدا نۇرغۇن ئادەملەر بىلەنمۇ بېرىش ـ كېلىش مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇنىڭغا قاراپ ئۇ كىشىنى بۇ ئورۇنغا قويساق ئۈچ ۋىلايەتنىڭمۇ ماقۇللۇقىغا ئېرىشىش مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدىم. يەتتە ۋىلايەت تەرەپتە ئەزەلدىن ئۇنىڭغا قارشى ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدۇق»⑥.

## 2. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ مەسئۇدنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولۇشىغا قارشى تۇرۇشى

5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى مەسئۇدنى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە رەئىسى، ئەيسانى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەش توغرىسىدا رەسمىي بۇيرۇق چۈشۈردى. 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشۈپ مەركەزنىڭ مەسئۇد بىلەن ئەيسانى ۋەزىپىگە تەيىنلەش توغرىسىدىكى باياناتىنى مەلۇم قىلغاندا، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىجۇڭنىڭ داۋاملىق رەئىس بولۇشىدا چىڭ تۇردى. جاڭ جىجۇڭ پەرماننى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىدەك پاكىتنى دەلىل قىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمىدىن بۇ رىئاللىقنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مەسئۇدنىڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ھەيئەتلىرى مەسئۇدنىڭ ۋەزىپە ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا قارشى تۇردى. ئەمەلىيەتتە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلانغانلىقى نامايان بولدى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا تۇتقان قارشىلىق پوزىتسىيىسى جاڭ جىجۇڭنى قاتتىق گۇمانلاندۇردى ۋە ھەيران قالدۇردى.

جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر خىل شەخسلەر ۋە ۋەقەلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، 40 ـ يىللاردىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ھەربىي، جەمئىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش

جەرياننى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مۇشۇ جەرياندا پەيدا بولغان ئىبغىر ئاقىۋەتلەردىن ساۋاق ئالدى. شۇڭلاشقا، جاڭ جىجۇڭ «دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداش جۇڭگو سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش، دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش» نىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىپ ⑦، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي كۈچلىرىنى «رادىكاللار» بىلەن «كونسېرۋاتىپلار» دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ گۇرۇھقا ئايرىدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار «رادىكاللار» نىڭ يادرولۇق ئادەملىرى دەپ قارالدى؛ مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار بولسا، «كونسېرۋاتىپلار» نىڭ يادرولۇق ئادەملىرى دەپ تونۇلدى.

جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ ئىچىدىكى يىراقنى كۆرەلەيدىغان، كۆپنى كۆرگەن، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان مۇھىم ھەربىي سىياسىئون. ئۇ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى، شىنجاڭغا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا مۇكەممەل تونۇشقا ئىگە ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ تىل جەھەتتىكى پەرق تۈپەيلىدىن شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالمىدى. بۇنىڭ بىلەن 20 - ئەسىردىن بۇيان شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىش مەقسىتىدىكى پانتۈركىزىم ۋە پانئىسلامىزمنىڭ ھەرىكىتى ۋە بۇزغۇنچىلىقى كۆرۈلۈپ تۇردى. مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار شىنجاڭدىكى پانتۈركىزىم ۋە پانئىسلامىزم ھەرىكىتىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغانىدى.

مەسئۇدنىڭ كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا جاڭ جىجۇڭ تىلغا ئالغان بايانلاردىن سىرت يەنە تۆۋەندىكىلەرنى قوشۇپ قويۇش كېرەك: (1) مەسئۇد 1904 - يىلى تۈركىيىدە تىببىي ئىلىم بويىچە بىلىم ئاشۇرغان؛ (2) غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن

پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىپ ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان؛ (3) قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، 1933 - يىلى قەشقەردىن ھىندىستانغا ماڭغان، يېڭىسارغا كەلگەندە مۇھەممەدئىمىننىڭ ئىنىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ما جۇڭيىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغان؛ (4) 1934 - يىلى مەسئۇد ھىندىستاننى ئايلىنىپ نەنجىڭغا كەلگەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە لەنجۇدا ئولتۇراقلاشقان.

مۇھەممەدئىمىن توغرىسىدا، پەقەت ئۇنىڭ 1933 - يىلى خوتەندە «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نى تەشكىللىگەنلىكىنىلا تىلغا ئېلىش كۇپايە، ئوقۇرمەنلەر مۇشۇ ئىشتىنلا مۇھەممەدئىمىننىڭ كەچۈرمىشى ۋە ھەرىكىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

ئەيسانىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرى ئۇ ئېلىمىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنجاندا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا تەرجىمان بولغان ئەشۇ ۋاقىتتىلا باشلانغان. ئۇ يېڭىساردا تۇغۇلغان، ئۇرۇمچىدە خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان. ئەنجاندىكى كونسۇلخانىدىكى ۋەزىپە ئۆتىگەن چاغدا يەنە رۇس تىلىنى ئۆگەنگەن. ئەيسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوراللىق باندىتلىرىنىڭ باسمىچىلىقىنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك تارماقلىرى ئۇنى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلغان، ئاخىرىدا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ دۆلەتكە قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، نەنجىڭدە ۋەزىپە ئۆتىگەن. جياڭنىڭ سوت مەھكىمىسى جىن شۇرېننىڭ يەرلىك دېلوسىنى سوراق قىلغاندا، ئەيسا جاۋابكار تەرەپنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بىر مەزگىل داڭلىق شەخس بولۇپ قالغان.

سەيپىدىن ئەزىزى مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا

قاتارلىقلارنىڭ سىياسىي مەۋقەسى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئۇچەيلەن، مىللەتچىلەر، تۈپ ئىدىيىسى — سوۋېتكە قارشى. بۇ جەھەتتە ئۇلار ھەتتا خەلقئارادا (ئاز دېگەندە يېقىن شەرقتە) نام چىقارغان. ئۇلار بۇ ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل چارىلەر بىلەن جىق ھەرىكەتلەرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرى پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلىش، «تۈركلەر دۆلىتى» قۇرۇش ئىدى، پانتۈركىزمنىڭ پروگراممىسى — (غەربىي - شەرقىي) تۈركىستاندىكى پۈتكۈل تۈرك تىلى سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنى (تۈركىيە تۈركلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ، بىر پۈتۈن تۈرك ئىمپېرىيىسى قۇرۇشتىن ئىبارەت»⑧.

مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا يەنە شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىنجاڭنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى، قۇرۇلۇش (تەمىرات) نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. دەسلەپكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇلار ئۇچى زىيالىي سۈپەت كۆرۈندى. مەسئۇد ئۆزىنى تىلشۇناس دەپ، ئەيسا بولسا سىياسىي پائالىيەتچى دەپ ئاتىدى.

ئۇلارنىڭ 40 - يىللاردىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئانچە قويۇق بولمىغاچقا، ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ بىلىملىك زىيالىيسى بولۇشقا ئەمدى ماس كەلمەيتتى.

مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ پائالىيىتى بەلگىلىك ئىجتىمائىي تەسىر قوزغىدى. ئۈرۈمچى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا « دۆلەت ۋە خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئەركىنلىك - ئازادلىق ئىزدەپ يۈرگەن، ئەمما توغرا ئىزدەپ تاپالمىغان بىر تۈركۈم ياش زىيالىيلار ئۇلارغا ئالدىنىپ،

ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتى»⑨.

مەسئۇدلارنىڭ ھەرىكىتى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغىدى ھەم ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە ئۇلارنىڭ سىياسىي ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ جەمئىيەتكە ئاشكارا قىلدى. تۆۋەندىكى بايانلار سەيپىدىن ئەزىزى يازغان، لى جىچېڭ تەرجىمە قىلغان «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى:

« بىر كۈنى بىرىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە، مۇھەممەد ئىمىن ئابدۇكېرىم ئاbباسوفقا: ‹ ھەممىمىز تۈرك ئوغلانلىرى، مىللەت مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىمىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن قولنى - قولغا تۇتۇشۇپ بىللە ئۆتەلمەيمىز؟ ›، دېدى.

‹ ئەپەندىم›، دېدى ئابدۇكېرىم ئاbباسوف ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىپ، ‹بىز مىللەت مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىمىزمۇ - قىلمايمىزمۇ، بۇ مەسىلىنى قويۇپ تۇرايلى، ھازىر ھەممىدىن مۇھىمى بىزنىڭ قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىمىزنى ئېنىقلىۋېلىشىمىز كېرەك. مەن ئۇيغۇر، ئۇيغۇر ئوغلانى، ئۆزلىرىچۇ؟ ›

مۇھەممەدئىمىن گەپ قىلالماي ئولتۇرۇپلا قالدى، ئابدۇكېرىمنىڭ بىر دوستى ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: ‹مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدۇكېرىم بۇ مەسىلىنى بىلمەكچىمىدىڭىز؟ جاۋاب بېرىش تەس ئەمەس، مەن جاۋاب بېرەي›، دەپ كېلىپ، سەھنىدىكى ئارتىسلارنىڭ قىلىقلىرى بىلەن گالستۇكىنى تۈزەشتۈرۈپ، كاستۇمىنىڭ ياقىلىرىنى نېرى - بېرى تارتىپ قويۇپ، مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ ئەزان چاقىرغان ئاھاڭى بىلەن: ‹بىزنىڭ يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستاندۇر، دىنىمىز ئىسلامدۇر، مىللىتىمىز بولسا تۈركتۇر! ›، دېدى. ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق سۆزى، قىزىقارلىق قىلىقلىرى زىياپەتتە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى پاراقىدە كۈلدۈرۈۋەتتى، مەسئۇد قاتارلىقلار گەپ قىلالماي تاتىرىشىپ

ئۇلتۇرۇپ قالدى»⑩.
بۇ قېتىمقى ئۇلتۇرۇشتا بولۇنغان گەپلەرنىڭ مەزمۇنى تارقالغاندىن كېيىن، كىشلەر ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن مەسئۇدلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپىنىڭ كەسكىنلىك دەرىجىسىنى ئاخىر تونۇپ يەتتى. مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۇرۇپ چىقىرىش مۇمكىنچىلىكىنى، بىر قانچە يىلدىن كېيىن جاڭ جىجۇڭ ئاندىن سەل چۈشەنگەندەك بولدى، ئۇ: «ئىلى تەرەپ مەسئۇدنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى تۇرىدىكەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلار مەسئۇدنى ‹پانتۇركىست›، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرغۇچى دەپ قارايدىكەن. مەن ئىلگىرى ئىشنىڭ بۇ تەرىپىدىن خەۋەرسىز ئىكەنمەن، ھەم دىققەتمۇ قىلماپتىمەن. مەن پەقەت مەسئۇد مەركەزنى ھىمايە قىلىدۇ دەپ قارايتتىم، ئۇمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ باقمىغانىدى. بۇ مېنىڭ ئەڭ بىخەستەلىك قىلغان يېرىم بوپتۇ»⑪. مەسئۇد رەئىسلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئوسمان داموللا قاتارلىق 40 نەچچە كېڭەش ئەزاسى شۇ كۈنىلا جاڭ جىجۇڭغا مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىمزالىق خەت تاپشۇردى. خەتنىڭ تولۇق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:
«شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇمچە رەئىسى جاڭ جىجۇڭ جانابلىرىغا:
كەمىنىلىرى مۇشۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى غەربىي زالدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېڭەش ئەزالىرى ئارىسىدا پىكىر تۇغۇلدى. كېڭەش ئەزالىرى نەق مەيداندا پىكىر بايان قىلدى. بىز شۇ پىكرىمىزدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇشبۇ ئىلتىماسنامىنى ھۇزۇرلىرىغا

سۇندۇق. مەقسەتنى ئېيتساق، ئۆتكەن يىل تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغانىدى. بىر يىل ئىچىدە بەزىبىر يېڭى تەدبىر - پىلانلار قوللىنىپ، خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغا قەدەر تىنچلىق بىتىمى بىلەن سىياسىي پروگراممىنى ئىجرا قىلىشتا، خەلقنىڭ كۆڭلى - كۆكسى قانغۇدەك خىزمەتلەر ئىشلەنمىدى. خەلق ئۈمىد قىلغان مۇشۇ مەسئۇلىيەت تېخى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ زىممىسىدە تۇرۇۋاتىدۇ. كېڭەش ئەزالىرى شۇنداق دەپ ھېسابلايدۇكى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىش كېرەك. يۇقىرىدىكى ۋەزىپىلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي تۇرۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىش ھاجەتسىز، ئەسلىدىكى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش زۆرۈر. كېڭەش ئەزالىرى يەنە شۇنداق دەپ ھېسابلايدۇكى، بۇ نۇقتىغا قارىماي، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىگە ئۇقتۇرماي ھەم كېڭەش ھەيئەتلىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزمەي، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن كېڭەش ئەزالىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قەتئىي ئىلتىماس قىلىدۇ. تىنچلىق بىتىمىگە خەلقىمىز ئۈچۈن ئالغان مەجبۇرىيەتلەرنى ئاداققىچە ئورۇنداشنى، ھەمدە ئۆلكە رەئىسىنى ئاساسىي قانۇن بويىچە خەلق سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن، ھەرقانداق ئۆزگەرتىشلەرنىڭ بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھۆزۈرلىرىغا ئالاھىدە مۇشۇ ئىلتىماسنى سۇندۇق. جانابلىرىغا بىر نۇسخا سۇنغانىنىڭ سىرتىدا، ئېلان قىلىش ئۈچۈن گېزىتخانىغىمۇ يوللىۋەتتۇق.

ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىدىن: ئوسمان داموللا قاتارلىقلار»⑫.

جاڭ جىجوڭ پەرماننى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ،

ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئوسمان داموللا قاتارلىق 40 نەچچە كىشىنىڭ ئەزاسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى⑬.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن 10 نەپەر كېڭەش ئەزاسى ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقى سەئىد ئەھمەدنىڭ باشچىلىقىدا جاڭ جىجوڭغا ئىمزالىق خەت يوللاپ، مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئۇيغۇر كېڭەش ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قارشى تۇرۇش بىلەن ئۇنى قوللاشتەك ئىككى چوڭ گۇرۇھ شەكىللەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بۇ پىكىر ئىختىلاپى پۈتۈن ئۆلكە تەۋەسىگە تارقىلىپ، مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىنى قوللاش ياكى قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت جەمئىيەت توقۇنۇشىغا ئايلاندى.

ئالدى بىلەن، غۇلجىدا 5 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا نامايىش قىلىنىپ، مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇلۇپ ئارقىدىنلا چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يىغىلىش ۋە نامايىش بولدى. قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا بولسا، مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىنى قەتئىي قوللاش مەزمۇنىدىكى نامايىش ئېلىپ بېرىلدى.

## 3. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ غۇلجىغا قايتىشى

مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىختىلاپ، ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلمەسلىكىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئالدى بىلەن ئۆلكىلىك

كېڭەش ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش جەھەتتە توقۇنۇش بولدى. ئىلى ئالاھىدە رايونى تەرەپتىن بەلگىلەنگەن ئادەم 14 ئىدى، ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلار بولسا 18 ئادەم بولۇپ، تۆت ئادەم ئارتۇق ئىدى. تارباغاتاي رايونىدىن ئالتە ئادەم بەلگىلەنگەنىدى، ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلار بولسا سەككىز ئادەم بولۇپ، ئىككى ئادەم ئارتۇق ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۇلارنىڭ بەلگىلىمىدىكى ساندىن ئارتۇق ئالتە نەپەر ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسىنىڭ سالاھىيىتىنى چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك بېكىتىپ چىقىشتا چىڭ تۇردى. چۈنكى، بۇ ئالتە نەپەر ئەزا خۇيزۇ، شىبە، سولۇن، ئۆزلەشكەن رۇس مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شىنجاڭدىكى 14 مىللەت (تارانچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ تەركىبىي قىسمى. تەكلىپنىڭ مەزمۇنىنى بېكىتىش يىغىنىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنىڭ يەنە بىر ئامىلى بولۇپ قالدى. ئاخىر بەزىلەر مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئومۇمەن كېڭەش ئەزالىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى ئورۇنداش كېرەك: (1) شىنجاڭنىڭ دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك؛ (2) دۆلەت ئارمىيىسىنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك؛ (3) مەركەزنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش توغرىسىدىكى پەرمانىغا قارشى چىقماسلىق⑭.

جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

بۇ ئۈچ نۇقتا، شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى داۋالغۇپ تۇرغان كەيپىياتقا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. غۇلجا تەرەپ گۇرۇھىدىكى كېڭەش ئەزالىرى 1 ـ، 2 ـ ماددىنى پرىنسىپ جەھەتتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق 3 ـ ماددىغا قەتئىي قارشى چىقتى. بۇ ئۇلارنىڭ

ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى يىغىنىدىن پايدىلىنىپ، مەسئۇدنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى غەرىزىنىڭ تۈگىمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ھەيئەت رىياسەتتە پىكىر بىرلىكى بولمىغانلىقتىن، يىغىن بىر قېتىممۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلمىدى. 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن تارتىپ 3 ـ كۈنگە قەدەر كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، قاتمال ۋەزىيەتنى زادىلا يۇمشاتقىلى بولمىدى. ۋەزىيەت ياخشى ئەمەس ئىدى. مەن 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يىغىن ھەيئەت رىياسەتتى ئەزالىرى بىلەن يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپىنى چاقىرىپ، بىرلەشمە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئىككىلا تەرەپنىڭ ئۆز ئارا يول قويۇپ قاتمال ۋەزىيەتنى يۇمشىتىشنى مۇراجىئەت قىلدىم. ئۇدا ئۈچ قېتىم مەسلىھەتلەشتۇق. ئەمما بىر قېتىممۇ نەتىجە بەرمىدى. ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ روزى ھېيتى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، قەشقەردىن كەلگەن كېڭەش ئەزالىرىنىڭ تەكلىپى بويىچە، كۆپ سانلىقلارنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، يىغىن ھەيئەت رىياسەتتى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدى باشلاپ يىغىننى ۋاقىتلىق توختىتىدىغانلىقىنى، قاچان يىغىن چاقىرىشنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەلگىلەيدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ كېڭەش ئەزالىرى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ غۇلجىغا قايتتى. شۇ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 24 كېڭەش ئەزاسى، ئاقسۇ، خوتەن، قارا شەھەر قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ بىردىن كېڭەش ئەزاسى ھەممە تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئىككى كېڭەش ئەزاسى بولۇپ جەمئىي 29 ئادەم ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا باردى. نەچچە ئايلىق جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئارقىلىق سايلاپ چىققان ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىممۇ ئوڭۇشلۇق بولماي، شىنجاڭ تارىخىدىكى مۇددىتى ئەڭ قىسقا بىر نۆۋەتلىك كېڭەش يىغىنى بولۇپ قالدى.

ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماسلىقى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېڭى داۋالغۇش قوزغىدى.

مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قارشى تۇرغۇچىلار بىلەن قوللىغۇچىلار ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى قارشى تەرەپكە تاڭماقچى بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىش، توپلىشىپ نامايىش قىلىش تەگرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالدى. ئۈرۈمچىگە يېقىنراق بولغان تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە توقۇنۇش دەرىجىسى ئەڭ قاتتىق بولدى. ئۇلار مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا بولغان قارشىلىقىنى بىۋاستە قورال كۈچى بىلەن جاڭجال چىقىرىش ئارقىلىق ئىپادىلەشتى.

ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ئېغىر سىياسىي ئىختىلاپ تۈپەيلى، روزى ھېيتنى ئۆتكۈزۈش باھانىسىدا ئائىلىسىگە قايتقان چاغدا، 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى توقسۇن ناھىيىسىدىكى نەچچە يۈز ياش ئالغۇي جىلغىسىدا گومىنداڭ ئاپتوموبىللىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن بازىرىدىكى ساقچى ئىدارىسى شۇ جايدىكى باشلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنىپ قورال ـ ياراقلارنى ئېلىپ كەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تۇرپان ئاستانە يېزىسىدىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رەجەپ توختى ناھىيە ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بارلىق ساقچىلار بىلەن نۇرغۇن ياشلارنى باشلاپ سىڭگىمدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، نەچچە كۈن ئىچىدىلا تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئويمانلىقىدا بۇ جاينىڭ ئەڭ ئىسسىق بولىدىغان پەسلىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

7 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىغا قەدەر گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشى

بىلەن تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئويمانلىقىدىكى قوزغىلاڭ تىنچىتىلدى. قوزغىلاڭنىڭ بىر بۆلەك تايانچ كۈچلىرى تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ ئىلىغا باردى. ئارقىدىنلا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىگە توپلانغان ھەرمىللەت ئىلغار زاتلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ غۇلجىغا قايتتى.

روزى ھېيىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ھەيئەت ئەزالىرى ئۆز خىزمەت ئورنىغا ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىدى. 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجان قاسىمغا خەت يېزىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئۈچ ۋىلايەت ھەيئەتلىرىنىڭ ئۆز خىزمەت ئورنىغا تېزرەك قايتىشىنى دەۋەت قىلدى[16].

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى رەھىمجان سابىر ھاجى جاڭ جىجۇڭغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەت ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە قايتىشىنىڭ شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) شىنجاڭ خەلقى ئارىسىدىكى تەرەققىپەرۋەرلەرنى بېسىش ۋە خارلاشنى مەنئي قىلىش؛ (2) قاماپ قويۇلغان مۇسۇلمان پۇقرالارنى قويۇپ بېرىش؛ (3) مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش؛ (4) 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ماقۇللانغان بىتىمنىڭ بارلىق ماددىلىرىغا ئەمەل قىلىش»[17].

شۇنىڭدىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى كۆپ قېتىم خەت ـ ئالاقە قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە يۈز بەرگەن بۆلۈنۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمىدى. ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ئامىلى مەسئۇد باشچىلىقىدىكى پانتۈركىستلار بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى

باشچىلىقىدىكى پانتۈركىزمگە قارشى تۆرغۇچىلار ئۇتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يوقاتقىلى بولمىدى. بەلكى، ئۇنىڭ تۈپ ئامىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە غەلىبە قىلىش ئالامەتلىرىنىڭ كۆرۈلۈۋاتقانلىقىدا ئىدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى يېڭى سىياسەت، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئورتاقلىقى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى غەلىبىسىنى كۈتۈۋالماقتا ئىدى.

پايدىلانمىلار

① «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، 283 ـ بەت.

② «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، 221 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 285 ـ بەت.

④ مىنگونىڭ 36 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈندىكى «شىنجاڭ گېزىتى».

⑤ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغىچە»، 133 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 135 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 135 ـ بەت.

⑧ «ئۆمۈر داستانى»، 386 ـ بەت.

⑨ يۇقىرىقى كىتاب، 387 ـ بەت.

⑩ «تەڭرىتاغ بۈركۈتى»، 117 ـ، 118 ـ بەت.

⑪ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغىچە»، 38 ـ بەت.

⑫ يۇقىرىقى كىتاب، 136 — 137 ـ بەتلەر.

⑬ يۇقىرىقى كىتاب، 137 ـ بەت.

⑭ «شىنجاڭنىڭ 10 يىلى»، 296 ـ بەت.

⑮ «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغىچە»، 140 —، 141 ـ بەت.

⑯ يۇقىرىقى كىتاب، 145 ـ بەت.

⑰ يۇقىرىقى كىتاب، 146 ـ بەت.

# 3 ـ بۆلۈم پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىقىنى كۈتۈۋېلىش

## 1. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىدىن شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغىچە

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى سىياسىي كۈچلەر بىر خىل ئالاھىدە مۇھىت ئىچىدە ئۆز نىشانلىرىنى تاللاشتى، ئۇ بولسىمۇ شېڭ شىسەينىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتۇر. نۇرغۇن ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن، ئورتاق نىشانغا ئىگە بۇ سىياسىي كۈچلەر باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشلىك مۇناسىۋەت ئورنىتالمىدى. 1944 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي جىلغىسىدىكى ئوق ئاۋازى بۇ كۈچلەرنىڭ سىياسىي سەھنىگە ھالقىپ چىقىشى ئۈچۈن پۇرسەت ياراتتى ھەمدە ئۇلارغا ئۆزئارا قارشى تەرەپلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلدۈردى.

جايلاردىكى قوراللىق قوزغىلاڭلار تېزلىكتە غەلىبىگە ئېرىشىپ، غالىبىيەتچىلەرنى بىرلىككە كەلگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى لايىھىلەپ چىقىشقا يېتەرلىك ۋاقىت بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئالتايدا «ئالتاي ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمىتى». تاشقورغاندا «تاشقورغان ۋاقىتلىق مىللىي بىرلەشمە ھۆكۈمىتى» قۇرۇلدى. بۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ نامىدىن مەلۇمكى، قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ھاكىمىيىتى بىلەن، ئۇلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلگەن شېڭ شىسەينىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىغا چىقىش ئىدى.

بۇ جەرياندا، ئىلىدىلا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، دۆلەت شەكلى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى

رايونلار بىلەن باپباراۋەر تۇردى. بۇ خىل ھەرىكەت جۇڭگودىن زېمىن بۆلۈۋېلىش يامان نىيىتىدە بولۇۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ سىياسىي غەرىزىنى شەكسىز قانائەتلەندۈردى. ئەمما تەرەققىيپەرۋەر ئىنقىلابچىلار ئۇلار ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان «دېموكراتىك سىياسەت، مىللىي باراۋەرلىك، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش» تەك سىياسىي غايىسىنىڭ پۈرسىتى ۋە شارائىتىدىن مەھرۇم قالدى.

1945 ـ يىلىدىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمال، ئوتتۇرا، جەنۇب ئۈچ يۆنىلىشلىك سەپ بويىچە قىلغان جەڭلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ئەگىشىپ، گومىنداڭنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى كۈنسېرى تارايدى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئېلىپ كەلگىنى تەنتەنىلىك غەلىبىدىن ئىبارەت بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، نۇرغۇن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ھەققىدىكى مەقسەت، پرىنسىپ، ئۇسۇللار «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۈنسېرى روشەن ئىختىلاپلارنى پەيدا قىلدى.

ئىنقىلابنىڭ بىر تەرەپى ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكىلەرنىڭ پىكرى؛ يەنە بىر تەرەپى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونۇنوف، دەلىلقان سۇگۇربايوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكىلەرنىڭ پىكرى ئىدى. ئالدىنقىسى رەھبەرلىك ئورنىغا ئىگە بولۇپ، ھوقۇقىنىڭ كۆپ قىسمىنى كونترول قىلغان، كەڭ ئىجتىمائىي تەسىرگە ۋە دىنىي ئىمتىيازغا ئىگە. ئەمما، مۇكەممەل بولغان سىياسىي تۈزۈلۈشكە ئىگە ئەمەس. كېيىنكىسى رەھبەرلىك ئورنىغا ئىگە بولمىغان، ئانچە ئەھمىيەتلىك بولمىغان تارماقلارنى باشقۇرىدىغانلار. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۈرەش نىشانى ئېنىق،

سىياسىي نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇپ، شىنجاڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

1945 - يىلى ياز پەسلىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوف توغرا نەزەرىيە يېتەكچىلىكىدىكى تەشكىلات قۇرۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ مەقسىدى كۈچنى توپلاپ، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ، ئاۋارىچىلىقلارنى تۈگىتىپ، ئىنقىلابنى توغرا يول بىلەن ئېلىپ بېرىش ئىدى. بۇ پىكىر سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوف (تاتار)، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، مۇھەممەدئىمىن ئىمىنوف، ئەنۋەر خانبابا (ئۆزبېك)، ئابدۇللا توقاروف قاتارلىق يولداشلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى①.

بىر مەزگىل مەخپىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق «ماركسىزم - لېنىنىزم ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» دېگەن نامدا بىر تەشكىلات قۇرۇلدى. ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى»، «لېنىنىزم ئاساسلىرى» «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن كىتابلارنى گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقى قىلىپ بېكىتتى.

ماركسىزم - لېنىنىزم گۇرۇپپىسى يەر ئاستى خاراكتېرلىك بىر تەشكىلات ئىدى. ئالدى بىلەن ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار ماركسىزم - لېنىنىزمغا چىش - تىرنىقىغىچە قارشى ئىدى. ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئازاد قىلىپ، كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇلۇغ غايىسى، ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلار تەرغىب قىلىپ كەلگەن پانئىسلامىزم بىلەن خۇددى سۇ بىلەن ئوتتەك چىقىشالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېلىخان تۆرە قاتارلىقلاردىن سىر ساقلاش تەبىئىي ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئادەتتىكى ئاممىدىنمۇ سىر ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ ئېلىخان تۆرە قاتارلىق دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ قايمۇقتۇرۇشى تۈپەيلىدىن، بىرمۇنچىلىغان ئاممىا كوممۇنىستىك پارتىيىنى،

ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلاتتى، ھەتتا دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى، بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ گېپىدىكى «قىزىل پاچاق» دېگەن سۆز سەلبىي مەنىلىك تېرمىنلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

گەرچە «ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» مەخپىي ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى شۇ جايلاردىكى ئابرۇيلۇق زىيالىي ياشلاردىن تەشكىل تاپقاچقا، ھەر مىللەت ياشلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر كۆچكە ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار ھەر مىللەت ياشلىرى ئارىسىغا تارقىلىپ كەتتى. بارا ـ بارا كۆپلىگەن ياشلار بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇشنى ئارزۇ قىلدى ۋە بۇ ئارقىلىق ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا چۈشەندى.

مانا شۇنداق ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىقلار ئاشكارا تەشكىلات قۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» (كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىغا ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ غۇلجىدا قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ئابباسوف رەئىسى بولدى، ماكسىزم ـ لېنىنىزم ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىغا كىردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ مەقسەتلىرىمۇ بۇ ياشلار تەشكىلاتىغا بىللە سىڭىپ كىردى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئوتتۇرىغا قويغان «ئۆگىنىش، ئىتتىپاقلىشىش، ئالغا ئىلگىرىلەش» شوئارى ھەر مىللەت ياشلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. بىر يىلغا

يەتمىگەن ۋاقىتتا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تىزىملاتقان ئەزالىرى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى③.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىقلارغا زور ئىلھام بەردى. ياشلار تەشكىلاتى رەھبەرلىرىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف «ئەتە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئابباسوف «ئەتە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» نىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ بولسىمۇ كادىرلار قوشۇنى تەشكىللەش، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىقىنى كۈتۈۋېلىش»④.

بۇ مەقسەتكە قانداق يېتىش كېرەك؟ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق قاتتىق تەشكىللەنگەن، مەقسىتى ئېنىق، ئۇيۇشۇش كۈچى يۇقىرى بولغان بىر سىياسىي تەشكىلات قۇرۇلدى. 1946 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى نامىدىكى تەشكىلات غۇلجىدا قۇرۇلدى. ئۇنىڭ نامى ئەسلىدىكى « HALK ENKILAWEY PARTIYISI » دېگەن سۆزلەردىكى ھەربىر سۆزنىڭ باش ھەرپىدىن تۈزۈلگەن HEP دېگەن سۆزگە قىسقارتىلىپ ئاتالدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى قۇرۇش يىغىنىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ئەگەر كىشىلەر خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى ۋە پروگراممىسىنىڭ ئاساسلىرى نېمە؟ دەپ سورىسا ئۇلارغا ئېنىق ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىنىڭ ئاساسىي نۇسخىسى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ (بولشېۋىكلار) ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ

پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىدۇر»⑤.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى تەييارلىق خىزمەتلىرىدىن قۇرۇلغانغا قەدەر قاتتىق مەخپىي ھالەتتە ئېلىپ بېرىلدى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىدىكى يەتتە نەپەر كىشىمۇ مەخپىي نام ئىشلەتتى. «LENINQI» «لېنىنچى» دېگەن سۆزدىكى يەتتە ھەرپنى ئاساس قىلىپ، شۇ ھەرپلەر بىلەن باشلانغان ئىسىملارنى قوللاندى. يەنى، LITIP ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى؛ ELGAR سەيدۇللا سەيپۇللايوفنى، NUR سەيپىدىن ئەزىزى؛ ILDAN ئەسئەت ئىسھاقوفنى؛ NIJAT ئابدۇللا زاكىروفنى؛ QOLPAN ئەنۋەر خانبابانى، ILDOS مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوفنى كۆرسەتتى.

خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى رەھبەرلىك يادروسىدا ئىش تەقسىماتى ئېنىق ئايرىلغان، ئابباسوف رەئىس بولۇپ، ئومۇمىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ، سەيپىدىن ئەزىزى تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل؛ ئەسئەت ئىسھاقوف تەشكىلات خىزمىتىگە مەسئۇل؛ مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوف ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل؛ سەيدۇللا سەيپۇللايوف يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل؛ ئەنۋەر خانبابا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل؛ ئابدۇللا زاكىروف كاتىباتلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ»⑥.

بۇ خىل ئىش تەقسىماتى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ مۇۋاپىق چاغدا ئېلىنغان تۈرە قاتارلىقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئۆز مەقسىتىگە يەتمەي تورۇپلا ئېلىنغان تۈرە «تىنچلىق بىتىمى» نىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىققاندى⑦.

1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ قىسمەن رەھبەرلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتەشكە يۆتكەپ كېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى

بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1946 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ نەنجىڭغا بېرىپ مىللىي قۇرۇلتايغا قاتناشقان چاغدا، شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى دۇڭ بىۋۇغا خەت ئەۋەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا كىتابىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىدا چۈشەنچە بەرگەنىدۇق.

ئابدۇكېرىم ئاببباسوف نەنجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دۇڭ بىۋۇنىڭ شىنجاڭدا «كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئالدىراپ كۆتۈرۈپ چىقىشقا بولمايدۇ» دېگەن كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مەسئۇلى لى تەييۇ بىلەن يېڭى سىياسىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش توغرۇلۇق كېڭەشتى.

لى تەييۇ بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر كېچىسى ئاببباسوفنىڭ ئۆيىدە يىغىن ئاچتۇق. يىغىنغا ئىلى تەرەپتىن ئاببباسوف، سەيپىدىن، سەيپۇللايوف، ئەسئەت، ئىمىنوف، ئەنۋەر خانبابا قاتارلىقلار قاتناشتى. بىز تەرەپتىن لى تەييۇ، لوجى، چېن شىخۇا بولۇپ جەمئىي توققۇز ئادەم قاتناشتى. ئابدۇكېرىم ئاببباسوف نەنجىڭگە بېرىش سەپىرى ۋە دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئاندىن كېيىن، تەشكىلات خىزمىتى توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. ئابدۇكېرىم ئاببباسوف پارتىيە قۇرۇش تەكلىپىنى بېرىپ، دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيە دەپ ئاتاشنى، يولداش دۇڭ بىۋۇنىڭ پىكرىگە ئۇيغۇن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇلدى. ئارقىدىنلا ئابدۇكېرىم ئاببباسوفنى رەئىسلىككە كۆرسەتتى مەركەز ھەيئەت ئەزالىرى جەمئىي 11 نەپەر بولۇپ، يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە زاكىروف، يۇ جىجۇڭ، يۇ جەنلىنلەرمۇ بار. يىغىندا يەنە مەن تۈزۈپ چىققان

مەركەزنىڭ يولىيورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىلدى، ھەمدە مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 - قۇرۇلتىيىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىغا ئاساسەن تۈزۈپ چىققان نىزامنامىنى دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ نىزامنامىسى قىلىش كۆرسىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەت تەۋەسىدە پارتىيە ئەزالىرىنى كۆپەيتىش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ چىقىش، شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىنى دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى»⑧.

1947 - يىلى يازدا، دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى سىياسىي ئىستىقبالى توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى ۋە مۇنداق ئۈچ خىل مۇمكىنچىلىك ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ (1) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قورال كۈچى ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىپ، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش؛ (2) گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن شىنجاڭدىن كەتكۈزۈۋېتىپ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش؛ (3) خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە زەربە بېرىپ، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش⑨. قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق يىغىن قاتناشچىلىرى ئۈچىنچى خىل مۇمكىنچىلىككە قوشۇلدى.

دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى مۇزاكىرە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىقىنى كۈتۈۋېلىشى ئۈچۈن سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە ئاساس تىكلىدى.

مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ھەيئەتلىرى ئۈرۈمچىدىن كەتكەندىن كېيىن، مەيلى جاڭ جىجوڭ بولسۇن ياكى ئەخمەتجان قاسىمى بولسۇن ھەممىيلەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلانغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. چۈنكى ئۈچ ۋىلايەت قەتئىي قارشى تۇرغان پانتۈركىست مەسئۇد داۋاملىق شىنجاڭنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولغاچقا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى گومىنداڭ ـ كوممۇنىستلار ھەمكارلىقى يوقىتىلىپ چىقىقانىدى.

بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا جاڭ جىجوڭ لەنجۇغا قايتىپ غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىدىكى پاراغەتلىك تۇرمۇشنى باشلىۋەتتى، ئەخمەتجان قاسىمى بولسا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك سالاھىيىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى.

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى تىنچلىق سۆھبىتى جەريانىدا، بولۇپمۇ «تىنچلىق بىتىمى» نى يۈرگۈزۈش جەريانىدا ئاممىغا تەشۋىق قىلدى، ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى، كۈچلۈك ئىجتىمائىي تەسىر كۈچ تىكلىدى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش تونۇشىنى كۈچەيتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى بۇنىڭدىن ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ ئىلھام شۇ بولدىكى، بىر كونكرېت كۈچلۈك چاقىرىق كۈچىگە ئىگە سىياسىي شوئار، بىر كەڭ كۆلەملىك ھەم قاتتىق تەشكىللىك ئىجتىمائىي تەشكىلات بار بولدى. بۇ ئاممىنى قوزغاپ ۋە ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۇسۇل ۋە ۋاستە.

ئەخمەتجان قاسىمى ئاللىقاچان قۇرۇلغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار ئىتتىپاقى، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى،

كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا ھەمدە بۇ ئىككى تەشكىلاتتىن يېڭىدىن تەشكىللەنگەن دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇنى قەدىرلىدى. ئەمما كونكرېت تارىخىي شارائىتنىڭ تەسىرىدىن ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ياكى ھەرىكەت دائىرىسىنىڭ چەكلىمىسىگە، ياكى ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى. يېڭى كۈرەش ۋەزىيىتى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ئېتىراپ قىلىدىغان، كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان گۇرۇھ ياكى تەشكىلاتقا ئېھتىياجلىق ئىدى.

1948 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ زالىدا تەخمىنەن 50 نەچچە كىشى قاتناشقان يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى قۇرۇش تەشەببۇسى مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىنغا قاتناشقانلار ئىچىدە دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە يەتتە ۋىلايەت دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى داڭلىق ئەربابلار بار ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى يىغىندا خېلى ئۇزۇن سۆزلەپ، شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەقسىتىنى سىستېمىلىق چۈشەندۈردى. ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق دېدى: «تەشكىلاتىمىز-نىڭ نامىنى نېمە دەپ ئاتاش كېرەك؟ خەلقىمىز ‹تىنچلىق بىتىمى› نى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇنى ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرۇشقا بەل باغلىدى. بىز بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنى ‹خەلقچىللىق› دەپ ئاتىدۇق، شۇڭا ‹خەلقچىللىق› دېگەن بۇ نامنى قوللاندۇق. نۆۋەتتە، پۈتۈن دۇنيا خەلقى تىنچلىق ئۈچۈن كۈرەشمەكتە. خەلقىمىزمۇ تىنچلىققا موھتاج. دۇنيا خەلقىنىڭ تىنچلىق ساداسىنى قوللايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تەشكىلاتىمىزمۇ «تىنچلىق» دېگەن

نامىنى قوللاندى»⑩.

يىغىن ئەھلى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسىغا بىردەك قوشۇلدى ھەمدە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى قۇرۇش يىغىنىنىڭ قارارى ۋە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى قۇرۇش چوڭ يىغىنىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە يوللىغان مۇراجىئىتىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى. قارارنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

## «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇش چوڭ يىغىنىنىڭ قارارى»

1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە يىغىنغا قاتناشقان بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، دېموكراتىك زىيالىيلار، دىنىي ئالىملار، ھەرقايسى مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىلىرى ۋە ئىنقىلابچىل ياشلار ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي تەلىپىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئېغىر ئازاب ۋە ئېزىلىشكە ئۇچرىغان خەلقىمىز 1944 ـ يىلىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، خەلقىنىڭ دۈشمەنلىرى يەنى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار خەلقىنىڭ بۇ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇل ھەتتا قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى قوللىنىشتىن ئايانماي، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى خەلقىمىزگە ئېچىپ بەرگەن مەدەنىي ئەركىن تۇرمۇش يولىنى ئېتىش غەرىزىدە بولدى. ئۆلكىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدا كىشىلەر مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا ياشاۋاتىدۇ. مۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، خەلقىمىزنى ئۆزىنىڭ ئەركىن مەدەنىي

تۇرمۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەيدىغان توغرا رەھبەرلىكنىڭ بولمىغانلىقىدا. شۇنداق بولغان ئىكەن، بىز دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆزقاراش ۋە تەشەببۇسلارنى قوللايمىز ھەمدە دوكلاتنى قاراردىن ئۆتكۈزۈپ خەلقىمىزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن كۈرەش مەركىزى غۇلجا شەھىرىدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇشنى قارار قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىنكى نەتىجىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك قارار چىقىرىلدى:

بىرىنچى ماددا، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى! شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئەركىنلىك، تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش شەكلى بىلەن «تىنچلىق بىتىمى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تىنچلىق بىتىمى» غا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تەۋەككۈلچىلەرگە، ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىش؛ باراۋەر، مەدەنىي، باياشات ۋە پۈتۈنلەي يېڭىچە تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان.

ئىككىنچى ماددا، چوڭ يىغىن «پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت» تە ئىتتىپاقلىق ۋە مىللىي ئازادلىق يولى نامايان قىلىنغان دەپ قارىدى.

ئۈچىنچى ماددا، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ:

ئەخمەتجان قاسىمى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

ئىسھاقبېك مونونوف، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى.

سەيپىدىن ئەزىزى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى.

ھاشىرباي تىلىپ بەردى (قاسىم ئەپەندى)، ئۈرۈمچى قازاق -

قىرغىز مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى.
ئىبراھىم تۇردى، ئۈرۈمچى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى.
سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى.
مۇھەممەتجان مەخسۇم، سوت باشلىقى.
ئۇيغۇر سايرانى، ئۈرۈمچى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ (ئۇيغۇرچە) باش مۇھەررىرى.
ئەنۋەرخانبابا، ئۈرۈمچى ئۆزبېك مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى.
ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى.
رېھىمجان سابىر ھاجى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى.
خەلپەت سۈزۈك ھاجىيوف، قەشقەردىن، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى.
ئەسئەت ئىسھاقوف، غۇلجا ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.
كېرىم ھاجى داۋۇت، مالىيە بۆلۈمى باشلىقى.
لورۇپ لاما، موڭغۇل مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى.
ھېكىمبەگ خوجا، ئىلىنىڭ ۋالىيسى.
ئوبۇل خەيرى تۆرە، ئىلىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى.
غېنى باتۇر، خەلق قەھرىمانى.
ئابدۇللا مۇتىۋەللى خەلپەت، دىنىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى.
باباجانوف سالىجان باي، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تەپتىش باشلىقى.
ماسكايوف، (ئورۇس)، ئىچكى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى.

دېلىن. گېئورگې، شىبە زىيالىيىسى.
مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوف، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى.
ئابلىمىت ھاجىيوف، چۆچەك ۋىلايىتى ئىنقىلابىي ياشلار
ئىتتىپاقى تەشكىلىنىڭ رەئىسى.
باش باي جاۋلانوف، چۆچەكنىڭ ۋالىيىسى.
ئالىمجان ھېكىمبايوف، چۆچەكنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيىسى.
پاتىخ مۇسلىموف، خەلق قەھرىمانى.
مۇقاش. جېكې، «ئەركىن ئالتاي» گېزىتىنىڭ مەسئۇل
مۇھەررىرى.
دەلىلقان سۇگۇربايوف، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى، مىللىي
ئارمىيە مۇئاۋىن باش قوماندانى، ئالتاينىڭ ۋالىيىسى.
ئەنۋەر مۇسابايوف، ئىلىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيىسى.
شامىس مامىيوف، ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيىسى.
داۋۇتخان خاسەنى، قۇمۇل قوزغىلىڭى قەھرىمانى.
چېن يىخۇا، خەنزۇچە «دېموكراتىيە گېزىتى» نىڭ باش
مۇھەررىرى.
ئابدۇرېھىم ئەيسا، ئۈرۈمچى پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى.
ئابدۇللا زاكىر، باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.
قېيۇمبەگ خوجا، مالىيە باشقارما باشلىقى.
سېيىت باتۇر، قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قەھرىمانى.
ئەخمەتجان قاسىمى رەئىسلىككە سايلاندى.
تۆتىنچى ماددا، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوف، ھاشىر باي تىلىپ بەردى، ئىبراھىم تۇردى، ئۇيغۇر سايرانىي، ئەنۋەرخانبابا، ئابدۇللا مۇتىئۇللى خەلپەت، شامىس مامىيوف، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابلىمىت ھاجىيوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، قاتارلىق كىشىلەردىن مەركىزىي تەشكىلات كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ ئىتتىپاقنىڭ ئىچكى قىسىم قائىدە - تۈزۈم ۋە چارىلەرنى

تۈزۈشكە مەسئۇل قىلىندۇ.

بەشىنچى ماددا، سەيپىدىن ئەزىزى «ئۇيغۇنىش گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەندى⑪.

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىگە كىرىشتى. 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىرى 77 مىڭ 394 ئادەمگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلار 28 مىڭ، ئىشچىلار تەخمىنەن 17 مىڭ، چارۋىچىلار 11 مىڭ، خىزمەتچىلەر 6 مىڭ، قول ھۈنەرۋەنلەر تەخمىنەن 3 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلار ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى 29 ناھىيىنىڭ 755 دە ئىتتىپاقنىڭ يەرلىك تەشكىلى قۇرۇلدى⑫.

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئىجتىمائىي ئىدىيە بەرپا قىلىش، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا تەشكىللەش قاتارلىق جەھەتلەردە زور تۆھپە قوشتى ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە تەشكىللىك قارشى تۇرۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندۈردى.

## 2. تىغمۇ تىغ تاقابىل تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىي كۈچىنى زورايتىش

تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ، قوشۇمچە 2 ـ ھۆججەت ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىلى،

تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىتىمدىكى بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىپ ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن چېكىندى. 30 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى 12 مىڭغا قىسقارتتى. 13 پولك ئەسكەرنى بەلگىلىمىدىكى پىيادە ئەسكەرلەر 3 پولك، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۈچ پولكقا قىسقارتتى ھەم ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت بەلگىلەنگەن ئۈچ ۋىلايەتكە ئورۇنلاشتۇردى⑬.

گومىنداڭ «تىنچلىق سۆھبىتى» نى مۇشكۇل ئەھۋالدا ھايات يولى تېپىپ جاپالىق شارائىتتىن قۇتۇلۇشنىڭ پۇرسىتى قىلدى. 1945 - يىلى 11 - ئايدا دېگەندەك ماناس، قۇتۇبى، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى ئەتراپىغا 10 ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى، 10 پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ مىللىي ئارمىيىگە نىسبەتەن ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتىن ئۈستۈن تۇرۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى⑭. بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ھەربىي ئەمەلىي كۈچىنى، ئۈزلۈكسىز كۆپەيتتى. 1946 - يىلى جياڭ جيېشى شىنجاڭدا 15 مىڭ ئەسكەر كۆپەيتىپ 300 ئاپتوموبىلدىن تەركىب تاپقان بىر ترانسپورت پولكى ئەۋەتكەن ۋە 3 مىڭ جەڭ ئېتى تولۇقلاش ئاساسىدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يېڭى ئەندىزە تۇرغۇزۇشىنى تاماملىغان. يەنى: ئۈرۈمچىنىڭ مۇداپىئەسىگە ئاتلىق 5 - كورپۇس، ئاتلىق 1 - بىرىگادىنى؛ 179 - بىرىگادىنى؛ ماناسىنىڭ مۇداپىئەسىگە 227 - بىرىگادىنى، قۇتۇبىغا يېڭى 2 - دېۋىزىيىنى؛ گۇچۇڭ مۇداپىئەسىگە ئاتلىق 2 - بىرىگادىنى، تۇرپان، قۇمۇلغا تەرتىپكە سېلىنغان 178 - بىرىگادا بىلەن 231 - بىرىگادىنى؛ قەشقەرگە تەرتىپكە سېلىنغان 42 - دېۋىزىيە، ئاتلىق 9 - بىرىگادىنى؛ يەكەنگە ئاتلىق 4 - بىرىگادىنى؛ ئاقسۇغا 335 - بىرىگادىنى؛ قاراشەھەرگە 128 - بىرىگادىنى

ئورۇنلاشتۇرغان. شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا 100 مىڭ ئەسكىرى بار دېيىلگەن.

ئەمەلىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن ئاستا - ئاستا ئىشەنچ تۇرغۇزدى، بولۇپمۇ «25 - فېۋرال» ۋەقەسىدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى كونترول قىلالايدىغانلىقىغا تامامەن ئىشەندى. ھەربىي دائىرىلەرنىڭ تەلۋىلىكى جاڭ جىجۇڭنىمۇ قاتتىق ئارامسىزلاندۇرغان. 1947 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللارغا يىغىن ئېچىپ «ھازىرقى شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە بىزنىڭ ئاساسىي پوزىتسىيىمىز» دېگەن تېمىدا سۆزلەپ ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ شۇ جايدىكى مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلىشىپ ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرگەنلىكىنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇ: «مەن پۈتۈن ئارمىيىگە كەسكىن كۆرسەتمە بەرمەكچى: ئارمىيىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىششى ھەرگىزمۇ ياخشى چارە ئەمەس، بۇ زاماندىن قالغان ئېقىمغا قارشى ئىستىل، سىياسىينى سىياسىئونلار باشقۇرۇشى لازىم. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆگىنىدىغان ئىش بولسا پارتىيە ئورۇنلىرى بەلگىلەيدۇ، ئارمىيىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ، ئارمىيىنىڭ ئۆزىگە خاس مەجبۇرىيىتى ۋە بۇرچى بار»⑮.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭ ھەربىي كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېز سۈرئەتتە كۆپىيىۋاتقان ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتاتتى ھەم گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچىنىڭ 1944 - يىلىدىكىدىن تېز سۈرئەتتە ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن خاۋاتىرلىنەتتى.

1947 - يىلى 2 - ئايدا ئوسمان 600 نەچچە ئادىمىگە

رەھبەرلىك قىلىپ مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق قىسمىغا ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلدى. مىللىي ئارمىيە ئىككى ئايغا يېقىن قورشاپ يوقىتىش ئارقىلىق 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگە كەلگەندىلا ئاندىن ئوسماننى مەغلۇپ قىلدى.

ھەر خىل يوللار بىلەن ئېرىشكەن ئاخباراتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوسمان گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ ياردىمىنى ئالغان. پەقەت 1946 ـ يىلى گۈچۈڭدىن ئوسماننىڭ چىڭگىل ناھىيىسىدىكى چوڭ قارارگاھىغا مەخپىي ھالدا 500 تال مىلتىق، ئون پىلىموت، 10 مىڭ تال ئوق يەنە تەخمىنەن 5600 تۈمەن يۈەن يېڭى پۇل قىممىتىدىكى ئاشلىق ۋە رەخت توشۇلغان⑯.

1947 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىش گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي دائىرىلىرى مىناميوتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور بىر تۈركۈم قوراللار بىلەن ئوسمانغا يەنە بىر قېتىم ياردەم بېرىدۇ. ئوسمان بۇ قوراللارغا ئېرىشكەندىن كېيىن 1 مىڭ 600 دىن ئارتۇق ئادەمنى يىغىپ 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئالتاينى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلىۋالىدۇ. مىللىي ئارمىيە جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئالتاي شەھىرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي دائىرىلىرى ئالتاي يايلاقلىرىدا يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق ھەربىي توقۇنۇشنى گەرچە ئوسمانغا دۆڭگىمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى، ئەگەر ھەربىي كۈچكە تايانمىغاندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭ تەرىپىدىن يوقىتىلمىغان تەقدىردىمۇ گومىنداڭ قوللاۋاتقان ئۈچىنچى بىر كۈچ تەرىپىدىن يوقىتىلىدىغانلىقىنى بايقايدۇ ۋە قائىدە ـ يوسۇندىن چىقمايدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، تىغمۇ تىغ قارشى تۇرۇپ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ

ھەربىي ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىدۇ ھەم يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ.
جاڭ داجۇن: مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق سىستېمىسى، مۇداپىئە رايونىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە ئارمىيىنىڭ تەشكىللىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:
مىللىي ئارمىيىنىڭ باش شتابى
باش قوماندان: ئىسھاقبېك مونۇنوف؛
مۇئاۋىن باش قوماندان: زۇنۇن تېيىپوف، دەلىلقان سۇگۇر بايوف؛ شتاب باشلىقى: ماجالوف.
مىللىي ئارمىيە باش شتابىغا قاراشلىق تۆت مۇداپىئە رايونى مۇنۇلار:
(1) شىخو ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئورنى، قوماندان: زۇنۇن تېيىپوف (قوشۇمچە)؛ تەۋە رايونلارنىڭ دائىرىسى: شىخونىڭ شەرقى، ساۋەن ۋە جەنۇبىدىكى رايونلار. (2) ئىلى رايونى، قوماندان: پالىنوف؛ تەۋە رايون دائىرىسى: پۈتۈن ئىلى رايونى. (3) تارباغاتاي رايونى، قوماندان: دايىپ؛ تەۋە رايون دائىرىسى: پۈتۈن تارباغاتاي رايونى (شىخونىڭ شەرقى بىلەن ساۋەن ھەم جەنۇبىتىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). (4) ئالتاي، قوماندان: دەلىلقان سۇگۇربايوف؛ تەۋە رايون دائىرىسى: پۈتۈن ئالتاي رايونى (چىڭگىل دەرياسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)⑰.
مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەرنى ئاساس قىلىغانىدى. جاڭ داجۇن مىللىي ئارمىيە ئاتلىق قىسمىنىڭ تۈزۈلۈش ئەھۋالىنى مۇنداق يازغان: ئاتلىق پولكتا روتا دەرىجىلىك ئورۇش قىلغۇچى ئورۇندىن بەشى ۋە بىر قاتار ۋېزۋۇد دەرىجىلىك تەمىنلىگۈچى ئورۇن بولاتتى. تۈزۈلۈش رەت تەرتىپى مۇنداق: 1 ـ روتا، 2 ـ روتا، 3 ـ روتا، 4 ـ روتا، پىلىموتچىلار روتىسى؛ رازۋېدكا ۋېزۋۇدى، كىچىك توپچىلار

ۋېزۋۇدى، مۇھاپىزەتچىلەر ۋېزۋۇدى، سەھىيە ئەترىتى، سىمسىز تېلېگراف؛ ھەربىر روتىدا تۆت ئوتتېلىيە بار ئىدى، ھەربىر ئوتتېلىيىدە ئوندىن ئون ئىككىگىچە ئادەم بولۇپ، پىلىموتتىن بىرى سەپلەپ بېرىلەتتى. ئاتلىق پولكنىڭ پىلىموت روتىسى ئېغىر تىپتىكى پىلىموتلار بىلەن قوراللىناتتى. ئاتلىق پولكنىڭ ھەربىر پولكىدا بىر مىڭ ئىككى يۈز ئادەم بار ئىدى.

پىيادىلەر پولكىدا ئۈچ باتالىئون، ھەربىر باتالىئوندا ئۈچ پىيادىلەر روتىسى ۋە بىر پىلىموتچىلار روتىسى (تۆت دانە ئېغىر پىلىموت بار) بار ئىدى. پىيادىلەر روتىسىدا تۆت ۋېزۋۇد بولۇپ ھەر بىر ۋېزۋۇدتا تۆت ئوتتېلىيە، ھەربىر ئوتتېلىيىدە ئون ئىككىدىن ئون ئۈچكىچە ئادەم بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، پىيادىلەر پولكىدا مۇھاپىزەتچىلەر ۋېزۋۇدى، كىچىك تۆت پولكىدا، سەھىيە ئەترىتى، سىمسىز تېلېگراف قاتارلىق ۋېزۋۇد دەرىجىلىك تەمىنلىگۈچى ئورۇن بولاتتى. پىيادىلەر پولكىنىڭ ھەربىر پولكىدا 2 مىڭ 704 ئادەم بولاتتى⑱.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي مەلۇمات بەرگۈچى ئورۇنلىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى پەرەز قىلغاندا ئىلىنىڭ مەركىزى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىلى مۇداپىئە رايونىدا «قوشۇننىڭ قوراللىنىشى سەرخىل، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى 400 نەچچە ئادەمدىن تەركىب تاپقان، بىۋاستە قاراشلىق قىسىم - ئايروپىلان ئەترىتى، برونېۋىك ئەترىتى، ماشىنا ئەترىتى، توپچىلار پولكى، سەھىيە ئەترىتى، سىمسىز تېلېگراف ۋېزۋۇدى، ھەربىي ئوركېستىر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قوراللىنىش جەھەتتە: ئىككى ياكى ئۈچ ماتورلۇق يېنىك تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلاندىن ئالتىسى (ئىشلەتكىلى بولىدىغىنى ئۈچ دانە) ئۈچ دانە قوغلىغۇچى ئايروپىلان، ئوتتۇز ئالتە دانە تىپى ئېنىق بولمىغان ئايروپىلان، 500 دانە ئاپتوموبىل،

ئېگىزگە ئاتىدىغان پىلىموتتىن ئاز دېگەندە ئىككىسى، تاغ زەمبىرىكىدىن ئالتىسى، ئۇدۇل ئاتىدىغان زەمبىرەك، ئېغىر مىناميوتتىن بىرقانچىسى بار ھەمدە مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىق شتابى ئىلىغا ئورۇنلاشقان» دېگەن⑲.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي مەلۇمات بەرگۈچى ئورۇنلىرى يەنە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى مۇنداق ستاتىستىكا قىلغان: ئەسكىرىي كۈچى تەخمىنەن 30 مىڭ، جەڭ ئېتى 10 مىڭ ، ماشىنا 500، يۈك ئېتى مىڭ، دالا دوختۇرخانىسى بەش، ھەربىي ئوركېستىر بەش، سىمسىز تېلېگراف 24، ئايروپىلان تەخمىنەن 40، تاغ - دالا زەمبىرىكى ئون نەچچە⑳.

باشقا بىر سانلىق ستاتىستىكىدا: «1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مىللىي ئارمىيىدە بىر نەپەر گېنېرال لېيتنات، ئىككى نەپەر گېنېرال مايور، 14 نەپەر پولكوۋنىك، 19 نەپەر پودپولكوۋنىك، 35 نەپەر مايور، بىرمىڭ 202 نەپەر كاپىتاندىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر بار»㉑ دېيىلگەن.

مىللى ئارمىيە سىياسىي خىزمەت سىستېمىسى بەرپا قىلغان. مىللى ئارمىيىنىڭ باش شتابىدا سىياسىي بۆلۈم تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پولك، باتالىئون، روتىلارغا مەخسۇس سىياسىي خىزمەت ئىشلەيدىغان كادىر قويۇلغان ئىدى. پولكتىكى سىياسىي خىزمەت مەسئۇلى - سىياسىي مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، باتالىئون، روتا دەرىجىلىك سىياسىي خىزمەت مەسئۇلى - سىياسىي رەھبەر دېيىلەتتى. ساۋدانوف زاھىرنىڭ ئەسلىمىسىدە مىللىي ئارمىيە سىياسىي خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۇنۋان دەرىجىسى ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش تەرتىپى ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: مىللىي ئارمىيە بىرىنچى قول باشلىقتىن بىرىلا بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولغاچقا «سىياسىي خىزمەتچىلەر ئوخشاش دەرىجىدىكى ھەربىي باشلىققا بويسۇناتتى، ھەربىي

ئۈنۋانىمۇ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى رەھبەرنىڭكىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن بولاتتى. مەسىلەن، پولك كوماندىرىنىڭ ئادەتتە پولكوۋنىك، پودپولكوۋنىك بولسا، سىياسىي مۇئاۋىن پولك كوماندىرىنىڭ پودپولكوۋنىك، پودپولكوۋنىك بولاتتى. باتالىئون سىياسىي رەھبىرىنىڭ ئۈنۋانى پورۇچىك، سىياسىي رەھبىرىنىڭ ھەربىي ئۈنۋانى بولاتتى. سىياسىي مۇئاۋىن پولك كوماندىرىنىڭ، باتالىئون - روتا سىياسىي رەھبىرىنىڭ ئوخشاش دەرىجىدىكى ھەربىي ئىشلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى پولك كوماندىرى، باتالىئون كوماندىرى، روتا كوماندىرلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇراتتى، ئەمما ئۇلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەيىنلەيتتى»㉒.

مىللىي ئارمىيە «تىنچلىق بىتىمى» نى ئىشقا ئاشۇرۇش، «جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكە قورالى - پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمغا قارشى تۇرۇش»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش»، «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلبىسىنى تەشۋىق قىلىش» قاتارلىق مەزمۇنلارنى بىر مەزگىل سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى. 1948 - يىلدىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمىتى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ماۋ زېدۇڭنىڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت توغرىسىدا»، «خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىسى توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرلىرىنى ۋە ليۇ شاۋچىنىڭ «ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە مىللەتپەرۋەرلىك» دېگەن ئەسەرلەرنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشكە مايىللاشتى㉓.

مىللى ئارمىيىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. 1946 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار

ئىتتىپاقى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش شتابىدا ۋە پولك، باتالىئونلىرىدا مۇناسىپ ئورگانلىرىنى قۇردى ھەم ئىنقىلابچىل ياشلار كومىتېتى دەپ ئاتىدى. ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابچىل ياشلار كومىتېتلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي خىزمەت ئىشلەيدىغان ئوفىتسېرلار ئۈستىگە ئالدى.

1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، مىللىي ئارمىيىدە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ خىزمەت كومىتېتى تەسىس قىلىندى ۋە ئەسلى ئارمىيە ئىچىدىكى ئىنقىلابچىل ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىنى قوشۇۋالدى. ئارمىيە ئىچىدە ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 مىڭ 545 كىشىگە يەتتى㉔.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي دائىرىلىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ خىراجىتىنى تىنچلىق بىتىمى بويىچە بېرىشنى رەت قىلغان ئەھۋالدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە مىللىي ئارمىيە مۇكەممەل ھەربىي تەمىنات سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ھەربىر ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرغا ھەر يىلى بىر يوتقان، بىر قۇر پاختىلىق كىيىم، ئىككى قۇر پاگونلۇق كىيىم، ئىككى قۇر كۆينەك، بىر جۈپ توپلەي، بىر تېرە قۇلاقچا، بىر جۈپ كىگىز بېرىلەتتى.

ھەربىر ئادەمگە ھەر كۈنلۈك ئاساسىي تامىقى ئۈچۈن 920 گرام (نان، بولكا، گۈرۈچ)، كۆكتات 300 گرام، گۆشتىن 250 گرام. مايدىن ئەسكەرگە 25 گرام، ئوفىتسېرغا 50 گرام، چايدىن ئەسكەرگە بىر گرام، ئوفىتسېرغا ئىككى گرام، شېكەردىن 50 گرام، تۇزدىن 30 گرام بېرىلەتتى㉕.

مىللىي ئارمىيە ھەربىيلەرگە مائاش بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ يېڭى پۇل بويىچە ھېسابلىغاندا مۇنداق: ئەسكەرنىڭ ئايلىق مائاشى 7 يۈەن 5 مو، ئوتتېلىيە كوماندىرىنىڭ ئايلىق مائاشى 15 يۈەن، مۇئاۋىن ۋىزۋود كوماندىرىنىڭ ئايلىق مائاشى 30 يۈەن؛ ۋىزۋود كوماندىرىنىڭ، مۇئاۋىن ۋىزۋود كوماندىرىنىڭ ئايلىق مۇئاشى 300 يۈەن، روتا كوماندىرىنىڭ، مۇئاۋىن باتالىئون كوماندىرىنىڭ ئايلىق مائاشى 360 يۈەن، باتالىئون كوماندىرى، مۇئاۋىن پولك كوماندىرىنىڭ ئايلىق مائاشى 450 يۈەن؛ پولك كوماندىرىنىڭ ئايلىق مائاشى 600 يۈەن(26).

تەشكىلىي تۈزۈلۈشى بىردەك، قوراللىنىشى سەرخىل ھەم كۈچلۈك، سىياسىي خىزمەت ۋە يېتەرلىك ئارقا سەپ كاپالىتىگە ئىگە مىللىي ئارمىيە، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا گومىنداڭغا نىسبەتەن روشەن كۈچ سىنىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ گومىنداڭنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى قوشۇنلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ يۈز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن دەپ ئاتالغان گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كەڭ غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

## 3. ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنى گۈللەندۈرۈش

«11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت 1946 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق مالىيە چىقىم خام چوتىنىڭ 6 مىليارد 426 مىليون 42 مىڭ يۈەن بولىدىغانلىقىنى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە

مەلۇم قىلدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتكە ئەمەلىيەتتە بەرگەن پۇلى 1 مىليارد 995 مىليون 971 مىڭ 870 يۈەن بولۇپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت ـ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتكە 4 مىليارد 430 مىليون 70 مىڭ 130 يۈەن قەرز ئىدى. ㉗

بۇنىڭدىن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى مالىيە ئورۇنلىرى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ يىلمۇيىل كەينىگە سۈرىدىغان قەرزىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت جىددىي تەدبىر قوللىنىپ 300 مىليون يۈەنلىك «غالىبىيەت زايومى» تارقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا 600 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى «بەخت سىناش» لاتارىيە بېلىتى تارقىتىپ ھۆكۈمەتنى زور مىقداردىكى مەبلەغكە ئىگە قىلدى. ھۆكۈمەت بۇ مەبلەغنى قاتتىق كونترول قىلغان ئاساستا بانكا ئارقىلىق ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشلەتتى㉘.

مەبلەغنىڭ مۇۋاپىق تەقسىملىنىشى ۋە نورمال ئايلىنىشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بانكا قەرز ئۆسۈمى ۋە ئۇنى قايتۇرۇش ۋاقتىنى ئېنىق بەلگىلىدى. قەرز ئۆسۈمى مۇنداق: ① سودا ئىشلىرىغا بېرىلىدىغان قەرزىنىڭ ئۆسۈمى%5 .2؛ ② سانائەت ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا بېرىلىدىغان قەرزىنىڭ ئۆسۈمى %2؛ ③ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا بېرىلىدىغان قەرزىنىڭ ئۆسۈمى %1.5؛ ④ ئامانەت سوممىسىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى%3.

قەرزىنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىدىغان سوممىسى ۋە قايتۇرۇۋېلىش مۇددىتى مۇنداق: ① سودىگەرلەرگە بېرىلگەن قەرزنىڭ 50 پىرسەنتى بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە؛ ② سانائەتكە بېرىلگەن

قەرزنىڭ 15 پىرسەنتى بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە؛ ③ چارۋىچىلىقتا بېرىلگەن قەرزنىڭ 15 پىرسەنتى بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە؛ ④ دېھقانچىلىقتا بېرىلگەن قەرزنىڭ 20 پىرسەنتى تۆت ئايدىن ئالتە ئايغىچە㉙.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قىيىن شارائىتتىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا سالغان مەبلىغى مۇنداق: ① بانكا ئۆسۈمى 1.5 پىرسەنتلىك دېھقانچىلىق قەرزى تارقاتتى؛ ② بانكا ئۆسۈمى 2 پىرسەنتلىك چارۋىچىلىق قەرزى تارقاتتى؛ ③ ھۆكۈمەت دېھقانلارغا ئىككى مىڭ تونندىن ئارتۇق ئۇرۇق ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن 600 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي ياردەم قەرز پۇلى تارقىتىپ بەردى؛ ④ 960 دانە دېھقانچىلىق تېرىلغۇ ماشىنىسىنى رېمونت قىلدۇردى؛ ⑤ شەخس ۋە ئىدارىلەرگە 660 دانە دېھقانچىلىق ماشىنىسىنى ئىجارىگە بەردى؛ ⑥ ھۆكۈمەت تېرىلغۇ يېرى يېتىشمەيدىغان دېھقانلارنى 16 مىڭ مو يەر ۋە 15 باغ بىلەن تەمىنلىدى؛ ⑦ يېزا ئىگىلىك بانكىسى دېھقانلار ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 3 مىڭ دانە يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى ۋە 700 دانە بىرىچكا ھارۋا سېتىۋالدى؛ ⑧ ھۆكۈمەت چارۋىلارنىڭ سورتىنى ياخشىلاش، كېسەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش قاتارلىق چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مۇھىم ھالقىلارغا ئېتىبار بەردى.

1948 - يىلى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تېرىلغۇ يەر مەيدانى 1944 - يىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 50% كۆپىيىپ ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۇرۇمچى قاتارلىق جايلاردىكىنىڭ $\frac{1}{5}$ گە توغرا كەلدى㉚.

سودا - سانائەت ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش سىياستى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مالىيىسىگە تېز سۈرئەتتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ئېلىپ كەلدى. سودا - سانائەتچىلەرنىڭ شۇ يىللىق بانكىغا قويغان

ئامانەت پۇلى 900 مىليون يۇەنگە يەتتى ۋە بانكىدىن ئالغان قەرزىنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇردى[31].

ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى «تەرەققىيات شىركىتى» نىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم نەتىجىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، تەرەققىيات شىركىتى ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئەمەلىي كۈچى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىگە ئايلاندى. تەرەققىيات شىركىتىنىڭ پەقەت ئىلى ۋىلايىتىدىكى تىجارەت دائىرىسى موخوركا زاۋۇتى، سوپۇن زاۋۇتى، ھاراق زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، خۇرۇم زاۋۇتى، سەرەڭگە زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، يۇڭ يۇيۇش زاۋۇتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ شىركەت يەنە مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، ئىلى ترانسپورت شىركىتى، ئىلى نەسىللىك قوي ۋە نەسىللىك ئات فېرمىسىنىڭ باشقۇرۇش ۋە تىجارەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. تەرەققىيات شىركىتىنىڭ يەنە بىر بەلگىلىمە خاراكتېرلىك ۋەزىپىسى — دۆلەت سىرتىدا — سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى قىلىش، دۆلەت ئىچىدە ئۈرۈمچى ۋە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى جايلار بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىش ئىدى. 1947 - يىلىدىكى تەرەققىيات شىركىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلغان مال سوممىسىنىڭ قىممىتى 22 مىليون 100 مىڭ رۇبلىدىن 1948 - يىلدىكى 30 مىليون 400 مىڭ رۇبلىغا كۆپەيگەن بولسا، 1949 - يىلىدىكى 36 مىليون رۇبلىغا يەتكەن. ئاساسلىقى تىرىك كالا، تىرىك قوي، قوي يۇڭى، كالا تېرىسى، قوي تېرىسى، ئۆچەي، يېرىم پىششىقلاپ ئىشلىگەن قوي تېرىسى، ئۈسۈملۈك مېيى، بۇغداي قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئېكسپورت قىلىناتتى[33].

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرەققىيات شىركىتىنىڭ

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىش ئەھۋالى مۇنداق: 1947 ـ يىلى ئىمپورت قىلغان مالنىڭ سوممىسى 22 مىليون 100 مىڭ رۇبلى؛ 1948 ـ يىلدىكىسى 30 مىليون 400 مىڭ رۇبلى، 1949 ـ يىلدىكىسى 36 مىليون رۇبلى؛ ئىمپورت قىلىدىغان ئاساسلىق تاۋارلار: پاختا توقۇلما مەھسۇلاتلىرى، يىپەك رەخت، تەييار كىيىم، شېكەر، چاي، پاختا يىپ، ماشىنا يىپى، سەرەڭگە، نېفىت مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار㉝.

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىي ئەھۋالى نامايەندىلىرىنىڭ بىرى — ھېچقانداق ئىقتىسادىي ياردەم بولمىغان ئەھۋالدا ھۆكۈمەت، ئەدلىيە، جەمئىيەت ئامانلىقى قاتارلىق كەسپىي ئورۇنلارنىڭ زور كۆلەمدىكى خىراجىتىنى ۋە تولۇق قوراللانغان 30 مىڭغا يېقىن ئارمىيىنىڭ خىراجىتىنى قامدىغانلىقىدۇر.

مائارىپ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن كېيىن ئۇرۇش ئوتى يالقۇنجاپ تۇرغان ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى توختاپ قېلىش ھالىتىدە ئىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەتتىن بولغان زىيالىيلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئەڭ ئاخىرىدا مائارىپ ئىشلىرى ئەسلىگە كەلدى.

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئەڭ دەسلەپتە ھەبىب يۈنىچى رىياسەتچىلىك قىلدى، ھەبىب يۈنىچى ۋاپات بولغاندىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ نازارىتىنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇقاتاي قۇرجاقانوۋ (قازاق)، سابىت داموللام، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئەنۋەرخان

بابا قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشقا قاتناشتى㉞.

1935 ـ يىلى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەم بولۇشى مەكتەپلەرنىڭ قايتا ئوقۇش باشلىشى تەس بولۇشتىكى مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قارار چىقىرىپ مەكتەپتىن ئايرىلىپ باشقا ئىش ۋە باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنى شۇ يەردىكى مەكتەپلەرگە قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا، ھەربىي ئورۇنلاردا ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقانلار ئىچىدە بۇرۇن مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار بولۇپ، ئەگەر ئۇلارنى مائارىپ ئورۇنلىرى تەلەپ قىلسا ھەممىسى ھەربىي خىزمەتتىن ئايرىلىپ مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا چاقىرىق قىلدى㉟.

بۇ قارار ناھايىتى تېز ئەمەلىيلىشىپ ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن مەكتەپتىن ئايرىلغان ئوقۇتقۇچىلار ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىپ كېلىپ مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ ئۇرۇشنىڭ ئورنىنى نورمال ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ئىگىلەپ جەمئىيەت ئاستا ـ ئاستا مۇقىملاشتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ مەكتەپ ياتاقلىرى كېڭەيتىلدى، ئۇزلۇكسىز زورىيىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ مائاشى ۋە ئۇزلۇكسىز كۆپىيىۋاتقان پۈتكۈل مائارىپ ئىشلىرى چىقىمى قاتارلىقلار ھەل قىلىنسا بولمايدىغان كۈندىلىك ئىشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

1947 ـ يىلى مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان پۇل 50 مىليون يۈەن، مەمۇرىي مەھكىمىگە ئاجراتقان پۇل ئاران 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، مائارىپقا ئاجراتقان پۇل مەمۇرىي مەھكىمىگە ئاجراتقان پۇلدىن ئون نەچچە ھەسسە كۆپ㊱.

1948 ـ يىلدىن باشلاپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ

ۋىلايىتىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتناشقان ئەنۋەرخان بابا مۇنداق دەيدۇ: «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى مەمۇرىي كادىرلارغا قارىغاندا يۇقىرى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى مۇدىرىنىڭ مائاشى ۋىلايەت ۋالىيسىنىڭ مائاشى بىلەن تەڭ ئىدى»㊲.

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايىتىدىكى مەكتەپلەر ئوقۇتۇشتا ھەرقايسى مىللەت ئۆز تىلىنى ئىشلىتىشنى يولغا قويغان ئىدى. سىياسىي جەھەتتىن ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ تەدبىر مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىيالى تۈزۈش ئىشلىرىنى تەسلەشتۈرۈپلا قالماي چىقىمنى كۆپەيتىۋەتتى. ماتېرىيال بېسىشقىلا خېلى جىق پۇل كېتەتتى. ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، خەنزۇچە، شىبەچە بېسىلاتتى. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئېلىپبە، ھېساب، ساۋات؛ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ماتېماتىكا، خىمىيە، فىزىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىغان مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بەلگىلىك ساندىكى دىن دەرسلىك كىتابلىرى تۈزۈلەتتى㊳. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ ھەر خىل تىل ۋە ھەرخىل مەزمۇندىكى ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى غەلىبىلىك بېسىپ چىقىرالىشى ئاساسەن ئادەم ئامىلىدىن باشقا يەنە زور ئىقتىسادىي يۆلەنچۈكنىڭ بولغانلىقىدىن بولغان.

زور ئىقتىسادنىڭ ياردىمىدە 1945 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلغىچە ئۈچ ۋىلايەتتە 454 باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ، 8 مىڭ 130 سىنىپ، 56 مىڭ 900 ئوقۇغۇچى، 2مىڭ 59 نەپەر ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى بار بولدى㊴.

«ئۆمۆر داستانى» دا بۇ ھەقتە مۇنداق تەپسىلىي چۈشەنچە

بەرگەن: «ئىلى ۋىلايىتىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 270 ى، 1 مىڭ 100 دىن ئارتۇق سىنىپ، 34 مىڭ 700 ئوقۇغۇچى بار ئىدى؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە باشلانغۇچ مەكتەپتىن 210 نى، 490 سىنىپ، 4 مىڭ 511 ئوقۇغۇچى بار ئىدى؛ ئالتاي ۋىلايىتىدە 65 باشلانغۇچ مەكتەپ، 234 سىنىپ، 7 مىڭ 590 ئوقۇغۇچى بار ئىدى (تارباغاتاي ۋە ئالتايدىكى بەزى باشلانغۇچ مەكتەپلەر قوشۇمچە ئوتتۇرا مەكتەپ تەسىس قىلغان)»㊵.

1948 ـ يىلى ئىلىدا قۇرۇلغان ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ مەكتەپ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ ئاگرونومىيە، مال دوختۇرلۇق، ئوقۇتقۇچىلىق، ئىقتىساد، ئەدلىيە، قۇرۇلۇش قاتارلىق كەسىپلىرى بار ئىدى. بۇنىڭدا 18 سىنىپ ئېچىلىپ 500 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىشلىرى ئۆزگىچە نۇقتىدىن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىجتىمائىي گۈللىنىش جەريانىنى كۆرسىتىپ بەردى.

1947 ـ يىلدىن 1948 ـ يىلىغىچە ئۈچ ۋىلايەت مالىيىسىدىن ئاخبارات، نەشرىيات ئىشلىرى ئۈچۈن 50 مىليون يۈەن ئاجراتتى، بۇ مائارىپ خىراجىتى بىلەن ئوخشاش، ئەمما مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ خىراجىتىدىن كۆپ ئىدى. 1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1950 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ئورگان گېزىتى «ئىتتىپاق» نىڭ ئۇيغۇرچىسى 350 سان چىقىرىلىپ جەمئىي 888 مىڭ 720 پارچە تارقىتىلدى، قازاقچىسى 265 سان چىقىرىلىپ، 539 مىڭ 400 پارچە تارقىتىلدى. «ئىتتىپاق» نىڭ خەنزۇچە چىقىدىغان ئورگان گېزىتى «دېموكراتىيە» 78 سان چىقىرىلىپ 35 مىڭ 850 پارچە تارقىتىلدى. موڭغۇلچە ئورگان گېزىتى «ئەركىنلىك گېزىتى» بولۇپ، 69 سان

چىقىرىلىپ 49 مىڭ 600 پارچە تارقىتىلدى، شىبەچە ئورگان گېزىتىنىڭ نامى «ئەركىنلىك ئاۋازى» بولۇپ، 74 سان چىقىرىلدى. 38 مىڭ 690 پارچە تارقىتىلدى. رۇسچە ئورگان گېزىتىنىڭ نامى «دېموكراتىيە گېزىتى» بولۇپ، 39 سان چىقىرىلدى، جەمئىي 17 مىڭ پارچە تارقىتىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ئەخمەتجان قاسىمى مۇدىر، رېھىمجان سابىر ھاجى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابباسوف، ئۇيغۇر سايرانى، زۇنۇن قادىر، لى تەييۇ، ئەسئەت ئىسھاقوف، قورمان غالى، ئەنۋەرخان بابا قاتارلىقلار ئەزالىقىدىكى تەھرىر ھەيئىتى كومىتېتى قۇرۇپ سىياسىي، ئىقتىساد، ئىجتىمائىيەت، ئەدەبىيات بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال چوڭ ھەجىملىك ژۇرنال «ئىتتىپاق» نى نەشر قىلىپ تارقاتتى. 1950 - يىلىغا كەلگەندە «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە بولۇپ جەمئىي 17 سان نەشر قىلىپ ھەرقايسىسىدىن 30 مىڭ پارچىدىن تارقاتقاندى㊶.

شۇ ۋاقىتتىكى مەدەنىيەت خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدا سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» دا مۇنداق بايان قىلىنغان: «مەدەنىيەت جەھەتتە، ئۈچ ۋىلايەتتە ۋىلايەت دەرىجىلىك مەخسۇس سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلۇپ بىر تۈركۈم بەلگىلىك سەنئەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەردە قىرائەتخانا - كۇتۇپخانىلار قۇرۇلۇپ خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتتى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يەنە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى يولغا قويۇپ يېزا - بازارلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپى ئاچقاچقا، ھەر يىلى نۇرغۇن ئادەم ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلاتتى. 1949 - يىلىغا كەلگەندە ئۈچ ۋىلايەتتە ساۋاتلىقلار 70 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتتى»㊷.

## 4. پارلاق ئەتە ئۈچۈن

1948 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، گومىنداڭ هۆكۈمىتى هۆكۈمەت پەرمانى ئېلان قىلىپ مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت هەيئىتى قوشۇمچە ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت هەيئىتى قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن، ئەيسانى شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت هەيئىتى قوشۇمچە باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، بۇرهان شەهىدىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت هەيئىتى قوشۇمچە ئۆلكە رەئىسلىكىگە، مۇهەممەد ئىمىننى هۆكۈمەت هەيئىتى قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ليۇ مېڭچۈەننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت هەيئىتى قوشۇمچە باش كاتىپلىققا تەيىنلىدى.

گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىغان ھەم بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان پانتۈركىست مەسئۇد قاتارلىقلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن قايتا يارىشىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى، بۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ يىراق چېگرىسىدىكى ئەڭ چوڭ بۇ ئۆلكىدە ئاللىقاچان تۈگەشكەن گومىنداڭ ئۈچۈن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قارشى تۇرىدىغان مۇھىم بازا قۇرماقچى بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بۇنىڭغا قارىتا ھەرقانداق ماسلىشىشنى قەتئىي رەت قىلدى. چۈنكى، ئۇمۇمىي ۋەزىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازاد بولۇشى مۇقىملىشىپ قالغان، گومىنداڭ كېچىككەنىدى.

1949 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، جۇڭگو

كومموٴنستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن جوٴڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيە باش شتابى بىيىپىڭغا كىرىپ ئورۇنلاشتى.
4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، جوٴڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدىكى مىڭ چاقىرىملىق دائىرىدە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ئارمىيىسىگە كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغاپ 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى نەنجىڭنى، 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر شاڭخەينى ئازاد قىلدى.
ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەشۋىقات ئورۇنلىرى ھەر كۈنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، خەنزۇچە، رۇسچە تىللاردا جوٴڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىرىنى خەۋەر قىلىپ پۈتكۈل جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان.
شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، يولداش ليۇ شياۋچىغا ھەمراھ بولۇپ موسكۋادا زىيارەتتە بولغان يولداش دېڭ لىچۈن جوٴڭگو كومموٴنستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاھىدە ئەۋەتكەن خادىمى سالاھىيىتى بىلەن موسكۋادىن ئالمۇتا ئارقىلىق غۇلجىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئىسھاقبېك مونونوفنىڭ سارىيىغا ئورۇنلىشىپ ناھايىتى تېزلا «لىچۈن تېلېگرافى» ئارقىلىق جوٴڭگو كومموٴنستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقە باغلىدى.
8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، يولداش دېڭ لىچۈن ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئىسھاقبېك مونونوف بىلەن رەسمىي كۆرۈشتى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف تەرجىمانلىق قىلدى. يولداش دېڭ لىچۈن ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئىسھاقبېك مونونوفقا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقە باغلاش ھەم شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى مەركىزىي كومىتېتقا دوكلات قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىسھاقبېك مونونوف جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىلغان غەمخورلۇقىغا رەھمەت ئېيتتى. ھەم ھەرقايسى خىزمەتلەرگە مەسئۇل رەھبەرلەرنى مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى دېڭ لىچۈنگە دوكلات قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇ كۈنى، دېڭ لىچۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇنداق مەزمۇندىكى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى:

«مەركىزىي كومىتېت نامىدىن ئىلىنىڭ مەسئۇل دائىرىلىرىگە 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەتراپىدا بېيپىڭدا ئېچىلماقچى بولغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمىزنى يەتكۈزۈڭ. ئادەم سانى بەش بولسۇن، ۋەكىللەرنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىدىن ۋەكىل بولغاي ھەم بىر خەنزۇ يولداش بىللە كېلىپ تەرجىمانلىقنى قوشۇمچە ئۆتىسۇن»㊸.

شۇ كۈندىكى كۆرۈشۈشتە، دېڭ لىچۈن مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن ئاغزاكى ھالدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىشكە تەكلىپ قىلدى ھەم مەركىزىي كومىتېتنىڭ ۋەكىل سايلاشقا بولغان تەلىپىنى يەتكۈزدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوفلار مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

شۇ كۈنى كەچتە، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوفلار ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكىنى دېڭ لىچۈنگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلار: ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوف (قىرغىز)، دەلىلقان سۇگۇربايوف (قازاق)، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، لوجى (خەنزۇ).

8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ماۋ زېدۇڭ يېڭى سىياسىي

مەسلىھەت كېڭىشى تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى نامىدىن ئەخمەتجان قاسىمغا رەسمىي تەكلىپنامە ئەۋەتتى. تەكلىپنامىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«شىنجاڭ غۇلجا پەۋقۇلئاددە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەخمەتجان ئەپەندىمگە:

ئېلىمىزنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىــزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە جاڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىــنداڭنىــڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى پات ئارىدا پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا غەلىبە قىلىدۇ. پۈتۈن جۇڭگودىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىــرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دالا ئارمىيىلىرى، ئازاد رايونلار، دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىــللەتلەر ۋە چەت ئەللەردىكــى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەستايىدىل تەييارلىقلار ئارقىلىق 9 ـ ئاي ئىچىدە ئومۇمىي يىغىن ئاچىدۇ. بۇ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىن مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈش، ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقىشتىن باشقا، يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئىتىنى سايلاپ چىقىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى كۈرەشلەر پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى، غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىــلىــك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ تولۇق ئازاد بولىدىغان ۋاقىتقا ئانچە ئۇزاق قالمىدى، سىلەرنىڭ كۈرەشلەر پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ئۆز ۋەكىللەر سۈپىتىدە بەش كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ

ئۇمۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشىڭلارنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز. ئەگەر قوشۇلساڭلار 9 ـ ئاينىڭ دەسلەپكى 10 كۈنى ئىچىدە بېيجىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز، تېلېگراما يېتىپ بارغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى تەييارلىق كومىتېتىنىڭ

مۇدىرى

ماۋ زېدۇڭ

1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بېيپىڭ㊹

ئىككى كۈندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى ئالاھىدە رايون خەلقىگە ۋاكالىتەن يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىغا قاتنىشىش توغرىسىدا ماۋ زېدۇڭغا تېلېگراما يوللىدى، تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىدەك:

مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، قەدىرلىك ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىگە:

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم، خەتتە ئېيتىلغان مەسىلىلەر ئۆلكىمىزدىكى بارلىق خەلقنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى. بىز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى ئۆلكىمىز ۋە دۇنيا خەلقىنىڭمۇ ئۇلۇغ غەلىبىسى دەپ ھېسابلايمىز.

خېتىڭىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز بېيپىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىشكە قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى خۇشاللىق بىلەن بىلدۈرىمىز.

پەۋقۇلئاددە رايون خەلقىنىڭ ۋەكىلى

ئەخمەتجان قاسىمى

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى غۇلجا㊺

8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كەچ سائەت 7 دە، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوف، دەلىلقان سۈگۈربايوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، لوجى ۋە باشقا خىزمەتچى خادىملار بىر نەچچە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئالتايدا خىزمەت تەكشۈرۈش نامى بىلەن كېچە قاراڭغۇلۇقىدا غۇلجىدىن ئايرىلدى. ماشىنىلار چىڭ شۈيخېزى (چىڭسىخوزا) يولىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە نىشاننى تۇيۇقسىز غەربكە بۇراپ قورغاس ئېغىزىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىگە كىردى ۋە 2 ـ كۈنى ئالمۇتاغا يېتىپ باردى.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئالمۇتادىن ئايرىلدى. ئايروپىلان ئېركۇتسكىدىكى تاشقى بايقال كۆلى ھاۋا بوشلۇقىغا كەلگەندە ھاۋانىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن ئايروپىلان ھادىسىسى كۆرۈلۈپ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر بەختكە قارشى قازا تاپتى.

سەيپىدىن ئەزىزى كېيىنكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈش مەزگىلىدە مەن «ئالغا» ژۇرنىلىنىڭ بىر باش ماقالىسىنى تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق ئىشخانىغا كەلگەنىدىم. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئىش ئۈستىلىمدىكى ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان تېلېفون ئۇشتۇمتۇت قاتتىق جىرىڭلاپ كەتتى، بۇ تېلېفون جىددىي ئىشلارغىلا ئىشلىتىلەتتى. تۇرۇبكىنى قولۇمغا ئېلىشىم بىلەن تەڭ، دەرھال نۆۋەتچى ئوفىتسېرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى: «يولداش سەيپىدىن ئەزىزى، سىزگە مەلۇمات، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى سىزگە ئۇقتۇرىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار دەيدۇ».

مەن تېلېفوننى قويۇپ، كۆرۈپ بولغان ماقالىنى يېنىمدا كۆتۈرۈپ تۇرغان تەھرىرگە تاپشۇرۇپ، دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقى

كونسۇلخانىسىغا ماڭدىم. ماشىنا ئاۋات كوچىلاردىن ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا كىرگەندە، مېنى دەرۋازا ئىچىدىكى چىملىقتا بىر خىزمەتچى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇ سىپايىلىك بىلەن مېنى باشلاپ ماڭدى. كونسۇلخانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر خىزمەتچىسى مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جىددىي ھالەتتە تۇراتتى. ئۇلار مېنىڭ كىرگەنلىكىمنى كۆرۈپ ئىتتىك ئالدىمغا كەلگەن بولسىمۇ، ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدەك قىزغىن ئەھۋال سورىمىدى. كونسۇل مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن گەپ قىلىپ بولغۇچە ئۇ شىرەنىڭ تارتمىسىدىن بىر نۇسخا تېلېگراممىنى چىقىرىپ، قايغۇلۇق تەلەپپۇزدا: «بىز موسكۋادىن بىر جىددىي تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالدۇق» دېدى - دە، ماڭا تېلېگراممىنى روسچە ئوقۇپ بەردى: «ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئولتۇرغان ئايروپىلان ئىركۇتسكى شەھىرىدىن ئۆتۈپ زابايكال تېغىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ھاۋارايى تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەنلىكتىن، بەختكە قارشى تاغقا سوقۇلۇپ كېتىپ ئايروپىلاندىكى 17 كىشىنىڭ ھەممىسى قازاغا ئۇچرىدى».

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغىنىمدا، بېشىمغا چاقماق چۈشكەندەك بولدى. ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ قوياي دېدىم. شۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ ماڭا بىرنېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئارانلا ئاڭلىيالىدىم، ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى قايغۇ ئالامەتلىرىنى غۇۋا پەرق ئېتەلىدىم، مەن خۇدۇمنى يوقاتقان ھالدا غاچچىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!» دېدىم - دە، كونسۇلنىڭ قولىدىن ھېلىقى تېلېگراممىنى يۇلۇۋېلىپ، ئىچىمدە ئىتتىك ئوقۇدۇم. بۇ ئايروپىلاندا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بەش ئەزاسى، خىزمەتچى خادىملىرىدىن باشقا، موسكۋا ئەۋەتكەن ئۈچ ئۇزاتقۇچى ئەمەلدار

ۋە ئالتە ئايروپىلان خادىمى بولۇپ. جەمئىي 17 كىشى بار ئىكەن.

مەن دەرھال كونسۇلخانىدىن چىقىپ پىكاپ بىلەن يولداش دېڭ لىچۈن تۇرغان جايغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى تەسلىكتە بۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدۈم. يولداش دېڭ لىچۈن بۇ تاسادىپىي خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بىر ھازادىن كېيىن كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ گويا ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك: «شۇم خەۋەر، بەك ئېچىنىشلىق!» دېدى.

ئەقىل ـ ئىدراك قايغۇ ـ ھەسرەت ئۈستىدىن ئاخىر غالىب كەلدى، كېيىن ئەمدى قانداق قىلىش توغرىسىدا مۇنداق مەسلىھەتلەشتۇق: يولداش دېڭ لىچۈن بۇ خەۋەرنى دەرھال تېلېگرامما ئارقىلىق مەركىزىي كومىتېتقا ئۇقتۇرماقچى بولدى، بىز مەركەزنىڭ يوليورۇقىنى كۈتمەكچى بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلارنىڭ قازاغا ئۇچرىغانلىقىنى ۋاقىتىنچە مۇتلەق مەخپىي تۇتۇشنى، ئەسئەت ئىسھاقوف، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، لېسكىن، نەبىجان قاتارلىق يولداشلاردىن باشقا ھېچكىمگە ئۇقتۇرماسلىقنى قارار قىلدۇق. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا ئىلىنىڭ ۋەزىيىتى بىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ چاغدا كىشىلەر يولداش ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولداشلارنى ئالتاينىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەتتى، دەپ بىلەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە مەركىزىي كومىتېتتىن تېلېگرامما كەلدى. تېلېگراممىدا ئەخمەتجان قاتارلىقلارنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرگەندىن باشقا، ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تېزدىن بېيپىڭغا كېلىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، مەن يولداش دېڭ لىچۈن ۋە باشقا رەھبىرىي يولداشلار بىلەن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق مەن ئۆمەك باشلىقى بولدۇم، تۇجى، ئالىمجان

ئۇچىمىزنىڭ بېرىشىنى قارار قىلدۇق㊻.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن غۇلجا ئايرودرومىدىن ئۇچۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئايلىنىپ بېيجىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە ھادىسىگە ئۇچرىشى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئېغىر ھادىسە، شۇڭا ئۇلار سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار ئولتۇرغان ئايروپىلاننىڭ ھادىسە يۈز بەرگەن ئورۇندىن ئۇچۇپ ئۆتۈشىنى مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرغانىدى. سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىركۇتسكىدىن ئەتىسى تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئۇچۇپ كەتتۇق. ئايروپىلان بايقال كۆلىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە كۈن چىقىشتىكى تاغنىڭ چوققىسىدىن قۇياش پارقىراپ كۆرۈندى، ئۇنىڭ نۇرى ئايروپىلان ئاستىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۆلنىڭ ئاستىنى يورۇتتى. بىز كۆلدىن 3 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ ئۆتتۇق. ئالدىمىزدىكى ئېگىز تاغلىققا قاراپ ئايروپىلان يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. ئايروپىلان 4 مىڭ مېتىردىن ئېگىز كۆتۈرۈلگەندە ئۇچقۇچى كاپىتان يۇسۇپوف مېنى ئۇچۇش بۆلۈمىگە باشلاپ كىرىپ ماڭا بىر جىلغىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ئايروپىلان ھادىسىسى يۈز بەرگەن ئورۇن مۇشۇ شۇ، دېدى ۋە دۇربۇننى بەردى، دېرىزىدىن قارىسام، بىر پارچە كەڭ يەردىكى ئورمانىنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكى، ئۇ يەر، بۇ يەردە پارچە ـ پارچە قارا نەرسىلەر كۆرۈنەتتى. يۇسۇپوفمۇ دۇربۇن بىلەن قاراۋاتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز جىددىيلىشىپ: ‹ئاۋۇ قارا نەرسىگە قاراڭ›، دېدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ نەرسىلەرگە بۇرۇنلا دىققەت قىلغانىدىم. ئەمما، زادى قايسىسىنىڭ كۆيۈپ كەتكەن دەرەخ غولى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمىدىم. ئايروپىلان باشلىقى

يۇسۇپوف ماڭا: «ئاۋۇ قارا نەرسىلەر جەسەت بولۇشى مۇمكىن، يىراقتىكىسى پاچاقلانغان ئايروپىلان بولۇشى ئېھتىمال» دېدى، كۆرۈۋېرىشكە تاقىتىم قالمىدى. نېرۋام قالايمىقانلىشىپ ئۇچۇش بۆلۈمىدىن تېز ئايرىلدىم ۋە ئۆزۈمنى كونترول قىلالماي ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسىگە يېقىن بىر ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ قالدىم»㊼ .

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار مانجۇرىيىدە دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، پويىزغا ئولتۇرۇپ 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بېيپىڭغا يېتىپ بېرىپ، لىن بوچۇ ۋە يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ھەرمىللەت ۋەكىللىرىنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئىككىنچى كۈنى جۇ ئېنلەي، ۋۇلەنفۇ سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق يولداشلارنى كۈتۈۋالدى، 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ماۋ زېدۇڭ، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، جۇدې، لىن بوچۇ قاتارلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى جۇڭنەنخەيدە سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان ھاكىمبايوف، تۇجى قاتارلىق ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بارلىق ئەزالارنى قوبۇل قىلدى. ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مونونوف، دەلىلقان سۇگۇربايوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، لوجى قاتارلىق يولداشلارنىڭ بەختكە قارشى قازا قىلغانلىقىغا چوڭقۇر قايغۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان ھاكىمبايوف، لوجى قاتارلىق يولداشلارنىڭ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بۇرھان شەھىدى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ زېدۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى:

«بۇ يەردىكىلەر يېڭى دېموكراتىزم ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىش چاقىرىقىغا نىسبەتەن خېلى بۇرۇنلا كۈچلۈك ئىشەنچكە ۋە سادىقلىق بىلەن ھىمايە قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن ھەمدە بۇ يولدا قىيىنچىلىقلارنى يەڭمەكتە، بىز ئەمدى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىدىن قەتئىي تۈردە مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش قارارىغا كەلدۇق. پارتىيىڭلار رەھبەرلىك قىلغان پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ئازادلىقىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىپ، رەھبەرلىكىڭلارنى قوبۇل قىلىپ، ھەممە جايدا يېڭى ھاياتنى بىرلىكتە تەبرىكلەشكە تەييارمىز»㊽.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى، سەيپىدىن ئەزىزى يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى ھەم يىغىندا سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سەيپىدىن ئەزىزى سۆزىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ۋەكىللىرىگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان تارتقان ئازابلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ باتۇرانە كۈرەشلىرىنى بايان قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىققا بولغان ئىنتىلىشى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى㊾. 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ماۋ زېدۇڭ بۇرھان شەھىدىگە جاۋاب تېلېگراما ئەۋەتتى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

رەئىس بۇرھان:

تېلېگراممىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم، ھىممىتىڭىزدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى رەئىس جانابىڭىزنىڭ

كۆچ چىقىرىشىغا باغلىق، ھەرقايسى تەرەپتىكى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، پۈتكۈل شىنجاڭنى ئازاد قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۈشبۇ تېلېگراما ئارقىلىق ئالاھىدە جاۋاب قايتۇردۇم، خىزمەت كۆرسىتىشىڭىزگە تىلەكداشمەن.

ماۋ زېدۇڭ(50)

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزوننىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆ تېلېگراما يوللاپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلىپ، خەلق ئىنقىلابىي قوشۇنى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ماۋجۇشى، باش قوماندان جۇدې، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ھەمدە سىلەر ئارقىلىق ھەرقايسى دالا ئارمىيە قوماندانلىرى، مۇئاۋىن قوماندانلىرى، سىياسىي كومىسسارلىرى شۇنداقلا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1 - نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرىگە:
بىز شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئوفىتسېر - جەڭچىلەر تۆت يىلدىن بۇيان گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىچكى جەھەتتە تىنچلىق، سىرتقا قارىتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى ھىمايە قىلىپ كەلدۇق. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمالدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىچكىرىنىڭ ۋەزىيىتى يېڭى تۈسكە كىردى. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ چېگرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، ئىنقىلابنىڭ بۈيۈك مەقسىتىنى ھەممىدىن مۇھىم بىلىپ، پۈتۈن

ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنى تېزدىن خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرى تەرەپكە ئۆتۈشكە، دۆلەتكە تۆھپە قوشۇشقا دەۋەت قىلدى. تاۋ سىيۆ قاتارلىقلار ھەربىي بولغانلىقى ئۈچۈن دۆلەتكە، خەلققە پايدىلىقلا بولىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ شان - شۆھرىتى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ. ھازىر دەل جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلىۋاتىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. يېڭى جۇڭگو تىنچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت پارلاق يولغا قاراپ ماڭماقتا. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار دۆلەت چېگرىسىنى قوغدايدىغان قوراللىق كۈچ، بىز دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، گۈللىنىشى، راۋاجلىنىشى ۋە ئىستىقبالىغا قىزغىن تىلەكداشمىز، خەلق ئىنقىلابىي ئىشلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل ئورۇنداش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ تېگىشلىك تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىشنى خالايمىز، تاۋ سىيۆ قاتارلىق كىشىلەر پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرگە ۋاكالىتەن شۇنى تەنتەنىلىك بىلەن جاكارلايمىزكى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ماۋجۇشى تۈزگەن سەككىز ماددىلىق تىنچلىق باياناتى ۋە دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى تىنچلىق كېلىشىمىنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىمىز. پۈتۈن ئارمىيە ئەسلىدىكى تۇرۇۋاتقان ئورۇننى مۇداپىئە قىلىپ، يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى ساقلاپ، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىمىز. مەزكۇر تېلېگراممىنى يوللىدۇق، يوليورۇق كۈتىمىز. شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزوننىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆ، مۇئاۋىن باش قوماندان قوشۇمچە

ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 42 ـ دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى جاۋ شىگۇاڭ، ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن 1 ـ دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى خەن يۇۋېن، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 78 ـ دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى موۋورۇ، بىرىگادا كوماندىرلىرى جۇڭ زۇيىن، لى زۇتاڭ، تيەن زېمبېي، خەن رۇڭفۇ، گو چۇەنلياڭ، جۇ مىڭگاڭ، لو رۇجېڭ، ليۇ لۇنسەي، ياڭ تىڭيىڭ، ما پىڭلىن تەڭ تەزىم قىلىمىز.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى⑤①.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كومىتېتى جىددىي يىغىن ئېچىپ، گومىنداڭنىڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىنى ئۈزۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەققەتكە قايتىش تېلېگراممىسنى ئېلان قىلىشنى قارار قىلدى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

ماۋ جۇشى، باش قوماندان جۇدې، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرىگە:

شىنجاڭدا 1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ تىنچلىق ئاساسەن ئەمەلگە ئېشىپ ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرىنىڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، بىز گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى بىردەك ھىمايە قىلغان تىنچلىق، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق سىياستىنى يۈرگۈزۈپ كەلدۇق. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدىن، بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىدىن، ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلالمىدى. لېكىن پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت

خەلقىنىڭ ياردىمى ۋە ئۇلۇغ قوشنىمىزنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئاخىر تىنچلىق - ئامانلىق ۋەزىيىتىنى ساقلاپ كېلەلىدى. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ مەملىكەت بويىچە كېتىۋاتقان تىنچلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن، غەربىي شىمالدىن كەتكەن، ئىچكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر داۋاملىق جاھىللىق بىلەن جان تالىشىۋاتقان ۋاقىتتىمۇ، ئۆلكىمىز تىنچلىقنى قوغداش، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتتى. بىز شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇسى بىرلىككە كەلگەن، خەلقچىل ۋەتەنىنىڭ ياردىمىدە، باي، كۈچلۈك، شاد - خۇرام يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنى تاماملاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچ قۇرۇلۇشىغا ئۆز كۈچىنى تەقدىم قىلىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىمىز. ھازىر جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى، بىرلىككە كەلگەن، مۇستەقىل، ئەركىن، خەلقچىل، يېڭى دېموكراتىزملىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تارىختىن بۇيانقى بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشقا ئۇل سېلىنغانلىقى ئۈچۈن شاد - خۇراملىققا چۆممەكتە. پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى خەلق يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن، بولۇپمۇ تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن بەك خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. بىز ھازىر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا ۋاكالىتەن تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلايمىزكى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن گۇاڭجۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزدۇق، ماۋجۇشىنىڭ سەككىز ماددىلىق تىنچلىق باياناتىنى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى تىنچلىق كېلىشىمىنى قوبۇل قىلىمىز ھەم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرىمىز.

ۋاقتىنچە پۈتۈن ئۆلكىنىڭ مۇلكىي ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غۇلجىدىكى ئەزالىرىنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، بىرلىكتە ھەمكارلىششقا تەكلىپ قىلىمىز. چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، ئۆلكىمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇلۇغ داھىيىمىز ماۋجۇشىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە چوقۇم نۇرلۇق شادلىق تىنچ قۇرۇلۇش يولىغا تېزدىن چۈشىدۇ، دەپ بۇ تېلېگراممىدا بايان قىلدۇق، يولىيورۇقلىرىنى ئېھتىرام بىلەن كۈتۈپ تۇرىمىز. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى، ئەزالىرى ليۇ مېڭچۈن، چۈي ۋۇ، ليۇ شاۋلى، چېن فاڭبو، ليۇ يۇڭشياڭ، بەي ۋېنيۇ، ليۇ دېئېن، ئېر دېنى، جۇڭ دىخۇاللاردىن. 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى[52].

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈرۈمچىدە تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى چاقىردى. ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. داقا ـ دۇمباقلار چېلىنىپ، رەڭگارەڭ بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرمىللەت خەلقىدىن 30 مىڭدىن ئارتۇق كىشى غەربىي باغچىدا تەنتەنىلىك تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى. ئەسئەت ئىسھاقوف شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىك نامى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ زېدۇڭغا تېلېگراما يوللىدى. تېلېگراممىنىڭ تېكىستى مۇنداق:

جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭغا:

جوڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى غەربىي شىمالدا غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جانابىڭىزنى ھەمدە يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىنى تەبرىكلەيمەن. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى خەلق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك يېڭى تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىنى ئورناتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسىي زۇلۇمى، ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىقى، مىللىي كەمسىتىشىگە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئاياق ئاستى قىلىنىشىغا ئۇچراپ كەلدى. بۇ قېتىم خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەسىرىدە، ئۆلكىمىزدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يوقىتىلدى. پۈتۈن ئۆلكە خەلقىمىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە باش ئەگكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ چەكسىز شادلاندى ھەمدە تەنتەنىلىك ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، نامايىش ئۆتكۈزۈپ، بۇ تارىخىي ۋەقەنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ۋە تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى جانابىڭىزغا ئەڭ چوڭ ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن سىرت، شۇنى ئالاھىدە بىلدۈرىدۇكى، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى جانابىڭىزنىڭ رەھبەرلىكىدە، جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئىگىلىكنى مۇستەھكەملەش، بەختىيار، مەدەنىي ۋە ھەممە مىللەت بىردەك باراۋەر بولۇش ئاساسىدا، يېڭى تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

## شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوف
1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى غۇلجا(53)

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ماۋ زېدۇڭ، جۇدې، تاۋ سىيۆ بىلەن بۇرھان شەھىدىنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ ۋە 26 ـ كۈنلىرىدىكى تېلېگراممىسىغا جاۋاب تېلېگراما يوللىدى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

گېنېرال تاۋ سىيۆ ۋە ئارمىيىڭىزدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە:
رەئىس بۇرھان ۋە ھۆكۈمىتىڭىزدىكى خىزمەتچى خادىملارغا:
سىلەرنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ ۋە 26 ـ كۈنلىرى ئەۋەتكەن تېلېگراممىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدۇق. بىز سىلەرنىڭ مەيدانىڭلارنى توغرا دەپ قارايمىز. سىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قالدۇق ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىيە لاگېرىغا ئۆتۈپ، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىمىز، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىنى ۋە بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتىمىز، دەپ بايانات ئېلان قىلدىڭلار، بۇنداق پوزىتسىيەڭلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خوشال بولدۇق. سىلەرنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە يەرلىك تەرتىپىنى ساقلاپ ھەم ھازىر جىيايۈگۈەندىن چىقىشقا جابدۇنۇۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كونا تۈزۈمنى بىكار قىلىپ يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز!

ماۋ زېدۇڭ
جۇدې
1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى⑭

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ماۋ زېدۇڭ ئەسئەت ئىسھاقوفنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى نامىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ زېدۇڭغا يازغان تەبرىك تېلېگراممىسىغا جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. جاۋاب تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىدەك:

ئەسئەت ئىسھاقوف ئەپەندىگە ھەمدە سىز ئارقىلىق شىنجاڭ تىنچلىقنى خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش خەلقچىل ئىتتىپاقىدىكى بارلىق يولداشلارغا ۋە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا:

تەبرىكلىگىنىڭىزگە رەھمەت. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى خەلقىنىڭ كۈرىشى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ھەمكارلىشىپ، خەلق دېموكراتىيىسى ئاساسىدىكى يېڭى شىنجاڭنى ئورتاق قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

ماۋ زېدۇڭ⑮
1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ماۋ زېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى،

ئىسھاقبېك مونونوف، دەلىلقان سۇگۇربايوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، لوجى قاتارلىق قۇربانلارغا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. تەزىيە تېلېگراممىسىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىدىكى قەدىرلىك يولداشلار:

شىنجاڭ خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشقۇچى بىرىنچى تۈركۈم ۋەكىللىرى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبېك مونونوف، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەلىلقان سۇگۇربايوف ۋە جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت جەمئىيىتىدىكى يولداش لوجى 1949 ـ يىل 9 ـ ئايدا بېيجىڭغا كېلىش سەپىرىدە ئايروپىلان ۋەقەسى تۈپەيلىدىن بەختسىزلىككە ئۇچراپ قازا تاپتى.

بۇ شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش. مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قەھرىمانا كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئىشى يولىدا قۇربان بولدى. ئۇلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ. يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، يولداش ئىسھاقبېك مونونوف، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف، يولداش دەلىلقان سۇگۇربايوف ۋە يولداش لوجى مەڭگۈ ھايات.

جوڭخوا خەلق جومھورىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، ماۋ زېدۇڭ

1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى[56]

شۇ كۈنى، ماۋ زېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش قەھرىمانغا قەبرە تاش يادنامىسى يېزىپ بەردى. يادنامىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

مىللىي ئازادلىق ۋە خەلق دېموكراتىيىسى ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا قۇربان بولغان يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، يولداش ئىسھاقبېك مونونوف، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف، يولداش دەللىقان سۇگۇربايوف، يولداش لوجىنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات!

ماۋ زېدۇڭ

1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى[57]

11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگىرامما ئەۋەتىپ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىغا تەزىيە بىلدۈردى. تەزىيە تېلېگىراممىسىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا:

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى

مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ئىسىاقىبېك مونونوف، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىي ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش دەلىلقان سۇگۇربايوف، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيەت جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى يولداش لوجىنىڭ بەختكە قارشى قازا تاپقانلىقى شىنجاڭ ۋە جۇڭگو ئىنقىلابى ئىشلىرىدىكى غايەت زور يوقىتىش، بىز بۇنىڭغا چوڭقۇر قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى.

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى⑱

بۇنىڭدىن باشقا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مىللىي ئىشلار كومىتېتى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، جۇ ئېنلەي زۇڭلى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا ئايرىم - ئايرىم تېلېگراما ئەۋەتىپ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق قەھرىمانلارغا تەزىيە بىلدۈردى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى مىللىي ئارمىيىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىش توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلان قىلىپ بۇ ئارمىيىگە «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى» دەپ نام بەردى. ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ

بۇيرۇققا قول قويۇپ لىسكىننى 5 - كورپۇسنىڭ كوماندىرلىقىغا، مەرغۇپ ئىسھاقوفنى مۇئاۋىن كوماندىر قوشۇمچە شتاب باشلىقلىقىغا، ساۋدانوف زاھىرنى مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىققا تەيىنلىدى(59).

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ماۋ زېدۇڭ، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، جۇ دې قاتارلىقلار ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتىش ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسىغا ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى قارارى ئارقىلىق ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ نەتىجىسىگە، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي پائالىيىتىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى ۋە مۇئەييەنلەشتۈردى. تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا ماۋ زېدۇڭنىڭ: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن كۈرىشىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە چىقارغان يارقىن خۇلاسىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىسپاتلىدى(60).

1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ماۋ زېدۇڭ تيەنئەنمېن راۋىقىدا 100 مىليونلىغان خەلق ئاممىسىغا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بۈگۈن قۇرۇلدى! »، «جۇڭگو خەلقى ئورنىدىن دەس تۇردى! » دەپ تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئاۋازى پۈتۈن مەملىكەتنى ۋە دۇنيادىكى تۆت ئوكيان، بەش قىتئەنى قاپلىدى. جۇڭگو تارىخى شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈنلەي يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. ئۇيغۇرلار تارىخىمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتۈنلەي يېڭى دەۋرنى باشلىدى.

پايدىلانمىلار

① «تەڭرىتاغ بۈركۈتى»، 109 ـ بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 109 — 110 ـ بەتلەر.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 113 ـ بەتلەر.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 111 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 112 ـ بەت.

⑥ سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، 333 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 345 ـ بەت.

⑧ لى تەييۇ: «دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ئەسلىمە»، 1995 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يېزىلغان، ئەسلى ئورگىنال سەيپىدىن ئەزىزىدە.

⑨ سەيپىدىن ئەزىزى: «ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، تېخىمۇ شانلىق نەتىجە قازىنايلى»، «خەلق گېزىتى» نىڭ 1995 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈندىكى سانى.

⑩ «ئەخمەتجان قاسىمى ماقالىلىرى» (ئۇيغۇرچە)، «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى، 1950 ـ يىل ئۈرۈمچى، 236 ـ بەت.

⑪ سىدىق موسابايوف: «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 36 ـ سان، 319 — 329 ـ بەتلەر؛ سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، 448 — 449 ـ بەتلەر.

⑫ ھاكىم جاپپار: «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي رولى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 30 ـ سان، 269 ـ 279 ـ بەتلەر.

⑬ «5 ـ كورپۇسنىڭ بىسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى»، 58ـ بەت.

⑭ يۇقىرىقى كىتاب، 59 ـ بەت.

⑮1947 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جاڭ جىجوڭنىڭ غەربىي بىنادا سۆزلىگەن نۇتقى: «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە بۇنىڭغا قارىتا مېنىڭ تۇپ قارىشىم ۋە پوزىتسىيەم» «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 62 ـ بەتتىن ئېلىنغان نەقىل.

⑯ «5 ـ كورپۇسنىڭ بىسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى»، 62ـ بەت.
⑰ «شىنجاڭنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىلى»، 7359 ـ بەت.
⑱ يۇقىرىقى كىتاب، 7355 — 7356 ـ بەتلەر.
⑲ يۇقىرىقى كىتاب، 7356 — 7357 ـ بەتلەر.
⑳ يۇقىرىقى كىتاب، 7360 ـ بەت.
㉑ «5 ـ كورپۇسنىڭ بىسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى»، 82 ـ بەت.
㉒ يۇقىرىقى كىتاب، 90 ـ بەت.
㉓ يۇقىرىقى كىتاب، 78 ـ بەت؛ سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، 445 ـ بەت.
㉔ «5 ـ كورپۇسنىڭ بىسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى»، 94ـ بەت
㉕ يۇقىرىقى كىتاب، 98 ـ بەت.
㉖ يۇقىرىقى كىتاب، 98 — 99 ـ بەتلەر.
㉗ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي هۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ۋە پۇل ـ مۇئامىلە ئەھۋالى توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 36 ـ سان، 102 ـ بەت.
㉘ يۇقىرىقى كىتاب، 66 ـ بەت.
㉙ يۇقىرىقى كىتاب، 72 ـ بەت؛ سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» 468 — 469 ـ بەتلەر.
㉚ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي هۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ۋە پۇل ـ مۇئامىلە ئەھۋالى توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە)، 36 ـ سان، 86 ـ بەت؛ سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، 468 ـ بەت.
㉛ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي هۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ۋە پۇل ـ مۇئامىلە ئەھۋالى توغرىسىدا ئەسلىمە»، 71 —73 ـ بەتلەر.
㉜ يۇقىرىقى كىتاب، 75 ـ بەت.
㉝ يۇقىرىقى كىتاب، 75 — 76 ـ بەتلەر.
㉞ ئەنۋەرخانبابا: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە مائارىپ ئىشلىرى»،

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ، (ئۇيغۇرچە) ، 38 ـ سان، 299 ـ بەت.
㉟ يۇقىرىقى كىتاب، 300 ـ بەت.
㊱ يۇقىرىقى كىتاب، 98 ـ بەت.
㊲ يۇقىرىقى كىتاب، 302 ـ بەت.
㊳ يۇقىرىقى كىتاب، 303 ـ بەت.
㊴ يۇقىرىقى كىتاب، 314 ـ بەت.
㊵ سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» 470 ـ بەت.
㊶ يۇقىرىقى كىتاب، 152 — 153 ـ بەتلەر.
㊷ سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» ، 471 ـ بەت.
㊸ «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ، 307 ـ بەت.
㊹ يۇقىرىقى كىتاب، 308 ـ بەت.
㊺ يۇقىرىقى كىتاب، 311 ـ بەت.
㊻ سەيپىدىن ئەزىزى: «پارلاق ئەنە ئۆچمەن — ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قازاغا ئۇچرىغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز» ، «خەلق گېزىتى» نىڭ 1994 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 24ـ كۈندىكى سانى.
㊼ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.
㊽ «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ، 323 ـ بەت.
㊾ سەيپىدىن ئەزىزى: «ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، تېخىمۇ شانلىق نەتىجە قازىنايلى» ، «خەلق گېزىتى» نىڭ 1995 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈندىكى سانى.
㊿ «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ، 324 ـ بەت.
(51) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 3 ـ قىسىم، 525 ـ بەت.
(52) يۇقىرىقىغا ئوخشاش.
(53) «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ، 328 ـ بەت.
(54) يۇقىرىقى كىتاب، 329 ـ بەت.

⑤⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 338 ـ بەت.
⑤⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 338 — 339 ـ بەتلەر.
⑤⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 340 ـ بەت.
⑤⑧ يۇقىرىقى كىتاب 350 — 351 ـ بەتلەر.
⑤⑨ «5 ـ كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى»، 105 ـ بەت.
⑥⓪ 1949 ـ يىلى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەخمەتجان قاسىمغا ئەۋەتكەن تەكلىپنامىسى.

# خاتىمە

«ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) 1986 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن باشلاپ يېزىلغان.

شۇ يىلى 7 ـ ئايدا مەن «ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم) نىڭ ئورىگىنالىنى كۆرۈپ چىقتىم. كېيىنكى يىلى «ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم) نىڭ خەنزۇچىسى نەشردىن چىقتى. شۇ ۋاقىتتا (ئۇيغۇر تارىخى) (بىرىنچى قىسىم) نىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نۇسخىسى پۈتۈنلەي يېزىلىپ بولدى. گەرچە بۇ ماڭا نىسبەتەن زور خۇشاللىق، ئىلھام ۋە غەيرەت ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن بەك چارچىدىم، جىسمانىي قۇۋۋىتىمنىڭ سەرپ قىلىنىشىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. چۈنكى مەن «ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم) نى يېزىۋاتقان ۋاقىتتا، دەل «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۆتتەك ئۆلگىيىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. بۇ ئارىلىقتىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، «ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم) نىڭ ئىككى خىل يېزىقتا پۈتۈنلەي يېزىلىپ بولغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، مۇۋەپپەقىيىتىمدىن قانائەتلىنىش تۇيغۇسى روھىي كەيپىياتىمنى ئۇيغىتىپ، ئارام بەخش تۇيغۇسى كەلتۈردى.

مېنىڭ بەزى ئوقۇتقۇچى، دوستلىرىم مېنىڭ ئىستىقبالىمنى قوللايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى نەتىجىسىدە تىرىشىپ، قىلچە بوشاشماي، «ئۇيغۇر تارىخى» نىڭ (ئىككىنچى قىسىم) نى يېزىش خىزمىتىنى غەلىبىلىك تاماملىدىم. ئىككى ئايلىق تەھرىرلەش ئارقىلىق 1986 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ

كۆنى تاماملانغان «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نى يېزىش خىزمىتىگە مېنىڭ يېقىنقى 10 يىللىق قان - تەرىم سىڭگەن ۋە زېھنىي كۈچۈم سەرپ قىلىنغان.

10 يىللىق جاپالىق ئەجرىم ئارقىلىق ئاخىر 1996 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نى يېزىپ تاماملىدىم. پۈتۈن كىتاب بىر مىليون 120 مىڭ خەتلىك بولۇپ، يەتتە قىسىم قىلىپ بېسىلدى، جەمئىي 2 مىڭ 116 بەتلىك بولدى.

«ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نىڭ مەزمۇنىنىڭ باشلىنىش باسقۇچى بىلەن بىز ياشاۋاتقان ھازىرقى دەۋرنىڭ ئارىلىقى پەقەت 150 يىلدىن ئارتۇقراق. بولۇپمۇ بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمى بىلەن بىز ياشاۋاتقان دەۋر ئارانلا 50 يىلغىمۇ يەتمەيدۇ. نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر، بىر قاتار تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا يەنىلا كەڭ تۈردە تارقىلىپ يۈرمەكتە. شۇڭلاشقا مەن بۇ ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرۈشتىن سىرت، يەنە ئۈچ قېتىم قەشقەرگە، ئىككى قېتىم خوتەنگە، بەش قېتىم قۇمۇلغا، ئىككى قېتىم ئىلىغا، تۆت قېتىم تۇرپانغا، ئۈچ قېتىم كۇچاغا بېرىپ، نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەن جايلارنى تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى زىيارەت قىلىپ، خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن نۇرغۇن يازما ماتېرىياللار ۋە رىۋايەتلەرنى توپلىدىم ۋە تەكشۈردۈم.

بۇ تەكشۈرۈش، توپلىغان ماتېرىيال ۋە ۋە رىۋايەتلەر مېنىڭدە ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى، ھازىرقى تارىخىي دەۋرلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرگە نىسبەتەن يېڭى چۈشەنچە پەيدا قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلارنى توغرا ئىگىلەپ، ئەتراپلىق بايان قىلىشقا تىرىشتىم. بولۇپمۇ ئەڭ تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەن تەكشۈرۈش داۋامىدا خەلق ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان يېقىنقى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر

مىللىتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار ماتېرىياللار ۋە رىۋايەتلەرگە ئېرىشىپ، «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نىڭ خاسلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كېڭەيتىش، پۈتۈن كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى، مەزمۇنىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە پۇختا ئاساس سالدىم.

«ئۇيغۇر تارىخى» («ئىككىنچى قىسىم») نى يېزىش ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئۆز ئىشى بولۇپ قالدى. ئىنىم، سىڭلىم، قىزىم، كۈيئوغلۇم، باللىرىم ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان شەكىل، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇ خىزمەتكە قاتناشتى. بولۇپمۇ ئايالىم جۇ باۋيۈ بىر مىليون 120 مىڭ خەتلىك پۈتۈن كىتابنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنىڭ سېلىشتۇرۇش خىزمىتى ۋە بېكىتىلگەن نۇسخىسىنىڭ 800 مىڭ خەتلىك ئاخىرقى قىسمىنىڭ سېلىشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. 1994 ـ يىلى «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات پىلانىدىكى ياردەم بېرىدىغان تۈرگە كىرگۈزۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر گۇرۇپپا باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى فېڭ داجېن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ئۇيغۇر سايرانى مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولغان بىر باھالاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ باشقا ئەزالىرى چېن خۇا، ئاۋۇت توختى، مۇختەبەر (ئايال، ئۆزبېك)، ئەزىز يۇسۇپ، شۇ يۇجى، جى داچۈن، جۇ ياڭگۇي، جۇڭدې (بويىزۇ) 1996 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى باھالاش گۇرۇپپىسى «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تەكلىپلەرنى بەردى.

مەن «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نى يېزىش

جەريانىدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىقلارنىڭ قىزغىن ئىلھامى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتىم. مۇئاۋىن رەئىس سەيپىدىن ئەزىزى بۇ كىتابقا كىرىش سۆز يېزىپ بەردى. سەيپىدىن ئەزىزى بۇ كىرىش سۆزىدە پەلسەپە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، جۇڭگو تارىخىنىڭ ئاساسىي ئەمەلىيىتى ۋە لوگىكىلىق يۈزلىنىشىنى يىغىنچاقلاپ ۋە بايان قىلىپ، شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدىكى يېتەكچى ئىدىيىنى تىكلەش، يازما يادىكارلىق ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىش ۋە بايان قىلىش ئۇسلۇبى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ كىتابقا ئادىل باها بەردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۇەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى يولداش ئابلەت ئابدۇرېشىت، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش قېيۇم باھاۋدۇن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى يولداش سۇڭ خەنلياڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىيازلار «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نى كۆپ جەھەتتە قوللىدى ۋە ياردەم بەردى. يولداش ۋاڭ لېچۇەن ئۆزى «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ نەشرىگە كېتىدىغان خىراجەتنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى سەيدۇللا سەيپۇللايوف، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ خانىمى ماھىنۇر قاسىم، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن سىياسىي

كومىسسارى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ساۋدانوف زاھىرلار ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ماڭا نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى.

مېنىڭ يېقىن دوستۇم چېن جىڭفىڭ، مى شۇخۇي ئەر – ئايال «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش مەزگىلىدە كومپيۇتېر تېخنىكىسى جەھەتتە ماڭا زور ياردەم بەردى ھەمدە مېنى مۇكەممەل خىزمەت شارائىتى بىلەن تەمىنلىدى.

بۇ كىتابنى نەشر قىلىشتا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ رېداكسىيە باشلىقى جېڭ ۋېنلىن، باش مۇھەررىرى ۋاڭ جۇنيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتىم. ئۇنىۋېرسال تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رېن مىڭ، گوجۇەن، لىن فۇگو، لۇ ياۋشى قاتارلىق يولداشلارمۇ نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈردى. بۇ كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، ساۋاقدىشىم جۇ يۇڭيى بىر يىلدىن كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كونكرېت تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھەگە ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى گەۋدىلەندۈرۈلگەن مەزمۇن ئارقىلىق، ئاخىر كىتاب 800 مىڭ خەتلىك بولۇپ پۈتتى.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمى، دىن تەتقىقات ئورنىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمى، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈملىرى ماڭا «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نى يېزىش جەريانىدا چامى يەتكۈچە قولايلىق يارىتىپ بەردى ۋە ياردەم قىلدى. بۇلار بولمىغان بولسا، «ئۇيغۇرلار تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نى تاماملىيالمىغان بولاتتىم. بۇ يەردە، مەن ئۇلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

مەن يەنە مېنى سەمىمىي، ئوچۇق – يورۇق، تىرىشچان،

غۇبارسىز قىلىپ تەربىيىلىگەن، مېنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈ ھايات ئاتام ليۇ جىدىغا، ئانام گو پىڭيىڭغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

مەن «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نى يېزىشتىكى جەريانىدا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەن ۋاقىتلىرىمنى ئەسلەيدىغان بولسام، داۋاملىق ئارامسىزلىق ۋە گاڭگىراش ۋە ھارغىنلىق ھېس قىلىمەن. ئەمەلىيەتتە ھەربىر باب ۋە بۆلۈمنى يېزىشقا نۇرغۇن تىرىشچانلىق ۋە ئەمگەك سەرپ قىلدىم.

10 يىل ئىلگىرى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم) غا سېلىشتۇرغاندا، «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن ياكى كۆلەم جەھەتتىن بولسۇن نۇرغۇن ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئەمما بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا مەندە تىرىشچانلىق، قىزغىنلىق، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى قىلچىمۇ كەم بولمىدى. شۇڭلاشقا، بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرقى سۆزىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا مەن «ئۇيغۇر تارىخى» (بىرىنچى قىسىم) نىڭ ئاخىرقى قىسمىدا نەقىل كەلتۈرگەن بىر ئابزاس سۆز ئارقىلىق «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى قىسىم) نى ئوقۇغان ئوقۇرمەنلەرگە سەمىمىي ئۈمىدىمنى ئىپادىلەيمەن.

«ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر مەخسۇس ئەسەر يېزىش گەرچە مېنىڭ كۆپ يىللىق ئارزۇيۇم بولسىمۇ، ئەمما سىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، چوقۇم مېنىڭ ئارزۇيۇم بىلەن ساۋادىم ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بارلىقىنى ھېس قىلىسىز. سىز زېرىكمەستىن بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سىزنىڭ چوقۇم قىممەتلىك پىكىر ۋە تەلىم بېرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن».

ليۇ زىشياۋ

1996 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
ئەكبەر ئابلەت
مەسئۇل كوررېكتورلىرى:
رىزۋانگۈل راخمان
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: يۈسۈپجان داۋۇت

# ئۇيغۇر تارىخى

## ئىككىنچى قىسىم

ئاپتورى: ليۇ زىشياۋ
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن، ئەخمەت روزى
ئەخمەتجان مۆمىن
تەرجىمە تەھرىرى: ئابلەت نۇردۇن
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 ميللىمېتىر، 1/32 باسما تاۋىقى: 54.25
2003 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 500 - 1
ISBN 7—228—08108—0
باھاسى: (قاتتىق مۇقاۋا) 105.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)